مۇھەببەت قاسم، تاش راخمان، سەلتەنەت خالق

# ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت- شېۋىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

(قوشۇمچە: ھەرقايسى دىيالېكت - شېۋىلەردىن
ئەدەبىي پارچىلار)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

现代维吾尔语方言主要语音、语法现象比较研究：维吾尔文 / 木哈拜提·哈斯木等著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.12
ISBN 978-7-228-16462-2

Ⅰ.①现… Ⅱ.①木… Ⅲ.①维吾尔语(中国少数民族语言)-方言研究 Ⅳ.①H215.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2012) 第312118号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 阿不都克依木·沙依木 |
| 责任校对 | 古丽夏尔·尼格买提 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 开　　本 | 787×1092毫米 16开本 |
| 印　　张 | 27.25 |
| 版　　次 | 2013年1月第1版 |
| 印　　次 | 2013年1月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1-2000 |
| 定　　价 | 70.00元 |


ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىنىڭ فونېتىكا ۋە گىراماتىكا تەتقىقاتى...1
ئىككىنچى باب ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدىكى ئېغىز تىلى ماتېرىياللىرىدىن ئۈلگىلەر ........ 16
1. ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدىكى ئېغىز تىلى ماتېرىياللىرىنى توپلاشنىڭ ئەھمىيىتى ........ 16
2. ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدىكى ئېغىز تىلى ماتېرىياللىرىنى توپلاش پىلانى ۋە ئىشلەش جەريانى ........ 18
1) تەكشۈرۈشتىكى مەقسەت ۋە تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنى بېكىتىش ........ 18
2) تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ۋە تەكشۈرۈش پروگراممىسى ........ 20
3) بىرقانچە ئىزاھات ........ 21
3. ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدىن تاللانغان ئېغىز تىلى ماتېرىياللىرى ... 21
1) قەشقەر ـ ئاتۇش شېۋىلىرىدىن ئېلىنغان ئېغىز تىلى ماتېرىياللىرى ........ 21
(1) ئاتۇش شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچىلار ........ 21
(2) يەكەن شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچىلار ........ 26
(3) پەيزىۋات شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچە ........ 39
(4) يېڭىسار شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچىلار ........ 42
(5) يوپۇرغا شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچىلار ........ 44
(6) قاغىلىق شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچىلار ........ 48
(7) قەشقەر كوناشەھەر مۇش يېزىسىدىن ئەدەبىي پارچە ........ 57
2) ئاقسۇ رايونىدىن توپلانغان ئېغىز تىلى ماتېرىياللىرى ........ 58
(1) ئاقسۇ قۇمباش شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچىلار ........ 58
(2) ئاقسۇ شەھەر ئېگەرچى يېزا شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچىلار ........ 63
(3) ئاقسۇ ئايكۆل شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچىلار ........ 67
(4) كەلپىن شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچىلار ........ 75
(5) ئاقسۇ باي شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچىلار ........ 82
(6) ئاقسۇ ئونسۇ شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچە ........ 85
(7) توقسۇ شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچە ........ 86
(8) كۇچا شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچە ........ 87
3) خوتەن دىيالېكتىدىن ئەدەبىي پارچىلار ........ 88
4) تۇرپان، توقسۇن شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچىلار ........ 101
(1) تۇرپان ئاستانىدىن ئەدەبىي پارچىلار ........ 101

(2) توقسۇن شېۋىسىدىن پارچىلار ........................ 106
5) لوپنور دىيالېكتىدىن ئەدەبىي پارچىلار ........................ 108
6) چۆچەك شېۋىسىدىن پارچە ........................ 114
7) بورتالا شېۋىسىدىن پارچە ........................ 114
8) غۇلجا شېۋىسىدىن پارچە ........................ 116
9) قومۇل شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچە ........................ 117
**ئۈچىنچى باب دىيالېكت ـ شېۋىلەردىكى فونېتىكىلىق ھادىسىلەرگە سېلىشتۇرما تەتقىقات** ........................ 120
بىرىنچى، دىيالېكت ـ شېۋىلەردىكى فونېتىكىلىق ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ........................ 120
ئىككىنچى، دىيالېكت ـ شېۋىلەردىكى فونېتىكىلىق ھادىسىلەرگە سېلىشتۇرما تەتقىقات ........................ 126
0 .1 تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەسى ........................ 126
0 .2 تاۋۇشلارنىڭ دىسسىمىلياتسىيەسى ........................ 156
0 .3 تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ........................ 157
0 .4 تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ........................ 182
0 .5 تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ........................ 204
0 .6 تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى ........................ 240
0 .7 تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى ........................ 313
**تۆتىنچى باب دىيالېكت ـ شېۋىلەردىكى گىرامماتىكىلىق ھادىسىلەرگە سېلىشتۇرما تەتقىقات** ........................ 318
بىرىنچى، دىيالېكت ـ شېۋىلەردىكى گىرامماتىكىلىق ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ........................ 318
ئىككىنچى، دىيالېكت ـ شېۋىلەردىكى گىرامماتىكىلىق ھادىسىلەرگە سېلىشتۇرما تەتقىقات ........................ 321
0 .1 سۆزلەرنىڭ تۇرلىنىشى توغرىسىدا ........................ 322
1 .1 ئىسىم ........................ 322
1 .2 سۈپەت ........................ 332
1 .3 سان ........................ 334
1 .4 ئالماش ........................ 335
1 .5 تەقلىد سۆز ........................ 339
1 .6 مىقدار سۆز ........................ 339
1 .7 پېئىل ........................ 340
1 .8 رەۋىش ........................ 412
1 .9 يۈكلىمە ........................ 414
1 .10 تىركەلمە ........................ 418
1 .11 ئىملىق سۆزلەر ........................ 418

1.12 باغلىغۇچى ........................................ 420
2.0 سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى توغرىسىدا ........................ 420
2.1 رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلار .......................... 420
2.2 سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار .......................... 420
2.3 پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلار .......................... 421
2.4 ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار .......................... 423
2.5 جۈپ سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى .............................. 424
پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار ................................ 425
خاتىمە ...................................................... 428

# بىرىنچى باب

## ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىنىڭ فونېتىكا ۋە گىراماتىكا تەتقىقاتى

ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىدىكى ئۇزاق تارىخقا ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە، نوپۇسى بىرقەدەر كۆپ مىللەتلەرنىڭ بىرى. 2000 ـ يىلىدىكى ئىستاتىستىكىغا ① ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 8 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، ئاساسلىقى دۆلىتىمىز زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگىلەيدىغان غەربىي شىمالدىكى چېگرا رايون ـــ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئولتۇراقلاشقان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئاساسلىق 13 مىللەت بار، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە نوپۇسى ئەڭ كۆپ. ئۇيغۇر تىلى مۇكەممەل بولغان فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكا سىستېمىسىغا ئىگە، ئىپادىلەش كۈچى مول بولۇپ، ئۇزۇن تارىخىي جەريانىدا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل ـ يېزىق خىزمىتى نىزامى»نىڭ 8 ـ ماددىسىدا: «ئاپتونوم رايوندىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىل ـ يېزىقىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تىل ـ يېزىقنى تەڭ قوللىنىشى لازىم ...» دەپ بەلگىلەنگەن. دېمەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى بولۇپلا قالماي، يەنە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا قوللىنىلىدىغان خىزمەت تىللىرىنىڭ بىرى. تىلشۇناس دەي چىڭشيا ئەپەندى مۇنداق دېگەنىدى: « ... ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى خۇيزۇ، قازاق، قىرغىز، تاجىك، شىبە، موڭغۇل خەلقلىرى ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدۇ. ئۆزبېك مىللىتىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدۇ ... »②. ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق تىلى بولغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭ دائىرىسىدە، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ رايونلىرىدا بىر مىللەتنىڭ تىلى سۈپىتىدە رول ئويناپلا قالماي، يەنە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خىزمەت تىلىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىنجاڭدىكى نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا مىللەت ئارا تىل بولۇشتەك ئىجتىمائىي رولىنىمۇ ئۆتىمەكتە.

ئۇيغۇر تىلى گېنېئالوگىيەلىك كىلاسسىفىكاتسىيە بويىچە قارىغاندا، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە. قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا،

---

① «شىنجاڭ 2000 ـ يىللىق ئىستاتىستىكا يىلنامىسى»، جۇڭگو ئىستاتىستىكا نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 6 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى.

② دەي چىڭشيا قاتارلىقلار يازغان «جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قوش تىل مائارىپى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، لياۋنىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.

چاپلىشاڭغۇ تىللار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق ياكى گىراماتىكىلىق مەنىسى سۆز تومۇرىغا ھەر خىل سۆز ياسىغۇچى ياكى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئۆزگەرتىلىدۇ.

تىل تەسىرى، مىللەتنىڭ كۆچۈشى، جۇغراپىيەلىك مۇھىت ۋە تارقىلىش ئەھۋالى قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلى، ئۇيغۇر تىلىدا بىرنەچچە دىيالېكت شەكىللەنگەن، ئۇلار: مەركىزىي دىيالېكت، لوپنور دىيالېكتى ۋە خوتەن دىيالېكتىدۇر. مەركىزىي دىيالېكت شەرقتە قومۇلدىن تارتىپ، غەربىي جەنۇبتا يەكەنگىچە بولغان كەڭ رايوندا قوللىنىلىدۇ، ئۇ ھەم ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي دىيالېكتىدۇر. ئۇ يەنە ئۈرۈمچى شېۋىسى، ئىلى شېۋىسى، تۇرپان شېۋىسى، قەشقەر شېۋىسى (جۈملىدىن ئاتۇش شېۋىسى)، قومۇل شېۋىسى ۋە تارىم شېۋىسى (جۈملىدىن موغال شېۋىسى ①، كۈچا شېۋىسى) قاتارلىق ئالتە شېۋىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خوتەن دىيالېكتى شەرقتە چاقىلىقتىن غەربتە گۇما ناھىيەسىگىچە بولغان توققۇز ناھىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ يەنە كېرىيە شېۋىسى، لوپ شېۋىسى، ئېلچى شېۋىسى، قاراقاش شېۋىسى ۋە گۇما شېۋىسى قاتارلىق بەش شېۋىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لوپنور دىيالېكتى لوپنور ناھىيەسىدىن تاكى چاقىلىقتىكى مىرەنگىچە بولغان رايوندا قوللىنىلىدۇ②.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي ئورتاق تىلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىيالېكتىنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەرقايسى دىيالېكتلاردىن پايدىلىق ئامىللارنى قوبۇل قىلىپ شەكىللەنگەن، فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتلەردە بەلگىلىك ئۆلچەملەر بويىچە قېلىپلاشتۇرۇلغان تىلدۇر. مەلۇمكى، ئورتاق تىل بىلەن دىيالېكتنىڭ مۇناسىۋىتى ئومۇمىيلىق بىلەن ئايرىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىدۇر. ئورتاق تىل ئومۇمىيلىققا ئىگە بولسا، دىيالېكت ئايرىملىققا ئىگە. دىيالېكت ئورتاق تىلنىڭ مەۋجۇدىيەت شەكلى. ھەربىر دىيالېكت ئورتاق تىلنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، دىيالېكتتىن ئايرىلغان كونكرېت ئورتاق تىل مەۋجۇت ئەمەس. «ئومۇمىيلىق ئايرىملىقتا مەۋجۇت، پەقەت ئايرىملىق ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ»③. شۇڭا، بىر مىللەت تىلىنى ھەقىقىي تۈردە چۈشەنمەكچى بولىدىكەنمىز، شۇ تىلنىڭ دىيالېكتلىرىنى تەتقىق قىلماي بولمايدۇ.

تىلشۇناس شىڭ گوڭۋەن ئەپەندى: «دىيالېكت — ئومۇمىي ئورتاق تىلنىڭ مەلۇم رايون دائىرىسىدىكى خەلق ئىشلىتىدىغان تارماقىدۇر» ④ دەپ ئېيتقاندەك، بىر تىلنىڭ ھەر قايسى دىيالېكتلىرى ئومۇمىي ئورتاق تىلنىڭ رايون خاراكتېرلىك ۋارىيانتلىرى بولۇپ، ھەربىر دىيالېكت مۇكەممەل بىر يۈرۈش فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكا سىستېمىسىغا ئىگە، ھەرقايسى دىيالېكتلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئورتاق تىل ۋە باشقا دىيالېكتلاردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكىدا ئىپادىلىنىدۇ، بولۇپمۇ فونېتىكىدا تېخىمۇ

① موغال شېۋىسى — مىرسۇلتان ئوسمانوۋ يازغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 133 - بەت.

② مىرسۇلتان ئوسمانوۋ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

③ لېنىن: «پەلسەپە خاتىرىلىرى»، خەلق نەشرىياتى 1961 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 409 - بەت.

④ شىڭ گوڭۋەن: «خەنزۇ تىلى دىيالېكتلىرىنى تەكشۈرۈشتىن ئاساسىي بىلىملەر»، خۇاجوڭ سانائەت ئىنستىتۇتى نەشرىياتى 1982 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 - بەت.

گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۇچۇن ئۇنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈش ھەم تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئېلىمىزدە ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى توغرىسىدىكى سىستېمىلىق تەتقىقات 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى باشلانغان. 1955 ـ يىلى ۋە 1956 ـ يىلى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرى تەتقىقات ئورنى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى تەتقىقاتچىلاردىن تەشكىللەنگەن شىنجاڭ تىل تەكشۈرۈش ئەترىتى، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىنى ئىلگىرى ـ كېيىن ئىككى قېتىم تەكشۈرۈپ، قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن ھەم ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنىڭ ئەھۋالى ئاساسەن ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، تىلشۇناسلاردا ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن تونۇش ھاسىل بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت تەتقىقاتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى، بولۇپمۇ 1980 ـ يىللاردىن كېيىن بۇ جەھەتتە مەخسۇس ئەسەر ۋە ماقالىلەر ئۈزۈكسىز مەيدانغا كېلىپ، ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت تەتقىقاتى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتى 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ دەسلەپىدىن باشلاپلا قەرەلسىز ھالدا نەشر قىلدۇرغان «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» ۋە ھازىرغىچە قەرەللىك نەشر قىلدۇرۇۋاتقان «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى خەۋەرلىرى» قاتارلىق ماقالىلەر توپلىمى ھەم ژۇرناللار ئۇيغۇر تىلى ۋە دىيالېكتلىرى تەتقىقاتىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ماقالىلەر توپلىمى «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى (1)»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى (2)» ۋە «ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرى» قاتارلىقلاردىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىگە ئائىت بايانلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىگە ئائىت ئەسەرلەردىن ئون تۆت ـ ئون بەشى بار. مەسىلەن، غۇلام غوپۇرى ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ئەپەندىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى» (شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى)، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لوپنۇر دىيالېكتى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) ۋە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى خوتەن دىيالېكتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ئەسەرلىرى؛ قومۇل شېۋىسىنى تەكشۈرۈش مەخسۇس گۇرۇپپىسى تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شېۋىسى» (شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىملار يازغان «فونېتىكا ۋە تىل تەكشۈرۈش» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ فۇ ماۋجى ئەپەندى باش تۈزگۈچى بولۇپ، ھاشىم ئەپەندى، مېھراي خانىم ۋە سوڭ جېڭچۈن ئەپەندى قاتارلىقلار



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يازغان «ئۇيغۇر تىلى لوپنور دىيالېكتى تەتقىقاتى» (بىرىنچى، ئىككىنچى قىسىم، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)؛ گاۋشىجي ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى ۋە دىيالېكت تەكشۈرۈش» (مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)؛ مىھراي خانىمنىڭ «ئۇيغۇر تىلى قەشقەر شېۋىسى توغرىسىدا تەتقىقات» (مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)؛ مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللا خانىمنىڭ «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى ۋە تىل تەكشۈرۈش» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)؛ مۇھەببەت قاسىم خانىمنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت سۆزلىرى تەتقىقاتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە نەشرى)؛ ئابدۇللا سۇلايمان ئەپەندىنىڭ «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ ش. ئۇ. ئا. ر. ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ۋە شېۋىلىرى لۇغىتى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ تۇراپ قاسىم ئەپەندىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتشۇناسلىقى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى نەشرى) قاتارلىقلار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىدە ۋە مائارىپ مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات فوندىنىڭ ياردىمىدە بەزى دۆلەت، مىنىستىر دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىلىرى ئىشلەندى ھەم ئىشلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن، 2005 ـ يىلى مائارىپ مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات فوندىنىڭ ياردىمىدە، مۇھەببەت قاسىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات تۈرى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدىكى ئەدەبىي پارچىلارنى توپلاش ۋە رەتلەش» ئىشلىنىپ تاماملاندى (2011 ـ يىلى)؛ يەنە مۇھەببەت قاسىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان، دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى تەتقىقات تۈرى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىدىكى ئېغىز تىل ئەدەبىياتىدىن پارچىلار ۋە مۇھىم فونېتىكا، گىراماتىكا، لېكسىكىسىغا سېلىشتۇرما تەتقىقات»نىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىنىڭ فونېتىكا ۋە گىراماتىكىسىغا سېلىشتۇرما تەتقىقات» (قوشۇمچە مەزمۇنى: ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلەردىكى ئېغىز ئەدەبىياتلىرىدىن ئۆلگىلەر) ۋە «ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم دىيالېكت ـ شېۋە سۆزلىرى» (ئون ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق سۆز كىرگۈزۈلگەن) نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرماقتا. ئۆمەر داۋۇت ئەپەندى يېتەكچىلىكىدىكى دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ تەتقىقات تۈرى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىنىڭ تاۋۇش ئارخىپلىرىنى قۇرۇش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش» (2008 ـ يىلى) ئىشلەنمەكتە. ئۇلاردىن باشقا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدىكى ماگىستىر ۋە دوكتور ئاسپىرانتلار توختىماي ئىزدىنىپ ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىغا ئائىت ھەر خىل دېسسېرتاتسىيەلەرنى يېزىپ، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇۋاتىدۇ، يەنە ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى تەتقىقاتچىلارمۇ بۇ ساھەدە يەنە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارماقتا.

يۇقىرىقى ئەسەرلەردىن باشقا، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلىرى تەتقىقاتىغا ئائىت نۇرغۇن ماقالىلەر بارلىققا كەلدى. بۇ ماقالىلەر ئاساسەن 1980 ـ يىللاردىن كېيىن، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردا ئېلان قىلىنغان. بىزنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىشىمىزچە، 1960 ـ يىللاردىن ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىگە ئائىت ماقالىلەر تەخمىنەن 160 پارچىدىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ئەپەندى قاتارلىقلار يازغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىيالېكتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 1962 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)؛ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (1982 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي دىيالېكتى خوتەن شېۋىسى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» 1963 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىلەر ۋە ۋاڭ لىبىن، فۇ ماۋجى ئەپەندىلەرنىڭ «ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ئىلمىنىڭ مۇھىم نەتىجىلىرى» («جوڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1959 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ئۈچ ـ تۆت پارچە ماقالىدىن باشقا، قالغان ماقالىلەر ئاساسەن 1980 ـ يىللاردىن كېيىن ئېلان قىلىنغان. 21 ـ ئەسىردە ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرمۇ ئاز ئەمەس، تەخمىنەن 70 ـ 80 پارچىغا بارىدۇ. بۇ ماقالىلەر ئاساسەن «مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە نەشرى)، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى (خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نەشرى)، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نەشرى)، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە نەشرى)، «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نەشرى)، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نەشرى) قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىگە ئائىت ماقالىلەرنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، بەزى ماقالىلەر ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا توختالغان بولسا، بەزى ماقالىلەر مەخسۇس بىر دىيالېكت ياكى شېۋىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىرامماتىكا قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە توختالغان. بەزى ماقالىلەردە ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى مەدەنىيەت، تارىخ جەھەتلەردىن تەھلىل قىلىنغان بولسا، بەزى ماقالىلەردە دىيالېكت ـ شېۋىلەرنىڭ پەقەت مەلۇم بىر تەرىپىلا سۆزلەنگەن. مەسىلەن:

مەخسۇس خوتەن دىيالېكتى ۋە شېۋىلىرى توغرىسىدا توختالغان ماقالىلەردىن مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ئەپەندى ۋە ۋېي سۈيىي خانىملارنىڭ «ئۇيغۇر تىلى خوتەن دىيالېكتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى» («مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1984 ـ يىلى 2 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ جىن شاڭيى خانىمنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى خوتەن دىيالېكتىنىڭ گىرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ چىن زوڭجېن ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى چەرچەن شېۋىسى سۆزلىرى» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىلى 1 ـ سان، خەنزۇچە

نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ مەترېھىم سايىت ۋە مۇختار سىراجى ئەپەندىلەرنىڭ «خوتەن شېۋىسىدىكى «ژۆرۈيەت» رايى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1986 ـ يىلى 6 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ نۇرەخمەت قاسىم ئەپەندىنىڭ «خوتەن شېۋىسى ھەققىدە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1986 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ ئابدۇقادىر سادىر ئەپەندىنىڭ «گۇما شېۋىسى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)، «گۇما شېۋىسىنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى» («خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)، «گۇما شېۋىسىنىڭ سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىكى» («خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004 ـ يىلى 4 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) ۋە «گۇما شېۋىسىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى» («خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىلىرى؛ مۇھەممەت ئىمىن سابىر ئەپەندىنىڭ «ھ» فونېمىسىنىڭ خوتەن دىيالېكتىدىكى ئورنى» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ تۇراپ قاسىم ئەپەندىنىڭ «خوتەن دىيالېكتى لېكسىكىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1996 ـ يىلى 4 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن ئەپەندىنىڭ «خوتەن شېۋىسىدىكى سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى ھەققىدە» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ ئىدرىس باقى ئەپەندىنىڭ «خوتەن دىيالېكتىدىكى يۆكلىمىلەر توغرىسىدا» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2000 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) ۋە ئۇنىڭ ياسىنجان مەتنىياز ئەپەندى بىلەن بىللە يازغان «خوتەن دىيالېكتىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2004 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىلىرى؛ شېرىپجان قاسىم ئەپەندىنىڭ «خوتەندىكى ئابداللار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ھەققىدە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2008 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)، «خوتەن يەرناملىرىدىكى دىيالېكتلىق تەركىبلەر ھەققىدە ئاز ـ تولا مەلۇمات» («خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2002 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) ۋە «لەقەملەردىن كەلگەن خوتەن يەر ناملىرى ھەققىدە» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2003 ـ يىلى 4 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىلىرى؛ مەريەم مەتتۇرسۇن خانىمنىڭ «خوتەن دىيالېكتى كېرىيە شېۋىسىنىڭ فونېتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە قىسقىچە تەھلىل» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2002 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى ۋە ئۇنىڭ ئوسمانجان مەتتۇرسۇن بىلەن بىللە يازغان «خوتەن دىيالېكتى كېرىيە شېۋىسىدىكى بىر قىسىم تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ مەنىسى ۋە ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2004 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىلىرى؛ گۈلبەھرەم ئىمىننىياز خانىمنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ خوتەن دىيالېكتىدا ئىپادىلىنىدىغان مەنىلىرى

توغرىسىدا» («خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2003 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ پاتىگۈل توختى، سالامەت ئابدۇقادىر خانىملارنىڭ «گۇما شېۋىسى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2004 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ ئابلەت ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ «خوتەن دىيالېكتىدىكى كېرىيە يەرلىك شېۋىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) ۋە «كېرىيەدىكى بىر قىسىم يەر ـ جايناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا قاراشلىرىم» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىلى 4 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)، ئابدۇللا سۇلايمان ئەپەندىنىڭ «خوتەن دىيالېكتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» («خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2005 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ روشەنگۈل يۈسۈپ خانىمنىڭ «خوتەن دىيالېكتى كېرىيە شېۋىسى چىرا تارمىقىنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە قىسقىچە تەھلىل» («خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2006 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ نۇرنىسا ئابلىز خانىمنىڭ «خوتەن دىيالېكتىدىكى ياردەمچى سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنىسى» («خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2006 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ ماھىرە ھاجىئەكبەر خانىمنىڭ «خوتەن دىيالېكتىدىكى رەۋىشلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2006 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ مۇھەببەت قاسىم خې يەن بىلەن بىللە يازغان «ھازىرقى زامان خوتەن دىيالېكتى سۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2006 ـ يىلى 1 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ مەمتىمىن سالى ئەپەندىنىڭ «خوتەن دىيالېكتىدا ‹قوپقىلى قوپتى›، ‹ياتقىلى قوپتى› تۈس شەكىللىرىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا» («خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2006 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ توخسۇن ھۈسىيىن ئەلقۇت ئەپەندىنىڭ «كىلىيادى شېۋىسى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2006 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى ۋە ئابدۇقەييۇم سايىم ئەپەندىنىڭ «خوتەن خەلق قوشاقلىرىدا ئۇچرايدىغان دىيالېكت تەركىبلىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2007 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى، ئابلىكىم ئابدۇرەشىد ئەپەندىنىڭ «خوتەن دىيالېكتىدىكى ئالاھىدە فونېما[ ɪ ] ① ھەققىدە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2008 ـ يىلى 4 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى، بارات تۇرسۇنباقى ئەپەندىنىڭ «خوتەن دىيالېكتىدىكى قىسمەن ئالاھىدىلىكلەر» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2010 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى قاتارلىقلار.

بەزى ماقالىلەر لوپنۇر دىيالېكتى توغرىسىدا يېزىلغان. مەسىلەن: مېھراي خانىمنىڭ «ئۇيغۇر تىلى لوپنۇر دىيالېكتىدىكى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى توغرىسىدا

① [ ɪ ] تاۋۇشى تىل قايرىلما تاۋۇش ياكى تىل ئۇچى كەينى ئۇزۇك تاۋۇشنى كۆرسىتىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تەھلىل» («مىللەتلەر تىل - يېزىقى» ژۇرنىلى، 1984 - يىلى 2 - سان، خەنزۇچە نەشرى) ۋە «ئۇيغۇر تىلى لوپنور دىيالېكتىدىكى ئىسىملارنىڭ ئېگىلىك كېلىش ۋە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىلىرى توغرىسىدا» («مىللەتلەر تىل - يېزىقى» ژۇرنىلى، 1991 - يىلى 2 - سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىلىرى؛ گاۋ شىجې ئەپەندىنىڭ «فونېتىكا جەھەتتىن لوپنور دىيالېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىر نەزەر» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985 - يىللىق مەخسۇس سان، خەنزۇچە نەشرى)؛ ئابلىكىم رېھىم ئەپەندىنىڭ «لوپنور خەلقى ئارىسىدىكى ئىدىيومىلارغا ئىزاھات » («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1988 - يىلى 2 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ مېھراي ياقۇپ خانىمنىڭ «لوپنور ئېغىز تىلىدىكى پېئىللارنىڭ بەزىبىر خەۋەر شەكىللىرى توغرىسىدا» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 - يىلى 2 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ ئابدۇرېھىم ئابلىز ئەپەندىنىڭ «لوپنور خەلق قوشاقلىرىدا ئۇچرايدىغان دىيالېكت تەركىبلىرى» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2000 - يىلى 5 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ ماھىرە ھاجىئەكبەر خانىمنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ لوپنور دىيالېكتىنىڭ لېكسىكىسىغا بولغان تەسىرى» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2003 - يىلى 4 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ زۇمرەت غاپپار خانىمنىڭ «لوپنور دىيالېكتىنىڭ لوپنور خەلق قوشاقلىرىدىكى ئىپادىسى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2004 - يىلى 2 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)، ئەلى ئەمەت ئەپەندىنىڭ «لوپنورلۇقلار ۋە لوپنور دىيالېكتىدىكى بىر قىسىم شېۋە سۆزلىرى» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2010 - يىلى 2 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى قاتارلىقلار.

بىر قىسىم ماقالىلەردە مەخسۇس قومۇل شېۋىسى توغرىسىدا تۈرلۈك تەھلىللەر ئېلىپ بېرىلغان. مەسىلەن، ئارسلان ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شېۋىسى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985 - يىللىق مەخسۇس سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ جاڭياڭ خانىمنىڭ «ئۇيغۇر تىلى قومۇل شوپۇل تەلەپپۇزى توغرىسىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 - يىلى 4 - سان، خەنزۇچە نەشرى)، «ئۇيغۇر تىلى قومۇل ۋۇشلىپۇ يېزىسى تىلىنىڭ فونېتىكا ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1996 - يىلى 2 - سان، خەنزۇچە نەشرى) ۋە «ئۇيغۇر تىلى قومۇل باي يېزىسى تىلىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 - يىلى 1 - سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىلىرى؛ دىلمۇرات ئۆمەر ئەپەندى ۋە دىلبەر سۇلايمان خانىمنىڭ «قومۇل نوم يېزىسىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 - يىلى 4 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ ئايگۈل ئەسئەت خانىمنىڭ « ‹يامان› سۆزىنىڭ قومۇل شېۋىسىدىكى رەۋىشلىك رولى» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1993 - يىلى 3 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ زۆھرە ساۋۇت خانىمنىڭ «‹يامان› سۆزىنىڭ قومۇل شېۋىسىدىكى ئىشلىتىلىشى» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1994 - يىلى 5 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ ماھىرە ھاجىئەكبەر خانىمنىڭ «قومۇل خەلق قوشاقلىرىدا ئۇچرايدىغان

شېۋە سۆزلىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىلى 6 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ ئەسقەر ئابدۇقادىر ۋە گۈلشەن نىيازلار يازغان «قومۇل شېۋىسىدىكى يۇكلىمىلەر توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ گۈلزار غوپۇر خانىمنىڭ «قومۇل دىيالېكتىدىكى خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىلى 5 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ ۋاڭ يەنلىن خانىمنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى قومۇل شەھىرى شېۋىسىنىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2000 ـ يىلى 1 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ ئىسمەت قاسىم ئەپەندىنىڭ «قومۇل شېۋىسى تەتقىقاتى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى رېئال ئەھۋاللارنى يورۇتۇش توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2001 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ خالىدە روزى خانىمنىڭ «قومۇل شېۋىسىدىكى بىر قىسىم ياردەمچى تىل ئېلېمېنتلىرى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2003 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ مەرىيەم مەتتۇرسۇن خانىمنىڭ «قومۇل شېۋە سۆزلىرىنىڭ تەركىبى ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2004 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ مۇھەببەت قاسىم ۋە گۈلنار ئەزىزنىڭ «ئۇيغۇر تىلى قومۇل شېۋىسى سۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىر نەزەر» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2006 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى، ئارسلان ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ «قومۇل شېۋىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەركىبلىرى ــ ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› ئاساسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2009 ـ يىلى 4 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى قاتارلىقلار.

بىر قىسىم ماقالىلەردە تۇرپان شېۋىسى توغرىسىدا تەھلىللەر ئېلىپ بېرىلغان. مەسىلەن: رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا ئەپەندىنىڭ «تۇرپان شېۋىسى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىلى 5 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) ۋە «تۇرپان شېۋىسى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىلىرى؛ مۇھەببەت قاسىمنىڭ «مۆرتۈق شېۋىسى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىللىق سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)، «ئۇيغۇر تىلى پىچان لۈكچۈن شېۋىسى سۆزلۈكىدىن تۆت يۈز مىسال» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي شىمال ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىجتىمائىي پەنلەر بازىسىنىڭ ئېلېكترونلۇق ماقالىلەر توپلىمى»، 2002 ـ يىللىق سان، خەنزۇچە نەشرى)، «ئۇيغۇر تىلى لۈكچۈن شېۋىسى ۋە ئەدەبىي تىلدىكى پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش سىستېمىسى توغرىسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات» («مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى» ژۇرنىلى، 2002 ـ يىلى 3 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) ۋە «ئۇيغۇر تىلى پىچان لۈكچۈن شېۋىسى سۆزلۈكى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2003 ـ يىلى 3 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىلىرى ھەمدە خالىق نىياز ئەپەندى بىلەن بىللە يازغان «ئۇيغۇر تىلى مۆرتۈق شېۋىسىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا»



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

(«مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىلى 3 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى، شۇنىڭدەك مۇھەببەت قاسىم خانىم يازغان، ۋاڭ چى ئەپەندى تەرجىمە قىلغان «مۇرتۇق شېۋىسى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1991 ـ يىلى 2 ـ سان ۋە 3 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ گاۋ شۇچۈن، ئابدۇرېشىت ياقۇپ ۋە باھارگۈللەرنىڭ «لۈكچۈن شېۋىسىنىڭ فونېتىكا ۋە لېكسىكىسىنى تونۇشتۇرۇش» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىلى 4 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ نۇسرەت ئەرشىدىنىنىڭ «تۇرپان دىيالېكتى ۋە ئۇنىڭ شېۋىلىرىنى تۈرگە ئايرىش مەسىلىسى» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىلى 3 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ ياسىن نىياز ئەپەندىنىڭ «تۇرپان شېۋىسى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ ئابدۇخالىق قەييۇم ئۇسىيىت ئەپەندىنىڭ «تۇرپان شېۋىسىدىكى مۇرتۇقلۇقلارنىڭ يەرلىك تىلى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2003 ـ يىلى 4 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ ھەلىمە ئابدۇراھمان خانىمنىڭ «تۇرپان شېۋە سۆزلۈكلىرى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2003 ـ يىلى 4 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ تاھىرجان سىدىق ئەپەندىنىڭ «تۇرپان شېۋىسى بىلەن خوتەن دىيالېكتىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇز ۋە مەنە جەھەتتىكى ئورتاقلىق ۋە پەرقلەر» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2004 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ گۈلپېرە ئىمامھەسەن خانىمنىڭ «تۇرپان خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى شېۋە سۆزلەر» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) ۋە «تۇرپان خەلق قوشاقلىرىدىكى شېۋە سۆزلىرى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2004 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىلىرى؛ تاھىرجان مۇتەللىپ قاھىرى ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇرشۇناسلىقتىكى يېڭى نەتىجە ـــ ‹ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۇرپان دىيالېكتى ئۇستىدە تەتقىقات›» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2007 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى قاتارلىقلار.

بىر قىسىم ماقالىلەردە ئاتۇش ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى شېۋىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى تەھلىل قىلىنغان. مەسىلەن، چېڭ شى ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى قەشقەر شەھىرى شېۋىسىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1984 ـ يىلى 4 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ يۈ جې خانىمنىڭ «ئۇيغۇر تىلى قەشقەر شېۋىسىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى» («غەربىي ـ شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1986 ـ يىلى 2 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ ئابدۇرېشىت ياقۇپ ۋە تۇرسۇن ئەپەندىلەرنىڭ «يوپۇرغا شېۋىسىنىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىلى 9 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ نيۇ رۈجى ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى مەكىت شېۋىسىنىڭ تەلەپپۇزى توغرىسىدا» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988 ـ يىلى 4 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ئەپەندى ۋە ئامىنە غاپپار خانىمنىڭ «پاخپۇ شېۋىسى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1990 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى؛ «مىللەتلەر تىل ـ

يېزىقى» ژۇرنىلى، 1991 ـ يىلى 4 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ مىرھايات مىرسۇلتان ئەپەندىنىڭ «ئاتۇش شېۋىسىنىڭ بەزى فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى؛ «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىلى 1 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ تاھىرجان مۇھەممەت ئەپەندىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى قەشقەر شېۋىسىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىلى 5 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ ئەركىن روزى ئەپەندىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاتۇش شېۋىسى توغرىسىدا تەتقىقات» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2003 ـ يىلى 1 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ ئادىل چاۋار ئەپەندىنىڭ «كوسراپ شېۋىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن دەسلەپكى سېلىشتۇرمىسى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ رابىيە ئابدۇرېھىم خانىمنىڭ «قەشقەر شېۋىسىدىكى سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇز ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2004 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ مۇھەممەت سابىت ئەپەندىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۆكيار شېۋىسىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى ئامىللىرى» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىلى 4 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ مۇھەببەت قاسىم ۋە ئىسمائىل ئابدۇرېھىملارنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى قەشقەر شېۋىسى سۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2006 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى قاتارلىقلار.

گەرچە سان جەھەتتىن كۆپ بولمىسىمۇ، بىر قىسىم ماقالىلەردە ئىلى، چۆچەكتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى توغرىسىدا بەزى مەسىلىلەر سۆزلەنگەن. مەسىلەن، جاۋ شاڭرۇ ۋە ھاشىم ئەپەندىلەرنىڭ «شىنجاڭ ئىلى رايونىدىكى تۈرك تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى» («مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىلى 5 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ تاھىر تاشبايېۋ ئەپەندىنىڭ «تارباغاتاي ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدىكى فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىك» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىلى 1 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى؛ 1986 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ دىڭ خاۋ ئەپەندىنىڭ «تارباغاتاي ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 ـ يىلى 3 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ مېھرىئاي ئابدىلىم ئابرال ۋە ياقۇپجان ئىسرائىللارنىڭ «ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ شېۋە سۆزلىرىگە تارىخ ۋە فولكلور نۇقتىسىدىن بىر نەزەر» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2004 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)، مەرەمنىسا ئابدۇرېشىتنىڭ «بورتالا شېۋىسىنىڭ فونېتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2010 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى قاتارلىقلار.

ئاقسۇ كەلپىن شېۋىسى جۇغراپىيەۋى جەھەتتە مەركىزىي دىيالېكت رايونى ئىچىدە بولغىنى بىلەن، تىل جەھەتتىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرى خوتەن دىيالېكتىغا ئوخشايدىغان، بەزى ئالاھىدىلىكلىرى تارىم ۋە قەشقەر شېۋىلىرىگىمۇ ئوخشايدىغان، يەنە



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ئۆزىگىلا خاس بولغان بىر ئالاھىدە شېۋە بولغانلىقى ئۈچۈن، تىلشۇناسلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلدى. كەلپىن شېۋىسى توغرۇلۇق ماقالىلەرمۇ خېلى بار، مەسىلەن، ئابلاھەت مامۇت ئەپەندىنىڭ «كەلپىن شېۋىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ ئىسلام يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ «كەلپىن شېۋىسى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1990 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ شاڭ لىبو ئەپەندىنىڭ «كەلپىن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى توغرىسىدا تەتقىقات» («مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىلى 1 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى ۋە مۇھەممەد ئەيسا ئەپەندىنىڭ «كەلپىن شېۋىسىدىكى كۆرسىتىش ئالماشلىرى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىلى 4 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى قاتارلىقلار.

بىر قىسىم ماقالىلەردە ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇناسىۋىتى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن تەھلىل قىلىنغان. مەسىلەن، ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ «قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تىلى ۋە خوتەن دىيالېكتى توغرىسىدا» («تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (2)، 1983 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ رەجەپ يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ ««قۇتادغۇ بىلىك»، تىكى خوتەن دىيالېكتى تەركىبلىرى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ ئارسلان ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى قومۇل شېۋىسىدىكى قەدىمكى سۆزلەر توغرىسىدا» («مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى» ژۇرنىلى، 2006 ـ يىلى 1 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) ۋە ئۇنىڭ پەرىدە خانىم بىلەن بىرلىكتە يازغان «قومۇل شېۋىسىدىكى قەدىمكى سۆزلەر توغرىسىدا ئىزدىنىش» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىلى 6 ـ سان ۋە 1998 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىلىرى قاتارلىقلار.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بىر قىسىم ماقالىلەردە ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى، دىيالېكت ـ شېۋىلەرنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە دىيالېكت ـ شېۋىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىق مەسىلىلەر سۆزلەنگەن. يەنە بىر قىسىم ماقالىلەردە بولسا، دىيالېكت بىلەن مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر سۆزلەنگەن. مەسىلەن، ئامىنە غاپپار خانىمنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكتلىرى ۋە مىللىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسىي دىيالېكتى ھەم ئۆلچەملىك تەلەپپۇزى توغرىسىدا» («مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى» ژۇرنىلى، 1980 ـ يىلى 2 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) ۋە «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرى ئەدەبىي تىلىمىزنى بېيىتىشنىڭ مەنبەسى» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2010 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىلىرى؛ ۋېي سۈيىي خانىمنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى دىيالېكتلارغا ئايرىشتىكى فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر ۋە ئەدەبىي تىلنىڭ ئۆلچەملىك تەلەپپۇزى مەسىلىسى» («مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 1980 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ گاۋ شىجې ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنى ئايرىش ئۆلچىمى توغرىسىدا» («مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1986 ـ يىلى 3 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى)

دېگەن ماقالىسى؛ لى جىڭۋېي ئەپەندىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت سۆزلىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ دىيالېكتلارنى ئايرىشتىكى ئەھمىيىتى» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1986 ـ يىلى 3 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ لى سېن ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى مەركىزىي دىيالېكتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ـــ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسىي دىيالېكتى توغرىسىدا» («جۇڭگو مىللەتلەر تىللىرى ماقالىلەر توپلىمى»، 1986 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى) ۋە «شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللارنىڭ دىيالېكتلىرى توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش ـــ شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللارغا ئېلىپ بېرىلغان 1955 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتتىن خۇلاسە» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىلى 4 ـ سان ۋە 1993 ـ يىلى 1 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ دىلنۇر جارى خانىمنىڭ «تۇغقان تىل ۋە دىيالېكتنىڭ پەرقلىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ پەرىدە ھامۇت خانىمنىڭ «قومۇل شېۋىسىدە ئەكس ئەتكەن بەزى ئۆرپ ـ ئادەتلەر توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ خالىق نىياز ئەپەندى ۋە مۇھەببەت قاسىم خانىمنىڭ «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنى تەكشۈرۈش پىروگراممىسى (فونېتىكىغا ئائىت مەسىلىلەر)» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)، «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنى تەكشۈرۈش پىروگراممىسى (مورفولوگىيەگە ئائىت مەسىلىلەر)» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)، «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنى تەكشۈرۈش پىروگراممىسى (لېكسىكىغا ئائىت مەسىلىلەر)» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1996ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) ۋە «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى دىيالېكت ـ شېۋە تەركىبلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىلىرى؛ نيۇ رۇجى ئەپەندىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىنى تۈرگە ئايرىش ۋە تارىخىي ئېتنوگرافىك جۇغراپىيە» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىلى 2 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ پېڭ يەن خانىمنىڭ «ئۇيغۇر تىلى تۇراقلىق ئىبارىلەردىكى دىيالېكت سۆزلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىلى 3 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ خۇا جىنمۇ ئەپەندى ۋە گۇلشەن خانىمنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردە ئىپادىلەنگەن يەرلىك پەرقلىرى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىلى 1 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ رۇقىيە ئوسمان خانىمنىڭ «دىيالېكتلارنىڭ ئەدەبىي تىلنى بېيىتىشتىكى رولى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2002 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ مەريەم مەتتۇرسۇن ۋە ئوسمانجان مەتتۇرسۇنلارنىڭ «دىيالېكتلىرىمىزدىكى بىرنەچچە سۆز ۋە قوشۇمچىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدىكى قاراشلىرىمىز» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ماقالىسى؛ مۇھەببەت قاسىم خانىمنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى دىيالېكت سۆزلىرىدىن تەرمىلەر» («مىللەتلەر تىل - يېزىقى» ژۇرنىلى، 2005 - يىلى 5 - سان، خەنزۇچە نەشرى)، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى شېۋىلىرىدىكى ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى ھەققىدە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004 - يىلى 4 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)، «كېلىپ چىقىش مەنبەسى جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت سۆزلىرىگە بىر نەزەر» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2005 - يىلى 1 - سان، خەنزۇچە نەشرى)، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى شېۋىلىرىدىكى تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى توغرىسىدا» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2010 - يىلى 2 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى شېۋىلىرىدىكى ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2009 - يىلى 3 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىلىرى ۋە ئۇنىڭ سەمەت مەمتىمىن تىلچىن بىلەن بىللە يازغان «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت سۆزلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئامىللىرى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2005 - يىلى 4 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)، ئابلىز ۋاھىت بىلەن بىللە يازغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت - شېۋە سۆزلىرىنىڭ مەنە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2008 - يىلى 2 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)، گۈلقىز روزى بىلەن بىللە يازغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت سۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2008 - يىلى 1 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)، ئابدۇكېرەم ئابلىز بىلەن بىرلىكتە يازغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت - شېۋىلىرىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى توغرىسىدا» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2009 - يىلى 1 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)، توختى قەييۇم بىلەن بىللە يازغان «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت تەتقىقاتىغا ئومۇمىي بايان ۋە جىددىي كىرىشىشىمىزنى كۈتۈۋاتقان بىر تەتقىقات تېمىسى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2009 - يىلى 1 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) ۋە «ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى شېۋىلىرىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2009 - يىلى 1 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)، ئايگۈل سېلىم بىلەن بىللە يازغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى دىيالېكت - شېۋىلىرىدىكى ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەسى ھەققىدە» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2010 - يىلى 2 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)، مەرەمنىسا ئابدۇرېشىت بىلەن بىللە يازغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى دىيالېكت - شېۋىلىرىدىكى تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ھەققىدە تەھلىل» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2011 - يىلى 3 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىلىرى؛ كۆرەش تاھىر ئەپەندىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت - شېۋىلىرىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنبەسى ھەققىدە» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2005 - يىلى 4 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ ئابدۇخېلىل ئابدۇجېلىل ئەپەندىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت سۆزلىرى تەتقىقاتى، ناملىق كىتاب توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم» («تىل ۋە

تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2007 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى قاتارلىقلار.

ئاز بىر قىسىم ماقالىلەردە ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت تەتقىقاتىنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا سۆز ئېچىلغان. مەسىلەن، مۇنەۋۋەر ھەببۇللا خانىمنىڭ «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەققىدە» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2001 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ چېن زوڭجېن ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت تەتقىقاتىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسى» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىلى 4 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى؛ غوجائەخمەت سەئىدۋەققاسوف ئەپەندىنىڭ (رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ئايتىللا ئابدۇرېھىم) «سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل دىيالېكتلىرى تەتقىقاتى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2006 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسى قاتارلىقلار.

ئېيتىشقا بولىدۇكى، يۇقىرىدىكى ماقالىلەر ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىنىڭ فونېتىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتتىكى ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىپ، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

# ئىككىنچى باب

## ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدىكى ئېغىز تىلى ماتېرىياللىرىدىن ئۈلگىلەر

### 1. ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدىكى ئېغىز تىلى ماتېرىياللىرىنى توپلاشنىڭ ئەھمىيىتى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، يېقىنقى 50 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرى تەتقىقاتىدا كىشىنى خۇشاللاندۇرغۇدەك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئەمما بۇ تەتقىقات ئاياغلاشقىنى يوق، نۇرغۇن خىزمەتلەر تېخى بىزنىڭ ئىشلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ئەڭ ئالدى بىلەن جىددىي كىرىشىشكە تېگىشلىك بىر خىزمەت شۇكى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدىكى ئېغىز ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرىنى يىغىش ھەمدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىنىڭ تاۋۇش ئارخىپىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئاساس يارىتىش.

گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭنىڭ «دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ تىپىك نەتىجىلىرىنى مەلۇم قىلىپ باھالاپ بېكىتىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىلىرى»دە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ دائىرىسىگە ئاغزاكى ئەنئەنە، جۈملىدىن مەدەنىيەتنىڭ ۋاسىتىچىسى بولغان تىلمۇ كىرىدۇ ... غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنى كۈچەيتىش دۆلەت ۋە مىللەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەلقئارا جەمئىيەت مەدەنىيەت ئالاقىسى ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنىڭ زۆرۈر تەلىپىدۇر ... دۆلىتىمىزنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنى كۈچەيتىشنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرگىلى بولمايدۇ①.

يېقىنقى 50 يىلدىن بېرى، سودا، قاتناش، ئالاقىلىشىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى مائارىپ، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، ئاخبارات ـ نەشرىيات ساھەلىرىدە كەڭ قوللىنىلىپ، مىسلىسىز دەرىجىدە ئومۇملاشتى. بىراق، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ كەڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى تەدرىجىي تۆۋەنلەۋاتىدۇ، ئىشلىتىلىش دائىرىسى تارىيىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭنىڭ قوش تىل مائارىپ

① گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى تارقاتقان «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنى كۈچەيتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى پىكرى»، [2005] 18 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت (2005 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى) تىن ئېلىنغان.

ئىشلىرى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋە ئىشلىتىلىش رولى ئوبيېكتىپ ھالدا بىرقەدەر تارايدى، ھەتتا بەزى دىيالېكتلار يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلى لوپنور دىيالېكتى. ھازىر بۇ دىيالېكت رايوندىكى ياشلارنى قويۇپ، ھەتتا ياشانغانلار ئىچىدىمۇ لوپنور تەلەپپۇزىدا سۆزلىيەلەيدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز قالغان. ئەگەر بىز ھازىر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ رايونلاردىكى ئېغىز ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىلاجىنىڭ بارىچە ئەينى ھالىتى بويىچە يىغىپ، خاتىرىلەپ، ساقلاپ، تورگە ئايرىپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇپ، كېيىنكىلەرگە خاتىرە ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويمىساق، نۇرغۇن جايلاردىكى خەلق ئارىسىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، دىيالېكت ـ شېۋە ماتېرىياللىرى يوقاپ كېتىشى مۇمكىن.

جوڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى سۇن خوڭكەي ئەپەندى ئىلگىرى مۇنداق دېگەنىدى: «ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىدا تارىخىي ھېكايە، رىۋايەت، ئەپسانە، شېئىر، ناخشا، مەسەل، نەسەبنامە قاتارلىق ئېغىز ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، كۆپ قىسمى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئېغىز ئارقىلىق تارقىلىپ كەلگەن قىممەتلىك بايلىق. ئۇنىڭ ئىچىدە يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەنلىرى ناھايىتى ئاز. بۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، شۇ مىللەتنىڭ تىلى، تارىخى، ئەدەبىياتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ئاساس، شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىنىڭ گىرامماتىكىسىنى تەتقىق قىلىشتىكى، ئېغىز تىل تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمىي سۆزلىرىنى قېزىشتىكى مۇھىم يول. يەنە كېلىپ بۇ ماتېرىياللار تىل ماتېرىياللىرى تىلشۇناسلىقنىڭ مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ قالغۇسى ... بىز شۇنى كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، بەزى تىللاردىكى ئېغىز تىلى ماتېرىياللىرى، كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان نۇرغۇن ئەسەرلەر خەلق ئىچىدىكى پېشقەدەم يەرلىك سەنئەتكارلارنىڭ قېرىپ ئالەمدىن ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ يوقىلىپ كېتىۋاتىدۇ ياكى يوقىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرماقتا»①.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە ناھايىتى مول ئېغىز ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرى ساقلىنىۋاتىدۇ. يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى قاتارلىق ئورۇنلار «ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى توپلىمى»، «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى توپلىمى» قاتارلىق ئېغىز ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرىنى توپلاپ، رەتلەپ نەشر قىلدى. بۇنىڭ ئەھمىيىتى تولىمۇ زور، ئەلۋەتتە. ئەپسۇسكى، توپلاپ رەتلىگۈچىلەر دىققىتىنى بۇ ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنىغىلا مەركەزلەشتۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن، توپلانغان ماتېرىياللار خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە بويىچە ئەينەن خاتىرىلەنمەي، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسى بويىچە رەتلىنىپ يېزىلىپ نەشر قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ماتېرىياللارنىڭ ئەسلىي يەرلىك پۇرىقى، تەلەپپۇزى ساقلاپ قېلىنمىدى. شۇڭا، نۇرغۇن ئەقلىي كۈچ، ئادەم كۈچى سەرپ

① سۇن خوڭكەي: «يېڭى ئەسىردىكى تىل ـ يېزىق خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى»، «مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى» ژۇرنىلى، 2002 ـ يىلى 6 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىپ توپلانغان بۇ ماتېرىياللار ھەرقايسى دىيالېكتلار توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ھەقىقىي ئاساس بولۇشتا ئاجىزلىق قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدىكى ئېغىز تىلى ماتېرىياللىرىنى يىغىش، رەتلەش، مۇمكىن بولسا ئۇلارنى خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە بىلەن ئەينەن خاتىرىلەپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ھەم ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىنىڭ تاۋۇش ئارخىپلىرىنى تۇرغۇزۇپ، ئەۋلادلىرىمىزغا، كېيىنكى تەتقىقاتچىلارغا بۇ قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى ئۇنىئالغۇ، سىنئالغۇ دېگەندەك زامانىۋى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ قالدۇرۇش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە جىددىي بىر خىزمەتتۇر. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ۋاقتىدا قېزىپ ۋە قۇتقۇزۇپ، ۋاقتىدا ساقلاپ قېلىنغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدىكى يوقىلىۋاتقان ياكى يوقىلىشقا يۈزلىنىۋاتقان بۇ ماتېرىياللار، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ھەم داۋاملىق ئىزدىنىش جەھەتلەردە مۇھىم ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە، شۇنىڭدەك بۇ خىزمەت مىللەتشۇناسلىق، مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق، فولكلور، فىلولوگىيە، جۇغراپىيە، تارىخ قاتارلىق ساھەلەردىكى تەتقىقاتلار ئۈچۈنمۇ بىرىنچى قول ماتېرىيال بولالايدۇ، بۇرۇنقىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت تەتقىقاتىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ. بۇ ھەم غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.

بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ماددىي كاپالەتنىڭ بولۇشىدىن باشقا، مەدەنىيەت مىراسلىرىمۇ ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئاساسى. مەدەنىيەت بىر خىل ئىجادىيەت، بىر خىل تاللاش دېمەكتۇر. مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ساقلاپ قېلىش دېمەك تارىخنى ساقلاپ قېلىش، مەدەنىيەتنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىش دېمەكتۇر. جەمئىيەت جىددىي ئىسلاھ قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىق بولۇشتەك سىستېمىسىنى قۇرۇش بىر خىل چاقىرىق بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر خىل ھەرىكەتتۇر. ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدىكى ئېغىز ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرىنى توپلاش، ئەينەن خاتىرىلەش ۋە ئۇلار ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش مانا مۇشۇنداق ئەمەلىي ھەرىكەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

## 2. ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدىكى ئېغىز تىلى ماتېرىياللىرىنى توپلاش پىلانى ۋە ئىشلەش جەريانى

### 1) تەكشۈرۈشتىكى مەقسەت ۋە تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنى بېكىتىش

بىزنىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشىمىزدىكى ئاساسىي نىشان ناخشا، مۇزىكا، ئۆرپ ـ ئادەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە باشقا سەنئەت جەھەتلەردىكى نەرسىلەر ئەمەس، ھەرقايسى جايلاردىكى شۇ يەرلىك شېۋە بويىچە ئەينەن ئېيتىلغان ھېكايە، تۇرمۇش ھادىسىلىرى،

سۆزلىگۈچىنىڭ تەرجىمىھالى، بەزى بايانلار، ماقال ــ تەمسىللەر قاتارلىق ئېغىز تىلى ماتېرىياللاردۇر. بىزنىڭ ئاساسىي مەقسىتىمىز، مۇشۇنداق نەرسىلەرنى ئاڭلاپ، خاتىرىلەپ، ئۈنئالغۇغا ئېلىپ ھەم خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللارنى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە خەلقئارالىق تىرانسكرىپسىيەگە ئەينەن ئايلاندۇرۇپ، ئارخىپ قىلىپ ساقلاپ، كېيىنكىلەرنىڭ كەلگۈسىدە ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ــ شېۋىلىرىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى بىلىشى ياكى تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن بىرىنچى قول ماتېرىيال توپلاشتىن ئىبارەت.

قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۇمكىنقەدەر كۆپرەك يەرلىك ئېغىز تىلى ماتېرىياللىرىنى توپلىۋېلىش ئۈچۈن، بىز ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، 2006 ــ يىلى 7 ــ ئاي ۋە 8 ــ ئاي ئىچىدە ئايرىم ــ ئايرىم ھالدا خوتەن، قەشقەر ۋە ئاقسۇ رايونىغا بېرىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. 2007 ــ يىلى يازلىق تەتىل مەزگىلىدە ھەرقايسى گۇرۇپپىلار يەنە تولۇقلىما تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، توپلىغان ماتېرىياللارنى تولۇقلىدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى ھەربىر جايغا بارغاندا ئالدى بىلەن يەرلىك مەدەنىيەت يۇرتلىرىنىڭ ياردىمىدە، يەرلىك كىشىلەرنىڭ كۆرسىتىشى بويىچە، تەلەپىمىزگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىردىن ئىككىگىچە ئاۋاز بەرگۈچى تېپىپ، ئەركىن پاراڭلىشىش، سوئال قويۇپ جاۋاب ئېلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى باشلىدۇق. تەكشۈرۈش جەريانىدا مۇمكىنقەدەر ياخشى شارائىت ھازىرلاپ، ئاۋاز بەرگۈچىنىڭ ئاۋازىنى باشتىن ــ ئاخىر تولۇقى بىلەن ئۈنئالغۇغا ئالدۇق، سۈرەتكە ئالدۇق ھەم سىنئالغۇغىمۇ ئالدۇق. ئۈنئالغۇغا ئېلىنغان ماتېرىياللار ئاساسەن ھېكايە، چۆچەك، تۇرمۇش ئۆزۈندىلىرى، ئاۋاز بەرگۈچىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلىرى، ماقال ــ تەمسىللەر، قوشاقلار بولدى. توپلانغان ماتېرىياللار ئەدەبىيات ــ سەنئەت نۇقتىسىدىن ئەمەس، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن بولغاچقا، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە ئاۋاز بەرگۈچىنىڭ تەلەپپۇزى ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇلدى.

تەكشۈرۈش نۇقتىسىنى قانداق بېكىتىش مەسىلىسىدە خېلى باش قاتۇردۇق. ئۇيغۇر تىلى مەركىزىي دىيالېكت، لوپنور دىيالېكتى ۋە خوتەن دىيالېكتى دەپ ئۈچكە، مەركىزىي دىيالېكت بىلەن خوتەن دىيالېكتى يەنە نۇرغۇن شېۋىلەرگە بۆلۈنىدىغان بولغاچقا، ماتېرىياللارنىڭ ئەتراپلىق بولۇشى، تېخىمۇ كۆپرەك جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مۇمكىنقەدەر كۆپرەك جايلارغا باردۇق ھەم ھەربىر جايدىن شۇ يەرنىڭ شېۋىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئادەم تېپىشقا تىرىشتۇق. شۇنداق قىلىپ قەشقەر رايونىدا قەشقەر شەھىرى، قەشقەر كوناشەھەر، يېڭىشەھەر، پوسكام، يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىق، مەكىت، مارالبېشىغا، يەنە ئاتۇشقا باردۇق. خوتەن رايونىدا قاراقاش، لوپ، گۇما، چىرا، كېرىيە ۋە خوتەن ناھىيەسىگە باردۇق. ئاقسۇ رايونىدا كەلپىن، ئاقسۇ قارىتال، قۇمباش، كۇچا، باي، ئونسۇ قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. ئۇ يەرلەردىن باشقا، يەنە تۇرپان، توقسۇن، پىچان قاتارلىق جايلاردىمۇ تەكشۈرۈش قىلدۇق. قومۇل بىلەن ئالتايلارغا ئۆزىمىز بارالمىدۇق، بىراق ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ توپلىغان ماتېرىياللىرىدىن پايدىلاندۇق. شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشىمىز جەمئىي يىگىرمە نۇقتىدا ئېلىپ بېرىلىپ، قولغا كەلگەن ماتېرىيال يۈز پارچىغا يېقىن ئېغىز تىلى ماتېرىيالىدىن تەركىب تاپتى (ھەممىسى ئۈنئالغۇغا ئېلىندى).



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەسىرىمىزنىڭ سەھىپىسىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بۇ ماتېرىياللاردىن بىر پەقەت قىرىق پارچە ماتېرىيالنىلا تاللاپ ئالدۇق[1]. قالغانلىرى كېيىنكى تەتقىقاتلارغا قالدۇرۇلدى.

2) تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ۋە تەكشۈرۈش پىروگراممىسى

تەكشۈرۈش جەريانىدا بىز ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللارنى ئارىلاشما قوللاندۇق:

ئەركىن سۆھبەتلىشىش؛ تەكشۈرگۈچى مەقسەتلىك سوئال سوراش، ئاۋاز بەرگۈچى جاۋاب بېرىش؛ ئاۋاز بەرگۈچىنى ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالى ياكى بەزى تۇرمۇشىدا بولغان ۋەقەلەر ياكى ھېكايە، چۆچەك قاتارلىق ئۆزۈن ماتېرىياللارنى دەپ بېرىشكە ئۈندەش. بۇ ئۇسۇللار ئۆزئارا كىرىشتۈرۈلۈپ قوللىنىلدى. مەيلى قايسى خىل ئۇسۇل قوللىنىلمىسۇن، ئاخىرى ئۆز پىلانىمىزغا يېتىش مەقسەت قىلىندى.

تەكشۈرۈشتىن بۇرۇن تۆۋەندىكىدەك ئاددىي بىر تەكشۈرۈش پىروگراممىسى تۈزۈۋالدۇق:

ئىسمىڭىز، ئائىلە ئەھۋالىڭىز (بالىلارنىڭ، ھەمراھىنىڭ، تۇغقانلىرىنىڭ ئەھۋالى)، قىسقىچە تەرجىمىھالىڭىزنى سۆزلەپ بېرەمسىز؟

تاماق ئادەتلىرىڭلار قانداق؟ ھەر خىل تائاملار، يېمەكلىكلەرنىڭ نامى، ئېتىلىش جەريانى قاتارلىقلار ...

دېھقانچىلىق ئىشلىرى قانداق؟ زىرائەتلەرنىڭ نامى، ھەر خىل زىرائەتلەرنىڭ تېرىلىشتىن تارتىپ يىغىۋېلىشقىچە بولغان جەريانلىرى قاتارلىقلار ...

بۇ يەرنىڭ توي ئادەتلىرى قانداق؟ ئاۋاز بەرگۈچىنىڭ تويىنىڭ پۈتۈن جەريانى، بالىلىرىنىڭ توي ئەھۋالى قاتارلىقلار ...

بۇ يەرنىڭ ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى قانداق؟ نەزىر ئادەتلىرى، ئۇنىڭ باشتىن - ئاياغ جەريانى قاتارلىقلار ...

بۇ يېزىنىڭ تارىخى، بۇرۇن قانداق ئىدى، ھازىر قانداق ئۆزگەردى قاتارلىقلار ...

كېسەللەرنىڭ نامى، بەزى تونۇش - بىلىشلەرنىڭ كېسەل بولۇپ ساقايغان ياكى ئالەمدىن ئۆتكەن پۈتۈن جەريانى قاتارلىقلار ...

بىر كۈننى قانداق ئۆتكۈزىسىز؟ ئەتىگەندىن تا كەچكىچە ئۆتكۈزگەن پۈتۈن جەريان، باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت قاتارلىقلار ...

بىر نەچچە ھېكايە ياكى چۆچەك، ياكى قوشاق، ماقال - تەمسىل دەپ بەرسىڭىز.

......

تەكشۈرۈش جەريانىدا بىز تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلدۇق:

تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ۋاقتىدا باشلىنىشى ھەم ئاياغلىشىشى ئۈچۈن، ئاۋاز بەرگۈچى بىلەن تەكشۈرۈش ئورنىنى بېكىتىشتە مۇمكىنقەدەر ۋاقىتنى تېجىدۇق؛ ھەربىر نۇقتىدا بىر - ئىككى كۈنلا تۇرۇش، تەكشۈرۈش مەقسىتىگە يەتكەن ھامان يېڭى جايغا يۆتكىلىش؛ ئاۋاز بەرگۈچىنى ھودۇقتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، سوئال سورىغاندا ياكى سۆھبەتلەشكەندە مۇمكىنقەدەر ئەركىن، خۇشال - خۇرام شارائىت يارىتىپ، كۈلكە - چاقچاق،

[1] بۇ ماتېرىياللارنىڭ خەلقئارالىق تىرانسكرىپسىيەسى بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە نەشرىدە بېرىلدى.

ئىناقلىق سورۇندا تەكشۈرۈشنى باشلاش؛ ھەربىر تەكشۈرۈش نۇقتىسىدا ماتېرىيالنىڭ كۆپلۈكىگە ئەمەس، بەلكى ياخشى، ئېنىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش پرىنسىپىنى قوللىنىش. ھەربىر جايدىن ئىككىدىن ئۈچ پارچىگىچە تولۇق ئاياغلاشقان ماتېرىيال بولسىلا بولدى. ئېلىنغان ماتېرىيالنىڭ سانى كۆپ بولمىسىمۇ، سۆزلەنگەن ھەربىر پارچە ماتېرىيال ئۇزۇنراق بولسا، كەلگۈسىدە رەتلەشكە قولايلىق بولىدۇ؛ تەكشۈرۈش جەريانىدا ھەربىر تەكشۈرۈش ئورنى، ئاۋاز بەرگۈچىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، تەكشۈرۈش ۋاقتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئەستايىدىل خاتىرىلىنىشى كېرەك، چۈنكى بۇلار كەلگۈسىدىكى ماتېرىيال رەتلەش ئىشلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان پاكىتلار ھېسابلىنىدۇ.

3) بىرقانچە ئىزاھات

(1) بۇ كىتابتا بېرىلگەن ئېغىز تىلى ماتېرىياللىرى ئاساسلىق قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن ئېلىنغان بىرىنچى قول ماتېرىياللاردۇر. بەزى جايلارغا، مەسىلەن، غۇلجا، قومۇل، ئالتاي، لوپنور قاتارلىق جايلارغا ئۆزىمىز بارالمىدۇق. شۇڭا، بۇ جايلاردىن تاللانغان ئېغىز تىلى ماتېرىياللىرى ئۆزىمىز يېتەكلىگەن ياكى يېتەكلەۋاتقان ئاسپىرانتلىرىمىزنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش دىسسېرتاتسىيەلىرىدىن ياكى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ تىل پراكتىكىسى قىلىش جەريانىدا تەكشۈرۈپ توپلىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللىرىدىن ئېلىندى.

(2) نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، توپلىغان ماتېرىياللىرىمىز ھەرقايسى جايلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر تەكشى بولالماي قالدى. بەزى جايلاردىن ماتېرىيال كۆپرەك ئېلىندى، بەزى جايلاردىن ئازراق ئېلىنىپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ ماتېرىياللارنىڭ ئەتراپلىق، ھەممە جايدىن بولۇشىغا ئىمكانىمىزنىڭ بارىچە تىرىشتۇق.

(3) بۇ ماتېرىياللارنى توپلاپ رەتلەش جەريانىدا نۇرغۇن ئۇستازلىرىمىز ۋە كەسىپداشلىرىمىزنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتۇق. بەزى كەسىپداشلىرىمىز ياكى ئاسپىرانتلىرىمىز تەكشۈرۈشلىرىمىزگە قاتناشتى، بەزىلىرى ماتېرىياللىرىمىزنى ئۇيغۇرچە يېزىققا، خەلقئارالىق يېزىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشكە ياردەملەشتى، بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بەردى. شۇلارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز، بولۇپمۇ يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە بىزگە ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرى ئارقىلىق يول كۆرسەتكەن ئۇستازلىرىمىز ۋە كەسىپداشلىرىمىز مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ئەپەندى، مەرھۇم ئابلىز ياقۇپ ئەپەندى، ھاشىم توختى ئەپەندى، مېھراي خانىم، چىن زوڭجېن ئەپەندى، گاۋ شىجي ئەپەندى، ئابدۇرەئوپ پولات ئەپەندى، مەرھۇم غۇلام غوپۇر ئەپەندى، ئابدىرېشىت ياقۇپ ئەپەندى قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەرگە چىن كۆڭلىمىزدىن تەشەككۈر بىلدۈرىمىز!

## 3. ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدىن تاللانغان ئېغىز تىلى ماتېرىياللىرى

### 1) قەشقەر ـ ئاتۇش شېۋىلىرىدىن ئېلىنغان ئېغىز تىلى ماتېرىياللىرى

**(1) ئاتۇش شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچىلار**

ئاۋاز بەرگۈچى 1: پاتىگۈل كېۋىر، ئايال، 56 ياش، باشلانغۇچ تۆتىنچى يىللىققىچە

ئوقۇغان، هازىر ئائىلە ئايالى. ئاتۇش شەھەرلىك ئۇستۇن ئاتۇش قايراق يېزىسىدىن. ئېرى كېسەل سەۋەبىدىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىلى 14 يىل بولغان، ئاتا ـ ئانىسى لەڭگەر يېزىسىدىن.

ئاۋاز بەرگۈچى 2: تىللاخان، ئۇستۇن ئاتۇشلۇق، يېشى 70 تىن ئاشقان، 16 يېشىدىن تارتىپ ئىشلىگەن، 1980 ـ يىللىرىدىن كېيىن پېنسىيەگە چىققان. دىنىي مەكتەپتىمۇ، يېڭى مەكتەپتىمۇ ئوقۇغان، لېكىن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلمىغان بولغاچقا، يەنىلا ئاتۇش شېۋىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

## چۆچەك

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئېدەمنىڭكى بىر قىزى با:كە ①. يىتىمكە. بىر ئايىلى با:كە. ئۆگەي ئاپىسىكېن. بۇ ئېدەم قىزىنى بەك ياخشى كۆرىدىكېن. كۈنلە:نىڭ بىرىدە، ئۇ تېرەك چا:تايمەن دەپ تېرەككە چىقسا، ئۇ ئايال ئۆزىنى تازا ياساپ چىقىپ .. قىزۋالىنىڭ ئېتى چولپانكەن. ئۇ ئايالنىڭ ئېتى ئايخانكە ... يېنىدا «ئاي چىرايلىغمۇ، كۈن چىرايلىغمۇ، چولپانمۇ؟» دەپتۇ.

ئۇ ئېدەم: «ئايمۇ چىرايلىغ ئەمەس، كۈنمۇ چىرايلىغ ئەمەس، چولپان چىرايلىغ،» دېيدىكەن. يەنە باشقا خىل پە:داز قىلىپ چىقىپ شۇندا دىسە، يەنە: «چولپان چىرايلىغ» دېيدىكەن ئۇ ئېدەم. ئا:خىرى يېتتە ـ سېككىز قېتىم چىققاندىن كېيىن، ئۇ ئايال جىلى بولاپ، ئېرى ئۆيگە چىگەندىن كېيىن: «بۇگەندىن تا:تىپ قىزىڭنى يوقاتمايدىغان بولساڭ، كۆرىدىغان كۈنۈڭ با:. چوقۇم مەن قويىشاپ كېتىمەن ② سەندىن. قىزىڭنى يوقات !» دېيدىكەن. بۇ ئېدەم: «قانداق قىلسام بولا:؟» دېپ، بىر خوجۇننىڭ كۆزىگە سېغىزنى قاچىلاپ، بىر خوجۇننىڭ كۆزىگە توپىنى قاچىلاپ، قىزىنى بىر يە:گە: «ئاناڭنىڭ تۇققىنى با: بالام، سېنى كۆ:سۈتۈپ كېلېي» دېپ ئەپىرىپ، بىر جاڭگالنىڭ ئارىسىغا قوياپ، ئۇ ئادەم قېچىپ كېتىدىكە. ئۇ قىزۋالا ئوتتۇراپتۇ ـ ئوتتۇراپتۇ. ئا:خىرى دادام كېمىدى، مەن كىچىككىنە نان يېي، دېپ قايلىسا، تېغى، مانىڭدا نىمە با:كى دىسە توپا. شۇنىڭ بىلەن بېشى قې:تىپ ئۇيان ـ بۇيان قايلىسا، بىر يە:دە ۋىلىلدىغان چىراغ پەيدا بولاپتۇ. ئاشۇ يېگە بىر بېرىپ باقاي دېپ با:سا، ئۇ ئۆيدە بىر تاز خوتۇن ئۇمىچ ئېتىپ ئوتتۇراپتۇ. ئۇ ئۆيگە چىگەندىن كېيىن، «ۋاي بالام پېرىزات كېلدىڭمۇ؟ ... نېدىن كېلداڭ؟» دېپ ھېلىقى ئۇماچقا قايلىسا، پۇتۇنلەي مونەك، ھېلىقى قېرى خوتۇننىڭ ئېتكەن ئۇمىچى. «ۋاي ئانا، نىمى قىلىلى بۇنى؟» دېسە، «ئۇچ ئوغلام با:تى، ئىشلەۋاتىتى، شۇلىغا مەن ئۇمىچ ئېتىپ ئاپىرىپ بېيەي دىگەن» دېپتۇ. «تۆكۈۋەت. مەن بىر ئېتىپ بېيەي سىلىگە»، دېپ ھېلىقى قىزۋالا ئۇماچنى شۇندا چىرايلىغ ئېتىپتۇ. لېكىن، شۇ باللىغا مېنى با: دىمىسلە، دەپتۇ. ھېلىقى ئۇماچنى ئېلىپ با:سا، باللىرى: «ھەي تاز، ئۇماچنى كىم ئېتتى؟» دېيدىكە. «ئۆزۈم ئەتتىم ... »، «ياق بۇنداغ ئېتىمېيتتىڭ،

---

① بارلىق ئېغىز تىلى ماتېرىياللاردىكى «:» بەلگىسى سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشلار ئاساسەن ئۆزىنىڭ كەينىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىن بولىدۇ. «:» بەلگىسى قويۇلغان تاۋۇشلار ئادەتتىكىدىن ئۇزۇنراق تەلەپپۇز قىلىنىشى كېرەك.

② قويىشاپ كەتمەك ــ ئاجرىشىپ كەتمەك، ئەر ـ خوتۇنلار ئايرىلىپ كەتمەك.

راستىڭنى دە ...»، «بىر ماڭا خۇدايىم ماڭا پېرىزاتتەك قىز ۋالىنى بېدى» دېيدىكە. ئۇلى كىلىپ بوغىچە، ئاڭغىچە ئۇ قىز ۋالا قازناقا چىپىپ ئىشىكنى تاقىۋالدىكە. ئۇ مەن ئالىمە شۇ قىزنى، بۇ مەن ئالىمە دەپ ئۇچ ئوغال تالىشىدىكە. ئاخىرى: «مېنى ئا:ساڭلى مەن قازناقتىن چىقمايمە. مېن سىلىگە بىژ تۇققان بولاي، ئۇچلاڭلىغا بىژ تۇققان بولاي» دېپ ۋېدە قىلىپ قازناقتىن چىقىپ، شۇ يېدە ياشاپ بۇ قىزۋالا بىژ تۇققان بولاپ. «قاندا كىپ قا:غان سېن؟» دىسە، «مۇشۇندا كېگەن» دېسە، ئۇ باللا ياغاچ ئاتتىن بىرنى ياساپ، ئۇ قىزۋالىنىمۇ تازا ياساپ، بىر كۈنى كېلىدىكەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىغا. ۋاي بىر يېدىن مېيمان كېپتۇ، دېپ شۇندا ھەشەم ـ دەرەم قىپ كۈتىدىكەندە ئۇنى. تاشىشۇەتكەندىن كېيىن ئۇلدى دەپ ئويلايدۇ ئا:لا. خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلدىن كېيىن كېلىدىكە. داسقاندا ئوتتۇراپ: «ئاتقا ئوت سېپ بېيىڭلا» دەيدىكە ئا قىزۋالا. «ۋىيىي، ياغىچاتمۇ ئوت يېمدۇ؟» دېپتۇ. «ئۆلەپ كەتكەن چولپان تىرىلىدۇ، ياغىچات نېمىشقا ئوت يېمىگىدەك؟» دىسە، شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى تو:غان جايىدا تۇرۇپ قېلىپ، ئىزا تا:تىپ قېلىپ، قايتىدىن ئاتا ـ باللا بولاپ، قىيغىنىغا پۇشايمان قىلىپ ياشاپتا.

## تېپىشماق

بېلى باغلاغلىق، تۆلكە تۇماغلىغ. (سۇپۇرگە)
ئۇزۇن مۇناراغا كانارا.(بۇ بۇرۇنقى چىراغلىرىمىز ئېمدى)
قاراڭغۇ ئۆيدە بىر تاز خوتۇن ئوتتۇرىدۇ، ئۇ نېمە؟ (تۇز كوزىسى)
ئانىسى ئۆيدە ئوتتۇرىدۇ، باللىرى ئۆيمۇ ئۆي ژۇرىدۇ، ئۇ نېمە؟ (ئانار)
خاقتى دىمىقۇتى، گۇلدۇرى ئاۋازى. بىر ئۇرۇپ يە:گە چۈشە: ، بىر ئۇرۇپ ئاسمانغا چىقا: . (بۇرۇنقى ئېگلەك)

## بالا تەربىيەسى توغرىسىدا

ئاتا ـ ئانىلى قىيسا بومايدىغان ئىشلى با:. مېنىڭ بالام ئارزۇلۇق، بېك ياخشى دەپ باللىنى جىق ئېركىن قويىۋەتسە بومايدا. مېنىڭ پېرىزىم، بۇنى مەن قېتىئى باشقۇرىمەنغۇ، مېن ئانا بو:غاندىكىن، دېپ، جىق باشقۇرىۋەتسېكمۇ بومايدۇ. جىق ئېتىۋا: قىلىۋەتسەك، بالا مەغرۇرلىنىپ كېتىپ قالىدا، ئۆزىنى بىلەممەي قالىدا. جىق باشقۇرىۋەتسېك روھى بېسىمغا ئۇچراپ كېتىدا. ساخلا چىراي بولاپ كېتىدۇ بالا. مېنىڭچە بو:غاندا بالىنى ھېر جېھەتتىن، مېيلى ئىقتىساتتىن بو:سۇن، مەيلى ئوييناشتا بو:سۇن، مەيلى ئۇخلاشتا بو:سۇن، مەيلى گالدىن بو:سۇن، نورمال باقسا بالا ياخشى چىقىدۇ، دەپ پېرەز قىلىمەن. يەنە بىرسى، بالىغا ۋات ـ ۋۇت تىللاپ، قالايمىقان سۆزلەپ، بىر گۇناغا قىيسا، ئىششەك گېپىنى قىمماي، بىر ـ ئىشككى قېتىم: «بالام، دىققەت قىل، ما ئىشىڭ تازا توغرا بوممىدى، مەن خاپا بولاپ قالىمەن» دىۋېتىپ، جىخراق بو:غاندا، «نىمانداق قىلىسە بالام؟» دىسەك، ئۆزى ئىزا تاتىپ قالىدۇ، دېپ ئويلايمەن ئېمدى. مۇشۇ تۇرمۇشىنىڭ جاپاسىنىمۇ باللىغا ئازراق كۆ:كەتمىسەك بومايدا. ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنىلا كۆ:ستىپ قويماي بالىغا، يامان تەرىپىنىما ... مېن ھازىرغىچە كىچىك

ئىشككى قىزىم بىلەن ئېيپ بومىمايمەن، چىقىسلى، خاپا بولىشاپ قالىمەن. قاندا دىسلە، هولۇقۇپ كېتمەڭلا، دىققەت قىلىڭلى، دېپ تولا گېپ تالىشىپ قالىمەن. «ۋوي، هېجەپ دېۋە:دىڭغۇ، سېنىڭ دېۋە:دىڭ» دىگەن، «شۇ ئۇزەڭنىڭ پىشانىسىدىن كۆ:. هازىر قانچىنچى دېۋرى؟» دېيدۇ. «ساڭا دېۋىر ئېچىپ بېمەيدۇ ساڭا. ئۇزەڭنىڭ تىرىشچانلىقى بومىسا بومايدۇ» دېپ، شۇ باللى بىلەنمۇ، «كېتەر بولاڭلى، كىشگە ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلى، هېر قاندا ئىشنىڭ ئۆتنىسى با: ، بىر ئىشنىڭ سورىقى با:. مېنىڭ دادام دېرىيادا تېرەت ئا:ساڭلا، شۇ جىق بو:غاندىكىن، دېپ جىق ئا:ساڭلا ئىسراپ بولىدا، يامان بولىدا. هېرقانداغ ئىش نورمال بو:سا بولىدۇ دېپتى. بۇ مېنىڭ هازىرقاچىلىك شۇندا قوللىقىمدا با: . «پۇلۇم با: دېپ ئېكىلمەڭلا. ئىسراپ قىپ قالايمىقان كىيىم كېيمېڭلا. ئېيىڭلىغا نوچىلىق قىماڭلا. ئېيىڭلىنىڭ هۆرمىتىنى سىلى قىلىڭلا. سىلىنىڭ هۆرمىتىڭلىنى ئېيىڭلا قىسۇن» دېپ تورىمىز باللىغا. ئاتا - ئانا ئەڭ ياخشىسى: «مېنىڭ بالام ياخشىتتىغۇ، ئاسماندا ... » دېسە بومايدا. مېنىڭ تۆت قىزىم با : ... قىزلىرىم كېلسە: «خوشلۇقۇڭلا با: چاغدا كېلىڭلى. كۆلۈپ - ئويناپ ئېيىڭلىنى هۆرمەتلىسەڭلى كېلىڭلى. مېنىڭ قېشىمدا ئېكىلەپ قاتتىغ بىر ئېغىز گېپ قىپ قا:ساڭلى، ئۇنىڭ جاۋابىنى بېيىپ قا:سا، مەن خىجىل بولاپ قالىمەن. مېنىڭ يۈزەم چۈشۈپ كېتىدا. سىلىنىڭمۇ چۈشۈپ كېتىدا. مېنىڭ ئۆيەمدە ئېيىڭلىنى قاتتىق هۆرمەتلەيسىلە. ئاتا - ئانىنىڭ ئۆيىگە با:غاندا ئۇ سىلىنى هۆرمەتلىسۇن.» دېيمەن. كۈيوغاللىرىم بىلەنمۇ شۇندا پاراڭلىشىپ، مۇڭدىشىپ كېتىمەن. قىزۋاللىنى چۈشۈرەپ تۇرىمەن، شۇ كۈيوغاللىنىڭ قېشىدا ...

ئاساسەن مېنىڭ كۆز قارىشىمچە، باللىغا بىرى، ئاتا - ئانا باللىنىڭ قېشىدا ئۇرۇش - جىدەل قىپ، قالايمىقان سەت گەپنى قىممىساق بولىدا. ئىككىنچىسى، قولۇم - قوشنىنىڭ، ئۇرۇغ - تۇققانلىنىڭ غېجىلىشىپ قا:غان گېپىنى هەرگىز باللىغا ئۇقتۇ:مىساق بولىدۇ. ئۇلاپ ئۇلا غېجىلىشىپ كېتىدا. بىر ئۆمۈر بۇ جىدەل تۈگىمەيدا.

(يۇقىرىقىلارنى پاتىگۈل كىۋىر سۆزلەپ بەرگەن. 2006 - يىلى 8 - ئاي.)

## ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ قىسقىچە تارىخى توغرىسىدا

تارىخىمىزدا، بۇ ئۇستۇناتۇش ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىكى يايلاخكەن، بالام. بۇرۇن بىر هاجى نۇ دوك دېپ بىي ئېدەم ئۆتەپتىكەن، بۇرۇنقى بىر زاماندا، ئېدەم پەيدا ۋوغان ۋاختىدا. ئۇ هاجى نۇ نوكنىڭ پۇتى، ئا بىزنىڭ ئۇستۇناتۇشنىڭ ئا تېغىدىن ما تېغىغا يېتىدىكەن، چات ئارلىقى. ئاندىن ئۇ ئېدەم نىم بوغاننىڭ يا:غى بۇ يې:دە ئېدەملە: ئاۋۇپ، ئېنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ بۇ ئۆرپ - ئادىتىمىزدە بىر تۇققاننىڭ باللىرى بىر نېۋرىلە: توي قىممايمىز. نېمىشقا دېسىلە ... مېنىڭكى ئوتتۇس سەككىس نېۋرەم با: هازىر، ئون چېۋرەم با: ئون بالام با: . ئون بالامنىڭ جۈپتى ئون، ژىگى:مە بالام با: . ژىگى:مە بالامنىڭ تۆ:تى ئوغال، ئالتىسى قىز. ئالتى قىزىمنىڭ بىدىن ئېرى ۋوغاندىكىن، ئالتى ئوغال. ئا تۆت ئوغلامنىڭ بىردىن كېلىن ۋوغاندىكىن، تۆت قىز. شۇنىڭ ۋىلە مېنىڭ ئۆزەمنىڭ ئون بالام با: . ژىگىمە بالام با: . ژىگىمە بالا، ئوتتۇس سېككىس نېۋرە، ئون چۈۋرە با: .

ئەندى بىزنىڭ بۇ ئۇستۇناتۇشتا ئېدەملە ماندا جىلغىلىنىڭ ئارىسىدا ئايماق - ئايماق ۋولاپ ياشىغان چاغدا ... تاغنىڭ جىلغىلىرىدا ئايماق - ئايماق ۋولاپ ياشىغان خېق، ئۇ

ۋاختىدا شۇ ھېيۋاناتلىنىڭ تېرىلىرىنى ئاتېپ مايمۇن تېرىسىدېك، ئايىنداق قىلىپ، كېگىن ـ كېگىن تېرەققىي قىلىپ، ما دىخانچىلىقنى ئايالىي يۇكلىپ قىپتىكېن، بالام. ئايالىنىڭ ئىجات قىلىشى، ئا ئورماندىن ئوت ـ چۆپلىنى ئېككىلىپ، ھېلىقى تۇتۇۋاغان، يېيدىغان ھايۋاناتلىرىغا سېپىپە:سە، ئا ئۇنۇپ چىقسا، ھە ... تېرىسا ئۇنۇپ چىقىدىغان ئىشكېن دەپ، دىخانچىلىقنى ئايالىي ئۆلپەت قىپتىكېن، بالام. مۇشۇنداغ قىلىپ يۇرۇپ ئايماق ـ ئايماق ۋولاپ ياشىغان ئېدەملى كېيىن ئۇرۇغ پەيدا ۋولاپ، بىزنىڭ بۇ يې:دە خېيئۇرۇغى، چۇرۇكتاي، ياغاشچىئۇرۇغى، بىر تۇغلۇق، بوتئۇرۇغى دېيدىغان ئۇرۇغ ئۇرۇغلى ۋا: . ھازىر ئېمدى بىزنىڭ ما ئاتا:نىمىز تېرەپنى بوتائۇرۇغى دېيمىز، مېنىڭ جېمەتىمنى. مېنىڭ باللىرىمنىڭ دادىسىنىڭ جېمەتنى ياغاشچىئۇرۇغى دېيدو. ما تېرەپتە بىر تۇغلۇقتەك ئېدەم ۋا: . بىرتۇغلۇق ... تۇغ دېگەن بايراق، بىر بايراقنى كۆتىرەپ تۇۋەن ژۇتتىن كېپ قا:غان ئېدەملىنى بىر تۇغلۇق دېيمىز ...

... ئۇنالتې يېشىمدا ئىشقا چىقتام، ھازىر پېنسىيەگە چىقتام، سېكسەنگې يېقىنلاشتام. ئۇن بالامنىڭ ھېممىۋاسىنى ئوقۇتتام، ماندا بىژمىلىنى ئىسراپ قىمماڭ بالام، ئىسراپ قىيساڭ بومايدا، دېپ كۇچۇمنىڭ يېتىشچې تېربىيە ۋېرىمەن، باللىغا، بالام.

## تاجىك خەلقىنىڭ بىر ئادىتى توغرىسىدا

تاجىكلىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە بالىۋاقىلىرى با:غۇ بالام، ئۇششاق باللا، كېلىن بالىسى مې ـ مې دېپ قوزىچاقتېك مېرەۋاتقان بالىسىنى كۆتىرەپ چىركېتىپ بارىدۇ. ژىغلىما دېپ، ۋوي ئۇيقۇسى كېلدى دېپ، مېن تاجىكچە گېپ قىلىۋاتىمەن. تاجىكنىڭ تىلىنى ئۇخمىغاندىكىن، بۇ نېگە بارىدىغاندۇ دېپ كولۇپ تو:سام، ئېغىلغا كىرىپ ھېلىقى كۆ:پچەككە ① نېمنى يۆلەپ مايانى، قوينىڭ مايىقلىرىنى ژىغىپ كۆپچەككە ئېلىپلا بالىسىنى ياتقۇزۇپلا تومشۇقىنى چىقىرىپلا، مانتا تۇككەندەك توگۇپ قويپىلا ئورانىنىڭ ئارىسىغا سېپ قويدى. بۇ نېمە كارامەتتۇ ئېمدى؟ قىغنىڭ ئارىسىغا بالىسىنى سولاپ قوياۋاتىدىغۇ، دېپ ئويلىسام، مايىقى ئىسسىقچان بو:غاندىكىن، ئۇ مايىقىنىڭ ئىچىگە سىيىپ ـ چىشسىمۇ ماندا ـ ماندا قىلىۋېتىپ، سۇپۇرۇۋېتىۋلا بالىسىنى ئالىدىكەن. ئۇ ئىسسىقچان بالا بولىدىكەن. شۇڭا، تاجىكلى ماڭا ئوخشاش قۇپقارا بولىدىكەن.

قۇپقارا قارىياغنىڭ قۇمىقى ②، قارېۋوغان بىلەن تاتلىق بۇ ئاچامنىڭ بۇرىقى.

زۇگىلىسى با: قىزىم، ئۇلىدا با: قىزىم، بەختى با: قىزىم.

چولپان چوقۇرەك، ئا:خان توكۇرەك ...

(يۇقىرىقىلارنى ئۇستۇن ئاتۇشلۇق تىللاخان ئېيتىپ بەرگەن. بۇ ماتېرىياللار شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي تىلشۇناسلىق كەسپى بويىچە 2005 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى كېرەمجان يۇسۇپنىڭ ياردىمىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە ئۈنئالغۇغا ئېلىنغان. يېزىق بىلەن خاتىرىلىگۈچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي تىلشۇناسلىق كەسپى بويىچە 2004 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى ئامىنە مەتنىمىن. 2006 ـ يىلى 8 ـ ئاي.)

---

① كۆپچەك ـــ كىچىك كۆرپە.

② قۇماق ـــ مايىنىڭ تېگى، دۇغى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(2) يەكەن شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچىلار

ئاۋاز بەرگۈچى 1: ئاۋۇت نىياز، ئەر، يەكەن ناھىيە ئاۋات بازىرىدىن، 60 ياش، ناھىيەلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتكۈزگەن، 40 يىلدىن بۇيان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان خەلق سەنئەتكارى. شىنجاڭ ئەلئىچى سەنئەت خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئاۋاز بەرگۈچى 2: تۇردى ئىسمايىل، يەكەن ناھىيەسىدىن، باشلانغۇچ مەكتەپ پېنسىيونېرى، 70 ياش.

## چۆچەك

بىر سودىگەر كېتىۋاتسا، بىرىيلەن شۇندا دەپتۇ: «ئىككى ئېغىز ھېكمەت سۆزۈم بار، ھە:بىر ئېغىزنى مىڭ تىللادىن ساتىمەن، كىم ئا:سا شۇنىڭغا ساتىمەن» دەپتۇ. ئۇ كاتتا سودىگە:كېن، «بولاپتۇ، ئەمدى بۇ ھېكمەتنىڭمۇ ئايىغى ئۆزۈن، نەتىجىسى چىقىپ قالا:» دەپ تىللادىن ئىككى مىڭ تىللاغا ئىلىپ ئېيۋەتىۋېتىپتۇ. نىمە ھېكمەت دەپتۇ؟ «بۇگۇنكى ئاچچىقنى ئەتىگە قوي» دەپتۇ، بىرىنجى ھېكمەتنى. «بۇ ئادەتتىكى بى گەپكېن، نېمىشقا ئاغاندىمە مىڭ تىللاغا؟» يەنە بىرسى: «ھەر كىمنىڭ سۆيگۈنى ئۆزگە چىرايلىق» دىگەن ھېكمەتكېن. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى شۇندا چۆل - جەزىرىگە كە:سە، نا:يىتى جىق ئادەملى تۇرۇپ كەتكەن، سۇ يوق. ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلگەن چېغۋا. بىر قۇدۇق ۋاكېن، قۇدۇقتا چىلەكتە سۇ تاشلاپ، سۇنى ئېلىپ ئاتلىرىنىمۇ سۇغىرىپ، ئۆزلىرىمۇ ئىچىپ، ئاياقتا ئاتىدىغان گەپكېن. لېكىن چۈشكەنلىكى ئادەم ئۆلەپتا. «مەم بى چۈشۈپ باقاي» دەپ، ھىلىقى ئادەم بىلىدىن باغلاپ چۈشسە، قۇدۇقنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، مەينى تەرەپتە بى دىۋە ئولتۇ:غان، مەينى تەرەپتە بى ئادۇمزات ئولتۇ:غان. ئادۇمزاتنىڭ قىشىدىمۇ بى مەلىكە ئايىلى ۋا:كېن، ھىلىقى دىۋىنىڭ قىشىدىمۇ مەلىكىسى ۋا:كەن. دىۋە دەيدىكېن: «ما مىنىڭ مەلىكەم چىرايلىقمۇ؟ ئا ئادەمنىڭ چىرايلىقمۇ؟» دەيدىكېن. ئادۇمزات دەيدىكېن: «ئا دىۋىنىڭ چىرايلىقمۇ مەلىكىسى؟ مىنىڭ چىرايلىقمۇ؟» دەيدىكېن. شۇنىڭ بىلەن شۇندا ئويلاپ: «مانى چىرايلىق دىسەم، ئاۋۇ ئۆلتىيدو، ئانى چىرايلىق دىسەم، ماۋۇ ئۆلتىيدو. مىڭ تىللاغا ئا:غان ئەمەسما، مەن؟ ‹ھەر كىمنىڭ سۆيگەن مەھبۇبى ئۆزگە چىرايلىق›، ئاشۇنى بى ئىشلىتىپ باقاي» دەپ: «ھەركىمنىڭ سۆيگەن مەھبۇبى ئۆزگە چىرايلىق» دەپتىكېن، قاقاقلاپ كۈلۈپ كىتىپتۇ، دىۋە: «ھو، ئىنسان ئىچىدىمۇ مۇشۇنداغ پاساھەتلىك كىشى ۋاكېن. نۇرغۇن ئادەمنىڭ سوڭەكلىيى قالدى مۇشۇ قۇدۇقنىڭ ئىچىدە، ئۆلدى، بىز ئۆلتىيۋەتتۇق. مىنىڭكىنى چىرايلىق دىسە، ئادەم ئۆلتۇ:دى؛ ئادەمنىڭكىنى چىرايلىق دىسە، مەن ئۆلتۇ:دىم» دەپ، سۇنى تاتىپ كىلىپ، تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇپ، سۇنى قاچىلاپ بىيىپ، يولىغا راۋان بولاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مىڭ تىللالىق ھېكمەت نۇرغۇن ئەدەمنىڭ ھاياتىنى ساق قالدۇرۇپتۇ.

ئەمدى ئۆيگە كىلىدىكېن. بەش - ئالتە ژىل سودىگە:چىلىك قىلىپ ئۆ:گە كە:سە، قايىلىسا، ئىشكىنى قاقسا ھېچكىم ئاچمايمىش. شۇ ۋەجىدىن ① تۈڭلىكتىن ئا:تىلىپ

① شۇ ۋەجىدىن — شۇ سەۋەبتىن.

چۈپ، نىمە ئىش بۇ؟ دەپ چۈشسە، ئايىلى ياتقان، ياز ئېمدى. پىشايۋاندا يىنىدا بىنز بۇرۇتلۇق ژىگىت ياتقان. شۇ ۋەجىدىن خەنجەرنى بىر كۆكسىگە تەڭلەپ بولاپ: «بۇگۇنكى ئاچچىقنى ئەتىگە قوي» دىگەن ھېكمەتنى مىلىك تىللاغا ئاپتىم، ئەۋەل بۇنىڭدىن گەپ سوراپ ئۆلتۈرەي، دەپتو. ئايىلنى ئو:غىتىپ: «ماۋۇ كىم؟» دەپتو. «ھەي ئەخماق، سىنىڭ بالاڭ پۇستانى ئەمەسما؟ سەن كەتكەن ۋاقتتا ئون ئىككى ــ ئون ئۈچ ياشتى، تۆ ــ بەش ژىلنىڭزى ئون سەككىز ياشقا چىرىپ، بۇرۇت قوياپ ئەيىندا بولدى.» بۇندا قارىسا، ئۆزىنىڭ بالىسى چوڭ بوپ كەتكەن. مىڭ تىللا بالىسى بىلەن ئۆزىنى ساقلاپ قا:غان، بۇگۇنكى ئاچچىقنى ئەتىگە قويغانلىقى ئۈچۈن. ئاندىن كىيىن ئۈچۈنجى ھېكمەت.

پاتىشا كىتىۋاتسا بىرىيلەن: «مىڭ تىللاغا بىر ھىكمەت با:، ساتىمەن» دېگۇدەك. «بۇنىڭمۇ بىر خاسىيىتى بولۇشى مۇمكىن» دەپ مىڭ تىللانى بېرىپ دەپتىكىن، بۇ ئادەم: «يامان ئىشتىن قولۇڭنى تات» دەپلا كىتىپتو.

پاتىشا: «ۋۇيىيەي، بۇ ئادەتتىكى گەپقۇ؟ نەدە ھېكمەت بۇ؟ مىڭ تىللاغا مەن كەينىمگە بىيىپ ئالاي دىسەم ... بولدى. بۇنى بىر كۈنى ئۆزۈكنىڭ كۆزىگە ئويۇپ قوياي» دەپتو.

بى ساتىراچ باكىن، ھەممىشە چاچ ئالدۇرۇدىكىن. بىر كۈنى شۇ چاچنى ئېپ تۇگىگىلى تۇ:غاندا، ساتىراچ شۇنداق ئۆزۈككە كۆزى چۈپلا، داراڭگىدە ئۆرۈلۈپ كىتىپتا. «ۋۇ نىمە بولداڭ؟» دەپ بىشنى يۆلەپ نىم قىسا: «بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە مەن دەيمەن» دەپتا. «ھە بولدى، قېنىڭدىن كەچتىم» دەپتىكىن، ئۇ ساتىراچ: «مىنى سىلىنى ئۆلتۈرۈشكە ياللىغان، ۋەزىر. شۇ سىلىنىڭ ئو:نلىرىغا پاتىشا بومماقچى. مەن سىلىنى قەتلە قىمماقچىتتىم، چاچلىرىنى ئەپپۇلاپلا. شۇ قەتلە قىلاي دەپ شۇندا قا:لسام، ئۆزۈكلىرىدە بىر خەت تۇرىدو. خەتنى ئوقۇسام: «يامان ئىشتىن قولۇڭنى تات» دەپتىكىن، شۇ خەتنى ئوقۇپلا ئايلىنىپ كەتتىم، ژىقىلىپ.» دەپتو. شۇنىڭ بىلەن ساتىراچنى مۇكاپاتلاپ، ۋەزىرنىڭ كاللىسنى ئاپتو. مىڭ تىللا پاتىشانىڭ جېنىنى ئامان قالدۇرۇپتۇ.

## ماقال ــ تەمسىللەر

كىيسەلنىڭ بىشى ئەسنەك، تاياقنىڭ بىشى تەستەك.

پۇتاق ياغاشنى چوت ① تۈزەيدۇ، ئوسال ئادەمنى سوت.

ئىشت قاۋايدۇ، تام ئىگىز.

(بۇ ئەمدى خەلقنىڭ بەزى ئىشلا:غا قارىتا مىڭ پىكىر بىرىمىز، بىرىمىز، بۇنداق قىلغان بىلەن، يەنە بىر تەرەپتە يا ئەمەلدار، يا بومىسا ئابرۇيلۇق، يا باي بو:غاچقا، ئۇنى تامغا ئوخشىتىپ يەتكىلى بومايدۇ، دىگەن مەندە.)

ئىشت قاۋايدۇ، پايدا قەلەندەنىڭ.

ھىنجىسى با: ② قەلەندە: بە:گىننى ئالدو، سومكىسى با: قەلەندە: دىگەننى ئالدو.

ئوخشىغان زىرائەتكە ئال ③ چۈشكەن، چىرايلىق چوكانغا خال چۈشكەن.

---

① چوت ــ ياغاچچى ئۇستام پۇتاق ئالىدىغان كەكىگە ئوخشاش نەرسە.

② ھىنجى ــ قەلەندەرنىڭ تىلەمچىلىك قىلىدىغان خالتىسى.

③ ئال ــ زەمبۇرۇغلار پەيدا قىلىدىغان زىرائەت كېسىلى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ژىغىپ تىرىمىغان يە: قامىدى، كادىر بومىغان ئە: قامىدى.
چاۋا ـ چاتقۇن ① ئوتۇن بوماس، كۆپ نىكا:لىق خوتۇن بوماس.
داۋاگە:گە ئەز ياخشى، يوخسۇزلىغا قەز.
هايۋانغا كۆز كىرەك، ئادەمگە هوز.
كالىغا هەلەپ كىرەك، ئادەمگە ئەدەپ.
نەپسى بالا هىيتتا ئۆلە:.
ئادەمگە جان كىرەك، كانىغا ② قان.
ئۇژمىگە ئوسا:غاق چاپلاشتى، كالىغا كانا.
هارام ئارىلاشمىسا باي بوماس، سامان ئارىلاشمىسا لاي.

## ياخشىلىققا ياخشىلىق

بۇرۇنقى زاماندا بىر پاتىشا ۋاكېن، بۇ پاتىشانىڭ ئايىلىنىڭ كېسىلى ئىنتايىن ئېغىركېن. بىر كۇنى پاتىشا چۇش كۆرەپتۇ، چۇشىدە: «سېنىڭ ئايالىڭنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۇچۇن تاپىمىغان تىۋىپلى قامىدى، لوقمانلى قامىدى، بە:مىگەن دورىلى قامىدى، پەقەت بىر ئەژدىهانىڭ قىنى لازىم. سىنىڭ ئايالىڭغا ئەژدىهانىڭ قىنىنى ئىچۇ:سەك، گۆشىنى يىدۇ:سەك، شۇ ۋاختىدا ئايالىڭ ئوڭشىلىدۇ» دەپ، مۇشۇنداق چۇشىگە چىرىپتۇ، ئاپپاق ساققال بىر ئەدەم شۇنداق دەپتۇ. بۇ ئەدەم ئو:غۇنۇپ ... ئەتتىگىنى ـ زە پاتىشا نايتى غەمكېن ئولتۇرۇپتۇ. پادىشانىڭ ئۇچ ئوغلى ۋاكېن: «ئى دادا، هەر ئەتتىگىنى ناهايتى بەك ياخشى كەيىبلىرى ئوبدان قوپتلە، بۇگەن ئەجەپ ياۋاش بوپقاللا، بىژژەلىرى ئاغرامدۇ؟» دىگەندىكېن، «هىچچىرىم ئا:غىرمايدۇ» دەپتۇ. دىگەندىكېن، «قايدا گەپ؟ سۆزلىرى ۋو:سا ماڭا دىسىلە. بىز سىلىنىڭ بالىلىرى ئەمەسما؟ ئاتا ـ بالا بىر ـ بىرىدىن تاتىنىپ ئولتاساق ياخشى بولامدۇ؟ سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولىمىز، قايدا گەپ ـ سۆز ۋو:سا» دەپتۇ. دىگەندىكېن، پاتىشا ئۆزىنىڭ كۆ:گەن چۇشىنى دەپتۇ: «مەن كىچىدە بىر چۇش كۆ:دۇم. چۇشۇمدە ئاپپاق ساقالىلىق بىر كىشى كىلىپ، ‹سەن قىمىغان ئىشلى قامىدى، لوقمانلا:، تىۋىپلا:، خىلى كۆپ مۆتىۋەر كىشىلى كەلدى، نۇرغۇن دورىلىنى قىلدى، لېكىن ئايالىڭ هازىرغىچە ئوڭشالمىدى، بۇنى پەقەت بىر ئەژدىهانى ئۆلتۇرەپ، قىنىنى ئۇچۇ:سەك، گوشىنى يىدۇ:سەك، ئاندىكېن بۇ ئوڭشىلىدۇ› دىدى. مەن شۇنىڭغا ناهايىتى بەك غەمكىن بوپ كەتتىم. قايداغ قىلىشىمنى مەن ئۇقمايمەن، بۇ ئەژدىهانى قانداغ تىپىش كىرەك؟ تاپقاندىمۇ ئىنى قاندا ئۆلتۇرۇش كېرەك؟» دەپزە بەك غەمگە چۆكەپ كىتىپتۇ. چۆكەپ كەتكەندىكېن، بۇ ئەژدىهانى تىپىش ئۇچۇن ئۇچ ئوغلى قىرىق كىچە ـ كۇندۇز تەييارلىق قىلىپ، بىر جۇمە كۇنلىكى سەهەر ۋاختىدا ژۇت ـ شەهەر خەلقىغە چاي تۇتۇپ، ئۇلىنىڭ رازىلىقىنى ئىلىپ، دۇئاسىنى ئىلىپ مۆتىۋەرلىنىڭ، ئىنىڭدىن كىيىن مىڭىپتۇ، يولغا راۋان بولاپتۇ. ئۇلا: بىر كىچە ـ كۇندۇز يول ماڭغاندىن كىيىن، يول ئۇچ ئاچچىماققا ئارىلىپتۇ. چوڭ ئوغلى با:سا

---

① چاۋار ـ چاتقۇن ـــ ئۆسۇملۇك ۋە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ قۇرۇپ قالغان شاخ ـ شۇمبىلىرى.
② كانا ـــ بىرخىل ئورۇق هاشارات، كالىغا چاپلىشىۋېلىپ قان شورايدۇ.

كىلىدىغان يولغا (باشقا كىلە: دەيدىغان يولغا) مېڭىپتۇ. ئىككىنجى ئوغلى باشقا كىلە: ياكى كەممەس دىگەن ئوتتۇرا يولغا مىڭىپتۇ، ئۈچۈنجى ئوغلى ئەڭ كىچىككېن، باشقا كەممەس يولنى تاللاپتۇ. ئۇلا ماڭغاندىكېن، بىرىنجى ئوغلى بەش كىچە ـ كۈندۈز يول ماڭغاندىكېن، بۇ يولدا بىر قاراقچىغا ئۇچراپ، پۈتۈن مال ـ مۈلۈك نەرسە ـ كىرەكلىرىنى قاراقچى ئېلىۋېلىپ، بۇنى تۇتقۇن قىلىۋاپتۇ قاراقچى.

ئىككىنجى ئوغلى يولنى ماڭا ـ ماڭا بىر يەرگە كەلگەندىكېن، بىر يەكچەشمىنىڭ[1] شەھرىگە كەپ قاپتۇ. يەكچەشمىلەرگە بۇ تۇتقۇن بولاپ، يەكچەشمىلە: بۇنى كۈندى ـ زەڭنە سانجىپ بەدىنىگە، چىققان قاننى شۈراپ مۇشۇنداق قىلىدىكەن.

ئىنىڭدىكېن ئۈچۈنجى ئوغلى ماڭا ـ ماڭا بىر جاڭگالغا كەپتۇ، جاڭگالغا كىلىپ بىر يەرگە قارىغاندىكېن، بىر ئېقىن سۇ ئۇچراپتۇ. بۇ ئېقىن سۇنىڭ ئەتراپىدا بىرلاكىم بىر بۇلاق ۋاكېن، بۇلاق بېشىدا ئولتۇراپ نان ـ پان نەرسە ـ كىرەك يەپ، يەردە يانا ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇخلاپ قاغاندىكېن، بۇنىڭ چۈشىگە بىر قىز كىرىپتۇ: «ئى ئوغول، سەن هازىر ناهايتى بەك ئۇلۇغ ئىشقا ماڭدىڭ، بولاپما ئاتا خىزمىتى دىگەن دۇنيادا ئەڭ بىرىنجى خىزمەت. ساڭا ئون ئاي ئون كۈن قوساق كۆتۈرەپ بىقىپ ئاق سۈت بىرىپ چوڭ قىلىپ، مانا ئەمدى سەن شاهزادە بولدۇڭ، ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى دەپ كەلدىڭ. بۇ يەردە ئۇزۇن ياتساڭ بوممايدۇ، خەتەرلىك. سەن دەرهال ئۇيقۇدىن ئويغۇنۇپ، كىچە ـ كۈندۈز كۈن پېتىش تەرەپكە ماڭغىن، كۈن پېتىش تەرەپتە بۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق يەنە بىر جاي بار، مەنزىيىلىك. شۇ جايغا كىلىپ ئەتراپقا تازا زىنچىكىلەپ قاراپ ئولتاساڭ، نۇرغۇن زىلالىلارنىڭ چىققىنىنى كۆرىسەن. بۇ زىلالىلا ناهايتى كۆپ، سەن هودۇقۇپ كەتمىگىن. زىلالىلارنىڭ قېشىغا يېقىن بارما، چۈنكى ئۇلا: سىنى يەپ كىتىدا. بۇنىڭ بىرلاكېن چارىسى ۋا:، سەن بىر ۋاش پىياز، بىر چىنە سۈت تاپىسەن. ئەشۇ سۈتنى بىر يەرگە ئاپىرىپ قويغاندىكېن، ئۆزەڭ زىراق تۇرىسەن. زىلالىلارنىڭ هەممىسى شۇ جايغا كىتىدۇ، سۈت بىلەن پىيازغا ئىنتايىن بەك ئامراق، ئۇلا: ئۇزۇقلىنىپ كەپپو:غىچىلىك بىر كىچە ـ كۈندۈز ۋاقىت كىتىدا. ئۇلا: پەقەت سۈت بىلەن پىيازنىلاكىم ئىستىمال قىلىدو، كەينىدىن ئۇيقۇغا كىتىدو. ئۇيقۇغا كەتكەن ۋاختىدا بىر چىغىر يول ۋا، چىغىر يول ئارقىلىق بىر قەلئە ئۇچرايدا، قەلئەنىڭ قىشىغا كەلسەڭ، بۇ يەردە ئىككى باشلىق، ئۈچ باشلىق يەنە زىلالىلا: ۋا، شۇ زىلالىلارنىڭ قىشىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن، يانا بىر مۇنچە سۈت ئېلىۋالىسەن، بىر تۇلۇمغا ئېلىۋاغىن، پىياز ئېلىۋاغىن، تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ. بىر نەچچە شىشە سۈت، پىياز نەسلەرنى ئېلىش ئۈچۈن بىر يېلىم چۆچەك (باش تاراشتا ئىشلىتىدىغان ياغاچ قاچا) ئەشۇنى ئېلىۋېلىپ قىساڭ، ئۇ يەردە زىلالىلا: ئوزۇقلىنىپ بولاپ ئۇخلايدو. ئۇخلاپ بوغاندىكېن، سەن ئاستا شەپە قىلماي، قەلئەنىڭ قىشىغا كىلىسەن. قەلئەنىڭ قىشىقا كىلىپ، ئاشۇ يەردە ئولتۇرىسەن. ئولتاغاندىكېن بىر دانە ئاق نۇر سىنىڭ قىشىڭغا كىلىدو، كەلگەندە هودۇقۇپ كەتمەي: «ئىچىل ئىشىكىم ئىچىل» دىسەڭ، شۇ نۇر ئىشىكنى يېپىشتا هامان ئىشىكى دەرۋازا ئىچىلىدۇ. سەن هودۇقمايلاكىم ئەشەرگە كىرىسەن. كىرگەندىكېن ئۇ يەردە بىر مەلىكە، ئەسلى نۇر شۇ مەلىكە. ئۇ مەلىكە بىر زۇمۇلىنىپلاكىم

[1] يەكچەشمە ــ بىر كۆزلۈك. بۇ ئەسلىي پارسچە سۆز، «يەك» (يەككە) «بىر» دېگەن مەنىدە، چەشمە «كۆز» دېگەن مەنىدە.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ژىلانغا ئايلىنىدا. ژىلانغا ئايلانسا سەن ھۆدۈقۈپ كەتمىگىن. ئاغزىنى ئاچىدو، جىم تۇرغىن، ھەيۋە قىلسا جىم تۇرغىن. ئۇ چاغدا ھەيۋە قىمماي: «ئى ژىگىت، سەن نەدىن كەلدىڭ؟ نىمىشقا كەلدىڭ»؟ دەپ سوئال سورايدا. سوئال سورىغان ۋاختىدا، سەن ئۆزەڭنىڭ ئانا خىزمىتى ئۈچۈن كە:گەنلىكىڭنى دەپپىرىسەن. دەپپەگەندىكىن شۇ مەلىكە: «ئانداغ ۋو:سا مەن سىنىڭ ئاناڭ ئۈچۈن جىنىمنى مەن قۇربان قىلاي، مەن مۇشۇ ئەژدىھانىڭ پاتىشاھى بولىمەن» دەپ جاۋاپ بىرىدا. شۇ مەلىكە نىمىنى قىل دىسە، شۇنى قىلىشىڭ كىرەك. مەلىكە: «مىنى بوغۇزلىغىن» دەيدۇ، شۇ ۋاختىدا، مەلىكە شۇندا دىگەندىكىن، مەلىكىگە تەشەككۈر ئېيتىسەن، تەشەككۈر ئېيتقاندىكىن، مەلىكە يانا بىر نۇرغا ئايلىنىدو. نۇرغا ئايلىنىپلاكىم ساڭا ئۇبدان ئارام ئالتىخان يە:نى تەپپىرىدۇ، ئۆزى ئۇ يە:دىن غايىپ بولۇپ چىقىپ كىتىدا. بىر كىچە ـ كۈندۈزدە پەيدا ۋولاپ كىرىدا، شۇ ۋاختىدا مەلىكە بىر ئەژدىھانى قىشىڭغا ئەكىرىدا. سەن: «ئى ئەژدىھا، خۇدانىڭ ئەمرى ئانا خىزمىتى ئۈچۈن كەلدىم.» دەيسەن. ئەژدىھا جىم تۇرىدۇ. شۇنىڭدا مەلىكە ئۆزىنىڭ بىر ساندۇقى ۋا. ساندۇقتا «ئەژدىھانى سا:غىن» دەيدۇ. ئەژدىھانى سالىسەن. شۇ ۋاختىدا ساندۇقنىڭ ئاغزى تەرەپنى يانا مەلىكە بىر ئىسمى ـ ئەزەمنى ئوقۇيدۇ، ئەشەدەلاكىن ئاغزىنى ئېچىلمايدىغان قىلىپ. سەن يەتتە كىچە ـ كۈندۈز يانا يول ماڭىسەن. شۇنىڭ ۋىلەن يەتتە كىچە ـ كۈندۈز يول مېڭىش ئۈچۈن بىر نەچچە ژىلانلىنى ساڭا ھەمرا قىپبىرىدا، سىنى مۇداپە قىلىپ ئاپىرىدۇ. شۇ ۋاختىدا سەن ژىلانلا:نى بىقىش ئۈچۈن، يانا شۇ يول بويى سۈت بىلەن پىيازدا بىقىپ بارىسەن. شۇنى ئاپاغان ۋاختىڭدا، ئاناڭنىڭ كىسىلى شىپا بولىدۇ. ئۇنى ئەژدىھانىڭ قېنى، گوشى، شۇ ۋاختىدا ئەژدىھا ئۆزى تەمىنات بولاپپىرىدا. سەن مۇشۇنى ئورۇندايسەن. بىشىڭغا بىرە: مۇشكۈل ئىش چۈشكەن چاغدا، مۇشۇ چاشنى كۆيدۈ:سەڭ، مەن دەرھال ھازىر بولىمەن» دەپ بېشتىن ئىشككى تال چاچنى ئەپپىرىپتو، قۇتىغا سىلىپپىرىپتا. «سەن قۇتىنىڭ ئىچىگە سىلىپ چاشنى ئۇبدان ساقلايسەن» دەپ ـ زە چۈشكە ئايان بولىدو. چۈشكە ئايان بو:غاندىكىن، شۇ مەلىكە دىگەن ئىشلا: بويىنچە ئەشۇنداق قىلىدو. قىغاندىكىن، بۇ مەلىكە ئۇ يە:دە نۇرغا ئايلىنىپ، نۇردىن ئىشىك ئېچىلىپ، ئىنىڭدىنكىن يانا ئەژدىھانىڭ سۈرىتىگە چىرىپ ناھايىتى قاتتىق ھەيۋە قىلىپ ژۇتقىدەك ۋولاپ، ئەشۇنداق بو:غاندىكىن، ژىگىت قوقماي تۇ:غاندىكىن، ژۇقا:قىدەك ئاۋاز كىلىپ: «سەن نىمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ ئانىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن كە:گىنىڭ ئىنتايىن بەك ئۇلۇغ ئىش ۋولاپتۇ. مەن ساڭا ياردەم قىلاي» دەپ ياردەملىرىنى قىلىپ، ئۆزىنىڭ چىچىنى ئىلىپ بىرىپ، ئەژدىھانى قوشاپ بىرىپ، مۇشۇنداق قىلىدا. ئۇ ۋاختىدا ھىلىقى تاشنىڭ قېشقا كىلىدۇ، ھېلىقى ئا:رىلغان يولنىڭ ئاچالغا. ئاچالغا كىلىپ، ھېلىقى ساندۇق نە:سىلە:نى بىللە مۇھاپىزەت قىلىپ با:غان ئەژدىھا ژىلانلىغا، ئۇلا:غا قوياپ، مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن. ئۆزى چوك ئاكىسىنى ئىستەش ئۈچۈن ئۇ يە:گە بارىدۇ. چوك ئاكىسىنىڭ قىشىغا با:غاندىكىن، چوك ئاكىسى بىلىقپەزنىڭ ئاشخانىسىدا بىزژە:دە بىلىق پىشۇرۇپ، ئوچاقتا ئوت قالاپ، شۇنداق تۇ:غانلىقىنى كۆرىدا. ئۇيان ـ بۇيان مىڭىپ ژۇرۇپ، ئاخىرى ئاكىسىنىڭ قىشىغا كىلىپ، بىر پا:چە بېلىق يەيدۇ. بىلىقنى يەۋىتىپ: «سىز مۇشەدە ئىشلەۋاتقىلى نەچچە ژىل بولدې؟» دېگەندىكىن، «مەن مۇشە:دە ئىشلەۋاتقىلى يەتتە ژىل بولدې.»، «سىز ئەسلى

مۇشە:گە، مۇشۇ شە:دىنمۇ؟» دىگەندىكىن، بۇ ئاكىسى ئۆزىنىڭ بىشىدىن ئۆتكەن ۋەقەنى، پەقەت دادىسىنىڭ كۆ:گەن چۈشىگە ئاساسەن، ئانا خىزمىتى ئۈچۈن كىلىپ، يولدا كىلىۋىتىپ قاراقچىلا:غا ئۇچراپ قىلىپ، مال ـ مۈلكىدىن ئاجراپ، قاراقچىلا ئاندىكىن بۇ بىلىقپەزگە ① سىتىۋەتكەنلىكى ... شۇنداغ ۋەقەلىكنى دىگەندىكىن، «سىزنىڭ دادىڭىزنىڭ ئىتى نىمىدي؟» دەپتۇ، ئۆزى بىلىسىمۇ يانا ئالدىراپ تونۇشلۇق بە:مەي. «مىنىڭ ئاتامنىڭ ئىسمى شاھ مۇھەممەت » دىگەندىكىن، «سىلى نەچچە ئوغۇلتىڭلا؟» دىگەندىكىن، «ئۈچ ئوغۇلتۇق بىز»، «بۇ قايدا بولاپ بۇ يە:گە كىپ قالدىلا؟» دەپ بۇنى سوراپ، ئاندىكىن پەقەت ئانا خىزمىتى ئۈچۈن دادىسقا ۋەدە قىلىپ، ئاشۇ ئەژدىھانى تىپىپ، ئۇنىڭ قىنىنى ئۈچۈرۈپ، گوشىنى يىدۇ:گەن ۋاختىدا ئانىسىنىڭ كىسىلى شىپالىق تاپىدىغانلىقىنى دەپ، يولدا كىلىۋىتىپ قاراقچىغا ئۇچراپ قىلىپ، قاراقچىلا: مال ـ مۈلكىنى ئا:رىۋىتىپ، مۇشۇ شە:گە ئەكىلىپ مۇشۇ بىلىقچىغا سىتىۋەتكەنلىكىنى دىگەندىكىن، بۇ «ئىنىلىرىڭىز بىلەن ئۇچراشتىڭىزمۇ؟» دىگەندىكىن، «مەن ئىنىلىرىمدىن ھىچقانداق خەۋەر تاپامىدىم» دىگەندىكىن، «مەن كىچىك ئىنىڭىز شاھيار مەن بولىمەن» دىگەندىكىن، بۇ يە:دە ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى قۇچاغلىشىپ كۆرۈشەپ، ئاكىسقا بىر مۇنچە يىڭى كىيىم ـ كىچەك كەيدۈرۈپ، ساقال ـ بۇرتىنى ئالدۇرۇپ، مۇنچىغا ئەچىرىپ ژۇيۇندۇرۇپ، ئىنىڭدىكىن بىلىقچىنى رازى قىلىپ ئاكىسىنى ئۇ يە:دىن ئاجىرتىپ، ئەمدى ھىلىقى يولغا كىلىدۇ، ئەژدارھا بىقىپ تۇ:غان ساندۇققا. ساندۇقنى ئىلىپ بىرىپ دادىسقا تاپشۇرۇپ ساق سالامەت قىلغاندىكىن، دادىسى رەخمەت ئىيتىپ، بۇ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچىدا. ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچقاندىكىن، بۇ يە:دە ئەژدىھا چىقىدو. بۇ ئەژدىھا: «مىنىڭ قىنىمنى ئىچۈرۈڭلا، گوشۇمنى يىدۈرۈڭلا، پەقەت بىر تىمىتىم قان زىمىنغا چۈپ كەتمىسۇن، بىر بۇردا گوش چۈپ كەتمىسۇن. ئەگەر شۇنداق زىمىنغا چۈشكەن ھامانە قان، پۈتۈن ئالەمنى قاراڭغۇلۇق باسىدا. گوشۇم زىمىنغا چۈپ كەتسە بالايى ئاپەت باسىدو. مۇشۇ ئىشقا دىققەت قىلىڭلا» دىيتكەن. شۇنىڭ ۋىلەن ئۇ ئەژدىھانى ئۆلتۈرىتكەن. ئۆلتۈرۈپ قىنىنى ئىچۈرۈپ، گوشىنى يىدۈرۈپ، ئىنىڭدىكىن بىرلاكىن دۇئا قىلىتكىن، ئۇ دۇئادا ئانىسى كىسەلدىن ساقىيىتكىن. بىر ۋاختىدا قارىغاندىكىن، بۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدىن يانا ئاۋاز كەپتۇ. بۇ نىمە ئىشتۇ؟ دەپ ساندۇقنى ئاچسا، ئەژدىھا يەنە ساق ـ سالامەت ياتقىدەك، «ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن مەن يانا تىرىلدىم، ساندۇققا كىردىم، مەن ئەمدى ساندۇقنى كۆتۈرۈپلاكىم ئۈچۈپ كىتىمەن. سىلە ئامان ـ ئىسەن بولۇڭلا» دەپ ئەژدىھادىن سادا كىلىتكىن. سادا كە:گەندىكىن بۇ پاتىشا، پاتىشانىڭ ئايالى (شاھزادىنىڭ ئانىسى) «ئى ئەژدىھا، سەن بىزگە ناھايىتى كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭ، سەن نىمە تەلەپ قىلىسەن؟» دىگەندىكىن، «مەن پەقەت سۈت بىلەن، مەلىكەمگە ئىلىپ بىرىشقا سۈت بىلەن پىياز تەلەپ قىلىمەن» دەيتكەن. پادىشا بىر ساندۇققا پىياز، يانا بىر ساندۇققا ئاشۇ سۈت تۇ:غۇدەك ئاشۇنداق بۇ:رۇتۇپ ياسىتىپ، سۈت تولىلايدىكىن. شۇ ۋاختىدا ئەژدىھاغا دەيدىكىن: «سىنىڭ ياخشىلىقىڭنى بىز ئۇنۇتمايمىز، ئەمدى ئىككى ئوغلام كەلدى، ئىككىنجى ئوغلام كەپپو:غۇچىلىك سەن تۇرۇپ تۇ:ساڭ. ئوغاللىرىم بىلەن بىر

① بىلىقپەز ــ بىلىق پىشۇرۇپ ساتىدىغان ئادەم.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دىدارلاشتۇ:ساڭ» دەيدىكىن.

بۇ ئىككى ئاكىسى بىلەن ئىنىسى بۇنى ئىستەپ كىتىدىكىن. كەتكەندىكىن يەنە بىژژەلىگە بىرىپ بىر نەچچە كىچە ـ كۇندۇز يول مىڭىپ، ھىلىقى يەكچەشمىنىڭ شە:رىگە با:سا، بىر جان با: ، ئامما پۇت ـ قولىدا قەتئى ماغدۇر قالمىغان شۇندا بىر ئادەم تەبىئىتىدىنمۇ ئۆزگىرەپ كەتكەن بىر ھايۋانات ئۇچراپتۇ. ئەمدى پۇتۇن بەدىنى تۈك بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن، بۇ كىمدۇ؟ دەپ قىشىغا يەتتە مىتىر يەنە يەتتە گەز يە:دە يىراقتا تۇرۇپ: «سەن ئادەممۇ ياكى دىۋىمۇ؟ نىمە سەن؟ جاۋاپ بە:گىن، بوممىسا ئۆلتۈرىمىز» دەپ ئىككىسى قىلىچىنى ئىلىپ تۇ:غاندىكىن، ئىنىڭدىن ئاۋاز كەپتۇكىن: «سىلە:نى مەن تونۇدۇم، سىلەنىڭ داداڭلى مىنىڭ دادام، شاھ مۇھەممەتنىڭ ئوغاللىرى بولىمىز بىز. دادام ئۇچىمىزنى ئىۋەتكەنتى، ئانام ئىغى كىسەل ۋاختىدا. ئانا خىزمىتى ئۇچۇن چىقىپ، چوڭ ئاكام ‹با:سا كىلىدىغان› يولغا كەتكەن، مەن ‹با:سا كەلمەس› يولغا مىڭىپتىم، ئەمدە مۇشۇ يە:گە كە:گەن ۋاختىدا يەكچەشمە دەيدىغان بىر نە:سىگە تۇتقۇن بولاپ، شۇنىڭياڭقى ئاشۇ پۇتۇن بەدەنلىرىمگە ژىڭنە سانجىپ، چىققان قاننى شوراش بىلەنلاكىم ئۆتەپكىتىپارىدۇ. ئۇلا ھازىر قاتتىق ئۇيقۇدا. بىر ئۇخلىسا قىرىق كىچە ـ كۇندۇز ئۇخلايدو ئۇلا، مىنىڭ قىنىمنى ئىچۋاغاندىكىن» دەيدىكىن. «ئۇلىنى تۇتۇش مۇمكىنمۇ؟» دىگەندىكىن، «بۇلا ئو:غۇنۇپ قا:سا سىلە:نىمۇ ساق قويمايدۇ، ئۇنىڭدىن قاچىلى» دەيتكىن. بۇ ئىشككى ئوغال ئۇنى ئاشەدىنلاكىم ئىلىپ قاچىتكىن. قىچىپ بىر شەھەر ئەتىراپىغا كىلىپ، چادىر ـ بارگانى تىكىپ، شەھەرگە كىرمەي تۇرۇپلاكىم. بۇ ئىككىنجى ئوغۇلنىڭ پۇتۇن بەدەنلىرىنى بىر سەتىراشنى سىتىۋىلىپ، تۈكلىرىنى چۈشۈرۈپ، ئادەم قىياپىتىگە كەلتۈرۈپ، كىيىم ـ كىچەك ئىلىپ كەيدۈرۈپ، مۇنچىغا ئەكىرىپ ژۇيۇندۇرۇپ، ئاندىكىن ئۇنى غىزالاندۇرۇپ بىر نەچچە كۈن بىقىپ، شۇنىڭ بىلەن بۇ پاتىشانىڭ قىشقا ئىلىپ بارىتكەن. ئىلىپ باغاندىكىن بۇ ئىشككى ئاكىنىڭ بۇ يە:دە بىر ئاز نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ، چوڭ ئاكىسى بىلەن ئوتۇرانجى ئاكىسىنىڭ ئىككىسى بىرلىشىپ. ئوتتۇرانجى ئاكىسى دەيدىكەن: «ئى ئاكا، بۇ شاھدىيار بىزدىن كىچىك تۇ:سا، بۇ مۇشۇ ئەژدىھانى ئەكىلىپ دادامىنىڭ دۇئاسىنى ئالدى، رەخمىتىنى ئالدى. ئىشككىمىز ئەمدى خىزمەت قىممىغان مۇشۇنداق بوپكەتتۇق. بىزنىڭ ئەيىپىمىزنى، سىنىڭ بىلىقچىغا سىتىلغانلىقىڭ، مىنىڭ يەكچەشمىنىڭ قولىدا مۇشۇنداق ئازاب چەككەنلىرىمنى دادام ئاڭلىسا : ‹سىلە كۇشتۆڭگۇر بىر ئە كىشى تۇرۇپ، مۇشۇنداقمۇ قىلامسىلە؟ سىنىڭ ئىنىڭ ئەكەلدى ئەمەسمو؟› دەپ بىزگە كۆڭلىدە نەپرەت ئوقۇمامدا؟ ئىنىڭدىن كۆرە بۇنى بىز تاپقان دەپ، ئىنىمىز ئىگە بولىۋىلىپ مۇشۇنداق قىلدى، دەپ شۇ گەپنى قىلىش ئۇچۇن، ئىنىمىزنى بىژژەدە يوقۇتىۋىتىلى»، دەپ مەسلەتلىشىدىكىن. مەسلەتلىشىپ، «ۋاي قايدا قىلىمىز؟» دىگەندىكىن، مۇشۇ كۈن پىتىش تەرەپتە شامىنىڭ ئوغلى سام دەيدىغان بىر كىشى ۋا، شۇنىڭ نەچچە زامان ئىلگىرى كولىغان بىر قۇدۇقى ۋا. شۇ قۇدۇقتا نۇرغۇن جەسەتلە سىڭىپ كەتكەن. بۇنىمۇ ئاشە:گە پەللەپ ① ئاپىرىپ، بىر ئۇجۇقتۇرۇۋىتىپ، ئاتىمىزنىڭ ئالدىدا ئىككىمىز ياخشىچاق بولىلى، دەيتكەن.

① پەللىمەك ــ ئالدىماق، گوللىماق. خەنزۇچىدىكى «骗» دىگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئىنىسىنى پەللەپ ئاپىرىپ، بۇ «بىز دادىمىزنىڭ قېشىغا مۇشۇنداغ قۇرۇق بارىمىزمۇ، ئاشە:دە بىر قۇدۇق ۋا:كەن، شۇ قۇدۇقنىڭ ئىچىدە بىر دورا ۋاكېن، شۇ دورىنى كىمكى ئېلىپ قۇتىنى قولىغا ئېلىپ ئاپا:سا، بىر تېمىتىم ① ئىچۇ:سە، ياشانغان ئەدەم ئۇن ئالتە - ئون يەتتە ياشتىكى ئادەمدەك شۇنداق ياشىرىپ كىتىتقان دورىكەن، چۇشۇمدە كۆ:دەم»، دەيتكەن ھېلىقى يەكچەشمىگە تۇتۇلغان ئىشككىنجى ئاكىسى. «بىز ئەشۇ دورىنى ئا:ساق. دادىمىز ياشىنىپ قالدې، ئانىمىز ياشىنىپ قالدې، ئەشۇ دورىدىن بىر ئىچۇ:سەك، ئىككىلىسى بىر ئەسلىگە كە:سە، ياش بو:سا نىمىدىگەن ياخشى ! بىز ئاتىلىق، ئانىلىق، ھەر ئىشككىمىز، ئۈچىمىز بىر دۇۋاغا ئىگە ۋو:ساق، شۇنىڭ بىلەن مەڭگۇ بەختلىك ئۆتمەيمىزمو؟» دەيتكەن. ئىنىسى: «ئەمدى ئىشككى ئاكام مىنىڭدىن چوڭ ۋو:غاچقا، ئاكامنىڭ كۆ:گەن چۇشى دەر ھەق بولۇشى مۇمكېن. مەنمۇ چۇشۇمنى كۆرەپ، چۇشۇمگە ئاساسەن يول مىڭىپ، مىراد - مەقسىتىمگە يەتكەن» دەپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كىتىتكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۈچچى ھېلىقى يولغا ماڭتىكېن. يەتتە كىچە - كۈندۈز كۈن پىتىش يولغا مىڭىپ، ھېلىقى قۇدۇق بېشىغا كېلىتكېن. كە:گەندىكېن، «قۇدۇقتا كىم چۇشىدۇ؟ كىم ئا:سا ئەشۇنى كۆتۈرەپ بىرىپ شاھ ئاتىمىزنىڭ، خانىش ئانىمىزنىڭ دۇئاسىغا مۇيەسسەر بولىدو. شۇنىڭدىن كىيىن قالدى ئىككىمىز ئەگەشمە بولىمىز» دەيتكېن. دىگەندىكېن، ھېلىقى كىچىك ئىنىسى: «مەن ئەژدەرھانىمۇ ساق - سالامەت ئەكەلدىم، ئاتىمىزنىڭ قېشىدا قويداق.» ئاڭغىچە ئۇ ئاكىسىمۇ قانداق قىلىپ ئەكە:گەنلىكى توغىرسىدىكى گەپ سۆزلىنى سورىمايتكېن، پەقەت ئىككى ئاكىسىنىڭلاكېن گەپ - سۆزلىرى. ئەشۇنى ئويلاپ ھېلىقى چوڭ ئاكىسىنىمۇ باشقا «ئىنىڭلىنى كۆ:دىڭلىمو؟» دىگەندىكېن، «كۆ:مىدوق.» دىگەن گەپ سۆزنى ئاڭلاپ، «ئاھ !» دەيتكەن، «ئەمدى بىر ئەرمانغا قاندىم دىسەم، يەنە بىر ئەرمان چىقتى ئەمدى مەندە» دەپ قايغۇرىتكېن. «ۋاي خاپا بومىسىلا ئاتا، كۆڭۈللىرىنى يىرىم قىلمىسىلا، بىز بىرىپ ئۇ قىرىندىشىمىزنى تېپىپ كىلىمىز» دەپ ۋەدە بىرىپ، شۇنىڭ بىلەن - زە، ئۇ ساختىپەزلىكنىڭ دامىغا چۇشۇپ، قۇدۇقتا ھېلىقى كىچىك ئىنىسى چۇشتىكېن. كىچىك ئىنىسى چۇشۇپلاكىم، ئۇ قۇدۇقنىڭ ئىچىدىن چىقامماي ئەشەدىلاكىم تۇرۇپ كەتتى، ئۆلەم گىردابىغا يەتكەندىكېن. بۇ ئىشككى ئاكىسى - زە خوش ۋولاپ، بۇلى بىرىپ ئاتىسىغا «بىز مۇشۇ ئەژدەرھانى بىز ئېككە:گەن. ئەمدى ئىنىمىز پەقەت ئىشككەيلەننى ياشارتىش ئۈچۈن بىر دورا ۋا:مىش، مەن شۇ دورىنى ئەككىلىمەن، دەپ كەتتىكېن. قەينى تەرەپكە كەتتىكېن، بىز كۆ:مىدۇق.» دەيتكەن. شۇ ۋاختىتا ساندۇقتىن بىر ئاۋاز كېلىتكېن، ھېلىقى ئەژدەرھادىن: «ئى شاھ مۇھەممەت، سىنىڭ كەنجى ئوغلاڭ شاھيار دىگەن، كۈن پىتىش تەرەپتە يەتتە كىچە - كۈندۈز يول ماڭغاندىكېن، بىر جەزىرىدە بىر شامىنىڭ ئوغلى سامىنىڭ ۋاختىدىكى بىر قۇدۇق ۋاتتى، شۇ قۇدۇقتا ئىشككى ئاكىسى قەستەن تاشلىۋەتتى. ھازىر ھايات. ئۇنى يەتتە كىچە - كۈندۈز يول ماڭغاندىكېن، شۇ قۇدۇقتا يېتىپ با:غىلى بولىدا. سەن ئاگا: بول» دەپ ساندۇق ئىچىدىن ھېلىقى ئەژدەرھادىن ئاۋاز كېلىتكېن. ئاۋاز كە:گەندىكېن، پادىشايى ئالەم: «جاللات !» دەپلاكىم، پۈتۈن لاۋۇ - لەشكە:لىنى ژىغىپ. بۇ جاللاتلا: تەييا

① تېمىتىم — تېمىم.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولاپ كىلىتكېن. «ما ئىشككى خوٗمپەرنىڭ بىشىنى ئىلىڭلا، بوٗ قارا نىيەتلىنىڭ !» دەيتكېن. ئاڭغىچە ئەژدەرھا: «بوٗلىغا يانا رەخمە قىغىن، كىچىك ئوغلاڭنىڭ ھۆرمىتى ئوٗچوٗن. كىچىك ئوغلاڭ يانا موٗشوٗلا: ئوٗچوٗن. كىينچە يانا ساڭا خىزمەت قىلىشى موٗمكېن. بوٗلا قان ـ قىرىنداش ۋو:غاچقا، كىچىك ئوغلاڭ ئىنتايىن ياخشى كۆرىدو» دەيتكېن.

شوٗنىڭ ۋىلەن باشقا ۋەزىرلە ئوٗ يە:گە بارىدىغان ھىلىقى ئىشككى ئادەمنى قوشاپ، ئىشككى ئاكىسنى ئوٗ يە:گە بىرىپ، ئەژدەرھانى قوٗدوٗق ۋىشىغا ئىلىپ بارىتكېن. قوٗدوٗق قىشىغا ئىلىپ بىرىپ: «ساندوٗقنىڭ ئاغزىنى ئاچ !» دىگەنىدىكېن، ساندوٗقنىڭ ئاغزىنى ئاچىتكېن. ئوٗ ـ زە بىر ياش قىزچاقنىڭ سوٗرىتىدە ۋولاپ، ئەسلى ھىلىقى قىزچاق ئۆزى شوٗكەن، ئاشوٗ مەلىكە، دەسلەپتىكى. «سەن ئانا خىزمىتىگە كەممىگەن بو:ساڭ، سىلە:نىڭ گوشوٗڭلا:نى ئوٗششاق پا:چىلاپ، ژىلاننىڭ ھەممىگە يەم قىلىۋىتىتتىم. خەير مەن ئەپوٗ قىلدىم.» دەيتكېن. بوٗ قوٗدوٗقتىن ھىلىقى ژىگىتنى ئىلىپ، شوٗنىڭ بىلەن يانا پاتىشانىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، پاتىشانىڭ ئالدىدا يانا بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ ھىلىقى ژىگىتنىڭ ياخشىلىقىنى. ئىشككى ئاكىسى ئوٗنىڭ ئالدىدا ئەپوٗ سوراپ، شەھەر خەلقىگە يەتتە كىچە ـ كوٗندوٗز مە:رىكە ئۆتكوٗزەپ بىرىپ، موٗشوٗنداق جەم بولاپ قىلغانلىقىنى: «ياخشىلىققا ياخشىلىق» دەپ موٗشوٗنى يازغان، بوٗ ھاكايە موٗشوٗنچىلىك.

## كېسەلنىڭ مەنبەيى نىمدىن

كىسەل موٗنداق تۆت خىل نە:سىدىن كىلىدوٗ: بىرسى ژىندىن، ئىككىنجىسى تىندىن، ئوٗچوٗنجىسى دىندىن، تۆتوٗنجىسى جىندىن.

«ژىن» — مەينى تەرەپتە. موٗشوٗ نە:سىنىڭ كەينىگە چىرىپ، يىگەنوٗ نە:سە ـ كىرەكلى قوساق نەسلىنى ژىن دەپ ئاتايدوٗ. بوٗنىڭدا ژىندىن كە:گەن كېسەل — پولادىكى تاشتىن، پىشمىغان ماشتىن، پىشمىغان خام ئوٗتياشتىن، ھاراقنى كۆپ ئوتلاشتىن، تاماق يەپلا ئوٗخلاشتىن، توك تاۋوٗز، توك قوغوٗن، توك ئوٗزوٗم نە:سە ـ كىرەكلىنى يەپ، قوساق ئاغرىپ ياتقان كىسەلنى، ھۆ دەپ، بوٗ ژىندىن كە:گەن كىسەل دەپ، ئەمدى دىھقانلا نىمىسى بويچە موٗشوٗنداغ.

ئەمدى تىندىن كە:گەن كىسەل — بوٗ دىگىنىمىز كىسەلنىڭ شىڭلىستا ① يىتىش، كىسەل بىلەن كۆروٗشوٗش، كىسەل بىلەن سۆيوٗشوٗش، كىسەلدىن ئاشقان تاماقلىنى يېيىش، كىسەلنىڭ قاچىستا قايتا تاماق يىيىش، بوٗ ژوٗقوٗملوٗق كىسەللىكلە:نى پەيدا قىلىدوٗ. بوٗ تىندىن كە:گەن كىسەل دەپ موٗنداق ئاتايمىز.

ئوٗچوٗنجىسى دىندىن كە:گەن كىسەل — بوٗ بىلىملىكلە:گە ياكى مۆتىۋەر، چوڭ موٗيسىپىت كىشىلە:گە ھۆرمەت قىلماي، مەن موٗندا ئادەم دەپ غادىيىۋىلىپ، تەكەپپوٗرلىشىپ، ئىنىڭدىن كىيىن ئوٗزلوٗكسىز بەزى كىسەللە:گە گىرىپتا: بولىدو. مەسلەن راك دەيمىز، بەزى بالايى ـ ئاپەت كېسەللى با، ئەمدى بوٗ داۋاسىز كىسەلگە يولوٗقتى دەپ ئاتىلىدوٗ، خەلق تىلىدا. موٗپتىلا بولدى ياكى گىرىپتا: بولدى ياكى يولوٗقتى

① شىڭلىستا — يوتقان ـ كۆرپىسىدە. «شىڭلى» دىگەن سۆز خەنزوٗچىدىكى «行李» دىن كەلگەن بولوٗشى موٗمكىن.

دەپ ھەممىسىنىڭ مەنىسى بىر. ئەمدى ژىغىنچاقلاپ خەلق تىلىدا «دىندىن كە:گەن كىسەل» دەپ، مەسىلەن، ئۇلاقتا، يا موتو ۋىلىسىپىتتا مىنىۋىلىپ، قىشىدىن چوڭ مۈيسىپىت كىشىلە: ئۆتسە، ياكى ئۆزىدىن كىچىكلە، ياخشى كىشىلەنى كۆ:گەن چاغدا، ئۇلا:نى كۆزگە ئىلماي تۇ:غان كىشىلە:نى تەكەپپور دەيمىز. مۇشۇنداق بەزى كىشىلەدە بو:غان كىسەل بۇنى دىندىن بو:غان كىسەل، خەلق نەزىرىدىن ژىقىلدى دىگەن. بۇنىڭغا قارىتا مەن مۇنداق بىر شېئىر توقۇغان: ياخشىلىق قىل بىلگەنگە، ھاياتىڭغا كۆيگەنگە دەپ بىر. ئىنىڭدىكىن:

سۆزلىرىڭنىڭ لىززىتى، ئاشقاندىمۇ شىكە:دىن
پايدىلىق سۆز بو:غاندا ئاچچىق تۇيىلا: زەھەردىن
ئۆزەڭ قاۋۇل بولساڭمۇ، ئىشىڭ ئەلگە ياقمىسا
دوسلىرىڭنىڭ ئالدىدا چۈشكىنىڭ شۇ نەزەردىن.

دەپ مۇشۇنداق ھەر بىر نە:سىگە قارىتا دوقۇنۇشقا كە:گەن چاغدا، بۇ ئىلھام دىگەن بىرسى كۆڭەل ئىنتايىن خوش ۋاختىدا كىلىدو، يانا بىرى ئادەمنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى تۇتقان ۋاختىدا، ئۇنىڭغا قارىتا يانا كىلىدو. مۇشۇندا بۇ دىندىن كە:گەن كىسەل ساقايمايدو، دەپ خەلقنىڭ نىمىستە ئاشۇنداق.

ئەمدە تۆتىنجىسى جىن ــ جىندىن كە:گەن كىسەل دەپ. ئەمدى مەن ھازىرغا قەدەر، مەن ئەمەس كىشىلە:مۇ بۇ جىن قايدا بولىدۇ كۆڭىنىسمۇ يوق، ئەمما كىشىلە: شەيتان، ئالۋاستى، شاياتۇن دەيدىغانغا ئوخشاش ئازدۇ:غان نە:سىلە:نى جىن دەپ ئاتايدۇ. بۇلا:دىن كە:گەن كىسەل تازىلىقتا دىققەت قىمماي، توپىلاڭدا يىتىش، ئەسكى تام تۈۋىدە يىتىش، قولنى ژۇماي تاماق يىيىش، خىيالى تۇتقان يە:دە، بازا:لىدا ئۇينى ـ بۇيۇنىدا چاكىنا ژۇرۇش، مۇشۇنداق ئىشلا:دىن، ئۇنىڭدىن كىلىپ ـ زە، مىڭىسى ئادىشىپ قا:غان كىسەللە:نى جىندىن كە:گەن كىسەل دەيمىز. ئاندىكىن داخانغا پىر ئويىنىتىمىز، ئۇ قىلىمىز بۇ قىلىمىز دەپ ئەشۇنداق.

## زاڭ ھەققدە پاراڭ

... ئابايا مىيە:دىكى ئوغلۇم يەكەن سىپەندە ئوقويتتى، يەكەن سىپەندە تەتىل قويايپە:گەن ۋاختىدا، بىر ئۈچ دانە ئاغىنىسىنى ئىلىپ چىقىپتا. بۇ ۋاختىدا بىز پولا ئىتىپپەدۇق، لەغمەن ئىتىپپەدۇق، شورپا سەپپەدۇق، ھەر خىل تاماقلىنى ئىتىپپەدۇق. بۇلا:دىن بىرسى ـ زە: «ئاكا، يىمىگەن تاماقنى بىر ئىتىپگەن بو:سىڭىز» دىدى. قوناق پۇشۇرۇپ بېرىلى، دىسەك، ئۇ تۆتۈنجى ئاي ئەتراپلىرىدا قوناق چىقمايدو. ئەمدى قانداق قىلىش كىرەك، دەپ تۇ:سام، ئۇچاغدا ما باغنىڭ چۆرىسىدە بىر قەشقە: قوڭقويۇق جىگدىسى دەپ، ئاق جىگدە، قىزىل جىگدە با: ، ئۇنى تىرىپ قويساق، چىپتىلىغا ئىلىپ، مادەي، تاغالىغا. ما ناۋاي ئۇستاملا نانغا شە:ۋەت قويىمىز، دەپ ـ زە، ئەچىكتىپتا. ئەشۇنىڭدىن ئاشقان بىر ئازراق قەپتىكەن. ئۇلا: ھىلىقى قىزىل جىگدىنى كۆرەپ: «ئاكا بۇ قەشقە



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىلىنىمۇ؟» دەيدو. «ئۇكام، سىلە جىگدە دەپ ئاڭلىغانمۇ؟» دىسەم، «ئاڭلىغان» دەيدۇ. «هە، قەشقە قوڭقويۇق جىگدىسى، دەيمىز مانى. بىزنىڭ مۇشۇ باغنىڭ ئەتىراپىدا جىق. بۇنى ژىغىپ قويساق، ناۋاي ئۇستاملا نانغا شە:ۋەت قىلىمىز، ئۇستىگە چاپىمىز، دەپ ئەچىكىتىۋىرىدۇ. شۇڭا باكا: تۇ:غىچە دەپ ئۆيدىكىلە: بىر ژىغىپ قويايتىكىن، ئەپقويدۇق» دىسەم، «بۇنى يىگىلى بولامدۇ؟» دەيدۇ. «كەمپۈت شۇمىگەننىڭ ئورنىدا مۇشۇ جىگدىنى شۇمىسە، ناهايتى تاتلىق. ئۇنىڭ ئۇستىگە شە:ۋەت قىلىمىز» دىسەم، «شە:ۋەتنى قانداغ چىقىرىدۇ؟» دەيدۇ. شۇ پەيتتى ـ زە مىنىڭ ما ئايالىم بىتكە ① جىگدىنى ژۇيۇۋىتىپتۇ، بىر داسقا چىلاپ. ئۇنىڭ توپا نە:سە ـ كىرەكلىرىنى ساپ چىقىرىپ تازىلاپ بو:غاندىكىن، ئەندىكىن ئىسسىق سۇنى بى ئاندا ـ مۇندا قىلىپ ژۇرۇپ، بىژدەم سىقىپ ئۇنى شە:ۋەت قىپتۇ. ئاندىكىن ئاق قوناق ئۇنىسى باتتى زاڭ ② ئىتىلى دەپ ئاشۇ شە:ۋەتنى تۇگۈپ يىيىشكە، زاڭ ئەتكەندىكىن، ئۇلا قاراپ: «بۇ نىمە بۇ؟ بىر كاللەك نە:سىنى ئىتىپ قويلا؟» دەيدۇ، «ئۇكام، ماۋۇنى جىگدىنىڭ شە:ۋتى دەيمىز، مانى ئاققوناق ئۇنىسى دەيمىز. ئۇنىستا ئەتكەن مۇشۇ زاڭنى قوشۇقتا ئالىمىز، شە:ۋەتكە ما:لىمىز ③، ئاغزىمىزغا سالىمىز، باشقا هىچقانداق نە:سە يوق. بۇ ناهايتى ئىسىل زاڭ» دىدىم. دىسەم ئۇلا ئىشككەيلەن خىلى ئوبدان يەپ، «ۋاي بۇ ئوبدان تاماق ۋوپتو. ما شە:ۋەت دىگەنلىرىمۇ بەك تاتلىقكەن، بۇ ناۋاتىنىڭ تەمى ۋا:كەن ئەمەسما ! ياخشى تاماقكەن بۇ» دىدى. ئۇ يەنە بىرسىگىمۇ «يەپپاقە ئاداش» دەپتى، ئۇمۇ ئازراق يەپپىقىپ: «ۋاي بۇ تاتلىق تاماقكەن» دىدى. ئاندىكىن ياز كۇنلىكى ۋو:غاچقا ئىشىپ قامىسۇن، دەپ تاماقنى ئاز ئىتىپتىكىن، تۇگەپ قاپتۇ. بۇلا ـ زە ئۇنىڭدىن يىنىپ ئۇيقۇغا تەگدى. ئۇيقۇغا تىگىپتى، مەن بىژدەم ئولتۇرۇپ بىر هىسسىيات كەلدى: «بۇلا بىجىڭ شاڭخەيدىن كە:گەن ئادەملى: بومىسا، بىزنىڭ مۇشۇ شىنجاڭنىڭ، جۇملىدىن يەكەننىڭ ئادىمى تۇرۇپ، بىر جىگدىنى ئۇقمىسا، قايدا قىلىش كىرەك؟ بۇ ئەژداتلىرىمىزدىن قا:غان ياخشى تاماق تۇ:سا، بۇ ئۇيغۇر خەلقىمىز ئىزىلاپ يەيدىغان تاماق. مەن مۇشۇ هەقتە بىر شىئىر يازاي، دەپ ـ زە كاللامغا ناهايتى تىز بىر هىسسىيات كەلدى. ئۇلا ئۇخلاپ بو:غۇچى ـ زە، مەن «زاڭ هەققىدە پاراڭ» دىگەن بىر شىئىرنى يازدىم. يىزىپپولاپ ئولتۇسام، ئۇلا ئو:غۇنۇپ: «ئاكا بىر هىكايە ئوقۇپ بەسىڭىز بوپتىكەن» دىدى. «ئۇكام، هىكايە ئۇقۇپ بە:سەممۇ بىرە:مەن، مەن هەقاسىڭلا ئۇخلاپ بو:غىچە، يىڭى بىر شىئىر يىزىپتىم» دىسەم، ئۇلا خوش ۋوپ كەتتى: «ۋاي ئەشۇنى ئوقۇپ بەسلى ئاڭلايلى» دىدى. مەن ـ زە:

چۇلپان كۇلۇپ يورىغاندا تاڭ، قوياش بالقىپ چاقنىغاندا ئاڭ
كۆك سۆيگەندە چاقنىتىپ ما:جان، زەرەپشاندا گۇزەل بىر ئاهاڭ.
ئاق جىگدىدىن چىقىرىپ شە:ۋەت، مومام ئەتتى قوناق ئۇنىدا زاڭ
داستىخاندا شەهەرلىك گۇزەل، زاڭغا قاراپ بوپقالدى هاڭ ـ تاڭ.
سوراپ قالدى: «قاندا تائام بۇ، سەي سالماستىن يەيدىغان غىلتاڭ؟»

① بىتكە — ئازراق.
② زاڭ — قويۇق ئۇماچ، قوناق ئۇنىدا ئىتىلىدۇ.
③ ما:لىماق — مىلىمەك، سۇركىمەك.

بوۋام دىدى بۇ تائامدۇر زاڭ، ئەزىز مېھمان ئاغزىمغا قاراڭ.
ئاڭلىغانمۇ شاھى پەتتا دەپ، زاڭ ھەققىدە قىپپىرىي پاراڭ.
گۆھىرى بۇ ئۇيغۇر تائامىنىڭ، خىلى ئەمەس ھورۇن گالۋاڭنىڭ،
بولۇپ قالغاچ زامان ئۆزگۈرۈپ، ئۇزۇمدىنمۇ ئەتىۋا: باراڭ.

بۇ تائامنى قاندا دەپ قالماڭ، زەرەپشاننىڭ سۈيى قېتىلغان.
مېھنەتكەشنىڭ ئەجرى ئۇخشاتقان،
شىپالىقتۇر قىرىق كېسەلگە،
زاڭنى ئاددىي تائام چاغلىماڭ.

زاڭنى تىتىپ دەپقالدى مېھمان، بولۇپتىمەن بوپ قېلىپ گالۋاڭ.
پولۇ لەغمەن سىڭمەپتى ئەجەپ، سىڭىپ كەتتى جىگدە شە:ۋەت زاڭ.

ئاق جىگدىدىن چىقىرىپ شە:ۋەت، قوناق ئۇنىدا مومام ئەتتى زاڭ،
بوۋام چۇمدى چىچەك ئىچىگە، كەتمىنىدە يىگى بىر ئاھاڭ.

... دەپ بۇنى ئوقۇپپە:دىم، ئوقۇپپەسەم ئۇلى بىژدەم بەك كۈلۈشۈپ كەتتى. ھېلىقى ئۇغال ـ زە: «ئاكا، مىنى بەك سوقۇۋېتىپسىز» دىدى. «ياق ئۇكام، بۇ سوقۇۋەتمىدىم، قانداق؟ نەنى سوقاپتىمەن؟» دىسەم، «بىرسى، مەن ئوغال بالا تۇ:سام، شە:لىك گۇزەل دەپ بىر قىز بالىغا ئوخشىتىپ قويايسىز. ئىككىنجىسى، يىمەس بولدى زاڭنى دۆت سارالڭ دەپسىز، ئۇچۇنجىسى، بىژژە:دە گالۋاڭ دەپ قويايسىز» دەيدۇ. «ئۇكام، بۇ سىزنى سوقىنىم ئەمەس، بۇ ئايەتىنىگمۇ بىسمىللىسى كىلىدۇ، ئاخۇنۇممۇ بىسمىللا دەپ ئوقۇيدۇ. بۇ شىئىرنىڭ بىسمىللىسى» دىسەم، بىژدەم كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ شىئىرنى مەن يەكەن گىزىتىگە بە:دىم. يەكەن گىزىتىگە بە:سەم، ئارىلىقتا ھەپتىگە قا:ماي بۇ گىزىتكە ئىلان قىلىنىپ بولدى. ئىلان قىلىنىپ بولاپ، ھەممە يە:لىگە تاراپتىكېن، ئۇ شە:گە چىرىپ چىقسام ھەممەيلەن ئۇ ئاشخانىلىغا، ئۇڭغا ـ بۇڭغا چاپلاپ كىتىپتۇ گىزىتتىن كۆچۈرەپ. شۇنىڭدىن كىيىن «زەرەپشان سۆيگۈسى» دەيدىغان يانا بىر مۇسابىقە ئىلان قىلىندى. بۇنىڭغا يەكەن ناھىيىلىك پارتىكوم تەشۋىقات بۆلىمى، يەكەن گىزىتى، كاچۇك يىزىسى بىرلىشىپ بىر «زەرەپشان سۆيگۈسى» ناملىق ئەدەبىيات مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپتىكېن، باشقىلا سۇنىيۇ، دەريانىيۇ، ئۇ يەنى ـ بۇ يەنى نىمە قىپتۇ، مەن ما تۇرمۇشتىكى ئىلىنىغان نە:سنى يانا بە:دىم. بە:سەم بۇ بىرىنجى دەرىجىدە چىقىپتۇ، بىرىنجى دەرىجىدە چىقىپتىكېن، ئۇلا بى سەككىز يۇز كويدەك مۇكاپات بە:دى.
ئېنىڭدىكېن بەش ئاي ئۆتكەندىكېن، قەشقە: گىزىتىدە «تەبىئەت بە:گەن تۇيغۇلا:» ناملىق يەنە بىر مۇسابىقە بولدى، بۇنىڭغا بىژ كۇن ئۆيدە تۇ:سام بى تىلىپۇن چىقتى، «سىلە ئەتە چۇشكە ئۇلگۇرۇپ قەشقە: ئىشچىلا: مەدىنىيەت سارىيدا ژىغىن با: ، ژىغىنغا بىرىشلىيىنى تەكلىپ قىلىمىز» دەپ.

ژىغىنمۇ بى تۆت كۇنلۇكتەك ئېچىلدى، مۇئاكىمە قىلىشىۋ بەزى ئىشلا بىلەن. مىنىڭ ئۇ «زاڭ ھەققىدە پاراڭ» دىگەن نە:سەم «تەبىئەت بە:گەن تۇيغۇلا:» غا ماسلىشىپ قا:غاچقا، ئۇ يەدە يانا بىرىنجى دەرىجە چىقىپتۇ، مىڭ كوي مۇكاپات ۋە:دى. ئېنىڭدىكىن كىلەر ژىلىسى ئاپتۇنۇم رايۇنغا ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلە: بىرلەشمىسى ئاچقان نەزىرىيە ئۇگۇنۇش نىمىسكە ۋا:دۇق. بۇ يامانلىقتا ① ئابلىز شاكىرىنىڭ بىر ھۆددە ئا:غان تاغنىڭ ئاخىردا يىڭى بىر باغچاق ۋاكېن، ھەممەيلەن ئۇچاغدا قەيىۇم تۇردى رەمەتلىك، زوردۇن سابىر با:. بۇ باشقا يازغۇچىلا مۇھەممەت زۇنۇن دىگەندەك ئاپتۇنۇم رايۇنىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كە:گەنلە بى ئون بەش كۇن ئاشە:دە. كۇندە يىرىم كۇن ئۇگۇنۇش، يىرىم كۇن زىيارەت، تەسىرات يىزىش، مۇشۇندا ئىشلا ۋىلەن بولداق. ئۇ يە:دە ھەر قايسىمىز ما بىر جوزىغا پۇتۇن نىئمەت، نە:سە ـ كىرەك، يەل ـ يىمىشنى تىزىۋىتىپتو، رەمەتلىك قىيۇم تۇردى: «بۇ ھەممە نەسلى تىزىلىپتۇ بۇ يە:گە، يەكەننىڭ زىڭى، ئاقسۇنىڭ كاۋىسى تىزىلماپتۇ» دەپتې، باشقىلا: قوپتى، ئابدۇقادىر جالالىدىن: «بۇ يەكەندىمۇ بىژژەدە ‹زاڭ ھەققىدە پاراڭ› دەپ بىر شىئىر ئاڭلاپتۇق، شۇ ئاپتۇر بو:غان بو:سا ئوقوپىرەكېن» دەپتى، ھەممەيلەن: «ۋاي سىلى ئوقۇپەسىلە، مۇشۇ شۇ ئاپتۇرى» دەپ بىزنى كۆسەتتى، ئۇ يە:دە بىر ئوقۇپ بە:دۇق. ئۇ ئاقسۇ كاۋىسنى ئەخمەتچان ۋاھىدى دەپ ئاقسۇ پەن ـ تىخنىكا ژورنىلىنىڭ بىر ئاپتۇرى ۋا:كېن، ئۇ كىشى ئاقسۇ كاۋىسنى ئوقۇپ بە:دى. مۇھەممەتجان راشىدىن «لاتا قۇزۇق» دەيدىغان بىر شېئىرنى ئوقۇپ بە:دى. شۇنىڭ بىلەن ئا:قا ـ ئا:قىدىن ئوقۇپ يانا بۇ بىزنىڭ «زاڭ ھەققىدە پاراڭ» يانا بىرىنجى دەرىجە چىقىپتۇ. باشقىلا: «ۋاي بۇ يازغۇچى شائىرلا بىر مەددا ئەمەس، بىر ئىنئام بەمەمدۇق بۇنىڭغا؟» دىيىلگەندىكېن، «ئەتە بىر باھالاش ھەيئىتى تەسىس قىلىپ باھالاپ چىقىپ، ئارگىنالىنى ھەممەيلەن ئوقۇغان شېئىرلانى بىزگە يەتكۇزۇپ بە:سۇن، ئىنىڭدىكېن باھالاش ھەيئىتى تەسىس قىلىپ باھالاپ چىقىپ دەرىجىگە ئا:رىسۇن، بىز بى بىژمە دىيىشىپ باقىلى» دىدى. ئەتىسى چۈشتىن كىيىن ھىلىقى «ئۇزۇمزار» دەيتقان بىژ رىستۇران ۋاكېن ئۇ يە:دە، ئۇ يە:لىگە چىقتۇق. ئاشە:دە خۇلاسىنى چىقا:دى. بۇ زاڭنىڭ ئۇلۇشىمۇ ئىشنىقلىپ ئىشككى مىڭ بەش يۇز كويدىن ئېشىپ كىتىپتۇ، ئۇچ مىڭ كويغا يىقىن.

(يۇقىرىقى ماتېرىياللارنى يەكەن ئاۋات يېزىسىدىن ئاۋۇت نىياز ئاكا ئېيتىپ بەرگەن.)

## قوشاقلار

كۆرۈۋاتتا ② سايدا تاش، ئەزالىنىڭ قاتتى باش
بېرىپ ئېتىڭ دۇيجاڭغا، ئۆتنە ۋە:سۇن ئىششەك ③ ئاش.

① يامانلىقتا ــ ئۇرۇمچىدىكى بىر تاغنىڭ نامى.

② كۆرۈۋات ــ بۇ سۆز ئەسلى «كۆك رابات»، يەرلىك تىلىدا «كۆرۈۋات» تىن كەلگەن. بىر جاينىڭ نامى (يىزا). «رابات» ئارام ئالىدىغان يەر، «كۆك رابات» يېشىللىق بىر يەر، ئارام ئالىدىغان جاي. كېيىنچە كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا «كۆك راۋات» ــ «كۆرۈۋات» دەپ ئۆزلىشىپ كەتكەن.

③ ئىششەك ــ بۇ سۆز ئىككى جىڭ دىگەن مەنىدە.

كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەيمىز، كومۇناغا نىمكا بىز،
كېچىلىرى دولقۇندا، تۇرامايمىز باكا: بىز.

ھەر ژىللىرى ئىشلەيمىز، دەيىا بويى چىقىنغا ①،
ئىناغلىقتىن ياغدۇ، تۈگىمەس بەركەت زىمىنغا.

كەپتىرىما كەپتىرىم، ئۇنلەپ تۇرا: دەمدىرىم
دەمدىرىمنىڭ ئۇنلىشىگە، تەڭكەش بولا: گەپلىرىم.

(يۇقىرىقى قوشاقلارنى ئېيتىپ بەرگۈچى يەكەن باشلانغۇچ مەكتەپ پېنسىيونېرى تۇردى ئىسمايىل ئاكا. يۇقىرىدىكى يەكەن شېۋىسىگە تەۋە ماتېرىياللارنى يېزىق بىلەن خاتىرىلىگۈچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي تىلشۇناسلىق كەسپى بويىچە 2004 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى مايىسگۈل ھوسىيىن. 2006 ـ يىلى 8 ـ ئاي.)

**(3) پەيزىۋات شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچە**

ئاۋاز بەرگۈچى: مالىك داۋۇت، پەيزىۋات مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ سابىق باشلىقى، 60 ياش، پېنسىيونېر.

## تۇرمۇشتىن پارچە

... ئۇندا ۋو:سا تارىخىمنى دەپبىرەي:

مەن بىرمىڭ توققۇز يۈز ئەللىگىنچى ژىلى توققۇزىنچى ئايدا تۇغۇلغان. ئەللىگ سەككىزىنچى ژىلگىچە ئائىلە تەربىيىستە بولدۇم. ئەللىگ سەككىزىنچى ژىلىدىن ئاتمىش ئىشككىنچى ژىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇدۇم. ئاتمىش بەشىنچى ژىلى گۈلۋاغ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدۇم. يەتمىشىنچى ژىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، خوتەنگە تەقسىم بولاپ، خوتەندە مىنجىڭجۈدە ② ئۈش ژىل ئىشلىدىم. يەتمىش ئۈچىنچى ژىلغىچە مىنجىڭجۈدە ئىشلىدىم.

يەتمىش ئۈچىنچى ژىلىدىن سەكسىنىنچى ژىلىغىچە گۇما نايىلىك كىتاپخاندا ئىشلىدىم. سەكسىنىنچى ژىلى پوسكامغا قايىتىپ كېلىپ، ئۈز ژۈ:تۇم مۇشە ئەمدي، بۇۋە:دىن ما مائارىپ ئىدارىستا مەدەنىيەت گەنزىسى ③ بولاپ ئىشلىدىم. سەكسەن تۆتىنچى ژىلى كېنوخانىغا جىڭلى دەپ ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، مە:گە چىقىرىپ قويغان.

يەتتە ژىل كېنوخانىدا ئىشلەپ، توخسەن بىرىنچى ژىلى مەدەنىيەت ژۇتىغا تەخسىم بولدام. كارخانىدىمۇ ھۆددىگە:لىك تۇزۇمى يولىغا قويالغاندىكېن، ھۆددە ژىلدىن ـ ژىلغا ئېغى: ۋولاپ كەتتى. كېنوغا چىيتقان ئەدەملىمۇ دىيەنىشى كۆپەيگەندىكېن، بۇ ئەدەملىمۇ

---

① چىقىن ـــ دەريانىڭ سۈيى ئېقىپ كەتمىسۇن دەپ ياغاچلارنى قېقىپ ياسىغان جاي.

② مىنجىڭجۈي ـــ خەلق ئىشلار ئىدارىسى. خەنزۇچە «民政局» دىن كەلگەن.

③ مەدەنىيەت گەنزىسى ـــ مەدەنىيەت كادىرى، «گەنزى» دېگەن سۆز خەنزۇچىدىكى «干事» دىن كەلگەن.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئازلىدى. شۇنىڭ ۋىلەن بۇ كارخانىنىڭ ئەھۋالى سەل ناچارلاشقاندىكىن، مەن ما مەدىنىيەت ژۇ:تىغا كىلىپ، بۇۋەدە مەدىنىي يادىكارلىق، بى سو ① قۇرۇلدى. قۇرۇلدى ئەمدى، ۋىنگۇەنسو ② دەپ. مە:گە سوجاڭ ③ دەپ بەلگىلەپ قويايتى، بۇۋە:دە ئىشلەپ، ئۆتكەن ژىل پىنسىيەگە چىقتىم. شۇ جەرياندا مەن ئاساسلىقى يوقلىپ كىتىش گىژداۋىغا بىرىپ قا:غان مەدىنىي يادىكارلىقلىنى ئىشككى ژىل ژىغدۇق.

مۇشۇ تۆۋەندىكى مەدىنىيەت پونكىتىنىڭ باللىينى ئىشقا سىلىپ، كىمنىڭ ئۆيىستە بو:سا، قەدىمقى نە:سىلىنى ھەممىنى ژىغدۇق. ژىغىپ ئۇنى بىر سىتىۋالدۇق. سىتىۋىلىپ ئاپتۇنۇم رايۇنغا يوللاپتۇق، ئاپتۇنۇم رايۇندىن «بۇ ياخشى ئىشكىن، بۇنى ئوبدان قىپسلە» دەپ، ژىگى:مە مىڭ كوي پۇل بە:دى، ئاشىنى سىتىۋىلىڭلا دەپ. بۇنى ژىغىشتىكى ئاساسى سەۋەپ، ياشلا بۇ نە:سىلىنى بىلمىگەنلىكى ئۇچۇن، بىر ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆرگەزمىسى ئاچىلى دەپ ژىقان. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ژىغىشتىكى سەۋەپىنىڭ بىرى، ياشلىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئىلىپ بىرىش. يەنە بىرى ئەژداتلىرىمىزنىڭ قانداغ قىلىپ مۇشۇ كۇنگە ئىرىشكەنلىكىنى ياشلىغا ئاسانغا بىلدۇرۇش كەممىگەنلىكىنى. مەسىلەن، ئەڭ ئاددىسى «بوقاسۇ»④ دەيلى، بوقاسۇغا بىژ كالىنى قوشىدو، بىژ ئەدەم يۆتىلەيدو، يە:نى جىجىيتقان گەپ. چىشى ۋا ئەمدى، شۇنىڭ ۋىلەن يە ھەيدىگەن ۋاختا بىژ كۇن كەچكىچە بىژ مو يە:نى تەستە ھەيدەيدا، يەنە چالا ھەيدەيدو، ئوتنى كىسەممەيدو، مۇشۇنداغ تۇرمۇش كۆچەگەنلىكىنى.

ئەمدى ئاشۇلىنىڭكى قاپاقتا، مەسىلەن، بىرمۇنچە قاپاق ۋا: مۇشەدە. ياغ قاپىقى دەيمىز، سۇ ئۇسىيتقان نوگاي دەيمىز، بىژ جىڭلىك، بىژ كىلولۇق، ئىشككى كىلولۇق قاپاق ۋا. ھەم سۇ ئىچكەن قاپاقلىدىن تاتىپ، بىز ژىغىپ، ماۋۇ ئىشككى مىڭ ژىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بىژ كوزىنىمۇ بىر مازا:لىقتىن يە:لىك ئا:غان يە:دىن ئۇش مىتىر يە:نىڭ تىگىدىن چىقىپتىكىن. بۇ كوزا مىڭ ئىشككى يۈز ژىل ئالدىدىكى كوزا. ئەينى ۋاختىدا بۇ كوزىنىڭ ئىچىگە ئەدەمنى سولاپ، ئاغزىنى ئىتىپ قويايتىكىن، يە:نىڭ تىگىدە. ئۇ كوزىنىڭ ئىچىدە مۇيىندا بىر ئوچ سىرىق توپا ۋا: ، بىز بۇنى ئارخولوگلىغا خەۋە: قىغاندىكىن، قەشقە:دىن كىلىپ تەكشۇرۇپ، مىڭ ئىشككى يۈز ژىلنىڭ ئالدىدا ئەدەملىنى كوزىدا قويغانلىقىنى، بىلىپتىكىن. كىيىن ما دىيەنزەنىنىڭ ⑤ ئۆستىگىنى قازغان ۋاختىدا بىر ھولاقنىڭ ⑥ ئىچىدىن ئىشككى جەسەت چىقتى. ھولاق تۇۋىگە خەنزۇلا مۇنداق يوغان توغراقنىڭ ئىچىنى ئويىۋىتىپ، ئوتتۇرىسىدىن تۆگلۈك ئىچىپ، ئىشككى كاللىنى مىيەگە ئەكىلىپ، ماندا يەرلىكتە قويايتىكىن.

ئۇنى بىزگە خەۋە: قىغاندىكىن، بىز بۇنى ۋىلايەتكە خەۋە: قىلداق. ۋىلايەتتىن ئارخولوگلا كىلىپ تەشكۇرەپ، بۇنى مىڭ بىر ژىلنىڭ ئالدىدا ھولاقتا قويغانلىقىنى

---

① سو — خەنزۇچىدىكى «所» دىن كەلگەن سۆز.

② ۋىنگۇەنسو — خەنزۇچىدىكى «文管所» دىن كەلگەن. مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى.

③ سوجاڭ — پۇنكىت باشلىقى، خەنزۇچىدىكى «所长» دىن كەلگەن.

④ بۇقاسو — بوقۇسا.

⑤ دىيەنزەن — توك پونكىتى. خەنزۇچىدىكى «电站» دىن كەلگەن.

⑥ ھولاق — چوڭقۇر، ئويمان يەر.

ئىنقلاپ چىقتى. بۇنى ئارخولوگلا تەشكۇرەپ مۇئەييەللەشتۇرۇپ بوغاندىكېن، بىز بۇنى دىخانلىغا كۆمبىتىڭلا دەپ بەگەن. ئۆتكەن ژىلى كۆرگەزمە ئاچىمىز دەپ تەيياگەرلىك قىغاندىكېن، ئاشۇنى ئىزدەپ تىپىپ ئەكىلىپ جەسەتنى مۇشەدە كۆرگەزمە قىلىلى دەپ ئويلاپتۇك. كىيىن ۋىلايەتلىك ۋىنگەنسودىن «بىزگە بىرىنىڭ جەسەتنى، بىزدىن مەۋە:دىن ئاپىرىڭلا» دەپ. ئەۋە:دە ئىشكى مىڭ ئالتە يۇز ژىللىق بو:غان ئۇچ دانە جەسەت ۋا، ۋىلايەتلىك مۇزىيدا. بۇ جەسەتنى ئېمدي خىرۇم پەلتۇ بىر ئايال ۋا، ئوتتۇز بەش ياشلىق ئايال. ئۇ ئايالنىڭ خىرۇم يوپكا، مەۋە:دە خىرۇم چاپان، پەلتۇ، ئەمدى قالپاق. ما قالپاق قىتىپ قاغانكېن. مەۋە:دە سۆڭەكتە، ئاغزىنىڭ مە:ۋەمۇ ئوچۇق، كۆزىمۇ ئوچۇق، ما قىتىۋاغاندىكېن، هازىر ئۆلگەن ئۆلۇكتەك تۇيدو، ئاشۇ مۇزىيدا. ئاشۇ خىرۇمنىمۇ هازىرغىچە تىخى تەتقىق قىلىپ، ئانداق خىرۇم ئىشلەنگەن زامان يوق. هازىر تىخى ئۇچ مىڭ ئالتە يۇز ژىل بو:غان جەسەت ئاشۇ. بۇ ئارخولوگلا بۇنىڭ ژىل نىمىسنى، ئايالليقىنى، ئە:كىشلىكىنى، قانچە ژىل ۋو:غانلىقىنى خۇايەنلا ① قىلىپ بىژدەمدە ئا:رىيدۇ. ئېمدي بىزنىڭ ئەر - ئايالنى ئا:رىيالايتقىنىمىز، ئايالنىڭ سوڭىكى ئاق كىلىدۇ، سىلىق چىقىدۇ. ئەرلەرنىڭ سوڭىكى سىرىق كىلىدۇ، قوپالياق چىقىدۇ. مۇشىنىڭغا قا:لاپمۇ ئا:رىغىلى بولىدو.

بۇ خەسلە سىسىپ كەتكېن. مەسلەن، كاچۇڭنىڭ بىشتا «چامسا» دەپ پى مازالىق ۋا. بۇ مازالىقنى خەقلە: كولاپ ئۇرغۇيلىنىڭ مازالىقى بو:سىمۇ، بۇددا دىنى دەۋرىدىكى مازالىق ئاۋۇ. ئاشە:دە ساندۇقتىن بىر ئەرتىسنىڭ كەشتىلەنگەن بىر جىلەتكۇسىنى تىپپاپتىكېن بىرەيلەن، مەن ئاڭلاپ ئاشە:گە چىقىپ ئۇ جىلەتكۇنى ئەككەلدىم. ئەكىلىپ ئۇنىمۇ كۆ:سەتسەم، ئۇ ژۇڭ ۋو:غان بو:سا ئۇنىڭ قىممىتى ناهايتى ژۇقىرى، بۇ يىپەك ۋو:غانلىقى ئۇچۇن سىرىق بولاپ قا:غان، چىرىپ قا:غان.

بىزنىڭ پوسكامدا ما «تامالدى» قەۋرىستانلىقى دەپ بى قەۋرىستانلىق ۋا. ئۇۋە:دە ئىسلام دىنىغا ئىتىقاد قىلىشىنىڭ ئالدىدىكى قەۋرىستانلىق، بۇددا دىنىغا ئىتىقات قىلىتقان. ماندا ئايۋان شەكىلدە يىپىپ، بۇ ئايۋاننىڭ ئىچىدە ژىگىمە - ئوتتۇز ئەدەم قاتا: قوياغلىق. كىيىم - كىچىكى ۋىلەن قويغان شۇ زامانلىدا. ئاشۇ مازا:لىقتىنمۇ بىزدە بىژسى ۋا، «تامالدى» مازالىقى دەپ. ئۇنى ئاپتۇنۇم رايۇنلۇق قىلىمىز دەپ ئۇچ - تۆت قىتىم يوللىساق، ئۇ تەستىقلانماي ماۋۇ ئودناقتا (بىر يىزىدا قۇم باسقان شەهەر) پىرانسىيەدىن ئىشككى ئايال ئارخولوگ كىلىپ تەشكۇرەپ، «بۇ قۇم باسقان شەهەركەن، بۇ شەهەرنىڭ تىگىدە نۇرغۇن بايلىق ۋا:كېن» دەپ تەشكۇرەپ، ئاپتۇنۇم رايۇندىن بۇنى ئاپتۇنۇم رايۇن دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن قىلىپ بىكەتتى. ئۇۋە:دە بوران چىققاندىكېن، بوران توختىغاندىكېن چىقساق، ما:جان راست ما:جان، قاشتىشى، زىبۇ - زىننەت، تىيىن - داچەن، چاقۇل ② مۇشۇنداغ نەسلى چىقىدۇ. ئاۋە:دە بى مازالىقىمىز ۋا، تۇزلام، ئۆزى قۇملۇق. بىز مۇشۇ خىزمەتلىنى ئىشلەش جەريانىدا ئاساس قىلىپ مۇشۇ قەدىمي ئاسارە - ئەتىقىلىنى بىر قىتىم ئومۇميۇزلۇك تەشكۇرەپ، ژىغۋاللى دەپ بۇنى بى ژىغىپ كۆرگەزمە قىلىمىز دەپ ئەكە:گەن، ئەمدى. بىزنىڭ ما كۇيۋاغ يىزىستا «قەمبە»

① خۇايەنلا قىلىپ — تەجرىبە ۋە تەكشۇرۇش قىلىپ. بۇ سۆز خەنزۇچىدىكى «化验» دىن كەلگەن.
② چاقۇل — چېقىلىدىغان نەرسىلەر، چاقچۇق نەرسىلەر.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەپ پى كەنت ۋا، بىز ۋىلايەتكە ژىغىنغا ۋا:ساق، بى باشلىق: «سىلە قەمبە دىگەن يە:گە نىمە ئۈچۈن قەمبە دەپ ئىسىم قويۇلاپ قا:غان، بىر تەشكۈرەكلا» دىدى. مەن بى ھەپتە تەشكۈرەپ ئەسلى «بوۋاي قەمبە:» كېن. بوۋاي قەمبە: دىگەن دۈتتانى تۈنجى ئىجاد قىغان ئەدەمكېن، بۈ تىۋىپكېن بۈ. بوۋاي قەمبە: كۈيۋاغىنىڭ ھازىرقى قەمبە: دىگەن يىرگە كىلىپ، ئاشە:دە دارىلىرنى سىتىپ، ئاشۇ قۇملۇقتا تۈگىسى ژىقىلىپ چۈشۈپ، ئاشەدە ئۆلەپ قاپتىكېن. ئۆلەپ قا:غاندىكېن، ئاشۇ قۇملۇقىقا ھازىيمۇ خەقلە كۆمىلىتكېن. روماتىزىم كىسىلىگە پايدا قىلىدو، دارىنىڭ پۈرىقى ۋا دەپ. ئېمدي. بۈنى مەن تەكشۈرگەندىكېن، ئۈنىڭ قەۋرىستانلىقنى تېپىشقا توغرا كەلدى. قەۋرىستانلىقنى تاپتىم. بۈ خوتەنلىك ئەدەمكېن، خوتەندە بۈنىڭغا ئابدە تىكلەپ، ئۈۋە:دە بى قەۋرىستانلىق ۋاكېن ئېمدي ...

(بۈ ماتېرىيالنى پەيزىۋاتلىق مالىك داۋۈت ئېيتىپ بەرگەن، يېزىق بىلەن خاتىرىلىگۈچى شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي تىلشۇناسلىق كەسپى بويىچە 2004 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى مايىسگۈل ھۈسيىن، 2006 ـ يىلى 8 ـ ئاي.)

**(4) يېكسار شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچىلار**

ئاۋاز بەرگۈچى: تۇرغۇن مۆمىن، ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىگە ئىگە، يېكسار لومپا يېزىسىدىن، پېنسىيەگە چىققان ئوقۇتقۇچى.

**قوشاقلار**

جاھان كەڭرى ژۈرنىۋا:سىلا، خۇشال ئويناپ كولۈۋا:سىلا.
ۋىژدانلىرنى ساتقىچە، تامغا ئۈسۈپ ئۆلۈۋا:سىلا.

بايلا: بۆلۈپ بە:مەيدۈ، كەمبەغەللە: ئۆلەپ بە:مەيدۈ.
كەمبەغەللىنىڭ پۈتى سۈنۈپ كەتسە، بايلا: تۆلەپ بە:مەيدۈ.

**پۈل، پۈل !**

پۈل، ھەشەمەتلىك ئايۋان ـ ساراي سالدۈ:غانمۈ پۈل،
موتۇ ھەتتا ماشىنا ئالدۈ:غانمۈ پۈل.
بېيجىڭ، شاڭخەي گۈڭجۈلىغا ماڭدۈ:غانمۈ پۈل،
تەشنا يۈرەك ئارزۇسىنى قاندۈ:غانمۈ پۈل.

بەزىلىنى تۇرمۇش ئۈچۈن گول قىغانمۇ پۈل،
بەزىلىنى بەزىلىدىن چوڭ قىغانمۇ پۈل.
قەغەز تۈرۈپ نۇرغۇن ئىشقا ئارىلىشۋېلىپ،
بەزىلىنىڭ تەتۈر ئىشىنى ئوڭ قىغانمۇ پۈل.

بەزىلىنىڭ بويانلىرىنى غادايتقانمۇ پۇل،
بەزىلىنى بەزىلىگە ماي تاتتۇ:غانمۇ پۇل.
تۇرمۇش ھەتتا مۇھەببەتكە تەڭلا چات كىرىپ،
بەزىلىنى بەزىلىگە قاش ئاتتۇ:غانمۇ پۇل.

بەزىلىنىڭ مۇشكۇل ئىشىنى ئاسان قىغان پۇل،
بەزىلىنىڭ ئاسان ئىشىنى مۇشكۇل قىغان پۇل.
سېھرى كۇچۇم ھەممىگە قادىر دىگەندەك،
بەزىلىنى ژۇتتىن ئا:رىپ سەرسان قىغان پۇل.

يېزىلىڭ دىسە بىرھۆججەتنى جايلاپ يازامماي،
ژۇگەنلىنىڭ نەچچىسىنى كاتىپ قىغان پۇل.
سىفەن شۆيەن، تېخنىكومنى پۇتتۇرۇپ كە:گەن،
نەچچە ياشنى بەش ـ ئالتە ژىل گالۋاڭ قىغان پۇل.

بەزىلىنى كوچىلا:دا چاندۇ:غانمۇ پۇل،
بەزىلىنى ۋەدىسىدىن ياندۇ:غانمۇ پۇل.
ئۇچراشمىغان ياتلا: بىلەن ئاغىنە قىلىپ،
يېقىن ـ يېقىن تۇققانلىدىن تاندۇ:غانمۇ پۇل.

بەزىلىنى ئۆلەمدىن قۇتقۇزغانمۇ پۇل،
بەزىلىگە ھوقۇق ـ مەنپەت تۇتقازغانمۇ پۇل.
بەزىلىنى شورپىشانە بىگانە قىلىپ،
ئۇ ئالەمگە ماڭدۇ:غانمۇ پۇل.

بەزىلىنىڭ كۆڭلىنى ياشناتقانمۇ پۇل،
بەزىلىنىڭ ئىشلىرىنى ئوخشاتقانمۇ پۇل.
ھالال يىمەي هارامغا كۆنۈپ كەتكەنلىنىڭ،
نەچچىسىنى زار ـ زار قاخشاتقانمۇ پۇل.

گەپنىڭ توچكىسى ئاڭلاڭلا، سىلىگە پۇل، بىزگىمۇ پۇل، كادىرغىمۇ پۇل، ئىشچىغىمۇ پۇل، موللىغىمۇ پۇل، ئوغرىغىمۇ پۇل، ئىنژىنىر، يازغۇچى، شائىرغىمۇ پۇل. ھەممىدىن بەك زۆرۈر دىخانغىمۇ پۇل. جىرىڭ ـ جىرىڭ تەڭگە پۇل، شاراق ـ شۇرۇق قەغەز پۇل، ھەممىمىزگە لازىم پۇل. سىياسەتكە، مۇھەببەتكە ئارىلاشما ھەي پۇل، مەرت ژىگىت، مەرت قىزلا: ، ئاقىللا: سەن ئۇچۇن مەڭگۇ بومايدۇ قۇل.
(يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى يېڭىسارلىق تۇرغۇن مۆمىن ئېيتىپ بەرگەن. يېزىق بىلەن خاتىرىلىگۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي تىلشۇناسلىق



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەسپى بويىچە 2004 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى ئامىنە مەتتىمىن.)

**(5) يوپۇرغا شىۋىسىدىن ئەدەبىي پارچىلار**

ئاۋاز بەرگۈچى 1: ئايزىم قاسىم، ئايال، يوپۇرغا ناھىيە باياۋان يېزىسى بىرىنچى كەنتتىن، 58 ياش، باشلانغۇچ 4 ـ يىللىقىچە ئوقۇغان.

ئاۋاز بەرگۈچى 2: ئوسمان موسا، يوپۇرغا ناھىيە باياۋان يېزىسى بىرىنچى كەنتتىن، 53 ياش، ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇغان.

### ئېيتىشىش

ئايال: بىزنىڭ ئاتا:نىمىزمۇ مۇشۇ گۈلىۋاغدىنىكېن، مۇشۇ گۈلىۋاغدا تۇغۇلۇپتىكېن ... يالغۇز ۋو:غانلىقتېن ئېسىمغا كەمە:ۋاتىدا، لىكېن ئانداغ قوشۇلغان ۋاقتتا، سورۇندا ۋو:ساق، ھەممە ئىش ئېسىمغا كېلىدا، مۇنداق ... قىرى ـ ياش ھەنىنۋاسىنىڭ ئويۇن ـ تاماشىغا بەك قىزغىنلىقى ۋا: ...

ئەر: ... ئېيتىزلىققى چىخكىتىپتىم باياتىن، ئەمدې كە:گەن ...

بىر پۇتۇمغا كە:شى كەيدىم، بىر پۇتۇمغا مە:سە.
ئېش خېنىمغا گېپىم بېيىتتى، ئالدىمغا بىي كە:سە.

ئايال: مەن چۈشتۇم چوڭقۇر بىر ئويغا، ياشلىق تۇرمۇشنىڭ مەڭگۈ يولىغا. باشلايمەن سۆزۈمنى پىكرى خىيالدىن، ژۇرەك باغرىمنىڭ ئىشقى ئوتىدىن.

ئوتىڭىزنى ماڭا سالدىڭىز، مەن ئەمدە كىمگە سالاي.
مېنىڭ كۆڭلۈم جۇدالىقتا، كۆڭلىڭىزنى قانداق ئالاي.

ئىشىك ئالدىدا يوللارى، بەقىسەمدە تونلارى،
ئاغىرمامدۇ تالمامدۇ، تەمبۇر چەككەن قوللارى.

تەمبۇر چەككەن قوللارىنى، ئىگىۋا:غۇم كېلىدا.
خەندىلەكتەك بويلىرىغا، تىگىۋا:غۇم كېلىدا.

ئەر: مېنىڭمۇ ئېلىۋالغۇم كېلىدو.

دۇتتا: چالدىم پە:دىگە، سىز خېنىمنىڭ دە:دىگە.
خېنىم تۇرالا:مۇ، ئۆزى قىلغان ۋەدىگە.

ئايال: تو:مامدىغان، ژىگىت!

ئېگىز تاققا چىقتىم مەن، چىمەنزارىغا چۈشتۇم مەن.
ئوتلىرى يامانىكەن، پەرۋانىدەك ئۆشتۇم مەن.

ئەر: كېچىلىرى ئويغۇنۇپ، سىزنى ئويلاپ تولغۇنۇپ،
قاچانغىچى زۇرە:مەن، مۇشۇ گەپلىرىڭىزگە گوللۇنۇپ.

ئايال: ئالما شېخى پەس ئەمەس، ئۇنى ئەگمەك تەس ئەمەس.
سىزدەك قارىقاش ژىگىتنى، گوللىماقمۇ تەس ئەمەس.

ئەر: چاي ئەككەلدىم پەم بىلەن، شۇنچە تاتلىق تەم بىلەن.
ئىشسەم دەيمەن گۇزەل يار، سىز چىرايلىق يار بىلەن.

ئايال: سۇنى سەپتىم سۇپىغا، تېرىۋالدىم قۇتىغا.
ئۆزى كەتتى ژۇتىغا، بىزنى قويدى ئوتىغا.

ئوتتا كۆيسەم بولا:مۇ، سۇدا ئاققىچپ.
سىزگە كۆيسەم بولا:مۇ، خەققە كۆيگىچپ.

خەقنىڭ ئوتى ئۆچۇپ قالا: ، ئۆيگە باغىچپ.
سىزنىڭ ئوتىڭىز ئۆچمەيدىكېن، ئۇلەپ قاغىچپ:.

ئەر: قولىڭىزنى تۇتۇۋالاي، قوينىڭىزغا كىرىۋالاي.
بېيت ئوقۇغان ئاغزىڭىزغا، چوككىدە بىرنى سۆيۈۋالاي.

ئايال: تامدىن چۇشتۇم توككىدە، سىزنى سۆيدۇم چوككىدە.
ئېغىي كەلدىمۇ بىلمىدىم، ژىقىلىپ كەتتىڭىز پوككىدە.

ئەر: قەشقەر شە:رىگە با:غۇم با، گۇلۋاغ بىلەن يانغۇم با.
گۇلۋاغلىقنىڭ مۇشۇنداق قىزلىرىدىن، بىرە:نى ئا:غۇم با.

ئايال: بىزنىڭمۇ تەككىمىز بار.

تال ئۇچى تالغا يېتەمدۇ، تال ئۇچى تالدىن ژىراق.
مېنىڭ كۆڭلۇم سىزگە چۇشتى، ئۆيىمىز ئاندىن ژىراق.

ئۆي ژىراقى بولسا بولسۇن، كۆڭۇل ژىراقى بولمىسۇن.
ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ۋەدە يالغان بولمىسۇن.
ۋەدىسىدە تۇ:مىغان، ئەسلا مۇسۇرمان بولمىسۇن.

ئەر: خېنىم، خېنىم، جانىم خېنىم، ئوتتۇز ئوغۇل گۇۋا خېنىم.
يامغۇر بولۇپ ياغسىڭىز خېنىم، قۇم بولۇپ تۇراي خېنىم.
شامال بولۇپ چىقسىڭىز خېنىم، توپا بولۇپ تۇراي خېنىم.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىراق بولۇپ كۆيسىڭىز خېنىم، پىلىك بولۇپ تۇراي خېنىم.
قىزىلگۈل بولۇپ ئاچىلسىڭىز، شاخى بولۇپ تۇراي خېنىم.
بۇلبۇل بولۇپ سايرىسىڭىز، قۇلاق سېلىپ تىڭشاي خېنىم.

ئايال: قۇم تۇۋىگە ئالما كۆمدۇم، ئالما رەڭگى بولسۇن دەپ.
چىن كۆڭلۈمنى سىزگە بەردىم، مەھربانى بولسۇن دەپ.

مەھربانى ئۆزلىرى، شېرىن ئىكەن سۆزلىرى.
بىر كېلىپ ئىككى كېلىپ، جاننى ئالغان ئۆزلىرى.

ئەر: قارىسام ئۆرە تۇرىسىز، شەرەتلىسەم بىلىسىز.
كۆيگىنىمنىمۇ بىلىسىز، نىمىشقا ئۇنداق قىلىسىز.

ئايال: بىزنىڭ ئۆيىمىز چا:چاقتا[①]، كەپتە: ئاتىمىز يا:چاقتا[②].
سىز ژىگىتنىڭ يولىغا تولا قا:لاپ، ماغدۇ: قاممىدى پا:چاقتا.

ئەر: قىلىچىمنىڭ دەستىسى ئىرغاي، يە:گە سانچىسام تۇرغاي.
سىزنى ئالمەن دىگەن ژىگىتلىنى خۇدا ئۇرغاي، سىزنى ماڭا بۇ:رۇغاي.

ئايال: تام تۈپىستە ئولتۇرادۇ، شوخشا ۋىيلۇق شوخ ژىگىت.
ئاغزىدىن شىكەر تاما:دۇ، شىكىرى تاتلىق ژىگىت.

شىكىرىگە گۇل تېرىدىم، بىرگۇلىنى ئۈزمىدىم.
ھەخلى ۋو:سا بىر كېلە دەپ، ئۇمموتۇمنى ئۈزمۇدۇم.

ئەر: تاماكا چەكتىم غاڭزىدا، سەكرەپ چىقتىم ئا:شۇ چاڭزىغا[③].
ئەتلام چىقسىڭىز، بىللە با:ساق جاڭزىغا[④].

ئايال: قاغىلىقتىن ئوق ئالدىم، باغدا جانان ئاتقىلى.
ئەمدى نۇمۇسىڭىز كېلەمدۇ، بىزنى يارىم دىگىلى.

يار دىمەيمەن، يار دىمەيمەن، بۇ دۇنيادىن يارسىز ئۆتىپي.
كۆيگىنىمنى بىلمىسىڭىز، ژۈرىگىمنى يېرىپ كۆ:ستىپي.

ئەر: قولىڭىزغا قا:لىسام تىللادا ئۈزۈك، يۈزۈڭىزگە قا:لىسام لە:لىدىن سۆزۈك.

---

① چا:چاق — يەر نامى.
② يا:چاق — كىچىك ئوقيا.
③ چاڭزا — دېرىزە. خەنزۇچىدىكى «窗子» دىن كەلگەن.
④ جاڭزا — توي خېتى. تامغا بېسىلغان توي خېتى. خەنزۇچىدىكى «章子» دىن كەلگەن.

ماڭا بىر قاراڭ بويىڭىزنى سوزۇپ، مەنمۇ بىر كېتىپ ئۇمۇمۇتۇمنى ئۈزۈپ.

ئايال: بىردەمدە ئۈزۈۋېتكىلى بولمايدۇ، ژىگىت!

تام تۇپىستە مىس چىلىم، ئوينىاپ كېلە:نى بىلمىدىم.
مىس چىلىمدىن چوغ چۈشۈپ، قولام كۆيە:نى بىلمىدىم.
مىس چىلىمنىڭ ئۇرۇغى زەگا:لىدا بامىدو، مۇشۇ جاھانغا سەپ سالسام،
سىزدەك قارا قاشتىن يەنە بىرسى بامىدو.

ئەر: ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ بۇلبۇلى بو:غان،
سەككىز جەننەتنىڭ بىر گۈلى بو:غان،
ئاپپاغ غوجامنىڭ چىلگىسى بو:غان،
سەنەتتە داڭلىق، ئۆگىنىشتە ئاڭلىق بولغان خېنىمغا ھەشقاللا.

ئايال: دەريانىڭ ئۇ قاتىدا، كۆرۈنگەن دەرەخ بىزنىڭ.
سىزنىڭ كۆيمىگەن بىلەن، كۆيدا ژۈرەك بىزنىڭ.

ئەر: سىز كەلسىڭىز ئەگەر مېنىڭ قېشىمغا،
ئېيتىپ بە:سىڭىز ژۈرەك سۆزىڭىزنى.
ۋەدەم شۇ مەڭگۈ بىرگە ئوينىساق،
بىرگە ئورىساق مۇھەببەت گۈلىنى.

ئايال: مۇھەببەت ئوتلىرى تەگدى ژۈرەككە،
كۆڭۈل بۆلمەيمىز سىزدىن بۆلەككە.
سىز ئەگەر كۆڭۈل بە:سىڭىز بىزگە،
بىرلىشىپ يېتە:مىز كۇتكەن تىلەككە.

ئەر: ماركسىزىمدىن بىلىم ئا:غان، ماۋجۇشىدىن تەلىم ئا:غان.
خۇجىنتاۋدىن رۇخسەت ئا:غان،
ئۆگىنىشتە ئاڭلىق، خىزمەتتە داڭلىق بو:غان شۇجى، شەنجاڭغا ھەشقاللا.

ئاشخانىغا كىرىپلا ئاش بۇ:رۇدۇم تاڭجاڭغا،
بىر پىيالى چاي تۇتتۇم ئابدۇراخمان شەنجاڭغا.

ئوتتۇرۇپلا خېنىم ياخشى جايدىن ئورۇن ئېلىپ،
كۆڭلۈم تا:تىپ كىپ قالدىم ئالدىڭىزغا بىر پىيالى چاينى سۇنۇپ.

ئايال: ئاسمانغا چىقىپ ئاينى كۆ:دۈم شاخىدا پەلەك،
يە:گە چۈشۈپ يارنى سۆيدۈم مەخمەلدە ژۈرەك.

ئاي ئالدىمدا كۆن كەينىمدە، ھەسرەت ئىچىمدە،
سالا: ئوتقا سېلىپ قويدىلا دەردىم ئىچىمدە.

ئەر: كېچىنىڭ ئاي چولپىنى بو:غان،
كۆندۈزنىڭ ئاپتاپ نۇرلىرى بو:غان.
ماڭسام يولۇمدا بو:غان، ئولتۇ:سام غېمىمدا بو:غان،
پۇت ـ قولۇمنىڭ ماغدۇرى بو:غان.
چەك ـ چاراگۇمنىڭ پا:چىسى بو:غان.
شۇ ھاياتنىڭ قوينىدا تۇ:غان،
ئۆزى بىر گۇل، سۆزى بىر گۇل، ئۆزى ئوڭلۇق، سۆزى مۇڭلۇق،
قەلەم قاشلىق، سۇمبۇل چاشلىق، جانجىگە: دوستۇمغا ھەشقاللا.

ئايال: ئاشنى يايدىم تاختىدا، ژىپ ئىگى:دىم پاختىدا.
سىزنى بەكمو سىغىنغان، زەپمۇ كە:للە ۋاختىدا.

ئاق بۇلۇت، ئاپپاق بۇلۇت، ئېگىز ئاسماندا تۇ:مامدۇ.
مېنىڭ سۆيگەن قارىقاش يا:رىم، مېنىڭ قېشىمدا تۇ:مامدۇ.

ئاق بۇلۇت، ئاپپاق بۇلۇت، ئېگىز ئاسماندا تۇما:دۇ،
مېنىڭ سۆيگەن مۇشۇ يارىمنىڭ، كۆزلىرى خۇما:دۇ.

كۆزى خۇما: شول يارىمنىڭ، سۇرىتى سۇلتانچى با: .
ئاي يۈزىگە خال چۈشۈپتۇ، يېڭى ئېچىلغان گۇلچى با: .

ئەر: ئىشىك ئالدىڭىزدا ئورمانىدۇ، بۇلبۇل قونا:دۇ،
يار تۆپىسكە يار تۇتۇپسىز، سىزگە ئاسان ئەمەستۇ.

ئايال: تام تۆپىسدە ئولتۇرادۇ، ئالتى پاختەك تۇگۇنەك،
قوللىرىغا يارىشىپتۇ، يارى بە:گەن شاخىنەك①.
يارى بە:گەن شاخىنەك، ئالتۇن ئۈزۈككە باغ بولا: ،
سىز ژىگىتنىڭ دىگەن گەپلىرى، ژۈرۈگۈمگە داغ بولا: .

(يۇقىرىقى ماتېرىيالنى يېزىق بىلەن خاتىرىلىگۈچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي تىلشۇناسلىق كەسپى بويىچە 2004 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى مايسىگۇل ھۆسىيىن. 2006 ـ يىلى 8 ـ ئاي.)

**(6) قاغىلىق شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچىلار**

ئاۋاز بەرگۈچى 1: ئايتۇراخان، 40 ياش، ئائىلە ئايالى، قاغىلىقلىق.
ئاۋاز بەرگۈچى 2: چىمانخان، 40 ياش، ئائىلە ئايالى، قاغىلىقلىق. تۆۋەندىكى

① شاخىنەك ـــ ئەسلىدە تېرە ئويماقنى كۆرسىتىدۇ، بۇ يەردە ئۈزۈك دېمەكچى.

دىيالوگدا ئاساسلىق سۆزلىگەن ئايتۇراخان، ئاڭلىغۇچى چىمانخان.

## ئايتۇراخان بىلەن چىمانخاننىڭ مۇڭداشقان سۆزلىرىدىن

ئالتى بالام ئالدىمدا با: . ھازىي ئىشۇ يولنىڭ ئۇقاتتىكى ئاشخانا مېنىڭ ئاشخانام. ما ھازىي ئىش چىققاننىڭىزى ئاشخانىما ئاچىمدام.

باللا ئۆيىنىڭ بەزى تۇيمۇشىنى قامدىتىپ، بىي يىل قولدىن چىققان ئوشۇق ئوقىتىمىزنى جۇغلاپ، بىي يىل بىي بالىمىزغا خوتون ئەپپەدۇق، قىزىمىزنى ئە:گە بەدۇق، مۇشۇنىڭ بىلەن كۇنلىيىمىزنى شۇنچىلەك ئوزگەيتىپ ئولتا:دۇق. ئەمدى بىشىمغا كەلگەن مۇنداغ بىي قىسىم دىشۋاچىلىرىمنى ① دەيمەن. ئىيللىك سەككىزىنجى ژىلى قۇساقنىڭ ئاژلىقىغا چىدىيامماي، بىزنىڭ ئە:خەقلە قايمايغا ئىشچىلىققا كەتتى، مېنى قىينام قىشقا تاشۋىتىپ. قىيناملا:مۇ ئاش ـ تاماق بە:مەي، ئاندىكىن ئوغلۇم بومىغاندىكىن خالىغاننى قىلدىم. ياتقىلى يە يوق، يابىيخان دەپ ئاغىنەم با:دى، ياتىغىم ئاشە:دە بولدى. ئەمدى بىي مەزگىل ئاشە:دە تۇ:دام. ئۇ يە:دىن ئىيللىك سەككىزىنجى ـ توققۇزىنجاي تۇنۇي گىياتقا بادىم. ئو يە:دىن ئاشۇ ئاژلىققا چىدىيالماي، ئاش بە:مىگەندىكىن. ئانىكام قىشقا با:سام، ئانام ئىككىن(جى) دادىيىدا، مەن بىيىن(جى) دادىيىدا. ئۇ دادىيدىن بۇ دادىيغا كە:سە ئاش بە:مەيدۇ. ئاشخانىدا مەن قۇسقىمنى باقاي، ئە: قىشىمدا بولمىغاندىكىن دەپ، ئاشە:دە سەككىز ئاي كىچە ـ كۇندىز ئىشلەيمەن. ئۆيگە كىيگىلى بولمىغاندىكىن، قىينام ئۆيگە كىيگىلى قويماي، ئوغلى بولمىغاندىكىن. يابىيخان ئاغىنەمنىڭ يېنىدا قۇناپ، سەككىز ئاي تىيىگ پۇلاتتەك ئويگە كەلمەي، كىچە ئۆيىدە يوق، كۇندىز ئايام يوق، ياخشى ئىشلەپ نەمۇنچى ۋولاپ، ناھىيگە نەمۇنچىلا: ژىغىنىغا كىشىپ، بىي دانە جاڭزا مۇكاپات ئالدىم، بىي دانە تەقدىر قەغىزىنى مۇكاپات ئالدىم. ئۇنىڭ ئىگىن بىيتقان ئىگە ـ چاقىسى يوقكەن دەپ، بىي دانە پاختىلىق چاپان مۇكاپات بىيىپ كەيگىزۇپ قويدى، ئۇچامغا ئەمدى. ئاندىكىن ئۇيە:دىن قايتىپ كەلدىم. يەتتە ئاي، سەككىز ئاي ئۆيگىمۇ كەلمەي، ئانىسىنى كو:مەي، دادىكام ئىككىسى ئۇلەپ قاپتىكەن. ئانام با:دى. ئانىسى قىشقا كەلمەي ياخشى ئىشلىدى دەپ، ئاتمىشىنجىلى پارتىيىگە ئۆتتىم. ئاتمىش بىيىنجىلى يەسمى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىياندا ھە: قانداق ئىشتا، ئاندىكىن جاپا ـ مۇشاقەتكە چىداپ ياخشى ئىشلەپ، دۇكانلىغا ماتا چىقسا، ئۇنى بىز باھالىمىغۇچە بىزگە بە:مەيتتى. بىشىمىزغا ياغلىقمۇ ئا:تالمىغان. ئۇچىمىزدا يىڭى چىيايلىق ئىگىنلا: نەدا، قوڭىمىزدا يىتۇق ئىشتان، ئانداغ ئىشلىما بو:غان. ئەمدى تۆت مىمان ئاكىيسەڭ، قوقماي ئەكىيالىتقان، ھەممە ئىشلىيمىز تولۇق بولدى.

تۆتىنجى ئايغا بىيىپتى، ئاخشىمى مۇشۇ چا:شەمبە كەچتە ئۇ كىپلىنىنىڭ دادىسى ئامبا:غا كەتكەن. ئوغلام: «قىينام ئىككى ـ ئۇچكۇندە ئىپ كە:سەڭ يالغۇز قالدىم مەن» دىدى، دەپ: «چا:شەمبە كۇنلىكى خوتىنىمنى ئانىسىنىڭ قىشقا ئاپىيىپ كىلەي» دەيدۇ. «ئاتە بىي كۇن تۇختىساڭ، ئۆگۈنلىككە بامامدۇ؟» دىسەم، «بىي ئاپىيىپ ئەكىلەي ئانا»

① دىشۋاچىلار ـــ ئوڭۇشسىزلىقلار، كوڭۇلسىزلىكلەر.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دىدى. «با:ساڭ باغىن» دەپ تالاغا چىكەتتىم. بىي ۋاختىدا ئويدە جىدەلنى باشلاپتۇ، ئە:ـ خوتۇن ئىككىسى. «نىمە تالاشتىڭ؟» دىسەم، «ئاناڭ قىشقا ئاپىياي دىسەم، يەتتە كۇن بولغاندا بىيمەن» دەيدۇ. «نىمە كايىڭدى، ئۆيدە تەييا: ئولتاغان خوتۇننى ئانىكاڭ قىشقا ئاپىيمەن، دەپ؟» «ئانىسى ئەكىڭ بالام» دەپتى، دەيدۇ. «سىنىڭكى ئاپىياي دىگەن قە:دىڭنى بىلمىگەندىكىن، سەن پىتىڭنى چىقىيىپ ئولتاساڭ بولمامدۇ؟ نىمە قىتتىڭ؟» دەپ سۇقۇشاپ قالدىم. كىپپۇغىچە بىي ـ ئىككى شاپىللاپتۇ، ئەمدى ئوغلامنى مەن ئۇ:دۇم. ئەمدى ئىككىسكە نىسھەت قىلىپ، ئۇ دىمەڭ، بۇ دىمەڭ، دەپ بۇ بالا يىنە جىدەل باشلىغىلى قۇپاپتۇ. مۇشۇ چاغ بوغىلى تۇ:دى. باللىيىم دوكان ئاچمىز دەپ سە:دە، بىيان كە:گىلى مۇشۇ چاغ بۇغىلى تۇرىپتى، «ۋاي بالام، ئانىڭىز قىشىغا باسىڭىز بىي بىيىڭ. سىلە بۇگەن بۇ پەيشەم بازا:غا ئىدەم ماڭغىلى تۇيىدۇ بىيەدە. ئانگىزەم مەن ئۇيە:گە كەتسە ھېلى، ئىمانىخان، ئو:نىدىن قۇپاپ گولدۇيلىتىپ سا:غىلى تۇيىدۇ. ئەمدى ئايتۇياخان ئۆزى بىي جىدەل باشلىدى، دەپ ئالەمگە داڭ كىتىدۇ. باسىڭىز بىيىڭ !» دەپ ئالدىمدىن مەن ئۇ بالىنى زو:لاپ ئىۋەتىۋەتتىم. ئەمدى ئانىسىنىڭ قېشتا بو:غاندىكىن جىدەل بېسىقا، ئەمدى. بىي قېشقا با:سامۇ بىھۇدە ئۇيشۇپ قاپتىكەن. ئايتۇياخان چىيايلىق قىشىمغا ئىۋەتىپتۇ ـ دە، دەپ، ئىگىن ـ ئەجىسىنى ساقلاپ ئىۋەتىۋاتتىم.

ئىۋەتىۋاتقان پەيشەمبە كۇنلۇك ئەمدى، پەيشەمبە كۇنلۇكى كىچىچى قوندى. پەيشەمبە كۇنلىكى پىشىن بولاپتى، ئانىسى بىلەن بازا:دا كۆيەپ يۇيىدۇ مىيەدە. ھېلى تۇيۇپ ئانىسى ئېپكىلە قىشىمغا، «مۇنداق ئۇيۇشۇپ قاپتۇ، نىمە تالاشتى؟» دەپ گەپ سويا: مەندىن دىسەم، كەممىدى. كەچقۇينى كېتىپتۇ.

شۇ پەيشەمبىدىن ئۆتەپ ئالتە كۇن ئوتتى. كى:تقان پەيشەمبە كۇنىسى بازا:دا تۇيانساخان دەپ داڭداي ئىگىچىسى ۋا:كەن، ئۇ ئىگىچىسى چىقىپ، بىي كۇن پەيشەم بازا:نى بىشەم، لاۋزى خوتۇن ئاغىزىنى بۇزۇپ ئاھانەت قىلىپ، بۇ خوتۇننى دىيەنشىگە ئېلىۋاغۇچىلىكى ۋا:، كەچ ۋو:غىچە ئاغىزىنى بۇزۇپ، ماڭا ھەي ئۇ:غىلى ئىتىلىتۇ، ئالدىمغا يۇگۇيتۇ، خەقلە تۇتۇپ ئۇلگۇمەيتۇ. مۇنداغ بىي كۇن بازا:نى قىزىتىپ جەڭ باشلىدى. ئۆيەمدە ئولتىغىلى بىي يىيىم ئاي، كۇن ھىساۋلىساق، بىي يىيىم ئايدەك ئولتىدى، ئىككى ئايمۇ ئولتىمىدى. شۇ پەيشەمبى كۇنلۇكتە كەتكەن. يا ئەتە ئا:جاشقىلى كىلە: ، بۇگەن شۇنچە رەسۋالىقنى قىلدى. يا ئۆگۇن ئا:جاشقىلى كىلە: ، ئەمدى بىي تىيەپ بو:غىلى كىلە: ، دىسەك يا ئەكەتسىلى بولىتتى، دەپ كەممەيدو. ئوغلامنى ئىككى قېتىم ئىۋەتسەم، ئۇچ ئاي ئولتىدى، ئەينا. يەنە ئۇچ ئاي ئولتۇيىتو، بايتقان يە:گە بايىلى دەيمىش. بالامنىڭكىنى بىي كەسكەن يەنە بىي كەسكىلى بولمايدو. ئا:سا ئىگىن ـ ئاياغ لاتىنى ئالىدۇ، يەنە باشقا بىي ئىش يوق، دەپ قويدوم. ۋاژان، شۇنداغ لاۋزى، بىشەم ئىدەمگە يېقىن بىيىپ قاپتىكەنمەن، چىمانخان. ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن ئىدەم ئوغال تۇغۇتكەن. بۇيىنىدىن ئەشۇ ئەيىندا بولاپتى، بۇيىنىدىن بۇنىياسخان، ۋاژان يالۋاتتىكى ... خۇدايىم يۇزمىڭ يە:دە دەيمەن، شۇ ماڭا بالدىي كەپ قالدى بۇ ئىش. شۇ ئوغلى ۋا:لىغىمۇ يەنە كىلە: ، شۇ باللىيىغىما خوتۇن ئەپبىيە، ئالدىغا كىلە: . لېكىن يىگىنىم ئاش ئەمەس، چىمانخان، ماڭغىنىم يول ئەمەس، كەيگىنىم ئىگىن ئەمەس، جۇماڭلا. مېنىڭ بېشىمغا نا:يىتى جىق ئىش كەلدى. ئىككى ئوغالغا خوتۇن ئەپبىيىپ،

ھەممىيە:لىدىن خاپىلىمدىم. بۇنىياسخاندىن بەك خاپىلدام مەن، ھەممە ئىشنى ئۆزەڭلە بىلىسلە ...

— خاپىماڭلا ئاداش، مەن شۇ كۇنىسى پەيشەمبى بازا:غا كەممەپتىم. ئۆيدە بىزنىڭ ئابدۇللاخان بالا بىيىپ، ۋايجان چىمەنخاچا بۇگەن ...

— مەسادىق شىت بىلەن تۇ:سۇن غۇجامەت بو:مىغان بو:سا، مىنى تۇپىغا بۇلاپ، ئاشە:دە ئۇلتىۋاتىمتىكى، نىمە قىلسا قىلىپ چىقمىدىم، بولمىسا ...

— پەيشەمبى بازا: ئايتۇياخانىنىڭ ئاشخانىستا قىززىپ كەتتى دەيدو، نىمە بولدى؟ دىسەم، ۋاي، سو:ماڭ، ۋاژان، بازا:دىكى ئەگچىسى كىلىپ، ھىلى ئىمانىخاننى كىللايدو، ھىلى ئايتۇياخاننى كىللايدو، ھەي ... ئىيىقنىڭ سۇينى تۇختاتسا تۇختاتقىلى بولىدۇ، ئاغچىنىڭ ئاغزىنى تۇختاتقىلى بولمايدۇ، مۇنداغ كىللىدى، دەيتۇ.

— ئانس ـ دادىسى ئىيىندە ئاغىزىنى بۇزغان بولسا، مەن چاي قۇياپ، تاماق ئىتىپ، ئىگىن ـ ئەجىسىنى قىپ، ھىلغىچە بىيتىيەپ قىپقۇيمايمەنما؟ ئانىسى ـ دادىسى ھايات تۇيۇپ، ئۇ بازا:لىق خوتۇننىڭ ئاغىزىنى بۇزۇپ، ئاھانەت قىلىشى نىما ھا كىلىدو ماڭا، مۇندا ئۇيلىنىپ بىقىڭلا.

— ئاشۇلادىن ئۇگۇنىپ ما كىلىنىڭلىما ئاندىكىن ئەيىندا ...

— مۇشمۇ بوش ئەسكىلىكنى قىممىدى، ئۆيەمدە ئولتۇۋاتىدۇ ـ يۇ بۇنىڭدا گۇنا يوق، جۇما. بۇنىڭ با گۇنايى ئۇيىستىكىلىدە. كىلىنىم ئۇبدان بالا، كىلىنىمنى ئىگەكىم ئۆزەمنىڭ قىزىمدىن يۇقۇيى بىلسەم بىلمەن.

— مەيلى ئاداش ئەمدى كەپتو. مانىڭىزگە بىي قىشچە، مۇشۇ ئۆيەڭدە ئولتۇيامدا؟

— ئولتۇ:سا ئولتۇ:غان بۇيىچە، ئولتماي ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىمىزدە ئولتىيىمىز دىسە، ئۆزنىڭ ئۆيۇستە ئولتۇيا.

— مەيلى ئاداش، نەۋيەڭلا با، قا:لاڭلا، ئاندىكىن ئۆگەي بالا، ئاندىكىن تىل ئىشتىمەيمەن دەپ سۆزىنى بەدۇ:سەڭلا، بالا يىتىم ئۆگەينىڭ ئالدىدا قالىدا.

— مۇشۇ قىتىم دۇختۇيخانىغا چىقسام، تۇياخانىمۇ بالىسى بىلەن دۇختۇيخانىغا بۇنىياسخان ئۇكۇل سالدۇغىلى كەپتىكەن. ئەشەدە ئۇكۇل سالدۇيۇپ، «ماڭىسلا ئۆيگە بايامىزما، ھايۋىغا چىقىسلا» دەيدو، بۇنىياسخان. مەن: «كۆڭلەمنى ئىزدىمىگەن ئىدەمنىڭ ئۆيىسكە بامايمە. مىنىڭ كۆڭلەمنىما ئىزدىسە، كۆڭلەمنىما ئۇتنۇا:سا، كۆڭلەمنى ئا:سا، بايمە. بومىسا خەقنىڭ ئۆيىسكە ۋا:مايمەن، باكا:دا قا:غان مەن يوق» دىدىم. دىسەم، ياتاقتىكىلە ... «بۇنىياسخان، ۋاي سىلىنىڭ كۆڭلىلىينى ئۇندىن باشقا قانداغ ئىزدەمىز؟ ئەمدى قوي ئۆلتىيەيلى دىسەك، كەمبەغالكەنمىز. ئاختى ـ كۆكتى ... » دەپ ئەين دەپتى، ياتاقتىكىلە: «ۋايجان، ئىككىسى ھەجەپپىي گەپلەشتىيا» دەپ ئەيىندا دەيدۇ. «كۆڭلىمىزنىڭ يىقىنلىقىدىن، مە:بىتىمىزنىڭ ئۇيلىقىدىن ① مۇيىندا مۇڭداشتوق» دىدىم. ئەندىكىن ئىيەدە بۇنىياسخاننى نى ئالەم ساقلاپ تۇ:دوم. ئۇكۇلنى ئۇ:دۇيۇپ بولدى. دۇختۇيخانىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ھەپىلىشىپ قالدۇق، خىلىۋەك ② سەتلىشىپ قالدوق.

— ئاشە:دىن ماتالنى ئەكەلگەنما؟

① ئۇيلىقىدىن — چوڭقۇرلۇقىدىن.

② خىلىۋەك — خىللا، خىلى ئىغىر دەرىجىدە.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئەكەلمىگەن. سەتلىشىپ قىلىپ، بۇنىياسخان بىمە دەپ ئۈيزى كەتتى، مەن بىيمە دەپ بىيان كەلدىم. خېلىۋەك سەتلىشىپ قىلىپ بىيان كەلدىم. ئىمىن ھاشىمنىڭ ئىشكا:لىسىغا كەپ بۇلاپ، سەل قوسقامغا جىن كىشتى. ۋاژان ــ ۋاژان، ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگىچە، ئىچىدە بىي كۆيەي. بۇگەن نىمە بو:سام «ئايتۇياخان يامان خوتۇن، ئەسكى خوتۇن. ئا كىلىنىنى ئەڭغا ھەيدەپ قاپ، ما كىلىنىنى مىيغا ھەيدەپ قاپ» دەپ، نىم دەپ نام ئا:سام ئالاي دەپ، يىنا با:دىم، كۆيەڭلا سايانگدەك. ئاشۇ پاچىقىمنىڭ كىسىلىنى ئاچىغىم كۆتە:دى. مېڭىپ ئۆلگۆيمەي، ئۆلا ھايۋدا كەتتى، با:دىم. يا تاياق بىلەن ئىككى ــ ئۈچنى ئۇيا، يا چاچلىيىمنى يۇنداپ قولامغا ئاپبىيە. بولاي بۆگەن نىم بو:سام بولاي، دەپ با:سام، يەخمىنىكام بىلەن بۇنىياسخان ئۆلتۈيۇپ گەپنى قىلىشقا تۇيۇپتىكەن. بۇنىياسخان چا:چاپ قۇپاپ ئاستىمغا كۆپەدىن بىينى تاشلىدى. يەخمىنىكام شاپتۇل ئاكىيىڭلا دەپ، ئىككى شاپتۇل يىدىم. ۋاي ئاسلا دەيدۇ، «قوسىقام توق» دىدىم. قوسقام ئىچىپ يىقىلغۇدەك بولدىم، ناشتىسىز چىققان بىز. ئىيە:گە تاڭ ئاتماستا بىيىپ بولاپتىكەن. قوسقامنى تۇتىۋىلىپ مۇنداغ تىتىيەيمەن، چىمانخان، ئاچچىغىمدا لىغ ــ لىغ تىتىيەيمەن، ئۆلتۇدىم. شاپتۇلنىمۇ يىمىدىم. ۋاي بالام، بۇسياخان تالادىن كىيىپ، بالىما با:كەن. بالىنىمۇ قۇچىغىمغا ئامىدىم. ئۆلتۆيىپ، «بالام قازىنىسىڭ، شاپ ① سەي ئادالاپ قازىنىسىڭ دەيدۇ». بىيدەم ئۆلتۇدىم. ئەمدى ئىتتىك سەينى ئادالاپ، بولاپ ئىتتىك قازان ئېسىڭ بالام دەيدۇ. «مەن باياي، بۇنىياسخان، قازان ئاسسا بەك ئالدىيايمەن، داۋزام يىپىغلىق قاپتى، ئۆيدىكىلە: كېۋەز تە:گىلى كېتىپتى»، دىسەم، «ھاي مىشىت ئەمەس بۇ» دەيدۇ. «مەن قانچە ئاش ــ تاماق يىگەن ئۆي بۇ»، دىسەم، «قۇپاڭ بۇسياخان كىتىڭ، بىيىڭ. ئابايا ئايتۇياخان بىلەن خېلى سەتلىشىپ قاپتۇك، كىلىپ نىم با: نىم يوق، ئىگىن ــ ئاياغنى ياغلىقتا چىگىپ، ئېۋەتىپ بىيەي دەپتىم»، دەيدۇ. مەن «ئىگىن ــ ئاياغقا كەلمىدىم، ئۇچامدا ئىگىن ــ ئايىغىم با. سىلىنىڭ ماقساتلىيى ئىگىندە بولاپ قالدى، مىنىڭ ماقسىتىم ئىگىندە بولاپ قالدى دىمىسەم يامانلاپ بىيان كەلمەپتى. بىكا: ــ بىكا:لىق ئۆزلىيى بىيان ئەكىپلە، ئەكەپ قۇيا دىسەم، بىي ئىگىن ئالدۇيۇپ، ئاندىن كە:سە قۇشاپ پىيمەنىكى دەپلە. شۇڭا مۇنداق دىدىم. دىيىشكەن گەپ ئاشۇ. «قۇپاپ كىتىڭ» دىدى، كە:نىمگە سىپ بىينى ئەكەلدىم.

— بولاپتۇ قا:لاڭلا، قىزۋالدەك چىيايلىق ئاداش، ھەقانچە ئەكەلمىسەڭلىمۇ قىشچە ئۇ بالا كىلىدۇ يەنە، قېيىشڭلىغا.

— ھازىي قۇشاپ بە:مىگەن بو:سا، شۇ كۇنىسى مەن سەي پۇچەك ئالغىلى ... ھەي تۇتىنجى ئاي كىيىمگۈچە، بالام ھەقانچە بىي يۇيىكنى يۆل يە:گە ياقىسمۇ، مەيھەمەت لازىمى يوق ئەمدى، دەيتتىم، جۇماڭ. بۇلتۇ بىي ياز «قوسقۇمدا ۋا، ۋاي سىزىگىمدا ۋا» ئۆتەپ كەتتى. بىيىل بىي ياز يوق يە:دىن بانا پەيدا بولدى. ئەمدى ئۇ بالامدا گۇنا يوق، ئانداغ دىسەم، مىنىڭ بىي قىزىم با: ئەمدى. بالىدا گۇنا يوق. بىي كىمما كەپ كەتتى دىسە، بەك تەڭلىكتە قالدىڭىز بالام، ئۆيىندىنىمۇ سىزنى قىستايمىز، بۇيىندىنىمۇ سىزنى قىستايمىز. سىزگە ئە:نىڭ قىساسى ۋۇلىدۇ، ماۋۇ بالىمۇ كىسەلدىن چىقىنالمايدۇ. بىي بالا بولاپ قاپتى. ھەممەيلەن گۇنانى بىي بالىغا ئاتىپ قالدۇق، قىساسى ۋۇلىدۇ دىسەم، «مەندە

① شاپ ــ چاپسان، تېز.

گۇنا يوق، شۇ گۇنا ئۆيدىكىلىدە» دەيدۇ. ئۆيدىكىلىدە گۇنا. سىز قوسقىڭىز ئىشتىنىڭ ئو:نىدا كىتىدۇ، بالام. ئۇچىڭىز دىگەن بىي ئىگىن كىتىدۇ، لاتا دىگەنىنى ياماپ قويسا تۇيدو. ئاقىبىتىڭىزنى ئويلاڭ سىز، كىيىنلىكىڭىزنى ئويلاڭ، دىسەم شۇك ئولتۇيۇۋاتىدۇ.

بىيمۇنچە پۇلنى خەژلەپ، مىڭ كۇيام كىتىپتىكەن. شۇنچە پۇلنى خەژلەپ، ئاشۇلا ئانداغ قىلىپ، بىزنى پو:دۇقۇغا دوڭغايتىمىز دەيدو. مەن سەل بوينامنى ئەگمەيياق كىتىپ بايىمە. بوينامنى ئەگدۇيالماي، بۇنىياسخان، شۇڭا قىزىنى ئولتۇغۇزىۋا:غۇسى ۋا. بەك ئولتۇغۇزىۋا:غىدەك. بوينىمنى ئەگدۇيمە دىسە، مەن يا قىزىنى ئۇ:مۇدىم، يا كىللىمىدىم، يا ئاچ قويمىدىم، يا يالىڭاچ قويمىدىم. ئۇ:شقاندا گۇنا يوق، بوينامنى ئەگدىيە:مەيدۇ. شۇ ئەگمىسەم، ئولتۇ:دى، ئولتۇ:دى، ئاخىيسى، يىنە ئەشەدە دۇختۇيخانىدا گەپ بە:مەي، بىيان كەلدىم. زادى ئاچچىغىمىنىڭ دە:دىگە بۇگەن زادى نىم بو:سام بىي بولاي، دەپ با:سام، سەل خۇيۇمنى ئۇقۇپ قىلىپ يۇمشاپ قالدى. يۇمشىمىغان بو:سا، شۇ كۇنىسى سەل كارامەت پەيدا بولاپ قا:تتى.

— ئاداش، ئۇ كالا قانداغ بولغان، ئاشۇ كالا تۇغىيسىدا بولاپ قالدى، ئۇ گەپ.

— ئەي ئوبدان ئادىشىم، سىلى بىلەن بىزلە بىي - بىيسىمىزنىڭ قولىدىن تۇز يېيىشىپ كە:گەن. ئۇنداغ قىلىپ ئۆلتۇيۋېتىپ، ۋىيجان - ۋىيجان - ۋىيجان، بالدىي چانىۋاتقان ئىدەم ئا: قىخكۇن بو:غان كۇنىسى كەلدىيا مىنىڭكىگە. ماڭا دىدىمۇ يا، بۇسىيخانىغا دىدىمۇ يا، بىيكىمگە دىدىمۇ، ئاساسى مەقسەت كىچىككىنەك يە:دىدى. ھاي ئوبدان ئاداش ! ئۇلا مەن ئاشە:دە يىغىيىنى تىپپىلىپ، گەپ قىلسامۇ ئوزىگە ئامىايتكەن. «يىغىيىسى با ئىشەك بەكياق سەكلەيتكەن». ئاساسى، لاتىغا ناھايتى بەك ئامىياقكەن، ئىگىن - ئاياغقا. مەن ئىگىن - ئاياغقا ئامىياق ئەمەس. خان - خوجام پاشانىڭ ۋاختىدا كىيىۋا:غان، ئىگىنىم مۇشۇ بىي ئۇچۇم ئىگىن - ئاياغ. ئۇ لاتىغا، ئىگىن - ئاياغقا بەك ئامىياقكەن. بىي ئىچىگە كەيگىلى بىي تو كوڭلەك ئەپبەسەممۇ، ئاشۇ قولتىغىغا قىستىيتۇ، ئاشە:گە ئاپىيتۇ. بىي كۇنى ئايمىنىساخانىڭ، تۇيانساخانىنىڭ پالتۇلىينى، يۇڭ كىيىملىينى، بىينى ئۆيگە ئاچىقىپ، سىمغا ئا:تىپ قۇياپتىكەن. چاپانلىنى، ئىگىن - ئاياغلىنى، بىينى سىمغا ئا:تىپ قوياپتو، دەپ ئايىن دەپتى، ئايمىنىسا قوپاپ: «كۇن كۆ:سۇن دەپ ئاچىقىپ قويداق» دەپتى، مەن قوپاپ: «بالام بۇ ئۆيدە ئاندا بىي كىشىنىڭ ئىگىنىنى بىي كىشى كىيىۋالمايدۇ، كۇيەڭ. ھەكىم ئۆزىنىڭ ئىگىنىنى كىيىدۇ. كىشىنىڭ ئىگىنىنى كىشى كىيىۋالىتقان ئۆي ئەمەس بۇ»، دىسەم، «بۇ ئاچام ماڭا تۇلا ياپتا گەپ قىلىدۇ» دەيدو. «ياپتا گەپ قىلمىسام، ياس بالام. بىي كىمنىڭ ئىگىنىنى بىي كىم كىيىۋالمايدۇ بۇ ئۆيدە»، دىدىم. ئانىسى ناھايتى ئۇستا جۇما. ھەتتا ئۆي تۇتتى دەپ، مىنىڭ ئۇيۇغ - تۇققانلىيىم بى قاتا:دىن مايەكلەپتىكەن، ھالىغا يايىشا. تۇغۇپ ئايە:گە با:مىغانلا مىيە:دە مايەكلەپتىكەن. ئاشۇ بىمىللىنىمۇ ئەكەتتىيا. بۇنياسخانىنىڭ ئۆيىستىن تۇققانلىيى تەيىپىدىن مۇنچىلەك بىينەسە كە:گەن بو:سا ... ئوبدان ئاداش، بىي - بىيسىمىزنىڭ قولىمىزدىن تۇز يىيىشكەن، بە:گەن تۇزۇڭلى ھايام بو:سۇن ماڭا، مۇشىنچىلىك بىلمەيدىيا ! تۇغۇپتۇ، يا ئۆي تۇتۇپتۇ، يا قىزىمنى توي قىپ ئەكەپتۇ، ئۇيۇق - ئەۋلادى تەيەپتىن ئىزا تاتمايتكەن.

«خاپومىسلا» دەيدو، «بۇنياسخان خاپومىسلا دىمىللا» دەيدو. «ۋۇي سىلىگە نەچچە قېتىم



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خاپومىسلا دەيمەن؟ دەۋيمەنمۇ خاپومىسلا دەپ؟» دىسەم، «خاپومىسلا، دىمىللا» دەيدو. يا باللىينى ئۇ:غان بو:سام، يا يالىڭاچ قويغان بو:سام، يا ئاچ قا:غان بو:سا، «ۋاي خاپومىسلا بۇنياسخان، بە:مىگەن بو:سام ئەمدى بىيەي، كىلىلغان بولسام ئەمدى كىلىلماي» دە:دىم. ھىچنىمىدىن ـ ھىچنىمە يوق خاپومىسلا ... «ھۇي قا:لىسلا، دەۋەگىلى ھىچ گۇنادىن بىي گۇنا، خاپومىسلا دىگىلى بولمايتكەن» دىسەم، مىنى خاپومىسلا دىمىدى دەيدو. مەنمۇ كىلىلشكەن چاغدا خېلى كىلىلشمەن، سەل بوينامنى ئەككىلى ئۇنىمىدىم. قانداغ قىسام چاتايلىقىمدىن ① ئۆتكەزسەم بولىتتى دەيدۇ. مەن بىي ئوغال تۇغۇپ قاپتىكەنمەن، بالدۇيياق چىكتىپ قاپتىكەن ئوغال بالا. ئا: قاغانلىنىڭمۇ چىقا: . ۋاي چىمانخان، ۋاي چىمانخان ! ئامىيانلىنىڭ قىغان ئىشى ئەمدى، ئۇنى ئەملىيەتتىمۇ مۇزاي دەيدو، قا:لاڭلا. سايۋاغ بۇيىچىمۇ بىي ئىناۋىتى ئۇز ـ ئاۋۇيسىمۇ يوق. مىنىڭ بالام «ئىشت بىلەن دوس بو:ساڭ، پوقتا مىمان قىلا» دەپ، مېنى پوقىا بىي چۇكە:دى ئەمدې. ئەمدې بالىنىڭ كەينىگە كىشىپ، پوقتا مىمان بولدام.

— توي بو:غان كۇنىسى مۇنداغ بىي ئولتۇيپتى تويدا. ئەتىسى كەپتو، ۋايژان، بۇ ئىككىسى چىمەي، ئوبدان ئاداش، زادى ئىشكە:كى ئۆيدىما ئولتۇ:مىدى، تاشقا:قى ئۆيدىما ئولتۇ:مىدى، ھويلىنىڭ ئى: بۇلىڭىغا بىيىپ ئاپتاپخانىغا چىگىز ② سىلىپ قوياپتىكەن، ئاپتاپخانىدا ئولتىدى، جۇما. ئاچچىغىنىڭ يامانلىغىنى مەن شۇ كۇنىسى بىلگەن. ئۇنداق قىپ ئانى مەن چوكان ئەپبە:دىم، مانى قىزۋالا ئەپبە:دىم، ئەمدى بىيىلقى تويلاق، كىلە: يىلى يوق، كىلە: يىلقى تويلاق، يەنە بىي يىلى يوق.

— مەن بۇنياسخانغا دەيمەن: چىيايلىق بۇنياسخان، مەنمۇ بىلىسلە، سايىخاچامىمۇ خېلى زىل، ئۆزىگە چۇشلۇق ئاچچىغى با: . ئاشۇ مەنمۇ چوڭ قىزىمنى بە:دىم. بىز مۇڭ ③ مانا، بىز زادى بىي ـ بىيىسىمىز بىلەن ... بىز ئۇلىنىڭكىگە بايمىز، ئۇلى بىزنىڭكىگە كىلىدۇ. بىز ئۇلىنىڭ ئىشىنى قىلمىز، بىزنىڭ ئىشىمىزنى ئۇلى قىلىدۇ، بىز ھەقاسىمىز مۇندا مانا.

— ئايتۇياخان بىلەن قۇدا ـ باجا بوغاندىكىن، ئەمدى مەن «گۇلنى سۆيگەن تىكەننى سۆيىدۇ»، سىلىنىڭ قىزلىيى ئايتۇياخانىڭ ئۆيۇستە با:، ئايتۇياخانىنىڭ ئوغلى سىلىنىڭكىگە كىلىدو، كىشوغال بوغاندىكىن. «مۇندا بىي بىز ئىككىيلەن بىيىپ ـ كىپ، بىيىسى ـ بىيسىلىيگە مۇنداغ قىلسىلا بولمامدو، بۇنياسخان؟» دىسەم، ئايتۇياخان ئىدەمگە ئىگىلمىيدۇ دەيدو.

— ياياتمايدو.

— ياق سىلى بىي باشلاپ كە:سىلە، ئوبدان مىمان قىسىلا. بالدى قولىمىزنى يۇيمىز، ئاندىن قوپاپ مۇنداغ يۇزىمىزنى يۇيمىز. بىيمۇنچە سۇنى يە:گە چاچمايمىز، ئاندىكىن ... دىسەم، «شۇ ئوبدان چىيايلىق چىمانخان، مىنىڭ شۇ با:غۇم كەلمەيدۇ»، «ياق، بىي بالى با:. ھەقانچە با:غۇمىز كە:مىسىما، بىي بالى با. سۆزنى بە:سە④، ئە:گە

① چاتايلىقىمدىن — چاترىقىمدىن، چات ئارىلىقىمدىن.
② چىگىز — كىگىز.
③ مۇڭ — ئەپ، كۆڭلى يېقىن، ئىناق.
④ سۆزنى بەرمەك — قويۇۋەتمەك، ئەر ئايالنى قويۇپ بەرمەك.

تەگسە، ئە: ئۆگەيلە» ...

ـــ خەپ، گەپ بولاپ قا:مىسۇن.

ـــ ياق مىيەدە شۇ ھىكايە سۆزلەيمىز ئەمدې.

ـــ مىنىڭدىن تاما تۇتۇپ ئانداغ قىلىدۇ. مىنى باشلىۋىدا ① نىم دەيمىش يابىيخانغا: «قىزىم ئۆي تۇتقان بىلەن، يا كە:سە ئىككى نان كۆتە:گەچ كەلمەيدو، يا بىي چىنە ئاش كۆتە:گەچ كەلمەيدو. ھە:كىمنىڭ ئۆزگە چۇشلۇك كۆڭلى با:». يۈز مىڭ قىتىم دىدىم: «بالام، ئا:غاچ كىلىڭ چىنىنى. ئۆيدىما قالماپتۇ چىنە»، دىسەم، «ئا:غاچ كىلە:مە دەپتىم» دەيدۇ. ئاشۇ ئاپا:دى ۋا: ، كىلدى ۋا: ، چىنە قاچىلىيىم كەلمىدى. بۇ ئاساسى مەقسەت مىنىڭدىن بىي ـ ئىككى نان كۆتە:گەچ كەلمىدى. با:مىدىم دەپ يابىيخانغا ئانداغ دەپتو. باشلاۋىيەي دىسەم ئىش ۋاختىكەن، قا:لاڭلا. مەنمۇ باشلاپ بولالمىدىم. باشلىغانغا ئىپى بولا، قا:لاڭلا ئەمدې. بىي ئوبدان چىمەنخان، گەپ بولاپ قالمىسۇن، بەزەن گۆنانى سىلىدىن كۆيىتكەن، بەزەن مەندىن كۆيىتكەن.

ـــ شىپىيۇنلۇق قىلىپ بىلەك يە:دە دىمەيمەن، مىيىگە كىلىپ دەيمە ئەمدى. مەنمۇ ياخشىلىققا دەيمە. ئاشۇ بىي بالا ئۆگەينىڭ ئالدىدا قالمىسۇن، بۇنىياسخان. مەنمۇ، چىيايلىق ئادىشىم، مەن بالام گۇلجەننەتخانغا بالامنى تا:دا قىستاپ، بىي كىچە سۆزلىسەممۇ گىپىم توگمەيدو. مەن نىمشقا يىقىنغا ئە:گە بە:گەن بو:سام، چىيايلىق بۇنىياسخان، نىم قىغان بو:سا، مەن بالىنى سىلىنىڭ قاشلىيغا ئەكىتتىتىم. ئۇلۇشكونما بىي دىدىم، بالامغا. مۇشۇ دادىي تەۋەسىدە ئە:گە بە:گەن بو:سام، ئىينگىز كونده بىي دۇمبالىسا ...

ـــ مەن «يالغۇز قىزنىڭ باھانىسى چوڭ بولاپ قالىدۇ، يىتىشەلمەيمەنمىكى» دەپتىكەنمە، بولمىغان بولسا بىز ئىككىمىز ئوبدان چىقىشتتۇك.

ـــ قا:لىسلا بىي بالىسى با: ، ئەتتىگىنى كۆ:مىسلە ئاخشىمى كۆيلە، ئاخشىمى كۆ:مىسلە ئەتتىگىنى كۆيلە. مەن بىي قىزىمنى لەڭگە:گە ئە:گە بىيىپتىم، سىلىما بىلىسىلە. ئالىمىز دەپ، تۇققان بالام شۇ. گايى سەككىز كۈنگىچە كۆ:مەيمە، مەنمۇ گايى نەۋەمنى سىغىنىپ يىغلايمەن. باياي دىسەم ئەمدى تىزماپتىن ئۆتەلماي پۇتۇم ئا:غىپ ماڭالمايمەن. مەن مۇنداغ گەپ سۆزنى سىلىگە دەپ بىيىپ بۇنىياسخان، قا:لىسلا بىي ئاقساق ـ چولاق، بىي قانداغ ئەمەس، چىيايلىق دىسەم ئۆي تۇتىپ بىيىپتىكەن، يا ئۆيدە ئۇ يوق يا بۇ يوق بالام. ئۇنىڭ تەڭلىكىنى تا:تىپ بوغىچە ... مەنمۇ شۇ باللىيىمنى تۇققاندا، تولا تەڭلىكتە توغۇپتىكەنمەن. يەنە تەڭلىكى با ئۆيگە كىشىپ قالدى، ۋوي ئوبدان بۇنىياسخان. يەتتە قوشلاق يۇتقان ـ شىڭلى يىغمىساقمۇ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە قوسقىمىز ئوبدان بىي ئاش ـ تاماق ئىتتۆيگۇدەك ئۆيدە ئۇنىمىز بو:سا بولدى. بۇ باللىغىما خۇدايىم بىيە، ئىشلەيدۇ، ياش ئاۋۇ ...

ـــ ئاشۇ ئۆي تۇتىپەگەننىڭزى قوڭنى مىشەدە باسقان بولسا، ھىلغىچىلىك ئۆيلى تۇتىلتتى. ئۇندىن باشقا قانداغ بىيمە، ئەمدى. ئانىكىسى ـ دادىكىسى ھايات بو:غاندىكىن، ئۇلىما يا مۇنداغ ئىگىن ـ ئەجىنى قىلىپ مايەكلىسۇن، بىز مايەكلەيلى.

---

① باشلىۋىدا ـــ دەسلىپىدە، بۇرۇن.

ئايەدىن مېنىڭ ئاكىلىيىم مايەكلەيدۇ. ئۇيۇغ ـ تۇققانلىيىم بىلەن بۇلىدۇ، بىلىمە. ئۆيگە بىي تەككىي تىكەمتىكى، يا كۆپە تىكەمتىكى دىسەم، غىلدىيدە كەتسە ئاشە:گە. مەنمۇ بە:مەيتقان يە:دە ئەمەس، بىيىپ توشىمىدى.

— خۇدىمنى تۇتىپ، ئىگىن بە:سە ئىگىننى شۇنداغ جىق بىيتۇ. «مېنىڭ ئۆيەمگە هەيگىز دوۋلاپ ئاكەپقويماي بالام، ئاشۇ ئىيىگىزنىڭكىدە كىيىڭ. بىينەسە تىقىپ كە:مەي، ئۆيدىكى بىينىملىنى ئانىسىنىڭكىگە ئاپىيىپ بولاپتۇ دىسە، مېنىڭ ئاچچىغىم يامان، گەپ بە:مەيتقان كىشىگە. ئىككىمىز ئوبدان كىلىشەلمەي قا:ساق، بالا ئۇگەيىنىڭ ئالدىدا قالىدۇ بالام»، ئانداغ نەسھەت قىلىمەن.

— مىنى، شۇ بۇسەيەخاننى قايۋاغدىن مېنىڭ بىي ـ ئىككى تۇققان سىڭلىمىز، ئىككى تۇققان ئىنىمنىڭ بىيسى بىي مېتىي نىيلىڭدا ① مايەكلىدى. بۇسەيەخان بولمىسىما ئاشۇنىڭدا مايەكلىدى. سىڭلىمىز ئىككى مېتىي گۇللۈك نىيلىڭدا مايەكلەپتىكەن، ئۇنى ئەكىتىپ بولاپتۇ. ئاشۇنىما ئاپىسىغا بىلمە چىقمايدۇ بىيەي دىسەم، بىي مېتىي بىلمىدە، بۇساياخانغا شىم چىقىپتى، بىيەي دىسەم، غىلدىيدە كېتىتۇ ئاشەگە. ئۆيىمدە كەيمەيدو. ئۆيدە كەيگەن بولسا، يازنىڭ ياڭقى بىي قۇي كېيىم چىقىپ بۇلىتتى ئۇچىسقا. ئۇ كەيمەيدو. كۇنلە ئوتكەندە بەزىسىنى كېيىدو، بەزىسى ئۆيدە باشقىلىنىڭ ئۇچىستا با. مىسال، مۇنداغ بىي كۆپە ياساپ قويدوق دەيلى، ئۇششاق بالىنىڭ ئاستىغا سەپ. كىچىدە سىيدۇ، چىچىدۇ، ئۇششاق بالا دىگەن. يىغىسى ئايىلىپ قالمامدا؟ كىيلىشتۇيتقان مەقساتلىيى بو:سا، پالانى ۋاختىتا ئۇنى قىللا، پۇستانى ۋاختىتا بۇنى قىللا، سىلى هاياتىمدا قىزىم ئە: ۋىلەن كىلىشسۇن دىمەي، هاياتىمدا مۇنداغ تۇيتۇ دەيلا. سىلى هاياتلىيى با، قاشلىيىدا ئولتۇيدو، سىلىدىن كېيىن قا:غاندا مەتقۇنان بىلەن سەمىتان با:، ئىككى ئۇكىسى با: تېخى. بۇيىندا مەن ئوغلامنى قىينايمەن، ئاينە، سىلى قىزلىيىنى قىينايلا دىدىم. قىشىدا بىي ئىدەم با:دى، خىلىۋەك سەتلەشتۇك.

— نىمە قوق ! ② چىيايلىق ئادىشىم، سىلىنىڭمۇ بىي قىزىڭلا با: ئالدىڭلىدا، خۇدايىم بە:گەن ئوغالدىن ئىككىسى با:، ئا بىينىمۇ بىي قانداغ قىلىپ، ئا ئالىيان موزاي بوسىمۇ جىينىم ئاداش، باشتا مېڭىپتىكەنسىلە ئاشۇنى بىلىپ ماڭغان. ئۇ بالىدا گۇنا يوق، قا:لاڭلا. ئۇ تۇخۇمنىڭ ئىچىدىن تۇنۇگۇن چىققان بىينىمە ...

— ئۇ قىزمۇ ئوبدان، ئاداش. ئۇنىڭ گىپىنى قىلمايلا ئۇنى ئۆزلىتىۋالدى ③ جۇماڭلا. ئۇ قىزنىمۇ بۇزۇپ بولدى، نەمۇ ـ نە، پوسكامغا با:ساڭلا پوسكامدا با: ، قاغىلىققا با:ساڭلا قاغىلىقتا با: ، قۇتا زاۋۇتقا با:سام قۇتا زاۋۇتتا با: ، قىزىل ماي زاكىيدە دىيەنچاڭغا چىقساڭلا ئاشە:دە با: ، ۋاي ئاداش. مەيلى بالامنىڭمۇ كىلىشكۇسى با:، هاياتىم با:، مەن كىسەلمەن بولاپ قالدىم. ۋاژان ـ ۋاژان، تۇيانىساخان بۇ بازا كۇنلىكىكەن، بىزنىڭمۇ ئۆيىمىز با:، سىلىنىڭمۇ ئۆيلىيى با:، ئىدەم، بىز بىيەدە گەپ ـ گەپكە

① نىيلىڭ — نىلۇن رەخت.
② نىمە قوق — هېچقىسى يوق، هېچنېمە بولمايدۇ، نېمىدىن قورققۇلۇق دېگەندەك مەنىلەردە.
③ ئۆزلىتىۋالماق — ئۆزگە قارىتىۋالماق، ئۆزگە يان باسىدىغان قىلىۋالماق.

قولۇشمىغاندىكىن، ئەدەمگە:چىلىكنىڭ ئىشى ئەمەس، ئۆيدە قىلىشلى گەپنى دىسەم، دىگەن گىپىم ئاشۇ. ۋاژان، تېخى ماۋۇ قايىشەگ قېيىما ① باكەن دەپ، ئۇندىن سەكلەپ ② يۇگۈيىپ قوپاپ ئۇلتادى. دىگەن گىپىمنىڭ بىيى شۇ. مەن قايىشەك قېيىنىڭ تۇغقان بالىسيا ئاشۇ، ئۇ قېيىغا گەپ قىلىشنىڭ نىمە ھاجىتى؟ شۇ كۈنى بازا:دا مەسسادىق شىيىپ بولمىغان بولسا، يا ئۇ قېيى مېنى ئۇلتۇيۇۋىتىتى، يا ئۇ قېيىنى مەن ئۆلتۈيۈۋىتىتىم. ئېتىلىپ تۇ:دى، قوچاقلاپ ئەكىتىپ تۇيىدۇ. مانىڭ سۆزىنى بەدۇيمەيمەن، ماۋۇ ئىككى مىمان كەلسە جايداپ ئىدەمنى ئاشۇ نومۇس قىلىپ كۆيمەي، مىماننىڭ ئالدىغا چىقالايدو. تاماق ئېتىڭ دىسە ئىشقىلىپ، ئىدەمنىڭ ئاغزىغا تېتىغۇدەك تاماق ئېتەلەيدو. ئى يوتقان - كۆپىسى يىتىلىپ كەتسمۇ ياماپ تىكىپ، يىپنى گۈلدالىيتو. ئۇچاققا ئوت قالىيالمىسا، ئۇنى كىچىك دەيلى، ئاش - تاماق ئېتەممىدى، ئاشنى قىلاممىدى، ئۇنى كىچىك ئەمدى ئېغىي ئالمايمىز. ئۇنىڭ قىتنى ئېچىپ كەسسەك بولمايدۇ. بالامىۇ مەن ھاياتىم با: شۇنچىلەك ۋاختىمدا، ئەكىلىپ ئۇزۇنغا قالماي دوختۇيخانىدا ياتاقتا يېتىپ قالدىم. قا:لىسام، ئۆيەمنى ئاققا چىقىيۋېتىپتۇ. ئاشۇ ئەكە:گەن يەخ - ماتا، قەن - كىزەك، چىنە، بىيمىلە. بەش - ئالتى كۈن دوختۇيخانىدا يېتىپ بولغىچە ئۆيەمنىڭ ئىچى توپىلاڭ چىكىتىپ بولاپتۇ. مەن بىياڭغا كە:گەندىكىن ئىشكىنى ئەتمەي كېپتىمە ...

## ماقال - تەمسىل

ئازنى كۈنلىكتە ③ غوجام قوش قېتىپتۇ، خېنىم ئازنىلىقتا كېتىپتو.

يېغىيىسى (يېغىرى) با ئىشەك بەكىياق سەكلەيتكەن.

ئىشت بىلەن دوس بو:ساڭ، پوقتا مىمان قىلا.

گۈلنى سۆيگەن تىكەننى سۆيىدو.

ئېيىقنىڭ سۇيىنى تۇختاتسا تۇختاتقىلى بولىدا، ئاغچىنىڭ ئاغزىنى تۇختاتقىلى بولمايدو.

ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگىچە، ئىچىدە كۆي.

(يۇقىرىقى ئەدەبىي پارچە 1986 - يىلى ئاپتور ئۆزى قاغىلىقتا بارغاندا توپلىغان ماتېرىيالدىن ئېلىنغان. يېزىق بىلەن خاتىرىلىگۈچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي تىلشۇناسلىق كەسپى بويىچە 2006 - يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى ئايگۈل سېلىم.)

**(7) قەشقەر كوناشەھەر مۇش يېزىسىدىن ئەدەبىي پارچە**

ئاۋاز بەرگۈچى: خالىدە، 28 ياش، ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىگە ئىگە. قەشقەر كوناشەھەر مۇش يېزىسىدىن.

① قايىشەگ قېيىما — قارا ئېشەك قېرىمۇ.

② سەكلىمەك — سەكرىمەك.

③ ئازنى كۈنلىكتە — جۈمە كۈنى.

## «ئەمسە» سۆزىنىڭ ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا

... «ئەمسە» سۆزىنى مەن چۈشەندۈرۈپ بېرەي. سەن بىرە: ئىشنى قىلىۋاتقان بوسا:ڭ، يا بىرە: يە:گە ماڭغان بو:ساڭ، خەقلە: «ۋاي نەگى ماڭدىڭىز؟» دىسە، «ۋاي بازا:غا» دىسەڭ، «ۋاي نېمىشقا»؟ دەپ تېغىمۇ بەك سورىغان بو:سا، دېگىڭ كەممەيدو، دېگىنە. شۇنداغ ۋاختا «ئەمسە» دەپ قوياپلىغىنا كىتىۋرىسە. «ئەمسە» دەپ قوياپلى كەتسەڭ، «سورىما، كارىڭ ۋومىسۇن» دىگەن مەنىدە. ئاڭلىغان كىشى ئوڭايسىزلانمايدا، كۆنەپ كەتكەندىكىن.

... ئۆزىنىڭ خەخلىرى ئوڭايسىزلانمايدا، لېكىن سىرتتىن با:غانلى ئۇندا دىسە ئاچچىغى كېپ قالىدو. ئوقۇغۇچىلىمۇ بەزى ۋاخلىدا، «نېمىشقا ئويناپ ئوتتۇرىسىلە؟» دىسە، نۇمۇس قىمماي: «ئەمسە» دەيدىغان، ياكى «نېمىشقا مەكتەپكە كەممىدىڭ؟» دىسە، «ئەمسە» دەپ قوياپ، قايلاپ تۇرىدىغان، ئىشنىقىلىپ، دىگىسى كېممىگەن چاغدا، خەخنىڭ ئىشىنى ژىنچىكلەپ سورىسا دىگىسى كەممەيدو، دىگىنە. «نېمىشقا؟» دەپ سورىسا، «ئەمسە» دەپ قوياپ كېتىۋە:سەڭ، ھىشقانداغ گېپ قىلامايدا. بەزىلە: «ئەمسە» دەپ قوياپ، سىزگە قاراپلام تۇرىدو، يېنىمىزدا. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ، ئىزا:تاتقاندەك كىتىپ قالىمىز. شۇڭا مۇشۇلىنىڭ ئۆزارا بو:غاندا توغرا چۈشىنىدو، بۇ سۆز شەھە: ئىچىدە يوق، كوناشە: ناھىيىسىدىكى مۇشۇ يېزىدىلام با:.

«مۇش» دېگەنىڭ مەنىسى، قايلاڭ، ئەرەبچىدىن كىرگەنىكېن، بىرىنجىسى «ساچقان مەلىسى» دىگەندەك مەنىسى با:كېن. ئىككىنجىسى ئېمدي، يېڭىدىن ئۆزگەرتىلىپ، يېڭىدىن ئېچىلغان ژۇت ۋو:غاندىكېن، ئېمدي، خەخلى تۈنجى شۇۋە:گە با:غان ۋاختىندا، «نە:كەن؟» دىسە، «مۇشۇ كېن» دېپ، «مۇشۇ» دىن «مۇش» دىگەن نام قا:غانكېن.

... ئۆزارا ھال سوراشقاندا «تىژلىخما؟ تىژ تۇ:دۇڭما؟» دېيمىز ياكى «تىژ ئوتتا:دىڭلىما؟» دېيمىز. لېكىن دىخانلىنىڭ ئوخشمايدا: «تىژلىخما؟ تىژ تۇ:لىما؟ ئۆي ـ باللى تىژلىخما؟ ئاغرىپ قاماي ساخ تۇ:دىما؟» دەپ كۇندە تەپسىلي سورايدو ...

(بۇ پارچىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلي تىلشۇناسلىق كەسپى بويىچە 2004 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى ئامىنە مەمتىمىنىنىڭ توپلىغان ماتېرىيالىغا ئاساسەن ئاپتور ئۆزى خاتىرىلىگەن.)

### 2) ئاقسۇ رايونىدىن توپلانغان ئېغىز تىلى ماتېرىياللىرى

#### (1) ئاقسۇ قۇمباش شېۋىسىدىن ئەدەبي پارچىلار

(بۇ پارچىنى ئاپتور ئۆزى 1986 ـ يىلى ئاقسۇ قۇمباشتا تەكشۈرگەندە خاتىرىلىگەن. بىراق ئەپسۇسلىنىدىغان يېرىمىز، ئاۋاز بەرگۈچى 40 ياش ئەتراپىدىكى بىر قۇمباشلىق ئايال بولۇپ، ئومۇمي ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئۇچۇر يوقىلىپ كەتكەن.)

#### قوشاقلار

ئات مىندىم ئىگە ۋىلەن، باشۋىلدى ژۈگەن بىلەن،
مەن سىلىگە كۈيۈپ قالدىم، گەپ قىمماي ژۇ:گەن بىلەن.

زەي تۇگۇنىنىڭ پۇپۇگى زەيگە ۋاسقان گۇلچى ۋا،
يارىمنىڭ قىلغان سۇزى ئىندىگەن① قۇرغۇيچى ۋا.

ئىندىسەڭ ئىندە مىنى، ئىندىمىسەڭ ئۇشتۇم ژىراق،
ئوڭ يېنىمدا ئوت كۇيەدۇ، سول يېنىمدا ئىشتياق.
ئىشتياقنى تا:تا تا:تا، نىچ ئەۋالىم قاممىدى،
رو چىۋىندەك ساغىرىپ، ئۇشقۇنچە ھالىم قاممىدى.

رو چىۋىن بو:سا كىشى، قانات ياساپ ئۇشسا كىشى،
دۇۋىنى بىژ چۆرۇلۇپ، ئۆز يارىنى تاپسا كىشى.

تام تۇپىستە ئولتۇرادۇ، شوخشا ۋويلۇق شول ژىگىت،
ئالما بە:سەم ژىلدىمايدۇ②، باغ ۋويى ئالتۇن ژىگىت.

باغ ۋويى ئالتۇن ژىگىتنىڭ سۆلتى سۇلتانچى ۋا،
ئاي يۇزىگە خال چۇشۇپتۇ، يېڭى ئۇزگەن گۇلچى ۋا.

گۇلنى ئۇزسەڭ تازا ئۇز، شاخ پۇتادا قاممىسۇن،
يا:نى سۆيسەڭ تازا سۆي، ئىچىڭدە ئارمان قاممىسۇن.

ئۇزۇن كىچە يوللىرى، جىگەرەڭ چاپان تونلىرى،
با:مايلىغۇ كەممەيلىغۇ، كىمدىن ئاغرىدى كۇڭۇللىرى.

ئالا پاچاق ئات مىنىپ، قامچا دەستەلىرى مەن بولاي،
ئەۋرىشىمدەك بەللىرىگە لوڭگە ياغلىق مەن بولاي.
بەش نامازنى سىلى ئۆتىسلە، جەينامازلىرى مەن بولاي.

كىرپىگىمدە خەت ئەۋەتتىم ژۇرۇگۇم يېستاش،
ئالما ئاتسام قا:يلىمايلا، جېنىم دوستۇم قاراقاش.

ئاققىنە قۇشقاچ بولۇپ، سا:راپ ئۆگزىلىرىگە چىقىپ ئاھ دەيمىنا،
ئاھلىيىمغا پايلىماي③ ئاغزىم قۇرۇپ سۇ دەيمىنا.
سۇ دىمىسلە، سۇ دىمىسلە،
ئىچى ئالتۇن تېشى كۇمۇش چىنىگە مەن قايان باراي.

چىنىچىگە چىنە ۋە:دىم، چىنە ـ ۋارەك ئەتكىلى،
چىن كۇڭلۇمنى سىلىگە ۋە:دىم، مېرىۋايە ئەتكىلى.

---

① ئىندىگەن ــ ئۇنلىگەن، قۇرغۇينىڭ سايرىشىنى كۆرسىتىدۇ.
② ژىلدىماق ــ پۇرىماق، بۇرنى بىلەن پۇراپ قويماق.
③ پايلىماق ــ چىدىماق، سەۋر قىلماق.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مېرىۋاندا با:دۇ ئۆزلىرى، شىرىندا با:دۇ ئۆزلىرى،
بى كىلىپ ئىككى كىلىپ كۆڭلۈمنى ئا:غان ئۆزلىرى.

تاختىدا تۇرغان كىتابنى تو: ۋېسىپتۇ دەيلا،
ئۆزى ئايدەك موللا ژىگىتنى غەم بېسىپتۇ دەيلا.

ئاققىنە كۆڭلەك كىيىپلا ئاق تىكەنلە ئىلمىسۇن،
بىز ئىككىمىز دوس بولىلى ئۆيدىكىلە تۇژمىسۇن.
ئۆيدىكىلە تۇژسا تۇژسۇن ۋەدىمىز يالغان بومىسۇن،
ۋەدىستە تو:مىغانلا ئەسلى مۇسۇرمان بومىسۇن.

قۇشقاش قوندى ئا: شاققا، هايدىۋەتتىم ما:شاققا،
مەن ئۇزەم هەيران قالدىم سىلى ئېيتقان قوشاققا.

تام تۆپىستە تۇرىلا، قاشنى ئەتسەم كۆلىلا،
كۆيگىنىمنى بىلىلا، نىمىش ئۇنداق قىلىلا.

ئوتتا كۆيگۈم كىلىدۇ، چوغدا كۆيگۈم كىلىدۇ،
سىلىگە ئوخشاش ياخشىنى كۆندە كۆ:گۈم كىلىدۇ.

ئاختامدا ئات ژۈگۈرتتۈم ژىقىلدىم تۇزگە،
ئات يايلىدا خەت ئەۋەتتىم مەشۇقۇم سىزگە،
گا:يى بىلىڭ گا:يى بىلمەڭ كۆيىمەن سىزگە،
شۇ ئوتتا ئۆلۈپ كەتسەم ئۇۋالىم سىزگە.

سۇنى چاشتىم سۇپىغا تىرىۋالدىم قۇتىغا،
يارىم كەتتى ژۇ:تىغا مىنى تاشلاپ ئوتىغا.

## نەزىر – چىراغ ئىشلىرى توغرىسىدا

... ئۆچ تە:لىسى: ئەتە يەكشەمبى، بى كۈن تە:لىسنى ئوقۇيدۇ. دۈشەمبە كۈنى بى كۈن تە:لىسنى ئوقۇيدۇ، سەيشەمبە كۈنى بى: كۈن تە:لە ئوقۇيدۇ، ئۈش تە:لە ئوقۇغان كۈنىسى ئۈش نە:زىر ۋىرىدۇ. ئۈش نە:زىرىسىدىن كىيىن تە:لىسى تۈگەيدۇ. ئۆلۈپ قېلىپ يەتتە كۈن بوغاندا، يەتتە نە:زىر ۋىرىدۇ. جىق شودۇي[1]لىنى ئېيتىپ ئۇيە – بۇيە:لىنى، ژىراق – ژىراق يە:لىنى ئېيتىپ، يەتتە نە:زىر دەپ نە:زىر ۋىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نە:زىر تۈگەيدۇ.

ئاقىستىن قارلىق چاي قىلدۇق دەپ، ئۇرۇق – تۇققانلىرىنى قىشقىرىپ پولو ئىتىپ لاتا – پىتە قويۇپ چاي قىلىدۇ.

[1] شودۇي — خەنزۇچىدىكى «小队» دىن كەلگەن سۆز.

بى ژىل ۋو:غاندا، يەنە ژىل نە:زىرنى ۋە:دۇق دەپ، يەنە بى نە:زىر قىلىدۇ. شە:دە نە:زىر قىسا پولو ئىتىپ نە:زىر قىغىدەك دەپ ئاڭلايتتۇق. بىزنىڭ مەلىدە نە:زىر قىسا قولىدا ئىچىدىغان «شۇلە» دەيمىز، سۇغا سېلىپ گۇرۇشنى، سەۋزە، گۆش سېلىپ، «شۇلە» بەدۇرتتى. ئاخسۇدا نە:زىر گوش، پولو ئىتىپ نە:زىر قىلىدۇ دەيتتى، هازىر بىزنىڭ مەلىدىمۇ ئەمدى زامان ئۆزگەرگەنسىرى، پولو ئىتىپ نە:زىر قىلىدىغان بولدۇق. ئۇش نە:زىرگە شۇلە ئىتىپ نە:زىر قىلىدۇ. يەتتە نە:زىرگە يوغان داشتا توي قىغاندەك پولو ئىتىپ، پولو ئۇسۇپ بىرە مالنىڭ گۆشىنى توغراپ يوغان ـ يوغان، پولو ئىتىپ يەتتە نە:زىر قىلىدۇ.

ئاخسۇغا ماڭغان تۇۋان كۆۋرۈكنى ياسايدىغان ۋاختىدا، دادام ئۇلۇپ كىتىپ، كىچىكتىمەن، هاشا:غا هەيدىدى. هاشا:غا ① ۋا:ساق، ئاشۇ ئوتتىرىدا هەشنەمەت بازىرى، ژىگىرمىچە زەمبىللە، ئۇش ئەدەم بىژ جۇپتىن ژۇدۇپ مېڭىپ قىساق، ئۇتتىرىغا كۆرۈك تۆپىستىن ياغاش قويۇپ ئۇتۇپ، ئا باشتىن ما باشتىن تاشلىدۇق. تىسىنا تاشلاپ شاخنى غۇلتىپ②، ئوتتۇرىغى ـ زە، تاشنى ئىشككىدىن قويۇپ، تاش خېلى بەك كۇشلۇك بېسىپ تۇ:غاندىكىن، هەقانچە كۇشلۇك سۇ ئاپىتى يۇز بە:سمۇ ئۇتەممەيدۇ. بۇقىنى ئۇش تال، تۆت تال ياغاشنىڭ ئۇچىنى سىمدا باغلاپ، ئاندىن توختىتىدىكەن. (بۇقىنى يە:گە ئۇ:دۇق دەيمىز، ياياق مېڭىپ). بۇقا باغلىدۇق، دەرياغا تاشلىدۇق، تاشلاپ، تاشلاپ ئو:ناتتۇق دەيمىز.

دادامنىڭ ئۇش بالىسى ۋاكەنتۇق، ئىشككى قىز. ئوغال مەندىن كىچىك بو:غانلىقتىن، مەن كەتمەن چاپىدىغان، هاشا ـ ئالۋاڭغا با:مىغان. شاخ ـ ياغاش ئاپپا:غان. هارۋىغا شاخ ۋېسىپ، ياغاش ۋېسىپ، قە:يىنغا ماڭسى ـ زە، ئاشۇ ئە:خەخنىڭ ئاقىسقا چۇشۇپ. دادام هاشا: ئەمگەككە ۋا:غاندىكىن، ئۆيدە دادام بو:غانلىقتىن، «بالام پالانى يە:گە شاخ ئاپىرىۋىتىپ كىلىڭ» دىگەندىكىن، شاخنى هارۋىغا بېسىپ، خەخ قە:يەگە ئاپپاسا، شۇ يە:گە ئاپىرىپ چۇشۇرتتۇم ...

... سە:گەز دىگىنىمىز هېلىقى چاچ ... گۇللۇك، كۆك شەمبىزە ۋا: ، ئاشىنىڭغا ئوخشاش باستتى، چاپانغا ئەستە: قىلىتتۇق. ئۇ ماتا:دىمۇ بولىدۇ. ماتا:نى شىشە دەيدۇ. شىشە توقۇيتتى، چەكمەن توقۇيتتى. مەممۇ ئا بىزنىڭ ئەدەمگە ... هازىر قىز ئە:گە چىقا:سا، نىلۇن، سارجى، ئۇنىڭدىن كۆپ ئا:ساق «دۇراپ» دەيدۇ، ئۇنىڭدىن ئالىمىز. بىزنىڭ ئەدەمگە چەكمەندىن ئۇزۇن چاپان كەيدۇ:گەن ...

... ئوپچى تاماق ۋاقتىستا قوسۇغۇمدا قېپتىكەنتۇق، ئوپچى تاماق تا:قىشى هامانە تۇغدۇم. ئاشۇ قىزىم ژىگى:مە تۆ: ياشقا كى:دى هازىر. مەن ئەمدى تاماق ئىتىمەن، گەپنى يوشۇ:ساڭ ئۇلۇم ئاشكارى دەۋاتىدۇ. ئوپچى تاماق ۋاقتىستا، مىنىڭ قىلىدىغان ئىشىم ئە:نىڭ ئىشى، ئايالنىڭ ئىشى دەپ پە:ق ئەتمەيتتى. ئۆيگە كى:سەم ئايال، تالاغا چىقسام ئە:. بۇگۇن سۇ تۇتۇڭلا: دەپ بەلگىلەپ قويۇپ كەلدىم، سۇغا چىقمىدىم، بىرىدىغان سۇمۇ مەن چىقسام بى ياڭزا. باللىنىڭ ئالدى ژىگىمبەش ياش. ئېخىرسى ئونبەش ياشتا با. تۆتى ئىشقا چىقىدۇ. ئە: بوغام بىلەن، بۇ ئادەم بەشۋاخ ناماز ئوقۇدۇم دەپ، تەرەت ئەپ، ناماز

① هاشا: ــ هەقسىز ئەمگەك.
② غۇلاتماق ــ ئاتماق، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئاتماق.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوقۇپ، با:نى ئىشلىتىپ ژۇ:گەندىكىن، بۇزۇلغىنى بىلەنمۇ كارى يوق. ئاشۇ ھەممىسى بۇزۇلغانمۇ ماڭا قاراپ تۇ:غان، تۇزلىگىنىمۇ ماڭا قاراپ تۇ:غان. قوسىغى بىرى ماڭا قاراپ تۇ:غان. ئىتىز ـ ئىرىقتىن مەن ئىشتىن چۈشۈپ كىپپو:غىچىلىك بالىلىنى: «قوپ ئو:نىڭدىن پالانى ئىشنى قىلىمىز» دەپ، مۆرەمگە كەتمەن سەپ ماڭغان. ئا:قامدىن سوزۇلۇپ قا:غانلىرى ماڭغان. بالىنى مەيلىگە قويۇپ بە:سەم، كۈن ئاشۋاختى بوپ كىتىپا:غان. ھازىر چوڭ بو:غان بالا ئوينىغىلى ژۇگۈرىدۇ، دىخانچىلىق ۋىلەن كارى يوق.

شۇ ئاشقازان كىسىلىم با: ئەمدى. ئىشنى قىلىمەن، لىكىن ئەدەم تاماق يىمىگەنگە ژىقىلىپ قامايدىكەن. بىر نان تىپپاسام بىر كۈن كەچكىچە، ئىشكىكى كۈنمۇ جان باقىمەن. قورىغان تاماق يە:مەيمە. قوناق، زاسىي[1]، يومدان بو:سا ئىچىمە. ئوپچى ئاشخانىدا لەڭمەن ئىتىپپىرىتتۇق. خۇدانىڭ كۈنىسى كۈندە ئە:تىسى بىر ۋاخ ئۇماچ ئىتىتتۇق، يوغان قازاندا ئۇماچ ئىتىتتۇق. ئۇنىڭغا ئاش كەڭرىرەك ۋاقىت بو:سا چامغۇ: ، بەسەي، ئۇنى ـ بۇنى سالىتتۇق. ئاش قىس بوپ كەتكەن ۋاختىدا كۈنجۈ:نى قۇرىيتۇق. كۈنجۈرىنى سوقۇپ، ئۇن تا:تىپ ئەشۇنى تاسقاپ، ئەشۇنىمۇ قاتقان. ئۇنى سا:غاندىكىن ئۇ قويۇلمايدىكەن. بۇژ قىلىپ، ئۇماشنىڭكى ئۇزى كۆيۇكلۇشۇپ[2]، ياغنىڭ كۆيۇگىدەك. بىز ئەمدى سۇگەت قۇلىغى دەيتتۇق، قارىياغاچنىڭ قۇلىغى دەيتتۇق، بى:دىنى بىر قاتا: ئورۇۋاغانچىلىك ئۇچىنى ئۈزۈپ، چىچىگىنى ئۈزۈۋىتىپ، ئەشۇنى چاناپ مول ـ ھوسۇللۇق نا:ن دەپ. ئۇيە ـ بۇيە:دىن تەكشۈرگۈچلە: كى:پ تۇرىتتى. ئۇلا: كىتىدىغاندا قا:لاپ باقامدۇ يوق. «مول ـ ھوسۇللۇق نان» دەۋ ـ زە ئاشۇ چاشكىدەك ـ چاشكىدەك، ئاشۇ يوغان ـ يوغان قاسقانغا سىلىپ ئوچاقتا ياپساق ھەرگىز تۇتمايتتى. «بىز ئەزا:لىنى توپ باختۇق، يوغان ـ يوغان جىڭ مو:ما سەپبە:دۇق» دەۋ ـ زە ئاشۇ چاشكىدەك قىلىپ بولدۇ:غان، بىر سىقىم بىدىنى تىقىپلا، شۇنداقلا يەملەپلا خىمى:نى، جىڭ مو:ما سەپ بىرىتتۇق. سەككىز كۈندە، بىر كۈن لەڭمەن ئىتىپ بىرىتتۇق ئەمدى، ئومبەش كۈندە بىر پولو ئىتىپ بىرىتتۇق. بىزنىڭ مە:لىدە ئاشنى جىڭلاپ، بىر چىنىگە سىلىپ كۆرپىقىپ، جىڭلاپ بىرىتتۇق. جىق ئەدەم بو:سا تەڭلىگە ئالىتتى. تەڭلىگە ئىلىپ، ئۆيىدە سەي قورۇپ قويۇپ ئۆيىگە ئىچقىپ، سەينى جىقراق سىلىپ يەيتتى. بىز ئۇ مول ـ ھوسۇللۇق سا:غان جىڭ مومىنى ئاشپەز، گەنلىيەن دەيتتى، گىلى يوغان دەپ، ئۇنىمۇ راس قويۇپتىكە، ئۆلى يىمەيتتى. بومىسا، ئەشۇ ئوپچى تاماقىلا قا:لاپ ئولتۇ:غان ئەدەم، نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئەدەم ئۆلۈپ قالدى.

خوتۇنى ئىرىغا رەخمە قىمماي، ئىرى خوتۇنىغا رەخمە قىمماي. بىر قىسىم قىرى ئەدەملە: ئىش قىلالمىغاندىكىن، ئۆيىگە ئاشنى بە:گەندىكىن خوتۇن باللىرى كىپ يىسۇن دەپ تۇرىۋا:غان. كىلەممەيدۇ دىگەندىكىن، خوتۇن باللىرى يوغان قاچىنى ئەپچۈشكەن، ئۇنىڭغا ئۇسۇپ بە:گەن. بالا ـ ۋاقىلىرىغا بىرىپ ئاشسا، قانچىلىك ئاشىدۇ تىخى. ئۇنداق ۋاختىستا بالا ئاتىغا رەخمە قىمماي، ئاتا بالىغا رەخمە قىمماي نەچچە ئەدەم ئۆلۈپ قا:غان. كىسەل ئەدەمنىڭ قوسىغى ئاشمايدۇ دەپ تۇرۇۋىلىپ. ئۇنلىرىمىز ئاندىن ئاز. يەنە سۇ قوشۇمچە قىپ قا:غان، ئەمگەك قى:غانلىرى، بالا ـ ۋاقىلىرىنىمۇ ئاچ قويغىلى بومىغان...

[1] زاسىي ـــ قوينىڭ ئىچ ـ قارنى.

[2] كۆيۇكلەشمەك ـــ كۆپۈكلەشمەك، كۆپۈك ئۆرلىمەك.

(يۇقىرىقى پارچە 1986 ـ يىلى ئاپتور ئاقسۇ قۇمباشقا بارغاندا توپلىغان ماتېرىيالدىن ئېلىنغان، يېزىق بىلەن خاتىرىلىگۈچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي تىلشۇناسلىق كەسپى بويىچە 2006 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى مەرەمنىسا ئابدىرېشىت.)

**(2) ئاقسۇ شەھەر ئېگەرچى يېزا شىۋىسىدىن ئەدەبىي پارچىلار**

ئاۋاز بەرگۈچى: ئانارگۈل، ئاقسۇ شەھىرى ئېگەرچى يېزىسىدىن، 38 ياش. ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىگە ئىگە.

### قوشاقلار

ژۇرۇگۇمنى ئوغرى ئالدى خالايىق، راستىنى دەي تىگى قاپتۇ تىگى يوق،
يە: زىمىننى تىترەتكۇدەك چەبدەس ئىدىم، مانا قا:لاڭ پۇت ـ قولۇمنىڭ جىنى يوق.

ژۇرۇگۇمنى ئوغرى ئالدى خالايىق، پۇتمىسەڭلا:① يىرىپ بىرەي كۆكسۇمنى،
ئانا: يۇزلۇك بالا ئىدىم شۇ ئەلەم، زاپىرەڭدەك سىرىق قىلدى ھۆسنۇمنى.

ژۇرۇگۇمنى ئوغرى ئالدى خالايىق، كىمگە ئېتاي بۇ دە:دىمنى ئەمدى مەن،
قۇشۇپ ئا:سا بوماسىمتتى جېنىمنى، بى يولىلا قاماس ئىدىم غەمدىمەن.

ئوغرى دېگەن ئوغرىلايتتى قوي ـ كالا، ئۆيگە كىسە تېشە: ئىدى مورىنى،
كە:سە ئەگەر ئالما ئەنجۇر يېگىسى، باغ ئارىلاپ تاپا: ئىدى شورىنى②.

ئىنساپ دېگەن قاماپتۇ بۇ ئالەمدە، ژۇرەكىنمۇ ئوغرىلىغان نەدە با:؟
ئوغرى ئەمەس ژۇرىگنى ئېپ قاشقان، دەتمەنمىكىن ژۇرىگىنىڭ دەدى با: .

تەشنا ئىدىم سۇ بە: دىسەم نىگارىم، قۇياي دىدى لىۋىم بىلەن تولدۇرۇپ،
لەۋلىرىمنى يىقىپ تۇرۇپ لىۋىگە، ئېلىۋاپتۇ ژۇرۇگۇمنى سۇغۇرۇپ.

ئالما تۇۋىگە ئالما كۆمدۇم، ئالما يا: بولايلى دەپ،
چىن كۆڭلۇمنى سىلىگە بە:دىم، مىھرىبان بولايلى دەپ.

مىھرىباندا ئۆزلىرى، شىرىندا با:دۇ: سۆزلىرى،
بى كۆرۇنۇپ ئىككى كۆرۇنۇپ، كۆڭلۇمنى ئا:غان ئۆزلىرى.

ئىشكىنىڭ ئالدى جۈپ تىرەك، جۈپ تىرەكتە مىڭ پۇتاق،
مەشۇقىغا كۆيمىگەنىنىڭ، ژۇرىكىگە مىڭ پىچاق.

---

① پۇتمەك ـــ ئىشەنمەك.
② شورا ـــ باغ تېمىنىنىڭ ئاستىدىن سۇ ئۆتكۈزىدىغان تۆشۈك.

مىڭ پىچاق چۇشتى ژۈرەككە، بى پىچاقنىڭ زەرى (زەھەر) يوق،
پۈتۈن جاھاننى چۆگىلەپ كە:سەم، ئۆزلىرىگە ئوخشاش ياخشى يوق.

چىڭسەيلىكتە مېڭىپسىز، ماڭغان سىزنىڭ ئىزىڭىز،
ئۆزلىگىمدىن كۆيمەيتتىم، كۆيدۈرۈۋا:غان ئۆزىڭىز.

ئاتقا مىندىم ئىگە:سىز، چاپتى ئىتىم ژۈگەنسىز،
مەن كۆيسەم سىزگە كۆيدۈم، چىرايىمدىن بىلگەنسىز.

ئاتقا مىندىم ئىگە: بىلەن، چاپتى ئىتىم ژۈگەن بىلەن،
مەن كۆيسەم سىزگە كۆيدۈم، گەپ قىمماي ژۈگەن بىلەن.

مىنىڭ ئىككى يايرىم با: ، بىرى گاڭگۈك، بىرى ياڭسۇك①،
گاڭگۈك② بىلەن ئوينايمەن، ياڭسۇك ئا:رىلىپ قا:سۇن.

مىنىڭ ئىككى يايرىم با، بىرى ئالىم بىرى زالىم،
بىرىگە ئانچە مەيلىم يوق، بىرى كۆڭلۈمدىكى يا:رىم.

ئەتتىگەندە نۇر ئەللەم، يارىمىنىڭ قۇلىدا قەلەم،
ھىچ كىشىگە كەممىسۇن، ماڭا كە:گەن دەت ـ ئەلەم.

بۇ يايلاق ئەجەپمۇ يايلاق، ئەجەپمۇ يايلىيا:مىدىم،
يايلىساقمۇ يايلايتتىم، دەتكە پايلىيا:مىدىم.

ئېرىخنىڭ تىگى ئويما، سەن كىلىپ يانا ئويما،
ئەخلى ھۇشىڭىز بو:سا، مىنى دۈشمىنىم ئالدىدا قويما.

بىغىڭغا كىرىۋېلىپ، ئۆرۈك ئىرغىتاي يايرىم،
ناخشامغا قۇشۇۋېلىپ، سىنى ژىغلىتاي يايرىم.

كىتىپ بارىدۇ دەتمەن، ئۆشنىسدە③ يوغان كەتمەن،
دە:دىڭنى ماڭا ئېيتما، مەن سەندىن ئۆتەپ دەتمەن.

تاۋا: كۆينەك ئېپ بىرەي، دۇردۇن كۆينەك ئېپ بىرەي،
ئىچىمدە دە:دىم تولا، يولدا ماڭغاش دەپ بىرەي.

---

① ياڭسۇك ـــ ياسىما ئادەم.
② گاڭگۈك ـــ نوچى، ھەقىقىي ئەر.
③ ئۆشنىسى ـــ مۈرىسى، دولىسى.

باغلىرىڭغا كىرمەيمەن، ئانارىڭنى ئۈزمەيمەن،
ئەمدى ئەخلىمگە كەلدىم، نادان بىلەن ژۈ:مەيمەن.

ئاقىدىكى كاۋىنى، ئېلىپ قويدۇم باراڭغا،
ئەگەشمەيمەن پەندىيات، كۆڭۈل دىگەن ساراڭغا.

باقتا كىرمەك بادام با: ، ئاستا كىرىك ئادەم با:،
ئادەم بىلەن كارىم يوق، باشتا قىلغان ۋەدەم با: .

بىزنىڭ ئۆي شىمال باغدا، با:سىلا تاپالامىلا،
ئىچىدىن قۇلۇپلاغلىق، قول سېلىپ ئاچالامىلا.

باردىم دەريا كەشكىلى، ئولتۇدۇم سۇ ئىشكىلى،
مەخسەت سۇدا ئەمەستى، يار بىلەن كۆرۈشكىلى.

سېرىق ئىشتىڭ يامانىكەن، سېرىق زەنجىردە باغلاپ قوي،
كۆيەك ئۆتى يامانىكەن، كۆيمىسەڭمۇ قا:لاپ قوي.

ئىلىخونىڭ يولىدا، ئەينەك تاختا قولىدا،
مەن جان بە:سەم ئەرزىمەس، سەن يايرىمىنىڭ يولىدا.

ئۆيىڭىز خامان توختا، بەلگىسى قارا قاشتا،
چىداپمۇ تۇرا:مايسىز، ئىمتىشقا ئويىنغان باشتا.

ئاسماندىكى ئايىمسىز، كۆڭلۈمدىكى يايرىمسىز،
بىللە تۇرۇپ تېپىشقان، قىزىل گۈلدەك يايرىمسىز.

كىچىككىنىڭ قارا كۆز، نىمە ئانچە قا:لايسەن،
راس گىپىڭنى ئېتساڭچۇ، سەنمۇ بىزگە يارايسەن.

ئۈزۈن - ئۈزۈن ئاغامچا، يولدا قالسا مەيلىمۇ،
غىرىپ بولغان دوستىڭىز، يىغلاپ قالسا مەيلىمۇ.

بۇلبۇل تولا سايرايدۇ، ئاڭلاڭلا نىمە دەيدۇ،
ھەركىم ھەرنىمە دەيدۇ، دەت كەلمەيدۇ بىلمەيدۇ.

تېمىڭىزنىڭ ئاقىسى دەريادۇ، ئىقىپ بە:سەم كۆرە:سىزمۇ،
ئوتۇڭۇزدا ئۆلۈپ كەتسەم، نامىزىمغا كىلە:سىزمۇ.

ئاق تىكەن ئاپپاق تىكەن، چۆرىسىدە گۈل بارىكەن،
گۈلنى ئېلىپ كۆپكە سالدىم، كۆپتە هاراق بارىكەن.

ئوڭ قۇلۇمغا هاراق ئالدىم، سول قۇلۇمغا سىنچىراق،
سىنچىراقتا كۆيگەندىن، مەشرەپتە كۆيگەن ياخشىراق.

ئىشىك ئالدى بولجا تىرەك، بۇلبۇل ئۇتە:مەس،
يۇپۇرماغى ئالا ـ يېشىل، يامغۇر ئۇتە:مەس.
بى ۋاپاغا كۆڭۈل بە:سەم، قەدرىنى بىلمەس،
ئاغزىغا ناۋات سا:سام تەمىنى بىلمەس.

باققا كىرگىم كىلىدۇ، گۈلنى ئۈزگۈم كىلىدۇ،
گۈل تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، سىزنى كۆ:گۈم كىلىدۇ.

ئىگىز تاققا سىز چىقىڭ، قۇلىڭىزنى مەن تاتاي،
با: ئۇيۇننى سىز ئوينىڭ، دە:دىڭىزنى مەن تاتاي.

ئىگىز ئايۋان، پەس ئايۋان، ئوتتۇرامدۇ تەيتەيخان،
ئۆزلۈگۈمدىن ئازمايتتىم، پەيلى ـ شەيتان ئازدۇ:غان.

باققا كىردىم ئوتقا، ئۆيگە كىردىم چوتقا،
مۇشۇ پىيولىدىكى چاينى تەڭ ئىشمىسەك، ئەتە بارىمىز سوتقا.

دۇتتا: چىلىپ ئولتۇدۇم، خىيالىمغا سەن كەلدىڭ،
دە:دىڭ بو:سا ئېيت يايرىم، مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم.

دۇتتارىمنى ئا:ساڭچۇ، غىرىپ چۆللە:دە چا:ساڭچۇ،
سەن مۇساپىر مەن غىرىپ، مىنى ئاقاڭغا سا:ساڭچۇ.

دۇتتا:نى چىلىپ چىلىپ، تام تۆپىسگە ئېپ قويدۇم،
سىنىڭ قىغان گىپىڭنى، كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم.

سالام خەتنى مەن يازدىم، ئالتۇن ئۈشلۈق قەلەم بىلەن،
مەن سۆزۈمنى تامام قىلدىم، سېغىنىشلىق سالام بىلەن.

خەتنى يازدىم ئولتۇرۇپ، ئاق قەغەزگە تولدۇرۇپ،
خېتىم كەتتى ئۇ ياققا، جاۋاب يازدىم بۇ ياققا.

ئات ئوقۇرغا باغلاغلىق، بىدە يەمۇ سامانمۇ،
باشقىلامۇ ئويناپتۇ، بىز ئويىنساق يامانمۇ.

ئىتىم جەدە، ئىتىم جەدە، ئىتىمنىڭ قۇيرىقى يەدە،
ئويىنغىلى قويماتىڭ، كۆڭلۈم خالىغان يەدە.

سىز چۇشۇمگە كىردىڭىز، ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالىمەن،
سىزدىن ئايرىلغاندا، زار ـ زار ژىغلاپ قالىمەن.

تالاي ژىغلاپ ھەم قاخشاپ، قارغۇ بولغان سالام خەت،
سىزدىن جاۋاپ ئېلىشقا، دەۋەت قىغان سالام خەت.
قاتتىق ـ ژۇمشاق سۆز بىلەن، سىزگە يازغان سالام خەت،
سىزدىن جاۋاپ ئالاماي، غىرىپ بولغان سالام خەت.

زىلۋا ياشلىقتا ئۆتكەن كۈنلە: مەغرۇرلۇق دىللا:غا ئۆچمەس ئىز سالدى،
ئايرىلغاندىغۇ ئەسلەپ قالا:سىز، دوسلۇقنىڭ بى گۈلى سىزدە قالدى.

ھەقىقىي دوسنى كۆ:گەندە، پۇراق چاشقان خاتىرە،
ۋىژدانسىزنى كۆ:گەندە، زەھەر چاشقان خاتىرە.

ناننى ياختىم ئۇچاققا، قىزىرىپ پىشتى ھويپىدە،
سىلىگە تۇتقان بۇ چاينى كۇتۇرۇۋاتسىلا گوپپىدە.

ئىشىگىڭىزگە چاما ئاتتىم، زەنجىرىگە تەگمىسۇن،
ئويلاپ قىلدىم بۇ گەپنى، كۆڭلىڭىزگە كە:مىسۇن.

(يۇقىرىقى ماتېرىيالنى ئاقسۇ شەھرىدىن ئايگۈل ئېيتىپ بەرگەن، ئاپتور ئۆزى توپلاپ رەتلىگەن. 2007 ـ يىلى 1 ـ ئاي.)

**(3) ئاقسۇ ئايكۆل شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچىلار**

ئاۋاز بەرگۈچى: ئايگۈل، ئاقسۇ ئايكۆلدىن، 45 ياش، ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىگە ئىگە.

**تۇرمۇشتىن پارچە**

... ئۆتىۋاتىدۇ ... دادام ... ئۆتىۋاتىدۇ. بەزى ۋاختا سوقۇشۇپ يامانلاپ كېتىدۇ. ئا بالىسىغا چىدىماي يانا ئەكىلىدۇ. ئاش خوتۇن بىلەن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. ئاشتاخ شۇ بوزەك بۇلۇۋاراق ئۆتىدۇ شۇ. ئاش خوتۇندىن تۇغۇلغان بى بالىسى با. ئۇش ياشقا كى:دى. شۇنىداخ ئوماق ئۇ بالا، شۇنىداخ ساق، بەك ئەقىللىق. ھە ... ئۇ بالا شۇنىداخ

يامان، ھەيران قا:غىدەك زادى ئەدەم. گەپكىمۇ دىگەنىنىڭ شۇنداخ پەلى [1] ... راس ئەقىلىلىق چىقىدىكە ئاشنىڭغا قالىغاندا ... ئۆتكەندە كوچىدا كېتىۋاتساق بى ئىككىسى ئۇچرىغانتى. ئۇچراپ ئا ئىنىمنىڭكى گېپىنى قىپ،«ۋاي قانداخ بولدى، ئۇ ... بۇ ... » دېدى. ئەندىن «ئاشتاخ بولدى» دەپ ماڭسام، ئى بالا ئالدىمداراخ ماڭغان،«ما كىمنىڭ بالىسى؟» دەيدۇ، «دادامنىڭ بالىسى» دىسەم، بى كۈلۈپ كىتە ... «دادامنىڭ بالىسى دىگەن قانداخ گەپ» دەپ. «دادامنىڭ بالىسى بوغانكىن» دىسەم، «مېنىڭ ئۇكام دىمەي» دەيدۇ. «دادامنىڭ بوغانكىن، دادامنىڭ بالىسى دىمەيمەنمۇ» دە:مەن. شۇنداخ يامان ئۇ بالا ...

... ئۆزى ئالىمە دەپ، شۇنىڭ بىلە «قانداخ قىسىڭىز قىلىڭ» دىسەم ... ئالدىدا بى خوتۇننى ئامماڭ دىسەم ئۇنىماي ئاغان. ئاپام ئۇلۇپ قېپ، شۇ يىلىنى بەگەندىن كېيىن. ئامماڭ دىسەم ئالىمەن دەپ، «ئاسىڭىز ئېلىڭە !» دىسەم، ئۇ خوتۇن بىلەن ئۇش ئايدەك ئۆي تۇتۇپ ئاجىراشتى. شۇنىڭ بىلە ... ما خوتۇن ئاش بىزنىڭ ئاشخانىدا ئىشلەيدىغان خوتۇنتى. بەش ۋاق ناماز ئۇقۇپ قىلىدىكەندۇق. شۇنىڭ بىلە: «ما خوتۇننى ئالاي دىگەن» دېدى. «ئالاي دىسىڭىز ئېلىڭ» دىسەم، چوڭ ئاپامۇ ئەندىن «ئالاي دىسلە ئاسلا ئەمدى، بەش ۋاق ئۇقۇيدىكەن» دەپ قېپتى. دادامغا تىگىپ بوغىچە خېلى جىم يۈگەن، شۇ توي قىلا:غا يېقىن، «ۋۇي، مىشەدىلامىكىن ماندا خ بى تۆت ئەدەمنى قىشقىرىپ نىكاھ قىپ ئەكەتسىلە بولىدۇ» دىدى، دەۋاتىتتى. ھە دەپ قىساق، ھەپتە قاغاندا ئەشەدىن كۆچۈرۈپ ئەكىلىدىكەنىمىز دەپ ... ئەمدى قانداق قىلامىز دەپ قىسام، ئاكامغا: «سەن بالىنىڭ چوڭى بوغاندىكىن، كارىڭ يوق مەن توي قىلىمەن دىسەم» دەپتىكەن، «ۋاي دادا، نىمىش قىساخ بولىتى، نىم لازىم؟» دەپتىكەن. «ماڭ، ئاش قويدىن بىنى ئەكەل !» دەپتۇ. دەپتىكە، شۇنىڭ بىلە بەش يۈز كويغا قويدىن بىنى ئېپتۇ. ما تۈگەپ كەتكەن ئىنىمغا: «سەن نىم ئېپ بېرىسە ئەمدى؟ توي قىلاي دىگەن مەن» دەپتىكەن. «ۋاي نىمىڭىزنى قىپ بېرىمە؟» دىسە، «گۆرۈش بىلە ياغنى ئېپ بە.» دەپ، شۇ گۆرۈش بىلە ياغ ئېپ بىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلە بى كۆنى، بىزنىڭ خەۋىرىمىز يوق، قا:غان ئالتۇن زەنجىر ئېپتۇ، ئۈزۈك ئېپتۇ، ھالقا ئېپتۇ، بىر چامدان ئوتتۇرا كىيىم ئېپتۇ. بىي ئىككى كۆينەك، ياغلىق دىگەندەك بىمىلىنى ... بى كۈنى كە:سەم، قېنى دىسەم، ئاشە:گە تويلۇقنى ئاپىرىپ بە:گىلى كەتتى دەيدۇ. ۋاي خۇدايىم دىسەم، ئىنىم: «ۋاي ئاكامغا بى قوي ئالدۇ:دى، ماڭا يۈز كىلو گۆرۈش ئالدۇ:دى، 20 كىلو ياغ بىلە» دەيدۇ. «قېرى خوتۇننىڭ تويىغا 20 كىلو ياغ ... 100 كىلو گۆرۈش كىتەمدىكە؟ 50 كىلو ئېپ بە:سەڭ بومامدۇ» دىسەم، «100 كىلو ئېپ بە: دەپتى، 100 كىلو ئېپ بە:دىم» دەپ ... شۇنىڭ بىلە دادام: «سەن ئەتە باللىنىڭ چوڭى بو:غانكىن، داسقاننى يوغاراخ قىپ يۆگەپ كەل، مەن توي قىلاي دەپ قالدىم ھازىر، دادا قانداق قىلدىڭ دەپ گەپمۇ سورىمايسە، مەندىن؟» دەيدۇ. «ۋاي مەن ئۇخماپتىمەن، ئومدان بوپتۇ.» دىسەم، ئاكام: «500 كويغا قويدىن بى:نى ئېپ بە:دىم قا:لا، ئىنىمغا گۆرۈش بىلە ياغ ئېپ بە دەپتىكە، 100 كىلو گۆرۈش بىلە 20 كىلو ياغ ئېپ بىرىپتۇ، ئا يە:گە بىرىپ ھېلىقى يەل – يېمىش، ئۇتۇن – يۇ بىنىمىلە دىگەندەك، پۇل بە:سىلە بولىتى دەپ قېپتى، 500 كوي بىرىلى دەپ، 500 كوي بە:دىم.» دەيدۇ ... «ۋاي بۇ قېرى خوتۇننىڭ تويى خېلى توختاپتۇ

[1] پەلى — ياخشى، نوچى.

ئەمسە، نىمىشقا بە:دىڭ 500 كويى بە: دىسە؟ ... بى 300 كوي بە:سەڭ بومامتى، جىق كېتىپتۇ 500 كوي» دىسەم، «بوپتۇ ئۇكام، ئەمدى دادامنىڭ كۆڭلى» دىدى.

ئەتىسى داسقىنىمنى يۆگەپ، بىر كىيىملىك سارجى با:كە، سېپ كە:سەم، ** [①]: «نەگە بارىسىز؟» دەيدۇ. «دادامغا خوتۇن ئېپ بە:گىلى.» دىسەم، «مەن با:مايمە، قېيناتامغا خۇتۇن ئېپ بېرىمە دەپ بارىمەنما، مەن؟» دەيدۇ، «ۋاي ماڭ !» دىسەم، «ياخ، مەن با:مايمەن.» دەپ. دادام: «با:مامسىز؟» دەپتى، «ياخ، مەن با:ماي، ئىشىم باتى مېنىڭ» دەپ قېپ قالدى. شۇنىڭ بىلە بى ئۆزىمىزنىڭ ماشىنىسى، يەنە بى يوغان بىر ئاپتۇز، خوشنىمىزنىڭ بالىسى ئاپتۇز ھەيدەيتى، شۇ خوشنىلىرىمىز ـ يۇ قۇدىلىرىمىز چىقتى. شۇنىڭ بىلە با:دۇق.

ئاش ئاقسۇ ئاۋاتىنىڭكى بىر ياندىراخ بېشىرىق دەپ بى يە: ۋا، شۇ بېشىرىقنىڭكى ئاش ئاۋاتنىڭ قولتۇقىداراخ بى يە:دىكەن ئۆيى، بېشىرىقتىن ئۆتىدىكەنمىز. شۇنىڭ بىلە بىز بېرىپ بو:غىچە پولونى پۇشۇرۇپ يوغان داشقازاندا، يېپ قۇيۇپتۇ پولونىڭ تۆپىنى، ئوتمۇ يوق ئوچاقتا. مۇنداق قا:لىسام، شۇ سۇيقاشنىڭ دىگەننىڭ سۇيىنى قايىنتىپ، مايلام ئۇ سۇيقاش ... .شۇنىڭ بىلە ئۆيگە باشلىدى. يەل ـ يىمىش بىيمىلىنى ئەكىردى. يوغان بى ئۆيدە لىق ئەدەم با، شۇنىڭ بىلە خوشنىلىرىمىز: «ۋىيەي، ھەجەپ بەلەن بى تاۋۇز ـ قوغۇن تىلىپتۇ» دەيدۇ. «يەڭلا، بىزنىڭ پۇلىمىزغا كە:گەن قوغۇن ـ تاۋۇز بۇ.» دىسەم كۇلۇپ ... چوڭ ئاپام باش بۇلۇپ با:دى ئەمدى. ئاپام بىرلا قىز بوغانكى، دادام ئىچ كۇيوغۇل بوپ كىرىپتىكە شۇ ئۆيگىچۇ، شۇ باش بوپ باغاندىكى ...

بىۋاخ ئۆتكەندىكىن سۇيقۇچىنى ئەكىردى، سۇيقۇچىنى ئىچىشتى. شۇنىڭ بىلە كەيىندىن ما قۇيىدىغان بىينىملىنى دەپ، ئىككى يوتقان، ئىككى كۆپە، تۆت ياستۇق، چايدان، چىنە، بى ساندۇق بىنە:سە قىپتۇ. شۇنىڭ بىلە باللىنى، ئا سىڭلىمنىڭ ئە:لىرى ياتى، يۇك بېسىڭلا باللا دەپ باسۇرۇۋېتىپ ... ئايالدىن چىققان ئاشتاخ تا:تىدىغان نە:سە با: ئەمەسمۇ. ئۇ خۇتۇننىڭ تۆتىنچى ئىرىمىكى دادام، بەشىنچى ئىرىمىكى، ئاشتاخ. تۇلا ئە:گە تەككەن خۇتۇن ئۇ. شۇنىڭ بىلە باسۇرۇۋېتىپ قىساق، قا:غانلا ناماز ئۇقۇيمىز دەپ نامازغا قوپتى. ھويلىغا چىقىپ ماندا ئولتۇسام، ھېلىقى گۆشنى (ئۇتتۇرىكە ئاشخانا ئۆي) ماشتاخ ـ ماشتاخ پا:چىلاۋاتىدۇ. دادامنۇ با: ئۇ گۆش پاچىلىغان يە:دە. بىدەم ئولتۇرۇپ يىقىپ كىرسەم، ئاشۇ ئادەتتە بى مانداخ مىمانغىمۇ ئۇنىڭدىن يوغا:راخ باسمىز، ھېلىقى گۆشنىڭ ـ زە قۇۋۇرغىلىرىنى پا:چىلىغىلى تۇرۇپتۇ. «نىمىگە پاچىلىۋاتىسىلە؟» دىسەم، «مۇشۇنى ئىشۇ كە:گەنلىگە باسساق بۇلا:مۇ؟ ئەمدى، ئا چوڭ لىگەنگە ما قۇ:رۇقلىرىنى يوتىنى باسساق، قا:غانلىغا مۇشتاخ پا:چىلىدۇق.» دەيدۇ. «بۇ كىچىك بوپ قاپتۇ، نە:لىدىن كەلدى، بۇ يات خەق ئەمەس، ھەممىسى قۇدىلىرىمىز. بۇنچە گۆشنى ئاشۇرۇپ قېپ نىم قىلىسىلە؟ بېسىڭلا يوغان ـ يوغان قىلىپ» دىسەم، دادام ماڭا قا:لايدۇ. شۇنىڭ بىلە: «يوغان ـ يوغان پا:چىلاڭلا، ھەر ئىككىنى بى قىلىپ بېسىڭلا، بۇ گۆشنى خەقنىڭ ئالدىغا ئەكىرگىلى بوممايدۇ لىگەنگە بېسىپ» دەپ. شۇنىڭ بىلە گۆشنى پا:چىلىتىپ، ھەممە لىگەنگە ئاشنى ئۇستۇرۇپ، گۆشنى باستۇرۇپ، ئاشنى كىرگۇزۇۋېتىپ ئۆيگە، كەيىندىن

① ئوچۇق يېزىش ئەپسىز بولغانلىقتىن، ئادەم ئىسمىنىڭ ئورنىغا قويۇلغان بەلگە.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىرسەم، چوڭ ئاپام: «نەگە با:دىڭىز بالام؟» دەيدۇ. «نەگە بارىتتىم، قازاننىڭ بېشىغا چىقىپ، گۆشنى پا:چىلىتىپ، ئاشنى ئۇستۇرۇپ كىردىم.» دىسەم، «يائالللا !» دەيدۇ. «دادام مۇشتاخ قىغىلى تۇرۇپتۇ» دىسەم، «دادىڭىزنى ـ زە ... ئاشۇ، نىم قىلىدىكە ئۇ خەق، يوغان بى قوينى ئېپ بە:سە» دەيدۇ. «دادام مۇشتاخ باسساڭلا بۇلىدۇ» دەپ پارىلاتقىلى تۇرۇپتۇ، دىسەم ... دادامغا ھىچقا:سى گەپ قىلا:مايدۇ ئۆيدە، قوقىدۇ ھەممىسى.

شۇنىڭ بىلە تويدىن كۇچۇرۇپ ئەكىپ، بىزنىڭ چوڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كىلىپ، «ما ئۆيگە چۇشمىزمۇ» دەيدۇ، ئۇ دادامنىڭ خۇتۇنى. شۇنىڭ بىلە شوپۇر بالىغا «بۇ يە:گە چۇشۇ:مەي، ئاش ئۆيگىلا ئاپىرۋېتىڭلا، تۇتىدىغان ئۇيى بو:غانكىن، ئا يە:دە» دىسەم، ئەكەتتى. دادامنىڭ ئىشلەيدىغان ئورنىدىن ئاپام با ۋاقتىمدا پىڭپاڭ ئۆي با:تى. ئاپام ئۇلۇپ قا:غاندىن كېيىن لۇفاڭ ئۆي بە:گەن ئۇچۇنچى قەۋەتتىن. بى يەتمىش نەچچە پىڭپاڭ ئۆيى با، ئىككى ياتاق، بى مىمانخانا، ئىككى تەرەپ لىياڭتەي، خېلى يۇغان ئۆيى با. شۇنىڭ بىلە ئەكەتتى. ئەكىتىپ بى ئالتە كۇنمۇ، يەتتە كۇنمۇ بو:غاندا، چۇش ۋاخ تاماق يەيلى دەپ ئولتۇسام، تىلپۇن بىرىپتۇ. «نىم بولدى؟» دەپ تىلپۇننى ئاسام، «ۋاي ئىشتىك كەل، ما جىدەل چىكەتتى ھازىر» دەپ، يىغا ـ زارە ئاڭلىنىۋاتىدۇ، قۇيىۋەتتى تىلپۇننى. «ۋاي **، ئۆيدە ئىش چىقىپتۇ» دىسەم، «نىمىش چىققاندۇ؟» دەپ، قا:غانلا تاماق يەپ قېپ قالدى. با:سام، ئۆيىنىڭ ئىچى يىغا ـ زارە، ئۆينى بېشىغا كىيىپتۇ. «نىم بولدى؟» دىسەم، دادام ھېلىقى خۇتۇنىغىزە بەك كۆيۇپ كېتىپ، «ئاش يەي دىگەن» دەپتىكە، قازاننىڭ بېشىغا بېرىپ ئازراق سېپتۇ ھېلىقى قازان بېشىدا تۇ:غان ئايال ئاشنى. ئوتتۇرا تەخسە سا:سا، «جىخراق سېلىڭ تويمايدۇ» دەپ سا:غۇزۇپ، بى تەخسە ئاشنى ئەچىقىپ بېرىپتۇ، ئىككى زىخ كاۋاپ بىلە. خۇتۇنىغا ئەچىقىپ بېرىپتىكە. شۇنىڭ بىلە ئولتۇسا، دادام ئاشنى ئەچىقىپ قۇيۇپلا تالاغا چىقىپ كېتىپتۇ. چىكەتسە، «ئازراق سامماي بۇ ئاشنى، قانداخ يەپ بۇلىتتۇمكى» دەپتىكە، سىڭلىمنىڭ ئاچچىغى كىلىپ: «بۇ ئازراخ يەيدىغان ئەدەم ئۇزىڭىز سا:غۇزسىڭىز بوممامدۇ قازان بېشىغا چىقىپ، دادامغا ئاش سالدۇرۇپ بەسلە دىگىچە» دەپتىكە، شۇنىڭ بىلە بۇتناپ، ئاشنى يىمەي قۇپ قۇيۇپ چىقكېتىپتۇ. چىكىتىپ شۇنىڭ بىلە بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ساق مايېرىدە خۇيى تۇتۇپ ئولتۇرۇپتىكە بۇ خۇتۇن، دادام كەينىدىن كىرىپ، «نىم بولدى، نىم بولدى؟» دىسە، ئەندىن «مېنى مۇشتاخ دىدى» دەپتۇ. دىگەندىكىن، چىقىپ ئا سىڭلىمنى تىللاپتۇ: «سېنىڭ نىم كارىڭ، سەن نىمىشقا گەپ قىلىسە؟» دەپ. دىگەندىكىن ئا ئىنىم: «دادا ئۇز ۋاختىدا ئاپامغىمۇ بىر پىيالە چاي قۇزمايتتىڭىز ئالدىغا، 40 يىل ئۆي تۇتقان خۇتۇنىغا. بۇ خۇتۇنىغا نىمانچە قىلىسىز؟ ئاشخانا بو:غانكىن ئۇزى سېپ يىسە بوممامدۇ؟ جىق يەمدۇ، ئاز يەمدۇ، بۇ يە:دە ئاشنى سا:غۇزۇپ بەسىڭىز غۇدۇرلىسا بۇ خۇتۇن، ئا ئىككى زىخ كاۋاپىتىمۇ تۇيۇپ قا:غاندۇ !» دىسە، دادام: «سېنىڭ نىم چاتىغىڭ گۇي، ئەمدى سەن قوپتۇڭمۇ !» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلە ئۇ بىنىمە دەپتۇ، بوپتۇ جىدەل ... مۇشتاخ بولدى دەيدۇ. «گەپ قىمىساڭ بوممامدۇ باللا؟ ھە؟ جىق يەمدۇ، ئاز يەمدۇ نىم كارىڭ؟» دەپ ئۇ باللىغا سۆزلەپ بىرە قۇر، ھېلىقى تۇتقان ئۆيىگە چىقسام يوق. ئۆيگە تىلپۇن بە:سەم ئۆيدىمۇ ئەدەم يوق. شۇنىڭ بىلە بى ۋاخ بو:غاندا، تىلپۇن بە:سەم ئۆيدىن تىلپۇننى ئالدى. «ئۆيدە با:مۇ؟» دىسەم، «با:» دەيدۇ، «ھازىر باراي» دەپ با:سام، ئىككىلىسى باكە. «نىم بولدى بۇگۇن؟» دىسەم، «ۋاي قا:لىسلا،

دادىلىرىغا ئاش يەيمەنمۇ دىمىگەن. بى تەخسە ئاش سالدۇرۇپتىكە، ‹ئەجەپ جىق سالدۇرۋېتىپتۇ، ئازراخ يەيتتىم ئاشنى› دىسەم، ** ‹ئاز يەيدىغان ئەدەم ئۆزلىرى سېپ يىسىلە بوممامتى؟ قازان بېشىغا چىقىپ› دەپ ئاشتاخ دەپتى، ئاچچىغىم كېلىپ، ئاشمۇ يمەي يېنىپ چىققان. يېنىپ چىقسام دادىلىرى ئا:قامدىن چىقىپ، ‹نىم بولدى نىم بولدى؟› دەيدۇ، ‹مۇشتاخ دىگەنتىم› دىسەم، ‹چىخماڭلا› دىسەم ئۇنىماي، چىقىپ مۇشتاخ باللىغا ۋاقىراپتۇ» دەپ ئاشتاخ دەيدۇ.

«ماڭا قا:لىسىلا، سىلى بۇرۇن ئىشلىگەن ئاشخانا ئاشۇ شۇ، سىلىگە بىز ما ئۆيىنى ئۆي دەپ تۇتۇپ بە:گەن، سىلى ئوڭ ئىتىۋ يەملا، سول ئىتىۋ يەملا، ما ئۆيدە ئىتىۋ يىسىلە. نىم دەپ باللى بىلەن دادامنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىلا سىلە؟ هە؟ ئۇنىڭ ئۇنچىلىك دەپ قويغىنىغا نىم بولىدۇ؟ ئۆزلىرى سېپ يىسىلە بومامدۇ، يە بۇلىۋتىپ يىسىلە ئۇ ئاشنى، ئاشنىڭغا يامانلاپ چىكەتتىلىما؟ نىمانداخ تاۋى نازۇك سىلە؟ دادامىمۇ با: ، بۇندىن كېيىن ما دادام بىلەن باللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا جىدەل تېرىمىسىلا، مىشەدە دەپ قۇياي، هە؟» دادامىمۇ ئولتۇرۇپتۇ، «بۇندىن كېيىن يەنە جىدەل تېرىپ خاپىلىق بۇپ قا:سا مەن خاپا بوپ قالىمە سىلىدىن، يامانلاپ كەتسىلە ئالدىلىرىغا با:غىلى ئەدەم يوق، مەن ئېنىق دەپ قۇياي» دىسەم، «ئەمدى ... ياقەي» دەيدۇ. دادام گەپ قىممىدى. دادام مەن خېلى گەپ قىسامىمۇ جىم ئولتۇرىدۇ، كىچىكىمىدىن تاتىپ مەن نىم دىسەم دىگىنىم دىگەن. دادامىمۇ جىم بوپ قالدى. «دادا، بۇ قىغىنىڭىز توغرا بومماپتۇ، ما خۇتۇنىڭىز يامانلاپ چىكەتكەن تەغدىردىمۇ، باللىنىڭ گىپىمۇ خاتا بومماپتۇ. ئۆزلىرى چىقىپ يىسىلە بومامدۇ دىگەن گەپنىڭ نەرى خاتا؟ بۇندىن كېيىن باللىغا ئۇنداخ پوزىسيەدە بومماڭ سىز، باللا ئۆچ بوپ قالىدۇ سىزگە.» دەپ دادامغا بىرە: قۇر گەپ قىسسام، دادام ئۆزىمۇ جىم بۇپ قېپ، «خاتا قىغىنىمنى هىس قىلدىم ئۆيگە كېلىپ» دىدى. دىگەنىدىكىن، «ما بىر ئومدان ئۆينى تۇتۇپ بە:دۇق، ئاپامنىڭ ئا قىرىخ يىل تۇتقان ئۆيى، بىر كويزا بىر قۇشۇقنى يۆتكىمىدۇخ ما ئۆيدىن ... هەممە نىمە با. ما ئۆيگە گۆش ئېپ قۇيۇڭلا، ئۇن ـ ياغ هەممىنى تەل قىپ قۇيۇڭلا، ئۆيدە ئىتىپ يەڭلا تاماقنى. ئاشخانىغا با:غىڭلا كەسىمۇ ئىككى ـ ئۇش كۈندە بى بىرىڭلا. با:ماڭلا ئەمەس، لېكىن بېرىپ ما زىددىيەت پەيدا قىمماڭلا، باللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا.» دىسەم، دادام: «توغرا گەپ قىلدىڭ، ماقۇل» دىدى. قەتتى ياخ دىمەيدۇ. شۇنىڭ بىلە يېنىپ كېلىپ ئارىلىختا بى مەزگىل ئۆتتى. ئۇتۇپ، «ۋۇي ئوڭشىلىپ قالدى، ئۇ بۇ دەپ ... » دە:دى بو:سا ماڭا دەيدۇ.

شۇ ئىۋۇ ئەتىيازدىراخ ئەتىگەندىلا كىپتۇ ئۆيگە، ئىشىكتىن ناھايتى غېرىپ كىردى، چىرايىدىن ئەشۇ ... ژىغا كۆزىدىن ئەگىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلە: «ۋاي كىلىڭ، ئەتىگەندە كىپسىز» دەپ چاي دەملىدىم. چاينى قۇزۇپ بولۇپ، «نىم بولدى، نىم ئەتىگەندە كەلدىڭىز» دىسەم، «ئا خۇتۇننىڭ تۇقفانلىرى كىپتۇ. كىپتىكە، شۇنىڭ بىلەن بى ... » ئا دادامنىڭ بالىسىمۇ ئىنىنتايىن يامان بالا، يەنە بىر تۇققىنىنىڭ سىڭلىسىنىڭ قىزى، يەنە بىر بالا ئۇش ـ تۆت ئۇششاق بالا ئۆيدە گۇپپۇر ـ گۇپپۇر پاراڭ سېپ، چىقىراپ قىغان ئوخشايدۇ، قىغانكى: «ۋاي باللا بوشراخ پاراڭ سا:غىنا، ماڭ، ئى ئۆيگە كىرىپ ئوينا.» دىگەنمۇ، شۇنىڭ بىلە بۇ خۇتۇن خاپا بۇپ كېتىپتۇ، بالىغا ۋاقىرامدىغان دەپ قېينانىسى. خاپ بوپ «بىز كىتىلى» دەپ ئەتىسى ماڭغاندىكىن، شۇ ئاپىسىنى يولغا سېلىۋېتىپ،



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سۆزلەپ، ئەينىگە چىكەتسە ئەينىگە چىقىپ تىللاپتۇ، مەينىگە چىكەتسە مەينىگە چىقىپ تىللاپتۇ. دىمىگەن گىپى قامماي ئۇ خۇتۇننىڭ. ئاخشىمى جىدىلى تۇگىمەي، گەپ تە:گىيدىغان خۇتۇنكە ئۇ. ئەتىگەندىمۇ گەپنى تە:گەپ سۆزلەپ قىپتىكە، مېنىڭ قېشىمغا دەت ئېيتقىلى كەپتۇ ئەتىگەندىلام. شۇنىڭ بىلە: «ئاشتا: دىدىمۇ؟» دىسەم، «هە، دىدى» دەيدۇ. «خاپا بومماڭ سىز، ئا خۇتۇنغا كۇرۇنمەي چوڭ ئۆيگە بېرىپ تۇرۇڭ، ئاشخانىغا» دىسەم، ماقۇل دەپ كەتتى. «بېرىپ ئا خۇتۇننىڭ گېپىنى بىر تىڭشاپ باقىلى» دەپ يېقىن با:ساق، سىڭلىم تىلپۇن قىپتۇ، «ئاچۇي، نەدە سەن؟» دەپ. «يېقىن كەلدىم» دىسەم، «هە» دەپ، «بىز چىكىتىلى ئەمسە، بۇ ئىشقا ئارىلاشقۇممۇ يوق. نىم ئىش بو:سا سىنى تاپىدىكە، دادام يوغان بى ئە:كىشى بو:غانكىن ‹تىللىدى، ئۇنى دىدى، بۇنى دىدى› دەپ سېنىڭ بېشىڭنى ئاغرىتقىچە، ئۆزى تۇگەتسە بومامدۇ ئۆيدە؟» دەپ ئاشتاخ دىدى. ئەندىن «دادام ئەتىگەن بىرىپتىكەن، ئۇكام، ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئا ئاتمىش نەچچىگە كىرگەن ئەدەم تۇ:سا. ئىككى مىڭ كوي مائاشى با ئەدەمنى نىم دەپ تىللاپ خارلايدۇ بۇ خۇتۇن؟» دەپ. با:سام، با:كەن. هەرگىز كىرىپلام ناهەق سۆزلىمەيمەن. شۇنىڭ بىلە: «نىم بولدى، نىم دىيىشتىڭلا، گەپنى بى ئاڭلاپ باقاي» دىسەم، «ۋاي قا:لىسىلا، ئاپام كىپتىكە، سىڭلىم كىپتىكە ئىرى بىلەن باللىرىنى ئېلىپ، مۇشتاخ مۇشتاخ بولدى. دادىلىرى با:سا دىگەننىڭ پۇت گۆش قۇيىدۇ، ۋاي كۇيوغلىمىز كىپتۇ دەپ، مۇشتاخ قىلىدۇ. بۇ ئۆيگە كە:سە كارىمۇ يوق دادىلىرىنىڭ.» دەپ دىگەننىڭ قا: ـ يامغۇ: سۆزلەپلام كەتتى. سۆزلەپ كىتىۋىدى، ما يەڭگەم بىلەن چوڭ ئاپاممۇ با، شۇنىڭ بىلە ئىككىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «ۋاي خاپا بومىسىلا، خاپا بومىسىلا، بىز تەربىي قىلىلى» دىگىلى تۇ:دى. شۇنىڭ بىلە: «سىلە خاپا بومىسىلا دىمەڭلا، نىم دەپ خاپا بومىسىلا دەيسىلە؟ ما مېنىڭ گېپىمنى بى ئاڭلاپ ئاندىن بىيمە دەڭلا، سىلە» دەپ، شۇنىڭ بىلە پۇتۇن دىگەنلىرىنى دوۋلى قىپ تىزىپ قويدۇم ئالدىغا، بىمۇ بى ... «ماشتا ماشتا دەپلىيا سىلە هە؟ نىم دەپ هاقارەت قىلىلا دادامنى؟ نىم هەققىلىرى با دادامنى هاقارەتلەيدىغان؟ دادام دىگەن ئاتمىش نەچچىگە كىرگەن ئەدەم تۇ:سا، گەپلىرىنى كۇتۇرەمدۇ؟ گەپلىرى بوسا ماڭا دىسىلە بومامدۇ؟ سىلى بى يە:دىن بەش مۇچەن تاپتىلىمۇ دادامنى هاقارەتلەيدىغانغا؟ دادامنىڭ تېپ بە:گەن پۇلىغا تۇققانلىرىنى مىمان قىلىۋاتىلا، ئايدا تۆتمۇ كىلىدۇ، بەشمۇ كىلىدۇ، كىچىكىنام ئۆيگە. شۇنچە قىپ بەگىنىگە رازى بومماي خاپا بولۇۋاتاملا دادامدىن؟ قا:سى بى ئە:لىرى دادامدەك قىپ باققان؟ هە؟ مېنىڭ دادام دىگەن پۇت گۆش يىمىگەن ئەدەم ئەمەس ئۇ، گۆش دىگەن ئاشخانىدا جىق، كۆ:لىغۇ، يەي دىسە؟ ... » دىسەم، شۇنىڭ بىلە ئىككىسى جىم ئولتۇدى. «بۇنۇڭدىن كېيىن دادامنى ئەمدى تىللىغۇچى بومىسىلا سىلە، ئەمدى مەن ئاڭلاپ قا:ماي دادامنى تىللىغان گەپنى» دەپ قىسام، «ماقۇل» دەپ قېپ قا:غان. «ما خۇتۇن نىمانداخ قىلىدۇ ئەدەمنىڭ قۇسىغىنى كۆپۈرۈپ» دەپ يەڭگەم ... شۇنىڭ بىلە، «تۆنۇگۇن هەجەپ گەپ قىمىسام، خاپا بومىسىلا دەۋەدىڭلا ئىككىڭلا بى ۋولۇپ بۇ خۇتۇنغا، ئەسلى خاپا بومىسىلا دىمەيدىغان» دەپ تۇ:سام، ئارىلىختا بى، بى ئايدەك ئۆتكەندە، ئۆيدە تۇ:سام تىلپۇن قىپتۇ دادام، «كىلەمسە؟» دەپ، «نىمىش بولدى؟» دىسەم، «ما خۇتۇن بىلە بىنىمە دىيىشىپ قا:غان. بۇ ساراڭ ئۆيدە قا:غان» دەپ. شۇنىڭ بىلە «ماقۇل، مەن هېلىراق باراي» دەپ، چۈشتىن كېيىنراق كەلدىم ئۆيگە. كىلىپ شۇنىڭ بىلە: «نىمىش بولدى؟»

دىسەم، ئۇرۇشۇپ قېپتۇ، ھېچبىر گەپتىن گەپ يوقلا. شۇنىڭ بىلە ... نېمىش بوپتۇ، بى ئايلىق بىلەنلا ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. ئۇرۇشۇپ قاغانكىن سۆزلەۋېرىپتۇ. ئەتتىگىنىسى مانداخ بى دەنشىگۈينىڭ چۆتۈيسىدە ① پۇل با:كەن، سىڭلىمغا پۇل سالىمە دەپ ئېلىپ، بەش يۈز كوينى ئا:رىپ، قا:غان پۇلنى ماشتاخلا سېپ قويۇپ، تاقاپ بو:غىچىلىك بو:غان ئارىلىقتا ياشلىنىپ كېتىپ ھېلىقى جىدەل، تاقاشقا ئۇلگۈرمەپتۇ بۇ دادام. ئۇلگۈرمىگەندىكىن چۆتۈينى ماشتاخ ئېتىپ ئولتۇرۇپ تىللاۋېرىپتۇ كەشكىچە. تىللاۋە:گەنكىن، «ھېلى قوپسا چۆتۈينى تاقىۋىتەي» دىسە قوپماپتۇ بۇ خوتۇن. قوپماي، دادامنى تازا تىللاپ بولۇپ، پۇلنى ئېلىۋاپتۇ، «مەنمۇ خەجلەپ باقاي ما پۇلنى» دەپ ... بۇ جىدەل قاندا چىقىپتۇ دىسە، ھېلىقى ئۇش ياشلىق بالىغا «سەن بىيىەدىن زىمىن ئېپ قويمۇدۇڭ، تاپقان پۇلۇڭنى قىزىڭغا تىقتىڭ، ماۋۇ سېنىڭ بالاڭ ئەمەسمۇ؟ سېنىڭدىن كېيىن قا:غاندا، بالاڭغا ھېچنىمە قويمايدۇ قىزلىرىڭ، بۇنى مەن قاندا باقىمەن» دىمەكچىكەن ئۇ خوتۇن. ئەسلىيەتتە دادام ئايدا يۈز كوي پۇل بىرىدىكە مەخسۇس بانكىغا سېلىشقا، «ھازىر كىچىك بوغاندىكىن مۇشۇ پۇلنى يىغىپ قويساڭ كېيىن يېتىدۇ» دەپ ھەر ئايدا يۈز كوي پۇل بىرىدىكە مائاشىدىن ئاجرىتىپ. شۇنىڭ بىلە تىللاپ ئۇ خوتۇن شۇ يوقىغانچە يوقاپ كېتىپتۇ. دادام گەپكە پايلىماي چوڭ ئۆيگە يىنىپ كەپتۇ. كېلىپ ماڭا تىلپۇن بىرىپتۇ. «قانچە پۇلتى؟» دىسەم، «ئىككى مىڭ نەچچە يۈز كويمىكى، ئىككى ئايلىق مائاشىمتى. بەش يۈز كوينى ئا:غان، قا:غىنى با:تى» دەيدۇ. «دادا، سىز دىگەنىنىڭ ئا بى ئايدا بى مىڭ سەككىز يۈز كويدىن جىنخراق مائاش ئالىدىغان تۇ:سىڭىز. يە سىلىنىڭ بى چىقىمىڭلا يوممىسا. بەش يۈز كوينى ئا:رىسىڭىز، ئۇش مىڭ كويدەك پۇلكە دەڭە ئۇ!» دىسەم، «سوندامىكى، ساناپ باقماپتىمە. خېلى جىخ پۇلتى ئۇ» دەپ. ئۆيگە تىلپۇن قىساق يوق ئۇ خوتۇن، «كەتكەن ئوخشىمامدۇ، تىلپۇن قىسام يوق» دىسەم، «ئۆيگە بېرىپ باقاي مەن» دەپ كىتىپ بارىتى، بى ۋاختىدا كەلدى. «پۇل يوق تۇرىدۇ چۆتۈيدا، ئۆزىمۇ يوق، كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ. «بوپتۇ، كەتسە كىتىۋە:سۇن، سىز تىلپۇنمۇ قىلماڭ. ئەكىلىمەن دەپ ئالدىغىمۇ با:ماڭ، يېتىپ تۇ:سۇن. ئۇيىدىن يا ئاكىسى كىلىدۇ، يا ئاپىسى كىلىدۇ، ئەكىلىدۇ بى كۈن. ئەكە:گەندە مەن دەيدىغىنىمنى دەپ، شۇ ۋاختا مەن دېيىشەي. سىز ئالدىغا با:ماڭ دادا»، دىسەم ماقۇل دىدى. دەپ بى ھەپتە ئۆتكىچە چىدىدى.

بى ھەپتە ئۆتكەندىكىن ئۆزىچە «ئاشۇ، خوتۇننى قاندا قىسام بولا؟» دەيدۇ، «قاندا قىلاي دەيسىز؟» دىسەم، «بارايمۇ يا؟» دەيدۇ. «با:ماي تۇرۇڭ دادۇي، ھازىر كەتكىلى سەككىز كۈن بوپتۇ. ئون كۈن چىدىسىڭىز يە ئاپىسى ئەكىلىدۇ، يە ئاكىسى ئەكىلىدۇ. بۇ خوتۇن ھازىر ئىككى يىل بولدى يېت بو:سا، ئارماندىن چۆچۈر ئەكىپلا ئۆزىتىۋاتىدۇ ئىككى يىلنىڭ ياقى. ھېچقانداق بى ... چاينى بى ئۆزى قايىنتىپ قۇژامىدىكى، بو:مىسا ئۆزى بى تاماق ئەتكىلىمۇ خوش ياقمايدۇ بۇ خوتۇنغا. يا كىرىڭىزنى يۇغىلى خوش ياقمىسا» ... ئۇڭغىچە سىڭلىم بى بوغچىما كىرنى كۆتۈرۈپ ئەكەپتۇ، كىرنى يۇيۇپ دەزماللاپ ئەكىپتۇ ھەممىسىنى. شۇنىڭ بىلە دىسەم ھە دەۋاتىتتى، ئون ئىككى كۈن بو:غاندا، ما يەڭگەم تىلپۇن قىپتۇ، كەش بوغاندا: «دادام ئون نەچچى كۈن بولدى ئۇ خوتۇن كەتكىلى.

① چۆتۈي — ئۇستەلنىڭ تارتمىسى. خەنزۇچىدىكى «抽屉» دىن كەلگەن.

تىلپۇنمۇ قىممىدى، بالىنى بەك كۆ:گۇم كىپ كەتتى، دەپ ئاشتا دەيدۇ. مىنىڭچە بو:غاندا بىرىپ ئەكىۋا:سا بولامۇ؟ دادامنۇ يالغۇز ئۆيدە، ئۇ، بۇ» دەيدۇ. «ۋاي ئەكىۋاسۇن. مەن ئەكەممىسۇن دىمىدىم، بى ياخشىلا ئۆتسە بومىدىمۇ، ئۇرۇش ـ جىدەل قىغىچى. مىنىڭ قۇسىغىمنى كۇپۇرۇپ ئۇنى دىدى بۇنى دىدى دەپ كە:گىچى، بى ئەكىشى بوغانكىن، ئاغزىنى يامان قىسا ئۆيدە بى شاپلاقتىن ئىككىنى سىلىپ ئەدەم قىلىپ، ما ئاغزىڭنى يامان قىما سەن دەپ تىتىپ ئولتۇسا بومامدۇ؟ مىنىڭ قىشىمغا كىلىپ ئۇنى دىدى بۇنى دىدى دىسە، مىنىڭ ئاچچىغىم كەممەمدۇ؟ مىنىڭ دادامنى بىكا تىللامدۇ بۇ خۇتۇن؟ دەپ قويسىلا، بۇندىن كىيىن ئۇنداخ قۇساق كۇپۇرىدىغان گەپنى قىممىسۇن. مىنىڭمۇ دە:دىم ئۆزەمگە يىتىدۇ. ئەكە:سۇن بىرىپ، مەن ئەكەممىسۇن دىمىدىم» دىسەم، شۇنىڭ بىلە ھە دەپ كىتىپ ئەكىپتۇ. با:غاندىكىن قىينانىسى گەپ قىمايلامكىن قۇشۇپ قويۇپتۇ ...

(2007 ـ يىلى 8 ـ ئاي، ئاپتور ئۆزى تەكشۇرگەندە توپلىغان ماتىريالغا ئاساسەن ئۆزى خاتىرىلىگەن.)

## ماقال ـ تەمسىللەر

▷ نەشتىرى تۇرۇپ ھەرىلە: بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشمايدىكەن؛ ئىنسان تۇرۇپ بەزىلە: بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشمايدىكەن.

▷ دەت يامانمۇ ئەلەممۇ، دۇگات يامانمۇ، قەلەممۇ. (قارىتال)

▷ بىزنىڭ بۇ قارىتال كىچىك يە: ، ئاسمانغا قا:لىسا ھاۋاختى دەيتىخان، يە:گە قا:لىسا يە:ۋاختى دەيتىخان. (قارىتال)

▷ نوغۇشتا ئوت پۇلىگەندەك (قاملاشمىغان گەپ دىگەن مەنىدە) (قارىتال)

▷ تىشى پاختا ئىچى چىگىت (تىشىدا سىيلىق سىپايە، ئۆچمەنلىكىنى بىلدۇرمەيدىغان، بىراق ئۆزى شۇنداق زەھەر ئادەملەرنى تەسۋىرلەيدۇ) (قارىتال)

▷ دىل ئازا: ، خۇدا بىزا: (كىشىلەرنىڭ دىلىنى تولا رەنجىتكەننى خۇدامۇ ياخشى كۆرمەيدۇ) (قارىتال)

▷ ئات دۇشمىنى قامچىدۇر، قولۇڭدا بو:غانلىغى ئۇچۇن بىلىنمەس؛ ئە: دۇشمىنى خۇتۇندۇر، قوينۇڭدا بو:غانلىغى ئۇچۇن بىلىنمەس. (قارىتال)

▷ تاماق يىسەڭ چۇچۇرە يە بىر چىنە بو:سىمۇ، ئىش گىپىڭنى ئىيتمىغىن خىزىر ۋو:سىمۇ؛ قەزدا:چىلىق يامانىكەن بىر كۇن بو:سىمۇ. (قارىتال)

▷ كۇلىۋە:مەڭ كۇلكىنى، ژىغىسى با بىي كۇنى؛ توخۇ يىگەن تۇلكىنى، بۇرە يەيدۇ بىي كۇنى. (قارىتال)

▷ بۇرە قوينى يەپ چىقتى تۆ:گە، تۇتۇلۇپ قالدى ئىشت؛ بۇرگە ئادەمنى چاختى، قىچىپ كەتتى، تۇتۇلۇپ قالدى پىشت. (قارىتال)

▷ ئىچىق بىشىدا دەرەخ ئاينىماس، باي قىشىدا گاداي ئاينىماس. (قارىتال)

▷ ئىچىلغاننىڭ ھەممىسى گۇل ۋو:مايدۇ.(قارىتال)

▷ سۆزۇك سۇدا بىلىق تۇ:مايدۇ.(قارىتال)

▷ چۇگۇن تاشسا بوينىغا تاشىدۇ، قوينى ئۆلتۇ:سە ئۇزىنىڭ پىيىدە ئاسىدۇ، ھەركىم قىسا ئۇزىگە قىلىدۇ. (قارىتال)

▷ گازىر ياغىچى بادىرا ۋومماپتۇ، دىخاننىڭ بالىسى كادىر ۋومماپتۇ. (قارىتال)
▷ خۇتۇن ئا:سام بالا:دا قالدىم، ئا:مىسام تالا:دا قالدىم. (قارىتال)
▷ ئۆلۈمگە گو: تىپىلىدۇ، تىرىككە پۇل.
▷ تومۇ:نىڭ يە:گە تەككىنىنى، خۇتۇن خەخنىڭ ئە:گە تەككىنىنى ئاماڭ دىگەن گەپ با: .
▷ ئە:لە: بويىتاق قا:سا بىشىنى پىشت ۋاسىدۇ، ئايالىلا: تۇل قا:سا ئۇيىنى گۇل باسىدۇ.
▷ سۇنۇقتىن باشقىسى ژۇقىدۇ.
▷ ھىساپتىن تاشقىرى ئىش يوق، كالپۇكتىن تاشقىرى چىش يوق.
▷ ھاراقكەش ھامىنى ئۇلۇپ كىتىدۇ، ئۇلۇمنى ئويلىسا كۇلۇپ كىتىدۇ، ئۇلۇپ دۇزاقا كىرگەن شۇ كۇنى، ئۇ جايغىمۇ ھامىنى كۇنۇپ كىتىدۇ.
▷ سىمۇنىت ئۇستەڭگە سۇ باشلىسا تاشمايدۇ، قىلىن ئادەمگە گەپ قىسا ئۇتمەيدۇ.
▷ قوينۇڭدىن تۇكۇلسە قونجۇڭغا.
▷ ئىسسىمغان كاڭدىن كات ياخشى، ئىزدەشمىگەن تۇققاندىن يات ياخشى.
▷ تومۇ:نى تاشلىساڭ داتلىشىدۇ، خۇتۇننى تاشلىساڭ ياتلىشىدۇ.
▷ ئۇقۇرنى بۇزغان كالا، خۇتۇننى بۇزغان تالا.
▷ ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەگە: بىلىدۇ، ئەخلەتنىڭ قەدرىنى پەگا.
▷ ساراڭ بو:ساڭ پىر ئوينا، قىرى خۇتۇندىن نىرى ئوينا.
▷ ئەگرى نوغۇش تاختىدا تاراخشىيدۇ، خۇتۇننىڭ ئەسكىسى مىمان كە:سە ۋالاخشىيدۇ.
▷ لاپ ئۇ:غىلى يات يە: ياخشى، شاتراق ئۇ:غىلى ئاق يە: ياخشى.
▷ قىزۋالىغا ئاتا ۋو:غان، لاتا ۋولا. (قىز بالىنىڭ ئىشىغا تولا ئارىلاشقان ئادەم ھامان مات بولىدۇ)
▷ گەپنى يوشۇ:ساڭ ئۇلۇم ئاشكارى.
(يۇقىرىدىكى ماتېرىيالنى ئاقسۇ ئايكۆللۈك ئايگۈل ئېيتىپ بەرگەن. ئاپتور ئۆزى رەتلىگەن ۋە يېزىق بىلەن خاتىرىلىگەن. 2008 ـ يىلى 1 ـ ئاي.)

**(4) كەلپىن شىۋىسىدىن ئەدەبىي پارچىلار**

ئاۋاز بەرگۈچى 1: ئايال، (ئىسمى خاتىرىلەنمىگەن)، كەلپىن يۇرچىدىن، 50 ياش ئەتراپىدا.

ئاۋاز بەرگۈچى 2: ئەمەر توختى، 62 ياش، يۇرچى يېزا قوشئېرىق كەنتىدىن، ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىننى پۈتكۈزگەن.

## باشتىن ئۆتكەن ئىشلاردىن پارچە

ئاتا ـ ئانى:مىز راھەتنى كۆ:مەي ئۆتەپ كەتتى. بىز بۇ ئالەمدە ئەندى مۇ:نچىلىك قېرىساقمۇ بېش ـ ئالتە يىل بولدى. بۇ ھۆكۈمىتىمىز قۇرۇلغاندىن كىيىن سىلىنىڭ مۇ:شىنچىلىك كىلىپ سىلى بىزدىن ھال سورىغانىغا مۇشداق خوش بولاپ كىتىتىمىز.

بىزنى، ساڭا ئوخشاش كەمبەغەللەر چاپىنىنىڭ توپى:سى تىگىپ قالىتۇ دەپ قاچاتتى، بۇرۇنقى ۋاقىتتا. ئەمدى ھازىر مۇنداق بىزدىن گەپ سوراپ كە:گىنىڭلا نا:ھايىتى بىك ياخشى. ئەم ھىكايىنى بىلمىسەكمۇ، ئۆزىمىزنىڭ بىشىمىزدىن ئۆتەلگەن قىيىنچىلىقلا:نى دەپ بىرىتمىز. ئەندى ھازىرقى كۇنۇمىز تۇرمۇشىمىز ياخشى، ئەمما بىرە ژىل بولدى سەل كىسەلسىنىپ① قالدىم. قولىمدە جىق يوق، ياخشى ماڭالمايتمەن. ئاز ـ ئاز داۋالاندىم، قولدا قىيىنچىلىق، مۇشۇ ئۆپكە كىسىلي ئاغىتتۇ. بىرە ژىل بولدى كىسەلسىنىپ قالدىم.

ئەندى مەيە:دە تۇققىنىمىز، ئوغاللىرىمىز يوق دەپ بە:گەن، ئۇ چاغدا بە:سەك شۇ ئۇچ قوي، داستىقان پۇلى دەپ ئەللىك كوي پۇل ئەپ كىيدى. ئىنىڭغا بىز ئوغال بالىغا كىيملىك ئىلىپ، يوتقان كۆ:پە تىكىپ، ئازراق ئىداۋاتلىشىپ چىقىشىپ كىتەتتۇك. كىيىن ئە:گە بە:دۇك، ئۇ چاغدىمۇ ئانچە كۇچىمەيراق، ئۇ چاغدا رەق قىيمەترەكتى. ئەندى بۇ تۇرقى ئە:گە بىرىپ، ئۇ چاغدا نۇلۇن② يوقتى، مەن ئە:گە ۋە:گەندە. ھازىر نۇلۇنلىشىپ كەتتى. شىپىڭيۇ، دۇخاۋى دىگەندەك خاڭجۇ دۇخاۋسى ئىلىپ، نىزى ئىلىپ ئە:گە ۋە:گەن. ئەمدى بۇ تۇرقى قاملىشىپ قا:غان ئىرى ئىپ بە:دى. ۋىزىيەتكە ۋىقىپ سالىتكەنمىز. ئۇچ نەۋرەم با:تى، ئۆلەپ قىلىپ بالىسي، تۇغمىدى.

... مەن گۇڭشىغا بىرىپ تاماق ئىتىپ، لەغمەن ئىتىپ ئۆتەپتىكەنمە، ھىكايا سۆزلەپ باقماپتىكەنمە. ھەقلىمگە كە:گەندىن كىيىن ئە:گە تەگدۇق، ئە: ۋىلى ۋولدۇق، ئاندىن كىيىن ئۆلكە ئازات ۋو:غاندىن كىيىن تويام بولدى ...

ئۇ ۋاخلىدا باينىڭ قىزىغا بايچە، كومبەغەلنىڭ قىزىغا كومبەغەلچە كىيىم ئالىتقان ۋاختى. مىنىڭ ئاتام سەل يۇزى ۋا:راق، تىگى ۋا:راقكەن، ماڭا سەل كۇچلۇقراق توي قىلغان. ماڭا ئون توققۇز قوي ئەپ چىققان. بى تاۋا كۆڭلەكنى ئىككى ئىركى قويغا ئا:غان. كومبەغەلنىڭ قىزىغا سەگەز، گىجىم رۇمال، چىپەرقۇت، تاۋا: ، مە:سە ئا:غان ...

مەن ئە:گە تەككەن ۋاختىمدا ئون ئۇچ ياشتىتتىم. دادام بىلەن ئانامنىڭ ئارىلىقىغا كىرۋىلتتىم. بىرە ئىككى يىل تۇ:دۇق، ئىغى:لىقىمنى كۆتە:دى. 15 ياشقا كىرىپ تۇغدۇم، ئوغلام با:. ھازىر ئۇتتۇز نەچە ياشقا كەلدى. ئە:دىن مەنمۇ چىكەتمىدىم. ئون تۆتنى تۇغدۇم. مىنى يەڭدى. ئۆلكە ئازات بو:غاننىڭزى كاچىغا چىقىپ ئاكتىپ بولاپ خىزمەت قىپ كىتتۇق. ئاچال كۇسىغا③ ۋا:دىم. ساۋاتسىز ۋو:سامۇ ئەمگەكنى ياخشى قىتتىم. ئاچالدا ئۇچ ئاي ئۆگەنىپ كادىر ۋولتىخانىغا تەيىيا: ۋولاپ، ناھىيىگە كەلدۇق، قايتىپ كەلدىم، كۆسلە ...

... مىدىنىيەت ئىنقىلاۋىدا كونا خىزمەتچىنىڭ خوتىنى دەپ ئۆيەمگە باستۇرۇپ كىلىپ، ئۇچ ـ تۆت قىتىم ئۆ:يەمنى ئاختىرىپ، مىنىڭ نە:سلىرىمنى ياشلاڭ بالىلا ④ بۇلاڭلاپ ئەپچىكەتكەن. كۆ:گەن كۇنۇم تولا، سۆزلىسەم تۇگۇمەيتۇ ...

---

① كىسەلسىنىپ قالماق ــ كىسەلچان بولۇپ قالماق.
② نۇلۇن ــ نىلون رەخت.
③ ئاچال كۇسىغا ــ ئاچالدا ئىچىلغان كۇرسقا.
④ ياشلاڭ بالىلا ــ ياش بالىلار، ياشلار.

## دېھقانچىلىق توغرىسىدا سۆھبەت

... ئا:غاندا بىدىن ئالىتىمىز. ئا:غاندا بىرىنجى چەك ئىككىنجى چەك چېقىتكەن. ئاندىن ئا:شىنى قاتار بە:گەندە، ماڭا ئې يە كېلىتۇ، ئا:شۇ چەككە قالاپ تۇرۇپ جاڭ سەپ بېرىتۇ [1]. ئاندىن يېنى چىقىپ قىسىك ئىتتىمىز [2]، قىيلاپ قوياپ كەلدۇك دەيتىمىز. قىيلاپ قوياپ كە:گەندە ئاندىن يەتتە ـ سەكىز كۈندىن كېيىن بى سۇ كېلىتۇ. سۇ كە:گەندە ئۈنى سۇ قوياپ كىيدۇق دەيتىمىز. 6 ـ 7 كۈن ئۆتكەندە ئۈنى تىرىغىلى چىقىتىمىز. ئاق يانتاق چا:ناپ ئىككى تال قوزۇق قېقىپ ئىھتىز تۇتىتىمىز. ئوبدان سامان قويۇپ لايداپ تۇرۇپ، 5 ـ 6 كۈندىن كېيىن تاۋلىشتۇ. تاۋلاشقاندا چىۋىق ئۈسنى (ئەگرى ياغاچ) ئەپ چىقىپ بىر ئەدەم ھەيدەپ، يۆ:تىلەپ بىرىتۇ. سۆرەم قىلىپ، ئەتراۋىنى بۇلۇڭلىرىنى چا:ناپ ئوبدان پىژىلدىتىپ [3] قوياپ كېلىتمىز. تۆتىنجى ئايغىچە كۈزكى بۇغداي سۇ كېيمەي يا:تىتۇ. تۆتىنجى ئايدا كۆكسۇ [4] قويۇ:تمىز. ما مەلە يېرىگە تۆتىنجى ئاينىڭ باشلىرىدا قىغ ئەپ چىقىپ مەلىنىڭ قېغىنى قويىتىمىز. شۇشەنگە [5] ئىلىپ ئۈنى چېچىپ مۇنداق باش قىلىتىمىز. مەلدىكى قېغىنمۇ ۋىرىپ شۇشەنگەنى بە:گەندىن كېيىن، تاختا ۋولاپ (تەكشىلىشىپ، تەپ ـ تەكشى بولۇپ) باش ئالىتۇ. ئالتىنجى ئاينىڭ ئۈمبەشىدىن كېيىن ئورىيتىمىز. ئوراپ ئۈنى خامانغا تۇشۇپ، تۇلۇق تاشقا ئىشىگىمىزنى قوشىۋېلىپ تىرىيتىمىز. شامال كە:گەندە بەش يىپ ئارىمىزدا سورىيتىمىز، ئۆتكەمىدە ئۆتكۈزۈپ تاغا:غا ئالىتمىز. 5 ـ 6 ئىشەكنى لاپقۇتقا ئىلىپ [6] تۇلۇق تاشتا ئۆزى قىلىتۇ. ياغاچ كۇ:چەكتە [7] سورىيتىمىز. تاغا:غا ئىلىپ، تۇگمەنگە ئاپىرىپ تاتىيتۇ، لەگمەن ئەتسىمۇ، ئاش ـ نان ئېتىتۇ. غەلۋى سالىتۇ، چا:نى سوقىغا سىلىپ سوقىتىمىز.

خاماندا لاي ـ لاي ئېيتىتۇ: «ئالتە كالا يېتتە كالا، سا:مانىنى سالقىن ئا:رىيتۇ،

ئاتا بىلەن ئانانى ئۆلەم ئا:رىيتۇ. سامىنى ساڭا پايدا، بۇغدىيى ماڭا پايدا ...» دەپ.

كېۋەز تىرىيتۇ، چېگىتنى ئۈچ كۈن چىلاپ قوياتتى، كۆلگە مىلەپ كۈل بىلەن سالىتتى. مەن يېيىپ بە:سەم ئىمانىخان سىلىپ كۆمەپ كېلىتتى. ئېچىلغاندا ئايالـلا: پېشىگە تىرىپ پاختا قىلىتتى. ئۆيگە ئاپا:غانى چۆلەيتتۇق ...

... چامغۇ: سېلىپ، سامساق ـ پىياز تىقىپ يەيتىمىز. بەسەي، كۆك چامغىنى سالىتمىز. قوغۇننى ئوسا قىلىتىمىز. ئون كۈندە تاۋلاشقاندا كونا چەش ئۇقىستا ھەيدەيتىمىز. ھەيدەپ بولاپ چىنەك تاتىيتىمىز. ئاقلاش، كۆكچى سالىتۇ. قارا قۇن سالىتۇ. بىشەكشە، چىلگە، تاختىمىزغا سەۋزە سالىتمىز. يە كاڭ بولسا ئارىم قىلىپ بى پىياز سالىتمىز. چامغىي، قىزىل مۇچمۇ سالىتۇ. ئەتراپلىرىغا قاپاق چۇسسۇن دەپ قاپاق

---

① جاڭ سەپ بېرىتۇ ــ تامغا ئۇرۇپ بېرىدۇ.

② قىسىك ئەتمەك ــ قىرلاپ قويماق، ئۆزگە بېرىلگەن يەرنىڭ ئەتراپىنى قىرلاپ قويغاننى كۆرسىتىدۇ.

③ پىژىلداتماق ــ مۇزدىن ئېرىگەن توڭ سۇنى قويماق.

④ كۆكسۇ قويماق ــ تۇنجى سۇغارماق، يېڭى چىققان كۆك مايسىغا بىرىنچى قېتىم سۇ قويغاننى كۆرسىتىدۇ.

⑤ شۇشەنگە ــ ئاق ئوغۇت، خىمىيەۋى ئوغۇت.

⑥ لاپقۇتقا ئالماق ــ ئۆزئارا ھەمكارلاشماق، بۈگۈن مەن ئېشىكىمنى سىزگە بېرىپ تۇرسام، ئەتىسى سىز ئېشەككىڭىزنى ماڭا بېرىپ تۇرىسىز، مۇشۇنى «ئېشەكنى لاپقۇتقا ئىلىپ» دەيدۇ.

⑦ كۇچەك ــ گۈرجەك.

سالىتمىز. ئاشقا سالىتۇ. بۇ يە:دە ئاش كاۋىسى، ئۇزۇنچاق قارا كاۋا، قىزىل ئەنجان كاۋىسى (پولا كاۋىسى) ۋا. تونۇ:غا كۆمسەك مانداق پىچاقتا ئوياپ ئۇرغىنى ئېلىپ قاپلاپ تونۇ:نى قىزىتىپ شو:غا يېقىپ تاشلاپ قويساق، ئاخشىمى كۆمەپ قويساق، ئەھتىگىنى يەيتمىز. نامازدىن كىيىن ئاچىتمىز. كىچە كۆمىمىسە پىشمايتۇ.

قازان جابدۇقلىرى — قازان، ئوچاق، ئوچاقنىڭ تۆۋىسىگە قازان ئاستمىز. تۇۋېقىمىز(تۇغاق) با:. لاخشىگى، كۆسەي، شالالىق ئوچاق ئوڭاي قاينايتكەن. كۇلۇك، چۇمۇچ، قوشۇق(ئۇژمىدە يا:سايتمىز) ئۇژمە، نەفشۇت، شاپتۇل ۋا:. قارا شاپتۇل دەيتمىز، توقاچ شاپتۇل. جىگدە ئۇچ خىل: خوما جىگدە، ئاق جىگدە، قا:غا جىگدە. قارا ئۇرۇك ۋا، چىلان يوق. ياڭاق بولمايتكەن. تېرەك، سۆگەت، ئالما، قارىياغاچ، توغراق، تاغ تېرىكى، بىيجىن سۆگىتى(مەجنۇنتال)، جاڭگالدا يۇلغۇن، توغراق ئوتۇن با: مىيزىگە ۋا:ساق، چاكاندا با: شىيزىگە ۋا:ساق.

ئوتانغا بارىتمىز دىگەندە خوتۇن خەخقە نان ياختۇرىتمىز. ناننى غوجىنغا سالىتمىز، كۇن ئو:تاغاندا ماڭىتمىز. ئوتونغا بى چوت ئالىتمىز، بانكىغا① سۇ ئالىتمىز، تاڭ ئاتقىچە هارۋىغا چىقىۋېلىپ جىمبۇنى كەيدىرىتمىز.

هارۋىنىڭ جابدۇقلىرى — چاقنىڭ تاش تاپىنى ۋا، ئىچىدە ئىچ كاما: ۋا. تۇمىيدىن قاسقىنى، سىمى ۋا: ، سىمىنى بولغادا تاتىيتمىز. ئوخى ۋا. قازاننى كەيدۇرىتمىز. تولىۋا، شاركىنى خاڭيو بىلەن بىيدىن تىزىتمىز. كۇلۇچ ۋىلەن چىڭتىپ قوراشتىرىتمىز. لوسىنى شۇتىنىڭ يەغىچىغا كەيدۇرىپ ئوقنى تولغايتمىز. جاۋەننى بوينىغا سالىتمىز، ئى:گە:نى دۇمبىگە سالىتمىز، توشۇغىنى چىڭتىتمىز، نوختىسى ۋا، موله(كىگىز) تۇقىتمىز. تاڭ ئاتقىچە ۋىرىپ بولاپ تۇرۇپ قورۇقنى ئالىتمىز. غالتەكتە(بىردەڭنىڭ ئىسمى)چاي ئىچىپ تۇن تەڭگىچە ② يى:تىپ كۇن چىققىچە ئۆ:يگە كىلىتمىز. ئى:شەككە ئو:ت چالدۇرۇپ ③، سۇ ئى:چەتمىز، ناخشى ئېي:تمايمىز، ياش ۋاللا: ئى:يتىتۇ. ئى:شەككە مېۋلۇت توقۇيتتۇق. ياقما ④ سالىتۇق. بى تاتى ئاغامچى كىتىتتى.

ئاتنى مىنىشتە — ئاتنى تۇتۇپ نوختا سالىتمىز. كە:لىكنى سالىتمىز، قاپتۇغا قوياپ تۇرۇپ ئىگە:نى سالىتمىز(ئىگەرنىڭ ئىككى يىنىغا قويۇلىدۇ). كۆ:پە سالىتمىز، باسمى ۋىلەن تاتىيتمىز. ئۇ:زەڭگىسى بىغى ۋا:. جوجەينى( تۆمۇر يۇگەن) سىلىپ ئۇ:زەڭگىگە دەسسەپ تۇرۇپ مىنىيتمىز ...

بۇقىنىڭ توپىسكە مېۋلۇت توقىيتمىز. بى ئاغامچىدا تۇشكە ۋى:ياڭچىنى قوياپ (ئۆتكۇزۇپ)، ئاغامچىنى تاتىپ لىڭگىچاق قويىتمىز. كوتلەككە ⑤ چىقىپ مۇ:ڭگىزگە ئاغامچە چىگىپ، «تاشقىرى ! ئىچكىرى ! هاراملىق» دەپ هەيدەيتمىز. قوش هەيدىغاندا ئۆتەك كىيىتۇ، تاتما ⑥ كەيمەيتۇ.

كەپتانى قاپەزگە قويىتمىز، خىمىنى تاسقاپ تۇگمەندە تاتىپ ساندۇققا قۇيۇپ تەڭلىگە

---

① بانكا — سۇدان، سۇ قاچىلايدىغان قاچا.
② تۇن تەڭگىچە — يېرىم كېچىگىچە.
③ ئوت چالدۇرماق — ئازراق ئوت يېگوزمەك، ئازراق ئوت سېلىپ بەرمەك.
④ ياقما — مۇرىلىك، ئېشەكنىڭ جابدۇقى.
⑤ كوتلەك — هارۋىنىڭ هارۋىكەش ئولتۇرىدىغان تاختىيى.
⑥ تاتما — قىرغىزلارنىڭ ئۆتۈكى.

ئي: لىپ، سۇپىرغا ئېلىپ تاسقاپ كىپەكنى ئا:رىپ، سۇ قوياپ خىمىتۇرۇچ سىلى: پ يولدراپ يوغان رىپىدىدە ياپىتمىز. خىمنى چەيلەيتمىز.

## توي، نەزىر ئىشلىرى توغرىسدا

... مىنىڭ تويام بو:غان ۋاختا مۇشۇ ئۆلكە ئازات ۋولاپ بى ئىككى يىلدىن كىيىن ئۈچ يىلدىن كىيىنمىكىن، ئەندىن بو:غان. ئۇندا ئانچە ئېغى:مۇ ۋومىغان. بى قۇر كىيىم ئا:غان، ئەن ... بى ئون ئىككمۇ ئونبى مۇ مال ئەكىيگەن، ئەن ... ئۇنىڭكىدىن بى بەشنى – ئەلتىنى ئۆھلتۇرەپ يۇرتقا ئاش ۋە:گەن. ئەن ... ئۇ ئاش ۋە:گەن كۈنى ئەن كۆھچىرەپ (كۆچۈرۈپ) ئەھتىسى – ئۆگۈنى بى ئىككى كۈن – ئۈش كۈن ئۆتكەندىن كىيىن، ئاندى – زە، يۇرتقا چاي ۋىرىپ، ئەن ئۇ ۋاختىستا تون تىكىتقان ئىش ۋەيدى. دادامىمۇ ۋەيدى ئۇ ۋاختا. بى ئىككى تون تىكىپ قا:غان بالىۋاخلىرىغا ئاندىكىن – زە، ئۇ ۋاختىندا رەخ يوق ... ئاشنا بى رەخ قوياپ ئاشنا ئۇزاتقان ... ياق ئېغىي ئەمەسىدى، شۇ بى بەتەگ مالنى ئۆھلتۇرەپ، شۇ يۇرتقا ئاش ۋېرىتتۇك، يۇرتقا ئاش ۋە:گەن، ئەن ئىچىدە بى مالنى ئۆھلتۇرەپ ئاندىكىن – ... ئەن بى يانا بى ئىككى – ئۈچ مال قېۋمىدىكى ئەمدى. ئۇ ۋاختا بوغازلىق دەپ يەنە ئۆھلتىرەپ ئۈش – تۆتنى ئۆھلتۇرەپ ما ئۇرۇغ – تۇققانلىرىمىزغا ۋېرىتتى ... خەخقە كۆسۇتكى ① دەپ بېرىتتى. كۆسۇتكى دىگىنى ئۇرۇغ – تۇققانلىرنىڭكىگە بى مال ۋىلەن ياكى بى نە:سە ۋىلەن، ئەمدى ما كېلىننى ئالدۇق دەپ، شۇكېلىننى باشلاپ ئاپىرىپ ئاشۇ قوينى شۇلىغا بېرىدۇ، تېرىگ بېرىدۇ ... ئاشنا قىلىپ ئۇزاتقان.

قىزىمىزنى ئۇلا تەرەپتىن، بى موللىسى تەرەپ ② چاي ئەتتى، ئۇندىن ئۇلا بى ئىككى قېتىم، ئۈش قېتىم چاي ۋە:دى. ئاندى بىزگە بى موللىسى تەرەپ چوڭ چاي ۋە:دى. ئاندىن يانا ئۇرۇغ – تۇققانلىرىمىز ئاشۇ ئايمەق③ نىڭ ئادەملىرى كىرىپ بۇ چاينى ئىچىپ چىقتۇق. چاينى ئىچىپ چىققاندىن كىيىن توي قىلدۇق. تويغا بى تۆت مال، ئان بى ئۈش يۈز كوي پۇل سەپ چىققان. ئاندىكىن – زە ئۇچيۈز كويغا ... ئەمدى شۇ ئا:غان رەخلىنىمۇ دەپ بېرەي، كۈيئوغلىمىزغا پەلتولۇق دۇراپ ئالدۇق، قۇدىمىزغا نىزىدىن پەلتۇ ئالدۇق، هېلىقى چىشى قۇدامغا دۇخاۋا ئالدۇق كۆڭلەكلىك. ئان ئۇلىنىڭكى بى ئۈش – تۆت بى ئۇرۇغ – تۇققانلىرى ۋېيكە، ئۇنىڭغا هېلىقى نولۇڭ – دولۇڭ دىگەن رەخلىدىن ئالدۇق. ئۇ ئۈچ يۈز كوي پۇلدىن بىزگە بى موچىنىمۇ ئاشىدى. ئەمدى ئاشىنداغ ئاشماي ئۇ ئۈچ يوز كويغا ئاشنا رەخ، كىيىم – كېچەك ئاش خەقلىگە ئېلىپ، ئۇنى مۇشۇنداق قويداق. ئان ئۆز يېنىمىزدىن ئۇ قىزۋېلىغا ياخشى تەڭلىمات قويداق. بى يوتقان، كۆ:ۋە قويداق. ئان بى ئۇۋدان قىلىلى دەپ بى جۇپ ياستۇق ئەتتۇك، بى جۇپ لېگەن قويداق، بى چەينەك قويداق، تۆت چىنە قويداق. ئەمدى ئاشۇ ئۆز جېنىمىزدىن ... لېگەن، چىنى دىدىم هە لېگەن، چىنى، كىگىز ... هە ئاشۇ قىزىمىزنىڭ ئۆيىگە بىز بە:دۇك. ئەن شۇ خەقنىڭ

① كۆسۇتكى — كۆسۇتكى دېگىنى ئۇرۇق – تۇغقانلىرنىڭكىگە بىر مال ياكى باشقا نەرسىلەر بىلەن «ما كېلىننى ئالدۇق» دەپ شۇ كېلىننى باشلاپ ئاپىرىپ قوينى قىز تەرەپكە بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

② موللىسى تەرەپ — قىزنى ئالىدىغان يىگىت تەرەپ.

③ ئايمەق — ئايماق، مەھەللە دېگەن مەنىدە.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى www.uyghurkitap.com

ئەپ چىققان مېلىدىن شۇ كۈنى بى مال ئۆھلتۈرەپ، ئەن يەنە يۇرتقا شۇندا چاي ۋە:دۇك. ئان چاي ۋېرىپ شۇ توي مېلىمىزنى قوياپ شۇندا قىلىپ ئۇلىنى ئۇزېتىپ قويداق ..

ئەمدى ھازىر ئۇ تۇغۇپ بىزنىڭ ئۆيگە، ئېم ئاشۇ ئېرىنىڭ ئۆيىدە تۇغۇتۇ. ئەمدى ئاشۇ يۇرتتا ئاتېسىنىڭ ئۆيىدە تۇغۇتۇ ھە! ئېرىنىڭ ئۆيىدە تۇغۇتۇ. ئان تۇغقان جاينى ئەڭگىزە بى ئون كۈن، يەتتە كۈن شۇندا ئۇداسى ۋا دەيتمىز. ئەمدى بىزنىڭ كونلىچە ئاشنا ئۇداسى ۋا دەپ يا توققۇز كۈن، يا ئون ئۈچ كۈن بو:غان چاغدا، قىزۋالىنى بىز ئۆيگە ئەپ چىقتىمىز. ئەن ئاپ چىقىپ ئۇ قىز ۋالىنى بىز ئاھلتى كۈن بېخىپ، ئوۋىدا، قول تاتقى ئېتىپ، بى قۇر بۇشۇكنىڭ ئېرىغ جازىلىرىنى قىلىپ①، ئەن ئۇ قىز ۋالىغا تاۋالىساق (تاپالىساق)، ئېسىل رەخ لاتىدىن بى كۆڭنەك ئۇنى كەيدۇرۇپ، ئەن يانا ... قىلىپ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىنى، قۇدېمىزنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلېرىنى، ئەلە ـ مەلى بېلەن ئېسىل يۆگەكلىنى ئېتىپ بالىغا، ئان قىزىمىزغا ئوۋدان (ئوبدان) ئېسىل لاتىدىن بى كۆڭلەك تىكتۇرۇپ، ئان شۇ خەققە قوشاپ قويىتمىز ... يۆگەك، ئوۋىدا، قول تاھتىقى، شۇمەك، قىز ۋىلىنىڭكىما شۇمەكى ۋا، ئوغا ۋالىنىڭ ئۇسقاندىن شۇمەكى ۋا ... ئىككىلىسى شۇمەك، بىز شۇمەك دەيتمىز.

ئەمدى دىخان خەقلە نەزىر ـ چىراغ ۋو:سا ئۆلگەن كۈنى يۇپ ـ تاراپ قويىتمىز. ئەن ئۈچ ئەھتىستە سەل ئىختىسادى ۋا: ئەدەملە: بى ئىككى يۇز كىلو، يۇز كىلو گۇرۇنچىدىن سېلىپ، ئۇنىڭغا ئەن ئەھتىدىن ئاخشامغا ئاشۇ يۇتنى بى ھېلىقى باياتىدىن سۆزلەپ بەدىمغۇ، چوڭلىنى قىچقىرىپ، كەچ ۋو:غىچە شۇلىغى بى بەشتىن ـ تۆھتتىن ئەدەملىگە بى لېگەن ئاش ئۇسۇپ، توپېسكە نان شۇنى گۇل كەلتۇرۇپ، ئەن شۇ كەچ ۋو:غىچە نەزىر ۋېرىتمىز. ئەن قىپ بولاپ ئانىكىن ـ زە، ئۇش ئەھتىسى تۇگەيتۇ.

شەمبىسىنى قىلدۇق دەيتمىز. ئەن شەمبىسىگە ئەمدى سەل ئىختىساتى با:راق ئەدەملى بى مال ئۆھلتىرەپ يانا ئاش قىلىپ، يانا شۇ ئەمدى ئۇ ئاش تايماقنى② ئېيتماي ئۇز ئايىقىمىزنى ئېتىپ، ئەن، يەنە كەچ ۋوغىچە پولۇ بېرىپ، ھېلىقىندەك ئاشنا تۆھتتىن ـ بەشتىن ئەدەملىگە قۇياپ، بى ئۇشتىن ـ تۆھتتىن چېپېت③، ئىككىدىن پوشكال يېپىپ، ئاينا كەچ ۋو:غىچىلىك يەنە ئاشنا نەزىر ۋېرىتمىز. ئۇنىڭ ۋىلەن تۇگەيتۇ.

ئان قىرىخى ۋۇلىتۇ يانا. قىرىخى نەزىرى دەپ قىرىخ كۈن بو:غاندا يەنە نەزىر ۋېرىتمىز. ئۇنى قىرىخ نەزىرى دەيتۇ. ئەن ئۇنىڭدا يەنە شۇنداغ ئاش قىلىپ، يانا ئۇنىڭغىمۇ قوي سويۇتۇ. ئىختىسادى ۋا: خەقلە قوي سويىتتى. ئەمدى ھازىر ئىختىساتى يوق ئەدەملىمۇ قوي سويماي ئۇزىتالمىدۇق ئەمدى نەزىرنى. ئۇنىڭغىما قوي سوياپ، ئاشنا بىرە يۇز كىلو گۇرۇنچ سېلىپ، ئەن ئۇنىڭدا بۇ ھېلىقى شەمبىسدە ئۇنىڭدا كۆپراق، ئەينا ئۇنىڭدا نەزىر ۋېرىتمىز. كەچ ۋو:غىچىلىك ئاشنا پوشكال سېلىپ، چېپېت يېپىپ، ئاشنا بىرە يۇز كىلو گۇرۇنچ سېلىپ يېغىنىمۇ جىق قۇيۇپ، كەچ ۋو:غىچىلىك ئاشنا نەزىر ۋېرىتمىز.

خەھتنە تويغا ... خەھتنە توي ... ئۇنىڭغا ئاش بىرىنچى كۈنى ھېلىقى شەمبىسىنى

---

① جازىلىرىنى قىلماق ــ بۆشۈك جابدۇقلىرىنى قىلىپ بەرمەك.
② تايماق ــ سىرتقى ئايماق، باشقا كەنت.
③ چېپېت ــ چاۋات، چالا پېتىر، نېپىز قىلىپ يېقىلغان يوغان نان.

قىيتقان بى موللامنى ئەپ كىرىپ، بالىنى ياتقۇزۇپ، خەھتىنىسىنى قىپ بولاپ ئاندىكىن ـ رە، خەھتىنىسىنى قىغان ئادەمگە بى ئوۋدان چاي ۋىرىپ، ئەن ئاخىستىن (ئارقىدىن) ئۇنىڭغا ئىككى كوي ـ ئۇش كوي پۇل قوياپ، ئەن نان بىلەن ئۇ ئادەمنى ئۇزىتىپ قويىتمىز. ئەن ئەھتىسى، ئۆگۇنى بى مال ئۆھتىرەپ، ئەندى هازىر گۇرۇنچىدىن قىساق گۇرۇنچىدىن، گۇرۇنچىدىن قىلمىساق بۇغداينى يامى يىرىپ، ئىككى قازاندا ئۇماچ ئىتىپ، ئەن ئىرىغ ئەلە ـ مەلىمىزنى، يۇرتلىرىمىزنى مۇشۇندا ئۇرۇغ ـ تۇققانلىرىمىزنى، پالانى خەھتىنىسنى قىغان دەپ قىچقىرىتمىز. ئەن قىشقىغاندا ئايالىلى ئىرىغ نان كۆتىرەپ، تۆپىسكە ياغلىق سىلىپ كىرىپ، ئەن شۇ يە:گە ئەكىرىپ كەچ ۋو:غىچە ئۇلىنىڭ بىر نىنىنى ئىلىپ، بىزگىمۇ ئەمدى هازىر بالدى چىپىت ئىپ كىرىتتى، ئۇ ۋاختىدا چىپىت. ئەمدى هازىر ئىسىغ نان يىخىپ، ئەمدى ماندا بى يوغان يۇزى ئۇچۇق نىنىمىز ۋا. شۇنىڭدىن ئىككىدىن ئىپ كىرىتۇ. ئاندىن ياغلىق ۋىلەن بىيدىن نىنىنى بىز ئالىتمىز. ئاندىن بى نىنى داسقىندا قالىتتۇ. مو تاشا يۇتتا (باشقا يۇرتتا) ماندا ـ ماندا يۇزى ئۇچۇق ناندىن ئىپ كىرىپ ... سەككىز چىپىتنى بى توققاز دەيتمىز ... رەخ قويمايتۇ ... رەخنى هىلىقى ناننىڭ تۆپىسكە سىلىپ، ئەن بى ماندا، چوڭلا ۋوسىغۇ بى ئىككى مىتىردىن ماندا ... قىلىتۇ، قا:غان ئەمدى ئاۋۇ خەيرى تۇغقانلىرىمىز ئەمدى ماندا ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىمىز ماندا ـ ماندا بى هىلىقى لۇڭگى، ماندا ـ ماندا ياغلىق هىلىقى رەخنى يىتىپ ئاشنا ئۇششاق ـ چۇششەك ياغلىق كۆتىرەپ كىرىتتۇ. ئەن بىز بىيدىن نىنى ۋىلەن هىلىقى ياغلىقنى بىز ئىلىپ ئۆيگە ئەھكىتىپ، ئەن قايتا هىلىقى ئۆزىمىزنىڭ ياھخان نىنىدىن جىق ئىپ ئۇلىنىڭ ئالدىغا قوياپ، بى چىنە ئۇماچ ۋىرىپ ئاندى ئۇزىتىپ قويىتمىز.

(يۇقىرىقى ماتىرىيال 1986 ـ يىلى ئاپتور ئاقسۇ كەلپىنگە بارغاندا توپلىغان ماتىرىيالدىن ئىلىنىغان. يىزىق بىلەن خاتىرىلىگۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي تىلشۇناسلىق كەسپى بويىچە 2006 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى چىمەنگۇل.)

## تۇرمۇشتىن پارچە

كونا كوچىمىزغا چىقىتقان ئاتا بوۋىسىدىن قا:غان زىمىن بەيدى، دەسلەپ ئۇ رە:مىتى ئۇنىڭ تۆت ئەتراۋىنى قو:غانلاپ، تازا مۇسكىندۇرۇپ، خەيلى قۇلاق مۇشلا كە:گەندە، خەيلى قۇلقى با خەقنىڭكى هەققىنى تۇلەپ، بىر يىللىق مەۋسۇلاتىنى تۇلەپ زىمىنىنىڭكى بى مو يە: بە:گەن. ئۇنى تۆلىسە قو:غانغا ئىپ قوياپ كىتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلە ئا يە:دىكى ئىش ـ پىش بىلە سودا قىلىۋ كىتىپ، ئاقىدىن يە: ئىۋ قوياپ، زىمىن سا:غىچە ۋاقتى يەتمەي قالدى. شۇنىڭ بىلە ئون ـ ژىگى:مى يىل بو:غان ئۇنىڭ قولىغا ئۇتۇۋ كەتكىلى. ئان بۇ پوككىدە ئۇلەپ قالدى. ئۆلگەندىكىن گۇيخا ① باشلاندى. گۇيخا باشلانغاندىكىن بۇ زىمىن توغرىسىغا يەتتى مىتىر يە:نى ما قوشنىسىغا بىرىلى دىسە، توختىكام ماقۇل دەۋ قوياپ، ئەمدى ئۇنىڭ كەينىدە ئوغلى يوق موسانىڭكى. شۇنىڭ بىلە يەتتى مىتىر يە:نى

① گۇيخا ـــ پىلانلاش، خەنزۇچىدىكى «规划» دىن كەلگەن.

قوشنىسغا بەردى. كەينىدىكى زىمىننى باشقەيلەن ئىگەللەپ ئاتىسىدىن قالغان باغ ـ زىمىننى، ئىككى ئائىلىگە باغلىققا يەرگە بىر بۆەتتى.

ئەمدى بۇ موسانىڭ ئۆزىگە پىلانلىق بى مو ئىككى پۇڭ يەرنى توختىكامغا كونا زىمىندىن بەرگەن يېزىدىن. بى مو بى پۇڭ يەرنى ئاچىسى پاتېخان دەپ با، هە بەشيۈز ئون توققۇزدا ئۈيى با. ئىرى بەيدى، ئىرى ئۆلەپ قالدى. ئۇنىڭغا بۇلەپ بىرىپ، ئىككىسىگە ئىككى كىشلىك زىمىننى. ئاچىسى قوغانغا ئالامماي ئاران ئۆل بېسىپ قوياپ چۆرىسىگە: «مەن خۇتۇن كىشى قىلامايدىكەنمە، ئوغلامنى ئەكىلەي» دەپ كەتتى. ئان بۇنى بى مەلىدىكى تۇققىنىنىڭكى بالىسىغا بىرىپ، توختىكام قاشقادىن ياغاچ هەل قىپ بەر دىدى. ئېپ بەدىم. ئۇش ئېغىزلىق تام يۇلەپ قويدۇم ئىچىگە، توختى سابىر نامدا بى تام بولاپ قاسۇن، ئىزى ئۇچۇپ كەتمىسۇن دەپ. ئا تۇققانلىرى هېيىۋلاپ يۇرۇپ يەرنى بى ياندۇرۇۋ بەگىلى تۇرۇپتىكە دادۇيگە، بى تۇققان ئىنىسىنىڭ ئوغلانلىرى با: «ماڭا قالىڭە، ئاتا ـ بوۋىمىزدىن كونا چىققان زىمىننى ئىچىرىۋاتىسىز، موسا قارىكام بوسا بۇنداغ ئىشلىنى، بۇنى تېخى بەمەكتە يوق، ئىككى كىشلىك زىمىننى ئالتى هۆكۈمەتتىن» دەپ هېيىۋلاپ يۇرۇپ، ئېلىپ ئا قوغانغا يېپ قويدى، ئىنىلىرى …

(يۇقىرىقى پارچىنى ئەمەر توختى ئېيتىپ بەرگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي تىلشۇناسلىق كەسپى بويىچە 2006 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى مىنەۋەر خاتىرىلىگەن.)

**(5) ئاقسۇ باي شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچىلار**

ئاۋاز بەرگۈچى: نىيازخان توختى، 56 ياش، باي ناهىيە سايرام يېزىسىدىن، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىغىچە ئوقۇغان.

## چۆچەك 1

مانداغ ئارىلىشىدىغان ئىشككى ئەدەم با:كە، بى:سى بى:سىنىڭ ئۈيىگە مىمان چاقىرىپ قىلىدىغان. بى ئاغىنىسى بى كۈنى بىزنىڭ ئۆيگە باغىن دەپ چاقىرىپتۇ، ئايالىڭنى ئېپ با: دەپ. ئايالىنى ئېپ با:سا، بۇ چۇچۇر ئىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلە ئۇ چۇچۇرنى ـ زە، شۇنداغ تېتىپ كىتىپتۇ ئاغزىغا، بى چىنىدىن، بى يېرىم چىنىدىن ئىشكەنمىكىن … ئىچىپ ـ زە تېتىپ كىتىپ ئۇ ئاش، بۇ تاماخنى قەتتى يەپ باقمىغان ئەدەملىكە ئۇ. ئەمدى ئۇ مانداغ هەممە ئەدەمنىڭ ئاڭ سەۋىيسى تۆۋەن بوغانكىن، ئىتەلىگەنلىرى ئىتىدۇ تاماخنى، ئىتەممىگەنلىرى سۇيقاش، ئۇماش ئىتىپ ئىشكەندىكىن ئەمدى. «نىم دەيدۇ بۇ تاماخنىڭ ئىسمىنى؟» دىسە، «چۇچۇر دەيمىز» دىگەندىكىن، ئا ئايالىغا: «ۋوي خۇتۇن، سەن ئۇنتۇپ قامىغىن، سەن ئۇنتۇپ قاساڭ مەن ئۇنتۇپ قاماي. ئىشكىمىز ئاشۇ مۇشتاخ ئۆيگە بېرىپ، بى مۇشۇ چۇچۇر دىگەن ئاشنى ئىتىپ يەيلى تويغۇچە تازا، بەك بەلەن بولدىكە ئەمەسمۇ !» دىگەندىكىن، «هە» دەپتۇ.

يولدا كىتىپبېرىپ «چۇچۇر، چۇچۇر ئۇنتۇپ قامايلى !» دەپ تەكىتلەپ مېڭىپتۇ. شۇنىڭ بىلە سۇ با:كە ئۆستەڭدە، ئىشەگلىككە ئەر خۇتۇن ئىككىسى. ئىشەگ بۇ

ئۇستەڭنىڭ ئوتتۇرسىدا تۇرۇۋېپتۇ. ئىشەگنى خى دىگەندىكى ... بۇ ئىشەگنى خى دەپتۇ. چوچۇر دىگەن گەپ زەنندى① يوق ... كۇتۇرلۇپ كىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلە ئۆستەڭنىڭ تاش يىقىغا ئۇتۇپ بۇلۇپ، نېرىقى يېنىغا، «ۋاي ھېلىقى ئاغىنىمىزنىڭ ئۇيىدە ئەتكەن تاماخنىڭ ئىسمىنى نىم دىگەن، مەن ئۇنتۇپ قاپتىمە؟» دىسە، ئايالى قۇيۇپ: «مەنمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمە ئەمەسمۇ !» دەپ، «ۋاي ئاتتام، بۇ گىپىمىز مۇشۇ سۇدا ئېقىپ كىتىپتۇ ئەمەسمۇ، سۇغا چۇشۇپ كېتىپتۇ» دەپ، سۇنى ئاختۇرۇپ، شۇنىداخ ساددىلىق ئەمدى يۇرۇنقى ئەدەملى ـ دە، بەك ئەخلى تۇۋەن ئەشۇ نىم بولىدىغان چېغى با: مانداخ. شۇنىڭ بىلە سۇنى ئاختۇرۇپتۇ، سۇدىمۇ يوخكە. كىتىپ بېرىپ تەكىتلەپ تاپا:مىز ئەمدى، يا مەن تاپا:مە، يا سەن تاپا:سە دىيىشىپ، ئە ـ خۇتۇن ئىككىسى قايتىپتۇ.

ئۇيىگە با:غاندى ـ زە، ئايالىنىڭ ئىسىگە كىپ قاپتۇ. «چوچۇر دىگەن تاماختى» دىسە، «ھە ! چوچۇر» دەپ ئەتىسى قۇيۇپ ـ زە، بىر قوينى سۇيۇپتۇ، چوچۇر ئىتىپتۇ. چوچۇرنى پۇشۇرۇپ، قازاننى چوشۇرۇپ ئاندىكى ـ زە، بۇ چوچۇرنى قۇشۇختا ئىچىشنى ئۇخمامدىكى ئەمدى، مۇنداخ بى نىمىدە، شوخىدا ② سېيىپ يەيدىكە ئەمدى. بۇرۇن بى شۇنداخ يېگى يىنىمە بوغاندىكىن ئەشۇ. ئەشۇ ھېلىقى شوخا تېپ كىلىمىز دەپ ئاشنى چوشۇرۇپ قۇيۇپ، ئىشىكنى ئىتىپ، ئاشقۇشنى بۇسۇقىقا كومۇپ قۇيۇپ. بى خوشنىسى چىقىپ مانداخ قا:لىسا، «بىز چوچۇر دىگەن تاماخنى ئاغىنەمنىڭ ئۇيىدە ئىچىپ كە:گەن، شۇنىداخ ياخشى تاماخكەن ئۇ، شۇ تاماخنى ئەتكەنتۇق، ئاشنى پۇشۇرۇپ قازاننى چوشۇرۇپ قويدۇق، ھازىر شۇ ئاشنى قىسىپ يىگىلى بىز ئاشۇ شوخىغا ماڭدۇق، ئاشقىنى بۇسۇقىقا كومۇپ قويدۇق» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلە ئۇ خوشنىسى ئاڭلىۋېپ، ئەر ـ خوتۇن ئىشككىسى بىلىلام سىگىپتۇ. شۇنداخ كىتىپ بوغاندىكىنلام كىرىپ، بۇسۇقىقا كومۇپ قويدۇق دىگەندىكىن، كومۇپ قويغان يىرىدىن تېپ ئېلىپ، قازىنىدىكى ئاشنى ئاشۇ نىمىسىگە قۇشۇپ، پېڭزىسىغا③ ئەچكىتىپتۇ. ئاندىكى ـ زە، «ئەمدى بۇ ئاشنى دەپ قويغانتۇق، خوشنىمىز ئەچكىتىپتۇ» دىسە قانداخ قىلامىز دەپ، ئا بىزدىن كۆ:گەندە كورىلى، دەپ ئاشقىنى جايىغا كومۇپ قۇيۇپ چىقكىتىپتۇ.

بى ۋاختا ئاشنى قىسىپ يەيدىغان شوخىنى تېپ ئەكىپ بو:غىچە، ئۇ ئاشنى ئەچكەتكەندىكى قازانغىزە، ئۇ گۆشنىڭ نىمىسى بو:غاندىكى گۆشنى چىۋىن بەك تاپىدۇ. ئىشككى ـ ئۇچى، ھەر يوغان ھۆ ـ ھۆ قىپ قۇنۇپ تۇرۇپتىكە، شۇنداخ ئاشنى يەيلى دەپ قازاننى ئاشسا، قازان قۇرۇق. ئىشكى ـ ئۇش تال چىۋىن ھۆ ـ ھۆ قىپ ئۇشسا، «ئەنەڭنى چىۋىن، بىر قازان ئاشنى ئىچىپ بوپتۇ ئەمەسمۇ، مىڭ تەستە ئەتكەن تۇ:ساق بۇ ئاشنى» دەپ چىۋىننى، قازانغا قونغان چىۋىننى ئۇرۇپ ئۆلتۇرۋاتىمە، دەپ نىم بىلە كە:كە بىلە قازاننى بىرلا قۇيۇپتىكە، قازىنى ئىشكى بوپتۇ. ئۇ چىۋىن بېرىپ «ۋىڭ !» قىلىپ ئۇ خوتۇننىڭ پىشانىسىغا قۇنۇپتۇ. پىشانىسىغا قونسا، «ئەنەڭنى چىۋىن، بى قازان ئاشنى ئىشكەن چىۋىن بو:غاندىكىن، مۇشۇ چىۋىننى ئۆلتۇرىمە» دەپ، چىۋىننى ئۇردۇم دەپ، خوتۇنىنىڭ پىشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپتىكە، خوتۇنى ئۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلە بۇ ئەدەم: «ۋاي ئىستەي، ئاشنى ئىشكەن

---

① زەنندى يوق — ئېسىدە يوق.

② شوخا — ئىنچىكە ياغاچ، تىكەنلىك دەرەخلەردىكى يوغان تىكەن.

③ پېڭزىسى — تەلەڭگىسى، دېسى. خەنزۇچىدىكى «盆子» دىن كەلگەن.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بو:سا قايتا ئەتسەكمۇ بى بوپتىكە، قا:لاپ تۇرۇپ بۇ خۇتۇننى ئۆلتۇرۇپ قويدۇم» دەپ ژىغلاپ قاخشاپ قىپتۇ ... دەپ ئاشتاخ دەيدىغان بى گەپ با:كە ئەمدى.

## چۆچەك 2

... ئىشكىسىنىڭ تۇيى بى ھەپتىنىڭ ئىچىدە بوپتۇ ئەمدى. يەنە بى ئاغىنىسى بالىلىخ بومماپتۇ. بالا يوخكەن، تۇغماپتۇ ئايالى. يەنە بى ئاغىنىسى ـ زە، ئۇ بى ھەپتىنىڭ ئىچىدە تۇيى بو:غان يەنە بى ئاغىنىسىنىڭ تۇغۇپتۇ، بالىسى با:كە. «شۇنداخ بى ھەپتىنىڭ ئىچىدە ئوخشاش تۇيىمىز بو:غانتى، تۇغمىدىڭلا، پالانى تۇغۇپتۇ، بالىسى شۇنىداخ چىرايلىخ بالا بوپتۇ، يىتلەپ ژۇرۇيدۇ. بالىغا قا:لاپ، ئاقىسىدىن قارىسى ژۇتۇپ بو:غىچە قا:لىدىم. سىلە: نىمىشقا تۇغمايسىلە؟» دىسە، «ماڭىمۇ خۇدايىم بە:سە تۇغا:مە، بى كۇن بە:سە تۇغا:مە» دەپتۇ. ھەپتە ئۆتكۇزۇپ: «تۇغامسە؟» دىسە، «تۇغا:مە، خۇدايىم بۇيرۇسا» دەپتۇ. «بو:سا بى تۇغۇڭلا خۇدايىم بۇيرۇسا، بىزمۇ قىرىغان ۋاختا بالىمىز باقا: بىزنى» دەپ ئاشتاخ دىسە، «خۇدايىم بە:سە تۇغىدىغان گەپكە، خۇدايىم بە:مىسە تۇغىمە دەپمۇ تۇققىلى بومايدىكە. خۇدايىم بە:سە تۇغىمە» دەپ ... شۇنىڭ بىلە «ئۇنداخ بو:سا ئىشككىمىز بى چىرايلىخ ئاجرىشىپ كىتىپ، سىلىمۇ بى باشقىدىن ياتلىخ بو:ساڭلا، مەنمۇ بى باشقىدىن ئۆ:لىنىپ باقسام بولامدىكى تاڭ» دىسە، «يا، ئىشككىمىز كىلىشىپ قا:غان تۇ:ساق، تۇغىمە مەن» دەپ ئىرىگە ئايالى ئاشتاخ دەپتۇ.

ھە دەپ شۇنىڭ بىلە ئىرى..ئۇ خۇتۇن مىنىڭ خىتىمنى بىرىۋاتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ قوسىغىغى ـ زە ... ھەپتە ئۆتكەندى ـ زە تۇرۇپ، قوسىغىنى مانداخ پاختىدا تىگىۋاپتۇ. مانداخ دوڭغىيىپ ... شۇنىڭ بىلە ۋاي ئۇ ئىرىنىڭ ئىتى نىمىتى، «ۋاي ئەمتاخۇن، بۇيۇمدا قا:غان ئوخشايدۇ، قوسۇغۇم كۇندىن كۇنگە يوغىناۋاتىدۇ، قوسۇغۇمنى تۇتۇپ بىقىڭلا قوسۇغۇمنى» دەپ ... كۆڭلىگىنىڭ تىشىدىن مانداخ تۇتۇپ «راس قوسۇغۇڭلا يوغىناپ قاپتۇ، بو:سا تۇغۇڭلا» دەپ، ھەپتە ئۆتكۇزۇپ ئۇنىڭدىن بەكرەك چوڭايتىپ قويىدىكە پاختىنى تىقىپ. ئاشتاخ قىپ ـ زە، بى كۇنىسى خىلى بەكلا دوڭغايتىپ قوسۇغىنى، مانا ئەمدى ـ زە، بۇيۇمدا قا:غان ئوخشايدۇ، تەۋرەۋاتىدۇ، ما بىقىڭىمدا دەپ قوسۇغىنى تەۋرىتىپ، «تەۋرىگەندەك قىۋاتىدۇ، مانا» دەپ ئىشەندۇرۇپ. ئاندىكى ـ زە، بى كۇنىسى ئىرى بازا:غا كىتىپتۇ. كەتسە بىر نىمىنى تۇتىۋېپ شاشقانىنى، تاختا مۇشۇككە شاشقان چۇشكەنكى، ئۇ شاشقانىنى بى تۇخۇنى ئۆلتۇگۇزۇپ خوشنىسىنىڭ بالىسىغا. تۇخۇنىڭ قىنىغا شاشقانىنى مىلەپ، ئاندىكىزە بى ئاخ لاتتىغا يۆگەپ، ئۇ نىمىنى شاشقانىنى يوغان قىپ تىگىپتۇ. بومبايتىپ تۇپىسىگە قانىنى سۇرۇپ، ئىرىنى ئىشەندۇرۇش ئۇچۇن، تازا يوغان يوتقانىنى يىپ قۇيۇپ، ئاشتاخ يىتىپتۇ.

ئىرى بازا:دىن كە:گەندىكىن، «ۋاي نىم بولدۇڭلا؟» دىسە، «چۇشتە ھىرىپ قالدىم، ئۇنى قىپ، بۇنى قىپ. شۇنىڭ بىلە كىشكىنە ئۇخلاي دەپ ئۇخلاپ قاپتىمە، ئۇخلاپ قا:لىسام بۇيۇمدىن ئاجراپ كەتتى. بالا خىلى چوڭ بوپتىكە، مۇشۇ لاتتىغا يۆگەپ قويدۇم. شۇنىداخ خۇنى جىخ تۇكۇلۇپ كەتتى، ئىشىكتىمۇ با: ئۇ خۇن» دەپ، ئۇ تۇخۇنىڭ قىنىنى ئۇ يە: بۇ يە:گە ئىبقىتىپ، «خۇن تۇكۇلۇپ كەتتى» دەپ يىتىۋاغانىكىن، ئۇ ئەدەم ـ زە، زاكىلاپ قويغان شاشقانىنى «ئىچىپ كۇرۇپ باقاي ئەمدى» دەپ، مانداخ ئاشسا، شاشقانىنىڭ چىشلىرى

سۇـداخ ھىجىيىپ تۇغان، تۇكى تۇغان. ئۇ ئەدەم قوپ: «ۋاي خۇدايىم، شالدىراڭنىڭ سوغىدا، تۇكلۇك تۇققان ئانىسى، كۇجە ئۇماش يىسۇن دەپ، چىشلىخ تۇققان ئانىسى. يىرگە خۇدايىم بەمەيدىغان ئوخشايدۇ. بۇ خۇتۇن ـ زە، ئۇستا كىپتۇ، مىنى تۇغمىسام خىتىمنى بىرىۋىتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ، بۇيۇمدىن ئاجراپ كەتتى دىسەم ماڭا ئىشىنىپ، ى ئۇيىمىز ئۆي بوپ قاسا دىگەن ئوخشايدۇ. بوپتۇ ئەمدى، بۇمۇ مىنىڭ تەلەي پىشانەم. ساش خۇتۇن بىلە ئۆي تۇتاي» دەپ، ئاش خۇتۇن بىلە ئۆمرى ئاشتاخ ئۇتۇپتىكە ... دەپ ئاشتاخ بى گەپ باكەندۇق.

**(6) ئاقسۇ ئونسۇ شىۋىسىدىن ئەدەبىي پارچە**

ئاۋاز بەرگۇچى: ھاشىم ئاخۇن، 56 ياش، ئاقسۇ ئونسۇ ناھىيەسى ئىشلەمچى يىزا قويچى مەھەللىسىدىن. بىر نىكاھلىق بولغان.

## تۇرمۇش ھەققىدە

ژىگىم ئىشككى بالىدىن ھازىر شۇ سەككىزىمىز با. قاغان تۆتى، بەشى ئا نىمىدە، ئۇۋۇ قىيا دىگەن يەدە. ئۇ يەدە ئاتى بى، ئانى باشقا تۇغۇلغان ئوغۇلدىن ئالتىسى باتى. بىز ما مىشەدە، مۇش مەلىدە تۆتىمىز با: . ئانىدىن بى قىز، ئۇش ئوغۇلتۇق، سىڭلىم ئۇلۇپ قالدى، بۇ ژىل ئالتى ژىلغا قەدەم قويدى. قاغان ئۇچىمىز با: . ئەڭ كىچىك ئىنىم ئەمدى دادۇيدە ئۇنالغۇچىلىق قىلىدۇ.

بىز تازا جاھانىنىڭ يامان ۋاختىدا چوڭ بوپ قىلىپ، پۇڭ ئامىساق ئاش بەمەيدىغان، تەقسىمات، ئاۋۇ كومنادا تەقسىمات بەمەيدىغان، ما تاش قارى بىلىدۇ ئۇ ئىشنى. پۇڭ ئامىساق تەقسىمات بەمەيدىغان، ئاش بەمەيدىغان شۇ زامانلىدا چوڭ بوپ قىلىپ. ئۇ ۋاقتىمدا بىزنىڭ ئۆيدە يىتىۋ يەيدىغان ئون ئۇش جان ئەدەم بەيكەندۇق. ئون ئۇش جاندىن ئىلگىركىن ئىشۇ ئۇچىمىز ئەمگەك قىلىدىغان، قاغانلى يىتىۋ يەيدىغان ئۇششاق باللا. مەكتەپ مارىپ ئىشلىرىنى ھازىرقىدەك تۇتقان بوسا، ئوقۇپ قالامدىمكىن ئەمدى. ئۇ ۋاقتا بىزمۇ ئەمدى، دادامۇ بەك بىلىملىك ئەدەمكەندۇق. پەندە، دىندا زادى ئونسۇ ناھىيىسى بۇيىچە خىلى ئىناۋىتى: با: ئادىمتى ئۇ. سۆز قابىلىيەتكە خىلە با:. بۇرۇنمۇ كادىر بوپتىكەن. ئاش ئۇرۇمچىدە گونەنجى ①نىڭكى سوت كادىرى بوپتىكەن، ئۇش ژىل ئىشلەپتىكە. شۇنداق بىلىم ئىپ تۇرۇپ، ئۇ ۋاقتىمدا بىزمۇ تۇغۇلمىغان ۋاقكەنتۇق. بىزنى مەكتەپكە بەمەي، ئۇ ۋاقتىمدا ئەمدى ئەينداق پۇڭ ئامىساق تەقسىمات يوق، ئاش بەمەيدىغان زامانلىدا، مارىپقا، پەنگە ئۇزى يۇزلەندۇمەي، بىزنى، ئەمگەككە سالاي دەپ. بىزنى ئەمگەككە سىۋىتىپ، شۇنىڭ بىلە دىندا، پەندىمۇ ئوقۇيامماي، دىندا ئەمدى ئازراق ئوقۇغان ئۇزىمىزگە چۇشلۇغراق. لىكىن ما پەندىزە بىز ئوقۇيالمىغان. ئۇزەمنىڭ ئىسمىنى ئوقۇيمەن كونا يىزىقچە، لىكىن باشقىنىڭكى ئىسمىنى ئوقمايمەن. گىزىت يا باشقا نىملىنى ئوقمايمەن. ئۆز ۋاقتىمدا شۇ شارائىت ئاشتاقكەنتۇق ئەمدى. ھازىرغىچىلىك پۇشمان ئەيلەيمىز ئەمدى. نەچچە تىرىشىپ باقتىم ئەمدى، ساۋاتسىزنى

① گونەنجى ـــ ج خ ئىدارىسى. خەنزۇچىدىكى «公安局» دىن كەلگەن.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يوقـتـىمـىز، ساۋاتسىزنى ئۉقـتـىمـىز دىگەن مـىشەدە تۆت بـەش ژىل، ئون ژىـلـدەك دۆ سۉرگەن. شۉ ۋاقـتـىمدۉمـۉ ئۉقۉيامـىدۉق بىـز. پەقەت شۉ هـېلىقى سۉگەتـىنـىڭ تېلـى يوغىنىغاندا ئەگسە سۉنۉپ كەتكەندەك، ئۉش ژىـل ئەيىنداق ژۉ:دۉق ئـەمدى. مىڭە قېتىـپ قـا:غانكـىـن، ئۉ كى:مەيـدىكەن كالـلىغا. ئۉقۉيامـىـدۉق شۉنـىڭ بىله، بـىلـمـىسىز قېـپ قالدۉق. مەنمۉ توققۉس بالـىـنىڭكى دادىسى بوپـتىمەن، تـوققۉس بالـىدىن يەتـتـىسى بـا: ، قا:غىنى ... ئالتىسى با: ، قا:غان ئۉچى يە:دە. بالـىمىزنى ئېرىـق ئۉقۉتۉپ، مـاڭا ئوخشـاش بولـىدىغان بو:سا ... باللىنى بىلـمىسىز قېپ قـامىسۉن دەپ. هازىـر بى:سـى قېپ قالـدى ئەمدى، سەككىزگە كۆچتى، ئەشۉ پۉتكەزسى ـ زە، ئەمدى مەكتەپتىـن ئادا جۉدا بۉلـمىز.

**(7) توقسۉ شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچە**

ئاۋاز بەرگۉچى: هـۉشۉر ئايۉپ، 64 يـاش، باشلانغـۉچ مەكتەپـىنىڭ 4 ـ يىـللىقـىغىچـە ئوقۇغان. توقسۉ ناهىيەسى پەيشەنبە بازار سۉگەت قوتان كەنتىدىن.

## نىمىشقا سۉگەت قوتان بوپ قا:غان

... يا ئۉ مانداخ: هاشىم مەزىن دىگەن ئۉ كىشى خوتەندىن كە:گەن ۋاختىـمدا، بۉ يە:گـە ئۉرۉنلاشـقـان ۋاختـىمـدا، ئـۉ ئەدەم گۉدەك كـە:گـىنىـكـە. ئۉ ئـەدەم كـە:گـەندە ئـۉ قـوتـان ئاللىمۉقاچان با: ، ئۉ ئەدەم قويغان سۉگەت ئەمەس، بۉرۉن قۉيۉلغان سۉگەتكە.

مېنىڭ ئۉيۉمدە خاتىرە با:تى، تارىخنى يېزىـپ قويغان. با:مىكى، ژۉتۉپ كەتتىمىكى. بۉنىڭ تارىخنى مەن ئىگەللەپ باققان بىر ژىل ۋاقىتتا. بۉ قارا دۆڭدە بى تۉ:دى مەزىـن دەپ پاكا: بى ئەدەم بولىدىغانتى، يۉز ياشقا كىدىم دەيدۉ. شۉ ئەدەمچۉ شۉ ۋاخىنىڭ ئۉزىـدە، يۉز بى ياشقا كىدىم دىگەن ۋاختىندا، شۉ ۋاخىنىڭ ئۉزىـدە سورىدىم، ئـاش ئەدەمدىن مـۉش تارىخنى.

«نىمىشقا سۉگەت قوتان بوپ قا:غان؟» دەپ سورىسام، ئۉ «كىچىكتىم» دەيدۉ بۉ ئـەدەم، «ئەمدى مال باققىدەك بو:غان ۋاختىمدا، بىر قوتـان با:تى» دەيدۉ، «قـوتانىنـىڭ جايى ئەشـۉ ئابدىرىيىم غۉپۉرنىڭ ئۉيى با:غۉ؟ كونا بى ئۆي» شۉ كونا ئـۆيىنىڭ جـايلىرىـنى، شۉ يە:نى پەرەز قىپ كۆ:سەتتى: «شـۉ يە:دە بى قوتـان، سۉگەت با:تـى، بى تۉپ سۉگـەت بى مو يە:نـى ئىگىلەيتى.» دەيدۉ: «تۉلا ژىقىلىـپ بۉ، يە:گە تـەگكەن يـىرىدىن يانـا ئۉنۉپ چىقىپ، يەنـە كۆكلەپ، يەنە ژىقىلىپ كىتىپ بوراندا نىمقىلىپ، ئۉ يە:دە ئاشتاخ بى تۉپ سۉگەت بى مو يە:نى ئىگىلىگەن.» دەيدۉ: «تۉۋىگە بى قوتاننى بىنا قىپ سېپ قويغىنىمىش. بۉ ئوتراپ بۉ يە:دە بى ئەدەمنى مىڭ ئەدەم ئىستەپ تاپقۉسىز جاڭگاللىق.» دەيدۉ: «تۉرۉك، قاخشاللىـق، جاڭگاللىخ شۉنىداخ يامان».

بۉ سەيچاڭ، ئاقيا، كۉچا تەرەپتىنمۉ ئۉتۉنغا كە:سە، مۉشۉ يۉرتتىن ئـەكتىكەنمىش. «نەدىن ئەكـەلدىڭ ئۉتـۉننى؟» دىسـە، «سۉگەت قوتـاندىن ئەكـەلدۉق» دەيدىكـەنمىـش. شـۉ قوتانىنىڭكى، شۉ سۉگەتىنىڭ تۉۋىدە بى قوتان بو:غانلىقى ئۉچۉن، سۉگەت قوتان دەپ نامـى سىڭىپ قاپتىكە.

يەنە بىرسى ما «بۉرە تىكەن ئېرىغ» دەپ بىر ئېرىغىمىز با. بۉ ئېرىخنى نىمىشقا بـۉرە تـىكەن ئېـرىغ دەيدۉ دىسـە، ما رۉزى هاجىـنىڭ ما يـە:دە كونا ئۉيـى با، شۉ ئۆيـىنىڭ قىـل

يالىرىدا ئاشتاخ بى ئۇيە ـ بۇيە قۇم دۆڭكەنمىش. بۇرە تىكەن با:كەنمىش. چىكەتكەن ھېلىقى بۇرە تىكەن، شۇ بۇرە تىكەنلىك بو:غاچقا، ئەشە:گە بى ئېرىغ چېپ نىمقىغاندىكىن، بۇرە تىكەن ئېرىغى دەپ شۇ نام سىڭىپ قاغىنىكە.

ئەڭكىزە ما «توپشە باشلام» دەپ بىر باشلىمىمىز با: بىزنىڭكى، توپشە باشلام دەپ. توپشە باشلام دەپ قانداخ سىڭىپ قا:غان، دەپ نىمقىسام، ئۇنىڭمۇ تارىخىنى يېزىپ قويغان ەن، با ئەشەدە. شۇ ئەدەم دىگەن بۇ تاكاس مەيدانىنىڭكى، تۇرغۇن قاسىمنىڭ ياڭاق مەيدانى. شۇ يە:دە بى شە: باكەنمىش بۇرۇن. ئاش ئەدەمنىڭ دىگىنىچە، بى شە: بۇلۇپ، شە: ئانداخ سېپىللىرى بىرە قېپ قا:غان. بومىسا يوخ، گۇمران بوپ كېتىپتىكە. شۇ ئەدەم كىچىك ۋاختىكى گەپكە. ئۇنى توپشە دەپ ئاتايدىكە. ئەشەدە بۇرۇن ئاۋال خاڭدا يە: ئاشقانلى ئېرىقنى ئەشە:گە نىمقىغانىكىن، ۋاي توپشە ئېرىق، توپشە ئېرىغى دەپ نام سىڭىپ قاغىنىكە. مايىداقكە.

بۇ ھېلىقى سىلە دىگەن ھاشىم مەزىن دىگەن ئەدەم كە:گەن ۋاختىدا، ئاللىماقاچان يە: بوپ، ئاۋات بوپ بو:غان چاغ. ئۇ ئەدەم كە:گەن ۋاختىدا دەسلەپتە راۋاپچىكەنمىش. راۋاپقا شۇنىنداخ ئۇستا. ئەشۇ ئۇنىڭ بۇنىڭ سەيناسىدا ① راۋاپ چېپ بىرىپ، خەخنى، شۇنداخ تىڭشىغۇدەك، ئومدان راۋاپ چالىدىكەنمىش، مۇڭلۇخ. ئاشنىڭ بىلە ناھايىتى بەلەن ئادىمىكە ئۇ. راۋاپقا ئۇستىكە دەپ، تۇرۇپ قا:سىلا، ئۇ بۇ دەپ ژۇرۇپ، يەرلىك بۇلۇپ، ئۇ ئەدەم ئەشەدە ماكانلىشىپ، ئاشتاخ قېپ قا:غىنىكە ئۇ ئەدەم. ئۇ ۋاختا دىگەن بۇ يە: خېلى ئاۋاتلىشىپ بو:غان چاغدا كېپتىكە بۇ ئەدەم. ئۇ تۇ:دى مەزىن دىگەن ئەدەم ئەشۇ گەپنى دەپ بىرىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلۇپ كەتتى ئۇ.

**(8) كۇچا شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچە**

ئاۋاز بەرگۈچى: ئىمانەم ئەمەت، 74 ياش، ساۋاتسىز، كۇچا ناھىيە ئالا قاغا بازىرىدىن، ئالا قاغا بازىرى ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىغا تۇغرا كېلىدىغان بولۇپ، 30 كىلومېتىر يىراقلىقتا.

## تۇرمۇشتىن پارچىلار

قېنانام تۇگەپ، قېناتام ئاززاق بى مەزگىل ئۆتكەندە، ئۆ:لەپ قويسۇن، مېنى ئۆ:لەپ قويسۇن دەپ. «ۋىيەي ئاتا، قېرىغاندا قالايمىقان گەپ قىلىدىكەنلا سىلە» دىسەم، «ئا سىلىنى رۇزىدىن قويپەگۇزۋاتسامغۇ ئە:كىن بىلە:لا. مەن قويپەگۇزۋاتاي دىسەم بۇ مىيان چىقىپ قالدى، قويپەمىدى» دەيدۇ.

«قويپەگۇزسىلە بە:سىلە، باللىنى ئېپ كىتىۋېرىمە» دىسەم، ژىغلاپ مەشەدە، ئارام بە:مەي زادى. «ۋاي بالام، كۇندۇزغۇ ئاش ـ تاماقنى ھەممىڭلى ئىتىپ بىردىكەنسىلە. كېچىسى يالغۇز ياتسا دەپ، ئاشۇ يامان بۇلدىكە. ئۇرۇن سېپ بە: دەيدىكەنمە، ژىغىپ بە: دەيدىكەنمە، بى ئۆلىنىپ قالاي دىگەن.» دەپ. ئاشتاخ دەپ تۇرۇپلام ئاغرىپ قالدى. شە:گە ئاپا:سا ما ئەدەم ئەكىتىبارتتى، مەيە:دە ئابلا ئىمىن بىلە بۇدۇي② دوختۇرخانىغا ئاپىرلى

① سەيناسىدا ـــ قورۇسىدا، ھويلىسىدا.

② بۇدۇي ـــ قىسىم. خەنزۇچىدىكى «部队» دېگەن سۆزدىن كەلگەن.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دەپ ئاپا:ساق، ئىشكى موچەنلىك دارا بىرىپتۇ. ئوتتۇس ژىل بولدى قىناتامغا، ئىشكى موچەنلىك دارا بە:سە ئۆيگە كىلىپ، «ماش دارىنى بەش كۈن يىسۇن، بەش كۈن يىسە ئازراق مەيدىسى بوشايدۇ. ئاش توققۇز كۈن بىلە ئون كۈنىنىڭ ئارلىقىدا بى خەتەر با:، شۇنىڭدىن ئۇتىكەتسە ئاتاڭلى ساقىيدۇ، بومىسا ئۇنداخ كىسەلنىمۇ ئاڭلىمىغان چاغ، ئاشقازان راكىكە» دەپ. يوختى، ئۇخمايتتۇق. «ئاتا، ما دارىنى يەپ بو:سىڭىز ئەكىلدىغان بوغانكىن» دىسەم، «بۇلى مىنى ساقايتاممىدى، ماڭا يالغان ئىشكى موچەنلىك دارا بىرىپتۇيا، ناس پۇلىغا ... مەن ئىشكى موچەنلىك ناس[1] ئا:سام خىلى كىلىتتى، شۇنىڭچىلىكلا بىرىپتۇ» دەپتى، «ئۇنداخ دىمىسىلە» دەپ. راس دەپ، دەرۋەقە بەش كۈن بو:غان چاغدا «ساقىيىپ قالدىم مەن، ئومدان بوپ قالدىم، مەيدەم يىرىم چۇشكەندەك بوپ قالدى. تاماخ يىسەم بو:غىدەك، تاماخ ئۆتىدۇ» دەپ تۆت كۈن بو:غاندا ئۇلۇپ كەتتى، قىناتام. قىنانام ئۇلۇپ سەككىز ئاي تۇلۇق توشقاندا قىناتام ئۇلۇپ كەتتى.

(ئاقسۇ ئۇنسۇ، كۇچا، توقسۇ ۋە بايدىن ئىلىنغان ماتىرىياللار 2006 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە تەكشۈرۈلگەن. ماتىرىياللارنى يىزىق بىلەن خاتىرىلىگۈچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي تىلشۇناسلىق كەسپى بويىچە 2008 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى مىنەۋەر.)

### 3) خوتەن دىيالېكتىدىن ئەدەبىي پارچىلار

ئاۋاز بەرگۈچى: سالى خېنىم، 80 ياش، كۆزى ئەما، خوتەن لاڭرو يېزىسىدىن. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان، كۆزىدىن ئايرىلغىلى يىگىرمە يىلچە بولغان. كۆپنى كۆرگەن، ئاڭلىغان، گەپدان، ئوچۇق ـ يورۇق، خۇش چاقچاق ئايال.

## تىيپاشا بىلەن زويىخىنكامنىڭ ھېكايىسى

(تاھىر ۋە زۆھرەنىڭ ھېكايىسى)

بۇن بۇنىسىدا، قېيى ئەدەملى ئىككى قولى دولىسىتا، ئىككى پادىشا ئۆتكەن ئىكەن، بىيىنىڭ ئېتى قايىخان پاشا، بىيىنىڭ ئېتى ئاخخان پاشاكەن.

ئاخخان پاشانىڭ خاتىنىسىما ھامۇلدايىكەن، قايىخان پاشانىڭ خاتىنىسىما ھامۇلدايىكەن. ئايدىن ـ ئاي ئۆتەپتۇ، كۈندىن ـ كۈن ئۆتەپتۇ، ھەپتىدە بىي يىيىم كۈن ئۆتكەندىنكىن، ئۇلا: تاققا ئو:غا ماڭىتكەن. قايخان پاشا ئېيتىپتۇ: «مىنىڭ خاتىنىم ھەر يە:دە ھەم بو:سا، ئۆز يە:دە نەم بو:سا، قىز تۇغىتقان ئوخشايتۇ»، دەپتۇ. ئاخخان پاشا ئېيتىپتۇ: «ھەر يە:دە ھەم بو:سا، ئۆز يە:دە نەم بو:سا، مىنىڭ خاتىنىم ئوغال تۇغىتقان ئوخشايتۇ»، دەپ بۇ سۆزنى قىپتۇ. قايىخان پاشا ئېيتىپتۇ: «مىنىڭ خاتىنىم قىز تۇغسا، ئوسىدا كۆكە:تىڭلا، ئەڭلىكتە قىزا:تىڭلا، ئۇپپىدا ئاقا:تىڭلا، سۇيۇي تاختا كۆتە:تىپ، نەغمە ـ ناۋا قىلدۇيۇپ، خەۋە: ئەپ چىقىڭلا:»، دەپتۇ. ئاخخان پاشا ئېيتىپتۇ: «مىنىڭ خاتىنىم ئوغال تۇغسا، نەيزە قىلىچ ئوينۇتۇپ، داقا ـ دۇمپاق چىپىپ، خەۋە: ئەپ چىقىڭلا:» دەپ قوپ، ئىككىلىسى ئو:غا چىقىپ كىتىپتۇ. كۈنلە: ، ئايدىن ـ ئاي ئۆتەپتۇ، كۈندىن ـ

---

[1] ناس ــ ناسۋال.

كۈن ئۆتەپتۇ. ھەپتىدە بىي كۈن ئۆتكەندىن كىن، قايىخان پاشانىڭ خاتىنىسى قىز تۇغۇپتۇ، ئاخخان پاشانىڭ خاتىنىسى ئوغال تۇغۇپتۇ. قايىخان پاشانىڭ قىزىنى ئوسمىدا كۆكە:تىپتۇ، ئەڭلىكتە قىزا:تىپتۇ، ئۇپپىدا ئاقا:تىپتۇ، سۇپۇي ـ تەختى كۆتە:تىپ، سەمە ـ ناۋا قىپ چىقىپتۇ خەۋە:گە. ئاخخان پاشانىكىدىن داقا ـ دۇمباق چەپ، نەيزە ـ قىلىچ ئوينۇتۇپ خەۋە:گە چىققاندىكىن، ئاخخان پاشا خوشلاقتا چىدىيامماي، ئات ئوينۇتۇپ كىلىياتقاندىكىن، ئاتنىڭ بىشىدىن ئىشىكتىپ ئۆلەپ قاپتۇ. قاياخان پاشا دەپنى قىلىپ، قولىقىغا گەپنى قىلىپ يەرلىكىدە قوۋاپ قوپ، قايتىپ كەپتۇ. قايتىپ كىپ ئىككى يالىنىڭ ئىتىنى قوياپتۇ. بىيىنىڭ ئىتىنى تىيى پاشا قوياپتۇ، بىيىنىڭ ئىتىنى زورىخىنىكام قوياپتۇ. زورىخانىكام قويغاندىكىن، ئۇ بالا چوڭ ۋوپ، تۆت ياش تۆت سائات ئۆتكەندىكىن، ئىككىسىنىڭ بىيىدىن قولىنى يىتىلەپ مەختەپكە ئاۋۇپىپىپتۇ، ئاخونۇمنىكىدە. ئىككى بالا بىي كۈنى كە:گۇدەي: «ئا تىيى پاشا يۇزۇمنى تىيمىلىۋالدى»، دىگۇدەي زورىخان. تىيىپاشا كەلگۇدەي: «ھاي مىنىڭ يۇزۇمنى تىيمىلىۋالدى» دەپ كە:گۇدەي. ئايىندا سوقوشاپ ئوقۇۋيۇتمىشكەن. ئاندىن بىي قا:لىسا، يۇلغۇندىن ياڭاقنىڭ ياغىچىدا موللا زى:كىتىپ ئۇچىغا يىڭنە قاداپ ئىتىۋىنىغىننى كۆيەپ: «ھا دىدىكا، جۇگۇ ... ھا جۇگۇ ... » دەپ. «نىمە گەپ بولدى بالام؟ دەڭ بۇگەن» دىسە، «قارىچۇكلىنىڭ باللىي يۇلغۇندىن نىيچىغىتىپتۇ، ياڭاقنىڭ ياغىچىدا موللا زەك ئىتىپتۇ، ئۇچىغا يىڭنە قاداپ نەگە ئاسسا شە:گە تىگىتكەن. ماڭما ئاشۇنى ئىتىپ بىيىڭ»، دىگۇدەي. «ھا پاشا زاتىدىگەن ئانداق قايىچكىنىڭ باللىيىنىڭ ئويناتقىنىنى ئوينۇغۇلۇق ئەمەس. مەن سىزگە كۆمۇشتە ئوخيا ئىتىپ بىيەي بالام» دەپ يولغا سەپقوۋاپتۇ.

ئەتىسى كىلىشىگە كۆمۇشتە ئوخيا ئىتىپىپتىكەن، ئىتىپ ئويناپ بىي يە:دە كىتىپ با:سا، بى خانىقا تەلپەك، لەپ ـ لەپ پىجە، ھىلىلە پىشانە، تاۋىدان كالپۇك، ئەگمى تۆش، مەدىگى گۆش، ئازغان مونجاق، يۇمۇلاق سونجاق، ساچقان پوداق، قاتراپ چىچا:، ئازما قوڭ قىيىدىن بىيىسى قاپىقىنى كۇتۇيەپ سۇغا چىقىپتىكىن، بىي ئىتىشى قاپىقىنىڭكى قاپاقتا تىگىپ، قاپىقى ئالتى پايە، يەتتە پۇچۇق بولاپتۇ. «ئا، ھوي شۇم، ھاقايەت شۇم. يۇڭ يەپ چۇپۇ: چىشىڭ، شۇم تاللىماي ئاغامچا ئىشىڭ، باغلىماي ئۇزۇلۇپ كەسسۇن! سەن نىمىشكە ئۆزەڭنىڭ خىنىكىسقا چىتىك ئاتماي ماڭا چىتىك ئاتىسە؟» دىگەندىكىن، «مىنىڭ خىنىكام كىمكەن؟» دەپتىكەن، «سىنىڭ خىنىكاڭ زويخان» دەپتۇ. «ھا، زورىخان قانداق ئۇ مەن بىي تۇققان تۇ:سام؟» دىگەندىكىن، «سەن بىي تۇققان ئەمەس. سىنىڭ ئىككىڭنىڭ ... سىنىڭ ئاناڭمۇ بۇلەك، داداڭمۇ بۇلەك. سەن ئاخخان پاشانىڭ ئوغلى، ئۇ قايىخان پاشانىڭكى قىزى. شۇڭا ياۋا كىلىدۇ، بىي ـ بىيىسىڭلىگە» دەپتۇ. بۇ: «ياۋا كىلىشى ئۇچۇن قاندا كۆڭەل تاپىتمەن ئۇنىڭ ۋىلەن؟» دىگەندىكىن، «سەن مەختەپكە بايسە. مەختەپكە باغۇچىدا، ‹ئۇكام مەن يۇزۇمنى يۇۋۇلاي، بۆكەمنى تۇتۇپ تۇ:غۇن› دەيسەن. ئۇكاڭ سەن يۇزۇڭنى يۇپ بو:غىچە، بۆكۈڭنى تۇتۇپ تۇيتۇ. سەن يۇزۇڭنى يۇغۇلى قوپقاندا، ئاندىن ‹مەن بۆكەڭنى تۇتۇپ تۇياي ئۇكام› دىگىن. ئۇ بۆكىنى ۋە:گەندىن كىيىن، ‹ئاكىچىكا بۆكەمنى ۋە:گىن› دىسە، ‹ئۇكىچىكا بىينى سۆيەپ قوياڭ› دىگىن. ئاخىيى باشتاق يۇيۇشنىڭ ئو:نى يوق، سىزنى بىينى سۆيەپ قويتۇ. شۇنىڭ ۋىلە كۆڭەل تىپىشىپ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قا:سىلە» دەپتۇ. شۇنىڭ ۋىلە مەختەپكە ۋا:غىلى قوپاپتىكە، «ئاكىچكا، بۆكەمنى بېرىڭ» دەپتىكەن، «بىينى سۆيەپ قوياڭ» دەپتۇ. شۇندا قىپ مەختەپىنىڭ ئىشىك تۇۋىسكە ۋا:غاندا بىينى سۆيەپ قوياپتۇ. ئەن بۆكىنى ئەپ چىكىتىپتۇ.

ئەن ... گۇللەيلى پادىشانىڭ بېشقا بىي يېغا كىپ قەپتۇ. يېغا كىپ قا:غاندىكىن، ئەندىن: «قانداغ ۋو:سا مېنىڭ يېغامنى كىم يېغىلىسا، زويىخاننى شۇنىڭغا بىيتتىم» دەپ ئەلەن چىقا:غاندىكىن، قارىۋا توقۇل بەدىرەك دەپ بىي قۇلى ۋېيكەن، ئۇ قۇلى: «هە، يېغىنى مەن يېغىلاي، ئۇتتۇز كۇن روزىنى مەن تۇتاي، زويىنى ماڭا ۋە:سۇن» دەپ يېغىنى يېغىلىماقچى ۋولاپ، بىي ئاتنى بىي ئاي بېقىپتۇ. بىي ئاي بېقىپ ئاتنىڭ ئۇچۇسقا ئىشەك يە: يىلىمىنى سۇۋاپتۇ، ئۇنىڭ تۆپىسكە تەلىكنى توقۇپتۇ، ئۇنىڭ تۆپىسكە ئىشەك يە: يېلىمىنى سۇۋاپ، ئۇنىڭ تۆپىسكە ئىگە:نى توقۇپ ئىگە:نىڭ تۆپىسكە ئىشەك يە: يېلىمىنى سۇۋاپ، ئۇنىڭ تۆپىسكە كۆ:پچەكنى سەپ، كۆ:پچەكنىڭ تۆپىسكە ئىشەك يە: يېلىمىنى سۇۋاپ بىي مىنىپتىكەن، ئاتمۇ مەزمۇتلىشىپ «ئەمدىغۇ يېغىنىڭ هەممىنى يېغىلايتمە» دەپ بىي يە:دە كېتىپ با:سا، قا:لىسا ئاسماندىكى يۇلدۇزنىڭ ئىدىتنى ئا:سا ئا:غىلى ۋو:غىدەي، دەييانىڭ تېشىنىڭ ئىدىتنى ئا:سا ئا:غىلى ۋو:غىدەي، ئۇ يېغىنىڭ ئىدىتنى ئا:غىلى ۋومىغىدەي تۇ:غاندىكىن، «ۋاي تووۋا، هېلىغۇ بىي زويىخانكەن، ئون زويىخان بو:سىمۇ بۇ ئاسماندىكى يۇلدۇزنىڭ ئىدىتنى ئا:غىلى ۋو:سا بو:غىدەي، ئۇ چۇشىۋالاي ئاتتىن» دەپ، بىي تۇپ دەيەخنى قۇچاخلاپ يە:گە بىي تىيىجىپ تۇ:سا، ئات بىي ئاقىچىپتىكەن، دەيەخ يۇلۇنۇپ ئۆشنىسگە سېلىنىپ قەپتۇ. ئۇ يېغىلى: «ۋاي تووۋا بىز ئۆزىمىزنى يامان دىسەك، بىزدىنمۇ يامان ئەدەملى ۋېيكەن. بىي تۇپ دەيەخنى خوخا يۇلغاندەي يۇلۇپ ئۆشنىسگە سەپ كەلدى. ئۇنىڭ ۋىلە بىينى قويتقان بو:سا، پايە ـ پايە قىلىۋاتقىدەي» دەپ يېغا قېچكىتىپتۇ. شەدىن ئۇ: «يېغىنى يېغىلىۋتىپ كەلدىم» دەپ قاياخان پاشانىڭ قېشقا كىيىپ قا:لىغدەي ۋو:سا، چاۋا ـ چىنا بېغىدا زورىخنىكام تېيى پاشا بىلەن ئويناۋ يۇگىدەي. ئىككى بالىنىڭ ئاشۇق ـ مەشۇق ... مۇيۇندا سوقاشماي ئويناۋ يۇگىنىدىن خوش ۋولاپ، ئون ياشا:دىن يۇز يا:شا، يۇز يا:شادىن مىڭ يا:شاغىچە، موللى سوپۇكام، غىزا توختى، سوپۇ بەش قەپقىچە، ئۇچاتتىن ئودى ۋەگلە: ، تۇزاقچىدىن دوغى ۋەگلە: ، هەممىنى يىغىپ بىي باغ سالدۇيۇپتۇ. باغىنىڭ تېمىنىڭ ئۇزۇن بويىنى ئۇتتۇز غۇلاچ، توغرىسىنى 15 غۇلاچ سېلىپ، باغىنىڭ ئېتىنى قويۇش ئۇچۇن، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشا:غىچە، ئۇچات① تىن ئودى ۋەگلە: ، تۇزاقچى② دىن دوغى ۋەگلە: ، موللى سوپۇكام، غىزا توختى، سوپۇ بەش قەپقىچە، هەممىنى قىچيىپ ئەكىپ، باغىنىڭ ئېتىنى چاۋا ـ چىناۋاغ قوياپتۇ.

باغدا تېيى پاشا بىلەن زويىخنىكام ئويناپ يۇگىنىنى كۆيەپ، قايىۋا توقۇل كىيىپ «دەت ! پاتىشايى ئالەم» دەپ، «ئوتتۇز كۇن يوزىنى مەن تۇتسام، يېغىنى مەن يېغىلىسام، هېيتنى تېيى بىلەن زويى قىلامتۇ؟» دەپ كىيگەندىكىن، «نىم پوق يېيسە؟ مىنىڭ ئايان كۆز يېشىمدا چوڭقۇتقان بىي بالام تۇ:سا، ئۇ يېغىنى سەن يېغىلاپ نىمە ئىش بولاپتۇ؟ نىمە پوق چايناپ كىيدىڭ بۇ يە:گە؟» دىگەنكىن، «ياق، شۇ سۆزەم يالغان بو:سا، تىيەم تۇلۇمغا

---

①، ② ئۇچات، تۇزاقچى ـــ يەر نامىلىرى.

لايىق، بىشىم ئۆلەمگە لايىق» دەپ توۋلاندىكەن، «ئەمدى بۇنى ھازىي دەيىاغا سا:ئلا:» دەپ دىگەندە، ئاڭغىچە قايۋا توقۇل بىي قويغوي ئەكىپ، «قويغوي سەپ باقسام، ئۇ بىي باغدىن جىب ـ جىب ئا:سا، مەن زويىخاڭغا كاۋاپ توتسام، زويىخان ماڭا ئاياق توتامىكىن» دەپ قويغويسى بىيكەن، ئىپ چاۋاچىنا باقغا ئىپ مىڭىپتو. ئەمدى قا:لىسا، قوشقاچلا: «جىب ـ جىق، جىب ـ جىق، سەندىن مەن جىق» دىگىلى تويوپتىكەن، قويغويسى: «ھەي يە:دە ھەم بو:سا، ئۆل يە:دە نەم بو:سا» دەپ، قوشقاچتىن بىنى ئاغودەي، دەپ سىپلىشى، چاۋا چىنا ياغقا چوپ كىتىپتىكەن، يە:گە قا:لاپ بۇ سۆزنى تاشلاپتو:

قويغوي سالدىم باغچاڭغا، سا:سام جىب ـ جىب ئا:سون دەپ،
قويغوي خانىم يوق بولدى، سوراپ باقاي باغچامدىن.

دەپ بۇ سۆزنى تاشلاپتىكەن، شە:دىن ئۇ يىنا ئويگە بىيىپ يىنا بىي قويغوي ئەكەپتو. يەنە بىي قويغوي ئەكىپ يىقىنلاشقىلى تويوپتىكەن، «جىب ـ جىق، سەندىن بىز جىق» دىگىلى تويوپتىكەن، ئۇ قويغوي پەيلىينى قوچاقلىغىلى تويوپتو. ئەمدى ئاۋوغو ئالا:مىدى، ماۋۇ ئالامدىكىن، دەپ بىي سەپتىكەن، يەنە چاۋا چىنا ۋاقىقا چوپ كىتىپتو، چىقماپتو. يەنە يە:گە قا:لاپ بۇ سۆزنى تاشلاپتو:

قويغوي سالدىم باغچاڭغا، سا:سام جىب ـ جىب ئا:سون دەپ،
قويغوي خانىم يوق بولدى، سوراپ باقاي باغچامدىن.

دەپ بۇ سۆزنى تاشلاپتىكەن، شە:دىن يىنە چىقمىدى، دەپ يىنە بىي قويغوي ئەكەپتو. يىنە قويغوي ئەكەپتىكەن، يىنە «جىب ـ جىق جىب ـ جىق، سەندىن مەن جىق. جىب ـ جىق، سەندىن مەن جىق» دىگىلى تويوپتىكەن، ئەمدىغۇ ئالا: دەپ سا:سا، ئۇمۇ چوپكىتىپتو.

شە:دىن قايتىپ كەتكەندىن كىيىن، ئاڭغىچە ئۇ گەپنى خان پاشا ئىشتىپ، بۇ باللىنى بىلەك ـ بىلەك مە:دىستە ئوقوتوپ بە:سون، دەپ ئاخونىسىغا كىشى قوياپ، ئۇ باللىغا يىدىن ئىككى مە:دىسى تەپتو. ئۇ زويىخىنىكامنى بىي مەدىسدە، تىيى پادىشانى بىي مەدىسدە، ئىككى مەدىسدە ئوقوتتىكەن. بىي ئاي ۋولاپتىكەن، تىيى پاشا كىسەل بولاپ قاپتو. كىسەل يىتىپ نا:يىتى غىيىپسىياپ، «ئاھ، مىنىڭ ئانام ـ دادامما يوقكەن، مەن ئۆلسەم كىم يىغلا» دەپ شە:دىن بىي سۆز تاشلاپ باقاي قىنى دەپ، بىي سۆز تاشلاپتو:

كىمنىڭ ئاتاسى يوق، ياتقىدەي توپاسى يوق،
تىيى پاشا ئۆلۈپ قا:سا، ئاڭا كىمما يىغلا.

دەپ بۇ سۆزنى تاشلاپتىكەن، شە:دىن زويىخىنىكام ئۆخلاپ قاپتىكەن، چالا ئويقودون ئويىنىدىن قوپاپ تويوشى، يانا بۇ سۆزنى تاشلاپتو:

بۇ تاغلا: ئىگىز تاغلا:، مۇھەببەت ئوتىنى داغلا،
تىيى پاشا ئۆلۈپ قا:سا ۋاي، ئاڭا كىممۇ يىغلا.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەپ بۇ سۆزنى تاشلاپتىكەن، زويىخنىكام پىچاق بولاپ ئوينىدىن بىي تىپپىتكەن، شە:دىن تام ئۆيۇلۇپ يەكتىپاي بولاپتۇ. ئوينىدىن چامغۇ تىپىۋ يەپ، يىنا ئىككۆيلەن قول تۇتۇشۇپ چاۋاچىنا ۋاققا بۇياڭ كىپتۇ. چاۋاچىنا ۋاققا كىپ باغدا ئويناۋيۇ:سە، يىنا شۇ خانىقا تەلپەك، لەپ ـ لەپ پىجە، ھەلىلە پىشانە، تاۋىدان كالپۇك، ئەگىمى تۆش، مەدىگى گوش، ئازغان مونجاق، يۇمۇلاق سونجاق، ساچقان پوداق، قاتىراپ چىچا: ، ئازما قوڭ قىيى تەمەش تە:گىلى باققا كىيىپتىكەن. قا:لاپ ئىككۆيلەنىڭ ئوينىغىنىنى كۆيەپ قىلىپ، قايىۋا تۇقۇلغا ھىنى چىقىپ قوۋاپتۇ (يەنە چىقىپ قويۇپتۇ.) «تىيى پاشا بىلەن زويىخنىكام ... ئوتتۇس كۇن يوزىنى سەن تۇتساڭ، يىغىنى سەن يىغىلىساڭ، يىنى ھىيتنى تىيى بىلەن زويى قىلامتۇ باغدا؟» دەپتىكەن، «ھا، ياق. ئۆلىنى بىيدىن مەدىسگە سولاپ ئۇقۇتۇغلۇق» دىگەندىكىن، «بى كىپ قا:لىغىن، قىنى» دەپتۇ. بى كىپ قا:لىسا، ئىككۆيلەن باغدا ئويناۋ يوگىنىنى كۆيەپ چىقىپ، «دات ! پاتىشايى ئالەم، دات ! ئوتتۇز كۇن يوزىنى مەن تۇتسام، يىغىنى مەن يىغىلىسام، ھىيتنى تىيى بىلەن زويى قىلامتۇ؟» دەپتىكەن، «ھەي، نىمە دەپ پوق چاينايسە؟ سىنىڭ غەلۋەڭدىن قوقاپ، شۇڭا ئىككى بالىنى بىلەك ـ بىلەك سىنىپتا ئۇقۇتۇشقا ئاخۇنۇمغا تاپشۇيۇپتىغلىق. باللىغا ئۆي سەپ بىيگىلىك» دىگەندىكىن، «ياق، باغدا تۇيتۇ. مانا شۇ سۆزۇم يالغان بو:سا، تىنىم تولۇمغا لايىق، بىشىم ئۆلەمگە لايىق» دەپتۇ. «ھازىي ئاشۇندا:لا ۋو:غان بو:سا، ئاچىقىپ ئۆلتۇيۇپ، تۆت دەيۋازىغا ئىسىۋىتىڭلا !» دەپ ھۆكۇم قىپتۇ. ئاڭغىچە زويىخنىكام چاچياپ يۇگۇيۇپ كىپ، دادىسىنىڭ ئالدىغا ئاياقىغا ئۆزىنى ئىتىپ، بۇ سۆزنى تاشلاپتۇ:

بۇ تىرەك ئىگىز تىرەك، تۇۋىدىن كەسمەك كىرەك،
تۇۋىدىن كىسىپ بولۇپ، ۋاي، ساندۇق ياسىماق كىرەك.
ساندۇقنى ياساپ بولۇپ، ۋاي، تىيىنى سا:ماق كىرەك،
تىيىنى سىلىپ بولۇپ، ۋاي، دەيياغا سا:ماق كىرەك.

دەپ بۇ سۆزنى تاشلاپتىكەن، «ھە، بولاپتۇ. بۇ كۇندىكى خايەتلىنى ھەممىنى يىغىۋەكىلىڭلا. بەشىنجى دادىيدىن ئابلا سايىم خۇدۇيۇم بەداخۇن، تۆتىنجى دادۇيدىن تۆمۇياخۇن ئۇستام، مەمەتنىيىزاخۇن ئۇستام مۇشۇلىنى يىغىپ، ئەشۇ ساندۇق ئەتكوزۇشكە سىڭلا» دەپ. شۇ كۇنىسىدىن باشلاپ ساندۇق ئىتكىلى چۇپتۇ. شە:دىن زويىخنىكام ئىيتىپتۇ: «ساندۇق بىي ئايدا پۇتىتقان ئىش ۋو:سا، ئىككى ئايدا پۇسسۇن. ئون كۇندە پۇتىتقان ئىش ۋو:سا، يىگى:مە كۇندە پۇسسۇن. يىگى:مە كۇندە پۇتىتقان ئىش ۋو:سا، قىخ كۇندە پۇسسۇن. نايتى يىم بو:سۇن، قىيلىرى ئوچۇغلۇق ۋو:سۇن، تەيەتخانىسى بىلەك ۋو:سۇن، قايائەتخانىسى بىلەك بوسۇن، ياتاقخانىسى بىلەك بو:سۇن، ئاشخىنىسى بىلەك بو:سۇن. ھەممىسىنى باشقا ـ باشقا سىلىپ، نايتى يىم ئىگىنلىگە سۇ ئۆتمىگىدەي ۋو:سۇن» دەپ كىيىتكەن. قايىۋا توقۇل كىيىتكەن، «بو:سا پومىلى قىپ، ھوي، خەلە، ۋوي، قوسقاڭلا ئاشتىما؟ نان يەمسە؟ يىسەڭلى نان يەڭلى مۇنە. ھىلدىمىلدام ئىتىڭلى

تۆت يەːدىن بالداخلاپ» دەپ. ئۇ خايەتلى چوتنى ئېلىپ ئالدىغا بىي يۇغۇːسا ئاːقىسقا قېچىپ چىخكىتتىكەن. ئايىنداق قىپ ساندۇق قېخ كۇندە تەيىيا: بولاپتۇ. دادىسقا كىپ زويىخنىكام بۇ سۆزنى تاشلاپتۇ:

ۋاي دادا، هاي هۇي دادا، تاش يۇرەك زالىم دادا،
ساندۇق ئەمدى نەخ بولدى، ۋاي، هۆكۇمىڭىز قانداق دادا؟

دەپ بۇ سۆزنى تاشلاپتىكەن، «هە، بولاپتۇ. ۋەزىي ـ ۋۇزيالىنى، پەقى ـ پۇقيالىيدىن ئون ياشاːدىن يۇز ياشا: ، يۇز ياشاːدىن مىڭ ياشاːغىچە، موللا سوپۇكام، رېزا توختۇ سوپو بەش گاخقىچا هەممىنى يىغىۋەكىڭلا (يىغىپ ئېلىپ كېلىڭلار). بۇگەن ساندۇقنى دەيياغا سامىماقكە» دەپ، قىزى ئەلەن چىقىيپتىكەن، هەممە ۋەزىي ـ ۋۇزايلىيى، پەقىي ـ پۇخيالىيى، يىتىم ئوغۇل تۇل خوتۇن بېيى (بارى، هەممىسى) جۇغلۇشۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تىيى پاشانى ساندۇققا سېپ قوياپ بىيىپ، دەيياغا قوپ بەːگەندىن كىن، ئۇ زويىخنىكام دەت ـ پىياققا چىدىيامماي ئاغىيىپ ئاهۇنى قوشاپ، يىقىلىپ يەːنى قاشاپ (قاشلاپ، تاتلاپ) يېتىپتىكەن، شاهمەييەم دەپ بىي دىدىكى بېيىكەن، ئۇچ كۇن بوːغاندا ئاشۇ تىيى پاشانى ساندۇق ۋىلە ساːغان يەːدىن بىي چوگۇن سۇ ئەچىقىپە ماڭا دەپ سۇغا بۇيىسا، قاːلىسا ساندۇق ئاقماي تۇغىدەي. «ساندۇق ئاخماپتۇ، سۇ ئۇسامماي چىختىم» دىگەندىكىن، زويىخنىكام يىقىلىپ قوپاپ، دەييا ۋۇيىغا كىپتۇ. دەييا ۋۇيىغا كىپ، ئۇ ساندۇق ... تىيى پاشا زويىخنىكامغا قاːلاپ تۇيۇپ بۇ سۆزنى تاشلاپتۇ:

قاغا تاپ چىقىي، قىز كامالىغا يېتكەندە ۋاي، بۆكىنى قورا قىڭىي.

دەپ بۇ سۆزنى تاشلاپتىكەن، تىيى پاشاغا قاːلاپ تۇيۇپ زويىخنىكام بۇ سۆزنى تاشلاپتۇ:

مەن سېنى ئۇنۇتماسمەن، كۆز ياشىم قۇرۇتماسمەن،
مەن سېنى ئونۇتماسمەن ۋاي، كۆز ياشىم قۇرۇتماسمەن.

دەپ ئاھ ئۇيۇپ ئاغىيىپ قىزىپ يىقىلىپ، يەːنى قاشاپ بۇيان مېڭىپتۇ. تىيى پاشا ساندۇق ۋىلى ئېقىپ كىتەۋىيپتۇ.

ئايلىقتا بىيە ئاي ئۆتەپتىكەن، زويىخنىكام چىدىيامماي دەت ـ پىياققا، شاːمەييەم دىگەن خېنىزىكىنى «ماڭ دەييادىن سۇ ئاچىققىن» دەپ سۇغا ۋۇيىيسا، قالىسا بىيمۇنچە كايۋانلى كېلىياتقىدەي. ئان، كايۋانلا كېلىياسا، بىي توقىقۇس تايام دىگەن يەːدە بىي ساندۇق ئېقىپ كەتكىنىنى كۇيەپ، كايۋانلى: «هاي، بۇ هېچ ئەمەس بىييەدىن كەːگەن بىي غىيىپ مۇساپىينى تاششىۋاتقانمىدۇ، نىمە گەپتۇ؟ بۇ يەتتە ۋاشلىق يەلمۇڭۇز قېيىمىدۇ؟» دەپ تۇːسا، كايۋانلىنىڭكى: «ۋۇي، بۇنى تات» دىگەن ئاۋازىنى ئىشىتىپ، تىيى پاشا بۇ سۆزنى تاشلاپتۇ:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەن كەلدىم توققۇز تالام، مەندىن زورەمگە سالام،
سالاممىنى ئىلىك ئالمىسا ۋاي، زورەمنى سۆيگەنىم هارام.

دەپ بۇ سۆزنى تاشلاپتىكەن، «ۋاي، توختاڭلى، بۇ يە:دە بىي گەپ با:غا ئوخشايدۇ، ئوبدان قۇلاق سالىلى» دەپ هېنى تىڭشاپ تۇيۇپتىكەن، هېنى بۇ سۆزنى تاشلاپتۇ:

ۋاي بەگلە هاي ـ هاي بەگلە، زورەمگە سالام دەڭلە،
سالاممىنى ئىلىك ئالمىسا ۋاي سۆيەگىنىم هارام دەڭلا.

دەپ بۇ سۆزنى تاشلاپتىكەن، بىي كاتىپ بېيىكەن، بۇ خەتنى ئېپ يانجۇغۇغا سېپ ئېكىپتىكەن، شامەيىەم دىگەن خېنىزىكى سۇنى كۆتۇيەپ ماڭسا، «ۋاي خېنىم، سۇلىيىنى بىي ئىچىۋالىلى» دەپتىكەن، «ۋايجان مېنىڭ خېنىم ئاچچىغلاپ قا:تۇ، پات چىقمىسام» دەپتىكەن، «سىلى كىمگە ئاچىقلا ئۇ سۇنى؟» دەپتۇ، «توخسىلى، زويىخىنىكامغا ئاچىقسىلىما، نېيىسىدىن كىپتىمىز، بىي هۇتۇۋاللى، توخسىلى» دەپتىكەن. سۇنى ئېپ قېشقا ئاپا:سا، سۇ تۇكوۋىتىۋلىكىن چوگۇننىڭ ئىچىگە خەتنى تاشلاپ: «مېنى خېنىم» دەپ بىيىپتۇ. «ۋوي، سەن هەيدەيىم ئىككى سائاتتا ئىچىقتىتىڭ، مۇنى ئۇچ سائاتتا ئىچىقتىڭ. قۇي سۇنى مېنىڭ قولامغا» دەپ ئۇيغۇلى يۇغۇيۇپتىكەن، سۇنى ئەكىپ، بىي ئېلىشتۇ:سە، سۇ يوق خەت چۇپتىكەن، خەتنى ئوقۇپ: «ۋوي، بۇ خەتنى كىم بە:دى ساڭا؟» دىسە، «ۋاي، ياق، ماڭا بىيىسى خەت بە:مىدى» دەپ، ئۆيىنىڭ ئۇ بۇلۇڭىدىن بۇ بۇلۇڭىغا يۇغۇيغىلى تۇيۇپتۇ. «ۋاي سىنى ئۇ:مايتىتىم، تىلىلىمايتىتىم، هىچ گەپ يوق. ساڭا بۇ خەتنى تىيى پاشادىن كە:گەن سالام خەتكەن، هەيكىم ئەكە:گەن بو:سا، بۇنىڭغا ياخشى ئىنام قىتمەن» دىگەندىكىن، «قىخ دانە پالۋان ئەمسە، ئاشۇ دەيىيا ۋويىدا قالدى، سۇنى بىي ئىچىۋاللى خېنىم، دىبدى، ئەكىيىبىيىبدىم، مەن خەتنى سا:غاننى كۆ:مەپتىمەن» دىگەندىكىن، «هازىي باشلاپ ئاچىققىن» دىگەندىكىن، «مەن دىگىنىمگە هە:گىز چىقمايتۇ ئۇلا» دىگەندىكىن، ۋەزىي ـ ئۇزيا، پەقىي ـ پۇقىيالىيىنى بۇيىيۇپتىكەن، باشلاپ ئاچىقىدىكەن ئاشۇ ئوغا. كىپ ئاچىقسا «ۋاي توۋۋا سەن نەدىكى خەتنى قىپ بىزنى ... هەي بالانى قىسا مۇشۇ قىلغان، مۇشۇنى تۇتۇپ بىيىلى» دەپ ئاشۇ مىيىزى مولىلىسىنىڭ ئالدىدا دوخچايتىپ ئەكىيسە، قا:لىسا، لىگەنلىدى پولو، گوشلى بېسىغلىق تۇغىدەي. «ۋاي بىزنى ئۆلتۇيۇۋىتىتقان گەپمۇ يوقكەن» دەپ يېتىپتۇ. ئەتىسى ئۇ دادىسىنىڭكى يانجۇقىدىن مالنى ئېلىۋەپ: «بۇگەن كە:گەنلىنىڭكى بىيەمىسىنى ئا:غىلى كە:سە كىيسۇن، با:زا:غا كىيگەللى ساتقىلى كىيمىسۇن» دەپ ئۇلىنىڭ بىي ـ ۋاها بىيەمىسىنى ئون ۋاهاغا سېتىپيىپتۇ. تاڭلىكۇنىسى هېنى بىي تامغىنى بېسىپ، «بۇگەن هەممە ئەدەم ساتقىلى كىيسۇن، ئاغىلى كىيمىسۇن» دەپ هۆكۇم چىقىيىپ، ئون ۋاهانى بىي ۋاهاغا ئەپ بىيىپتۇ. ئەمدى ماڭغىلى قوپاپتىكەن، شامەيىەم دىگەن خېنىزىكىنى بىللە قوشاپتۇ، «مۇشۇنى تىيى پاشانىڭ مەيلى هەي قاندا خەۋىيى بو:سا ئەپ كە:سۇن، بىللە ئا:غاچ ۋا:سا كايىۋانلى» دەپ.
بىي يە:دە كىتىپ با:سا، ئاڭغىچە ئېقىپ ئۇ ساندۇق توقىال سايايغا بىيىپتۇ. يۇم

شە:يىگە ۋېيىپتۇ. يۇم شە:يىگە ۋا:غاندىكىن، يۇم شە:يىنىڭكى پادىشاسىنىڭكى ئۈچ قىزى ۋىيكەن. ئۈچ قىزى سۇغا كېچىۋويناپ يۈگەندىكىن، قا:لىسا بىي ساندۇق ئېقىپ كە:گۇدەي. چوڭ قىزى دەپتۇ: «بۇنىڭ ئىچىدە بىي شە:گە يەتكۇدەي تىللا با:غا ئوخشايدۇ.» دەپتۇ. ئوتتۇيەنجى قىزى ئېيتىپتۇ: «بۇنىڭ ئىچىدە بىي كۆڭەل خوشلۇقىدىن با:غا ئوخشايدۇ» دەپتۇ. ئەڭ كىچىگ ... هە قا:سى تۇتماقچى ۋو:سا ئاشۇ تۇتقانغا بە:مەكچى ۋولاپتۇ. چوڭ ئاچىسى زۇلپىسىنى بىي ئېتىپتىكە يەتكىلىخچە يەتمەپتۇ. ئەڭ كىچىگى بىي ئېتىپتىكەن، يۆگۆشۈپ ـ يۆگۆشۈپ قاپتۇ. ئۈچ بىي تۇقان بىيلىشىپ چاشلىيى بىلەن سۆرەپ بىيمىنى بۇ ياقا ئاچىقىپ قوۋاپ، شە:دىن كىچىك سىڭلىسى يۇغۇيۇپ دادىسىنى قىچىغىلى چىقىپتۇ: «ۋاي دادىكا، جۇغۇ ـ جۇغۇ ـ جۇغۇ ـ جۇغۇ، ها جۇغۇ .. ها جۇغۇ ... »، «ها بالام، نىم بولدى، ها بىي دەڭلا بۇگەن، جان چىقماستا» دىسە، «ها جۇغۇ ... ها جۇغۇ ... »، «ها بىي دەڭلا، نىم گەپ بولدى؟» دىسە، «دەيىيادا يوغۇن بىي ساندۇق ئېقىپ كېپتىكەن، قاسىمىز تۇتساق شۇنىڭ بولا: ۋو:غان، ئاچام بىلەن ئۈچەيلەن خەۋە:لىشىپ. چوڭ ئاچام دىدى، بۇ ساندۇق ئىچىدە بىي شە:گە يەتكىدەي تۇللا ۋا: چىغى دىيتۇ، كىچىگ ئاچام دىيتۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بىي كۆڭەل خوشلۇقۇدىن با:غا ئوخشايدۇ، دىيتۇ. هەنىم بو:سا تۇتقىنىمىز ۋو:غان. مەن تۇتىۋالدىم ئەمدى. ئاشۇنى ئاچىقپەسىڭىز ۋولۇتتى» دىگەندىكىن، شە:دىن ۋۆزىي ـ ۋۇزايلىينى، پەقىي ـ پۇقيالىينى بۇ:رۇپ، ساندۇقنى ئاچىقتۇيۇتكەن. ئاچىقتۇيغانىڭۇزى ساندۇقا سۆز تاشلايتكەن تېخى:

ئۆيگۇلۇپ كە:گەن ساندۇق، چۆگۇلۇپ كە:گەن ساندۇق،
ئىچىڭدە نىمىلە با:دۇ ۋاي، بىي ئاۋاز قىغىن ساندۇق.

دەپ بۇ سۆزنى تاشلىغاندىكىن، ساندۇق بۇ سۆزنى تاشلايتكەن:

سۇ كىلە گۇلدۇ ـ گۇلدۇ، چىرايىم سېرىغ گۇلدۇ،
قىخ كۇن بولدى زورەمنىڭ ۋاي، ئىشقىدا سېرىغ گۇلدۇ.

دىگىدەي. «ۋاي تېخى زورەمنىڭ ئىشقىدا چىيايى سېرىغ گۇلدەي ۋولاپتۇ. نىم گەپ بايىدى ۋولا، بۇنىڭ ئىچىدە؟» دەپ هېنى بۇ سۆزنى تاشلاپتۇ:

تەپسەم ساندۇق ئاچىلىڭ، گۇل باشىمغا سانجىلىڭ،
ئاچىلمىغان مىڭ كۆيمەس ۋاي، زويەمنى سېغىنساڭ ئاچىلىڭ.

دەپ بۇ سۆزنى تاشلاپتىكەن، شە:دىن بىي ئۆينى ئالتۇنغا، بىي ئۆينى كۆمۈشكە توشقۇزا: ۋولاپ، بىي بوۋاي: «يە:نى يەپتىمەن شە:نى كىزىپتىمەن، بىي ئۆيەمنى ئالتۇنغا، بىي ئۆيەمنى كۈمۈشكە توشقۇزاپ بە:سىلە، مەن ساندۇقنى مەن ئېچىپ بىيەي» دەپتىكەن، بىي ئۆينى ئالتۇنغا بىي ئۆينى كۈمۈشكە توشقۇزاپ بىيىپ، ئۇ بوۋاينى ئەكىپتۇ. ساندۇقنى بىي بېسىپ قوسىقى ئاجىراپ كىتىپتىكە، بىي تېپىپتىكەن ساندۇق ئېچىلىپتۇ. «ئەسسالامۇلىكۇم !» دەپ قا:لىسا، «ۋائەلىيكۇم ئەسسالام !» دەپ بىي يىگىت چىققۇدەي. چېچى ئۆسەپ دۇلىسىغا چۈشكىدەي، چىرايى سامانىدەي سايغاغلىق، قولىدا قۇرئان. شە:دىن چىقىپ كۆيۇشەپتۇ. ئۇ بۇۋى سۇلتان بۇۋىچەكنى ئاشۇنىڭغا بىيە:چى ۋولاپ قويسا،



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەشەدىمۇ بېيىكەن شۇ خانىقا تەلپەك، لەپ ـ لەپ پىچە، ھېلىلە پىشانە، تاۋىدان كالپۇك، ئەگىنى تۆش، مەدىگى گوش، ئازغان مونجاق، يۇمۇلاق سونجاق، ساچقان پوداق، قاتراپ چىچا:، ئازما قولۇق قېيىدىن بىيسى كېلىپ: «ئۇ پادىشا زاتىمۇ قايىچۇكىنىڭ باللىيىمۇ؟ بۇنى سىناپ باقماي ھېلى بەمىيلې» دەپتۇ. «بۇ قاندا سىنىغلى ۋوتۇ؟» دىگەندىكى، «ئولۇق پۇتقا گىلەم سالىلى، چەپ پۇتقا زىلچە سالىلى. بىي لىگەنگە ئاشنى قويىلى، تۇيۇسقا تاقاققا قا:چىغىنى قوندۇيۇلى. پادىشا زاتى ۋو:سا، كىيگەنچە قا:چۇغىنى ئۇندۇيتۇ، گىلەم سېغلىق ۋوسىما ئولۇق پۇت قوياپ ئولتۇيتو تۆنىڭ بېشىدا. قايچۇقىنىڭ باللىيى ۋو:سا، ئۇ قا:چۇغىمۇ قالىماي، با:غانچە لىگەنىنىڭ ئېشقا قالايتۇ. ئاشۇ زىلچى سېغلىق چەپ پۇتتا ئولتۇيتۇ. ئاشە:دىن بىلگىلى ۋوتۇ».

بىي ئۆيىنى ياپتۇيۇپ ئولۇق پۇتقا گىلەم، چەپكە زىلچىنى سېلىپ، قا:چۇغىنى قوندۇياپ شە:دىن ئۆيگە باشلاپتۇ. ئەكىيپتىكەن، بىي قا:چۇغىنى ئۇندەپ، بىي ئولۇق پۇتتا گىلەم ساغلىق يە:دە ئولتۇيۇپتۇ. «ھە بۇ پادىشا زاتىكەن، ئەمدى بىيتىمىز». «بۇ سىناغ ۋىلەن سىناپ بو:غىلى ۋو:مايتۇ. بۇنى بىي ئۇچۇلۇقتا ئاچىقىپ باقسىلا، ئۇچۇلۇق ئويناپ باقسۇن. ئەشە:دە بىي يېغىي ئاتقا ئىگە توقۇسلا، يايام ئاتقا مولۇ توقۇسلا، ئىككى ئاتنى ئالدىغا ئەكىپ تو:غۇزسىلا. پادىشا زاتى ۋو:سا ئاشۇ مولۇ توقۇغان يايام ئاتقا مىنىتو، ئاشۇ قا:چۇغىنى ھېنى ئا:سا ھە بۇ پاشا زاتىكەن. ئاشىنىڭ ۋىلە سىنايتىمىز» دەپ ئايۇنداق قىپتىكەن، ئۇ با:غانچە مولۇ توقۇغان ئاتنى مىنىپ، قولىغا قا:چۇغىنى ئەپ ئۇچۇلۇق ئويىنىغلى چىقىپتۇ. شە:دىن بىي يە:گە بىي قۇيغۇي كېلىپ، بىي قۇچقاچنى ئەپتىكەن، پىسىلىك قىپ كولۇپتۇ. كولگەندىكىن، بۇ ئاشۇ چىنا باغدا قۇيغۇي ساغىنىنى خەپشىپ كولۇپ سا:غاندىكىن، بۇ ھېنى ئۇچۇلۇقتا ئاچىقساق كولۇتكەن، باشقا چاغدا كولمىيتتى دەپ، ھەي كۇنى ئۇچۇلۇقتا ئاچىقىپتۇ، كولمەپتۇ. كولمىگەنىدىكىن، ئالتايلىق يە:گە كۇيەنگۇدەي مۇنا: سەپتۇ. قىخ كىچە ـ كۇندۇز تويىنى قىپ بوۋى سولتان بوۋچەكىنىڭ توي ـ مەيكىسىنى قىپ چىقىپپەگەندىكىن، ئا ئىككىلىسى قىلىچنى چۇقۇپ قوياپ ياتىتكەن، سەن مىدىلىساڭ سېنى كىسە: قىلىچ، مەن مىدىلىسام مېنى كىسە: قىلىچ دەپ. يەتتە كۇن بو:غاندا كۆ:سەتكىلى ئەكە:سە، بوۋى سولتان بوۋچەكىنىڭ تەيى نايتى سېيىغ، ئۆڭى ئۆچەك كەپتۇ. كە:گەندىكىن ئاشۇ قىبيى: «ھەي پادىشا، قىزلىيىنىڭ چىيايىغا قاللىمۇ؟»، «قالامدىم، قانداغ؟» دىگەندىكىن، «ھەشتىممەس ئەجۇجى ـ مەجۇجىگە بە:گەن چېغىلىيى ۋا، تاپىنىنىڭ قېنىنى شويىغان چېغىۋا، ھەي ئەجەپ ساغىيىپ قەپتۇ» دەپتۇ. قىزنى: «بالام، ئەھۋالىڭىز نىچۇك؟ چا:يىڭىز ساغىيىپ قەپتۇغۇ؟» دىگەندىكىن، «مېنىڭ ھېچ ... ھېچقاندا ئەھۋال يوق، ئاشۇ كىچىلىكتە ئۇيقۇسىزلىقتىن شۇڭا ساغىيىپ قا:غانتىمە. ئىككىمىزنىڭ ئا:لىقىغى بىي قىلىچنى چوقۇپ قويتۇ، سەن مىدىلىساڭ سېنى كىسە قىلىچ، مەن مىدىلىسام مېنى كىسە: قىلىچ دەپ. ئۇخلاپ قا:سام قىلىچ كىسىۋاتامدىكى دەپ، ئۇخلىماي ياتتىم» دەپتۇ قىزى ...

(بۇ ماتېرىيالنى 1986 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تىل تەكشۈرۈش جەريانىدا ئاپتور ئۆزى توپلىغان. يېزىق بىلەن خاتىرىلىگۈچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي تىلشۇناسلىق كەسپى بويىچە 2006 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى ئابدىكېرەم ئابلىز.)

بۇ ھېكايىدىن خوتەن تەلەپپۇزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ھەقىقىي ھېس قىلالىۋالايمىز. بۇ يەردە، مۇشۇنداق قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن بىزنى تەمىنلىگەن سالى

خېنىم ۋە سالى خېنىمنىڭ بالىلىرىغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

كۆزى كۆرمەي، پەقەت بالىلىرىغا قاراشلىق بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بۇ مېھرىبان ئانىنىڭ شۇنچە ئۈمىدۋار، خۇشال ياشاۋاتقانلىقى ئۆز ۋاقتىدا ماڭا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. مۇشۇنداق مېھرىبان ئانىلىرىمىزنى مەڭگۈ ئەسلەيمىز !)

## كېرىيە قوشاقلىرى

قارا مۇچۇم چېچىلىپ كەتتى، تېرىشىپ بە:سىلە.
سۇيەي دېسەم بۇيام پاكا، ئېڭىشىپ بە:سىلە.

ئۆستەڭ باشىدا كاتۇ، يوشەنخان دۇتا چا:تۇ.
يوشەنخان دۇتا چا:سا، ئەلىنىڭ ئاغزى ھاڭ قا:تۇ.

ئا:قا تاققا ئۇۋغا چىقتىم، مەتنىياز پالگان بىلەن.
ئۆمرۈم باكا ئۆتەپ كەتتى، ئېرى با جۇگان بىلەن.

گۈلنى چۆگىلەپ كېتەلمەس، ئالىچپار كېپىنەك.
مېنى چۆگىلەپ كېتەلمەس، ئانا: يۈزلۈگ سېكىلەك.

ئوتۇن ئالسام چەلىگدىن ①، خوتۇن ئالسام شە:لىگدىن،
بازا:غا سارايْ سېلىپ، ئېشىپ كەتسەم زە:لىگدىن②.

ئوچاق بېشى ئويامغلىغ، موندەك چاگۇن قوياغلىغ.
چوڭ گەپ قىلماڭ رەسۋالا:، بىزمۇ سىزدىن توياغلىغ.

نايىنى ـ ناي ـ ناي دېگۈلۈك، ناننى چايناپ يىگۈلۈك.
ناننى چايناپ يېمىسە، گالغا تۇرۇپ ئۆلگۈلۈك.

ھەي خېنىم كۆ:دەڭلىمۇ، سەگۇ تېرەك بوستاڭلىنى.
ئۆلمىسەك بىزمۇ كۆرە:مىز، داڭلىغان دوستاڭلىنى.

ئابدىرا:مان دام ـ دام، مەن تېرەككە قوندام.
سەن جۇۋاڭنى بە:مىسەڭ، مەن سۇغاققا توڭدام.

جان سەيدەم ، جېنىم سەيدەم، ئاغىيتۇ مېنىڭ مەيدەم.
مەيدەمگە شىپا ئىستەپ، مىڭ تاللاپ سېنى سۆيدەم.

ئەھھە، ئەھھە دەپتىم، قەنت زاۋۇتتىن كەپتىم.
ئاش ئەتمىگەن خوتۇننىڭ، سۆزىنى بېرەر دەپتىم.

---

① چەلىگ ــ لەقەم.
② زە:لىگ ــ ئالتۇنى بار ئادەم، باي، پۇلدار.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تاشىۋاتماڭلا ياش باللا قىرىلىنى، بىقىۋا:غىلى بو:مايتكەن ئۆلگىنىنى.
ئېۋاغىلى بوما:يتكەن بىلىكىنى، كورۇۋا:غىلى بو:مايتكەن كۆيگىنىنى.

ئىشىق ئوتى ئالدىدا، دوزاخ ئوتى قانچىلەك؟
مېنى شۇنداغ كۆل قىلغان، قېشى قارا موندىلەك ①.

تاغىنەم كۆڭلەك كىشىپلا، زەپ ياراشىپتۇ خېنىم.
ھەممە ئادەم غۇنچە بويكەن، دەپ قاراشىپتۇ خېنىم.

ئايىۋانىڭنىڭ ۋاسىسى، ئاتمىشمىتۇ، يەتمىشمىتۇ؟
مېنى كۆيدە:گەن جوگان، ئاشۇمىتۇ، يەڭگۇشمىتۇ؟

قارا كۆزۈڭ قايناشۇ، ساچىڭ بەلگە چىرماشۇ.
ئون بەش كوندە بى كە:سەم، داڭلىغ يا:نىڭ ھالى شۇ.

ئۇستىرا كاپ بىلەن، باھالاش لاپ بىلەن.
ئىشنى جۆندەيمىز، گوش كاۋاپ بىلەن.

ئو:ماڭنى ئوراپ قويدام، ئەنجەڭنى② ئۆزەڭ باغلا،
با:چە گەپنى دەپ قويدام، قا:غاننى ئۆزەڭ چاغلا.

چا: بوغدايىنى سورىسا، چەش بولادۇ، كالايلاي.
بۇ ئالەمنۇ ھەقاچان، كەچ بولادۇ، كالايلاي.

جەت - جەت پاساغان، ئوساغاچ كەتسىلە.
يانجۇقۇمدا چا مېغىز، چايىنغاچ كەتسىلە.

ئانىكا سوقماڭ مېنى، بەش، ئالتى كون مېمانىڭىز.
ئاخشىمى قاراڭغۇدا، ياندۇ:غىلى چىراغىڭىز.

ئۇچاڭدىكى كاياڭنى، دىكا③مىكى دەپتىمە.
دالو④ ئالدىدا تۇ:ساڭ، باكا:مىكى دەپتىمە.

## گۇما قوشاقلىرىدىن

چوكاننىڭ قارا قاشى، ئەجەپ تولاكەن ئاداشى.
دەپ قوياڭلا چوكانغا، ئۆلەمگە كىتىدۇ باشى.

① موندىلەك ـــ ئوماق، ئەركىلەتمە سۆز.
② ئەنجە ـــ ئۇنچە، بۇغداي ئۇنچىسى.
③ دىكا ـــ رەختنىڭ بىر تۈرى، خەنزۇچىدىن كىرگەن سۆز.
④ دالو ـــ ئېگىز بىنا، خەنزۇچىدىن كىرگەن سۆز.

ئالدىمچە ماڭىپ، داچەننى ئالىپ،
كەينىمچە يانىپ، خوجۇنغا سالىپ،
ئۆيەمگە كېلىپ، يارىم قاشىغا كەلسەم،
ساندۇقنى ئاچىپ، كېلىنىڭ مەشۇقۇم دىيتۇ.

## خوتەن قوشاقلىرىدىن

ئېرىق سۈيى غول كە:سە، چوڭ ئۆستەڭگە باشلىۋات،
ۋاپا قىمىغان يا:نى، باشىڭدىن ئۈيۈپ① تاشلىۋات.

تاماكاڭنى چەكمەيمەن، تۇتقىنىڭغا ھەشقاللا،
بىز سۆيەپ قوياڭ دىسەم، ئۇرۇشقىلى تاس قاللا.

چەكمەنىڭنى بازا:غا، ئاچىقتىڭمۇ ئامرىقىم،
يىراق يە:دىن چالما ئاتسام، ئاسقىتىڭمۇ② ئامرىقىم.

تاۋار كۆڭلەك ئېپ بە:سەم، ئاسقۇغا ئېسىپ قاپسىز،
كەچتە كېلىنىڭ دەپ قوياپ، شام بومماي يېتىپ قاپسىز.

تېرنى ئاشلاپ نېمە قىلىسىز، تېرنى ئاشلاپ جۇۋا قىلىمەن،
ھەي ـ ھەي ئۇكىجان بىلىۋىلىڭا، جۇۋنى قىشلاپ ئۇۋا قىلىمەن.

شاخ ئېگىلدى پەس بولدى، كۆن ئېگىلدى كەچ بولدى،
ئاغلاقچىنىڭ③ دەستىدىن، جان ساقلىماق تەس بولدى.

ئەنسىلىغدا ④ تېپىلىپ، پۇتۇم قايرىلدى،
يار باشقىنى تاپقاندا، بىزدىن ئايرىلدى.

يا قېشىڭدىن چەتلەشمەي، يا چىرايلىق گەپلەشمەي،
يۇرە:مىزمۇ يۇمىلاق، ئۆمۇر ئاخىر ئەپلەشمەي.

پىلە باقتىم بەش تىۋەك ⑤، غوزا تۇتتى ئەشلىكتە.
يار خىيالى ئۇينايدۇ، مېنىڭ كۆڭلۈم غەشلىكتە.

يا:ما شاپتول، ئەش شاپتول، ئوخشىغاننى كۆرەيمۇ؟
ئوتىڭىز يامان بالا، ئاخشاملىققا بارايمۇ؟

---

① باشىڭدىن ئۈيۈپ — بېشىڭدىن ئۆرۈپ.
② ئاسقىماق — ئالدىرىماق، تېنىمەك.
③ ئاغلاقچى — پايلاقچى، ئىككى ئارىدا گەپ توشۇغۇچى.
④ ئەنسىلىغدا — ئەنسىزلىكتە، ئالدىراشچىلىقتا.
⑤ تىۋەك — سېۋەتنىڭ بىر تۈرى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەتىلەتتىن كە:سىلە، ئۆگۈنلەتتىن كە:سىلە.
ئىشەنجىدىن چىقا:دىم، ماڭا كۆڭەل بە:سىلە.

قېشىڭىزغا ئۆتەي دەپ، كېمە سالدىم كەلكۈنگە.
توي قىلىلى ئىككىمىز، داڭقى كەتسۇن ئەلكۈنگە[1].

بارا: بولساڭ مەللىگە، سىرنى يايماڭ ئەللىگە.
سىر يايسىڭىز ئەللىگە، گەپ تېپىلا: دەللىگە.

يارىم سىنىڭ دەرۋازاڭ، غىچىر ـ غىچىر ئەگىنە[2].
غىرىپلىق ئەسىر قىلدى، پات ـ پات يوقلاپ كە:گىنە.

ئىشىكىڭگە قولپا سەپسەن، ئەگىنەڭنى هاڭ قوياپ.
ئۆلگىچە ئوينايلى بىللە، باشقىلا:نى تاڭ قوياپ.

قويغا غۇلاق بولغۇدەك، ئا:قىدىكى تېرەكتە.
قاچان بىلە: قەدرىمنى، ۋاپاسى يوق ئەرەكتە[3].

يولغۇن چېچىكى سايدا، پىننە ياغىچى چايدا.
سىزگە ئوخشاش ئەبگانى، يار تۇتماقتىن نىم پايدا؟

چوڭ قاپاقتىن ياغ بۆلدۇم، يېرىم جىڭلىق كەمچىدە[4].
ساقىيامدۇ ئىشق ئوتى، داۋالاتسا ئەمچىدە[5].

بوران چىقىپ ئۆرىدى، هويلامدىكى باراڭنى.
ئەلەڭ ـ سەلەڭ بوپقالدىم، كۆرسەتمىگەچ قاراڭنى.

«خېنىم» دېسەم «هە؟» دەيسىز، گەپ قىلمىسام تەگەيسىز.
هېسابى با: ئاچچىقنىڭ، نېمە ئۇنچە ئەدەيسىز[6].

كاكچا ياقتىم گەزنىدە، دۇتا: چالدىم بەزمىدە.
ئاباي دېگەن گېپىمنى، قىلىڭ يارىم ئەزمىدە[7].

مەلەمنى تولا كەزمە، ئەتە ـ ئاخشام ئوقۇپ نەزمە.
گېپىڭ بولسا ئۇچۇق دە، ئەزمەڭنى تولا ئەزمە.

---

① ئەلكۈن — خەلق، ئاما، جامائەت.
② ئەگىن — ئەگۈنمۇ دېيىلىدۇ. شادىلىق توساق، دەرۋازا.
③ ئەرەكتە — ئەر.
④ كەمچە — كەملىگۈچ، ئۆلچىگۈچ.
⑤ ئەمچى — تېۋىپ.
⑥ ئەدىمەك — ئەزۋەيلىمەك، هەددىدىن ئاشماق.
⑦ ئەزمىدە قىلماق — هەزىم قىلماق.

ئەھھى ـ ئەھھى يۇتىرەپ ①، توختاڭ دىدىم سىكىلەك.
سىزدەك گۈزەل خىنىمغا، بىزدىن باشقا كىم كېرەك؟

ئايخانىزاڭ قۇلاقىڭدا، قارايمەن ياراشقانغا،
خەخ سىنى مىنىڭ دەپتۇ، بە:مەيمەن تالاشقانغا.

قىزىل گۈلنىڭ پۇرىقى، ئەتىرگۈلنىڭ پۇرىقى،
بىزنى ئانىي تاپسىڭىز، ئاخىرەتتە سورىقى.

قەن سالمىغان سىنچاينى ئىچكۈم كەمىيتۇ،
ئانداغ ـ مۇنداغ يىگىتكە، تەگكۈم كەمىيتۇ.

قوسقامنى ئا:غىتتى، ئۇششۇپ كەتكەن تامۇتۇ ②،
بىزنىڭ ياردەك چايلىغ، بۇ دۇنيادا بامۇتۇ؟

(يۇقىرىدىكى قوشاقلار شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىلى نەشر قىلغان ئابدۇللا سۇلايمان قاتارلىقلار يازغان «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» ناملىق كىتابتىن ئېلىنغان.)

## 4) تۇرپان، توقسۇن شىۋىسىدىن ئەدەبىي پارچىلار

### (1) تۇرپان ئاستانىدىن ئەدەبىي پارچىلار

ئاۋاز بەرگۈچى 1: بارى ھېيت، 62 ياش، ئالىي تېخنىكومدا ئوقۇغان، تۇرپان ئاستانىلىق، يېزا كادىرى، ھازىر پېنسىيەدە. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەشكە قىزىقىدۇ.

ئاۋاز بەرگۈچى 2: رېشىت ھوشۇر، 65 ياش، تېخنىكومدا ئوقۇغان، تۇرپان ئاستانىلىق، ھازىر پېنسىيەدە. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەشكە قىزىقىدۇ.

### توينامە

دېخانلا:دا، كۈز پەسلىدە ھەرخىل زىرائەتلە: ئاي شولىسىدىمۇ كۈچ ئەپ تېز پىشىدۇ، دېدا:ن گەپ با: .

قاچانكى كەتتى دىلبىرىم بۇندىن، بېغىمدا قۇشلا: سا:رىماس ۋولدى،
كۈلكە ـ چاقچاقنىڭ پەرىسىمۇ ھەم، كۆخۈل خانەمگە دا:رىماس ۋولدى.

قارا چاشلا:نىڭ ئورنىغا ئاق چاش، چىقتى، ئىگەللەپ تۆرنى ئالدى،
كۆز يۇمۇلسىلا نەدىندۇر سۇرلۇك، يىغا ئاۋازى ئاڭلىنار بولدى.

---

① يۇتىرىمەك ــ يۆتەلمەك.
② تامۇتۇ ــ پەمىدور.

ئەشۇ تەرىزدە ئۆتتى كۈن ـ تۈنلە: ، كۆزۈم ھەر زامان ئۈيقىدىن بىدار،
بۈگۈن ئەتىگە ئۇلاشتى تەستە، غېرىپ ھالىمغا ئېچىندى دوستلا: .

ئۈچرىغاندىلا تەغدىرداش سەنەم، بۇ غېرىپ كۆڭلۈم يورىدى ئەجەب،
تەڭرىمۇ قاراپ تۇرمىدى بىزگە، ئىش پىشتى كۈزگى داندەك ھەسسىلەپ.

مۇشۇ سۆزۈمگە گۇۋا بۇ سورۇن، ھەممىڭىزلارنى تەبرىك ئەتكىم بار،
دۇگا بېرىڭلا: ، مۇھەببەت بىلەن، ئاخىرقى بېكەتكە بىللە يەتكىم بار.

(بۇ شېئىرنى بارى ھېيت مەرھۇم ئايالىدىن ئايرىلىپ بىر يىلدىن كېيىن قايتا توي قىلغان كۈنى يېزىپ ئوقۇپ بەرگەن. 2009 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى. )

## تېلېۋىزورغا زورلىما مېنى
(بىر بالا تىلىدىن)

تېلېۋىزورغا ھەمرا بۇپ ياشاپ، ئۆتمەكتە بۇ بالىلىق ۋاختىم،
«تېلېۋىزور كۆ:» دىگەن بىر گەپنى، تۈلا ئاڭلاپ بەكمۇ زېرىكتىم.

تىلۋىزورغا زورلىما ئانا، قىسسە ـ داستان ئاڭلا:پاققىم با: ،
باتۇر ئۆتكەن ئەجداد روينى، يېنىش ـ يېنىش پۇرا:پاققىم با: .

«موماڭ چۆچەك ئې:تىپ بېرەتتى» دەتتىڭ، ئاشۇ چۆچەكلە: قېنى؟
سەنمۇ ئاشۇ مومامغا ئوخشاش، تەربىيلىسەڭ بو:مامدۇ مېنى !

موما ئېيتقان داستان ـ چۆچەكتە، ئەجداتلا:نىڭ پاراستى با: ،
بىزنى ئىشچان، تىرىشچان قىلىۇر، روھ ئۇرغۇتىدا:ن كارامتى با: .

تېلېۋىزورغا زورلىما ئانا، تالالا:غا چىقىپاققىم با: ،
بوۋىلىرىم ئىش ـ جەڭ قايناتقان، مەيدانلا:نى كېزىپاققىم با: .

كوچىلا:دا تەڭتۇشلە: بىلەن، «ئاداش ۋۇلۇپ» ئوينا:پاققىم با: ،
مەن ئاڭلىغان چۆچەك ـ قىسسىنى، «ئاداش» لا:غا ئېتىپە:گىم با: .

مۇڭدىششچۇن تەبىئەت بىلەن، دەرەخلە:گە چىقىپاققىم با: ،
شاخ ـ شاخلا:غا ئۇگىلا: ياساپ، قۇشلا:نى بەك بېقىپاققىم با: .

پاراڭلاشقاچ كۆك ئاسمان بىلەن، «يۇلتۇزلا:نى سانا:» پاققىم با: ،
بولۇپ ئۆتمەي تەييارغا ھەييار، ئىجاد گۈلى تاقا:پاققىم با: .

ئارزۇيۇمغا يەتكۈزگىن ئانا، قۇچىغىڭنى كەڭرى كەر ماڭا،
بىلگىنىڭنى قالدۇرماي سۆزلەپ، بەرگىن ماڭا، بوپ قامای «چالا» ①.

(2010 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، بارى ھېيت ئوقۇپ بەرگەن، خاتىرىلىگۈچى ئاپتور ئۆزى)

## «ئاستانە» دېگەن نامنىڭ مەنىسى توغرىسىدا

سىزلە: يىكايە داۋاتامسىزلە؟

ئاستانەنىڭ تۈپ مەنىسى «مەركەز» دېگەن گەپ. بەزەنلە: «بوسوغ» مۇ دەپ ئىشلىتىلدۇ، «پايتەخت» دېگەن گەپ. مۇنۇ ئەدىبىي شەھىرنىڭ پايتەخ نامىنى قولللۇنۇپ كېۋاتقان يە: ، ئاستانەنىڭ مەنىسى ــ پايتەخت دېگەن گەپ. مۇنۇ كامۇنا قورۇلۇشنىڭ ئايلىدا، ئاستىن، قارغوجا، سىڭگىم مۇرتۇق، بۇ ئەتراپىنىڭ بازاغا بېرىقاسا، «تەيلولۇخلا: كەپتۇ.» دېگەن گەفنى قىلدۇ. بىزمۇ چۈشەنمەي، سەن نەلىك؟ دېسە، تەيلولۇخ دېمىز. شۇ گەفنى ئىشلىتىۋاتقاندا بۇ تەيلو دېگەننى مەنىسىنى نىمىلىگىنى بىلمەيمىز ئۆزىمىز. كىگىن ماتېرىياللادىن كۆرسەك، «تىلى» قەبىلىسىكە بۇ يەدە ياشاۋاتقانلا: . ئاستىن، قارغوجا، سىڭگىم ئىغىزىدىن كەلگەن سۈنى ئىچىدان مۇشۇ يەدىكى خەخنىڭ قەبىلىسى تىلىكە. تىلى قەبىلىسىنىڭ ئاتالغۇسى ئۆزگىرىپ، تەيلو، تەيلۇ بوقەپتۇ. بۇ يەنىڭكى قەبىلىسى تەيلۇكەن. ئەمدى بۇ يەدە نايىتى قىزىقچى ئەدەملە: ئۆتكەن يە: . بەزى گەپلەنى بەزى شائىرلا: مۇناق ... مەن بىر نەچچىنى دەپ بېرەي:

مۇنۇ بىزنىڭ دادۇيدە ما تۆت كوچىنىڭ مۇنۇ يېرىدە بىر ئەدەم ئۆتۈپتۇ، ئىتى ئۆمەرغۇجىكە. بۇ ئوتۇن ئەچقىپ ساتىدىكە بۇ ئەدەم. ئوتۇناغىلى جاڭگالغا كېتىۋېتىپ، ئا يەدە سەيلاخۇن كارىز دىگەن بىر كارىز با: ، شەگە باغاندا سەيلاخۇن باينىڭكى ھويلىسىدىكى ئىتلىرى توسىۋەپتۇ، ئالتە ئىت. بۇ ئىشەكلىك. ئۆيزىگە پىرقىرىسا ئۇ يەنى توسغان، بۇيزىگە پىرقىرىسا بۇ يەنى توسغان، ئاخىرى بىرسى كېپ پۇتىنى چىشلەپتۇ، ئۆمەر غوجىنىڭ. خۇرجۇنىدا پالتىسى ۋارىكەنۇق، ئېلىپ بىر ئىتنى چېپىپتۇ چوققىسىغا. چاپقانىكە، ئىت ئۆلۈقەپتۇ. ئۆلۈقاغاڭكى، ئۇ باي بۇ جىسا② دېگەنلەگە ئەز قىپتۇ. جىسا دېگىنى ساقچى ۋاشلىغىكە، دوغى دىگەن يېزا ۋاشلىغىكە. مىراپ دىگەن سۇغا مەسئۇلكە. شۇلا: يۇرت چوڭلىرىكە. ئەز قىغانىكى، ئۆمەر غوجىنى ئەپىرىپ، بۇ ئىتنى ئۇش قويغا ئاغان داۋاتىدۇ، تۆلىسۇن داۋاتىدۇ. سەن بۇنى ئۆتۈرقويسسە. ھەي، ئۆمەر، پالتا ۋىلى چاپقىچە، پالتىنىڭ ساپىغى ۋىلى ئورۇپ ھەيۋە قىساڭمۇ قىمامسە! دىگەنكىن. «ھەي جىسا بېگىم، ئۇ ئىتمۇ قۇيرۇغى ۋىلى چىشلىگەن بوسا، مەممۇ پالتىنى ساپىغىنى ئىشلىتۇردۇم. ئۇ ئاغزى ۋىلى چىشلىگەنكىن، مەنمۇ پالتىنىڭ ئاغزىنى ئىشلەتتىم» دېدۇ بۇ ... جىساغا گەپ ياندۇردى دەپ بۇنى بىسىپ ئۇرماچى ۋوپتۇ، بىر ۋاغلام چۇۋۇقنى ئەكېلىپ بۇنى باستۇرقويۇپ مىيەگە ئۇرىدىكە. خىزمەتچىلىرىدىن

① «بالا، قىلغان ئىشى چالا» دىگەن ئىبارە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② جىسا ــ كونا ئەمەل نامى، خەنزۇچىدىكى «稽查» دىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىرسى «ئۆمەر غوجى، بىر قوشاق قوشۇپ بۇلا:نى كۆلدۇرۇپ ئاچچىغىنى ياندۇرۋاتىنى، بو:مىسا چۇۋۇق تۇگىگچە ئۇرىدۇ، قايىم بولدى» دىگەنكىن، قارىسا ئۇرىدىغىنى راس، «جىسا بېگىم، مېنىڭ بىر گېپىم با:» دېسە، «قېنى خوش، گە: قىلە !» :

ئالتە ئىت كەلدى قېشىمغا خى:قىراپ،
بۇ ئۆمەرنىڭ ئېشىگى تۇگمەن تېشىدەك پىرقىراپ.
ئۆمەر ئىشەك ئۈستىدە كىچىك بالىدەك چىرقىراپ،
بۇ سوراق ئادىل بو:سۇن جىسا بېگىم، دوغى، مىراپ.
جىسا بېگىمنىڭ بېغىدا خوشمۇ ئۆسۈپتۇ كۆك تېرەك،
قېرى كىشىنى بېسىپ ئۇرماق نە كېرەك؟
ئۇرسىلامۇ ئۇرسىلا ئەگىر تېقىمدىن تۆۋەنەرەك.

دىگىنىكە، كۈلۈۋېتىپ: «هەي سەن بېلەك ئىت ۋېقىۋا:سىنا ! بولدى قوپە» شۇ بىر ۋاغىلام چۇۋۇقتىن مۇشۇ شېئىرى بىلەن قۇتۇلكېتتۇ بۇ ئەدەم. بۇ مۇيناخ يە: بۇ. ماينىخىلا: چىقىدۇ.

بۇ هازىرقىلا:نىڭ كونا ئەدەملە:دىن ... هېنى مۇشۇ ئۆمەرغوجىنىڭ بىر تۇگىسى ۋا:كەن. تۇگىسىنى قويىە:ۋە:گەنكىن، مىنى دادام، ئاپامنىڭ ئاتىسى، بىر يە:گە مۇناخ غېزى يېيىقو:غىنىكەنۇق، كوزلىگىكە، ماينىاق ئېتىلدۇرىدىغانغا. بۇ تۇگە كىرىپ بىر نەچچىنى يىگىنىكە، سولاقويىتۇ. سولاقويغانكى، بۇ تۇگىسىنى ئىستەپ كە:سە، مېنى دادامنى ئىتى موللا سەمەركە، شۇ تۇتۇۋۇرگەن دىگىنىكە، ئۇ سولۇمۇدۇم دەپتۇ. شۇنىڭ ۋىلى بىرسى كېلىپ: «قوشاق توقۇ، ئاندىن بېرىدۇ ئۇنى» دىگىنىكەنۇق، بولىدۇ دەپ :

يوقاينىدىن ئىزدەپ كەلدىم بۇ تۇگىنىڭ يېزنى[1]،
موللا سەمەر بىكا: سولاپتۇ تۇگى يېمەيدۇ غېزنى،
ساتسا ئا:ماس بەش تەڭگىگە بۇ تۇگىنىڭ ئۇزىنى،
هەجەبمۇ ئاڭلىمىدىم بۇ سەمەرنىڭ سۆزىنى.

دىگەنكى، تۇگنى بېرىپتۇ. ماينىاق قوشىدىغان يە: بۇ. قاراپ تۇرۇفلا.
......

## خەخلە:گە قە:ز ۋۇقالدىغاندىن ساخلىنىڭلا:

مەن سىلە:گە ئەمىلىيىتىمدىن ئۆتكەن مۇنچىلىك بىر يىكايە سۆزلە:پېرەي :
ئۆتكەن زاماندا بىر باينىڭ بىر بۇققىسى ۋا:ىكەن. تامدەك بۇققىكە. هەرقانداخ بۇققا ۋىلەن سوقۇشسا ئەشۇ بىر نىختاپ يە:گە مىخلىۋاتىدىغان بۇققىكە. بۇ باي بۇققىسىغا تەمەننا قويۇپ ئېلان چىقىرىپتۇ، مېنى بۇققامنى هەرقانىغەدەمنى بۇققىسى يېڭقو:سا

① يېزنى — ئىزنى.

ئون بۇققى ۋېرمە، دېگەن ئېلاننى چىقىرۋاتقانكىن، بۇنى بىر كەمبەغەل دىخانىنىڭ قۇتۇر بىر ئۇي كالىسى ۋاركە، تېرىسى ۋومىسا ئۇستىخىنى توكولكېتىدىغان. شۇ گەفنى ئاڭلاپ توي كالا ئۇ دىخانغا: «ئەشۇ كالىغا مېنى ئەپىرىپ سال، مەن مۇشۇ ۋاققىچە ئىشلەپ سېنى باي قىلا:مىدىم، ئاشۇ كالىنى يېڭىپە:سەم، ئون بۇققىلىق ۋوقا:ساڭ ئامدىنەمەسمۇ؟» دىگىنىكە:، «ئۇ دېگەن تامدەك كالا تۇرسا، سېنىڭ تېرەڭ ۋو:مىسا ئۇستىخىنىڭ توكولكېتىدىغان قۇتۇر، قاناق يېڭىسە ئۇنى؟»، «ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ ۋومىسۇن. سەن سېنى مەيدانغا سا:غىچە، ئوڭ مۇڭگۇزۇمغا قورۇق بىر سېۋەتنى ئىلىقوي مىيە:گە. قاغىننى ئوزۇم جايلىيمە. تىزىمغا ئالدۇر». «هوي» دىسىمۇ ئۇنىمىغاڭكىن، تىزىمغا ئالدۇرغاڭكىن، ئا: رىشىت دېگەن باينىڭ چوڭ تامدەك ئۇي كالىسى ۋىلە قوتۇر كالىسىنى سوقۇشتۇرغىدەك دىگەن ئېلاننى ئاڭلاپ پۇتۇن ئەدەم دۇكانلېرىنى ئېتىپ، هەممە ئىشىنى تاشلاپ، شۇ مەيدانغا ۋېرىپتۇ. قانچە مىڭ دۇگۇلنۇپتۇ. بۇ دىخان قو:قۇپ تۇرغاڭكى، كالا: «قو:خما، سېۋەتنى ئەكەلدىڭمۇ؟» دىگىنىكە، «ئەكەلدىم»، «ئوڭ مۇڭگۇزۇمغا ئىلىقويە». قوتۇر كالىنىڭ مۇڭگۇزىغا ئىلقويتتۇ. ئاۋۇ دىگەنىنىڭ توپىنى چېچىپ چىكە:گىدەك، قۇتۇر كالا بېشىدىكى سېۋەتنى مۇينا:خ كوتۇرۇپ ماڭغىنىكە: ، يېقى:ن كە:گەندە تامدەك كالا سونا: قارىيېپ قۇيرۇغىنى ئاسمانغا تىك قىپ قېچىكېتىپاغىدەك. توساپمۇ توسىغىلى ۋومىغىدەك. خەخلە:نىڭ بېشىدىن ئارتىلىپ قېچىكېتتۇ ئۇ. مالمۇ سولىمايدىغان كو:نا بىر جاڭزىنىڭ بۇل:لۇڭغا ۋېرىپ دىر - دىر تىترەپ تۇرغىدەك، هېلىقى بۇققا. تىگىسى ۋېرىپ: «هېي بۇققا كالا، سەن شۇنچە سېمىز، قانچە يىل باختىم، ئەمدى ئەشۇ دىخانىنىڭ قۇتۇر كالىسىدىن قو:قۇپ مىشە:گە كېپ تەرلەپ دۇغدۇيۇپ تۇرغىنىڭ نىمىسى؟ نىمانچە قو:قىسە ئۇنۇڭدىن؟» دىگىنىكە، «هېي خوجايىن، مە: بىر كۇنى چىكە:سەم، قورسىغىم ئېچىكەتكەن، ئۇنى قوتاندىن چىقا:مايلا بېقىپ ئەلەپ بېرقويغىنىكە ئۇنىڭغا، كوچۇمگە تايىنىپ ئىتتىرەلىۋېرىپ بىر سېۋەت ئەلىپىنى يەۋا:غانىنمە ئۇنىڭ. بۇگون ئەشۇ ئەلەپنى بە: دەپ سېۋەتنى كوتۇرۇپ چىكە:سە ئۇ، مەن نىمەمنى ۋە:گىدەكمە ئۇنۇڭغا؟ سەن قاشماي كىم قاچىدۇ؟» دەپتۇ ...

......

بىر ئەملى مىسالنى ئا:ساق، كونىلا: كەشقۇرۇنلا:دا ئوۋيدە لېپىر چا:سا، «لېپىر چا:ما! ئىشەك چىقىدۇ» دېدۇ. مىيە:دە سىلە: بىلمەيسىلە: ، ئېشەك دېگەن بىرمە با: ، ئاجايىپ ئاغرىيدۇ، چېقىۋا:سا. (ئاڭلىغۇچى: لېپىر دېگەن نىمە؟) هە؟ ئا تالنى يېڭى نوتا ۋو:غاندا توغلىسا ئۇتتۇرسى چىكىتىپ، پور گەنزە ۋوقالدۇ بۇ. مىيە:نى مايناق پۇلىسە چىر - چىر ئاۋاز چىقىدۇ، لېپىر دېگەن شۇ. (ئاڭلىغۇچى: پىپى دەيمىزغۇ ئۇنى) سونەي چا:غانلا: سېيرىگە بېكىتىۋالىدۇ. خاشودىنمۇ ياسايدۇ ئۇنى. لېپىر دېگەن ئايناق تالنىڭ چوۋۇغىدا قىلدۇ. لېپىر چا:ما، چا:سا ئېشەك چىقىدۇ دېدۇ. شۇ بويىچىلا ئىشلىتىپ كەلدۇق. مەن ئەنزۇلا:نىڭ مۇهىم بىر رېتسىپىنى ئوگىنىۋېلىپ، مۇشۇ ئېشەك توغۇرلۇق ... مەن ئونىڭ ۋىلى ئې:تىشقىلى بى يىل ئونتو: يىل ۋولدى. ئېشەك چېقىۋا:غان يە:نى مەن بىر قېتىم دورا بىلەن ساقايتىقويىمە. ئەڭ كېچىككەندە يېرىم سائات، بو:مىسا ئون، ئونبەش مىنوت ئىچىدە چىپلا ساقايتىقويىمە: . يېشويەندىكىلە:مۇ بىلمەيدىكە: ئېشەك چاققان يە:نى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىڭقىسا ساقىيدىغاننى. دوختۇرغا با:سا پىركايىۋ ئۇردىكە: . ئون مىنوت، ئون بەش مىنوت ئىچىدە ساقىيدۇ، ئاقىدىن يەنە ئا:رىكىتىدۇ. مەن ئون بەش، يىگىرمە مىنوت ئىچىدە چىپ ساقايتىقويىمە. : مىشە: گە چىكەتكەن زەھەرنى تىپ ئەكىقويىمە: مىشە:گە. ھاراخنى چاي ئىشكەندەك مويناخ گۇپ ـ گۇپ ـ گۇپ ئىچىيدىم ... زەھەرنى قانداق ئالىدۇ ئۇنىڭ؟ دورام با: ، ئىيشەكنى ئەكىلىپ دورىغا تاشلاپ، ئە:زىن موچىن با: بىششىنى قىسمە: ، بىششىنى قىسقانىكى ئاجايىپ خاپا ۋۇلدۇ بۇ، مۇشۇ موچىنغا تاس ـ تاس ـ تاس قىپ ئاقى ـ ئاقىسىدىن ئۇردۇ بۇ. موچىنغا مىلىگەنكىن، ئانىڭغا چىلاپ ئاۋالمە... بايىقى گەپكە كە:سەك، نىيمىدەپ لىپىر چا:سا ئىيشەك چىقىدۇ دىسە، بۇ مۇزىكىغا ئىمراغىكە: . يازنى(ڭ) كۈنى دىيەنشىنى ئارلىقا ئەچىقىۋالىمىز، ئىسسىق دەپ. بۇنىڭدا ھەرتۇرلۇك ئاۋاز چىقىقانىكى، ئەڭكى ئوتۇرۇپ پۇتلا:نى مۇيناق قىغانىكى تىگكىتىدۇ، ئۇ غاشلا قىپ سالىدۇ بۇ. يامان جىق بى يە:دە. ئاشۇ تۆشۇگۇدىن چىقىپ مۇزىكا تۇگىگىچە پىلدىر ـ پىلدىر ئوينايدىكە: ، مۇزىكا توختايدۇ كىركىتىدىكە: . بىز ئۇنى كۆ:مەي پۇتىمىز تىگكىتىدۇ، غاشلا ئۇردىكە: بۇ. مىشە:گە چىققان بو:سا، موينىاق جىمىتە تۇرۇۋا:ساڭلا: مىڭىپ چۇشكىتىدۇ. پالەش كىسەلنى چاخمايدۇ، بۇ ... مۇيناخلا قىللا:ۋە:دى، سالىدۇ. سوخچاننى چاخسا ئا:رىمايدۇ، ئىسسىخچاننى چاخسا ئا:رىدۇ.

(بۇ ماتىريالنى خاتىرىلەپ يىزىقا ئايلاندۇرغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋىرسىتىتى تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي تىلشۇناسلىق كەسپى بويىچە 2009 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى راھىلە ئەيسا، 2009 ـ يىلى 10 ـ ئاي.)

**(2) توقسۇن شىۋىسىدىن پارچىلار**

ئاۋاز بەرگۈچى: غىنى مىجىت، توقسۇن ناھىيە غولبويى يىزا قارابۇلاق كەنتىدىن، 44 ياش، دىھقان.

## بولاق سۈيى

بىزنىڭ بۇ يۇرتىمىز قارلاق، كىلىپ چىقىشى: بىيە:دە «يەتتى ۋۇلاق باركەنوق» دىدۇ، شۇنداخ سۇزۇك. قوپقارا بۇلدۇخلاپ چىقىقىننى كۆرۈپ، شۇنىڭدىن تا:تىپ قارىۋۇلاق، قارىۋۇلاق، دەپ، «قارلاق» دىگەن نام شۇنىڭدىن قىلىيكەنوق. يەتتى ۋۇلاقنىڭ تۆتى يوقا:قى ۋۇلاقتا، ئۈچى تۆۋەنكى ۋۇلاقتىكە.

... بۇرۇن، توخسۇننىڭ قارلاقتا موللا قورۋانبوۋا دىگەن بىر پالگان ئەدەم ئۆتكىنىكەنوق. ئۇ تۇرپانى سوراۋاتقان ئەشە:دىكى ۋاڭ بىلەن ئاغىنە بوپتۇ. ئاغىنە بوپ، ئۇنىڭغا ياۋا جا:نۇر بىرمىلە:نى ئوۋلاپ ئاپىرپىردىكە. كۈنلەنىڭ بىرىدە، ئاشۇ ۋاڭ ئاشۇنىڭدىن: «سەن جاڭگاللا:نى كىزىپ يۇرسە، شە: شە:لە:دە. تۇتقىدەك زىمىن يوقمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. سورىغىنكەنۇق، «ميناق بىر يە:دە ئاشۇ سايغا ئەقىۋاتقان بىكا سۇ ۋا:» دەپ مايناق دەپتۇ. «ئاندا ۋۇ:سا، سەن شۇ يە:نى تۇتۇۋال» دەپتۇ، «مەن ساڭا شۇ يە:نى بىرىمە» دەپتۇ. ھە دەپ، ئۇ بىر قوش كالىنى تىپىپ، شۇ ھازىرقى ياغ سۈيىنى ياغدىن بىينىغا

باشلاپتۇ سۇنى. ھەر كۈنى ئىككى قوش كالا يە:نى ئاغدۇرۇپ ـ ئاغدۇرۇپ سۇنى باشلاپ ئەكېۋەپتۇ. ئۇ ۋاختىدا ئايدىڭخو تېرەپنىڭ «بۇ سۇنى ئېكتىمىز» دەپ، ئۇلا: ئا: ياختىن ئېرىق چېپ چىقىپتۇ. كېيىن بۇ ئىككى تېرەپ داۋالىشىپ ـــ بۇ موللا قۇرۋان بوۋا بىلەن ئايدىڭخولۇقلار، ئاشۇ تۇرپان ۋاڭغا بېرىپتۇ، ئەڭگىزىن، ئا:رىپىرىش ئۈچۈن. شە:گە باغىنىكەنوق، بۇنى ۋاڭ ئا:رىپ ... ئايلىدا قىقو:غان ئۆزىنىڭ لەۋزى با: بوغاڭكىن، «سەن قانا قىلدىڭ؟» دېگىنىكە، «مەن سۇنى باشلىۋەكەتتىم» دەپتۇ. ئۇلارغا: «سىلەر قانا قىلدىڭلا؟» دېگىنىكە، «بىز ئا: ياختىن ئېرىق چېپىپ چىقتۇق» دىگىنىكەنوق، «كىم باشلاپ ماڭغان بو:سا، شۇنىڭغا ھېساپ» دەپ، شۇ مۇللا قورۋان بوۋىغا بۆلپېرىتتۇ، بۇ سۇنى. شۇنىڭدىن تا:تىپ مۇشۇ، بۇ سۇ قارۋۇلاقا كىلدا:ن بوقەپتۇ.

... بۇرۇن مۇشۇ قارۋۇلىغىمىز قارلاقتا ئۈتكەن بىر غۇجاخۇن دىگەن بىر ئەدەم، قىزىقچى ئەدەم با:كەنوق. ئۇ بىر كۈنى بىر باينى (باينىڭ) ئايالىنى (ئايالىنىڭ) يىنىغا كېپ، بايلا:نىكىگە كىرگىنىكەنوق، باينى ئايالى: «ۋاي سىز قىزىقچى ئەدەم، گەپچى، قۇشاقچى. سىز مىنى بىر قۇشاققا توقىپېقىڭ» دەپ ئاينا دەپ تۇرۋەپتۇ. «ۋوي خىنىم ئايلا، مەن سىزنى قوشاققا قوشسام، سىزنىڭ ئاچچىغىڭىز كېقالدو» دەپ نىم قىۋىكەنۇق، «مىنى ئاچچىغىم كە:مەيدۇ» دەپ تۇرىۋەپتۇ. «ھە بولدۇ، ئانداخ بوسا» دەپ ئو:تۇرۇپ، چاي قويغىنىكە، چېيىنى ئىچىۋو:تۇرۇپ، ئۇ ئايالنىڭ ئىسمى ھاپىزخان كەندوق: «ھاپىزخان ئامدان خوتۇن، قاش ـ كۆزلىرى بۇلاختەك. كىشى كىرسە ئورنىدىن قوپمايدۇ، ھەرىقو:غان قۇلاختەك» دەپتىكەندۇق، «ھېي، پەس تاس !» دەپ قويلاپتۇ. قويلاپ ئۆيىدىن چىقىرۋېتىتۇ.

... بۇرۇن بىر ئەدەم بىر يە:گە مىماندارچىلىققا بېرىپتۇ. مىمان بوپ ئو:تۇرۇپ، ئالدىغا شوۋا قويغىنىكەندوق، قوسىغى ئېچىكەتكەن ئەدەم، شوۋىنى ئىتتىگچىۋەپ، ئاغزى كۆيىقەپتۇ. ئۆي ئىگىسى بۇنى تۇيىۋېلىپ تۇرغىنىكەنوق، ماينا ئاغزىنى ... بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن، شىپقا قاراپ، چەڭزىلە:نى ماينا ساناپ، چەڭزىلە:گە قاراپ، «بۇ چەڭزىلە: ئەجەپ كاتتا چەڭزىلە:كەڭغو» دەپ ئاينا دەپتۇ. دېۋىكەنوق، «ھە، بىزنى بىر كۈيۈگېغىزى دەپ بىر يېرىمىز ۋا: ، كۈيۈگېغىزىغا ئوت كەتكەن ۋاختا، شە:دىن ئەكىۋا:غان چەڭزىلە: بۇ» دەپتۇ.

... بۇرۇن ئىككى ئەدەم بىر ـ بىرسى بىلەن توي قىلىشماقچى ۋوپتۇ. قىز ئىگىسى ئوغۇل تېرەپكە ئاينا دەپتۇ ... ئوغۇل تېرەپ قىز ئىگىسىگە ئەمدى: «تويلۇققا نېمە ئەكىلمە؟» دېيىكەندوق، «ئۆزەڭ بىلىپ كە:» دەپتۇ. شۇنىڭ ۋىلى بىر كۈنى تايزىمغا بېرىپتۇ ۋۇلا:. با:غاندىكىن، ئو:تاسا، چاينى قۇيۇپتۇ. داستىخاننى ئۈستىدە ئو:تۇرۇپ: «بۇدا مەن قۇرۇخلا كېقالدىم» دىگىنىكەندوق، بۇنىڭغا ئۆي ئىگىسى چىدىماي، ئايالى قوشاق قوشۇپتۇ: «ئات مىنىپسىز يۈگەنسىز، جۇۋى كىيىپسىز كېلەڭسىز. ئۆزەڭ بىل دىسەم، مۇنداقمۇ يىتىپ كېلەمسىز» دەپتۇ.

(2007 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، يۇقىرىقى پارچىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي تىلشۇناسلىق كەسپى بويىچە 2005 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى ئەخمەتجان تەكشۇرۇپ خاتىرىلىگەن. يېزىققا ئايلاندۇرغۇچى ئاپتور ئۆزى.)



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 5) لوپنور دىيالېكتىدىن ئەدەبىي پارچىلار

### چۆچەك 1

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىدا، توخونىڭ تۇرنىدا، جەرەن جەدە چاغدا، قۇيرىغى يە:دە چاغدا، قاغا خەۋەرچىكە. بۇ مەزگىللە:دە مەن ئاتامدەك، ئاتام مېنىڭدەك، ئاتام ھېچقانداق ئىشنى ئۇخمايدىغان ۋاقىتلا:دا، مەن جىمىكى تەرەققىياتنى ھەممىسىنى ئىجات قىلىپ چىققان ۋاقتىمدا، بىر نەزەرۋاي دەپ بىر باي ئۇتۇپتىكە. بۇ باينىڭ ئالتە دانە ئوغلى با:كە. بۇ ئوغۇللا: كۇللە:دىن ـ كۇللە: ئۆتۇپ بىر كۇنى، بۇ مومايلا قېرىپ، ئۆلەر ھالەتكە يەتكەن ۋاقتىندا، بىر دانە كالىنى سويۇۋېلىپ، قا:غان مال ـ دۇنيانى ھەيدەپ بىر شەھەرگە كېتىۋاتۇدىكە. كېتىۋېتىپ شۇ يە:دىن بۇ گۆشمۇ تۇگەيدىكە ... ئۇنىڭغىچىلىك بۇ موماي ساكسەن ياشقا كىرگەندە ھامىلدار بولىدىكە، بۇ تۇغىدىكە. تۇغۇپ شۇ يە:دىن بۇ ھەممىدىن دەنا بىر ئوغۇل توغۇۋاتىدىكەن ـ دە، بۇنىڭ ئىسمىنى قەمەر شا دەپ قويىدىكە. قويۇپ شۇ يە:دىن كۇللەدىن ـ كۇللە ئۆتۇپ بۇ بەش ياش، ئالتە ياشقا كىرگەن ۋاقتىندا، بۇ ھاۋىدا ئۇچار، يە:دە ماڭار نەرسىنى قويمايدىكە.

شۇنداق قىپ يۇرۇپ ئوخيا ئېتىپ ئويناپ يۇرىدىكەن. شۇ يە:دىن بۇ بىر دانە مومايىنىڭ چاق ـ يۇڭ ئىگىرىپ ئوتتا:غان بىر چاققا تىگىپ كېتىدىكە. تىگىپ كېتىپ شۇ يە:دىن بۇ موماي: «ھاي ھارامزادە، سەن بۇ مېنىڭ چاقىمنى بۇزۇۋېتىپ يۇرگۇچەڭدە، بېرىپ ئاتىلىرىڭنىڭكى مال ـ دۇنيانى قايتۇرۇپ كەلسەڭ بومامدۇ؟» دىگەندىكىن، بۇ بالا ئاپىسىدىن سورايدىكە. سورىسا دەپ بە:مەيدىكە. ئۆگزىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ: «ئاپا ماڭا بىر بۇغداي قىزىتىپ بە. بۇغداي يىگىم كىپ قالدى» دىگەندىكىن، «ماقۇل» دەپ، بۇ بۇغداينى قىزىتىپ نىمە قىغاندىكىن، «مۇشۇ ئۆزىنى قولاڭدىن مۇشە:دىن سۇنۇپ بە، تۇڭلۇكتىن» دەيدىكە. ماقۇل دەپ بۇ تۇڭلۇكتىن سۇنۇپ بېرىدىكەن. كاپپىدە قولىنى تۇتىۋېلىپ بۇ ئەھۋالىنى سورىغاندىكىن: «سېنىڭدىن چوڭ ئالتىسى با، بۇلا مۇيۇنداق چىقىپ كەتكەن» دەيدىكەن. ماقۇل دەپ شۇ يە:دىن چۇشىدىكەن.

بۇ ئۇش دانە گېرەم كولايدىكە. بۇ گېرەمنىڭ ئۆگزىسىنى يېپىپ، بىرسىگە كىيىك، بىرسىگە جەرەن، بىرسىگە توشقان گۆشىنى توپلاپ بېرىدىكە. يەيدىغان يىمىلىق قىپ. شۇنۇڭ بىلەن بۇ بالا قىلىش ـ قالقان، جەندە ـ كۇلالىرىنى ئېسىپ ماڭىدىكە. بېرىپ بىر دانە مالچىدىن سورىغاندىكىن، «بۇرۇننىڭ ئەۋلىسىدە مۇشەدە نەزەرۋاينىڭ ئالتە دانە ئوغلى مال ـ دۇنيالىنى ھايداپ ئۆتۇپ كەتكەن» دىگەندىكىن، بىر شەھەرنىڭ لىۋىگە يېتىپ بارغاندىكىن، بىر دانە دوك كېتىپ با:غان. بۇنىڭدىن سورايدىكە: «ھاي دوك، بۇ نىمە ۋەقە؟» دىگەندىكىن، «بۇ نەزەرۋاينىڭ باللىرى پادىشايىمىزنى چاقىرغان، بۇنىڭدىن كىيىن ئەمدى ئۇ ئالتە دانە ئوغۇل پادىشايىمىزنىڭ ھوزورۇدا بولۇۋاتىدۇ» دىگەندىكىن، ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل شۇ پادىشانىڭ قوراسىغا بارىدىكە. بېرىپ بىرىنچى توسىقىدا ئۇش دانە ئادەم تۇرىدىكە. بۇنىڭغا تەرسالىق قىپ بۇ ئادەمنى قولىنىڭ كەينى بىلەن ھەممىسىنى ئۇرۇۋۇلا پاتتىڭنى ئۇزۇۋۇەتتى. ئۇ يە:دىن چىقىپ يەنە ئىشكىكىنچى توسىمغا بېرىۋىدى، ئۇ

يەدە ئالتە دانە ئادەم باركە. ئالتە دانە قاراۋۇلنى يەنە شۇنداق قىلىۋىدى، بۇ ئالتىسىنىڭ يىتى ھەممىسىنىڭ پاتتىڭىنى ئۈزۈۋەتتى، قولىنىڭ كەينى قىرى بىلەنلا. شۇنۇڭ بىلەن تۇشۇنچى توسقۇنغا با:غاندىن كېيىن، ئون ئىككى ئادەم مىلتىقتىن ئۆتكەزمىدى، قورشاپلا ئېپ. پادىشاغا ئەلچى ئەۋەتتى. موييۇنداق ـ موييۇنداق قىپ بىزنى ناھايىتى ۋىراندا چىلىقتا ئۇچراتتى دەگەندىكىن: «ماقۇل، كىرسۇن» دەپ بۇنۇڭغا ئەلچى ئەۋەتتى. مۇنى باشلاپ با:غاندىكىن، بۇ ئالتە دانە ئوغۇل تاماق يەۋاتقان. «بۇنۇڭغا قوشۇلۇپ مەن مۇشۇ ھوزۇرىدا ئولتۇرۇپ تاماق يەيمەن» دېۋىتى، «سەن قانداخمۇ بۇ يەرگە كىرىپ تاماخ يىيەلەيسە، بۇلىنىڭكى ئومومىيۇزلۇك شازادىلە: تۇرسا. سەن بۇ چەكمان چاپان جىندە ـ كۇلا بىلەن ئولتاساڭ، توپاختەك پىشتلا ئۆملەپ يۇرسە، بۇنۇڭغا پىشت چۇشۇپ كەتمەمدۇ. سەن نېرى ئولتا» دىگەندىكىن، ئۇنىمىغاندىكىن، ئاخىرى شۇ جوزىدا ئولتا:غۇزۇپ بىلەك قاچىدا تاماخ بېرىدىكە.

تاماخنى يەپ بولۇپ، نىمە ئەھۋال نىمە ئادەم دەپ سورىغاندىكىن، «مەن نەزەرۋاينىڭ يىتىنچى ئوغلىمەن» دىگەندىكىن، «ئاتا ـ ئانام تىنچلىق ـ سالامەت، ئامانلىخ ـ ئوبدان تۇرۋاتامدۇ؟» دەپ ھەممىسى ئەھۋال سورۇشۇپ، شۇ يە:دىن پادىشا بىلەن خوشلۇشۇپ بۇلار شەھەرگە قايىتماخچى بوپ ماڭدى. ئۆيگە كېلىپ ئۇنۇڭ ئارىلىغىدا بۇلارنىڭ تۇرىسىدىن چىختىكىن بىر سەككىز پاچاقلىق قارا ئات. بۇنى كۆندۇرۇپ ئۇنىڭغىچە قايتىپ ماڭدى ئاتىسىنىڭ يېنىغا. بۇ ئاتىسى توخسەن ياشقا كىرگەن، خوشاللىغىدا بۇ سەككىز پاچاقلىق قارا ئاتنى مىنىپ، باللىرىنى يەتتە قىس تەپ ئۆيلىمەكچى بولۇپ، شۇنداق شەھەر ئايلىنىپ ماڭدى. بېرىپ بىر يە:گە بېرىۋىدى، بۇيە:دە ئالتە دانە ھالقا ئېسىغلىغ تۇرغان. بۇ دادا كاللى ـ ۋىشنى ئۇرۇپ يىرگە، خامالىرىنى يىرىپ، ماڭقىنى سۇلغاي تاتىپ يىغلاپ كەتتى دەيدۇ. شۇنۇڭ بىلەن پادىشا چىقىپ بۇنۇڭغا گۇزەل شا تۇققۇز تازىم بىلەن ئالدىغا كەلدى: «ئەي بوۋا نىمە بولدۇڭ؟» دېۋىتى، «مېنىڭ يەتتە ئوغلۇم باتى، ما ھالقا ئالتە تۇرىدۇ. ئەمدى بىر دانە ئاسرىمەن ئوغلۇم با:تى، شۇنۇڭغا بىر قىس كام» دەيدىكەن. دىگەندىكىن، «ئالتىسى با يە:دە يەنە بىرسىمۇ چىقىپ قالا، ئۆيگە كىرىڭ» دەپ شۇ يە:دىن ئەھۋاللىشىپ بۇنۇڭكى تويىغا، بۇ يەتتە دانە باللىنىڭ تويىغا 900 دانە قوي، 900 دانە كالا، 900 دانە ئات، شۇنداخ نەسلە:نى ئونۇتۇپ بوۋاينى يولغا سالدى دىيدۇ. بېرىپ بۇ جاندا:لىنى ھايداپ كېلىپ تويىنى قىلدى. تويىنى قىلىپ شۇ يە:دىن بۇ قىس بالىغا دەپ قويىدىكە: «سەن دەيسەن، دادام زۇلپىقارىنى بە:سە، دەپ تەلەپ قىل» دىيدىكە. ماقۇل دەپ بۇ زۇلپىقارىنى ئۇنۇماي تۇرۇپ، شۇ يە:دىن بۇ گۇزەل شا تەستە بېرىدىكە.

بۇنۇڭ ئەۋەلىنىڭ ئەۋلىسىدە بۇ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن بۇ بالىنىڭ جېنى زۇلپىقارىنىڭ بىلەيگە ئونىتىلغانكە. شۇ يە:دىن بۇنى بېرىپ. ئەمىسە بىر شەھەرنىڭ يۇكۇنى كۆتىرىدىغان بىر گۇزەت تۆگە بار ئىكەن، ئۇنى بېرىدىكە. ئاتتىن «قايسى ئاتنى ئالىسە؟» دىگەندىكىن، بۇ سېھىرگەرلىكمۇ باركەنچۇ، ئا: قىزدا. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇنى ئۇخقانلىغى ئۇچۇن ھېلىقى ئاتنىڭ شۇنداخ سىرىنى ئۇخقانلىختىن، ئات ئورۇخ، يادراڭغۇ بولسىمۇ، شۇ ئاتنى ئالىدىكە، جەدە ئاتنى. ئەنە شۇ يە:دىن بۇ پادىشا ۋەسىيەت قىلىدىكە: «سىلە بىرىنچى قونالغۇدا قونمايسىلە، بىر مەقەتلىكتە. ئىككىنچى قونالغۇدا بىر تاغلىقتا



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قونمايسىلە ... ئۆچۈنچى بىر توپ دەرەخ داغلىخ بار، ئۇ يە:دە قونمايسىلە» دەيدىكە. ماقول، دەپ بارىدىكەن. بىرىنچى قونالغۇدىن ئۆتۈپ ئىشكىكىنچى، ئىشكىكىنچى قونالغۇدىن ئۆتۈپ، ئۆچۈنچى قونالغۇغا بارغاندىكىيىن، بۇ بالا تاقەت قىپ تۇرامايدىكەن. مەلىكە بىلەن بىر كۆ:پىدە باش قويۇشۇپ ياتساخ دەپ، شۇ يە:دىن بۇلا ناھايىتى شىرىن ئۇيقۇدا ئۇخلاۋە:دى. شامال چىقىپ شۇ يە:دىن بۇ گۆزەل تۆگىنى بۇ سەر جادۇ ئىلىپ چىنارنىڭ تۆۋىگە ئاپىرىپ قاڭتۇرۇپ قويىدى دەيدۇ. قاڭتۇرۇپ قويغاندىكىيىن، بۇ بالا بىرىپ بۇ ئانىغا يالۋۇردى، بە:مىدى. «ئۇنداخ بولسا سەن زۇلپىقارىڭنى قوي» دىۋىدى، «زۇلپىقارىمنى قويماي، زۇلپىقارىم ھەمراھ بوپ با:سۇن ماڭا. زۇلپىقارىمنىڭ بىلەيىنى قوياي» دىگەندىكىيىن، ماقول دەپ بۇ بىلەيىنى قويىدى.

قويۇپ بىرىۋىدى، بۇ يە:دىن بۇلار بىرەنىمىسىنى ئا:تىپ، قازان قۇمۇشلىرىنى ئا:تىپ ماڭدى. بىرىپ ئۆزىنىڭ ماكانىغا يىتىپ بىرىپ، بۇلار ئاخشىمى ئورۇنى سىلىپ بۇلا ياتاي دىۋىدى، بۇ قىس يىقىن كەلتۇرمىدى: «سىنىڭ تىنىڭ با، چىنىڭ يوق، سەن قانداخمۇ مىنىڭ بىلەن ھەمرا بوپ ياتالايسەن؟» دەپ بۇ نىمقىغاندىكىيىن، «قانداخ؟» دىگەندىكىيىن، «سىنىڭ قىلىشىنىڭ نىمىسى قىنى، گۆدەيى؟» دىگەندىكىيىن، بۇ بىلەيىنى مۇيۇنداخ - مۇيۇنداخ قىپ قويۇپ قويدۇم، دىگەندىكىيىن، «سەن بىرىپ بىلەيىنى ئەكە، ئاندىن مىنىڭ بىلەن ياتالايسەن» دىگەندىكىيىن، ماقول دەپ بۇ يولغا چۈشۈشىنى ئويلايدىكەن. «ئۇنداخ بولسا مەن قايسى ئاتنى مىنىمەن؟» دىگەندىكىيىن، «سەن ئاشۇ جەدە ئاتنى مىنىپ با، شىرقە جەرە ئاتنى. سىنى ھەممە ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرالايدۇ» دىگەندىكىيىن، ماقول دەپ، «شۇ ئاتتىن يوليورۇخ سورايسەن با:غۇچە» دەيدىكە. ماقول دەپ بۇ ئاتتىن با:غۇچە سورايدىكە: «مەن نىمى ئىشلا:نى قىلىمەن؟» دىگەندىكىيىن، «سەن بىرىپ، ئەگەر سىنىڭ رىسقى - نەسىۋەڭ بولسا، سەن ئاشۇ ئاننى ئۆنى - بۇنى دەپ نىم قىلىسەن، ئۆنىڭغا ئۆنىمىسا مۇشۇ ئا:قاڭدىكى يىلقىلا:مۇ سىنىڭكىمۇ؟ دەيسەن، ماقول دەپ ئاقىسىغا قارىغاندا، ئەگەر بىلەيىنى ئىلىپ، يالىم قولىڭغا ئىلىشىپلا قالسا. پۇتۇڭنى ئۆزەڭگىدىن چىقا:مايسەن، سىنى ئەپ كىتەلەيمەن» دەيدىكە. ماقول دەپ ئۆنى دىمەڭ، بۇنى دىمەڭ بىلەن بۇ ئانا ھەچ نىم قىمماي، رەم كىرمەي، «شۇنداخ ئاقاڭدىكى مۇشۇ ئىلقە جانىۋارمۇ سىنىڭكىمۇ ئانا؟» دىگەندىكىيىن، شۇنداخ دەپ كەينىگە قارىلغان ۋاختىندا، دەررۇ ئىگىشىپ بىلەيىنى ئىپ ئاتنىڭ يايلىغا قولىنى سالدى - دە، ئات ئۇشقاندەك چىقىپ كەتتى. بۇ موماي كەينىدىن دەمەسقەدەم قوغلاپ، قۇيرۇخلىرىدىن تۇتاي دەپ، تۇتاي دەپ با:دى. ئاخىرى بو:ماي خۇدانىڭ ئىرادىسىدىن بۇ بالا بىلەن ئاتنى يەر يۇتۇۋالدى. تەكتىنكى دۇنياغا چۈشۈپ كەتتى بۇلا.

شۇ يە:دىن بۇ بالا شۇنداخ ئۇخلاپ يىتىۋىدى، شۇ يە:دىن بىر بوۋاي كىلىپ، «سەن مۇيۇنداخ با:ساڭ، بىر دانە كۆك دەرۋازا با: . كۆك دەرۋازىنىڭ ئالدىغا بارساڭ بىر دانە كۆك ئىلان پۇشقىغىڭدىن كىرىپ، يىنىڭدىن چىقىپ كىتىدۇ. قوخماي تۇرىسە. ئىشكىكىنچى دەرۋازىغا با:ساڭ ئاخ دەرۋازىغا ئۆچرايسەن. ئۆنىڭدا تۇرساڭ ئاخ يىلان گەدىنىڭدىن كىرىپ، پۇشقىغىڭدىن چىقىپ كىتىدۇ. بۇنى قوخماي تۇرۇپ يەنە ماڭساڭ قارا دەرۋازىغا بارىسەن. ئىچىپ كىرىپ ئىلاڭخان پادىشاغا سالام بە:سەڭ، ساڭا بۇيرۇخ بىرىدۇ» دەيدۇكە. ماقول دەپ با:دى. بىرىپ دىگەندە شۇ ئىلانلا: شۇ كارامەتلەنى قىلىپ، بۇ

بالىنى قوقۇتالىدى. ئۇ بالا ئۇ يەنە بېرىپ ئىلاقخان پادىشاغا سالام بەردى. «سەن نىمە جان؟» دېگەندىكىن، «مەن مۇيۇنداخ ـ مۇيۇنداخ ئەۋلىدىن كەلدىم» دېگەندىكىن، ئۇنداخ بوسا مېنىڭ بىر دانە ئوغلۇم با. بۇ ئوغۇلغا شۇندا بىر پادىشاھنىڭ قىزىنى ئەپپەمەكچىتىم، سەن بېرىپ مۇشۇ قىزنى ئەكىپ بېرەلىسەڭ، مەن سېنى تۆپەڭغە دۇنياغا چىقىرىپ ئاتالايمەن» دېگەندىكىن، ماقۇل دەپ بۇ بالا شۇنداخ تاشتىن ئېغىر بىر كولپەت چۈشتى دە، شۇنداخ ئويلۇنۇپ كېتىۋېتىۋىدى، بۇ بىر يەگە باسا بىر دانە ئادەم شۇنداق بىر تۇتام قومنى تۇتىۋېلىپ ئۇينىغا يۈگۈرۈپ، بۇينىغا يۈگۈرۈپ يۈردىكە. «ھەي سەن نىمە جانىۋار؟» دېۋىتى، «مەن دۇنيا شامال ۋاتۇرىمەن» دېدى. بۇنى ئېلىۋالدى، «ماڭا ھەمرا ۋول، مەن مۇيۇنداخ ۋەقەدىن ماڭدىم» دېدى. يانا بىر يەنە بېرىۋىدى، بىر دانە ئادەم تاغنى ـ تاقتا ئۇرۇپ، تاغنى چېقىپ، يەنە قۇراشتۇرۇپ ئەكەپ يۈردى. بۇنى «سەن نىمە جان؟» دېۋىتتى، «مەن دۇنيا تاغ ۋاتۇرىمەن» دېدى. بۇنىمۇ بىرگە ھەمرا قىپ ئېلىۋالدى. يەنە بىر يەنە بېرىۋىدى، بىر ئادەم دوڭغۇيۇپ سۇنى ئىچىپ، يەنە پۈركۈرۈپ، شۇنداخ قىپ سۇنى چېچىپ يۈرۈۋىدى، «سەن نىمە جان؟» دېۋىتتى، «مەن دۇنيا دېڭىز ۋاتۇرىمەن» دېدى. بۇنىمۇ ئېلىۋالدى. ئۈش باتۇر يەنە بىر يەنە بېرىۋىدى، بىر ئادەم قۇلاغنى ـ قۇلاقتا يېقىپ يانا شۇندا يۈرىۋىتتى (يۈرىۋىدى) «سەن نىمە جان؟» دېۋىتتى، «مەن دۇنيا قۇلاق ۋاتۇرىمەن» دېدى. ئۇنى ئېلىۋالدى. يەنە بىر يەنە بېرىۋىدى، بىر ئادەم شۇنداخ يەردىن ئېگىشىپ جاھاننىڭ تۆۋىگە كۆز سېپ قاراپ تۇرىۋىدى، «سەن نىمە جان؟» دېۋىتتى، «مەن دۇنيا كۆز ۋاتۇرىمەن» دېدى. بۇ كۆز ۋاتۇرنى ئۇنى ئېلىۋالدى. ئەلۋېپ بېرىپ شۇ يەدىن بۇ پادىشاھنىڭ ھوزورىغا كىردى بۇلا.

شۇ يەردىن بۇنى ئەمدى قانداق قىلىمىز دېگەندىكىن، بۇلار 600 كىشىلىك تاماق ئەتمەكچى بولدى. ئۇلىدىنمۇ ئالتېيۇز. بۇ ئالتە ئادەمگە ئالتە كىشىلىك تاماق رۇسلاپ، قايسى يەپ بولسا، شۇنى شۇنىڭغا بەرمەكچى بوپ ماقۇل كېلىشتى. شۇنداق قاراپ باق، دەپ دۇنيا كۆز ۋاتۇرنى قاراپ باق دېۋىتتى، بۇ دېگەندەك قارىسا، بۇ قازانغا زەھەر سېلىۋاتتى دېدى. بۇنى قانداق قىلىمىز دېگەندىكىن، «سىلە ھەممىڭلە ئاغزىڭلىنى قولاڭلىغا تىقىپلا، قولاڭلىنى ئاغزىڭلىغا تىقىپ ئولتۇرىسىلە، ئالماشتۇرۇپ، مەن ئۇنى ئۆزەم جايلايمەن» دېدى. ماقۇل دەپ شۇ بويىچە قىپ ئولتادى. شۇ بويىچە قىپ ئولتۇرىۋېدى، بۇ دۇنيا دېڭىز ۋاتۇرى كەپلا ھەممىنى سۈپۈرۈپلا ئاغزىغا سېلىۋەپ ئاپىرىپ دېڭىزغا تۆكېۋەتتى. تۆكېۋېتىپ كەگەندىكىن بۇنۇڭدا ئۇتىۋالدى. ئۇنداخ بولسا ئادەمنى ئۆتۆشكە سالىلى دېدى. ماقۇل دەپ ئۈش ئادەمنى ئەۋەتتى، ئۈش كۈنلۈك يولغا. دۇنيا شامال ۋاتۇرى چىختى بۇنۇڭغا. دۇنيا شامال ۋاتۇرى چىقىپ بېرىپ شۇنداق غەلىتە يۈگۈردىغان نەسكە، شامال بوپ ئۇچىدىكەن مۇشەدىن. بۇ ئادەمنى مەككارلىق قىپ ئۇخلۇتۇپ قويۇپ، بۇلا قاشتى. بىي يېرىم كۈنلۈك يولغا كەلگەن ۋاقتىندا دۇنيا كۆز ۋاتۇرنى قاراپ باق دېۋىدى، بۇلار قارىدى. دۇنيا تاغ ۋاتۇرى دېدىكىن، «بىر تال تاشنى ئات !» دېۋىدى، ئېتىپۋىدى بۇنۇڭ يۇشقۇغۇنى شەپپىدەڭ ئۇرىۋېتىپ ئۆتۈپ كەتتى. يۈگرەپ بوپ قارىسا ئەتراپىدا ئادەم يوق. بىر تۇتام قومنى ئېپ: «سۈپ !» دەپ شۇ يەدىن شامال بوپ ئۇشتى. بۇلانىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆزلىرىگە چېچىۋېتىپ، بۇلا كۆزۈنى ئۇۋۇلاپ بوغېچىلىك، قاراڭغۇ چۈشۈپ بولدى دەيدۇ. بۇنۇڭدا ئۇتقاندېنكېيىن ئەمدى ئات يۈگۈرتۈشنى ئۈش كۈنلۈك يولدىن دەپ نىمە

قىلىپتى، دۆڭنىڭ ئاقىسىغا بىرىپ يەل قۇيرۇغىنى سالدى بۇ، ئات يىتىپ كەلدى. «ئەمسە ئۇنداغ بوسا بىرىنچى توسقىمىزغا ئادەمنىڭ بىلىدەك، ئىشككىنچىسىگە لوتامدەك، ئۇچۇنچىسىگە بىلىگىمدەك توسقۇ قىلىسىلە» دىدى. دەپ ماقۇل دەپ شۇ بويىچە نىمە قىلدى. بىرىپ شۇ يەدىن ئاتنى ئۇتتۇرغا باغلاپ قويۇپ ئۇخلىدىلا، بىر كەمدىن كىيىن بۇ ئادەم ئۇخلاپ قا:غاندىن كىيىنلا، بۇ ھەممە يۇگرەپ قويۇپ قىچىكەتتى، ئاتنى سىپ. دۇنيا كۆز ۋاتورىنى قاراپ باق دىۋىدى، بۇ كۆز ۋاتورى شۇنداق قاراپ باقسا «ھىم، بۇ لاۋا ـ لەشكەر هارامزەدە ئۇخلاپ قاپتۇ ئىمىسمۇ» دەپ، شۇ يەدىن دۇنيا تاغ ۋاتورى بىرتال تاشنى ئىتىۋىدى، ئوغاندى. كەينىدىن ئاتنى ساغان پىتى قويۇن ـ تۇتۇن بولاپ چىقىپ كىلىپ بۇلادىن بىيىبىرىم كۇنلۇك يولنى ئىشككى كۇنلۇك قا:غاندا بىسىپ ئۆتۇپ كەتتى. ئۆتۇپ كىلىپ بۇ قاراڭغۇغا كە:گەندىكىن، ئۇمۇمى كۇشنى توپلاپ بۇ بىرىنچى قاراۋۇلنى بىسىپ، ئىشككىنچىسىدىنمۇ ئۆتۇپ، ئۇچۇنچىسىنىمۇ سۇندۇرۇپ ئۆتكەندىكىن، ئات يىقىلىپ ئاغزى ـ بۇرنىغا قان كەلدى. بىر دانە قوينى ئىلىپ، ئاتنى بىشىدىن ئەگىتىپ قان قىلدى. شۇ يەدىن بۇ ئات ھايات قالدى. (قات) قايتىپ كە:گەندىكىن بۇ پادىشانىڭ ئىلاڭخان پادىشاغا (بۇ قىزنى) بۇلىنى بىر تۆمۇر قەپەس ئەتتى. تۆمۇر قەپەزگە سولاپ قويۇپ بۇتۇن شەھەرگە ئىلان قىلدى. ھەممەڭلە چوڭدۇ ـ كىچىكتۇ ھەممەڭلە بىر قۇچاقتىن بىر نىمىنى ئەپ كىلىڭلا، بىر قۇچاقتىن چاۋا ئەپ كىلىڭلا دىدى. ماقۇل دەپ بۇنى تاغ مۇنارى قىپ توپلىۋاتتى. دۇنيا كۆز ۋاتورى شۇنداق قاراپ باق دىۋىتتى، چاۋالانى يىغىپ ئوتنى ياختى. شۇنۇڭ بىلەن بۇ تۆمۇر قەپەزدىن بىرنى ئو:نۇتۇپتۇ، بۇلىنى شۇ يەگە ئەكىرىپ بىردىن شەھەر ئىقلىمنىڭ ھەممىسىگە جار سەپتۇ: «ھەممەڭلە چوڭ ـ كىچىكنىڭ ھەممەڭلە بىر قۇچاختىن چاۋا يىغىڭلا !» دەپتۇ. ئۇلىنى كۆيدۇرۇۋەتمەكچى بوپ. شۇنۇڭ بىلەن ئۇ شۇنداق دۇنيا كۆزۋاتورىنى «سەن كۆس سەپ» قاراپ باق دىسە، شۇنۇڭ بىلەن قارىسا، بۇ چاۋانى ئاسمان ـ پەلەك دوۋلىۋاتقان. شۇنۇڭ بىلەن «بىزنى كۆيدۇرىۋىتىشكە پەزلەۋاتىدىكەن» دەپ، بۇلا شۇنداق ئەمدى قوقۇپ تۇرۋاتىدىكە. ئوتنى يىقىپتۇ. بۇلا بۇ قەپەس قىزىپ شۇنداق ئەمدى ئۆلەر هالەتكە كەگەن ۋاقتىندا، بۇ دۇنيا دىڭىز ۋاتورى يەنى شوراپ قەپەزنى سۇغا تولدۇرۇۋىتىپتۇ. بۇ قايناقنىڭ گىرادۇسى يۇزگە يىتىپ قايناپ كىتىپتۇ. بۇلا بولامماي يانا دىڭىزغا پۇركۇرۇپ چىقىرۋىتىپ (تەكتىنىكى دۇنياغا)، شۇ يە:دىن بومماي ئاخىرى بۇ دۇنيا تاغ ۋاتورىنى ئىشقا سىلىپ، تۆمۇر قەپەزنى چىقىپ چىقىپ كىتىپتۇ. چىقىپ كىتىپ، شۇ يەدىن قىزنى ئىلىپ، شۇ يەدىن ئىلاڭخان پادىشانىڭ يىنىغا بارىدىكە. باغاندىن كىيىن بىر دانە سىڭىر (سۇمرۇغ) قۇشقا بۇيرۇيدىكە. شۇ يەدىن بۇ قەمەر شاھنى سىڭىر قۇش تۆپىسىگە مىندۇرۇپ، شۇنداق ئىچىلىپ ـ يىپىلىپ تۇرغان بىر دەرۋازىنىڭ نىمىسىدىن چىقىپ، شۇنداق ئاسماندىن غاقىراپ كەپ، ئۆزىنى بىر ئۇرۇش بىلەن چىقىپ كىتىدىكە. ئاپىرىپ تۆپپەڭگە دۇنياغا چىقىرىپ، شۇ يەدىن بالا شۇنداق قۇدۇقنىڭ يىنىدا ئۇخلاپ ياتسا، شەرقتىن بىر قۇش غەرپتىن بىر قۇش ئىشككىسى كىلىپ، «سەن ماڭا نىمە ئەكەلدىڭ؟» دىسە، «هازىر يەيدىغان، هازىر يىسە يىلىدىغان بىر ئالما ئەكەلدىم. مۇشۇ ئالمىنى يىسە، قىرى بوسا ئون سەككىز ياشلىق ئوغۇلغا ئايلىنىپ قالىدۇ» دىگەن ئاۋاز كىلىدىكە. تاشلايدىكە بۇ ئالمىنى يەگە. دەررۇ ئۇ ئالمىنى ئايرىم، ئۇنى ئايرىم ئىلىپ، شۇ يەدىن بۇ ئالمىنى يانچۇققا سىلىپ ماڭىدىكە. بىرىپ قارىسا، بۇ ئىشككىسى خوتۇندىن ئايرىلىپ

قاغان ۋاقتىندا، خوتۇننىڭ بېلىگە كەمەرنى باغلايدىكە. مەن قاچان كەسەم شۇ ۋاقىتتا بۇ كەمەر يېشىلسۇن. مەن كە:گەن ۋاقتىندا قوتوندىكى تۆگە قوزىلىسون داپتىكە، دەپ كېتىدىكە. كېتىپ شۇ يەدىن كەسە بىر دانە موماي ئۆلتاغان، قارىسا بۇ دادا، خوتۇننىڭ بېلىدىكى كەمەر يېشىلىپ كەتكەن. بۇ تۆگىمۇ قوزىلىغان، قەمەر شاھ كەگەن ئوخشايدۇ، دەپ شۇ يەدىن قارىسا، ئەسلى ئۆزى شۇ.

شۇنۇڭ بىلەن بۇ ئىشككىسى ئالمىنى تەڭ يا:تىلاپ يەيدىكە. يەپ بالىمۇ ئون سەككىز ياشلىق يىگىتكە ئايلىنىدىكە. قىزمۇ بىر ئون تۆت ياشلىق بىر قىز مەلىكىگە ئايلىنىپ، ئىشككىسى شۇ ئاخشىمى بۇ دۇنيانىڭ كۆز جامالىغا سەپەر قويۇپ، بۇ يە:دە ئۇخلاپ تۇرىۋەدى، مەن ئەتتىگەندە ئۇيەمدىن چىقىپ بۇ يە:گە كەلدىم.

## چۆچەك 2

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىدا بىر ئاكا ـ ئۇكا بىر پادىشا بالا باركە. ئۇلا بازاغا بېرىپتۇ، بازاغا بېرىپ چوڭى قەن ـ ناۋاتنى ئاز ئاپتۇ، كىچىكى قەن ـ ناۋاتنى سەل ئازراق ئاپتۇ. كالىنى بېقىپ يۇرسە، بۇ چوڭنۇنۇڭ تۇگەپ قىپىپ «ئۇكام ماڭىمۇ ئازراق بە:» دەپ سوراپتۇ، بېرىپتۇ. شۇ يە:دىن قوسىغى ئېچىپ شۇنداق دۆڭگە چىقىپ قارىسا، بىر يەدە شۇنداخ ئى:س چى:قىپ تۇرغان. شۇنۇڭ بىلەن ئاشەگە بېرىپ باقىلى دەپ با:سا، بۇ بىر دانە يەتتە باش يالماۋۇز ئۇخلاپ قا:غان. قازاندا گۆش، شۇ يەدىن تەڭلىگە قارىسا ئۇماچ، ئوچاغنى ئاختۇرسا نان تۇرغان. گۆشنى يەپ، ئۇنۇڭ ئۇستۇخۇنىنى مومايىنىڭ كۆتىگە چاپلاپ قويۇپتۇ. شۇ يە:دىن ناننىڭ كۆيۇكىنى يەپ، ئۇنىمۇ ھەم شۇ يەگە چاپلاپ قويۇپتۇ (نانىنىڭ ئۆزىنى يەپ، كۆيۇكىنى①). ئۇماشنى ئىچىپ، قىسىكىنى ئۇنۇڭغا چاپلاپ قويۇپتۇ. شۇنداخ موماي مىدىرغان ۋاختىندا، بۇلا قوقۇپ كېتىپ بىر سېۋەتنىڭ ئىچىگە كىرىۋېپتۇ. كىرىۋېپ بېرىپ شۇنداخ ئەمدى نان كۆيۇپ كەتتى دەپ ئاختۇراي دەپ شۇندا با:سا، قارىسا بۇ نان يوخ. تەڭنىگە قارىسا ئۇماش يوخ، قازانغا قارىسا گۆش يوخ. مۇندا كەينىگە تو:لىنىپ قارىسا، بۇنۇڭكى كەينى قۇرېغىنىڭ ھەممىسىدە توپلۇنۇپ تۇرغان. ئۇماشنى ئىچىپ كەتكەن كۆت سەممۇ سەن، گۆشنى يەپ ئۇسۇخىنىنى قويغان، يېگەن سەممۇسەن دەپ، ئۇنى نۇرغۇش بىلەن ھە دەپ سا:غىلى تۇرغاندا، بۇ كىچىك ئۇكىسى، «ئاكا كولەيمۇ؟» دەپتۇ. «ياخ كولمە دەپتۇ». «ئەمىسە قەن ـ ناۋېتىمنى بە:» دەپتۇ. «كولسەڭ كول» دەپتۇ. «يى، يى ... » دەپتۇ. شۇنۇڭ بىلەن بۇ موماي شۇ قاشقىنىچە قېچىپ بېرىپ، بىر دانە موزدۇز ئۇستامنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. «ھاي، موزدۇز ئۇستام، مېنىڭ ئۆيۇمگە يې ـ يې پەيدا بوپ قالدى. دەررۇ ماڭ، مېنى يەپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ» دىگەندىكىن، ماقۇل دەپ شۇ يەدىن ئۆيىگە با:سا، بۇ موزدۇز ئۇستامنىڭ بەندەڭدە تولا ئولتوروۇپ ئالدى تۆشۇككى، شۇ يەدىن قارىسا بۇنۇڭ جابدۇغىلىرى نايىتى ئوچۇخ كۆرۈنۇپ قاپتۇ. شۇ سېۋەتكە قوڭىنى ياڭزاپ ئولتۇرۇپتۇ ـ دە، قارىسا بۇ كىچىك بالىنىڭكى ئاغزى ـ ۋىشىغا تىگىپ تۇرغان. «ۋاي ئاكا چىشلەيمۇ؟» دەپتۇ. «ھەي چىشلىمە، بۇ ئاخماخ سىنى يەپ كېتىدۇ» دىگەندىكىن، «ئەمىسە قەن ـ ناۋېتىمنى بە:» دىگەندىكىن، شۇنۇڭ بىلەن «چىشلىسەڭ چىشلە» دەپتۇ. گاچچىدە چىشلەپتۇ. «ۋاي !» دەپ بۇ موزدوزنىڭكى پارىڭى ئاسمان ـ

---

① كۆيۇكى ـــ كۆيگەن يېرى، كۆيۇكى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

زىمىننى كۆتۈرۈپ، بۇ ئىشكىكسى قىچىپ - قىچىپ تەڭلا قىچىپ كىتىپ بارىدۇ ئايسىغا قاراپ، مەن بۇيسىغا قاراپ يىنىپ كەلدىم.

(يۇقىرىقى ئىككى پارچە چۆچەك شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 1996 - يىللىق تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ لوپنوردا ئوقۇش پۇتكۈزۈش پىراكتىكىسى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا توپلىغان ماتېرىياللىرىدىن ئېلىنغان. ئاۋاز بەرگۈچىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىدىن مەلۇمات ئالالمىدۇق. يېزىق بىلەن خاتىرىلىگۈچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي تىلشۇناسلىق كەسپى بويىچە 2006 - يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى توختى قىيۇم.)

## 6) چۆچەك شېۋىسىدىن پارچە

ئاۋاز بەرگۈچى: باتۇر ئاكا، چۆچەكلىك.

### جىر توغرىسىدا پاراڭ

مېن جىرلاپ جۇرگېنىگې ئون جىل بولدى. بىز بالا كېزىمىزدېن باشلاپ جىر جىرلاشنى بىلەتتۇق. بىز جىرلىغاندا جايلاردىن كېلگېنلېر خۇران قالاتتى①. خازىرقى ياشلار قالايمىقان جىرلايدى، خەبىر جىرنىڭ ماغاناسى بولىدى. ئۇنى كېلسە - كېلمەس جىرلاغانغا بومايدى. سوغان ② مېندىن ئادېتتە جىر سوراپ كەلگەنلەرگە بېرمېيمېن. ياخشى كۆڭلىڭ بىلەن جىرلارنى ئايتىپ بېرسەڭ، ئۈيرېتىپ③ قويغان جىرلىرىڭنى ئۆزگېرتىپ بىلىقتىرىۋېتىدى④. سىلەر بۇ جىرلارنى ماقالە قىلىپ يازىمىز دېيسىلەر، نىمە پايدىسى بار ئۇنىڭ. جىر دېگەن ئاۋۇزدا ئايتالىپ جۇرېتىن تۇرسا. جىر ئادېتتە مۇنداق ئولتۇرغاندا ئوڭاي ئېسىڭگە كېمېيدى. ئۇنى بىر ئېككى رومكا ئۇرۇۋالغاندا دوخروپكا تارتىلغاندا ئۆزلىگىندېن ئاۋىزىڭدان پىلىموتتاي چىغاددى. ئول چاغدا ئۇنى توختاتامايسىڭ، بەزىدە نەق مايداندا ياڭا جىرلار توقىلىپ چىقىدى.

(بۇ ماتېرىيال شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي تىلشۇناسلىق كەسپى بويىچە 2006 - يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى مەغپىرەتنىڭ «چۆچەك ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق دېسسېرتاتسىيەسىدىن ئېلىنغان.)

## 7) بورتالا شېۋىسىدىن پارچە

ئاۋاز بەرگۈچى: ھېيتاخۇن روزى، ئەر، بورتالالىق.

### ئېلىپ قېچىپ توي قىلىش توغرىسىدا

... ئەپپەمەيمىز دىدى، بىر تەرەپىنىڭ نارازىلىقى بادە. باغاندىكىن ئاپقېچىش ئارقىلىق ئىشككى بالا ئىختىيارى، ئۇندا ۋوغاندىكېن ئاپقېچىپ كىتىش ئارقىلىق بولىنى قايىل قىلىش

① خۇران قالاتتى ــ ھەيران قالاتتى.
② سوغان ــ شۇنىڭ ئۈچۈن.
③ ئۈيرېتىپ ــ ئۆگىتىپ.
④ بىلىقتىرىۋېتىدى ــ قالايمىقان قىلىۋېتىدۇ.

مەخسەت. ئاپقېچىپ كەتكەندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىلا: ئامال يوق «ھە بوپتۇ، توينى قىلايلى» دەيدۇ. ئەمدى بەزەن بىر ئاز ساندىكىنلە:ئىڭ يا قىز ئىختىيارى ئەمەس، مەجبۇر ئاپقېچىپ كېتىش. بۇندا ئەخۋالىمۇ با: ، يوق دېگىنى بوممايدۇ. ئەمدى ئاپقېچىپ كە:گەندىن كېيىن ئۇ قىز ئىختىيارى بوممىسىمۇ، ئاپقېچىپ كېلىنگەندىكىن، «مەن سېنى ئاپقېچىپ كەلدىم» دېگەندىكىنلا، «مېنىڭ نامىمغا داغ تەگدى ئەمدى، ماڭا سەت بولىدۇ»، شۇڭا بوپتىلا قىلىۋېتىدىغانلا: بولىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن مۇيىنداق شەككىلىلىنىپ قا:غان. بەزىلىچۇ، يا ئاتانىسى ئۇخمايدۇ، قىزنىڭمۇ ئاتانىسى ئۇخمايدۇ. بەزەن باللا: ئاشۇ ياش جەھەتتىن كىچىگرەك، بىر قىسىم تويلىدا، بىر قىسىم سورۇنلىدا تەپىشىپ قېلىپلا، قۇپاپلا كىتىپلا «قىچىپ كەتتۇق» دىگەن. ھىشكىم ئۇخمايدۇ ئەمدى. ئەتىسى ـ ئۆگۈنى قوپاپ، ئۇ كىتىپپا:غان ئۇيىگە، بۇ قەپ قىلىۋاتقان بۇ يە:دە، ئاشىندا ئىشلا:مۇ با: . بۇ ئىشلىنىڭ شەكىللىنىشى تولا. بىزنىڭ ماشۇ بىر تۇقانىڭ بالىسى بىر قىزنى ئېلىپ بىزنىڭكىگە چىقىپتۇ. مەن يوق. چىخسام بالىنىڭكى سىڭنىسى بو:غۇچى ئەمدى ئۇ دوستىنى بىزنىڭ بىر تۇققانىڭ ئۇيىگە چىقىمىز دەيدىكەن ـ دە، ئۇ قىزنى ئېلىپ مەيەگە چىقىدىكەن، بىزنىڭكىگە. كەينىدىن ئاكىسى بو:غۇچى بىللە چىقىدىكەن. چىقىپ تۇققۇنىمىزنىڭ ئۇيى دەپ چىقىپلا: «سىنى مە ئاپقاشتىم» دىۋالىدىكەن. ئاينا ئۇ قىزنىڭمۇ ئىختىيارى ھىشقاندا، ئۇ بالىنى ئەۋلەن، شۇ بالى ۋىلە پاراڭلىشىپ باققان ئەمەس. ئۇندا تۇرۇپ ئاشۇ ناداللىق بىر ئىشنى قىلىۋاتىدۇ ـ دە. ئۇ ھېلىقى «بو:سا بۇلا، بومىسا ئىز يۇلى بۇلا:» دېگەندەك، مۇشۇنى بىر قىپپاقنىچۇ دەپ تەۋەككۇلچىلىق قىلىپ ئوغۇل ۋالا. ئاندىن ئۇنىڭغا ماسلىشىپ ئا سىڭنىسى دوستىنى باشلاپ تۇققۇنۇمنىڭكىگە چىقىمە دەپلا، ئاكىسىغا پاس چىقىرىپ بىرىۋاتىدۇ①. بۇمۇ قانۇنغا ئىلىپ ئېيتسا ئۇمۇ جىنايەت شەكىللىنىدۇ. بىرۆنىڭ قىزنى مەن دوستۇمنى ئېلىپ چىقتىم، دەپ ئاكىسىغا ئاپقاشتىم دىمەكچى بولسا، قاندا ۋولدۇ! كىرسەم شۇنداق بىر گەپنى ئاڭلاپ قالدىم، بىزنىڭ ئۆيدىكىلە: شۇندا دەپ قالدى ـ دە. پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتىكەن. «چاقىر !» دىسەم، چاقىردى. «نىمىش قىلدىڭ؟» دىسەم، سىڭنىسىنىمۇ چاقىردى. «سەممۇ جىنايەتچى، ھەر شككىلەڭ جىنايەتچى !» قىز بىلەممۇ پاراڭلاشتىم ئاندىن، «سىز زادى نىمدەپ چىختىڭىز؟» دىسەم، «ما دوستۇم تۇققىنىمىزنىڭكىگە چىقىمىز دىگەنتى. كەچقۇرۇن كەلدىم ئىشتىن، ئۇ شۇندا دەپ چىقىپ مانا مىنى يا كەتكۇزمەي ئوتتۇرۇۋاتىدۇ»، «سىز بۇ بالى ۋىلە مۇھە:بەتلىشىپ ياكى پاراڭلىشىپ نىم قىغاممۇ، ياقمۇ؟» دىسەم، «مەن تەخى بۇ بالىنى كۆ:گەن، بىراق پاراڭلاشمىغان» دەيدۇ. «ئەمسى مانا كەچ ۋوپقاپتۇ، چىرايلىق ما ئاپىڭىزنىڭ قىشىدا ... »، «ۋاي چوڭ دادا» دەپ مىنى چوڭ دادا دەيدۇ ئۇ قىز، كىچىك قىزۋالىكەن. «ما ئاپىڭىزنىڭ قىشىدا شككىلەڭلى يىتىڭلى» دىدىم: «ئەتە ئەتتىگەندە مە يولغا سەپ قويىمە. سەن چىرىپ كەتسەڭ چىرىپ كەت، يوقال !» دىدىم. «بومىسا ما دوسلىرىڭ ۋىلەن قون مىيەدە» دىدىم. ئەتە سەممۇ يوقال» دىدىم. ئۇ كۈنى ئاندىن قوندۇراپ، كىچىدە ئۇيۇڭلىگە چىقساڭلى نە:ۋا:دىڭ دەپ ئاتا:ناڭلىدىن دەشنام يەپ، دەپ. ئەتىسى ئېنىڭدىنكىن ماشىنىغا سىلىپ ئۇ بالىنى قالتىرىپ قۇيۇپ، «سەن كىيىن

---

① پاس چىقىرىپ بەرمەك ـــ ماسلىشىپ بەرمەك.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كىتىسە. سەن بۇ قىزنى ئاشۇ نەگە بارىمە دىسە، شۇۋەگىچە ئاپپىرىپ قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىسە. ئەگەر سېن بىر يە:دە ساقلاپ تۇرۇپ ئاكاڭ كەيىنىڭدىن كىلىپ يەنە بىر پەلىپەتىش نىمە قىسا، سىنى مې ئۇزۇم جازالايمە. سېممۇ كيىن ئۇزەڭنىڭ كيىنىنى ئويلىشىپ ئىش قىل» دەپ ئا قىزغىمۇ دىدىم، تۇقىنىمىزنىڭ قىزى ئەمەسما. كىرا پۇلىنى بىرىپ، قىزۋالىنى يولغا سىلىۋېتىپ، ئاندىن كيىن كېتكەندىن كيىن خېلىدىن كيىن ئاندىن يولغا سىلىۋەتتىم (ئوغالنى). «هازىر كۆ:سەممۇ تۇنۇمايمە ئۇنى» دەپپىرىمۇش، «ئاشۇ بىر چوڭ دادام شۇندا ياخشىكېن، مىنى مۇشۇندا قۇتۇلدۇرۇپ قويدى»، دەيمۇش. ئاشۇلى ئاينا هىششىمە ئۇخماي ئاپقاشتى، مۇشۇندا ئىش ـ تە !

(بۇ ماتېرىيال شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي تىلشۇناسلىق كەسپى بويىچە 2006 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى مەرەمنىسا ئابدىرېشىتنىڭ «بورتالا ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق دىيسسىرتاتسىيەسىدىن ئېلىنغان.)

## 8) غۇلجا شېۋىسىدىن پارچە

ئاۋاز بەرگۈچى: شېرىپ سونۇر، 68 ياش، دېهقان، ئىلى گىمنازىيەدە ئوقۇغان، غۇلجا ناهىيە چولۇقاي يېزىسىدىن.

### تۆگىنىڭ تۇغۇشى توغرىسىدا

بىزنىڭ ئۇزۇن ژىل بولدى تۆگىلە: با: ، تۆگە ئا:غان بىلە تۇققىنىنى كۆمىگەن. بىر، ئىككى ژىل بولدى، ئاران تۇغدۇرىدىغان بولۇپ ئۇ تۆگىنىمۇ. مەممۇ بۇ تۆگىنىڭ لۆپچىگى① با: مۇشۇنداخ بىرنىمكەن، بۇ تۇغالامدۇ، تۇغا:مامدۇ دەپ (ئويلايتتىم). بىر كۈنى ئىككى تۆگە تۇغىدىغان بوپ قېلىپ بىزنىڭ، ئادەم ئىزدەپ ئاشۇنىڭ ئىچىدە، قازاخ خوتۇنلىرىغا ئەلىلىك سوم بېرىمە (دىسەم)، ۋاي تۇغدۇرۇپ بېرىمە، ئەكە: ، دەيدۇ. قا: كۈنى تۇغىدىغىنىنى بىلگىلى بو:ماي، ئاشۇنداخ قىپ ژۇ:سەم، بىر كۈنى ژۇقۇرىدا بىر تۆگە يېتىپ قاپتۇ. «چىقىپ باقايچۇ، بۇ نىمە ياتىدۇ» دەپ، ژۇگۇرۇپ چىخسام، بويىنىنىڭ يېرىمى چىقىپ بوپتۇ بالىسىنىڭ. شۇنۇڭ بىلە ئادەم ئىزدەپ ژۇگۇرۇپ كەتكەن، بىر ۋاختىدا تۇغۇۋېرىدىكە. قارا، مەن ئۇندا ـ مۇندا قىغۇچە شۇندا قويۇۋىدى، شارلا قىپ يە:گىلا چۈشتى. لۇپچەكلىرى ئۇ ۋاخلا:دا هېلىقىدەك مايلىخ بو:مايدىغان ئوخشايدىكە، چاپلىشىۋېلىپ تۇرىدىكەن ـ دە، ئوخشاشلا كالىنىڭ، ئاتىنىڭ بالىسىدەك بولىۋېرىدىكە. تۇغۇلغاندا ئۇنۇڭ قايدىلىرى يامان جىخقۇ. پۇتلىرىنى سىيپاپ، تاپانلىرىنى، ئاشتاخ قىپ كەتتى، قازاخ ئايالا:نى ئەكىلىۋىدىم، تاپانلىرىنى سىيپاپ كەتتى. «نىمبولدى؟ نىمىسى بۇ، بىر ئۇگىتىپ قويە ماڭىمۇ بۇنى» دىسەم، ماندا ماڭغاندا بۇدۇر ـ بۇدۇر بولىدىغان ئوخشايدۇ تاپىنىنىڭ تيگىچۇ، چاپلىشىپ تۇرىدىكە. تاتلاپ قويسا، تېيىلمايدىغان بولىدۇ، چوقاينىڭ② چىشىدەك تۇغۇلغاندا تاتلاپ قويساڭ، يە:نى دەسسىگىچە يە:دە تېيىلماي

① لۆپچەك ــ تۆگىنىڭ لوكىسى.
② چوقاي ــ ئاياغ، يازلىق ئاياغ.

ـگەندىغان تۆگە بولىدىكەن. قوساخلىرىنى دەستىخان بىلە باغلايدىكە، نېپىز لاتا بىلە شۇ قېرىننى. يوغان نە:سە جىخراخ ئېمبا:سا ئۇچەي ـ قېرىنى قويىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ، ۈچۇ. شۇنىڭ بىلە ئۆلۈپ قالىدۇ، دەيدۇ. ژۇقۇرى تەرەپكە تا:تىپ باغلاپ قويىدىكە. ئالتە ـ يەتە كۈن بۇ ناھايىتى چىرايلىخ بو:غاندىكىن، بۇنى كۆسەتمەيدىكە خەخلە:گە، ئۆيىنىڭ ئەدىمى كۆرۈدۇ ئۇنى، ئەمدى. ئىككى پۇتىنى تا:تىپ باغلاپلا، تۇغۇلغاندىلا ئەكىرىۋالىدۇ ـ دە، ئۇنى ئۆيگە. قوپقاندا ئاچىقىپ ئېمىتىپ ئەكىرىۋېلىپ، ئاشتاخ قىپ تۇرىدىكە، ئۇش كۈن، تۆت كۈن ئۆزى مېڭىپ نىمقىپ كەتكىچە. بەش ـ ئالتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ژىگنى بىلە قۇلىغىنى بىر خوتۇن تېشىپ بىر نىمە قىلدى. نىمە بۇ دىسەم، «ئەمدى بۇ ئىرىملىخ قىپ جاتىرمىن» دىدى. قۇلاخنى تىشىپ، ژىگنىنىڭ ئۇش تەرىپىنى باغلىماي زىيتىن تېشىپ تا:تىپ ـ تا:تىپ قويۇپ، شۇنىڭ بىلە ـ زە، بۇنۇڭغا بويۇنلىرىغا قىزىل لاتا. كۆك لاتا بىرنىملە:نى، نوختىلا:نى، ياكى شالدۇر ـ شۇلدۇر بىرنىملە:نى باغلىۋېتىدىكە. «نىمە قىلىخ بۇ ئەمدى، گىدىككىنە[1] نىمىنى؟» دىسەم، «بوينىنى باغلاپلا قويمايمىزمۇ» دىسەم، «ھوي، بۇ ئۆزى ناھايىتى چىرايلىخ بولىدۇ بالىسى كىچىك ۋاختىدا، شۇنۇڭ ئۇچۇن مۇنداخ قارىغان ئادەم ئېچى كىرىپ قالىدۇ، شۇنۇڭ ئۇچۇن مۇنداخ قارىسا، باغلاپ قويسا، ئاناغان[2] قاراپ ماناغان ئۆتمەيدۇ» دەيدۇ. تۆگە دېگەننىڭ چوڭىنى ھىنگان دەيدۇ، ئىسىنى. بالىسىنى بوتلاخ دەيدۇ، تۇغۇلغان نىمىنى. ئېسىنىگە[3] تايلاخ بولىدىكە، ئىككى ياشقا كىرگەندىكىن. ئەكىگىنى بۇرغا دەيدۇ. بۇرۇن پىچىرىۋېتىدىغانلىرى با:كەن. ھازىر بىز ئار تۆگىسى با:لا: پىچىرمايمىز قو:قۇپ، ئۆلۈپ قالىدۇ دەپ، ئۇنى ئاتان تۆگە دەيدۇ.

(بۇ ماتېرىيال بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكولتېتى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە 2007 ـ يىللىق دوكتور ئاسپىرانتى نىجات سوپىنىڭ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ غۇلجا شېۋىسى تەتقىقاتى» ناملىق دېسسېرتاتسىيەسىدىن ئېلىنغان.)

### 9) قومۇل شېۋىسىدىن ئەدەبىي پارچە

ئاۋاز بەرگۈچى 1: پاتەمخان ھەسەن، قومۇل تۆمۈرتىدىن.
ئاۋاز بەرگۈچى 2: زەينەپخان غوجامنىياز — لىپىر، قومۇل توشۇدىن.

#### ھېكايە 1

بىر بۇلبۇل ۋىلە بىر تورغاي ئىككىسى ئېغىينا ۋوپتۇ. ئېغىينا ۋوپ يۇرتلىرىغا باماخچى بوپتۇ. بۇلبۇل مېنىكىدە بارايىنى ئاگال دىگىدەك، تورغاي مىنىكىدە بارايىنىڭ دىگىدەك. بۇلبۇلنى يۇرتىغا با:ماخچى ۋوپ، بېرىپتۇ. بۇلبۇلنى يۇرتى شۇنىناق كاتتا يۇرتكە، يېشىللىق، گۈللۈك، گۈزەل، بۇلبۇل يۇرتىغا كىلىپ، شۇنىناق سا:راپتۇ. سا:رىسا تورغاي سا:رىمىغىدەك، چىرايىنى تۇرۇپ ئو:تۇرغىدەك. «ھېي، ئېغىينا، ساڭغا

① گىدىككىنە — كىچىككىنە.
② ئاناغان — ئانىڭغا. ماناغان — ماۋۇنىڭغا.
③ ئېسىنىگە — بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يارىمىدىمۇ مىنى يۇرتۇم، سە سا:رىمايسەڭغۇ؟ سەممۇ سا:را، شۇناق چىرايلىق، گۇللۈك، گۆزەل يە:دىمۇ سا:رىمامسە؟» دىسە، تورغاي: «ئـاي، ئۆزۈمنىـكى يۇرتۇم كـۆزۈمگە كۆرنۈپ سا:رىغىم كەمىيتتۇ، سىنى يۇرتۇڭ مىنى يۇرتۇمدەك چىرايلىق ئەمەسكە، مىنـى يۇرتۇمغا ۋا:غا ۋو:ساق (بارغان بولساق)، مۇناق يۇرتتا سا:رىغۇم كەمىيتتۇ» دەپتۇ. ئە:كي (ئاندىن كىيىن) بۇلبۇل خىيال قىپتۇ: «هەي بۇنى يۇرتى مۇندىنمۇ كاتتا يۇرتقا ئوخشايدۇ، ئەمسە تورغاينىڭ يۇرتىغا بارايىنىڭ» دەپ ئىككىسى بىر ۋولۇپ تورغاينى يۇرتىغا مىڭىپتۇ. ئىككىسى ئۇچۇپ كيتىپا:غىدەك، كىتىپا:غىدەك، بىر يە:لە:گە بىرىپتۇ. بىنام، ساي، ئۇچىمۇ كۆرۈنمىيدۇ. ئە:كىزىزە (ئاندىن كىيىن ـ زە)، تورغاي بىر قىيىغاشنى (قارا ياغاچنىڭ) بىشىغا قونۇپ ئو:تۇرۇپ سا:راپتۇ. سا:راپتىكەندۇق، بۇلبۇل: «هىي، ئىغىنا، سىنى يۇرتۇڭ موشۇمۇ، سە ئۇچىمۇ يوق بىر زىمىنگە كىپلا باشلاپ سا:راپ كەتتىڭغۇ؟ ئىغىنا؟» دەپتىكەندۇق، «مىنى يۇرتۇم موشۇ، مىنى يۇرتۇمدەك چىرايلىق يۇرت ۋولامدۇ؟» دەپ سا:راپ ـ سا:راپ كىتىپتۇ. بۇلبۇل: «بۇ گۈزەللىگىمۇ يوخكە، يىشىللىغىمۇ يوخكە، بىر سايكەنغۇ؟» دىسە، «مىنى يۇرتۇم شۇناق كاتتا، سىنى يۇرتۇڭدى مىنى يۇرتۇم كاتتا ۋو:ماي» دەپ، يە:لە:گە چۈشۈپ ئاغىناپ، باش ـ كۆزلىرىنى سۈركەپ كىتىپتۇ. ئە:كى بۇلبۇل خىيال قىپتۇ: «مۇناق سايدا سا:راپ كىتىشىگە قارىغاندا، بۇنۇڭ ئۆزىنىڭ يۇرتى شۇناق كاتتىكە، يىشىللىق بومىسما» دەپتۇ.

شۇڭغا قارىغاندا بىزنىڭمۇ تۆمۈرتىمىز ① ئەمدى ئىككى تاغنى ئارىسى، داراختى باشقى، قاچۇرىدي ② باشقى نىمە يوق. ياز بولۇشى بەشىنجى ئايغا كە:سە ياز ۋولىدۇ، شۇناخ ۋو:سما ئۆزىمىزنى يۇرتى، ئۆزىمىزگە خىلا ئامدا: ، چىرايلىق كۆرنىيتتۇ ئەمدى.

(1996 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، قومۇل تۆمۈرتىدە)

## هېكايە 2

بۇرۇڭقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتۈپتۇ. ئۇ پادىشانىڭ نا:يىتى ساھىپجامال بىر قىزى ۋا:كە. ئۇ قىزى بىر كەمبەغەلنى ئو:لى مىنە (كەمبەغەلنىڭ ئوغلى بىلەن) تىپىشىپتۇ. تىپىشقاندي كىيى ئاتا ـ ئانىلىرى ئاڭغا رازىلىق بىلدۈرمەپتۇ. «بىز بىر پادىشا تۇرساق، كەمبەغەلنى ئو:لىغا بىرەمدىمىز؟» دەپ. شۇنۇڭ مىنە بۇلا: ھىشبىر ئامال تاپا:ماي، «ئەم (ئەمدى) ئىككىمىز قاچايىنى، ئەم قاچاللا ۋو:سا بۇلا: رازىلىق بە:مىگىدەك» دىگەنىنى قىلىپ، ئە:كى ئىككىسى قاچىدىغا ۋوپتۇ. «ئەمدى مە ئىككى ئاتنى تەييا: قىلاي، سە پالانى يە:گە كە:سەڭ، شۇ يە:دي قاچايىنى» دىگەننى بىر تاز ئاڭلىۋەپتۇ. ئاڭلىۋەپ شۇنۇڭ مىنە ئۇ يىگىتتي بالدىر تاز ئىككى ئاتنى يىتلەپ ئاپىرىپ شۇ دىگە يە:دە تۇرۇپتىكەندۇق، قىز شۇ يە:گە يىتىپىرىپتۇ. يىتىپىرىپ «چاققا: كەلدىڭمو؟» دىگەندىكي، «كەلدىم» دەپتىكە، «چاققا ئاتنى مىن، قاچايىنى ئەمدى» دەپ ئە:كي ئاتنى مىنىپتۇ، قىز تاز مىنە قىچىكىتىپتۇ. شۇنۇڭ مىنە بىر يە:لە:گە بىرىپ شۇ كىچىدە، ئاڭغىچە تاڭ يورۇپ قىپتۇ.

---

① يەر نامى. ئاۋاز بەرگۈچىنىڭ يۇرتى.
② قاچورا ــ قارىغاي.

ھە بىر ئوتلۇق، سۇلۇق، مە:زىرىسى كاتتا بىر يە:لە:گە كىپ، «ھەي مەشەدە قوي ۋاقىدىغا يە:كە، قويغا لايىق» دىسە، «مە شۇ يە:دە قوي ۋاققا يە:» دەپتۇ. شۇنۇڭ مىنە يەنە بىر يە:گە بىرىپ، «ھوي، مۇشۇ يە: تىخىمۇ كاتتا يە:كە، ئات ۋاقسىمۇ بو:غىدەك بۇ يە:دە» دەپتىكە، «ھوي، مە ئات ۋاققا يە: بۇ يە:» دەپتۇ. شۇنۇڭ مىنە ئە:كي بۇ قىز ھەيرا بولۇپ: «ئەم بۇ نىم دىيدىغاندۇ، مە: ئات ۋاققا، قوي ۋاققانلا دەقويدۇغۇ؟» دەپ يەنە مىڭىپتۇ. مىڭىپ ئاڭغىچە تاڭ يورۇپتۇ، بىر يە:لە:گە با:سا يەنە بىر شۇنداق كاتتا مە:زىرىسى ئوتلۇق، سۇلۇق يە:گە يىتىپىرىپ، «ۋاي تۆگە باقسىمۇ بو:غىدەك مەشەدە، مەشە تىخىمۇ كاتتا يە:كەڭغۇ !» دەپتىكە، «ۋاي، مە تۆگە باققا يە:» دەپتۇ. «ئەمدى بۇ نىمە دىيدىغاندۇ، قوي ۋاققا، ئات ۋاققا، تۆگە ۋاققانلا دىيدۇ» دەپ، قارىغىدەك ۋو:سا، يىگىت ئەمەس، تاز. «ئەمدى مە قايناق قىلاي، مە تاز مىنە كىۋاپتىمە، ئەمدى قايناق قىلۇرمە، ئەمدى بۇ خەلق ئالەمنىكى ئايلىدا بىر رەسۋاچىلىققا قەپتىمەنغۇ، ئەم بۇ تاز مىنە تۇرمۇش كۆچۈردىغا بولدۇم، ئەمدى، باشقا بىر ئامال بومىدى» دىگەننى قىپ، شۇ يە: دې ئە:كې تازنى بازا:غا بو:رۇپتۇ: «بازا:غا بىرىپ بىر يىيدىغا بىر نەرسە ئەكەل» دەپ تىللا ۋىرىپتۇ. تىللانى ئەپىرىپ بىرسىگە نا ئەپتۇ، يەنە بىرسىگە بىر قوغون ئەپتۇ، يەنە بىرسىگە بىر توخو ئەپ قايتىپ كىپتۇ. قايتىپ كەگەندىكې، «موشۇ توخونى نىم قىغىلى ئەكە:گىنىڭدۇ؟» دىگەندىكې، «موشۇ قوغۇننى يىسەك، قوغۇننى ئۇرۇغۇنى توخو يىسە، توخو تۇخۇم تۇخسا، بىرنەچچە كۆ (كۈن) تۇرمۇشىمىزنى شۇنۇڭ مىنە قامدىغىدەكمىزغۇ» دەپتىكە، «ھەخلى ۋا: تارىكە، موشۇنۇڭ مىنە ئەم تۇرمۇش كۆچۈردىغا بولدۇم» دەپ، قىز رازىلىق بىرىپتۇ.

(1996 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، قومۇل توشۇ. يۇقىرىقى قومۇلدىن ئېلىنغان پارچىلار قومۇل شىۋىسىنى تەكشۈرۈش مەخسۇس گۇرۇپپىسى تۈزگەن، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشر قىلغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شىۋىسى» دىن ئېلىنغان.)

# ئۈچىنچى باب

## دىيالېكت ـ شېۋىلەردىكى فونېتىكىلىق ھادىسىلەرگە سېلىشتۇرما تەتقىقات

### بىرىنچى، دىيالېكت ـ شېۋىلەردىكى فونېتىكىلىق ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى

بىزگە مەلۇمكى، جۈملە ئەڭ كىچىك نۇتۇق بىرلىكى، ئۇ بىر ـ بىرلىگەن سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ. سۆز بولسا، بىر ـ بىرلىگەن تاۋۇشلاردىن تۈزۈلىدۇ. كىشىلەر ئادەتتە سۆزلەشكەندە تىل تاۋۇشلىرىنى يەككە ـ يېگانە ھالدا بىر ـ بىرلەپ تەلەپپۇز قىلماستىن، بىرنەچچە تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بىرقانچە سۆزنى بىر ـ بىرىگە قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. ئىشقىلىپ، بىز بىر ـ بىرىمىز بىلەن ئالاقىلەشكەندە، تاۋۇشلارنى يەككە ھالدا تەلەپپۇز قىلىدىغان پۇرسىتىمىز ناھايىتى ئاز. دېمەك، بىز سۆزلەۋاتقان ۋە ئاڭلاۋاتقان تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ھەممىسى بىرىككەن ھالەتتە كېلىدۇ. نۇتۇق جەريانىدا، بىر تاۋۇشنىڭ باشقا تاۋۇشلار بىلەن بىللە ئۇلىنىپ چىقىدىغان بىر قاتار تاۋۇش ئۆزۈندىلىرىنى ھاسىل قىلغاندا، ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە تەسىر قىلىشماي قالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ياكى باشقا تاۋۇشلارنىڭ تېمبىرىنى، يەنى سۈپىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن، نەتىجىدە تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مانا بۇ خىل تاۋۇشلارنىڭ نۇتۇق جەريانىدا كېلىپ چىققان ئۆزگىرىشى نۇتۇق ئېقىمىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشى دېيىلىدۇ. نۇتۇق ئېقىمىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىدىن دائىم كۆرۈلىدىغانلىرى ئاسسىمىلياتسىيە، دىسسىمىلياتسىيە، تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىششى، تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى، تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى، تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالمىششى، تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىششى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تىل تاۋۇشلىرىنىڭ بۇ خىل ئۆزگىرىشلىرى تاۋۇشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى قوشنا تاۋۇشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى، ئۆزىنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدا تۇتقان ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقى، سۆزلەش سۈرئىتىنىڭ تېز ياكى ئاستا بولۇشى، سۆزلەش ۋاقتىدا ئاۋازنىڭ ئېگىز ياكى پەس بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

تىل تاۋۇشلىرىنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدىكى يۇقىرىقىدەك ئۆزگىرىشلىرى مۇئەييەن قانۇنىيەتلەرگە ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇ قانۇنىيەتلەر ھەرقانداق بىر تىلغا، ھەتتا مەلۇم بىر تىلنىڭ ھەرقانداق دىيالېكتلىرىغا باب كېلىۋەرمەيدۇ. شۇنىڭدەك بۇ قانۇنىيەتلەر ئەينى بىر تىلنىڭ ھەرقانداق تەرەققىيات باسقۇچلىرىغىمۇ باب كېلىۋەرمەيدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر خىل نۇتۇق ئېقىمىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىسى A تىلدا كۆرۈلسە، چوقۇم B تىلدىمۇ كۆرۈلۈشى ناتايىن؛ B تىلدا كۆرۈلگەن باشقا بىر خىل تاۋۇش

ئۆزگىرىش هادىسىسى A تىلدا كۆرۈلۈشىمۇ ناتايىن. ئەينى بىر تىلغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر خىل تاۋۇش ئۆزگىرىش هادىسىسى شۇ تىلنىڭ قەدىمكى دەۋرىدە بولغان بولسا، هازىرقى دەۋرىدىمۇ چوقۇم بولۇشى ناتايىن؛ هازىرقى دەۋردە بولغان مەلۇم بىر خىل تاۋۇش ئۆزگىرىش هادىسىسى شۇ تىلنىڭ قەدىمكى دەۋرىدە بولۇشىمۇ ناتايىن. شۇنىڭدەك مەلۇم بىر تىلنىڭ ئورتاق تىلىدا مەۋجۇت بولغان بەزى تاۋۇش ئۆزگىرىش هادىسىلىرى، شۇ تىلنىڭ هەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدىمۇ چوقۇم مەۋجۇت بولۇشى ناتايىن؛ بىر تىلنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بەزى تاۋۇش ئۆزگىرىش هادىسىلىرى شۇ تىلنىڭ ئورتاق تىلىدا بولۇشىمۇ ناتايىن. بۇنداق دېگەنلىك، تىل تاۋۇشلىرىنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدىكى ئۆزگىرىش هادىسىلىرى زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، دېگەنلىكتۇر. شۇڭا، تىل تاۋۇشلىرىنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدىكى ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرى مەلۇم بىر تىلنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ هەم مەلۇم بىر تىلنىڭ هەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، مەيلى هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن بولسۇن ۋە ياكى هەربىر دىيالېكت، شېۋىنىڭ فونېتىكىسىنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن بولسۇن، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنىڭ هەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تاۋۇش ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ، خۇلاسىلەپ، يىغىنچاقلاپ چىقىش ۋە ئۇلارغا سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن مۇهىم تارىخىي ئەهمىيەتكە ۋە رېئال ئەهمىيەتكە ئىگە.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى مەركىزىي دىيالېكت، لوپنۇر دىيالېكتى ۋە خوتەن دىيالېكتىدىن ئىبارەت ئۈچ دىيالېكتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. هەربىر دىيالېكت يەنە ئۇششاق شېۋىلەرنى، يەرلىك تەلەپپۇزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دىيالېكت ـ شېۋىلەرنىڭ هەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆزگىچە تاۋۇش ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرى بولىدۇ. بەزى تاۋۇش ئۆزگىرىش قائىدىلىرى، بەلكىم بىرقانچە جايلاردا ئورتاق كۆرۈلۈشىمۇ مۇمكىن، ئەلۋەتتە. لېكىن، يەنىلا بەزى تاۋۇش ئۆزگىرىش هادىسىلىرى مەلۇم بىر دىيالېكت رايونى ياكى مەلۇم شېۋىگىلا خاس بولۇشىمۇ مۇمكىن.

بىز هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ هەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋە ماتېرىياللىرىنى توپلاپ يىغىش جەريانىدا، بەزى دىيالېكت ـ شېۋىلەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تاۋۇش ئۆزگىرىش هادىسىلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلار توغرىسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ باردۇق. بىزنىڭ بايقىشىمىزچە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە نۇتۇق ئېقىمىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىش هادىسىلىرىدىن، ئاساسلىقى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاهاڭداشلىقى (جۈملىدىن، لەۋ ئاهاڭداشلىقى ۋە تاڭلاي ئاهاڭداشلىقى)، تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى (جۈملىدىن، سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى)، تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەلىشىشى (جۈملىدىن، سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەلىشىشى) ۋە دىسسىمىلياتسىيەلىشىشى، تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى (جۈملىدىن، سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى)، تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى (جۈملىدىن، سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى)، تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى ۋە نۆۋەتلىشىشى (جۈملىدىن، سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نۆۋەتلىشىشى) قاتارلىقلار كۆرۈلىدىكەن.

تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىش ھادىسىلىرىنىڭ زامان ۋە ماكان جەھەتتىكى چەكلىمىسىنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، 11 ـ ئەسىردىكى مەشھۇر ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى (مۇشۇ بەتتىن كېيىن قىسقارتىپ «دىۋان» دەپلا ئاتىلىدۇ) تۇرغۇن سۆزلەر ① ۋە پېئىللارغا تاۋۇش ئۆزگىرىشى نۇقتىسىدىن تەھلىل يۈرگۈزدۇق ۋە ئۇلارنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرگە سېلىشتۇرۇپ چىقتۇق.

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ② دىكى سۆزلەرگە سېلىشتۇرغاندا، دىۋاندىكى تۇرغۇن سۆزلەر ئىچىدە ئىپادىلىگەن مەنىسى ۋە ئوقۇلۇشى ئۆز پېتى ئۆزگەرمەي ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن سۆزلەردىن تەخمىنەن 400 دىن كۆپرەكى، پېئىللاردىنمۇ تەخمىنەن 400 يۈزدىن ئارتۇقراقى بايقالدى. دېمەك دىۋاندا جەمئىي مىڭغا يېقىن سۆز ھازىرقى سۆزلەر بىلەن مەيلى مەنە جەھەتتىن بولسۇن ياكى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن، ئاساسەن ئوخشاش ئىكەن. شۇنىسى روشەنكى، بۇ سۆزلەر ھەر ئىككى دەۋردە تىلىمىزدىكى ئاساسىي سۆزلۈكنى تەشكىل قىلىدىغان سۆزلەردۇر.

مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، تۆۋەندە ئالدى بىلەن تاكى بۈگۈنگىچە مەنە ۋە شەكىل جەھەتتە يەنىلا قەدىمكى ھالىتىنى ئۆزگەرتمەي ساقلىغان تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بىر قىسمىنى كۆرسىتىپ ئۆتەيلى. مۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، گەرچە تىل ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، بەزى تىل تەركىبلىرى يەنىلا بۈگۈنگىچە ئەينەن ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئوقۇرمەنلەرگە ئىسپاتلاپ ئۆتۈش ئۈچۈندۇر.

دىۋاندا مەنە ۋە شەكىل جەھەتتە ئاساسەن ئۆزگەرمەي ھازىرغىچە ساقلانغان تۇرغۇن سۆزلەر سۆز مەنىسىدىن قارىغاندا، ئىنسانلارغا ۋە تەبىئەتكە ئەڭ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئىنسانلارنىڭ ھايات پائالىيىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ ئاساسىي ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىنسانلارنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئەزالىرىنى ئىپادىلەيدۇ، مەسىلەن:

ئۆپكە (1 ـ 173)③، يۈرەك (3 ـ 22)، قۇلاق (1 ـ 498)، قاپاق (1 ـ 496)، بۇرۇن (1 ـ 518)، بىقىن (1 ـ 519)، يۇلۇن (3 ـ 28)، پۇت (3 ـ 165)، تىز (3 ـ 170)، قول (3 ـ 185)، يۈز (3 ـ 194)، مەڭز (3 ـ 497)، بىلەك (1 ـ 500)، تۆش (3 ـ 173)، قاش (3 ـ 207) ... دېگەندەك.

بەزى سۆزلەر ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم بولغان تەبىئىي ئۆسۈملۈكلەر ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ ناملىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

---

① ئىسىم، سۈپەت سان، ئالماش قاتارلىق پېئىلدىن باشقا سۆزلەرنى بەزى تىلشۇناسلار «تۇرغۇن سۆزلەر» دەپ ئاتىسا، بەزى تىلشۇناسلار «ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر» دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭدا بۇ خىل سۆزلەرنىڭ ئومۇمەن ئىسىمنىڭ بەزى خاراكتېرلىرىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتقان.

② «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

③ «1 ـ 173» دېگەن بەلگە — «دىۋاننىڭ 1 ـ تومى 173 ـ بېتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كېيىنكى بەتلەردىمۇ شۇنداق.

ئـوت (1 ـ 48)، ئۈزۈم (1 ـ 103)، ئـۈژمـە (1 ـ 175)، چـىم (1 ـ 440)، ئارپا (11 ـ 167)، تېرەك (1 ـ 537)، توغراق (1 ـ 611)، بۇغداي (3 ـ 330)، يىكەن (3 ـ 28)، قامغاق (1 ـ 620)، سۆكسۆك (1 ـ 632)، چامغۇر (1 ـ 597)، ئالـما (1 ـ 176)، چىگىت (1 ـ 462) ... دېگەندەك.

بەزى سۆزلەر تەبىئەت ھادىسىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كۈز (1 ـ 472)، ياز (3 ـ 218)، قىش (1 ـ 433) قار (3 ـ 203)، تۇمان (1 ـ 540) ... دېگەندەك.

بەزى سۆزلەر ئىنسانلار ئارا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئاتا (1 ـ 117)، ئانا (1 ـ 125)، سىڭىـل (3 ـ 500)، ئىنى (1 ـ 125)، يەڭگـە (3 ـ 519)، ئۆگەي (1 ـ 166) ... دېگەندەك.

بەزى سۆزلەر شەيئىلەرنىڭ تۈپكى سۈپەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئاق (1 ـ 110)، قارا (3 ـ 305)، كۆك (3 ـ 182) قىزىل (1 ـ 512)، قوڭۇر (33 ـ 496)، تۈم (1 ـ 440)، ئـۇزاق (1 ـ 90)، ئـاز (1 ـ 109)، كـۆپ (1 ـ 419)، بـوش (1 ـ 430)، ئـەگرى (1 ـ 171)، تۈز (1 ـ 426)، ياخشى (3 ـ 41)، يامـان (3 ـ 37)، ياۋاش (3ـ 12)، يېنىك (3 ـ 23)، يالغان (3 ـ 48)، يۇمشاق (3 ـ 59)، پۇچۇق (1 ـ 489)، تەلۋە (1 ـ 556) ... دېگەندەك.

بەزى سۆزلەر ھەر ئىككى دەۋردە مەۋجۇت بولغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ھايۋاناتلار ناملىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئات (1 ـ 48)، ئىت (1 ـ 49)، ئۆكۈز (1 ـ 81)، ئۆردەك (1 ـ 141)، قۇش (1 ـ 432)، لاچىن (1 ـ 533)، قـاغـا (1 ـ 554)، قۇزغۇن (1 ـ 572)، كەكلىك (1 ـ 626)، يىلان (3 ـ 37)، تاي (3 ـ 216)، تۇرنا (3 ـ 329)، سۇغۇر (1 ـ 471)، پىت (1 ـ 420)، بۇغا (3 ـ 310) ... دېگەندەك.

بەزى سۆزلەر يېمەكلىكلەر نامىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئـۇن (1 ـ 68)، چۆپ (1 ـ 418)، ئۆگـرە (1 ـ 171)، قـۇرۇت (1 ـ 462)، سـۈت (3 ـ 166)، قىيما (3 ـ 239)، تالقان (1 ـ 573)، قىمىز (1 ـ 474) ... دېگەندەك.

بۇلاردىن باشقا يەنە ئورۇن ـ تەرەپنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرمۇ بار. مەسىلەن:

ئوڭ (1 ـ 57)، سـول (3 ـ 184)، ئـاسـتـىـن (1 ـ 147)، ئـۈسـتـۈن (1 ـ 147) ... دېگەندەك.

سان ـ مىقدارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرمۇ بار. مەسىلەن:

بىـر (1 ـ 422)، ئىكى (1 ـ 177)، ھـازىـر بـولسـا «ئىـككـى»، ئـۈچ (1 ـ 49)، تۆرت (1 ـ 445)، ھازىر بولسا «تۆت»، سەكىز (1 ـ 473)، ھازىر بولسا «سـەككىز»، ئـون (1 ـ 68)، مىڭ (3 ـ 492)، يىگىرمە (3 ـ 64)، ئوتتۇز (1 ـ 192)، قىرق (1 ـ 454)، ھازىـر بـولسا «قىرىـق»، ئـەللىـك (1 ـ 194)، تـۇمـەن (1 ـ 523)، قۇچاق (1 ـ 496)، تىلىم (1 ـ 516)، پىچىم (1 ـ 513)، ئۇرۇم (1 ـ 102) ... دېگەندەك.

ۋاقىت ۋە ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرمۇ بار. مەسىلەن:

ئـاخشام (1 ـ 144)، پات (1 ـ 419)، ئـەمدى (1 ـ 169)، بۇرۇن (1 ـ 518)، تۆگەل (1 ـ 537)، شۇك (1 ـ 537) ... دېگەندەك.

دىۋاندا يەنە هازىرقىغا ئوخشاش بەزى تۈرلىگۈچى هەم ياسىغۇچى قوشۇمچىلارمۇ بار ئىكەن. مەسىلەن:

سا\سە (3 ـ 288)، غۇ (3 ـ 292)، قا (3 ـ 192)، گە\كە (3 ـ 293)، ما\مە (3 ـ 294)، مۇ (3 ـ 295) ... دېگەندەك.

دىۋاندا، يانا (3 ـ 233)، هازىر بولسا «يەنە»، ئۈچۈن (1 ـ 104) ... دېگەنگە ئوخشاش بىر قىسىم ياردەمچى سۆزلەرمۇ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىمىزدا ئەينەن ساقلانغان.

بۇلاردىن باشقا دىۋاندا يەنە بىر قىسىم يەر ـ جاي ناملىرى ۋە جۇغراپىيەلىك ئاتالغۇلارنىڭمۇ ئۆز پېتى ساقلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

ئوپال (1 ـ 99)، ئۇدۇن (1 ـ 104)، بارچۇق (1 ـ 608)، باي (3 ـ 216)، تۈمەن (1 ـ 522)، كۈسەن (1 ـ 526)، ئوي (1 ـ 69)، كۆل (3 ـ 185)، ساي (3 ـ 217)، تارىم (1 ـ 514)، قىزىل (1 ـ 512)① ... دېگەندەك.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كەلگىلى بولىدۇكى، بۇ سۆزلەر ئاساسىي سۆزلۈك خاراكتېرىنى ئېلىپ، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ئاساسلىق هايات پائالىيەتلىرىنى مەزمۇن قىلىپ شەكىللەنگەن، شۇڭلاشقا بۇ سۆزلەر زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگەرمەي، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۆتۈپ قوللىنىلىپ كەلگەن.

يۇقىرىقى ئەهۋالدىن باشقا، دىۋاندا هازىرقى تىلىمىزدىكى تەڭدىشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا مەنىسى ئۆزگەرمىگەن، لېكىن فونېتىكىلىق شەكلىدە ئۆزگىرىش هاسىل بولغان نۇرغۇن سۆزلەر بايقالدى. هەتتا بەزى سۆزلەردە بىرقەدەر مۇرەككەپرەك تاۋۇش ئۆزگىرىش هادىسىلىرى يۈز بەرگەن. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى② | هازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كۆكۈز | 1 ـ 474 | كۆكرەك | 胸膛 |
| مۇڭار | 3 ـ 513 | بۇنىڭغا | 对此 |
| ئاخساق ـ بۇخساق | 1 ـ 608 | ئاقساق ـ چولاق | 缺胳膊少腿 |
| كۆكشىن | 1 ـ 570 | كۆكۈچ | 浅蓝 |
| بۇلغاما | 1 ـ 640 | بۇلماق | 甜面糊 |
| تاموغ | 1 ـ 553 | تامغا | 印章 |
| بۆدۈرسىن | 1 ـ 666 | بۆدۈنە | 鹌鹑 |

مانا بۇ سۆزلەرنى ئىنچىكە تەهلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇلاردا مۇرەككەپ تاۋۇش ئۆزگىرىش هادىسىلىرى كۆرۈلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

تەتقىقاتىمىزدىن قارىغاندا، دىۋاندىكى هازىرقى تەڭدىشىگە سېلىشتۇرغاندا تاۋۇش ئۆزگىرىش هاسىل قىلغان سۆزلەردىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش هادىسىلىرى ئاساسەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاهاڭداشلىقى، تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى، نۆۋەتلىشىشى، ئاسسىمىلياتسىيەلىشىشى، تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى، تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ

---

① شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي تىلشۇناسلىق كەسپى بويىچە 2004 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى مايىسگۈل هۇسىيىنىنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش دېسسېرتاتسىيەسى «تۈركىي تىللار دىۋانى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار ۋە ئۇنىڭدىكى بىر قىسىم تۇرغۇن سۆزلەرگە تەهلىل» دىن پايدىلىنىلدى.

② دىۋاندا كۆرۈلگەن ئورنىنى كۆرسىتىدۇ.

قىلىشى، تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تەكشۈرۈشتىن ئېرىشىلگەن بۇ جەھەتتىكى مەزمۇنلارنى ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلەرنىڭ ھەر خىل تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرىنى سۆزلىگەندە قىستۇرۇپ ئۆتمەكچىمىز، شۇڭا بۇ يەردە قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمىدۇق.

تۆۋەندە، ئۇزۇن يىللىق يەرلىك شېۋىلەرنى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق توپلىغان تىل پاكىتلىرىمىزغا ئاساسەن، ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدىكى بەزى مۇھىم تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى ئىپادىلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە بىر ـ بىرلەپ توختالماقچى.

ئالدى بىلەن كېيىنكى بايانلىرىمىزغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ھەرقايسى شېۋىلەرنىڭ ناملىرىنىڭ قىسقارتىلمىسىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

ئاتۇش كوسىراپ تەلەپپۇزى — كوس
ئاقسۇ ئاۋات تەلەپپۇزى — ئاق ئاۋات
ئاقسۇ شېۋىسى — ئاق
ئاقسۇ قارىتال بازىرىنىڭ تەلەپپۇزى — قارىتال
بورتالا شېۋىسى — بور
پىچان لۈكچۈن تەلەپپۇزى — لۈك
پىچان شېۋىسى — پىچ
تارباغاتاي ئۇيغۇرلىرىنىڭ شېۋىسى — تار
توقسۇن شېۋىسى — توق
تۇرپان ئاستانە يېزىسى تەلەپپۇزى — تۇر ئاس
چۆچەك ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەلەپپۇزى — چۆچ
خوتەن دىيالېكتى — خوت
خوتەن قاراقاش شېۋىسى — قار
خوتەن كېرىيە شېۋىسى — كېر
خوتەن گۇما شېۋىسى — گۇم
خوتەن نىيە شېۋىسى — نىيە
خوتەن چىرا تەلەپپۇزى — چىرا
ئاقسۇ شايار تەلەپپۇزى — شاي
غۇلجا شېۋىسى — غۇل
قاغىلىق پاخپۇ يېزىسى تەلەپپۇزى — پاخ
قاغىلىق شېۋىسى — قاغ
قومۇل ئەللىك يېزىسىنىڭ تەلەپپۇزى — قوم ئەل
قومۇل باي يېزىسىنىڭ تەلەپپۇزى — قوم باي
قومۇل شېۋىسى — قوم
قومۇل نوم يېزىسىنىڭ تەلەپپۇزى — قوم نوم
قەشقەر شېۋىسى — قەش
قەشقەر يوپۇرغا تەلەپپۇزى — يوپ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كورلا شېۋىسى — كور

كۇچا شېۋىسى — كۇچ

كەلپىن شېۋىسى — كەل

لوپنور دىيالېكتى — لوپ

مارالبېشى ئاقساقمارال شېۋىسى — ئاقساق

مارالبېشى شېۋىسى — مار

موغال شېۋىسى — موغال

مەكىت شېۋىسى — مەك

يەكەن شېۋىسى — يەك

يەكەن قوشراپ يېزىسى تەلەپپۇزى — يەك قوش

## ئىككىنچى، دىيالېكت ـ شېۋىلەردىكى فونېتىكىلىق ھادىسىلەرگە سېلىشتۇرما تەتقىقات

### 1.0 تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەسى

تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى نۇرغۇن تىللاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان نۇتۇق ئېقىمىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەسلىدە تاۋۇش تېمبىرى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ياكى قىسمەن ئوخشىمايدىغان ئىككى تاۋۇش بىر ـ بىرىگە ئۇلانغان ھالدا تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ئۆزئارا تەسىر قىلىشى تۈپەيلىدىن، بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ ئۆزگىرىپ ئۆزئارا تېمبىر جەھەتتە پۈتۈنلەي ئوخشىشىدىغان ياكى مەلۇم جەھەتتە ئوخشىشىدىغان بولۇپ قالىدۇ، بۇ خىل تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىسى تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى دېيىلىدۇ. ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسىنىڭ كۆرۈلۈش سەۋەبى شۇكى، ئەسلىدە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ياكى ئانچە ئوخشىمايدىغان ئىككى تاۋۇش بىللە كەلگەندە، تەلەپپۇز قىلغۇچى شۇ تاۋۇشلارنى ئەينەن تەلەپپۇز قىلىشقا ئۇلگۇرەلمەيدۇ، نەتىجىدە بۇ ئىككى تاۋۇشنىڭ بىرى تېمبىر جەھەتتە ئۆزگىرىپ، مەلۇم ئالاھىدىلىكى، ھەتتا ھەممە ئالاھىدىلىكى يەنە بىر تاۋۇشقا ئوخشىشىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ.

تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشتىمۇ، ئۈزۈك تاۋۇشتىمۇ كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

بىز ئۆزىمىز توپلاپ رەتلىگەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋە ماتېرىياللىرىدىكى كونكرېت تىل ئەمەلىيەتلىرىگە ئاساسەن، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەلىشىش ھادىسىسىگە نەزەر سېلىپ كۆرەيلى.

### 1.1 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەسى

بىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار لەۋ ھالىتىگە قاراپ لەۋلەشكەن ـ لەۋلەشمىگەن دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ، يەنە تىل ئورنىنىڭ ئالدى ـ كەينى بولۇشىغا قاراپ ئالدى سوزۇق تاۋۇش، كەينى سوزۇق تاۋۇش دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئەسلىدە بىر ـ بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ياكى قىسمەن ئوخشىمايدىغان ئىككى سوزۇق تاۋۇش بىر ـ

بىرىگە ئۇلىنىپ تەلەپپۇز قىلىنىغاندا، بۇ ئىككى سوزۇق تاۋۇش بىر ـ بىرىگە تەسىر قىلىشى تۈپەيلىدىن، ئارىدىكى بىرى يەنە بىرىنى لەۋ ھالىتى جەھەتتە ياكى تىلنىڭ ئالدى ـ كەينى بولۇشى جەھەتتە ئۆزىگە قىسمەن ئوخشىتىۋالسا، ياكى ھەممە جەھەتتە ئۆزىگە تولۇق ئوخشىتىۋالسا، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بەرگەن بولىدۇ. بۇنىڭدا ئالدىنقى ئەھۋالنى قىسمەن ئاسسىمىلياتسىيە، كەيىنكى ئەھۋالنى تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە دەپ ئاتايمىز. شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى، سوزۇق تاۋۇشلار بىر ـ بىرىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى (بەزى تىلشۇناسلار «ماسلىشىشى» دەپمۇ ئاتايدۇ) — يەنى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سىنگارمونىزم ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەسىنى تىلغا ئالغاندا، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق مەسىلىسىنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار نۇتۇق ئېقىمىدا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش نەتىجىسىدە، دائىم لەۋ ھالىتى جەھەتتە ياكى تىل ئورنى جەھەتتە ئاھاڭداشلىشىدۇ، بىر ـ بىرىگە ماسلىشىدۇ. شۇڭا، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ئادەتتە لەۋ ئاھاڭداشلىقى ۋە تاڭلاي ئاھاڭداشلىقى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. لەۋ ئاھاڭداشلىقىنى ئادەتتە قىسقارتىپ لەۋلەشكەنگە لەۋلەشكەن، لەۋلەشمىگەنگە لەۋلەشمىگەن، دەپ ئېيتىمىز. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىملا قائىدىسىدە بۇ توغرىسىدا كونكرېت قىلىپ مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: ①

لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە ۋە ئاخىرقى بوغۇملىرىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش كەلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە ۋە ئاخىرقى بوغۇملىرىدا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش كەلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مانا بۇ لەۋ ئاھاڭداشلىقىدۇر. مەسىلەن:

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قول | 手 | قولۇم | 我的手 | قولۇڭ | 你的手 | قوللۇق | 有手的 |
| سۆز | 话 | سۆزۈم | 我的话 | سۆزۈڭ | 你的话 | سۆزلۈك | 话的 |
| باغ | 花园 | بېغىم | 我的花园 | بېغىڭ | 你的花园 | باغلىق | 有花园的 |
| كۈز | 秋天 | كۈزلۈك | 秋天的 | يول | 路 | يوللۇق | 有道理的 |

ئىملا قائىدىسىدە يەنە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن:

سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ تىل ئالدى ياكى تىل كەينى سوزۇق تاۋۇش بولۇشىغا قاراپ، قوشۇمچىلارنىڭ شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ (قوشۇمچە ئىزاھاتلىرىنى تىلغا ئالمىدۇق). مەسىلەن:

يىگىت (小伙子) ـ يىگىتلەر (小伙子们)؛ پىلىك (芯子) ـ پىلىكلەر (许多芯子)؛ زىق (烤肉钎子) ـ زىقلار (许多烤肉钎子)؛ ئىت (狗) ـ ئىتلار (许多狗)؛ ئانا ـ (母亲) ئانىلار

① مىرسۇلتان ئوسمانوۋ قاتارلىقلار: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1997 ـ يىلى نەشرى، 17 ـ، 22 ـ بەت.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(母亲们)؛ ئوغرى (小偷) ـ ئوغرىلار (小偷们)؛ ئائىلە (家庭) ـ ئائىلىلەر (许多家庭)؛ باغچە (公园) ـ باغچىلار (许多公园) ......

مانا بۇ مىساللاردا سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل كەينى سوزۇق تاۋۇش بىلەن تىل كەينى سوزۇق تاۋۇش، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بىلەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش ماسلىشىپ كېلىپ، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تاڭلاي ئاھاڭداشلىقىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى ئۇيغۇر تىلى، جۈملىدىن ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مۇھىم فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بۇ خىل فونېتىكىلىق ھادىسىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىلا ئەمەس، ھەتتا قەدىمكى تىلىمىزدىمۇ مەۋجۇت.

بىز دىۋاندىكى تۇرغۇن سۆزلەرگە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىمىزغا ئاساسلانغاندا، شۇ زامانلاردا بەزى سۆزلىرىمىزدە لەۋ ئاھاڭداشلىقى ۋە تاڭلاي ئاھاڭداشلىقىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، يەنە بەزى سۆزلىرىمىز بۇ قائىدىگە بويسۇنمايدىغانلىقىنى ھەم بۇ سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى ھازىرغا كەلگەندە تاۋۇش ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئالايلۇق:

دىۋاندا بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار لەۋ جەھەتتە ئاھاڭداش ئەمەس، يەنى سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بىرسى لەۋلەشكەن، يەنە بىرسى لەۋلەشمىگەن. بىراق، بۇ سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا لەۋ جەھەتتە ئاھاڭداشلىقنى ساقلىغان. دېمەك، ئەسلىي سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش «ئو»، «ئۇ» ياكى «ئۆ»، «ئۈ» لەر كەينىدىكى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارنى ئۆزىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ، ئۆزىگە ئوخشاش لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشقا ئۆزگەرتىشتۇرۇۋەتكەنلىكتىن، سۆزدىكى سوزۇق تاۋۇشلار لەۋ جەھەتتە ئاھاڭداش بولۇپ قالغان:

| دىۋاندا | ئورنى | هازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بويىن | 3 ـ 231 | بويۇن | 脖子 |
| توپىق | 1 ـ 492 | توپۇق | 骨距 |
| قولتىق | 1 ـ 620 | قولتۇق | 胳肢窝 |
| بۇلىت | 1 ـ 459 | بۇلۇت | 云彩 |
| شۆپىك | 1 ـ 506 | شۆپۈك | 果皮 |
| سۇچىك | 1 ـ 531 | چۈچۈك | 酸甜 |
| قۇسىغ | 1 ـ 487 | قۇسۇق | 呕吐物 |
| بوغىم | 1 ـ 513 | بوغۇم | 手关节 |
| بوغاز | 1 ـ 472 | بوغۇز | 喉咙 |

دىۋاندا مۇشۇنداق تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بىرسى لەۋلەشكەن، بىرسى

لەۋلەشمىگەن، لەۋ جەھەتتە ئاھاڭداشلىقنى ساقلىيالمىغان بەزى سۆزلەر، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەلىشىشى تۇپەيلىدىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئۆزگىرىپ، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشقا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش ماسلىشىپ كېلىپ، لەۋلەشمەسلىك جەھەتتە ئاھاڭداش بولۇپ قالغان. مەسىلەن، تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش «ئا»، «ئە» لەر كېيىندىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنى ئۆز ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشقا ئۆزگەرتىۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى بوغۇمىدىكى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشقا ماسلىشىپ ئاھاڭداشلىقنى ساقلىغان:

| دىۋاندا | ئورنى | ھازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| سەكسۇن | 231 ـ 3 | سەكسەن | 八十 |
| سالغۇ | 517 ـ 1 | سالغا | 投石器 |
| بالدۇ | 545 ـ 1 | پالتا | 斧头 |
| بەلگۈ | 557 ـ 1 | بەلگە | 记号，目标 |

يۇقىرىقى ئەھۋالنىڭ ئەكسىچە، ئەسلى دىۋاندا لەۋ جەھەتتە ئاھاڭداش كەلگەن بەزى سۆزلەرنىڭ ئاھاڭداشلىقى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇزۇلغان. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | ھازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| توقسۇن | 569 ـ 1 | توقسان | 九十 |
| سۆگۈت | 462 ـ 1 | سۆگەت | 柳树 |
| سۆڭۈك | 502 ـ 3 | سۆڭەك | 骨头 |
| مونچۇق | 621 ـ 1 | مونچاق | 珠子 |
| تۆپۈ | 298 ـ 3 | تۆپە | 上面、坡 |
| كۈلگۈ | 560 ـ 1 | كۈلكە | 笑、笑料 |
| قوتۇز | 473 ـ 1 | قوتاز | 牦牛 |
| يوغۇن | 37 ـ 3 | يوغان | 大、大的 |
| قورۇملۇغ | 649 ـ 1 | قورامىلىق | 同年岁的 |
| توقۇچ | 464 ـ 1 | توقاچ | 小油馕 |
| ئۆپۈ | 117 ـ 1 | ئۇپا | 擦脸粉 |
| چولۇق | 459 ـ 1 | چولاق | 残缺不全的 |
| بوقۇق | 416 ـ 2 | پوقاق | 大脖子病 |
| بوزۇغ | 13 ـ 2 | بوياق | 染料 |
| تورقۇ | 556 ـ 1 | تورقا | 绸缎 |
| تۆرتۈنچ | 608 ـ 3 | تۆتىنچى | 第四 |
| سۆگۈل | 412 ـ 3 | سۆگەل | 瘊子 |
| سۈپۈرگۈ | 638 ـ 1 | سۈپۈرگە | 笤帚 |
| بوتۇ | 163 ـ 1 | بوتا | 骆驼崽 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| سوقۇ | 3 ـ 313 | سوقا | 姜窝子、砣 |
| قوشۇغ | 1 ـ 487 | قوشاق | 民歌，诗 |

يەنە مۇنداق ئەھۋاللارمۇ بار، دىۋاندا بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشقا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بىرىكىپ ئاھاڭداشلىق ھاسىل قىلغان. لېكىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشقا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بىرىكىپ قىلىپ، لەۋ جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىقى بۇزۇلۇپ كەتكەن. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | ھازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| يانچىق | 2 ـ 365 | يانچۇق | 口袋 |
| كەلكىن | 1 ـ 578 | كەلكۈن | 洪水 |
| قاچغىن | 2 ـ 4 | قاچقۇن | 逃犯 |
| تاۋىش | 3 ـ 22 | تاۋۇش | 声音、音 |
| تالپىندى | 2 ـ 347 | تەلپۈندى | 向往、恋慕 |
| بالدىر | 1 ـ 596 | بالدۇر | 以前；早 |

دىۋاندىكى بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى ھەممە لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىپ كەتكەن ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | ھازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| قامىش | 1 ـ 479 | قومۇش | 芦苇 |
| تاشتتى | 1 ـ 621 | توشۇتتى | 使搬运 |
| بىرقىردى | 2 ـ 242 | پۇرقۇدى | 喷出 |
| بىتىشدى | 2 ـ 117 | پۈتۈشتى (يېزىشتى) | 一起写了 |

بىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق توپلىغان يەرلىك شېۋىلەر ماتېرىياللىرىمىزدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىمىزدە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەلىشىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. تۆۋەندە بىز مۇشۇ ھەقتە توختىلىمىز.

### 1.1.1 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى

**1) ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى**

(1) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوڭ ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقىنىڭ ئىزچىل بولۇشى، ئاقسۇنىڭ كەلپىندىن باشقا جايلىرى، تۇرپان شېۋىسى، غۇلجا شېۋىسى، قومۇل شېۋىسى، مارالبېشى ئاقساقمارال شېۋىسى قاتارلىقلارنىڭ، بولۇپمۇ لوپنور دىيالېكتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكىدۇر.

ئەدەبىي تىلىمىزدا، تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئەسلىدىلا لەۋ ئاھاڭداشلىقىنى ساقلىغان سۆزلەر، لوپنور دىيالېكتىدا ئاھاڭداشلىقنى ئەينەن ساقلايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئورۇن | ئورۇن | 位置 |
| ئوغۇل | ئوغۇل | 男性 |
| ئۆتۈك | ئۆتۆك | 靴子 |
| بويۇن | مويۇن | 脖子 |
| سوقۇش | سوقوش | 仗，打架 |
| قوغۇشۇن | قورغوشۇن | 铅 |
| كۆمۈر | كۆمۆر | 煤 |
| كۆڭۈل | كۆڭۆل | 心，内心 |
| ئوتۇن | ئوتۇن | 柴火 |

بۇ خىل ئەھۋال يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن جايلاردىمۇ، ئەدەبىي تىل ۋە لوپنور دىيالېكتىدىكىگە ئوخشاش لەۋ ئاھاڭداشلىقنى ساقلايدۇ. بىراق، ئاقسۇ، كۇچالاردا، «ئو، ئۇ»، «ئۆ، ئۈ» دىن تۈزۈلگەن سۆزلەردە، بىرىنچى بوغۇمدىكى كەڭ سوزۇق تاۋۇش «ئو» بىلەن «ئۆ» تارىيىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئاقسۇ، كۇچادا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئورۇن | ئۇرۇن | 位置；被褥 |
| ئوغۇل | ئۇغۇل | 男性 |
| ئۆتۈك | ئۈتۈك | 靴子 |
| بويۇن | بۇيۇن | 脖子 |
| سوقۇش | سۇقۇش | 仗，打架 |
| قوغۇشۇن | قۇغۇشۇن | 铅 |
| كۆمۈر | كۇمۇ: | 煤 |
| كۆڭۈل | كۈڭۈل | 心，内心 |
| ئوتۇن | ئۇتۇن | 柴火 |
| ئوتتۇز | ئۇتتۇز | 三十 |
| قوڭغۇز | قۇڭغۇز | 虫子 |

غۇلجا شىۋىسىدىمۇ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش تارلىشىدىغان ئەھۋال قىسمەن كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، «ئۆرۈك»، «سۆيۈنچە» سۆزلىرى غۇلجىدا «ئۈرۈك»، «سۈيۈنچە» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

لېكىن، خوتەن، قەشقەر، ئاتۇش، كەلپىن، يوپۇرغا، قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق جايلاردا، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى بۇزۇلغانلىقتىن، ئەدەبىي تىلىمىزدا ئەسلىدىلا لەۋ ئاھاڭداشلىقىنى ساقلىغان سۆزلەردىكى لەۋ ئاھاڭداشلىق كۆرۈلمەيدۇ. دېمەك، بۇ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

جايلاردىكى سۆز ئۆزىكىدە ياكى سۆز يىلتىزىدا ئىپادىلىنىدىغان سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئاجىز. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | خوتەن قاتارلىق جايلاردا | ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئورۇن | ئۇران | ئورۇن\ئۇرۇن | 位置；被褥 |
| ئوغۇل | ئۇغال | ئوغۇل\ئۇغۇل | 男性 |
| ئۆتۈك | ئۇتەك | ئۆتۈك\ئۇتۇك | 靴子 |
| بويۇن | بۇيان | بويۇن\بۇيۇن | 脖子 |
| سوقۇش | سۇقاش | سوقۇش\سۇقۇش | 仗，打架 |
| كۆمۈر | كۇمە | كۆمۈر\كۇمۇ: | 煤炭 |
| كۆڭۈل | كۇڭەل | كۆڭۈل\كۇڭۇل | 心，内心 |
| ئوتۇن | ئۇتان | ئوتۇن\ئۇتۇن | 柴火 |
| ئوتتۇز | ئوتتاز | ئوتتۇز | 三十 |
| قوڭغۇز | قوڭغاز | قوڭغۇز | 虫子 |
| ئولتۇر ـ | ئوتتا ـ | ئو:تۇر\ئولتۇ: | 坐 |
| بۈگۈن | بۇگەن | بۈگۈن | 今天 |
| ھۆپۈپ | ھۇپەپ | ھۆپۈپ | 戴胜鸟 |
| تونۇر | تونو: | تۇنۇ:\تونۇر | 打馕的馕坑 |
| تۆمۈر | تۆمۆ: | تۆمۇ:\تۆمۈر | 铁 |
| بۆشۈك | بۆشۆك | بۆشۈك\بۇشۇك | 摇篮 |

(2) ئەدەبىي تىلىمىزدا، تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئەسلىدە لەۋ جەھەتتە ئاھاڭداش بولمىغان، بىرىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش لەۋلەشكەن، ئىككىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش لەۋلەشمىگەن بەزى سۆزلەر، لوپنور دىيالېكتىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوڭ ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيەسىدىن، لەۋ جەھەتتە بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ، لەۋ ئاھاڭداشلىقىنى ساقلىغان. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئوچاق | ئوچوق | 炉子 |
| ئوخشا ـ ① | ئوخشو ـ | 像，相似 |
| ئوغرى | ئوغرۇ | 小偷 |
| موزاي | بۇزۇ | 小牛犊 |
| يوغان | يوغون | 大的 |
| دوپپا | دوپۇ | 花帽 |
| چوتكا | چوتكۇ | 刷子 |
| چولپان | چولپون | 明星 |
| چوققا | چوققو | 颅顶，头顶 |

① «ئوخشا ـ » دېگەن سۆزنىڭ كەينىدىكى «ـ» بەلگىسى مۇشۇ سۆزنىڭ پېئىل ئۆزىكى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە مەسىلەن، «يېقىنلاش ـ »، «ئۈر ـ» دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىمۇ شۇ سۆزلەرنىڭ پېئىل ئۆزىكى ياكى پېئىل يىلتىزى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. كېيىنكى بەتلەردىمۇ شۇنداق.

| | | |
|---|---|---|
| بوران | بورون | 大风 |
| مورا | مورۇ | 壁炉 |
| ئوڭاي | ئوڭڭوي | 容易 |
| ئۆپكە | ئۆپكۆ | 肺 |
| ئۆگەي | ئۆگۆي | 继（母、父等） |

خوتەن قاتارلىق جايلاردا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى ئاساسەن بۇزۇلغان بولغاچقا، ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئەسلىدە لەۋ جەھەتتە ئاھاڭداش بولمىغان سۆزلەر شۇ يەردە ئېيتىلىدۇ. بىراق، تۇرپان، قومۇل، ئاقسۇ، غۇلجا، مارالبېشى ئاقساقمارال قاتارلىق جايلاردا، ئەسلىي لەۋ جەھەتتە ئاھاڭداش بولمىغان سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇشلار، لەۋ جەھەتتە بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرۇلىدىغان ئەھۋاللار گەرچە لوپنور دىيالېكتىدىكىدەك كۆپ بولمىسىمۇ، يەنىلا ئاز ـ تولا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| مولە | مۆلۆ | تۇر، قوم نوم | 鞍子 |
| ئۆزبېك | ئۆزبۆك | قوم ئەل | 乌孜别克族 |
| دوۋساق | دوۋسۇق | قوم باي | 膀胱 |
| موزاي | موزوي | قوم، تۇر | 小牛犊 |
| ئۆگزە | ئۆگۆز | تۇر | 房顶 |
| بوجەن | بۆجۆن | ئاقساق | 小兔 |
| قوپال | قوپول | ئاقساق | 粗鲁 |
| مۇرىت | مۇرۇت | تۇر | 信徒，门徒 |
| ئۆگەي | ئۆگۆي | قوم | 继（母、父等） |
| يوغان | يوغون | تۇر | 大的 |

قەشقەر، يەكەن، كەلپىن، يوپۇرغا قاتارلىق جايلاردا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ئاساسەن بۇزۇلغان، بىراق ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئەسلىدە لەۋ جەھەتتە ئاھاڭداش بولمىغان بىرىم سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇشلار لەۋ جەھەتتە بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرۇلىدىغان ئەھۋاللار بەزىدە كۆرۈلۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| مۇدىر | مۇدۇر | يوپ، يەك | 主任 |
| موزاي | موزوي | قەش، كەل | 小牛犊 |
| بۇرغا | بۇيغۇ | يەك | 钻子 |
| ئۆگەي | ئۆگۆي | كەل | 继（母、父等） |
| مۇقىم | مۇقۇم | يوپ | 固定的 |
| نوگاي | نوگوي | كەل | 水瓢 |
| مۇرىت | مۇرۇت | قەش | 信徒，门徒 |
| قوزا | قوزۇ | كەل | 羊羔子 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| كۆسەي | كۆسۆي | كەل | 拨火棍 |

(3) لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۇزۇلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەر ياكى ئاخىرقى بوغۇملىرىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش كەلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر گىراماتىكىلىق ئۆزگىرىش هاسىل قىلغاندا، ئەدەبىي تىلىمىزدىكى تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ مەيلى لەۋلەشكەن ۋارىيانتى بولسا ـ بولمىسا، لوپنوردا لەۋ ئاهاڭداشلىقىنى ئىزچىل ساقلايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| كۆرۈپ | كۆرۈپ | 看了 |
| قولۇم | قولۇم | 我的手 |
| ئۆيۈم | ئۆيۈم | 我的房子 |
| ئوتنى، ئوتنىڭ | ئوتتۇ | 把火、火的 |
| مۇزنى، مۇزنىڭ | مۇززۇ | 把冰、冰的 |
| يولنى، يولنىڭ | يوللۇ | 把路、路的 |
| كۈننى، كۈننىڭ | كۈننۈ | 把日子、日子的 |
| يۆتىلىم | يۆتۈلۈم | 我的咳嗽 |
| قوللىرىڭدىن | قوللۇرۇڭدۇن | 从你的双手 |
| قورسىقىم | قو:سۇغۇم | 我的肚子 |
| قۇلىقىم | قۇلۇغۇم | 我的耳朵 |
| يۈرىكىم | يۈرۈگۈم | 我的心 |
| كۆزلىرىم | كۆزلۈرۈم | 我的双眼 |
| تويلار | تويلور | 许多婚礼 |
| ئۇلار | ئولور | 他们 |
| ئۆزگىرىش | ئۆزگۈرۈش | 变化 |
| ئۆگىنىش | ئۆرگۈنۈش | 学习 |
| ئۆگەنگەن | ئۆرگۈنگۈن | 学了的 |

ئاقسۇ، تۇرپان، غۇلجا، قومۇل قاتارلىق جايلاردا بۇ خىل ئەهۋالدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاهاڭداشلىقى ئەدەبىي تىلدىكىگە قارىغاندا كۈچلۈك، بىراق لوپنور دىيالېكتىدىن ئاجىز بولىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| قولۇم | قولۇم\قۇلۇم | يۇقىرىقى جايلاردا | 我的手 |
| بولۇپ | بولۇپ | يۇقىرىقى جايلاردا | 成了 |
| ئوغلۇم | ئوغلۇم | يۇقىرىقى جايلاردا | 我的儿子 |
| بوينۇم | بوينۇم | يۇقىرىقى جايلاردا | 我的脖子 |
| ئۆتتۇق | ئۆتتۇق | يۇقىرىقى جايلاردا | 我们过了 |
| ئۆلۈپ | ئۆلۈپ\ئۇلۇپ | يۇقىرىقى جايلاردا | 死了 |
| قوللىرىڭدىن | قوللۇرۇڭدۇن | يۇقىرىقى جايلاردا | 从你的双手 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| قۇلىقىم | قۇلۇغۇم | يۇقىرىقى جايلاردا | 我的耳朵 |
| سوقۇشۇپ | سوقۇشۇپ | يۇقىرىقى جايلاردا | 打架了 |
| ئۆتۈكلىرىم | ئۆتۈكلۇرۇم | يۇقىرىقى جايلاردا | 我的靴子 |
| ئۆتۈكۈم | ئۆتۈگۈم | يۇقىرىقى جايلاردا | 我的靴子 |
| ئوتنى، ئوتنىڭ | ئوتنى، ئوتنىڭ | يۇقىرىقى جايلاردا | 把火、火的 |
| ئۇلار | ئۇلار | يۇقىرىقى جايلاردا | 他们 |
| ئۆگەنگەن | ئۆگەنگەن | يۇقىرىقى جايلاردا | 学了的 |
| يۈرىكىم | يۈرۈكۈم\يۈرۈگۈم | ئاقساق، قوم، تۇر | 我的心 |
| كۆزلىرىم | كۆزلۈرۈم | تۇر، قوم، غۇل | 我的双眼 |
| كۆرۈپ | كۆرۈپ\كۈرۈپ | تۇر، ئاقساق | 看了 |
| ئۆزگىرىش | ئۆزگۈرۈش | تۇر، غۇل | 变化 |
| ئۆگىنىش | ئۆگۈنۈش | تۇر، غۇل | 学习 |
| قۇشناچىم | قۇشۇنچۇم | تۇر | 师母 |
| قورسىقىم | قورسۇغۇم | تۇر | 我的肚子 |
| يۆتىلىم | يۆتۈلۈم | تۇر | 我的咳嗽 |

لېكىن، خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا بولسا، سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلاردا لەۋ ئاھاڭداشلىقى خېلى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بولىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | خوتەن، قەشقەرلەردە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| قولۇم | قولام | 我的手 |
| بوينۇم | بوينام | 我的脖子 |
| كۆزۈم | كۆزەم | 我的眼睛 |
| ئۆلۈپ | ئۆلەپ | 死了 |
| بولۇپ | بولاپ | 成了 |
| سوقۇشۇپ | سوقۇشاپ | 打仗、打架 |
| قومۇرۇپ | قومۇراپ | 拔出来了 |
| كۆتۈرۈپ | كۆتۈرەپ | 抬起来了 |
| كۆرۈپ | كۆرەپ | 看了 |
| ئۆتتۇق | ئۆتتەك | 我们过了 |
| ئۆتۈكۈم | ئۆتۈكەم | 我的靴子 |
| قورسىقىم | قو:سۇقام | 我的肚子 |
| قۇلىقىم | قۇلۇقام | 我的耳朵 |
| يۈرىكىم | يۈرۈكەم\ژۈرۈكەم | 我的心 |
| ئۆتۈكلىرىم | ئۆتەكلىرىم | 我的靴子 |
| ئوتنى، ئوتنىڭ | ئوتنى، ئوتنىڭ | 把火、火的 |
| ئۇلار | ئۇلار | 他们 |
| ئۆگەنگەن | ئۆگەنگەن | 学了的 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

(4) لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۇزۇلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەر ياكى ئاخىرقى بوغۇملىرىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش كەلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ يېڭى سۆز ياسالغاندا، ئەدەبىي تىلدا ئىمكانقەدەر لەۋلەشكەنگە لەۋلەشكەن قائىدىسى بويىچە لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە قوشۇلىدۇ، لوپنور دىيالېكتى ۋە تۇرپان، ئاقسۇ، قومۇل، غۇلجا قاتارلىق جايلاردىمۇ بۇ قائىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| توقۇم | توقۇم | يۇقىرىقى جايلاردا | 马鞍垫 |
| ئۆلۈك | ئۆلۈك | يۇقىرىقى جايلاردا | 死尸 |
| كۆيۈك | كۆيۈك | يۇقىرىقى جايلاردا | 烧灼处；爱恋 |
| ئوتلۇق | ئوتلۇق | يۇقىرىقى جايلاردا | 有草的 |
| ئورۇنلۇق | ئورۇنلۇق | يۇقىرىقى جايلاردا | 合理的 |
| سۆزلۈك | سۆزلۈك | يۇقىرىقى جايلاردا | 词汇 |
| قايغۇلۇق | قايغۇلۇق | يۇقىرىقى جايلاردا | 悲伤的 |

لېكىن، قەشقەر، ئاتۇش، خوتەن، كەلپىن، يەكەن، قاغىلىق، مەكىت قاتارلىق جايلاردا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇلغاندا، لەۋ ئاھاڭداشلىقى ئاساسەن بۇزۇلىدۇ. قومۇلدا بۇ خىل ئەھۋال ئاز - تولا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| توقۇم | توقام | يۇقىرىقى جايلاردا | 马鞍垫 |
| ئۆلۈم | ئۆلەم | يۇقىرىقى جايلاردا | 死亡 |
| توشۇق | توشاق - توشاغ | يۇقىرىقى جايلاردا | 满的 |
| ئۆلۈك | ئۆلەگ | يۇقىرىقى جايلاردا | 尸体 |
| تويلۇق | تويلاغ | يۇقىرىقى جايلاردا | 聘礼，嫁妆 |
| سۆزلۈك | سۆزلەگ | يۇقىرىقى جايلاردا | 词汇 |
| قويۇق | قوياغ | يۇقىرىقى جايلاردا | 浓密的 |
| كۆنۈك | كۆنەك - كۆنەگ | يۇقىرىقى جايلاردا | 习惯了的 |
| كۆيۈك | كۆيەك - كۆيەگ | يۇقىرىقى جايلاردا | 烧伤处；爱恋 |
| كۆپۈك | كۆپەك | قوم | 泡沫 |
| ئويۇنچۇق | ئويۇنچاق | قوم | 玩具 |

ئەدەبىي تىلىمىزدا يېڭى ياسالغان نۇرغۇن سۆزلەردە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرىنىڭ لەۋلەشكەن ۋارىيانتى بولمىغانلىقىدىن لەۋ ئاھاڭداشلىقى بۇزۇلىدۇ. خوتەن قاتارلىق يۇقىرىقى جايلاردىمۇ شۇنداق. بىراق لوپنور دىيالېكتىدا يەنىلا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى ئىزچىل ساقلىنىدۇ، ھەتتا تۇرپان، ئاقسۇ، قومۇل، غۇلجا قاتارلىق جايلاردىمۇ قىسمەن ساقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئوتلا ـ | ئوتلو ـ | لوپ | 吃草 |
| ئورغاق | ئورغوغ | لوپ | 镰刀 |
| ئوڭلا ـ | ئوڭنو ـ | لوپ | 修正 |
| ئويماق | ئويمۇق | لوپ | 顶真 |
| ئوينا ـ | ئوينو ـ | لوپ | 玩，表演 |
| يولۇچى | يولۇچۇ | لوپ | 行人 |
| بۇرۇنقى | مۇرۇنقۇ | لوپ | 以前的 |
| ئۆيلە ـ | ئۆيلۆ ـ | لوپ | 使迎娶 |
| سۆزلە ـ | سۆززۇ ـ | لوپ | 说 |
| سۇرگە | سۇرگۇ | لوپ | 泻药 |
| بۆلەك | بۆلۆگ | لوپ | 另；单元 |
| ئورما | ئورمو | لوپ | 收割 |
| خۇشامەت | قوشومەت | لوپ | 讨好 |
| ئوتتۇزىنچى | ئوتتۇزۇنچى | غۇل | 第三十 |
| تۇيۇقسىز | تۇيۇقسۇز | لوپ، تۇر، غۇل | 突然 |
| ئورۇنسىز | ئورۇنسۇز | لوپ، تۇر | 不应有 |
| بۇرناكۇن | بۆنۆكۆن | كەل | 前天 |
| ئۈزاكۈن | ئۈزوكۈن | قوم | 前天 |

(5) ئەدەبىي تىلدىكى بەزى بىرىنچى بوغۇمى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى بوغۇمىدىكى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار، بەزى جايلاردا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشى تۈپەيلىدىن، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشقا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىدە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| چوڭايسا ـ | چوڭۇيسا ـ | خوت | 如果增大 |

(6) ئەدەبىي تىلدىكى بىرىنچى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن، ئىككىنچى بوغۇمى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق بىر قىسىم سۆزلەر، بەزى جايلاردا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشى تۈپەيلىدىن، تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشقا نۆۋەتلىشىپ، لەۋلەشمەسلىك جەھەتتە لەۋ ئاھاڭداشلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| قانجۇق | قانجىق | خوت | 母狗 |
| كەپكۈر | كەپكى | كەل | 漏勺，抓饭勺 |
| ئابرۇي | ئاۋىي | خوت | 威信、威望 |
| ئەنجۈر | ئەنجىر | قوم باي | 无花果 |
| نەشپۈت | نەشمىت | لوپ، كور | 梨子 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| قايغۇ | قايغى | كەل | 悲伤 |
| قاراڭغۇ | قاراڭغى | غۇل | 黑暗 |

**قىسقىچە خۇلاسە:**

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تاۋۇشلارنىڭ ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە سەۋەبىدىن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقىنى ئەڭ ئىزچىل ساقلىغان لوپنور دىيالېكتىدۇر، ئۇنىڭدىن قالسا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كەلپىندىن باشقا ناھىيەلىرى ھەم تۇرپان، قومۇل، غۇلجا، مارالبېشى ئاقساقمارال قاتارلىق جايلار؛ ئاندىن قالسا ئەدەبىي تىل. ئىزچىللىقىنى ئەڭ ساقلىيالمىغان جايلار بولسا خوتەن، قەشقەر، ئاتۇش، كەلپىن، يەكەن، قاغىلىق، مەكىت قاتارلىقلاردۇر.

**2) تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى**

دىۋاندا بەزى سۆزلەردىكى لەۋ ئاھاڭداشلىق بۇزۇلغانىدى، بىراق بۇنداق سۆزلەرنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمى ھازىرقى زامانغا كەلگەندە، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىمىزدا لەۋ ئاھاڭداشلىقىنى ساقلايدىغان بولۇپ قالغان. بۇ بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش «ئۇ» ياكى «ئۈ»، ئالدىدىكى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشنى تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋەتكەنلىكىدىن بولغان. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | ھازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تارۇس | 1 ـ 474 | تورۇس | 天花板 |
| يارۇق | 3 ـ 17 | يورۇق | 亮、亮堂 |
| قاغۇن | 1 ـ 533 | قوغۇن | 甜瓜 |
| چارۇق | 1 ـ 404 | چورۇق | 皮窝子 |
| تامۇر | 3 ـ 231 | تومۇر | 血管 |
| قاپۇغ | 1 ـ 485 | قوۋۇق | 门 |
| باسۇت | 1 ـ 459 | بوسۇت | 赙义，赙赠品 |
| قازغۇق | 3 ـ 522 | قوزۇق | 木桩、楔 |
| قاتۇن | 1 ـ 187 | خوتۇن | 妇人、妻子 |
| قاشۇق | 1 ـ 497 | قوشۇق | 勺子 |
| ياشۇردى | 3 ـ 91 | يوشۇردى | 遮盖、瞒 |
| تانۇتتى | 2 ـ 457 | تونۇتتى | 使认识；使叮嘱 |
| تاشۇدى | 1 ـ 536 | توشۇدى | 搬运、运送 |
| سىنۇق | 3 ـ 499 | سۇنۇق | 断片、残骸 |
| قاۋرۇلدى | 2 ـ 340 | قورۇلدى | 皱缩、萎缩 |
| قىرغۇي | 2 ـ 126 | قۇرغۇي | 雀鹰、鹞子 |
| يىلغۇن | 3 ـ 48 | يۇلغۇن | 红柳 |
| بىرۇق | 1 ـ 490 | بۇيرۇق | 命令；传令事 |
| تەمۈر | 1 ـ 468 | تۆمۈر | 铁 |
| سەۋتۈردى | 2 ـ 264 | سۆيدۈردى | 使亲吻 |
| بەدۈك | 1 ـ 500 | بۈيۈك | 伟大，大的 |
| تەگۈل | 1 ـ 510 | تۈگۈل | ..别说 |

ئەدەبىي تىلىمىزدا لەۋ ئاھاڭداشلىقى يوق بەزى سۆزلەر بەزى دىيالېكت ـ شېۋىلەردە، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيەسىدىن لەۋ ئاھاڭداشلىقىنى ساقلىغان. بۇ ھادىسىنى تۆۋەندىكى نەچچە نۇقتىغا بۆلۈپ چۈشەندۈرىمىز.

(1) ئەدەبىي تىلىمىزدا بىرىنچى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش، كېيىنكى بوغۇملىرى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بەزى سۆزلەر، بەزى جايلاردا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشى تۈپەيلىدىن لەۋ جەھەتتە ئاھاڭداش ھالەتكە كېلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| مىنۇت | مۇنۇت | يوپ | 分（时间） |
| تەتۈر | تۆتۈر | تۇر | 反的 |
| چىنپۈت ـ | چۈمپۈت ـ | تۇر | 相信 |
| پىشۇر ـ | پۇشۇ ـ | خوت | 弄熟 |
| نازۇك | نوزۇگ | لوپ | 娇嫩 |
| چىلبۆرە | چۆلبۆرە | قۇم | 野狼 |
| جەنۇب | جۆنۇب | قۇم | 南方 |
| ئايۇپ | ئويۇپ | قۇم | 人名 |
| كاككۇك | كۆككۇك | لوپ | 布谷鸟 |

(2) ئەدەبىي تىلدىكى بىرىنچى بوغۇمى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش، قالغان بوغۇملىرى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار، خوتەن دىيالېكتى ۋە باشقا بەزى جايلاردا تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە سەۋەبىدىن، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارغا ئۆزگىرىپ، لەۋلەشمەسلىك جەھەتتە ئاھاڭداشلىقىنى ساقلايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئوبدان | ئابدان | خوت | 好的 |
| ئوبدان | ئامدان | تۇر | 好的 |
| ئورا ـ | ئارا ـ | كەل | 包裹 |
| ئوسا | ئاسا | خوت | 墒，灌溉 |
| ئولاشماق | ئالاشماق | خوت | 拥、聚集 |
| بولقا | بالقا | قۇم ئەل | 榔头 |
| پويىز | پايىز | قەش | 火车 |
| توغاچ | تاغاچ | خوت | 油光桃 |
| تولا | تالا | خوت | 多 |
| توۋلا ـ | تا:لا ـ | خوت | 喊，呼喊 |
| دورا ـ | دارا | قەش، خوت، تۇر | 药 |
| كوچىلا ـ | كاچىلا ـ | خوت | 捅、掏 |
| كولا ـ | كالا ـ | خوت | 挖、挖掘 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| كومشار | كامشا | لوپ | 嘴巴 |
| موللا | ماللا | قەش | 毛拉 |
| موماي | ماماي | غۇل | 老太太 |
| مۇنداق | مامدا | خوت | 这样的 |
| مۇشۇنداق | ماشىنداخ | غۇل | 就这样 |
| بۆلە ـ | بەلە\بىلە | قوم، لوپ | 捆在摇床上 |
| ئۈلپەت | ئىلپەت | غۇل | 同伴 |
| ئۆمەرجان | ئىمەرجان | غۇل، لۇك | 男人名 |

(3) دىۋاندا، بىرىنچى بوغۇمى «ئا \ئە \ئى» دىن تەركىب تاپقان، كېيىنكى بوغۇمى «ئۇ\ئۇ» دىن تەركىب تاپقان بەزى سۆزلەردىكى « ئا \ئە \ئى» تاۋۇشلىرى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەتۇر ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشى تۈپەيلى، «ئۇ \ئۇ» تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلىشىپ، لەۋ جەھەتتە ئاھاڭداش بولۇشتەك ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئورنى | ھازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| يىلغۇن | 3 ـ 48 | يۇلغۇن | 红柳 |
| تەشۇك | 1ـ 503 | تۆشۈك (يېرىق) | 洞，裂孔 |
| بەدۇك | 1ـ 500 | بۈيۈك (چوڭ) | 伟大的 |
| تارۇس | 1 ـ 474 | تورۇس | 顶棚 |
| تاشۇدى | 1 ـ 536 | توشۇدى | 运送 |
| تامۇر | 1 ـ 469 | تومۇر | 血管 |
| تەگۈل | 1 ـ 510 | تۆگۈل | ‥别说 |
| تەمۈر | 1 ـ 468 | تۆمۈر | 铁 |
| سەۋتۈردى | 2 ـ 264 | سۆيدۈردى | 使爱、吻 |
| قاتۇن | 1 ـ 187 | خوتۇن | 妇人，妻子 |
| قاشۇق | 1 ـ 497 | قوشۇق | 勺 |
| قاغۇن | 1 ـ 533 | قوغۇن | 甜瓜 |
| يارۇق | 3 ـ 17 | يورۇق | 明亮的 |
| ئازۇق | 1 ـ 90 | ئوزۇق | 干粮，营养 |

بىراق، بۇ خىل سۆزلەر لوپنور دىيالېكتىدا قەدىمكى ھالىتىدە، يەنى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقىنى ساقلىمىغان شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| تومۇر | تامۇر | 血管 |
| ئوشۇق | ئاشۇق | 踝骨 |
| مولۇن | مالۇن | 狸猫 |
| تومۇز | تامۇز | 三伏天 |
| قوزۇق | قازۇق | 木桩 |

| | | |
|---|---|---|
| قوغۇن | قاغۇن | 甜瓜 |
| يوشۇرۇن | ياشۇرۇن | 隐蔽 |
| ئورۇق | ئارۇق | 瘦 |
| چورۇق | چارۇق | 皮窝子 |
| ئوزۇق | ئازۇق | 干粮，营养 |
| سوپۇن | ساۋۇن | 肥皂 |
| توشۇ ـ | تاشۇ ـ | 运送 |
| ئوچۇق | ئاچۇق | 晴；开着 |
| يورۇق | يارۇق | 明亮的 |

خوتەندە پەقەت «تاشۇ ـ » سۆزىلا قەدىمكى شەكلىنى ساقلىغان.

**قىسقىچە خۇلاسە:**

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيەسىدىن بولغان سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى ھەرقايسى دىيالېكتلاردا كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. ئەكسىچە، سۆزدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشقا نۆۋەتلىشىپ، لەۋلەشمەسلىك جەھەتتە ماسلىشىدىغان ئەھۋال كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

**2 .1 .1 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تاڭلاي ئاھاڭداشلىقى**

**1) ئۇلۇك ئاسسىمىلياتسىيە سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تاڭلاي ئاھاڭداشلىقى**

ئاز بىر قىسىم جايلاردا، بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇلۇك ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسىدىن، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تاڭلاي ئاھاڭداشلىقى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| پەشتاق | پەشتەخ | غۇل | 晒台 |
| باغچە | باقچا | چۆچ | 公园 |
| قاراڭغۇ | قاراڭغا | قوم ئەل | 黑暗 |
| تامچە | تامچا | قوم | 滴（量词） |
| ئالاقە | ئالاقا | لوپ | 联系 |
| پىيالە | پىيالا | قەش | 小碗 |
| غۇنچە | غۇنچا | يەك | 花骨朵 |
| كالتە | كالتا | غۇل، تۇر | 短的 |
| سائەت | سائات | غۇل، تۇر | 表、钟 |
| تاشلىۋەتكەن | تاشلاۋاتقان | غۇل | 扔了的 |
| تاشلىۋەت ـ | تاشلىۋات ـ | تۇر | 你扔吧 |

**قىسقىچە خۇلاسە:**

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇلۇك ۋە تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىشىدىن كېلىپ چىققان سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تاڭلاي ئاھاڭداشلىقى بەزى جايلاردا ئاز ـ تولا كۆرۈلىدۇ، بىراق كۆپ ئەمەس.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**2) تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تاڭلاي ئاھاڭداشلىقى**

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيەسىدىن كېلىپ چىققان سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تاڭلاي ئاھاڭداشلىقى تۇرپان، قەشقەر، خوتەن، لوپنور، قومۇل قاتارلىق جايلاردىكى بەزى سۆزلەردىلا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئالەم | ئەلەم | تۇر | 世界 |
| ئەرزان | ئارزان | قوم، تۇر | 便宜 |
| ئەزا | ئاغزا | چۆچ | 成员 |
| ئەسقات ـ | ئاسقات ـ | تۇر | 顶用，管用 |
| بىخەستە | بەخەستە | لوپ | 不小心 |
| بىخەۋەر | بەخەۋەر | لوپ | 不知道 |
| بىكار | باكا | خوت، يوپ | 空闲，无偿的 |
| بىكارلا ـ | باكالا ـ | خوت، يوپ | 腾出，腾空 |
| بىمەنە | بەمەنە | يوپ | 无意义的 |
| بىغەرەز | بەغەرەز | قەش | 糊涂，没心眼的 |
| تەنها | تانا | لوپ | 单独、独身 |
| رەممال | رامبال\يامبال | خوت، گۇم | 占卜师 |
| مەزمۇن | مازمۇن | چۆچ | 内容 |
| ھېكايە | ھاكايا | خوت | 故事 |
| غىجەك | غەرجەك | قوم باي | 擂琴 |
| قانائەت | قەنەئەت | خوت | 满意，餍 |
| تاڭمەن | تەڭمەن | لوپ | 汤面 |
| كاتەك | كەتەك | تۇر | 鸡窝 |
| كاللەك | كەللەك | تۇر | 团块 |
| لاچىن | لىچىن | يوپ، قوم | 鹰隼 |
| ئادەم | ئەدەم | تۇر، غۇل | 人 |
| پۇچەك | پۇچەك | تۇر، غۇل | 空瘪 |
| دەرۋازا | داۋزا\داگۇز | غۇل، تۇر | 大门 |
| بىسەرەمجان | بىسارامجان | تۇر | 乱 |
| ئەلاچى | ئالاچى | خوت، گۇم | 高才生 |
| بىچارە | بىچەرە | تۇر | 可怜 |
| زىيادە | زىيەدە | تۇر | 多余 |

**1 .2 ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەسى**

ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەسى دېگىنىمىز، ئەسلىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ياكى تولۇق ئوخشاپ كەتمەيدىغان ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش، بىرىنىڭ يەنە بىرىگە تەسىر قىلىشى تۈپەيلى، بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ قېلىشى، ياكى تامامەن ئوخشاپ قېلىشىدۇر.

بىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەربىر ئۇزۇك تاۋۇش ئۈچ جەھەتتىن تەھلىل قىلىنىدۇ، يەنى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى، تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى ۋە جاراڭلىق ـ جاراڭسىزلىقى (كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا بۇمۇ تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى دائىرىسىگە كىرىدۇ). ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسىنىڭ كۆرۈلۈش سەۋەبى شۇكى، ئەسلىدە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ياكى ئانچە ئوخشىمايدىغان ئىككى تاۋۇش بىللە كەلگەندە، تەلەپپۇز قىلغۇچى شۇ تاۋۇشلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئورنى، ياكى تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلىنى شۇ دەقىقىدە دەررۇ ئۆزگەرتىشكە ئۈلگۈرەلمەيدۇ، نەتىجىدە بۇ ئىككى تاۋۇشنىڭ بىرى ئۆزگىرىپ، يا تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتە، يا تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتە، يا جاراڭلىق ـ جاراڭسىز بولۇش جەھەتتە، ھەتتا ھەر ئۈچىلا جەھەتتە يەنە بىر تاۋۇشقا ئوخشىشىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ.

تەكىتلىمەي بولمايدىغان بىر مەسىلە شۇكى، ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەلىشىشى سەۋەبىدىن، ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى كېلىپ چىقىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەلىشىشىدۇر.

ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەسى ئوڭ ھەم تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە، تولۇق ھەم قىسمەن ئاسسىمىلياتسىيە دەپ بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئەگەر سۆزلەر تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ئالدىنقى تاۋۇش كېيىن چىققان تاۋۇشنى ئۆزىگە ئوخشىتىۋالسا، بۇ ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە (ئىلگىرىلىمە ئاسسىمىلياتسىيەمۇ دېيىلىدۇ) بولىدۇ؛ ئەگەر كەينىدە چىقىدىغان تاۋۇش ئالدىدا چىققان تاۋۇشنى ئۆزىگە ئوخشىتىۋالسا، بۇ تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە (چېكىنمە ئاسسىمىلياتسىيەمۇ دېيىلىدۇ) بولىدۇ؛ ئەگەر بىر تاۋۇش يەنە بىر تاۋۇشنى تامامەن ئۆزىگە ئوخشىتىۋالسا، بۇ تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇنى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى، تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى ۋە جاراڭلىق ـ جاراڭسىز بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتنىڭ بىرى ياكى ئىككىسىدە ئۆزىگە ئوخشىتىۋالسا، بۇ قىسمەن ئاسسىمىلياتسىيە بولىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەلەپپۇزىدا، ئۇزۇك تاۋۇشلاردا تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى بىرقەدەر كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، «ئون بىر» دېگەن سۆز ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىمىزدا قىسمەن تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيەلىشىپ، «ئوم بىر» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ؛ «شەنبە» دېگەن سۆز ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىمىزدا قىسمەن تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيەلىشىپ، «شەمبە» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ؛ «ئون يەتتە» دېگەن سۆز ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىمىزدا تولۇق تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيەلىشىپ، «ئوي يەتتە» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ؛ «مەنمۇ بارىمەن» دېگەن بىرىكمىدىكى «مەنمۇ» ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىمىزدا، تولۇق تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيەلىشىپ، «مەممۇ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، دېگەندەك.

لېكىن، ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ. پەقەت «پ» رەۋىشداش بىلەن ياردەمچى پېئىللار پېئىلنىڭ ئانالىتىك تۈس كاتېگورىيەسىنى شەكىللەندۈرگەندىلا، جانلىق تىلدا ئوڭ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىشى مۇمكىن. مەسىلەن، «كۆرۈپ باق» دېگەن سۆز ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىمىزدا «كۆرۈپپاق» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، بۇنىڭدا تولۇق ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بەرگەن؛ «يېزىپ بولدى» دېگەن سۆز ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىمىزدا «يېزىپپولدى» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، بۇنىڭدىمۇ تولۇق ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بەرگەن. لېكىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى دىيالېكت، شېۋىلىرىدە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسىدىن باشقا، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى خېلى كۆپ دەرىجىدە كۆرۈلىدۇ.

تۆۋەندە بىز ئۆزىمىز توپلىغان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرى ماتېرىياللىرىدىكى تىل ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە كۆرۈلىدىغان ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىلىرىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىگە قاراپ باقايلى.

### 1 .2 .1 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئوڭ ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيەسى

1) ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئوڭ ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسىنىڭ بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇشى، لوپنور دىيالېكتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ھادىسە لوپنور دىيالېكتىدا ھەم سۆزلەر تۈرلەنگەندە، ھەم يېڭى سۆز ياسالغاندا، ھەتتا تۈپ سۆزلەر تەركىبىدە كۆرۈلىدۇ. تۆۋەندە كونكرېت مىساللار ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىمىز.

(1) ئەدەبىي تىلدا ئالدىدىكى بوغۇم «ت» بىلەن ئاياغلاشقان، كەينىدىكى بوغۇم «ن» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە (مەيلى تۈرلەنگەن سۆزلەر بولسۇن، ياكى تۈپ سۆزلەر بولسۇن)، لوپنور دىيالېكتىدا «ن» تاۋۇشى «ت» تاۋۇشىغا تامامەن ئوخشاپ قېلىپ، ئوڭ ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئاتنى، ئاتنىڭ | ئاتتى | 把马；马的 |
| ئوتنى، ئوتنىڭ | ئوتتۇ | 把草；草的 |
| سۈتنى، سۈتنىڭ | سۈتتى | 把奶子；奶子的 |
| ئۆتنە | ئۆتتۆ | 借 |

(2) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئالدىدىكى بوغۇم «ت» بىلەن ئاياغلاشقان، كەينىدىكى بوغۇم «ل» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، لوپنور دىيالېكتىدا «ل» تاۋۇشى «ت» تاۋۇشىغا تامامەن ئوخشاپ قېلىپ، ئوڭ ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئاتلىق | ئاتتىق | 骑马 |
| ئوتلۇق | ئوتتۇق | 草场 |
| سۈتلۈك | سۈتتۈك | 有奶的 |
| ئاتلار | ئاتتار | 许多马 |

(3) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئالدىدىكى بوغۇم «ز» بىلەن ئاياغلاشقان، كەينىدىكى بوغۇم

«د» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، لوپنور دىيالېكتىدا «د» تاۋۇشى «ز» تاۋۇشىغا تامامەن ئوخشاپ قېلىپ، ئوڭ ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| سىزدىن | سىززىن | 从你这儿 |
| سىزدە | سىززە | 在你这儿 |
| بىزدىن | بىززىن | 从我们这儿 |
| يۈزدە | يۈززە | 一百之中 |

(4) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئالدىدىكى بوغۇم «ز» بىلەن ئاياغلاشقان، كەينىدىكى بوغۇم «ل» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، لوپنور دىيالېكتىدا «ل» تاۋۇشى «ز» تاۋۇشىغا تامامەن ئوخشاپ قېلىپ، ئوڭ ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| كۆزلەر | كۆززۆر | 眼睛 |
| سىزلەر | سىززەر | 你们 |
| كۆزلە ـ | كۆززۆ | 你盯着 |
| سۆزلە ـ | سۆززۆ ـ | 你说 |
| سېغىزلىق يەر | ساغىززىق يە | 粘土地 |
| قىزلار | قىززار | 姑娘们 |

(5) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئالدىدىكى بوغۇم «ز» بىلەن ئاياغلاشقان، كەينىدىكى بوغۇم «ن» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، لوپنور دىيالېكتىدا «ن» تاۋۇشى «ز» تاۋۇشىغا تامامەن ئوخشاپ قېلىپ، ئوڭ ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| بىزنى | بىززى | 把我们 |
| قازناق | قاززاق | 储藏室 |
| سىزنى، سىزنىڭ | سىززى | 把您，您的 |
| كۆزنى، كۆزنىڭ | كۆززۆ | 把眼睛，眼睛的 |
| مۇزنى، مۇزنىڭ | مۇززۇ | 把冰，冰的 |

(6) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئالدىدىكى بوغۇم «س» بىلەن ئاياغلاشقان، كەينىدىكى بوغۇم «ت» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، لوپنور دىيالېكتىدا «ت» تاۋۇشى «س» تاۋۇشىغا تامامەن ئوخشاپ قېلىپ، ئوڭ ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئاستا | ئاسسا | 慢慢的 |
| ئاستى | ئاسسى | 下面 |
| ئۆستەڭ | ئۆسسۆڭ | 河流 |



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| ئۇستا | ئۇسسا | 能干的 |
| ئۇستىخان | ئۇسسىخان | 骨骼 |
| ئۇستىرا | ئۇسسۇرا | 剃刀 |
| ئۈستۈن | ئۈسسۈن | 之上、高 |
| بوستان | بوسسون | 绿洲 |
| پىستە | پىسسە | 哈巴狗 |
| پۈستانى | پۈسسانى | 某人 |
| تەستىقلا ـ | تەسسىقتا ـ | 批准 |
| داستىخان | دوسسۇخان | 台布 |
| دوستۇم | دوسسۇم | 我的朋友 |
| دەستە | دەسسە | 把（量） |
| ياستۇق | ياسسۇق | 枕头 |
| قەستەن | قەسسەن | 故意地 |

خوتەن دىيالېكتىدا يۇقىرىقىدەك ھادىسە ئاز ـ تولا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | خوتەندە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| قەستەن | قەسسەن | 故意地 |
| تەستەك | تەسسەك | 耳光、嘴巴 |

(7) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئالدىدىكى بوغۇم «س» بىلەن ئاياغلاشقان، كەينىدىكى بوغۇم «ل» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، لوپنور دىيالېكتىدا «ل» تاۋۇشى «س» تاۋۇشىغا تامامەن ئوخشاپ قېلىپ، ئوڭ ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| مەستلەر | مەسسەر | 酒鬼们 |
| ئىسلام | ئىسسام | 伊斯兰教 |
| ئەسلى | ئەسسى | 原来 |
| مەسلىھەت | مەسسەت | 主意，指教 |

(8) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئالدىدىكى بوغۇم «ك» بىلەن ئاياغلاشقان، كەينىدىكى بوغۇم «ن» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، لوپنور دىيالېكتىدا «ن» تاۋۇشى «ك» تاۋۇشىغا تامامەن ئوخشاپ قېلىپ، ئوڭ ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| كۆرۈكنى، كۆرۈكنىڭ | كۆرۈككۈ | 把桥，桥的 |
| يۈكنى، يۈكنىڭ | يۈككۈ | 把货，货的 |

(9) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئالدىدىكى بوغۇم «ل» بىلەن ئاياغلاشقان، كەينىدىكى بوغۇم

ن» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، لوپنور دىيالېكتىدا «ن» تاۋۇشى «ل» تاۋۇشىغا تامامەن ئوخشاپ قېلىپ، ئوڭ ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| تالنى، تالنىڭ | تاللى | 把柳树，柳树的 |
| كۆلنى، كۆلنىڭ | كۆللۈ | 把湖，湖的 |
| يولنى، يولنىڭ | يوللۇ | 把路，路的 |
| قولنى، قولنىڭ | قوللۇ | 把手，手的 |

(10) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئالدىدىكى بوغۇم «م» بىلەن ئاياغلاشقان، كەينىدىكى بوغۇم «ن» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، لوپنور دىيالېكتىدا «ن» تاۋۇشى «م» تاۋۇشىغا تامامەن ئوخشاپ قېلىپ، ئوڭ ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| قويۇمنى، قويۇمنىڭ | قويۇممۇ | 把我的羊，我的羊的 |
| كىمنى، كىمنىڭ | كىممى | 把谁，谁的 |
| كۆزۈمنى، كۆزۈمنىڭ | كۆزۈممۇ | 我的眼睛，我的眼睛的 |
| گېپىمنى، گېپىمنىڭ | گەپىممى | 把我的话，我的话的 |

(11) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئالدىدىكى بوغۇم «ڭ» بىلەن ئاياغلاشقان، كەينىدىكى بوغۇم «ن» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، لوپنور دىيالېكتىدا «ن» تاۋۇشى «ڭ» تاۋۇشىغا تامامەن ئوخشاپ قېلىپ، ئوڭ ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| قويۇڭنى، قويۇڭنىڭ | قويۇڭڭۇ | 把你的羊，你的羊的 |
| يەڭنى، يەڭنىڭ | يەڭڭى | 把袖子，袖子的 |
| يۇڭنى، يۇڭنىڭ | يۇڭڭۇ | 把毛，毛的 |
| قولۇڭنى، قولۇڭنىڭ | قولۇڭڭۇ | 把你的手，你的手的 |

(12) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئالدىدىكى بوغۇم «ڭ» بىلەن ئاياغلاشقان، كەينىدىكى بوغۇم «غ» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، لوپنور دىيالېكتىدا «غ» تاۋۇشى «ڭ» تاۋۇشىغا تامامەن ئوخشاپ قېلىپ، ئوڭ ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئۇنىڭغا | ئوڭڭو | 对他 |
| قاراڭغۇ | قاراڭڭۇ | 黑暗的 |
| يولۇڭغا | يولۇڭڭا | 朝你的路 |
| قوڭغۇز | قوڭڭۇز | 屎壳郎 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| سوزۇلاڭغۇ | سوزۇلاڭڭۇ | 长的，有弹性的 |
| قىڭغىر | قىڭڭىر | 斜的 |
| ئالدىراڭغۇ | ئالدىراڭڭو | 急躁的 |

قومۇلدا «قوڭغۇز» سۆزى لوپنوردىكىدەك «قوڭڭۇز» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. تۇرپاندا بۇ سۆز «قوڭۇز» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىپ، «غ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ.

(13) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئالدىدىكى بوغۇم «ڭ» بىلەن ئاياغلاشقان، كەينىدىكى بوغۇم «گ» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، لوپنور دىيالېكتىدا «گ» تاۋۇشى «ڭ» تاۋۇشىغا تامامەن ئوخشاپ قېلىپ، ئوڭ ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئىزىلەڭگۈ | ئىزلەڭڭۇ | 磨蹭、慢腾腾 |
| ئۈزەڭگە | ئۈزەڭڭى | 马蹬 |
| ئەڭگۈشتەر | ئەڭڭۈشتەر | 宝石 |
| بەڭگى | بەڭڭى | 抽麻烟者 |
| تۇڭگان | تۇڭڭان | 回族 |
| تەڭگە | تەڭڭە | 钱币 |
| جاڭگال | جاڭڭەل | 灌木林 |
| چاڭگال | چاڭڭال | 爪子 |
| چاڭگىز | چاڭڭىز | 一种树 |
| داڭگال | داڭڭال | 土块 |
| دۆڭگە ـ | دۆڭڭە ـ | 推卸、转嫁 |
| ساڭگىلا ـ | ساڭڭىلا ـ | 吊，垂 |
| سۆڭگەچ | سۆڭڭۆچ | 胯骨 |
| لىڭگىرچاق | لىڭڭىرچاق | 夹夹鞍 |
| يەڭگۈشلە ـ | يەڭڭۈشلە ـ | 换 |
| توڭگۇز | توڭڭوز | 野猪 |
| يەڭگە | يەڭڭە | 嫂子 |
| ئىڭگىلىك | ئىڭڭىلىك | 耳环 |
| تەلەڭگە | تەلەڭڭور | 脸盆 |

بۇ خىل ئەھۋال قومۇلدا ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، قومۇلدا «توڭگۇز»، «چاڭگىز» سۆزلىرى لوپنوردىكىگە ئوخشاش «توڭڭۇز»، «چاڭڭىز» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ مىساللاردا «ڭ» تاۋۇشى كەينىدىكى «گ» تاۋۇشىنى ئوڭ ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋالغان. تۇرپاندا «توڭگۇز» سۆزى «توڭۇز» دېيىلىدۇ، بۇنىڭدا «غ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان.

(14) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئالدىدىكى بوغۇم «پ، ز، س» لار بىلەن ئاياغلاشقان، كەينىدىكى بوغۇم «ن، ھ، م» لار بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، لوپنور دىيالېكتىدا «ن، ھ،

م» لار تامامەن «پ، ز، س» لارغا ئوخشاپ قېلىپ، ئوڭ ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
| --- | --- | --- |
| كۆپنىڭ | كۆپپۇ | 大家的 |
| گەپنى، گەپنىڭ | گەپپى | 把话，话的 |
| مەزھەپ | مەززەپ | 宗派 |
| ئىسنىڭ | ئىسسى | 烟的 |
| ئەجەبمۇ | خەجەپپۇ | 太…了 |

2) لوپنور دىيالېكتىدىن باشقا دىيالېكت ـ شېۋىلەردە، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى گەرچە لوپنور دىيالېكتىدىكىدەك كۈچلۈك كۆرۈلمىسىمۇ، ھەرھالدا يەنە ئازدۇر ـ كۆپتۇر كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
| --- | --- | --- | --- |
| تاتلىق | تاتتىق | قوم، يەك | 甜的 |
| ئۈچ يېرىم | ئۈچچېرىم | خوت | 三个半 |
| ھېچ يەر | ھېچچە: | خوت، يەك | 任何地方 |
| دەپ بەر ـ | دەپپە ـ | قەش | 你给说一下 |
| كۆرۈپ باق ـ | كۆرەپپاق ـ | قەش | 你看一下 |
| ئېلىپ بار ـ | ئاپپا: ـ | قەش | 你拿去 |
| ئۈچرا ـ | ئۈچچا ـ | خوت، گۇم، يەك | 你碰上 |
| تاشلا ـ، تاشلىۋەت | تاششا ـ، تاششىۋەت | قەش | 你扔掉 |
| چىشلە ـ | چىششە ـ | ئات | 你咬吧 |
| ھوشيار | ئۇششا | ئات | 机灵 |
| ئۈچ جىڭ | ئۈچچۈڭ | قەش | 三斤 |
| ئۈچ جان | ئۈچچان | قەش | 三口人 |
| ئۈچ يۈز | ئۈچچۈز | گۇم | 三百 |
| بەش يۈز | بەششۈز | گۇم | 五百 |
| يەتتە يۈز | يەتتۈز | گۇم | 七百 |
| ئالدى | ئاللى | لوپ | 前面 |

**قىسقىچە خۇلاسە:**

لوپنور دىيالېكتىدا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيەلىنىشى تۈپەيلىدىن، ئۈزۈك تاۋۇشلاردا «تن\تت، تل\تت[1]، زد\زز، زل\زز، زن\زز، زھ\زز، ست\سس، سس\سس، سن\سس، كن\كك، لن\لل، من\مم، ڭن\ڭڭ، ڭغ\ڭڭ، ڭگ\ڭڭ، پن\پپ، پم\پپ» دېگەندەك نۆۋەتلىشىش ھادىسىلىرى كۆرۈلىدۇ. خوتەن، قومۇل، قەشقەر،

[1] «\» بەلگىسى «نۆۋەتلىشىش» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن، «تل\تت» دېگەن «ت» بىلەن ئاياغلاشقان بوغۇمنىڭ كەينىدە «ل» بىلەن باشلانغان بوغۇم كەلسە، «ل» تاۋۇشى «ت» تاۋۇشىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشى تۈپەيلىدىن، «ت» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گۈملاردىمۇ ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ تولۇق ھەم ئۇڭ ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى ئازدۇر - كۆپتۇر كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

## 1.2.2 ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئۇڭ ھەم قىسمەن ئاسسىمىلياتسىيەسى

ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئۇڭ ھەم قىسمەن ئاسسىمىلياتسىيەسى ئاساسەن لوپنور، تۇرپان، كەلپىن ۋە قومۇل قاتارلىق جايلاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

1) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئالدىنقى بوغۇمى «ڭ» بىلەن ئاياغلاشقان، كەينىدىكى بوغۇم «ل» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، بەزى جايلاردا «ل» تاۋۇشى ئۇڭ ھەم قىسمەن ئاسسىمىلياتسىيەگە ئۇچراپ، دىماغ تاۋۇش «ن» غا نۆۋەتلىشىپ، تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتە «ڭ» تاۋۇشى بىلەن بىردەك بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تەڭلىمات | تەڭنىمات | تۇر، كەل | 墙围子 |
| تەڭلىكتە | تەڭنىكتە | تۇر، كەل | 为难 |
| تەڭلە - | تەڭنە - | تۇر، كەل | 递 |
| كۆڭلى | كۆڭنى | تۇر، غۇل | 他的心 |
| تۇڭلۇك | تۇڭنۇك\تۇنۇك | تۇر | 天窗 |
| سىڭلىم | سىڭنىم | تۇر | 我的妹妹 |
| ئاڭلا - | ئاڭنا - | تۇر | 听 |
| توڭلا - | توڭنا - | تۇر | 受冻 |
| ئوڭلا - | ئوڭنا - | لوپ | 修正 |
| ماڭلاي | ماڭناي | تۇر | 额头 |
| ئاڭلىق | ئاڭنىق | تۇر | 自觉的 |

2) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئالدىنقى بوغۇم «ش» بىلەن ئاياغلاشقان، كەينىدىكى بوغۇم «ل» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، لوپنور دىيالېكتىدا «ل» تاۋۇشى «ش» تاۋۇشىنىڭ ئۇڭ ھەم قىسمەن ئاسسىمىلياتسىيەسىگە ئۇچراپ، جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش «ت» غا نۆۋەتلىشىپ، جاراڭسىز بولۇش جەھەتتە «ش» تاۋۇشى بىلەن بىردەك بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئاشلىق | ئاشتىق | 粮食 |
| باشلىق | باشتىق | 头头儿 |

**قىسقىچە خۇلاسە:**

تۇرپان، غۇلجا ۋە كەلپىن شېۋىلىرىدە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئۇڭ ھەم قىسمەن ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى تۇپەيلىدىن، ئالدىنقى بوغۇمى «ڭ» بىلەن ئاياغلاشقان، كەينىدىكى بوغۇم «ل» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، «ل\ن» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدىغان ھادىسە مەۋجۇت؛ لوپنوردا بولسا، سۆزلەرنىڭ ئالدىنقى بوغۇمى «ش» بىلەن ئاياغلاشقان،

كەينىدىكى بوغۇم «ل» بىلەن باشلانغان شارائىتتا، «ل\ت» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدىغان ھادىسە مەۋجۇت.

### 3.2.1 ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ تەتۈر ھەم تولۇق ئاسسىملياتسىيەسى

بۇ خىل ھادىسىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت - شېۋىلىرىدە خېلى كۆپ كۆرۈلىدۇ.

1) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئالدىنقى بوغۇمى «ت» بىلەن ئاياغلاشقان، كېيىنكى بوغۇمى «س» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، بەزى جايلاردا «ت» تاۋۇشى «س» تاۋۇشىغا تامامەن ئوخشاپ قېلىپ، تەتۈر ھەم تولۇق ئاسسىملياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| پۈتسە | پۈسسە | قۇم | 如果完成 |
| ئۆتسەڭ | ئۆسسەڭ | كۇس | 如果你过去 |
| چاتساڭ | چاسساڭ | كۇس، تۇر | 如果你连起来 |
| ساۋاتسىز | ساۋاسسىز | خوت، قۇم | 文盲 |
| ئېيتسام | ئېيسسام | چىرا | 如果我告诉 |
| ياتسىراش | ياسسىراش | تۇر | 认生 |
| تۆت سەر | تۆسسە | گۇم | 四两 |
| ئاتسۇن | ئاسسۇن | چىرا | 让他扔 |

2) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئالدىنقى بوغۇمى «چ» بىلەن ئاياغلاشقان، كېيىنكى بوغۇمى «س» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، بەزى جايلاردا «چ» تاۋۇشى «س» تاۋۇشىغا تامامەن ئوخشاپ قېلىپ، تەتۈر ھەم تولۇق ئاسسىملياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئۇچسام | ئۇسسام | قۇم | 如果我飞起来 |
| چاچساڭ | چاسساڭ | كۇس، تۇر | 如果你撒泼 |
| قاچساڭ | قاسساڭ | كۇس | 如果你逃走 |
| ئىچسەڭ | ئىسسەڭ | كۇس | 如果你喝光 |
| ئاچسۇن | ئاسسۇن | چىرا | 让他打开 |

3) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئالدىنقى بوغۇمى «ز» بىلەن ئاياغلاشقان، كېيىنكى بوغۇمى «س» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، بەزى جايلاردا «ز» تاۋۇشى «س» تاۋۇشىغا تامامەن ئوخشاپ قېلىپ، تەتۈر ھەم تولۇق ئاسسىملياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بۇزسام | بۇسسام | قۇم | 如果我破坏掉 |
| تۇزسىز | تۇسسىز | قۇم، تۇر | 淡的，盐少 |
| كەزسەڭ | كەسسەڭ | قۇم | 如果你周游 |
| ئۆتكۈزسە | ئۆتكۈسسە | تۇر | 如果让通过 |

4) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئالدىنقى بوغۇمى «ش» بىلەن ئاياغلاشقان، كېيىنكى بوغۇمى «س» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، بەزى جايلاردا «ش» تاۋۇشى «س» تاۋۇشىغا تامامەن ئوخشاپ قېلىپ، تەتۈر ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تاشسا | تاسسا | قوم | 如果溢出来 |
| يەشسە | يەسسە | كوس، قوم | 如果解开 |
| ئىشسىز | ئىسسىز | كوس، قوم، يوپ، ئات | 无业 |
| بەش سەر | بەسسە | كوس | 五两 |
| ئاشسا | ئاسسا | قوم، كوس | 如果超过 |
| تەشسە | تەسسە | كوس | 如果捅破 |
| چۈشسەم | چۈسسەم | خوت | 如果我下来 |
| باشسىز | باسسىز | يوپ، ئات | 无头 |

5) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئالدىنقى بوغۇمى «ن» بىلەن ئاياغلاشقان، كېيىنكى بوغۇمى «ل» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، بەزى جايلاردا «ن» تاۋۇشى «ل» تاۋۇشىغا تامامەن ئوخشاپ قېلىپ، تەتۈر ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئازسانلىق | ئاسساللىق | خوت | 少数的 |
| قوغۇنلۇق | قوغۇللۇق | خوت | 甜瓜地 |
| ئۆگۈنلۈككە | ئۆگۈللۈككە | خوت | 在后天 |
| كۈنلۈك | كۈللۈك | خوت | 伞 |
| ئورۇنلۇق | ئورۇللۇق | خوت | 合理的 |
| ئەتىگەنلىك | ئەتىگەللىك | گۇم | 早上的 |
| ئورۇنلاپ | ئورۇللاپ | كوس | 完成了 |
| چەنلەپ | چەللەپ | كوس | 瞄准了 |
| ئارانلا | ئاراللا | قوم | 仅好不容易 |
| ئوتۇنلار | ئوتۇللار | قوم | 许多柴火 |
| جانلىق | جاللىق | قوم | 生物 |
| كېپەنلىك | كېپەللىك | تۇر | 裹尸布 |
| تەمىنلە - | تەمىللە - | تۇر | 供给 |
| يامانلىق | ياماللىق | خوت | 坏处、缺点 |
| سامانلىق | ساماللىق | گۇم | 麦杆地 |
| قانلىق | قاللىق | خوت، قوم | 血的 |
| ئامانلىق | ئاماللىق | خوت | 平安的 |
| چاپانلىق | چاپاللىق | گۇم | 有衣服的 |

6) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئالدىنقى بوغۇمى «ت» ياكى «ش» بىلەن ئاياغلاشقان، كېيىنكى بوغۇمى «چ» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، لوپنور دىيالېكتىدا «ت» ياكى «ش»

تاۋۇشى «چ» تاۋۇشىغا تامامەن ئوخشاپ قېلىپ، تەتۈر ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
| --- | --- | --- |
| ئىشچى | ئىچچى | 工人 |
| ئىشچان | ئىچچان | 勤劳的 |
| ئاتچى | ئاچچى | 牧马人 |
| خىزمەتچى | خىزمەچچى | 工作人员 |

بۇ خىل ھادىسە خوتەن، يوپۇرغا، قومۇل قاتارلىق جايلاردىمۇ يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
| --- | --- | --- | --- |
| كاساتچىلىق | كاساچچىلىق | قوم | 萧条、不景气 |
| خەتچى | خەچچى | يوپ | 书写人 |
| خىيانەتچى | خىيانەچچى | يوپ | 贪污分子 |
| خىزمەتچى | خىزمەچچى | يوپ | 工作人员 |
| سەنئەتچى | سەنەچچى | خوت، قوم | 艺术家 |
| سائەتچى | سائەچچى | خوت، قوم | 修表匠 |

7) دىيالېكت ـ شېۋىلەردە يەنە تۆۋەندىكىدەك تەتۈر ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسىمۇ كۆرۈلىدۇ. تۆۋەندىكى مىساللاردا ئالدىنقى بوغۇمدىكى «ن، ب، پ، ز» لار، كېيىنكى بوغۇم بېشىدىكى «ي، ن، ت، ش» لارنىڭ تەتۈر ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيەسىگە ئۇچرىغان. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
| --- | --- | --- | --- |
| تۈن يېرىمىدا | تۈيىيېرىمىدا | تۇر | 半夜三更 |
| ئون يەتتە | ئويىيەتتە | تۇر | 十七 |
| شەبنەم | شەننەم | ئات | 露珠 |
| ئىپتار | ئىتتار | تۇر | 开斋时间 |
| ئاپتاپ | ئاتتاپ | تۇر | 和煦，日光 |
| ناماز شام | ناماششام | ئات، تۇر | 日落时刻 |

8) قەشقەر، خوتەن، يەكەن، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردىكى تەركىبىدە «ل» تاۋۇشى بولغان بەزى پېئىللار ياكى ئىسىملاردا دائىم تەتۈر ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
| --- | --- | --- | --- |
| ئالما | ئامما | قەش، يەك | 苹果 |
| چالما | چامما | قەش، ئات، يەك | 土块 |
| بارالمىغان | باراممىغان | خوت، يەك | 没能去的 |
| كېلەلمىگەن | كېلەممىگەن | خوت، يەك | 没能来的 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئالماق | ئامماق | قەش | 拿 |
| كەلمەس | كەممەس | قەش | 不来的 |
| قاملىشالماي | قاملىشاماي | ئات | 合不来 |
| كۆرەلمىگەن | كۆرەممىگەن | خوت | 没能看见的 |
| كەلمە ـ | كەممە ـ | ئات | 你别来 |
| قىلما ـ | قىمما ـ | ئات | 你别做 |
| دەسسەپمىدىم | دەسسەممىدىم | خوت | 我踩了吗 |
| كۆرمەپمىدىم | كۆ:مەممىدىم | خوت | 我没见吗 |
| ئىمىپ قالغانمىدىكىن | ئىمىپ سىممىدىكى | خوت | 可能吃奶了吧 |

خوتەن دىيالېكتىدا سۈپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى ۋە باشقا ئەھۋاللاردىمۇ مۇشۇنداق ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ تەتۈر ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | خوتەندە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| يوغانراق | يوغايياق | 大一点儿 |
| ئۇزۇنراق | ئۇزۇيياق | 长一点儿 |
| قېلىنراق | قىلىيياق | 厚一点儿 |
| تۆۋەندىن | تۆۋەتتىن (ن) | （从下） |
| يۇقىرىدىن | يوقۇتتىن (ن) | （从上） |

**قىسقىچە خۇلاسە:**

A. لوپنور دىيالېكتىدا ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ تەتۈر ھەم تولۇق ئاسسىمىلياتسىيەسى مەۋجۇت بولۇپ، ئاساسەن ئالدىنقى بوغۇمى «ت، ش» بىلەن ئاخىرلاشقان، كېيىنكى بوغۇمى «چ» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، «ت، ش» تاۋۇشلىرى تولۇق ۋە تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش تۈپەيلى «چ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ؛ ئالدىنقى بوغۇمى «ز، چ، ت» بىلەن ئاخىرلاشقان، كېيىنكى بوغۇمى «س» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، «ز، چ، ت» تاۋۇشلىرىمۇ تولۇق ۋە تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش تۈپەيلى «س» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ.

B. ئالدىنقى بوغۇمى «ت، ش» بىلەن ئاخىرلاشقان، كېيىنكى بوغۇمى «چ» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، «ت، ش» تاۋۇشلىرى تولۇق ۋە تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش تۈپەيلى «چ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىنىش ھادىسىسى خوتەن، قومۇل، يوپۇرغىلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ.

C. بۇلاردىن باشقا، خوتەندە يەنە ئالدىنقى بوغۇمى «پ، ن» بىلەن ئاخىرلاشقان، كېيىنكى بوغۇمى «م، ي» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، «پ، ن» تاۋۇشلىرى تولۇق ۋە تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش تۈپەيلى، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «م، ي» تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلىنىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ.

D. قەشقەر، كەلپىن، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردا «لم\مم» تاۋۇشىغا، تۇرپاندا «پت\تت» تاۋۇشىغا ۋە «رش\شش» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدىغان ھادىسىلەر كۆرۈلىدۇ.

1.2.4 ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ تەتۈر ھەم قىسمەن ئاسسىمىلياتسىيەسى

ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ تەتۈر ھەم قىسمەن ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە بەزىدە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتە يۈز بەرسە، بەزىدە تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتە يۈز بېرىدۇ، بەزىدە بولسا جاراڭلىق ـ جاراڭسىز جەھەتتە يۈز بېرىدۇ.

1) تۆۋەندىكى سۆزلەردە تەتۈر ھەم قىسمەن ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىپ، ئالدىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتە كەينىدىكى تاۋۇشقا ئوخشاپ قالغان. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئەپسىز | ئەفسىز | كەل، خوت، تۇر | 不方便 |
| چاپسان | چافسان | كەل، خوت، تۇر | 快点儿 |
| تاپسام | تافسام | كەل، خوت، تۇر | 如果我找到 |
| ياپسا | يافسا | كەل، خوت، تۇر | 如果他盖上 |
| دەپسەن | دەفسەن | كەل، خوت، تۇر | 你说了 |
| تاشلاپسەن | تاشلافسە | كەل، خوت، تۇر | 你扔了 |
| شەبنەم | شەمنەم | قوم | 露珠 |
| سەپسال ـ | سەفسال ـ | تۇر | 端详 |
| ئاشلەڭپۇڭ | ئاشلەمپۇڭ | تۇر | 凉粉 |
| تەقسىم | تەخسىم | لوپ | 分配 |

2) تۆۋەندىكى سۆزلەردە تەتۈر ھەم قىسمەن ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىپ، ئالدىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتە كەينىدىكى تاۋۇشقا ئوخشاپ قالغان. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | تۆۋەتلەشكەن | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|---|
| ئون بىر | ئوم بىر | نب \ مب | قوم | 十一 |
| ئىشتانباغ | ئىشتامباغ | نب \ مب | تۇر | 裤腰带 |
| ئىشتانپايپاق | ئىشتامپايپاق | نپ \ مپ | تۇر | 连裆裤 |
| يەنە بىر | ھېمبىر | نب \ مب | تۇر | 再一个 |
| پەيدىنپەي | پەيدەمپەي | نپ \ مپ | قوم | 逐渐 |
| خۇنپەر | خۇمپەر | نپ \ مپ | تۇر | 混蛋 |
| خۇنخور | خۇڭخور | نخ \ ڭخ | تۇر | 吸血鬼 |
| ئالتۇنخان | ئاتۇڭخان | نخ \ ڭخ | تۇر | 阿彤汗(人名) |
| قانغا | قاڭغا | نغ \ ڭغ | قوم | 对血 |
| جانغا | جاڭغا | نغ \ ڭغ | گۇم | 对生命 |
| ئالتۇنغا | ئالتۇڭغا | نغ \ ڭغ | گۇم | 对金子 |
| چولپانغا | چولپاڭغا | نغ \ ڭغ | گۇم | 对星星 |
| تۇرپانغا | تۇرپاڭغا | نغ \ ڭغ | تۇر | 向吐鲁番 |
| ئىنقىلاب | ئىڭقىلاپ | نق \ ڭق | تۇر | 革命 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| هايانكەش | هاياڭكەش | نك\ڭك | تۇر | 投机分子 |
| ئالتۇنگۇل | ئا:تۇڭگۇل | نگ\ڭگ | تۇر | 金花 |
| قەنگە | قەڭگە | نگ\ڭگ | قوم | 对糖 |
| تۇتۇنگە | تۇتۇڭگە | نگ\ڭگ | گۇم | 对烟雾 |
| قەستەنگە | قەستەڭگە | نگ\ڭگ | گۇم | 故意地 |
| مەن بىلەن | مەممىنە | نب\مم | قوم | 和我一起 |
| خۇتۇن بىلەن | خوتوممىنە | نب\مم | قوم | 和老婆一起 |

**قىسقىچە خۇلاسە:**

A. كەلپىن، تۇرپان، خوتەنلەردە، ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىكى قىسمەن ھەم تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيەلىشىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان «پس\فس» دەك نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى مەۋجۇت.

B. قومۇل، تۇرپان ۋە گۇما شېۋىلىرىدە، يەنە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن قىسمەن ھەم تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيەلىشىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان «نب\مب»، «نپ\مپ»، «نخ\ڭخ»، «نغ\ڭغ» ۋە «نگ\ڭگ» دەك نۆۋەتلىشىش ھادىسىلىرى مەۋجۇت.

## 2.0 تاۋۇشلارنىڭ دىسسىمىلياتسىيەسى

بىر ـ بىرىگە تامامەن ئوخشاش ياكى مەلۇم جەھەتتە ئوخشايدىغان ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق تاۋۇشلار بىللە تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تەكرارلىنىپ قېلىش ياكى تەلەپپۇز قىلىشقا قولايسىز بولۇشتەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بىرى يەنە بىرىگە قىسمەن ئوخشىمايدىغان ياكى تامامەن ئوخشىمايدىغان بولۇپ قېلىشى، تاۋۇشلارنىڭ دىسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى دېيىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا تاۋۇشلارنىڭ دىسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى ئازدۇر ـ كۆپتۇر مەۋجۇت، بىراق كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. ئىملا قائىدىمىزدە بېكىتىشچە، «ق» بىلەن «ت»، «چ» بىلەن «ت»، «چ» بىلەن «ق» تاۋۇشلىرىغا ئوخشاش ئىككى پارتلىغۇچى (ياكى پارتلىغۇچى ـ سىيرىلاڭغۇ) تاۋۇشلار بىر سۆزدە بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ كەلگەندە، ئالدىنقى تاۋۇش ئادەتتە دىسسىمىلياتسىيە ھادىسىسىگە ئۇچراپ، سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش بىلەن نۆۋەتلىشىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

| ئەدەبىي يېزىق تىلىدا | ئېغىز تىلىدا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ياغاچچى | ياغاشچى | 木匠 |
| ئاچقۇچ | ئاشقۇچ | 钥匙 |
| ئاچتى | ئاشتى | 他打开了 |
| قاچتى | قاشتى | 他逃走了 |
| ساقچى | ساخچى | 警察 |
| ساقلا ـ | ساخلا ـ | 等待，守 |

ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە دىسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى ئانچە كۆپ كۆرۈلمەيدۇ، پەقەت ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم سۆزلەردىلا كۆرۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن.

مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | ئۆزگەرتىلگەن | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|---|
| ئاچتىم | ئاشتىم | چت\شت | گۇم | 我打开了 |
| قاچتى | قاشتى | چت\شت | گۇم | 他逃走了 |
| بەگنى، بەگنىڭ | بەككى | گن\كك | لوپ | 把伯克，伯克的 |
| ساقچى | ساخچى | قچ\خچ | لوپ | 警察 |
| ئاقچا | ئاخچى | قچ\خچ | لوپ | 钱 |
| باغنى، باغنىڭ | باققى | غن\قق | لوپ | 把果园，果园的 |
| بۇياندىن | بۇياتتىن | ند\تت | قوم | 从这儿 |
| تۆۋەندىن | تۆۋەتتىن | ند\تت | قوم | 从下面 |
| ئوتتۇرا | ئوچچۇيا | تت\چچ | خوت | 中间 |

## 3.0 تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىششى

تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىششى سوزۇق تاۋۇشلاردىمۇ ھەم ئۈزۈك تاۋۇشلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ.

### 3.1 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىششى ۋە ئاجىزلاشماسلىقى

#### 3.1.1 دىۋاندا ساقلانغان سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلاشماسلىق ئەھۋالى

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىششى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە تىللاردىن پەرقلىنىدىغان مۇھىم فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا سېلىشتۇرغاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. بىز دىۋاندىكى بەزى سۆزلەرگە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىمىزدىن، دىۋاندا سۆز يىلتىزىدا ياكى سۆزلەر تۈرلەنگەندە سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا سېلىشتۇرغاندا ئاساسەن ئاجىزلاشمايدىغانلىقىنى، بۇنداق سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇشلار تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئاساسەن ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى بايقاشقا بولىدۇ.

دىۋاندا ئەسلىي سوزۇق تاۋۇشلىرى ئاجىزلاشمىغان بەزى سۆزلەردە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاجىزلىشىش ھادىسىسى يۈز بەرگەنلىكىنى تۆۋەندىكى مىساللاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى سۆزلەردە كەڭ سوزۇق تاۋۇش «ئا»، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تارراق سوزۇق تاۋۇش «ئې» غا ئاجىزلاشقان:

| دىۋاندا | ئورنى | ھازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ياغىر | 10 _ 3 | يېغىر | 疮疤、疮口 |
| قانى | 32 _ 3 | قېنى | 在哪儿 |
| بالىق | 491 _ 1 | بېلىق | 鱼 |
| قارى | 307 _ 3 | قېرى | 老的、老人 |
| يارىم | 23 _ 3 | يېرىم | 半、半个 |
| چاقىر | 470 _ 1 | چېقىر | 绿色，蓝色 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| ياشىل | 3 ـ 23 | يېشىل | 绿色、绿的 |
| ئاغىز | 1 ـ 77 | ئېغىز | 口，口头的 |
| ئارىق | 1 ـ 89 | ئېرىق | 渠、小渠 |
| ئاتىز | 1 ـ 76 | ئېتىز | 田、田地 |

دىۋاندا ئەسلىي سوزۇق تاۋۇشلىرى ئاجىزلاشمىغان بەزى سۆزلەردە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇش ئاجىزلىشىش ھادىسىسى يۈز بەرگەن. مەسىلەن، تۆۋەندىكى سۆزلەردە كەڭ سوزۇق تاۋۇش «ئە» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تارراق سوزۇق تاۋۇش «ئې» غا ئاجىزلاشقان:

| دىۋاندا | ئورنى | ھازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كەچە | 3 ـ 302 | كېچە | 晚上 |
| تەزەك | 1 ـ 502 | تېزەك | 驴粪蛋 |
| كەپەك | 1 ـ 507 | كېپەك | 麸皮 |
| كەلىن | 1 ـ 526 | كېلىن | 媳妇 |
| كەرەك | 1 ـ 508 | كېرەك | 需要 |
| يەزنە | 3 ـ 45 | يېزنە | 姐夫 |
| ئەڭەك | 1 ـ 182 | ئېڭەك | 下巴、下巴颏 |
| يەلىم | 3 ـ 24 | يېلىم | 胶，橡胶 |
| سەمىزلىك | 1 ـ 660 | سېمىزلىك | 肥胖 |
| چەچەك | 1 ـ 504 | چېچەك | 花骨朵 |
| تەرى | 3 ـ 305 | تېرە | 皮、皮肤 |

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغىنىمىزدا، دىۋاندا ئۈچ مىڭ ئەتراپىدا پېئىللار بولۇپ، ئاردا ئىككىدىن ئارتۇق بوغۇمدىن تۈزۈلگەن پېئىللار تۇرلەنگەندە ئىككىنچى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئاساسەن ئاجىزلاشمىغان. بۇ جەھەتتىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىمىزدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | ھازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ياشادى | 3 ـ 119 | ياشىدى | 生活 |
| ياغلادى | 3 ـ 422 | ياغلىدى | 润滑 |
| تارادى | 3 ـ 356 | تارىدى، تاراتتى | 散；梳 |
| قانادى | 3 ـ 373 | قانىدى | 出血 |
| قاشلادى | 3 ـ 409 | قاشلىدى | 挠，搔 |
| سانادى | 3 ـ 374 | ساندى | 数，点 |

### 3.1.2 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلاشماسلىق ھادىسىسىنىڭ ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدىكى ئىپادىسى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا سېلىشتۇرغاندا، سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ مۇشۇنداق ئاجىزلاشماسلىق ھادىسىسى بەزى دىيالېكت ـ شېۋىلەردىمۇ

كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ لوپنور دىيالېكتىدا بۇ خىل ھادىسە ئىنتايىن كۈچلۈك.

1) بىرىنچى بوغۇمى «ئا» ياكى «ئە» دىن ئاجىزلىشىپ «ئې» غا نۆۋەتلەشكەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىمىزدىكى بەزى سۆزلەر، لوپنور دىيالېكتىدا «ئا» ياكى «ئە» تاۋۇشى ئاجىزلاشماي ئەينەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| غېرىب | غارىب | 茕茕孑立 |
| قېلىن | قالىن | 厚的 |
| قېنى | قانى | 在哪儿 |
| يېرىم | يارىم | 半 |
| تېرىق | تارىغ | 小米 |
| سېرىق | سارىق | 黄 |
| يېقىنلاش ـ | ياقىنشى ـ | 接近 |
| قېرىنداش | قارىنداش | 亲人 |
| مېغىز | ماغىز | 核，仁 |
| ئېتىز | ئاتىز | 田 |
| بېلىق | بالىق | 鱼 |
| ئېغىر | ئاغىر | 重 |
| ھېكايە | ھاكايە | 故事 |
| بېخىل | بەخىل | 吝啬 |
| بېلەت | بەلەت | 票 |
| چېۋەر | چەۋەر | 心灵手巧 |
| پېلەك | پەلەك | 瓜秧 |

2) بەزى سۆزلەر گىراماتىكىلىق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغاندا ياكى يېڭى سۆز ياسالغاندا، شۇ سۆزلەرنىڭ بىرىنچى ياكى ئىككىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش «ئا» ياكى «ئە»، لوپنور دىيالېكتى، خوتەن گۇما شېۋىسى ۋە يەكەننىڭ تاغلىق رايون تىلىدا ئاجىزلاشماي، ئەينەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنور قاتارلىقلاردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| بېشى | باشى | 头 |
| جېنىم | جانىم | 我的命根 |
| قېشىڭ | قاشىڭ | 你的眉毛 |
| گېپىمنى | گەپىمنى | 把我的话 |
| ئات ـ ئېتىم | ئاتىم | 我的马 |
| باس ـ بېسىپ | باسىپ | 压 |
| بالىسى | بالاسى | 他的孩子 |
| كالىسى | كالاسى | 他的牛 |
| قۇلىقىم | قۇلاغىم | 我的耳朵 |
| قۇلاقلىرىم | قۇلاقتارىم | 我的双耳 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| يۈرىكىم | ئۈرەگىم | 我的心 |
| نەرسىسى | نەرسەسى | 他的东西 |
| گۈللىرى | گۈللەرى | 他们的花 |
| مەندىكى | مەندەكى | 我这儿的 |
| سېلىپ | سالىپ | 装 |
| قېلىپ | قالىپ | 留下 |
| يېتىۋالدى | ياتىۋالدى | 他躺下了 |
| ئالىسەن | ئالاسەن | 你要拿 |
| ئاڭلىمايدۇ | ئاڭلامايدۇ | 他不听 |
| چېچىڭلار | چاچىڭلار | 你们的头发 |
| پېتىشماي | پاتىشماي | 合不来 |
| قېچىڭ | قاچىڭ | 你逃吧 |
| ئېقى | ئاقى | 白的 |
| قېنىم | قانىم | 我的血 |
| يان ـ يېنىپ | يانىپ | 返回 |
| چېچىل ـ | چاچىل ـ | 撒；生气 |
| ئېچىل ـ | ئاچىل ـ | 打开 |
| يازـ، يېزىپ | يازىپ | 写 |

3) لوپنور دىيالېكتىدىكى پېئىللار شەخس بىلەن تۈرلەنگەندە، شۇ پېئىلنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| بارىمىز | بارادىمىز | 我们要去 |
| ئالىمىز | ئالادىۋىز | 我们要拿 |
| كېتىمەن | كېتەدىمەن | 我要回去 |
| كېلىمەن | كېلەدىمەن | 我要来 |
| كېلىمىز | كېلەدىمىز | 我们要来 |
| بېرىدۇ | بېرەدۇ | 他会给的 |
| كېلىدۇ | كېلەدۇ | 他会来的 |

4) لوپنور دىيالېكتىدىن باشقا بەزى يەرلەردىمۇ، سۆز تومۇرىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئاجىزلاشمايدىغان ھادىسە قىسمەن مەۋجۇت، بىراق كۆپ ئەمەس. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| مېھراب | مەراپ | قوم | 龛座 |
| ھېچ | ھەش | قوم | 任何 |
| ھېساب | ھەسەپ | تۇر | 计算 |
| قىڭغىر | قىڭار | خوت | 斜的 |
| غىلاپ | غەلەپ | خوت | 刀鞘 |
| ئېرىق | ئەرىق | كوس | 小渠沟 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| مېغىز | مەغىز | كوس | 核，仁 |
| ئېتىز | ئەتىز | كوس | 田 |
| تېرەك | تەرەك | قەش، كۆچ، ئاق ئاۋات | 杨树 |
| بېلەت | بەلەت | قەش، كەل | 票 |
| تېزەك | تەزەك | قەش، كۆچ، كېر | 驴粪蛋 |
| كېرەك | كەرەك | قەش، كېر | 需要 |
| كېۋەز | كەپەز | قەش | 棉花 |
| كېۋەز | كەۋەز | كۆچ | 棉花 |
| چېلەك | چەلەك | كۆچ | 水桶 |
| پېلەك | پەلەك | كۆچ | 瓜秧 |
| ئىلدام | ھالدام | كېر | 快，赶快 |

سۆزلەر گىراماتىكىلىق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغاندىمۇ، بەزى جايلاردا سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئاجىزلاشمايدىغان ھادىسە مەۋجۇت. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | ئورنى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| يېزىپ | يەزىپ | كوس | 写 |
| چېلىپ | چەلىپ | كوس | 弹拉 |
| بېرىپ | بەرىپ | كوس | 去 |
| سېلىق | سەلىغ | كوس | 税 |
| يىل بېشى | يىل ۋەشى | كوس | 年初 |
| تاغبېشى | تاغۋەشى | كوس | 山顶 |
| موزايبېشى | موزايۋەشى | كوس | 蝼，喇喇蛄 |
| يېپىنچا | يەپىنچى | كوس | 遮盖物 |
| يېپىنچا | يەپىنچا | قوم | 遮盖物 |
| سېغىنماق | ساقىنماق | خوت | 想念 |
| چېقىلماق | چاقىلماق | خوت | 摔破 |
| ئېگىنىم | ئەگنىم | خوت | 我的衣服 |
| تالىشامدۇ | تالاشامتۇ | خوت | 他会争吗 |
| ئېشىنماق | ئاشۇنماق | خوت | 剩，节余 |
| بالىسى | بالاسى | چۆچ | 他的孩子 |
| بېسىق | باسىق | تۇر ئاس | 多、压 |

**قىسقىچە خۇلاسە:**

A. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلاشماسلىق ھادىسىسى ئەڭ روشەن بولغان جاي لوپنور، ئۇنىڭدىن قالسا كۇچا، قەشقەر، كېرىيە، ئاتۇش كوسىراپ، قومۇلدۇر. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا بىرىنچى بوغۇمى «ئا» ياكى «ئە» دىن تۈزۈلۈپ، گىراماتىكىلىق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغاندا «ئا» ياكى «ئە» تاۋۇشلىرى «ئې» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدىغان سۆزلەردە، لوپنور دىيالېكتىدا سوزۇق تاۋۇشلار ئاجىزلاشماي ئەينەن ئوقۇلىدۇ. بۇ خىل ھادىسە كۇچا، قەشقەر، كېرىيە، ئاتۇش كوسىراپ، قومۇللاردىمۇ ئازدۇر ــ كۆپتۇر كۆرۈلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

B. سۆزلەر گىراماتىكىلىق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغاندا، سوزۇق تاۋۇشلاردا ئاجىزلىشىش كۆرۈلمەسلىك ئەھۋالى خوتەن گۇمىدا ۋە ئاتۇش كوسىراپتىمۇ گەۋدىلىكرەك.

**3.1.3 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش ھادىسىسىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدىكى ئىپادىسى**

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش تېمبىر جەھەتتە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ، ئارا سوزۇق تاۋۇش ياكى يۇقىرى سوزۇق تاۋۇشقا نۆۋەتلىشىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ھادىسە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىمۇ مەۋجۇت.

ئىملا قائىدىمىزدە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن:

«ئا» ياكى «ئە» دىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەر ياكى «ئا»، «ئە» بىلەن ئاياغلاشقان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە تۇرلىگۈچى ياكى ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇلغاندا، بىر بوغۇملۇق سۆزلەردىكى «ئا»، «ئە» ئاجىزلىشىپ «ئې» غا نۆۋەتلىشىدۇ؛ كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ئا» ياكى «ئە» تاۋۇشى ئاجىزلىشىپ «ئى» غا نۆۋەتلىشىدۇ.

مەسىلەن:

ئات +ئى 〈ئېتى، ئەت + ئىپ 〈ئېتىپ، مەن+ نىڭ 〈مېنىڭ، باش + ئىم 〈بېشىم، بالا+ غا 〈بالىغا، بالا+ لار\بالىلار، ئائىلە + ئى\ئائىلىسى...

لوپنور دىيالېكتىدىن باشقا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۆپلىگەن شېۋىلىرى بۇ قائىدىگە بويسۇنىدۇ. ئارىدا كۇچا، ئاقسۇ، خوتەن، تۇرپان ئاستانە قاتارلىق جايلاردا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى تېخىمۇ كۈچلۈكرەك. قەشقەر، تۇرپان (ئاستانىدىن باشقا جايلىرى) قاتارلىق جايلاردا بولسا، بەزىدە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى روشەن ئىپادىلەنسە، بەزىدە ئەكسىچە تار ياكى تارراق سوزۇق تاۋۇشلار كەڭ ياكى كەڭرەك سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن نۆۋەتلىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

1) ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا، بىرىنچى بوغۇمى «ئا» ياكى «ئە» دىن ئاجىزلىشىپ «ئې» غا نۆۋەتلەشكەن سۆزلەر، نۇرغۇن جايلاردا ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كېسەل | كېسەل | تۇر، قەش | 病 |
| كېپەك | كېپەك | تۇر، قەش | 麸子 |
| كېسەك | كېسەك | تۇر، قەش | 土块 |
| پېلەك | پېلەك | تۇر، قەش | 瓜秧 |
| كېكەچ | كېكەچ | تۇر، قەش | 结巴 |
| كېلەر | كېلە(ر) | تۇر، قەش | 来 |
| تېزەك | تېزەك | تۇر، قەش | 驴粪蛋 |
| كېنىزەك | كېنىزەك | تۇر، قەش | 侍女 |
| چېلەك | چېلەك | تۇر، قەش | 水桶 |
| شېرىن | شېرىن | تۇر | 甜蜜 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| شېرىك | شېرىك | تۇر | 伴 |

2) ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلدا، بىرىنچى بوغۇمى «ئا» ياكى «ئە» دىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەر تۈرلەنگەندە ياكى كەينىگە ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇلغاندا، نۇرغۇن يەرلىك شېۋىلەردىمۇ ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش، «ئا» ياكى «ئە» تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىپ «ئې» غا ئۆزگىرىشى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كەت ـ، كېتەر | كېتە\كېتۇر | قەش، تۇر | 也许回去 |
| يەت ـ، يېتىپ | يېتىپ | قەش، تۇر | 到达 |
| ئال ـ، ئېلىپ | ئېلىپ | قەش، تۇر | 拿 |
| باش ـ، بېشى | بېشى\بېششى | قەش، تۇر | 他的头 |
| بەر ـ، بېرىپ | بېرىپ | قەش، تۇر | 给 |
| جان ـ، جېنى | جېنى | قەش، تۇر | 他的命 |
| سەن ـ، سېنىڭ | سېنىڭ | قەش، تۇر | 你的 |
| بەل ـ، بېلىم | بېلىم \بېيلىم | قەش، تۇر | 我的腰 |
| مەن ـ، مېنىڭ | مېنىڭ | قەش، تۇر | 我的 |

3) كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى سوزۇق تاۋۇش «ئا»، «ئە» نىڭ ئاجىزلىشىش ھادىسىسىمۇ، يۇقىرىقى جايلاردا ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| دادىمىز | دادىمىز | قوم، تۇر، قەش | 我们的父亲 |
| تامىقىم | تامىغىم | قوم، تۇر | 我的饭 |
| تامىقىم | تامىقىم | قەش | 我的饭 |
| بالىسى | بالىسى | قوم، تۇر، قەش | 他的孩子 |
| تايىقى | تايىغى | قوم، تۇر | 他的棍子 |
| تايىقى | تايىقى | قەش | 他的棍子 |
| بالىلار | بالىلا: | قوم، تۇر | 孩子们 |
| ھەلىپى | ئەلىپى | قوم | 它的饲料 |

4) ھەتتا ئەدەبىي تىلدا بىرىنچى بوغۇمى «ئا»، «ئە» دىن تۈزۈلۈپ ئاجىزلاشمايدىغان نۇرغۇن سۆزلەر، تۇرپان ۋە باشقا بەزى جايلاردا «ئا» ۋە «ئە» تاۋۇشى ئاجىزلىشىپ «ئې» غا ئۆزگىرىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بەدەن | بېيدەن | قەش، تۇر، كەل | 身体 |
| ئاغىنە | ئېغىنە | قەش، تۇر، قوم | 朋友 |
| پەرىشتە | پېرىشتە | قەش، تۇر | 仙女 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| مەيدە | مېيدە | قەش، تۇر | 胸口 |
| لاچىن | لېچىن \ لىچىن | كەل، قۇم | 猎隼 |
| ياغاچ | يېغاش | قەش، تۇر | 木头 |
| ئامراق | ئېمراق | قەش، تۇر | 喜欢 |
| جايناماز | جېينىماز | قەش، تۇر | 礼拜毯 |
| چاچرىماق | چېچىرماق | قەش، تۇر | 溅、撒 |
| زەنجىر | زېنجىر | قەش، تۇر | 链子 |
| يەتتە | يېتتە | مەك، قۇم | 七 |
| قايسى | قېيسى | قۇم | 哪个 |
| ئاۋۇ | ئېۋۇ | قۇم | 那个 |
| ئاشۇنداق | ئېشناق \ ئېيناق | قۇم | 那样 |
| ئاندىن كېيىنزە | ئېكىزىزە | قۇم | 然后 |
| نارىن | نېرىن | كەل | 饭名 |
| شاگىرت | شېگىيت | كەل | 徒弟 |
| مەكتەپ | مېكتەپ | ئات | 学校 |
| كەتتى | كېتتى | تار | 他走了 |
| كەلدى | كېلدى | تار | 他来了 |
| كەكلىك | كېلىك | قۇم | 雪鸟 |
| رەسىم | رېسىم | كەل | 画 |
| مەيلى | مېيلى | مەك | 行，可以 |
| كەينى | كېينى | تار | 后面 |
| بەلەن | بېيلەن | تۇر | 好 |
| سەككىز | سېككىز | قۇم | 八 |
| جەينەك | جېينەك | قۇم | 胳膊肘 |

5) تۇرپاندا سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش «ئا»، «ئە» نىڭ «ئې» غا ئاجىزلىشىشى، باشقا جايلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك، ھەتتا كىشى ئىسىملىرىدىمۇ كۆپ كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال قەشقەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ھەنپە | ھېنىپە | قەش، تۇر | 艾尼帕 |
| مەلىكە | مېلىكە | قەش، تۇر | 麦丽开 |
| سەلىمە | سېلىمە | قەش، تۇر | 赛丽玛 |
| زەينەپ | زېينەپ | قەش، تۇر | 再娜莆 |
| پەرىزات | پېرىزات | تۇر | 帕丽扎提 |
| پەزىلەتگۈل | پېزلەتگۈل | تۇر | 帕孜来古丽 |
| ئامىنە | ئېمىنەم | تۇر | 阿米娜木 |
| جەمىلە | جېمىنەم | تۇر | 加米拉木 |

6) كەلىپىن، ئاتۇش كوسراپ قاتارلىق شېۋىلەردە، كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ كېيىنكى بوغۇملىرىدىكى سوزۇق تاۋۇش «ئا» ياكى «ئە» لەر، قوشۇمچە قوشۇلغاندا ئەدەبىي تىلدىكىدەك «ئى» غا ئاجىزلاشماي، كەڭرەك سوزۇق تاۋۇش «ئې» غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بالىسى | بالېسې | كەل، كوس | 他的孩子 |
| ئانىسى | ئانېسې | كەل، كوس | 他的母亲 |
| ئاچىسى | ئاچېسې | كەل، كوس | 他的姐姐 |
| قورسىقى | قوسېقې | كەل، كوس | 他的肚子 |
| كېچىسى | كېچېسې | كەل، كوس | 晚上 |
| ئاتا | ئاتېسې | كەل، كوس | 他的父亲 |
| ئاپا | ئاپېسې | كەل، كوس | 他的母亲 |
| ئاچىسى | ئاچېسې | كەل، كوس | 他的姐姐 |
| ئاكىسى | ئاكېسې | كەل، كوس | 他的哥哥 |

7) ئەدەبىي تىلدىكى بىرىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش «ئې» بولغان نۇرغۇن سۆزلەر، كەلپىن، ئاقسۇ، كۇچا، خوتەن، گۇما، يەكەن ۋە قومۇل قاتارلىق جايلاردا، «ئې» تېخىمۇ ئاجىزلىشىپ «ئى» غا نۆۋەتلىشىدىغان ھادىسە كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال خوتەن بىلەن گۇمىدا تېخىمۇ روشەن. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئېگىز | ئىگىز | ئاق، خوت، گۇم | 高 |
| ئېگەر | ئىگەر | ئاق، خوت، گۇم | 马鞍 |
| تېرەك | تىرەك | ئاق، خوت، گۇم | 杨树 |
| يېتىم | يىتىم | ئاق، خوت، گۇم | 孤儿 |
| تېكە | تىكە | يەك، خوت، گۇم | 种山羊 |
| بېلىق | بىلىق | يەك، خوت، گۇم | 鱼 |
| قېلىن | قىلىن | يەك، خوت، گۇم | 厚 |
| چېچەك | چىچەك | قوم، خوت، گۇم | 花骨朵 |
| يېنىك | يىنىك | قوم، خوت، گۇم | 轻的 |
| ئېتەك | ئىتەك | خوت، گۇم | 裙摆 |
| ئېشەك | ئىشەك | خوت، گۇم | 毛驴 |
| بېسىق | بىسىغ | خوت، گۇم | 压、多 |
| پېتىر مانتا | پىتى مانتۇ | خوت، گۇم | 薄皮包子 |
| چېلەك | چىلەك | خوت، گۇم | 水桶 |
| تېۋىپ | تىيىپ | خوت، گۇم | 中医 |
| كېپىنەك | كىپىنەك | خوت، گۇم | 蝴蝶 |
| كېزىك | كىزىگ | خوت، گۇم | 疟疾 |
| يېزا | يىزا | خوت، گۇم | 农村 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| كېيىن | كىيىن | خوت، گۇم | 以后 |
| كېچە | كىچە | خوت، كەل | 夜晚 |
| كېمە | كىمە | خوت، كەل | 船 |
| كېسەل | كىسەل | قوم، ئاق | 病 |
| نېمە | نىمە | قوم، كۇچ | 什么 |
| ئېڭەك | ئىڭگەك | قوم | 下巴 |
| بېھىش | بىيىش | قوم | 天堂 |
| خېلى | خىلا | لوپ | 相当 |
| دېھقان | دىخان | قوم | 农民 |
| كېپەك | كىۋەك | قوم | 麸子 |
| كېكەچ | كىكەش | قوم | 结巴 |
| كېلىن | كىلى | قوم | 媳妇 |
| ھېساب | يىساپ | قوم | 计算 |
| ھېكايە | يىكايە | قوم | 故事 |
| ھېمىت | يىمىت | قوم | 依米提（人名） |
| يېمىش | يىمىش | كەل | 干果 |

8) «ئا» ياكى «ئە» دىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە تۈرلىگۈچى ياكى ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇلغاندا، ئاقسۇ، خوتەن، كۇچا، گۇما قاتارلىق جايلاردا، «ئا» ياكى «ئە» ئەدەبىي تىلدىكىدەك «ئې» غا ئاجىزلاشماي، تېخىمۇ تار سوزۇق تاۋۇش «ئى» غا ئاجىزلىشىدۇ. قومۇلدا «ئا» بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەر «ئې» ياكى «ئى» غا، «ئە» دىن تۈزۈلگەن سۆزلەر بىردەك «ئى» غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بەل ـ بېلىم | بىلىم | خوت، قوم، يەك قوش | 我的腰 |
| باش ـ بېشىم | بىشى | قوم نوم، گۇم، ئاق | 我的头 |
| سەن ـ سېنى | سىنى | خوت، قوم، ئاق | 把你 |
| خان ـ خېنىم | خىنىم | قوم باي، ئاق | 小姐 |
| ئات ـ ئېتىم | ئىتىم | خوت، ئاق | 我的马 |
| چاچ ـ چېچىم | چىچىم | قوم نوم | 我的头发 |
| جان ـ جېنى | جىنى | كەل، ئاق | 他的命 |
| چەت ـ چېتى | چىتى | كۇچ | 它的边 |
| مەن ـ مېنىڭ | مىنىڭ | ئاق | 我的 |
| ئەن ـ ئېنى | ئىنى | قوم | 幅度 |
| يەل ـ يېلى | يىلى | قوم | 气，风 |
| گەپ ـ گېپى | گىپى | قوم | 他的话 |
| يەم ـ يېمى | يىمى | قوم | 它的饲料 |

9) ئەدەبىي تىلدا «ئا» ياكى «ئە» دىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق پېئىللار تۈرلەنگەندە، «ئا» ياكى «ئە» تاۋۇشىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ئاجىزلىشىش دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ: لوپنور، گۇما قاتارلىق جايلاردا «ئا» ياكى «ئە» ئاجىزلاشمايدۇ. بەزى جايلاردا «ئا» ياكى «ئە» ئەدەبىي تىلدىكىدەك «ئې» غا ئاجىزلاشسا (مەسىلەن، تۇرپان، پىچان، قەشقەر قاتارلىق

جايلاردا)، بەزى جايلاردا «ئى» غا ئاجىزلىشىدۇ (مەسىلەن، خوتەن، كەلپىن، ئاقسۇ، يەكەن قاتارلىق جايلاردا). قومۇلدا «ئا» دىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق پېئىللار تۈرلەنگەندە، «ئا» تاۋۇشى «ئې» ياكى «ئى» غا ئاجىزلاشسا، «ئە» دىن تۈزۈلگەن پېئىللار بىردەك «ئى» غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | خوتەن، قومۇللاردا | تۇرپان، پىچانلاردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كېتەي | كىتىي | كېتەي | 我回去吧 |
| بېرەر | بىيە \بىر\بىرۇر | بېرۇر | 会给的吧 |
| ئەت ـ، ئېتىمەن | ئىتىتمەن\ئىتمەن | ئېتىمە | 我做 |
| ئاچ ـ، ئېچىپ | ئىچىپ | ئېچىپ | 打开 |
| ئال ـ، ئېلىپ | ئىلىپ | ئەپ | 拿 |
| بەر ـ، بېرىپ | بىيىپ | بېرىپ | 给 |
| باس ـ، بېسىپ | بىسىپ | بېسىپ | 压 |
| باق ـ، بېقىپ | بىقىپ | بېقىپ | 养 |
| دېمە | دىمە | دېمە | 你别说 |
| كەت ـ، كېتىپ | كىتىپ | كېتىپ | 回去 |
| كەل ـ، كېلىمەن | كىلىتمەن\كىتمە\كىلىمە: | كېلىمە | 我来 |
| يەت ـ، يېتەر | يىت\يىتۇر | يېتۇر | 达到 |
| كەل ـ، كېلەر | كىلە\كىلۇر | كېلۇر | 会来吧 |
| ئاس ـ، ئېسىلدى | ئىسىلدى | ئېسىلدى | 挂 |
| كەل ـ، كېلىپتۇ | كىپتۇ | كېپتو | 他来了 |

ھەتتا «ئا»، «ئە» تاۋۇشى ئاجىزلاشمايدىغان بەزى بىر بوغۇملۇق پېئىللاردىمۇ، بەزى جايلاردا يۇقىرىقىدەك تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | خوتەن، قومۇللاردا | تۇرپان، پىچانلاردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| دە ـ، دەيدۇ | دىتۇ \دىيدو | دېدو | 他说 |
| دەي | دىي | دەي | 我说 |
| دەيلى | دىيلى \دىينى | دېنى | 我们说吧 |
| دەيمىز | دىيتمىز \دىيمىز | دېمىز | 我们要说 |
| دەۋالدىم | دىۋالدىم | داۋالدىم | 我说了 |
| يەيدۇ | يىيتۇ \يىيدۇ | يېدو | 他要吃 |
| يەيلى | يىيلى \يىينىڭ | يېنى | 我们吃吧 |
| يەۋالدى | يىۋالدى | ياۋالدى | 他吃了 |
| چەيلە ـ | چىيلە ـ | چېيلە ـ | 揉；践踏 |
| ئىشلەيدۇ | ئىشلىيتۇ | ئىشلەيدۇ | 工作 |
| تۆلەيلى | تۆلىيلى | تۆلەيلى | 我们赔吧 |

تۇرپان ئاستانىدىمۇ بىر بوغۇملۇق سۆزلەردىكى «ئا» ياكى «ئە» تاۋۇشلىرى، تۇرپاندىكىدەك «ئې» غا ئاجىزلاشماي، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكىدەك «ئى» غا ئاجىزلىشىدىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

10) پىچان لۈكچۈن، خوتەن، يەكەن، قومۇل قاتارلىق جايلاردا ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن پېئىللار تۈرلەنگەندە، سۆزنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشتا ئاجىزلىشىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ، يەنى «ئە» تاۋۇشى «ئى» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئىشلەيدۇ | ئىشلىيتۇ | چىرا، خوت | 他工作 |
| بەرمەيمەن | بە:مىيتمەن | چىرا، خوت | 我不给 |
| بىلمەيمىز | بىلمىيمىز | موغال، لۈك | 我们不知道 |
| بېرەي | بىيي | يەك، خوت | 我给吧 |
| دېمەي | دىمىي | يەك، خوت | 我不说吧 |
| سۆزلىمەيمەن | سۆزلىمىيمەن | قوم نوم | 我不说 |
| سۆزلەيلى | سۆزلىينىڭ | قوم نوم | 我们说吧 |
| سەكرەيدۇ | تەكلىيدۇ | قوم نوم | 他要跳 |
| بەرمەيمەن | بە:مىيمە | لۈك | 我不给 |
| دېمەي | دېمىي | لۈك | 我不说吧 |
| كەتمەيمەن | كەتمىيمەن | لۈك | 我不回去 |
| كەلمەيدۇ | كەمىيدۇ | لۈك | 他不会来 |
| دېمەيمەن | دېمىيمەن | لۈك | 我不说 |
| يېمەيمەن | يېمىيمەن | لۈك | 我不吃 |
| كىرگۈزمەيتتۇق | چىگۈزمىيتتۇق | موغال | 我们不会让进 |
| كېتەي | كىتىي | قوم | 我回去吧 |
| كەلگەي | كە:گىي | قوم | 希望他来 |
| كەلمەي | كە:مىي | قوم | 我不来吧 |

11) ئەدەبىي تىلدا «ئو، ئۇ» ياكى «ئۆ، ئۈ» دىن تۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى كەڭ سوزۇق تاۋۇش «ئو»، «ئۆ» لەر لوپنۇر، خوتەن (گۇمىدىن باشقا جايلىرىدا)، يەكەن، ئاقسۇ، تۇرپان ئاستانە قاتارلىق جايلاردا ئاجىزلىشىپ تار سوزۇق تاۋۇش «ئۇ»، «ئۈ» لەرگە نۆۋەتلىشىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئوغۇل | ئۇغال | خوت، يەك | 男孩 |
| ئوغۇل | ئۇغۇل | ئاق | 男孩 |
| ئويۇن | ئۇيان | خوت، يەك | 游戏 |
| ئويۇن | ئۇيۇن | ئاق | 游戏 |
| ئۆتۈك | ئۈتەك | خوت، يەك | 靴子 |
| ئۆتۈك | ئۈتۈك | ئاق | 靴子 |
| بوغۇز | بۇغاز | خوت، يەك | 咽喉；饲料 |
| بوغۇز | بۇغۇز | ئاق | 咽喉；饲料 |
| بۆشۈك | بۈشۈك | خوت، يەك، ئاق | 摇床 |
| بوسۇغا | بۇسۇغا | خوت، ئاق، تۇرئاس | 门槛 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| قوغۇن | قۇغۇن | خوت، قەش، ئاق | 甜瓜 |
| توخۇ | تۇخا | خوت، يەك | 鸡 |
| توكۇر | تۇكا | خوت، يەك | 瘸子 |
| تومۇر | تۇمۇ | خوت، ئاق | 血管 |
| تۆشۈك | تۇشۇك | خوت، ئاق | 洞口 |
| ھورۇن | ھۇرۇن | خوت، ئاق | 懒惰 |
| ئوتۇن | ئۇتۇن | ئاق | 木柴 |
| ئوتۇن | ئۇتان | خوت | 木柴 |
| توشقان | تۇشقان | خوت، لوپ | 兔子 |
| چۆممەك | چۇممەك | لوپ، تۇرئاس | 浸入、埋没 |
| مۆشۈك | مۇشۇگ | لوپ | 猫 |
| مۆشۈك | مۇشۇك | ئاق | 猫 |
| مۆكمەك | مۇكمەك | لوپ، ئاق | 躲藏 |
| ھوسۇل | ھۇسۇل | لوپ، ئاق | 收获 |
| تۆمۈرچى | تۇ:مۇچى | خوت | 打铁匠 |
| كۆمۈر | كۇمە: | خوت | 煤 |
| ئوقۇ - | ئۇقۇ - | لوپ | 读 |
| ئۆرۈمەك | ئۇرۇمەك | لوپ | 推倒 |
| چۆرۈ - | چۇرۇ - | لوپ | 摇、扔、摔 |
| سوغۇق | سۇ:ق | لوپ | 冷 |
| سۆيۈنمەك | سۇيۇنمەك | لوپ | 高兴 |
| قورۇماق | قۇرۇماق | لوپ | 炒 |
| نور | نۇ: | لوپ | 流水槽 |
| ئوتتۇرا | ئۇتتۇ | كەل | 中间 |

بىرىنچى بوغۇمى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش «ئو»، ئىككىنچى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن سۆزلەردە، يۇقىرىقى جايلاردا يەنىلا «ئو» تاۋۇشى «ئۇ» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| سورا - | سۇرا - | لوپ، قوم | 询问 |
| ئوسال | ئۇسال | لوپ | 拙；缺德 |
| ئولاشماق | ئۇلاشماق | لوپ | 围，聚集 |
| بوۋا | بۇۋا | قوم | 爷爷 |
| توپا | تۇپا | خوت | 土 |
| تۇزاق | تۇزاق | لوپ | 捕兽夹；陷井 |
| دوپپا | دۇپپا | قوم | 花帽 |
| روجەك | رۇجەك | كەل | 窗洞，木棂 |
| رومال | رۇمال | لوپ | 头巾 |
| سوئال | سۇئال | لوپ | 问题 |
| سودا | سۇدا | لوپ | 贸易 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| سوۋغا ـ سالام | سوُ:غا ـ سالام | لوپ | 礼物 |
| غوزا | غوُزا | خوت | 棉桃 |
| غونجىن | غوُناجىن | لوپ | 母牛犊 |
| قوپال | قوُپال | خوت، ئاق | 粗鲁 |
| قوتۇر | قوُتا: | خوت | 瘦 |
| قوناق | قوُناق | خوت، ئاق | 高粱 |
| مورا | موُرا | خوت، ئاق | 烟囱 |
| موزاي | موُزاي | خوت | 牛犊 |

بىرىنچى بوغۇمى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش «ئۆ»، ئىككىنچى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن سۆزلەردە، يۇقىرىقى جايلاردا «ئۆ» تاۋۇشى «ئوُ» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئۆمەك | ئوُمەك | خوت، قەش، ئاق | 团队 |
| بۆرە | بوُرە | خوت، قەش، ئاق | 狼 |
| تۆۋەن | توُۋەن | خوت، يەك، ئاق | 低、下 |
| ئۆگەي | ئوُگەي | خوت، يەك | 后（爹娘） |
| سۆگەت | سوُگەت | خوت، يەك | 柳树 |
| كۆتەك | كوُتەك | خوت، يەك | 树墩子 |
| چۆرە | چوُرە | لوپ | 周围 |
| چۆنەك | چوُنەك | خوت | 垄沟 |
| كۆسەي | كوُسەي | كەل | 拨火棍 |
| كۆشمەك | كوُشمەك | لوپ | 反刍、咀嚼 |

لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەر تۈرلەنگەندە، يۇقىرىقى جايلاردا، كەڭرەك لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش يەنىلا تارراق سوزۇق تاۋۇشقا ئاجىزلىشىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كۆرۈڭ | كوُروُڭ | ئاق | 您看 |
| كۆرۈڭ | كوُيەڭ | خوت، يەك | 您看 |
| كۆزى | كوُزى | خوت، يەك، ئاق | 他的眼睛 |
| كۆزۈم | كوُزەم | خوت، يەك | 我的眼睛 |
| كۆزۈم | كوُزوُم | ئاق | 我的眼睛 |
| كۆپۈپ | كوُۋەپ | كەل | 胀 |
| كۆپۈپ | كوُپوُپ | ئاق | 胀 |
| قوپۇپ | قوُپاپ | خوت، يەك | 起来 |
| يولىدا | يوُلىدا | ئاق | 在路上 |

(12) بەزى جايلاردا بىرىنچى بوغۇمى «ئا» دىن تۈزۈلگەن تەقلىد سۆزلەردە، «ئا» تاۋۇشى «ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| خەنزۇچە | جايى | شىۋدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|---|---|
| 嗡嗡 | يوپ | ۋىڭىلدا ـ | ۋاڭىلدا ـ |
| 闪烁 | يوپ | پىلىلدا ـ | پالىلدا ـ |

(13) جەنۇبىي شىنجاڭغا تەۋە جايلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك، مەسىلەن، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، كورلا قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە، ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلغاندىن كېيىن يەنە باشقا قوشۇمچە قوشۇلسا، «لار لەر» قوشۇمچىسى ئاجىزلىشىپ، «لى» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| خەنزۇچە | جايى | شىۋىلەردە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|---|---|
| 向干部们 | قەش، خوت ... | كادىرلىدىن | كادىرلاردىن |
| 向我们 | قەش، خوت ... | بىزلىگە | بىزلەرگە |
| 房子的 | قەش، خوت ... | ئۆيلىنىڭ | ئۆيلەرنىڭ |

شۇنىڭدەك پېئىللارنىڭ تەكرار ئۆتكەن زامان شەكلىدىمۇ، بۇ خىل فونېتىكىلىق ھادىسە پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدە كۆرۈلىدۇ (تۇرپان، پىچان، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا بۇ خىل ھادىسە يوق). تۇرپان، پىچانلاردا پېئىلنىڭ بۇ خىل شەكلى مەۋجۇت ئەمەس، ئۇنىڭ ئورنىدا «بارىدىغىنىدى، كېلىدىغىنىدى، كۆرىدىغىنىدى» دېگەندەك شەكىل قوللىنىلىدۇ (بۇ نۇقتا كىتابنىڭ گىراماتىكا قىسمىدا يەنە سۆزلىنىدۇ). مەسىلەن:

| خەنزۇچە | شىمالىي شىنجاڭدا | جەنۇبىي شىنجاڭدا | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|---|---|
| 他常去 | باراتتى | بايتتى\بارىتتى | باراتتى |
| 他常来 | كېلەتتى | كېلىتتى | كېلەتتى |
| 他常看 | كۆرەتتى | كۆرىتتى | كۆرەتتى |

**قىسقىچە خۇلاسە:**

A. ئەدەبىي تىلدا بىرىنچى بوغۇمى «ئې» غا ئاجىزلىشىدىغان سۆزلەر تۇرپان، قەشقەر، قومۇل، كەلپىن قاتارلىق جايلاردىمۇ ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش ئاجىزلىشىدۇ ھەمدە سۆزنىڭ كەينىگە قوشۇمچە قوشۇلغاندىمۇ، «ئا» ياكى «ئە» تاۋۇشى بۇ جايلاردا «ئې» غا ئاجىزلىشىدۇ. تۇرپان شېۋىسىدە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى تېخىمۇ كۈچلۈكرەك. بەزى ئەدەبىي تىلدا بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشى «ئې» غا ئاجىزلاشمايدىغان سۆزلەر، تۇرپاندا يەنىلا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن، «زەينەپ-زېينەپ، مەيدە-مېيدە» دېگەندەك. بولۇپمۇ كىشى ئىسىملىرىدا بۇ خىل ھادىسە تېخىمۇ روشەن. مەكىت، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردا بەزى سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى ئاجىزلىشىپ، «ئې» تاۋۇشىغا قارىغاندا سەل كەڭرەك [E] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن، «مەن ـ مېن، كەتتى ـ كېتتى» دېگەندەك. بۇ خىل ھادىسە قەشقەرنىڭ يەكەن دېگەندەك بەزى ناھىيەلىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ.

B. كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئا، ئە» لەر كەلپىن، ئاتۇش



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كوسىراپ شېۋىلىرىدە، ئەدەبىي تىلدىكىدەك «ئى» غا ئاجىزلاشماي، «ئې» غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن، «ئاپا ـ ئاپېسى، ئاچا ـ ئاچېسى» دېگەندەك.

C. بىرىنچى بوغۇمى «ئې» دىن تۈزۈلگەن سۆزلەردىكى «ئې» تاۋۇشى كەلپىن، ئاقسۇ، كۇچا، قومۇل، خوتەن، يەكەن، گۇما ۋە تۇرپان ئاستانە قاتارلىق جايلاردا تارىيىپ «ئى» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «قېلىن ـ قىلىن، كېچە ـ كىچە» دېگەندەك.

D. ئەدەبىي تىلدا بىرىنچى بوغۇمى «ئا، ئە» دىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا، «ئا، ئە» گۇما، ئاقسۇ، خوتەن، كەلپىن قاتارلىق جايلاردا، ئەدەبىي تىلدىكىدەك «ئې» غا ئاجىزلاشماي، «ئى» غا ئاجىزلىشىدۇ. قومۇلدا «ئا» تاۋۇشى «ئې» غا، «ئە» تاۋۇشى «ئى» غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن، «ئېلىپ ـ ئىلىپ، كېتىپ ـ كىتىپ» دېگەندەك. پېئىللاردىمۇ شۇنداق.

E. خوتەن، پىچان لۈكچۈن قاتارلىق جايلاردا، ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن پېئىللار تۈرلەنگەندە، ئىككىنچى بوغۇمدىكى «ئە» تاۋۇشى «ئى» غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن، «كەلمەيدۇ ـ كەمىيدۇ، كەتمەيدۇ ـ كەتمىيدۇ» دېگەندەك.

F. «ئو، ئۇ» ياكى «ئۆ، ئۈ» دىن تۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى كەڭ سوزۇق تاۋۇشلار، ئاقسۇ، خوتەن (گۇمىدىن باشقا)، لوپنور قاتارلىق جايلاردا تارىيىپ «ئۇ» ياكى «ئۈ» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن، «ئوروق ـ ئۇرۇق، ئۆرۈك ـ ئۈرۈك» دېگەندەك. بىرىنچى بوغۇمى لەۋلەشكەن، ئىككىنچى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەردىمۇ، يۇقىرىقى ھادىسە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، «تۆۋەن ـ تۈۋەن، سۆگەت ـ سۈگەت» دېگەندەك.

G. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئورتاق بىر ھادىسە، كۆپلۈك بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەرنىڭ كەينىگە يەنە قوشۇمچە قوشۇش توغرا كەلسە، «لار، لەر» دىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى بىردەك «ئى» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن، «باللاردا ـ باللىدا، باللارنىڭ ـ باللىنىڭ» دېگەندەك. شۇنىڭدەك پېئىللارنىڭ تەكرار ئۆتكەن زامان شەكلىدىكى «ئا، ئە» مۇ «ئى» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن، «كۆرەتتى ـ كۆرىتتى، باراتتى ـ بارىتتى» دېگەندەك.

### 2. 3 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، پارتلىغۇچى تاۋۇشلار ياكى پارتلىغۇچى ـ سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلار سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش، دىماق تاۋۇش، يان تاۋۇش ۋە تىترىگۈچى تاۋۇشلارغا قارىغاندا كۈچلۈك تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ. كۈچلۈك ئۈزۈك تاۋۇشلار ئاجىز ئۈزۈك تاۋۇشلارغا نۆۋەتلەشسە، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى دېيىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى، ئادەتتە پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇش ۋە پارتلىغۇچى ـ سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇشقا؛ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشقا نۆۋەتلىشىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسىدە، پارتلىغۇچى ـ سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش «ج، چ» ۋە پارتلىغۇچى تاۋۇش «ك، ق» لار سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم ئاخىرىسىدا كەلگەندە، ئاجىزلىشىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «ژ، ش» ۋە «ڮ[①]، خ» لارغا

① «ڮ» تاۋۇشى ئەسلىدە تىل ئۈستى كەينى جاراڭسىز پارتلىغۇچى تاۋۇش بولۇپ، بۇ يەردىكى «ڮ» بەلگىسى تىل ئۈستى كەينى جاراڭسىز سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش، يەنى خەلقئارالىق تىرانسكرىپسىيەدىكى [ ç] تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

نۆۋەتلىشىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق قائىدە بېكىتىلگەن. بۇ قائىدە مۇنداق:

پارتلىغۇچى ـ سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش «ج، چ» ۋە پارتلىغۇچى تاۋۇش «ك، ق» لار سۆز ئاخىرىدا ياكى سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەندە، «ج» تاۋۇشى «ژ» غا، «چ» تاۋۇشى «ش» غا، «ك» تاۋۇشى «ك̱» گە، «ق» تاۋۇشى «خ» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن، «باج»، «ۋىجدان»، «ئەجداد» دېگەن سۆزلەر «باژ»، «ۋىژدان»، «ئەژدات» دەپ؛ «ئۆچكە»، «كۈچلۈك»، «ئاچقۇچ» دېگەن سۆزلەر «ئۆشكە»، «كۈشلۈك»، «ئاشقۇش» دەپ؛ «سەكسەن»، «كەكلىك»، «كېرەكلىك» دېگەن سۆزلەر «سەك̱سەن»، «كەك̱لىك»، «كېرەك̱لىك» دەپ؛ «ئىقتىساد»، «ئوقتۇرۇش»، «ئاقسۇ» دېگەن سۆزلەر «ئىختىسات»، «ئوختۇرۇش»، «ئاخسۇ» دەپ ئوقۇلىدۇ. يۇقىرىقى مىساللاردىكى «ج، چ» ۋە پارتلىغۇچى تاۋۇش «ك، ق» لار سۆز ئاخىرى ياكى بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەندە نۆۋەتلەشكەن «ژ، ش، ك̱، خ» قاتارلىق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلاردۇر.

يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلەردىكى ئاجىزلىشىش ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ. بۇ تاۋۇشلاردىن باشقا يەنە بەزى تاۋۇشلارمۇ دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ئاجىزلىشىشى مۇمكىن. بۇلار ئۈستىدە بىز تۆۋەندە كونكرېت توختىلىمىز.

بۇ يەردە تەكىتلەشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر مەسىلە شۇكى، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشىنىڭ بىرىنچى قەدىمى. كۆپلىگەن ئۇزۇك تاۋۇشلار چۈشۈپ قېلىشتىن بۇرۇن، ئاجىزلىشىشتەك بىر جەريانىنى ئۆتكۈزىدۇ. مەسىلەن، تۇرپان شېۋىسىدە «ئىبرايىم» دېگەن كىشى ئىسمى، بەزى ۋاقىتتا «ئىۋرايىم» دەپ ئوقۇلسا، بەزىدە «ئۇرايىم» دەپلا ئوقۇلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بوغۇم كەينىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش «ب» ئالدى بىلەن «ۋ» غا ئاجىزلىشىدۇ، ئاندىن داۋاملىق ئاجىزلىشىش نەتىجىسىدە بىراقلا چۈشۈپ قالىدۇ.

### 3.2.1 «ج» تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەلەپپۇز قائىدىسى بويىچە قارىغاندا، «ج» تاۋۇشى سۆز ئاخىرىسى ياكى سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم كەينىدە كەلگەندە ئاجىزلىشىپ، سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش «ژ» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. بۇ خىل ھادىسە قەشقەر، خوتەنلەردە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| باج | باژ | قەش، قوم، خوت | 税 |
| كاج | كاژ | قەش، قوم | 拗、固执 |
| تاج | تاژ | قوم | 皇冠 |
| گەج | گەژ | قەش | 石膏 |
| خەجلە ـ | خەژلە ـ | قەش | 花（钱） |
| ئەجدىھا | ئەژدەرھا | قەش | 龙 |
| ئەجداد | ئەژدات | قەش | 先辈 |
| مەجنۇنتال | مەژنۇنتال | قەش | 垂柳 |
| ئىجتىمائىي | ئىژتىمائىي | قەش | 社会的 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| مەجبۇرلۇق | مەژبۇيلۇق | خوت | 强迫 |

لېكىن، بەزى جايلاردا سۆز ئاخىرىسى ياكى سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم كەينىدە كەلگەن «ج» تاۋۇشى «ژ» غا نۆۋەتلەشمەي، «ش» ياكى «ي» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كاج | كاش | تۇر، قوم | 拗、固执 |
| كاجلىق | كاشلىق | تۇر | 执拗的、固执的 |
| خەجلە ـ | خەشلە ـ | تۇر | 花（钱） |
| بەتخەج | بەتخەش | تۇر | 奢侈、大手大脚 |
| ئەجدىھا | ئەيدىرھا | تۇر | 龙 |
| مەجلىس | مەيلىس | لوپ، قەش | 会议 |

قىسقىچە خۇلاسە:

«ج» تاۋۇشىنىڭ «ژ» غا نۆۋەتلىشىشى ئاساسەن قەشقەر، قومۇلدا كۆرۈلىدۇ؛ سۆز ئاخىرىدا «ش» غا نۆۋەتلىشىشى تۇرپاندا كۆرۈلىدۇ.

### 3.2.2 «چ» تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەلەپپۇز قائىدىسى بويىچە قارىغاندا، «چ» تاۋۇشى سۆز ئاخىرى ياكى سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم كەينىدە كەلگەندە ئاجىزلىشىپ، سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش «ش» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. بۇ خىل ھادىسە خوتەن، تۇرپان، ئاقسۇ، غۇلجا، قومۇللاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كۆچكەن | كۆشكەن | قوم، خوت، تۇر | 搬了的 |
| چاچ | چاش | قوم، خوت، تۇر | 头发 |
| ئىچ ـ | ئىش ـ | قوم، خوت، تۇر | 你喝 |
| چۆمۈچ | چۆمۈش | قوم، تۇر | 舀水勺 |
| كۈچلۈك | كۈشلۈق | قەش، خوت | 有力的 |
| ئۈچ جان | ئۈشجان | قوم، خوت، تۇر | 三口人 |
| كەچتە | كەشتە | لوپ، قوم، خوت | 晚上 |
| ئاچماق | ئاشماق | لوپ، خوت | 打开 |
| كالاچ | كالاش | قوم، خوت، تۇر | 套鞋 |
| ئۇچ ـ | ئۇش ـ | قوم، خوت، تۇر | 飞 |
| قاقاچ | قاقاش | تۇر | 痂 |
| قاقاچ | قەقەش | ئاق | 痂 |
| كېكەچ | كىكەش | ئاق | 结巴 |
| قاچ ـ | قاش ـ | تۇر، ئاق | 你逃吧 |
| ئۈچ | ئۈش | قەش | 三 |
| غاچ ـ غۇچ | غاش ـ غۇش | تۇر | 象声词 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| چىچقاق | چىشقاق | تۇر | 爱拉稀的 |
| ئۇماچ | ئۇماش | تۇر | 糊糊 |
| ئىچكىلى | ئىشكىلى | تۇر، ئاق، غۇل | 喝的 |

لېكىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايلىرىدا «چ» تاۋۇشى بوغۇم ئاخىرىسىدا كەلگەن تەقدىردىمۇ، سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشقا ئاجىزلاشماي ئەينەن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاچقۇچ | ئاچقۇ | پاخ | 钥匙 |
| كۆچمە ـ | كۆچمە ـ | پاخ | 你别搬 |
| قوچقار | قوچقا | پاخ | 种羊 |
| قۇشقاچ | قۇچقاچ | پاخ | 麻雀 |
| ئۆچكە | ئۆچكە | پاخ | 山羊 |
| كۈچ | كۈچ | قەش | 力量 |
| چاشقان | ساچقان | ئات، قەش | 老鼠 |
| چىچقاق | سىچقاق | مەكىت | 爱拉稀的 |

**قىسقىچە خۇلاسە:**

«چ» تاۋۇشىنىڭ سۆز ياكى بوغۇم ئاخىرىدا «ش» غا نۆۋەتلىشىشى ئاساسەن تۇرپان، خوتەن، ئاقسۇ ۋە قومۇلدا كۆرۈلىدۇ؛ «چ» تاۋۇشى ھەرقانداق چاغدا ئەينەن ئېيتىلىدىغان شېۋىلەر ئاساسەن پاخپۇ شېۋىسى ۋە قەشقەر، ئاتۇش شېۋىلىرىدۇر.

### 3.2.3 «ك» تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىششى

«ك» تاۋۇشى سۆز ئاخىرىدا كەلگەندە ئەدەبىي تىلىمىزدا يەنىلا «ك» ئوقۇلۇپ، تاۋۇش ئۆزگىرىش ھاسىل قىلمايدۇ. لېكىن، ئاتۇش، خوتەن، كېرىيە قاتارلىق جايلاردا بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ك» تاۋۇشى ئاجىزلىشىپ، تىل ئۇستى كەينى جاراڭلىق سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش «گ̱» ① بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تىرىك | تىرىگ̱ | ئات | 活的 |
| ئەللىك | ئېللىگ̱ | ئات | 五十 |
| ئۆردەك | ئۆردۆگ̱ | لوپ | 鸭子 |
| مۈشۈك | مۈشۈگ̱ | لوپ | 猫 |

خوتەن، قەشقەر، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردا، «ك» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ كەينىگە، سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، «ك» تاۋۇشى ئاجىزلاشمايدۇ؛ لېكىن، تۇرپان، قومۇل، ئاقسۇ، لوپنورلاردا ئاجىزلىشىپ، تىل ئۇستى كەينى جاراڭلىق سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش «گ̱» غا نۆۋەتلىشىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

① «گ̱» تاۋۇشى ئەسلىدە تىل ئۇستى كەينى جاراڭلىق پارتىلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ بەلگىسى بولۇپ، بۇ يەردىكى «گ̱» تىل ئۇستى كەينى جاراڭلىق سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇش، يەنى خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيەدىكى [ ʝ ] تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كىرپىكىڭ | كىرپىگىڭ | قوم، تۇر، ئاق | 你的眼睫毛 |
| چەينىكى | چاينىگى\چەينىگى | لوپ، تۇر | 他的茶壶 |
| تېرىكى | تېرەگى | لوپ | 他的杨树 |
| چېلىكى | چېلىكى | خوت، قەش | 他的水桶 |
| چېلىكىم | چېلىكىم | خوت، قەش | 我的水桶 |
| ئېشىكىم | ئىشىكەم | خوت، قەش | 我的毛驴 |
| چېلىكىڭ | چىلىكەڭ | خوت، قەش | 你的水桶 |
| ئۆتۈكۈڭلار | ئۆتىكەڭلا | خوت، قەش | 你们的靴子 |

«ك» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە «ل» ياكى «ر» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا «ك» تاۋۇشى ئاجىزلىشىپ، تىل ئۇستى كەينى سىيرىلاڭغۇ جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش «گ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. تۇرپاندا بولسا ئاجىزلىشىپ، تىل ئۇستى كەينى سىيرىلاڭغۇ جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش «ك» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تەنتەكرەك | تەنتەگرەك | قەش | 稍轻佻的 |
| تۈزۈكرەك | تۈزۈگرەك | قەش | 好一点儿的 |
| ئېشەكلىك | ئېشەگلىك | قەش | 骑着毛驴的 |
| ئېتەكلىك | ئېتەگلىك | قەش | 有裙摆的 |
| تۈزۈكرەك | تۈزۈگاراق | تۇر | 好一点儿的 |
| تەنتەكرەك | تەنتەگاراق | تۇر | 稍轻佻的 |
| ئېشەكلىك | ئېشەكلىك | تۇر | 骑着毛驴的 |
| ئېتەكلىك | ئېتەكلىك | تۇر | 有裙摆的 |

قىسقىچە خۇلاسە:

A. «ك» تاۋۇشى بوغۇم ئاخىرىدا جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش «گ» غا ئاجىزلىشىدىغان ھادىسە قەشقەر، خوتەنلەردە مەۋجۇت.

B. «ك» تاۋۇشى خوتەن، قەشقەر، ئاتۇشلاردا ۋە لوپنوردا سۆز كەينىدە «گ» تاۋۇشى بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ.

C. «ك» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان تەركىبلەر قوشۇلغاندا، تۇرپان، لوپنور ۋە ئاقسۇلاردا «ك» تاۋۇشى «گ» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ؛ قەشقەر، خوتەن، ئاتۇشلاردا ئاجىزلاشمايدۇ.

D. «ك» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە «ل» ۋە «ر» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان تەركىبلەر قوشۇلغاندا، تۇرپاندا «ك» تاۋۇشى «ك» غا، قەشقەرلەردە «گ» غا ئاجىزلىشىدۇ.

### 3.2.4 «گ» تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىششى

«گ» تاۋۇشى سۆز ئاخىرىدا ياكى بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەندە، ھەممە جايلاردا دىگۇدەك

ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش ئاجىزلىشىپ، تىل ئۈستى كەينى جاراڭلىق سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇش «گ» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| خەنزۇچە | شېۋىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|---|
| 扣子 | تۇگمە | تۈگمە |
| 细面条 | ئۈگرە | ئۈگرە |
| 沙枣 | جىگدە | جىگدە |
| 包（饺子等） | تۈگ ـ | تۈگ ـ |
| 碰 | تەگ ـ | تەگ ـ |

ھەتتا بەزى جايلاردا، مەسىلەن، خوتەندە سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم كەينىدە كەلگەن «گ» تاۋۇشى تېخىمۇ ئاجىزلىشىپ، «ي» تاۋۇشى بىلەن نۆۋەتلىشىدىغان ھادىسىلەرمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| خەنزۇچە | جايى | شېۋىلەردە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|---|---|
| 像你似的 | خوت | سەندەي \ سەندەگ | سەندەك |
| 像我似的 | خوت | مەندەي\ مەندەگ | مەندەك |
| 拉条子（饭名） | خوت | لەيمەن\ لەگمەن | لەڭمەن |
| 拉条子（饭名） | تۇر | لەگمەن | لەڭمەن |

بۇ خىل ھادىسىنى دىۋاندىكى بەزى سۆزلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ ھازىرغىچە كېلىش جەريانىدىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، دىۋاندىكى كۆكەگۈن (2 ـ 418) دېگەن سۆز ھازىر «كۆكۈيۈن» (牛虻) دەپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدا «گ» تاۋۇشى «ي» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقانلىق ھادىسىسى كۆرۈلگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا «دۆ» دېگەن سۆز ئاقسۇدا «بۆ» (壁钱) دېيىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ دىۋاندىكى «بۆگ» (3 ـ 180) ياكى «بۆي» (3 ـ 192) دىن كەلگەنلىكى ئېنىق. دېمەك، ئەينى بىر مەنىنىڭ دىۋاندا ئىككى خىل شەكىلدە ئىپادىلەنگەنلىكىدىن، يۇقىرىقى يەكۈننىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ.

### 3.2.5 «ق» تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى

سۆز ئاخىرى ياكى سۆز تەركىبىدە بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «ق» تاۋۇشى نۇرغۇن جايلاردا ئەدەبىي تىلدىكىدەك ئاجىزلىشىپ، تىل تۈۋى جاراڭسىز سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش «خ» غا نۆۋەتلىشىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال، بولۇپمۇ تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلاردا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| خەنزۇچە | جايى | شېۋىلەردە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|---|---|
| 流了 | لوپ، خوت | ئاختى | ئاقتى |
| 警察 | لوپ | ساخچى | ساقچى |
| 我的智慧 | خوت | ھاخلىم | ئەقلىم |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاقلا ـ | ئاخلا ـ | قوم، خوت، تۇر | 剥皮 |
| ئاقسا ـ | ئاخسا ـ | خوت، غۇل، تۇر، ئاق | 如果流了 |
| تاراقلا ـ | داراخشى ـ | خوت | 敲击声 |
| ئوغلاق | ئو:لاق\ئو:لاخ | قوم | 羊羔子 |
| ياماق | ياماخ | قوم | 补丁 |
| ساق | ساخ | تۇر | 健康 |
| ئوقتەك | ئوختەك | تۇر، ئاق، غۇل | 像飞弹 |
| ئۇقتۇرۇش | ئۇختۇرۇش | ئاق، تۇر، غۇل | 你知道了 |
| قاق | قاخ | غۇل | 果干 |
| تاقاق | تاقاخ | تۇر | 关着 |
| پالاقشى ـ | پالاخشى ـ | تۇر | 忙上忙下 |
| يوقسۇل | يوخسۇل | غۇل، تۇر، ئاق | 贫穷的 |
| توقسان | توخسە | قوم | 九十 |
| باقتۇق | باختۇق | غۇل، تۇر، ئاق | 我们看护了 |
| توقلا ـ | توخلا ـ | قوم، خوت، تۇر | 你吃饱吧 |

لېكىن، قاغىلىق پاخپۇ تەلەپپۇزىدا، يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدا «ق» ئاجىزلاشماي ئەينەن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

| **ئەدەبىي تىلدا** | **پاخپۇ تەلەپپۇزىدا** | **خەنزۇچە** |
|---|---|---|
| ساقلا ـ | ساقلا ـ | 你等吧 |
| توقلا ـ | توقلا ـ | 你吃饱吧 |
| يوقسۇل | يوقسۇل | 贫穷的 |

يۇقىرىقى ئەھۋالدىن باشقا، ئاتۇش، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا سۆز ئاخىرىسىدىكى «ق» تاۋۇشىنىڭ «غ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدىغان ھادىسىلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| **ئەدەبىي تىلدا** | **شېۋىلەردە** | **جايى** | **خەنزۇچە** |
|---|---|---|---|
| سېرىق | سېرىغ | ئات، قەش، خوت | 黄的 |
| قۇرۇق | قۇرۇغ | ئات، قەش، خوت | 干的，空的 |
| قىزىق | قىزىغ | ئات، قەش، خوت | 热的，热闹的 |
| ئىسسىق | ئىسسىغ | ئات، قەش، خوت | 热的 |
| تۇماق | تۇماغ | ئات، قەش، خوت | 皮帽 |
| قانداق | قانداغ\قايداغ | ئات، قەش، خوت | 怎样的 |
| تېرىق | تېرىغ | ئات، قەش، خوت | 小米 |
| چىراغ | چىراغ | ئات، قەش، خوت | 灯 |
| تاتلىق | تاتلىغ | ئات، قەش، خوت | 甜的 |
| ئاچچىق | ئاچچىغ | ئات، قەش، خوت | 苦的，辣的 |
| بوياق | بوياغ | ئات، قەش، خوت | 染料 |

لېكىن، بۇنداق سۆزلەرنىڭ كەينىدىكى «ق» تاۋۇشى تۇرپان، غۇلجا شېۋىلىرىدە ھەرگىز «غ» غا نۆۋەتلەشمەي، پەقەت «خ» غىلا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | تۇرپانلاردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| سېرىق | سېرىخ | 黄的 |
| قۇرۇق | قۇرۇخ | 干的、空的 |
| قىزىق | قىزىخ | 热的、热闹的 |
| ئىسسىق | ئىسسىخ | 热的 |
| تۇماق | تۇماخ | 棉帽 |
| قانداق | قانداخ\قاناخ | 怎样 |
| چىراغ | چىراخ | 灯 |
| تاتلىق | تاتلىخ | 甜的 |
| ئاچچىق | ئاچچىخ | 苦的、辣的 |
| بوياق | بوياخ | 染料 |

«ق» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ كەينىگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا «ق» تاۋۇشىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بىراق، تۇرپان، قومۇل، ئاقسۇ، غۇلجا، لوپنور قاتارلىق جايلاردا بولسا «ق» تاۋۇشى ئاجىزلىشىدۇ، نەتىجىدە تىل تۈۋى جاراڭلىق سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش «غ» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تايىقىم | تايىغىم | موغال، قوم، تۇر، غۇل | 我的棍子 |
| قۇدۇقى | غۇدۇغى | قوم، تۇر، ئاق، غۇل | 他的水井 |
| ئاچچىقى | ئاچچىغى | قوم، تۇر، ئاق | 他的脾气 |
| تامىقىم | تامىغىم | قوم، تۇر، ئاق | 我的饭 |
| يوقلۇقىدىن | يوقلۇغىدىن | قوم | 因为没有 |
| يوپۇرمىقى | يوپۇرماغى | قوم | 它的叶子 |
| ئارغىمىقى | ئارغىماغى | لوپ | 他的公马 |
| تايىقى | تايىقى | خوت، قەش | 他的棍子 |
| قۇلىقىم | قۇلۇقام | خوت، قەش | 我的耳朵 |
| قۇلىقى | قۇلىقى | خوت، قەش | 他的耳朵 |
| ئايىغىم | ئايىقام | خوت، قەش | 我的腿 |
| چاپسانلىقى | چاپسانلىقى | خوت، قەش | 快 |
| پىچىقىم | پىچىقىم | خوت، قەش | 我的刀 |
| ياغلىقىم | ياغلىقىم | خوت، قەش | 我的头巾 |

«ق» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە «ل» ياكى «ر» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، قەشقەر، خوتەن، يەكەن قاتارلىق جايلاردا «ق» تاۋۇشى ئاجىزلىشىپ، تىل تۈۋى جاراڭلىق سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش «غ» غا نۆۋەتلەشسە، تۇرپان تەلەپپۇزىدا، تىل تۈۋى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جاراڭسىز سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش «خ» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تولۇقراق | تولۇغراق | قەش | 比较全 |
| چاتاقراق | چاتاغراق | قەش | 有点问题 |
| ئېسقلىق | ئېسغلىق | قەش | 挂着 |
| ئېسقلىق | ئېسخلىق | تۇر | 挂着 |
| ئوچۇقراق | ئوچۇخراق | تۇر | 比较晴 |

**قىسقىچە خۇلاسە:**

A. سۆز ئاخىرى ياكى سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «ق» تاۋۇشى تۇرپان، قومۇل، غۇلجا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا ئاجىزلىشىپ، «خ» غا نۆۋەتلىشىدۇ. لېكىن، پاخپۇ شېۋىسىدە نۆۋەتلىشمەي ئەينەن ئېيتىلىدۇ.

B. سۆز ئاخىرىدىكى «ق» تاۋۇشى غۇلجا، تۇرپانلاردا «خ» غا نۆۋەتلەشسە، قەشقەر، خوتەن، ئاتۇشلاردا ئاساسەن «غ» غا نۆۋەتلىشىدۇ.

C. «ق» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان تەركىبلەر قوشۇلغاندا، خوتەن ۋە قەشقەردە «ق» ئاجىزلاشمايدۇ. تۇرپان، لوپنور، ئاقسۇ، مۇغال، غۇلجا شېۋىلىرىدە «ق» تاۋۇشى «غ» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ.

D. «ق» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە، «ل» ياكى «ر» بىلەن باشلانغان تەركىبلەر قوشۇلغاندا، تۇرپاندا «ق» تاۋۇشى «خ» غا، قەشقەر ۋە خوتەنلەردە «غ» غا ئاجىزلىشىدۇ.

### 3.2.6 «پ» تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىششى

خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا «پ» تاۋۇشى (جۈملىدىن، سۆز ئاخىرىدىكى «پ» ئوقۇلىدىغان «ب» تاۋۇشى) بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ كەينىگە، سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، «پ» (جۈملىدىن، سۆز ئاخىرىدىكى «ب») تاۋۇشى ئاجىزلاشمايدۇ؛ لېكىن، تۇرپان، قومۇل، غۇلجا، ئاقسۇ، لوپنور قاتارلىق جايلاردا بولسا «پ» ئاجىزلىشىپ، قوش لەۋ جاراڭلىق سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش «ۋ» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كىتابىڭ | كىتىپىڭ | خوت، قەش | 你的书 |
| غىلاپىم | غەلىپەم | خوت، قەش | 我的刀鞘 |
| ھېسابى | ھىساۋى | موغال | 计算 |
| مەكتىپىم | مەكتۇۋىم | تۇر، غۇل، ئاق | 我的学校 |
| كىتابىم | كىتىۋىم | تۇر، غۇل، ئاق | 我的书 |

بۇ خىل ھادىسىنى دىۋاندىكى بەزى سۆزلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ ھازىرغىچە كېلىش جەريانىدىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، دىۋاندا قاپۇغ (1 ـ 485) دېگەن سۆز ھازىر

«قوۋۇق» (门，门扇) دەپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ. بۇ سۆزدە ھازىر «پ» تاۋۇشىنىڭ «ۋ» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقانلىق ھادىسىسى كۆرۈلگەن.

**قىسقىچە خۇلاسە:**

«پ» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان تەركىبلەر قوشۇلغاندا، تۇرپان، غۇلجا، ئاقسۇ، مۇغال شېۋىلىرىدە «پ» تاۋۇشى «ۋ» غا ئاجىزلىشىدۇ، بىراق خوتەن، قەشقەرلەردە ئاجىزلاشمايدۇ.

**3.2.7 «ب» تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىششى**

«ب» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان سۆزلەر، باشقا سۆزلەرنىڭ كەينىدە كەلگەندە، ئاقسۇ، تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلاردا ئاجىزلىنىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، «ب» تاۋۇشى «ۋ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاتا بولغان | ئاتا ۋۇ:غان | ئاق، تۇر | 当爸爸的 |
| لاتا بولار | لاتا ۋولا: | ئاق | 会失败 |
| پىت باسىدۇ | پىشىت ۋاسىدۇ | ئاق | 满头长虱子 |
| مېنىڭ بالام | مېنى ۋالام | تۇر | 我的孩子 |
| ئۆيگە باردىم | ئۆيگە ۋادىم | تۇر، ئاق | 我回家了 |

**قىسقىچە خۇلاسە:**

A. «ق»، «ك»، «پ» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ كەينىگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، خوتەن، قەشقەر، كەلپىن، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا «ق»، «ك»، «پ» تاۋۇشلىرىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بىراق، تۇرپان، قومۇل، غۇلجا، ئاقسۇ، لوپنور، مۇغال قاتارلىق شېۋىلەردە بولسا «ق»، «ك»، «پ» تاۋۇشلىرى ئاجىزلىشىدۇ، نەتىجىدە تىل تۈۋى جاراڭلىق سىرىلغۇ تاۋۇش «غ»، تىل ئۈستى كەينى جاراڭلىق سىرىلغۇ تاۋۇش «گ» ۋە لەۋ ـ چىش سىرىلغۇ جاراڭلىق تاۋۇش «ۋ» لار بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ.

B. ئايرىم سۆزلەردىن باشقا، تۇرپان، غۇلجا، ئاقسۇ شېۋىلىرىدە سۆز ئاخىرىدا «غ»، «گ» تاۋۇشلىرى كۆرۈلمەيدۇ. بىراق، خوتەن، قەشقەر، لوپنور، يەكەن، قاغىلىق، كەلپىن، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ. قومۇلدا بۇ جايلاردەك كۆپ كۆرۈلمىسىمۇ، ھەرھالدا تۇرپاندىن كۆپرەك.

C. «ق» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە «ل» ياكى «ر» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، قەشقەر، خوتەن، يەكەن، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا «ق» تاۋۇشى ئاجىزلىشىپ تىل تۈۋى جاراڭلىق سىرىلغۇ تاۋۇش «غ» غا نۆۋەتلەشسە، تۇرپان تەلەپپۇزىدا تىل تۈۋى جاراڭسىز سىرىلغۇ تاۋۇش «خ» غا نۆۋەتلىشىدۇ.

## 4.0 تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

نۇتۇق ئېقىمىدا، سۆزلەرنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ تەلەپپۇز قىلغاندا، بەزى تاۋۇشلار قوشۇلۇپ قالىدىغان ھادىسىلەر كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، مانا بۇ تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسىدۇر. تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى تاۋۇشلارنىڭ كۆپىيىپ قېلىشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ئادەتتە سوزۇق تاۋۇشتىمۇ، ئۈزۈك تاۋۇشتىمۇ كۆرۈلۈشى مۇمكىن. لېكىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي ئېغىز تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ئاساسەن كۆرۈلمەيدۇ، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ئازدۇر ـ كۆپتۇر كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ كەينىگە، سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، ئادەتتە مەيلى يېزىقتا بولسۇن، ياكى ئېغىزدا بولسۇن ئوتتۇرىغا ئۈزۈك تاۋۇش «س»، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەخستە «ي» قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، بالا <بالام، بالاڭ، بالىسى؛ توخۇ <توخۇيۇم، توخۇيۇڭ، توخۇسى؛ دەريا<دەريايىم، دەريايىڭ، دەرياسى دېگەندەك. پەقەت «سۇ» دېگەن سۆزدىلا ئۈچىنچى شەخستە «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ، مەسىلەن، سۇ<سۇيۇم، سۇيۇڭ، سۇيى.

لېكىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە سوزۇق ھەم ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى خېلى كۆپ كۆرۈلىدۇ. ھەتتا بوغۇم قوشۇلۇپ قالىدىغان ھادىسىلەرمۇ كۆرۈلىدۇ. قانداق شارائىتتا قانداق تاۋۇشنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى، ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ئوخشىمايدۇ. تۆۋەندە بىز بۇ ھەقتە ئايرىم ـ ئايرىم توختالماقچى.

### 4.1 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

بىر قانچە سۆز بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ تەلەپپۇز قىلىنغاندا، بەزى سەۋەبلەردىن، سۆزدە ئەسلىي يوق سوزۇق تاۋۇش قوشۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن، مانا بۇ خىل تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىسى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى دېيىلىدۇ. دىيالېكت ـ شېۋىلەردىن توپلىغان ماتېرىياللىرىمىزدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىش ئەھۋالى ئاساسەن «ئا، ئو، ئۇ، ئۆ، ئە، ئى» لەردە كۆرۈلىدۇ.

#### 4.1.1 «ئا» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

بۇ خىل ھادىسە ئومۇمەن قومۇل، تۇرپان، يەكەن ۋە خوتەن شېۋىلىرىدە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| پاكىز | پاكىزا | خوت، يەك | 干净的 |
| ھاك | ئاھاك | خوت، يەك | 石灰 |
| قۇلۇپ | قۇلپا | خوت، يەك | 锁子 |
| ھارۋا | ئاراۋا | تۇر، قوم | 马车 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| كىم | كىما ① | خوت | 是谁 |
| گۈمبەز | گۈمبازا | تۇر | 拱顶 |
| شاپتۇل | شاپتولا\شاپتالا | قوم، خوت | 桃子 |
| تۇخۇم | تۇخۇما | قوم | 鸡蛋 |
| چاق | چاقا | خوت | 轮子 |
| يالت ـ يۇلت | يالات ـ يۇلۇت | قوم | 象声词 |
| هارپا | ئاراپا | لوپ | 前夕 |
| دوۋسۇن | داۋاسۇن | لوپ | 小腹 |
| لاۋزا | لاۋازا | لوپ | 没味的 |
| سوقۇم | سوقۇما | يەك | 冬干肉 |
| بايا | ئابىيام | غۇل | 刚才 |
| راست | ئىراسا | لوپ | 真的 |
| رامىزان | ئىرامازان | لوپ | 斋月 |

### 4.1.2 «ئو» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

بۇ خىل ھادىسە ئاساسەن لوپنور، قەشقەر، يەكەن شېۋىلىرىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| روجەك | ئوروجەك | لوپ | 窗洞，木棂 |
| رۇس | ئورۇس\ئۇرۇس | قەش، لوپ، يەك | 俄罗斯 |
| روزا | ئوروزو | لوپ | 斋日；蔷薇花 |

### 4.1.3 «ئە» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

بۇ خىل ھادىسە ئاساسەن خوتەن، يەكەن، قەشقەر شېۋىلىرىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كەنت | كەنتە | خوت، يەك | 村 |
| چەم | چەمە | خوت، يەك | 鞋底 |
| نەشپۈت | نەشپۈتە | خوت، يەك | 梨子 |
| ئەتىر | ئەتىرە | قەش | 香水 |
| پەسىل | پەسلە | يەك | 季节 |
| ئىشەنچ | ئىشەنجە | يەك | 信心 |

تۇرپان ۋە پىچان لۈكچۈن شېۋىسىدە، سۆپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجە شەكلىدە ئەدەبىي تىلدىكىگە قارىغاندا بىر سوزۇق تاۋۇش قوشۇلۇپ قالىدۇ. ئالدى سوزۇق

---

① «كىما» دېگەن سۆز «كىم» دېگەن سۆزگە ئۇلانما سۆز «ئا»نىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، بىراق، خوتەندە «كىم» بىلەن «ئا» ئايرىم ـ ئايرىم قوللىنىلماي، ھەرقانداق چاغدا «كىما» دېگەن شەكىل قوللىنىلغاچقا، بۇ مىسال كۆرسىتىلدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تاۋۇشتىن تۇزۇلگەن سوپەتلەرنىڭ سىلىشتۇرما دەرىجە شەكلىدە «ئە» قوشۇلۇپ قالسا، ئارقا سوزۇق تاۋۇشتىن تۇزۇلگەن سوپەتلەرنىڭ سىلىشتۇرما دەرىجە شەكلىدە «ئا» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شىۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئىلگىررەك | ئىلگىرەرەك | تۇر، پىچ | 向前一点儿 |
| كەچرەك | كەچەرەك | تۇر، پىچ | 晚一点儿 |
| بۇرۇنراق | بۇرۇناراق | تۇر، پىچ | 早一点儿 |
| بالدۇرراق | بالدۇراراق | تۇر، پىچ | 早一点儿 |
| چوڭراق | چوڭاراق | تۇر، پىچ | 大一点儿 |

### 4.1.4 «ئى» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

بۇ خىل ھادىسە تولىراق خوتەن، لوپنور، قەشقەر ۋە قومۇل قاتارلىق جايلاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ لوپنور دىيالېكتىدا بەزى سۆزلەرنىڭ ئالدىدا دائىم بىر «ئى» قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| رەخت | ئىراقا | 布料 |
| رەسىم | ئىرەسىم | 画儿 |
| راست | ئىراس | 真的 |
| شىم | ئىشىم | 男式长裤 |
| رامىزان | ئىرامازان | 斋月 |
| راسا | ئىراسا | 表程度副词 |
| راۋاق | ئىراۋاق | 阁楼 |
| راۋاپ | ئىراۋاپ | 热瓦普（乐器） |
| رازى | ئىرازى | 满意 |
| رىزقى | ئىرىسقى | 给养；口福、福分 |
| راي | ئىراي | 意愿 |

خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىمۇ، بەزىدە «ئى» قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شىۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| رامىزان | يامىزان | خوت | 斋月 |
| شاتۇت | شاتۇتى | خوت، قەش | 药桑葚 |

---

بەزى شىۋىلەردىكى قوشما ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بەزى بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە دائىم سوزۇق تاۋۇش «ئى» قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بەخت | بەخىت | قوم | 幸福 |
| كۇرس | كۇرىس | قەش | 学习班 |
| كەنت | كەنىت | قوم | 村 |
| دەرس | دەرىس | تۇر | 课 |

تۇرپان شېۋىسىدە تەركىبىدە دىماق تاۋۇش «ڭ» بولغان بەزى سۆزلەردىمۇ، «گى» ياكى «غى» بوغۇمى قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ھۆڭرە ـ | ھۆڭگىرە ـ | تۇر | 放声（大哭） |
| ھاڭرا ـ | ھاڭغىرا ـ | تۇر | 嚎叫，驴叫 |
| قىڭراق | قىڭغىراق | قوم، تۇر | 切刀 |

لوپنور دىيالېكتىدا پېئىللارنىڭ ئېنىق ئۆتكەن زامان بىرىنچى شەخس بىرلىك ھەم كۆپلۈك شەكىللىرى قەدىمكى شەكلىنى ساقلىغانلىق تۈپەيلى، ئەدەبىي تىلدىكىگە قارىغاندا، «دى» دىن ئىبارەت بىر بوغۇم قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| قارايمەن | قارايدىمەن | 我要看 |
| بارىمىز | بارادىمىز\بارادىۋىز | 我们要去 |
| كېلىمەن | كېلەدىمىز\كېلەدىۋىز | 我要来 |
| كېتىمەن | كېتەدىمەن | 我要走 |

### 4.1.5 «ئۇ» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

بۇ خىل ھادىسە خوتەن، لوپنور، يەكەن قاتارلىق شېۋىلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| سۇپرا | سۇپۇيا | خوت | 擀面用的单子 |
| ھۆل | ھۆلۈ | لوپ | 潮湿的 |
| بولقا | بالۇقا | لوپ | 榔头 |
| قۇدرەت | قۇدۇرەت | لوپ | 威风 |
| سېكۇنت | سېكۇنۇت | يەك | 秒 |
| سېمونت | سېمۇنۇت | يەك | 水泥 |

خوتەن دىيالېكتىدىكى بەزى جۈپ سۆز شەكلىدىكى تەقلىدلەرنىڭ تەركىبىدە، دائىم بىر سوزۇق تاۋۇش «ئۇ» قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| ئەدەبىي تىلدا | شىۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| پال ـ پۇل | پاللۇ ـ پۇللۇ | خوت | 闪闪发光(象声词) |
| تاراق ـ تۇرۇق | تاراققۇ ـ تۇرۇققۇ | خوت | 砰（象声词） |
| شاراق ـ شۇرۇق | شاراققۇ ـ شۇرۇققۇ | خوت | 稀里哗啦（象声词） |
| شار ـ شۇر | شارۇ ـ شۇرۇ | خوت | 哗啦（象声词） |
| يالت ـ يۇلت | يالات ـ يۇلۇت | قوم | 一闪一闪（象声词） |

### 4.1.6 «ئۇ» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

بۇ خىل ھادىسە ئۇمۇمەن ئانچە كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شىۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تۈگمەن | تۈگۈمەن | خوت، پاخ | 磨房 |
| تۈگمەنچى | تۈگۈمەنچى | خوت، پاخ | 磨房主 |
| ئۈگدە ـ | ئۈگۈدە ـ | خوت | 打瞌睡 |
| كۈنلە ـ | كۈنۈلە ـ | لوپ | 吃醋 |

**قىسقىچە خۇلاسە:**

A. سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ئاساسەن لوپنوردا ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا قومۇل، تۇرپان، يەكەن ۋە خوتەنلەردە كۆرۈلىدۇ.

B. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ قالىدىغان سوزۇق تاۋۇشلار ئاساسەن «ئا، ئە، ئو، ئۇ، ئۆ، ئى» لاردىن ئىبارەت.

### 4.2 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

بىر قانچە سۆز بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ تەلەپپۇز قىلىنغاندا ياكى سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، بەزى سەۋەبلەردىن، سۆزدە ئەسلىي يوق بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلار قوشۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن، مانا بۇ خىل تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىسى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى بولىدۇ.

تىل تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، قەدىمكى تىلىمىزدا يوق بەزى تاۋۇشلار، ھازىرقى تىلىمىزغا قوشۇلۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ھازىرقى بىر قىسىم سۆزلەرنى دىۋاندىكى سۆزلەرگە سېلىشتۇرۇپ باقساق، بۇ نۇقتىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ دىۋانغا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىمىزدىن قارىغاندا، دىۋاندا سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئالدىغا، ھازىر «ھ» ياكى «ي» تاۋۇشلىرى قوشۇلۇپ قالغان. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | ھازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئىرىڭ | 1 ـ 182 | يىرىڭ | 脓 |
| ئىك | 1 ـ 115 | يىك | 纺锤 |
| ئىن | 1 ـ 69 | يىن | 食糜 |
| ئىر | 1 ـ 63 | يەر | 地 |
| ئۆل | 1 ـ 67 | ھۆل | 潮湿的 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئىق | 1 ـ 53 | ھىق | 饱嗝 |
| ئىنگەن | 1 ـ 63 | ھىنگان | 母驼 |
| ئوپ ـ ئوپ | 1 ـ 48 | ھوپ ـ ھوپ | 象声词 |
| ئۆپۇپ | 1 ـ 107 | ھۆپۇپ | 戴胜鸟 |

يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن باشقا، دىۋاندىكى بەزى سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، باشقا بەزى ئۇزۇك تاۋۇشلار قوشۇلغان ھالدا ئوقۇلۇۋاتىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | ھازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| چىچالاق | 1 ـ 634 | چىمچىلاق | 小拇指 |
| تەمرەگۈ | 1 ـ 639 | تەمرەتكە | 癣 |

دىيالېكت ـ شېۋىلەردىن توپلىغان ماتېرىياللىرىمىزدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىش ئەھۋالى بىرقەدەر كۆپرەك كۆرۈلىدۇ ھەم بۇ خىل ھادىسە ئاساسەن ئۇزۇك تاۋۇش «ج، چ، ف، ك، ۋ» لاردىن باشقا ھەممە ئۇزۇك تاۋۇشلاردا دېگۈدەك كۆرۈلىدۇ.

### 4 . 2 . 1 «ب» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

تۈرپان شېۋىسىدە سۆز تەركىبىدە «م» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان بوغۇملاردا، كۆپىنچە «ب» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال قومۇل شېۋىسىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| يۇملاق | يۇمبۇلاق | تۇر، قوم | 圆的 |
| دوملاق | دومبۇلاق | تۇر | 圆的 |
| ئۈمىد | ئۈمبىت | تۇر | 希望 |
| قۇملاق | قۇمبۇلاق | تۇر | 羊粪蛋 |
| چۈمۈلە | چۈمبۆلە | قوم، تۇر | 蚂蚁 |

لوپنور دىيالېكتىدىمۇ بەزى سۆزلەردە ئۇزۇك تاۋۇش «ب» قوشۇلۇپ قېلىپ، قوشما ئۇزۇك تاۋۇش ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تەبىر | تەببىر | لوپ | 定义 |
| بوۋا | بوببا | خوت، يەك | 爷爷 |

يەكەننىڭ بەزى جايلىرىدا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتكە ئائىت بەزى سۆزلەردە، قوشما ئۇزۇك تاۋۇش كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، ئاچا\ئاچچا، ئاكا\ئاككا، ئۇكا\ئۇككا دېگەندەك.

### 4 . 2 . 2 «پ» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

بەزى جايلاردا ئىككىنچى بوغۇمى «پ» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، بىر «پ» قوشۇلۇپ، قوشما «پ» ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاپا | ئاپپا | كېر | 姐姐 |
| ئاپار ـ | ئاپپا: ـ | يوپ | 带去 |
| كەپە | كەپپە | يوپ | 棚子 |
| كاپام | كاپپام | تۇر | 一口 |

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «پ» لىق رەۋىشداشقا، ياردەمچى پېئىللارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولغان پېئىللارنىڭ ئانالىتىك تۈس شەكلىدىكى «پ» تاۋۇشى، بەزى جايلاردا، مەسىلەن، تۇرپان شېۋىسىدە دائىم چۈشۈپ قالىدۇ:

| ئەدەبىي تىلدا | تۇرپاندا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| گەپ قىل ـ | گەقىل ـ | 你说话呀 |
| قويۇپ قويە | قوقوسنا\قوقوي | 你放下吧 |
| يېنىپ كەل ـ | ھېنىكەل ـ | 你回来吧 |
| يېنىپ چۈش ـ | ھېنىچۈش ـ | 你下来吧 |
| يېتىپ كەل ـ | ھېتىكەل ـ | 你到来吧 |
| ئېپ كەل ـ | ئەكەل ـ | 你拿来吧 |
| ئېپ قال ـ | ئاقال ـ | 你留下吧 |
| كېتىپ قالدى | كېتىقالدى | 他回去了 |
| كۈلۈپ كەتتى | كۈلىكەتتى | 他笑起来了 |
| يېتىپ قالما ـ | ھېتىقاما ـ | 你别躺倒了 |
| دەپ قوي ـ | داقوي ـ | 你告诉一声 |
| ئاپىرىپ قويغىنا | ئەپىرقو:سىنا | 你送过去吧 |
| يەپ كەتتىم | يەكەتتىم | 我吃完了 |

لېكىن، كەلپىن قاتارلىق نۇرغۇن جايلاردا يۇقىرىقىدەك پېئىللارنىڭ ئانالىتىك تۈس شەكلىدىكى «پ» تاۋۇشى ھەرگىز چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | كەلپىن قاتارلىق جايلاردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئەكىرىدىغان | ئەپكىرىتقان | 要拿进来的 |
| دەپ بېرىدىغان | دەپبىرىتقان | 可以告诉的 |
| ئەكىرىپ قوي ـ | ئېپچىرىپ قوي | 你拿进去 |

### 4.2.3 «ت» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

كەلپىن، يەكەن ۋە خوتەن شېۋىسىدە، پېئىللارنىڭ ئېنىق كەلگۈسى زامان بىرىنچى شەخس بىرلىك ھەم كۆپلۈك شەكلى قەدىمكى ھالىتىنى ساقلىغانلىق تۈپەيلى، ئەدەبىي تىلىدىكىگە قارىغاندا، بىر «ت» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال كۆچا شېۋىسىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شىۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تېرىيمىز | تېرىيتمىز | كەل، يەك | 我们种地 |
| يازىمەن | يازىتمەن | كەل، خوت | 我要写 |
| چىقىمىزمۇ | چىقىتمىزما | خوت | 我们要出去吗 |
| بىلىمەن | بىلىيتمە | كەل، يەك | 我知道 |
| ئىشلەيمەن | ئىشلىيتمە | خوت، كەل، يەك | 我要做 |
| ئالىمەن | ئالىتمەن\ئا:تمە | كەل، خوت، يەك | 我要拿 |
| كۆرىمەن | كۆرىتمەن | خوت، كەل، يەك | 我要看 |
| بارىمەن | بايىتمە\بارىتمە | خوت، كەل | 我要去 |
| بارىمەن | بېيىتمە | يەك | 我要去 |
| كېتىمەن | كىتىتمەن | خوت، كەل، يەك | 我要回去 |
| ئىشلەيمىز | ئىشلىيتمىز | كەل، خوت | 我们要做 |
| ياتىمەن | ياتىتمەن | كەل، خوت | 我要躺 |
| بىلىمىز | بىلىيتمىز | كەل، خوت | 我们知道 |
| بارىمىز | بارىتمىز | كەل، خوت | 我们要去 |
| بىلىمەن | بىلىتمە | خوت، يەك | 我知道 |
| قالايمىز | قالايتمىز | كەل، كۇچ | 我们烧柴 |
| ئالىمىز | ئالىتمىز | كەل، يەك | 我们要拿 |
| قارايمىز | قارايتمىز | خوت، كۇچ | 我们要看 |
| يۇلىمەن | يۇلۇتمە(ن) | خوت | 我要拔 |
| ياقىمىز | ياختىمىز | كەل | 我们要生火 |
| قىلىمەن | قىلىتمە | كەل | 我要做 |

بۇ خىل ئەھۋال پېئىللارنىڭ بىرىنچى شەخس بولۇشسىز بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شىۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بەرمەيمەن | بەمىيتمەن | خوت | 我不给 |
| بىلمەيمىز | بىلمىيتمىز | كەل | 我们不知道 |
| ئالمايمەن | ئالمايتمە | كەل | 我不要拿 |
| يېمەيمەن | يىمىيتمە | كەل | 我不吃 |
| ياقالمايمىز | ياخالمايتمىز | كەل | 我们不能生火 |

قومۇل شىۋىسىدىكى بەزى كۆرستىش ئالماشلىرىدىمۇ «ت» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شىۋىلەردە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئېرىدە | ئېرىتتە | 在那边 |
| بېرىدىن | بېرىتتىن | 从这边 |
| تاشقىرىدا | تاشقىرتتا | 在外面 |
| ئىچكىرىدە | ئىچكىرىتتە | 在里面 |
| يۇقىرىدىن | يۇقۇرىتتىن | 从上面 |

كەلپىن ۋە تۇرپان ئاستانە تەلەپپۇزىدا، سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بەزى

ئالماشلارنىڭ ئالدىدىمۇ «ت» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئەۋۇ | تەگۇ\تىگۇ | كەل | 那个 |
| ئاۋۇ | تا\تاۋۇ | تۇر ئاس | 那个 |
| ئەنە | تەنە | تۇر ئاس | 在那儿 |
| ئاشۇ | تاشۇ | تۇر ئاس | 就那个 |
| دۇتار | دۇتتا | كېر | 都它儿琴 |

### 4.2.4 «خ» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

بەزى دىيالېكت ـ شېۋىلەردە، سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بەزى سۆزلەرنىڭ ئالدىدا، دائىم «خ» قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئەجەب | خەجەپ | چۆچ | 特别的 |
| ئارام | خارام | چۆچ | 安宁 |
| ئاۋاز | خاۋاز | لوپ | 声音 |
| ئەقىدە | خاقىدە | لوپ | 信仰 |
| ئوكۇل | خوكۇل | لوپ | 打的针 |
| ئادالەت | خادالەت | لوپ | 自由 |
| ئۆمۈر | خومۇر | لوپ | 寿命 |
| ئارمان | خايمان | لوپ | 抱负、遗愿 |

### 4.2.5 «د» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

تۇرپان شېۋىسىدە، سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان ئالماشلارنىڭ ئالدىدا، «د» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدىغان ھادىسە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال قومۇل شېۋىسىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئەنە | دەنە\دەگىنە | تۇر، قوم | 那儿 |
| ئەشە | دەشە | تۇر | 就那儿 |
| ئاشۇنداق | داشناق\دايناق | تۇر | 就那样 |
| ئاۋۇ | دېبۇت | قوم | 那个 |
| ئاۋۇ | داۋۇ | تۇر | 那个 |
| ئاشۇ ياقتا | دېشۇتتە | قوم | 就在那边 |
| ئۇ يەر | دېئۇت | قوم | 那个地方 |
| ئاشۇ | داشۇ\دەشۇ | تۇر | 就是那儿 |

« ـغان، ـ قان» بىلەن ئاياغلاشقان سۈپەتداشلارغا، باغلامچى پېئىل «ئىدى» قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىدە، تۇرپان شېۋىسىدە «ئىدى» نىڭ

ئالدىدا يەنە بىر «د» قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | تۇرپاندا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| بارغاندىم | با:غاندىدىم | 我去过了 |
| كەتكەندى | كەتكەندىدى | 他已走了 |
| كەتمەكچىدىڭلار | كېتىدىغاندىدىڭلا | 你们本来是要走的 |
| بارماقچىدى | بارىدىغاندىدى | 他本来是要去的 |

لوپنور دىيالېكتىدا پېئىللارنىڭ ئېنىق ئۆتكەن زامان بىرىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكىللىرىدە، ئەدەبىي تىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، «دى» بوغۇمى قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| كېتىمەن | كىتەدىمەن | 我要回去 |
| بارىمەن | بارادىمەن | 我要去 |
| بارىمىز | بارادىمىز\بارادىۋىز | 我们要去 |

### 4.2.6 «ر» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

«ر» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى، ئەدەبىي ئۇيغۇر تىلىدا خېلى كۆپ كۆرۈلىدىغان ھادىسە. ئادەتتە تۆۋەن ياكى سەل تۆۋەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ كەينىدە بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كېلىدىغان «ر» تاۋۇشى ئەدەبىي تەلەپپۇزدا نۇرغۇن سۆزلەردە چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن، كۆر-\كۆ، بار\با، باللار\باللا، كېلىڭلار\كېلىڭلا، بەر-\بە، بەردىم \بە:دىم ... دېگەندەك.

دىيالېكت ـ شېۋىلەردە بۇ خىل ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر. بەزى جايلاردا «ر» تاۋۇشى تۆۋەن سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇمنىڭ كەينىدە چۈشۈپ قالغاندىن باشقا، ھەتتا تار سوزۇق تاۋۇش «ئى، ئۇ، ئۈ» لەرنىڭ كەينىدىمۇ چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن، تۇر-\>تۇ:-، ئۈر-\>ئۈ:-، تۇردى\>تۇ:دى ... دېگەندەك. لېكىن، بۇنىڭ ئەكسىچە، تۇرپان شېۋىسى ۋە بىر قىسىم جايلاردا، سۆزلەردە ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملارنىڭ كەينىدىكى «ر» تاۋۇشى مۇتلەق چۈشمەيدۇ ھەم تۆۋەن سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملارنىڭ كەينىدىكى «ر» تاۋۇشىمۇ چۈشۈپ قالمايدۇ. ھەتتا ئەدەبىي تىلدا چۈشۈپ قالىدىغان «ر» تاۋۇشلىرىنىڭ بەزىلىرىمۇ چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| چاۋار ـ | چاۋۇر ـ | تۇر | 起泡 |
| كۆرپە | كۆرپە | لوپ | 褥子 |
| ئارغامچا | ئاغرامچا\ئارغامچى | كەل، لوپ | 绳子 |
| بوردا ـ | بوردا ـ | تۇر | 养肥 |
| بورداق قوي . | بورداق قوي | تۇر | 肉用羊 |
| تورپاق | تورپاق | قوم | 牛犊 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| قارلىغاچ | قارلىغاچ | قوم، تۇر | 燕子 |
| قارلىغاچ | قارلۇغاچ | لوپ | 燕子 |
| ئۆردەك | ئۆردەك | قوم، تۇر | 鸭子 |
| ئۆردەك | ئۆردۈگ | لوپ | 鸭子 |
| قورساق | قورساق | تۇر | 肚子 |
| ئورغاق | ئورغوغ | لوپ | 镰刀 |
| ئورغاق | ئوراق | تۇر | 镰刀 |

بەزى سۆزلەردە تېخى «ر» قوشۇلۇپ قالىدىغان ھادىسە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇش «ئا» نىڭ كەينىدە، «ر» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالغان:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاپقۇت | ئاپقۇرت | تۇر | 鞋的后帮 |
| ئاغمىخان | ئارغۇمقان | لوپ | 黄鼠狼 |
| ئاۋۇن | ئارۋۇن | قوم | 多 |
| پالىماق | پارلىماق | لوپ | 流放 |
| تاغاق | تارغاق | لوپ، قوم | 梳子 |
| تاغاق | تاراق | تۇر | 梳子 |
| ئەمەن | ئەرمەن | قوم | 艾叶 |
| تاۋۇز | تارۋۇز | لوپ | 西瓜 |
| چاتاق | چارتاق | لوپ | 毛病 |
| چاق | چارق | لوپ | 轮子 |
| قاسقان | قارسقان | لوپ | 蒸笼 |
| قاغا | قارغا | لوپ | 乌鸦 |
| خامان | خارما\خارمان | قوم، لوپ، غول | 麦场 |

تۆۋەندىكى سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇش «ئە» نىڭ كەينىگە «ر» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالغان:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئەۋەت - | ئەۋەرت - | لوپ | 派去 |
| تەس | تەرس | قوم | 难 |
| ئەتە | ئەرتە | قوم نوم، لوپ | 明天 |
| كەكە | كەركە\كەركى | قوم، لوپ | 一种砍具 |
| نەدە | نەردە | لوپ | 在哪儿 |
| پەچىم | پەرچىم | تۇر | 缝，缝隙 |
| سەگەنچۈك | سەرگۈنچەك | قوم | 吊床 |
| غېجەك | غەرجەك | قوم، لوپ | 擂琴，艾介克琴 |

تۆۋەندىكى سۆزلەردىكى، سوزۇق تاۋۇش «ئۆ» نىڭ كەينىگە، «ر» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالغان:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئۆتكەمە | ئۆتكۆرمۆ | لوپ | 筛子 |
| ئۆتەڭ | ئۆرتەڭ | غۇل | 驿站 |
| ئۆگەن - | ئۆرگۆن - | لوپ | 学习 |
| بۆك | بۆرك | لوپ | 帽子 |
| تۆت | تۆرت | قوم، لوپ | 四 |
| چوكان | چۆركۆن\چۆكۆن | لوپ | 少妇 |
| يۆتكە - | يۆرتكە - | قوم | 调动，迁移 |
| يۆگە - | يۆرگۆ - | لوپ | 包、卷 |
| يۆگەي | يۆرگۆل | لوپ | 菟丝子 |

تۆۋەندىكى سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇش «ئۇ» ياكى «ئو» نىڭ كەينىگە «ر» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالغان:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| نوغۇچ | نۇرغۇچ | لوپ | 擀面棍 |
| ئەندۇۋا | هاندۇرگا | قوم | 砂浆镘刀 |
| تۇمۇچۇق | تۇرمۇچۇق | تۇر | 旋木雀 |
| چۇس | چۇرس | تۇر | 暴躁，倔 |
| جوغا | جورغا | قوم | 嘴子 |
| قوغۇشۇن | قورغۇشۇن | لوپ | 铅 |
| يوتقان | يورتقا | قوم | 被子 |

تۆۋەندىكى سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇش «ئې» ياكى «ئى» نىڭ كەينىگە «ر» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالغان:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تۈگمەن | تىگىرمە | قوم | 磨房 |
| ئەجدىھا | ئەيدىرھا | لوپ، تۇر | 龙 |

قەشقەر شېۋىسىدە ئايرىم سۆزلەردە «رى» قوشۇلۇپ قالىدىغان ھادىسىمۇ كۆرۈلۈپ قالىدۇ، مەسىلەن، «ياستۇق» سۆزى قەشقەردە «ياستىرىق» ئوقۇلىدۇ.

### 4.2.7 «ش» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

ئەدەبىي تىلىمىزدا، پارتىلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدىكى ياكى ئىككى پارتىلىغۇچى تاۋۇشنىڭ ئارىلىقىدىكى ئېگىز سوزۇق تاۋۇش «ئى» ئېغىزدا جاراڭسىزلىشىدۇ. لېكىن، بەزى جايلاردا «ئى» تاۋۇشى، بۇنداق ئەھۋاللاردا جاراڭسىزلىشىپلا قالماي، كەينىدە بىر «ش» تاۋۇشى قوشۇلۇپ، قوش ئۈزۈك تاۋۇش شەكىللىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن:



www.uyghurkitap.com

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئىككى | ئىشككى | قەش، گۇم | 两个 |
| كىتاب | كىشتاپ | گۇم، قەش، يەك | 书 |
| ئىتتىك | ئىشتتىك\شتتىگ | قەش | 快, 锋利 |
| پىچاق | پىشچاق | يەك | 刀 |
| پىكاپ | پىشكاپ | يەك | 小卧车 |
| پىكىر | پىشكىر | گۇم، يەك | 意见 |
| ئىكرام | ئىشكرام | گۇم | 男人名 |
| ئىتتىر - | ئىشتى - | گۇم | 推 |
| ئىپادە | ئىشپادە | گۇم | 表现 |
| ئىتتىپاق | ئىشتتىپاق | يەك | 团结 |
| ئىپار | ئىشپا: | گۇم | 麝香 |
| ئىت | ئىشت | قەش، گۇم، يەك، ئاق | 狗 |
| پىت | پىشت | قەش، گۇم، يەك | 虱子 |
| چىت | چىشت | قەش | 平布 |
| ئىچ | ئىشچ | يەك | 内、里 |

ھەتتا بەزى جايلاردا ئىككىنچى بوغۇمى «ش» بىلەن باشلانغان بەزى سۆزلەردە «ش» تاۋۇشى قوشۇلۇپ، قوشما ئۈزۈك تاۋۇش شەكىللىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| پاشا | پاششا | پىچ، تۇر، كېر | 蚊子 |
| چىشى | چىششى | كېر، تۇر | 他的牙 |
| بېشى | بىششى | پىچ، تۇر | 他的头 |
| ئىشى | ئىششى | تۇر | 他的事 |

### 4.2.8 «س» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

تۇرپان ۋە قۇمۇل شېۋىسىدە، سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان ئايرىم سۆزلەرنىڭ بېشىغا، «س» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئۇسماق | سۇزماق | قۇم، تۇر | 盛（饭） |
| ئۇسۇپ | سۇزۇپ | قۇم، تۇر | 盛（饭） |
| ئۇس - | سۇز - | قۇم، تۇر | 抵、碰 |
| ئۇس - | سۇس - | لوپ | 抵、碰 |
| ئۇسۇپ | سۇزۇپ | قۇم، تۇر | 抵、碰 |
| ئۇسۇپ | ئۇسسۇپ | غۇل | 抵、碰 |
| ئۇسۇپ | ئۇسسۇپ | غۇل | 盛(饭) |

ئەمەلىيەتتە تۇرپان، قۇمۇل ۋە لوپنوردىكى «ئۇس - » ۋە «ئۇس - » دېگەن ئىككى

سۆز بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇنقى تىلىمىزدىمۇ شۇنداق ئېيتىلىدىغانلىقىنى، دىۋاندىكى «سۇسدى» (2 ـ 427) ــ ئۇستى (触, 顶)، «سۇسۇشدى» (2 ـ 136) ــ ئۇسۇشتى (触, 顶) ۋە «سۇسغاق» (1 ـ 615) ــ ئۇسقاق (摇勺) لاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يەنە بەزى جايلاردا، بەزى ئىسىملارغا ئۇچىنچى شەخس قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا، بىر «س» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كۇرسى | كۇرسىسى | قەش | 价值；学习班 |
| بىرى | بىيىسى | كەل | 某人 |
| بىرى | بىرسى | تۇر | 某人 |
| پۇلى | پۇلىسى | قەش، كېر | 他的钱 |
| كۈنى | كۈنىسى | ئاق، كېر | 那天 |
| پەرزەنتى | پەرزەنتىسى | كېر | 他的子女 |
| تەمسىلى | تەمسىلىسى | غۇل | 例子；寓言 |

**4.2.9 «ژ» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى**

گۇما ۋە يەكەن تەلەپپۇزىدا سۆز بېشىدا «ئى» بولغان بەزى سۆزلەردە، ئۇزۇك تاۋۇش «ژ» قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كىنو | كىژنو | گۇم | 电影 |
| كىم | كىژىم | گۇم | 谁 |
| پىلە | پىژلە | گۇم | 蚕 |
| پىكاپ | پىژكاپ | گۇم | 小轿车 |
| پىلىك | پىژلىك | گۇم | 捻子，芯子 |
| ئېگىرمەك | ئىژگىرمەك | گۇم | 纺纱 |
| بىغەم | بىژغەم | يەك | 悠然 |
| بىكار | بىژكا: | يەك | 空闲 |
| كىگىز | كىژگىز | يەك | 毛毡 |
| پىلان | پىژلان | يەك | 计划 |

بەزى سۆزلەردە سۆز بېشىدا «ژ» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئىنچىكە | ژىڭشكە | غۇل | 纤细 |
| ئىلەڭگۈچ | ژىلاڭگۇ | قەش | 秋千 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

### 4.2.10 «ز» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

بۇ خىل ھادىسە ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| قىزىماق | قىززىماق | قەش، تۇر | 发热，发烧 |
| قىزىق | قىززىغ\قىززىق | خوت، تۇر | 热的，热闹的 |

### 4.2.11 «غ» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

ئەدەبىي تىلدىكى تەركىبىدە دىماق تاۋۇشى بولغان بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى بوغۇم بېشىدا، تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلاردا «غ» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ياڭاق | ياڭغاق | قوم، تۇر | 核桃 |
| ماڭا | ماڭغا | تۇر | 给我 |
| ساڭا | ساڭغا | تۇر | 给你 |
| يالىڭاچ | يالاڭغاچ | تۇر، يەك | 赤裸的 |
| قىپيالىڭاچ | قىپيالاڭغاچ | تۇر | 赤身露体 |
| يالاڭ ئاياغ | يالاڭغىداخ | تۇر، غۇل | 赤脚的；游子 |
| يالاڭ ئاياغ | يالاڭغايلاغ | يەك | 赤脚的；游子 |
| قىڭراق | قىڭغىراق | قوم، تۇر | 菜刀 |
| تاماق | تامغاق | خوت | 喉咙 |

چۆچەك ۋە بەزى جايلاردىكى قازاق خەلقى بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا، قازاق تىلىنىڭ تەسىرىدىن، بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدا ياكى تەركىبىدە «غ» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | چۆچەك شېۋىسىدە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ۋەدە | ۋەغدە | 诺言 |
| ئەزا | ئاغزا | 成员 |
| مۇئەللىم | مۇغالىم | 老师 |
| ئۆمۈر | غۇمۇر | 寿命 |
| ئالىم | غالىم | 学者 |
| ئەزىز | غەزىز | 宝贵的 |

مارالبېشى ئاقساقمارال تەلەپپۇزىدا، «پ» رەۋىشداشنىڭ كەينىگە تەكىتنى بىلدۈرىدىغان ئۇلانما « ـ لا» قوشۇلغاندا، ئۇنىڭ كەينىدە يەنە « ـ غىنا» قوشۇلۇپ قالىدۇ. بۇ خىل ھادىسە يەكەندىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئاقساقمارال شېۋىسىدە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| دەپلا | دەپلىغىنا | 一说就 |
| ئۆلتۈرۈپلا | ئۆتتۈرۈپلىغىنا | 一杀死就 … |
| چاي بىر ىپلا | چاي ۋىر ىپلىغىنا | 倒了一杯茶就 … |
| كۆرۈپلا | كۆرۈپلىغىنا | 一见就 … |
| سولىۋېلىپلا | سولىۋېلىپلىغىنا | 一关上就 … |

## 4.2.12 «ق» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

بەزى جايلاردا ئىككىنچى بوغۇمى «ق» بىلەن باشلانغان بەزى سۆزلەردە، يەنە بىر «ق» كۆپىيىپ، قوشما ئۈزۈك تاۋۇش ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ساقا | ساققا | پىچ، تۇر | 玻璃弹子 |
| تاقا | تاققا | پىچ، تۇر | 铁掌 |
| ياقا | ياققا | پىچ، تۇر | 领子 |
| بۇقا | بۇققا | پىچ، تۇر | 公牛 |
| دۇقا | دۇققا | پىچ، تۇر | 凸颌；棒节 |
| پاقا | پاققا | پىچ، تۇر | 青蛙 |
| سوقا | سوققا | پىچ، تۇر | 椭圆 |
| تاراق ـ تۇرۇق | تاراققۇ ـ تۇرۇققۇ | خوت | 砰（象声词） |
| شاراق ـ شۇرۇق | شاراققۇ ـ شۇرۇققۇ | خوت | 稀里哗啦（象声词） |

خوتەن دىيالېكتىدا، سۈپەتلەرنىڭ سىلىشتۇرما دەرىجىسىنىڭ شەكلى ئەدەبىي تىلدىكىدەك سۈپەتلەرگە « ـغىنا\قىنا\گىنە\كىنە» قوشۇلماي، بىر «ق» تاۋۇشى كۆپىيىپ قالغان « ـ غىناق\قىناق\گىناق\كىناق» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| كىچىككىنە | كىچىككىناق | 小小的 |
| ياخشىغىنا | ياخشىغىناق | 好好的 |
| ئاچچىققىنا | ئاچچىققىناق | 辣辣的 |
| تۈزگىنە | تۈزغىناق | 平平的 |
| ئاققىنا | ئاققىناق | 白白的 |

## 4.2.13 «گ» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

بۇ خىل ھادىسىمۇ كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| دىۋانە | دىگۋانە | تۇر | 乞丐 |
| ھاڭرا ـ | ھاڭگىرا ـ | تۇر | 喘鸣，驴叫 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| دۇئا | دۇگا | تۇر | 祈祷文 |
| ھۆكۈرىمەك | ھۆڭگىرىمەك | تۇر، غۇل | 号啕，嚎 |
| ئېڭەك | ئىڭگەك | قوم | 下巴，下颚 |
| سىڭىر | سىڭگىر | قوم | 筋，韧带 |
| ئەلچىلىك | ئەلچىگە:لىك | خوت | 媒人；使者 |
| جەرەن | جەگرەن | كېر، لوپ | 黄羊 |
| كۇيە | كۆگە | تۇر | 锅烟子 |
| ئىلەڭگۈچ | گۇلەڭگۈچ | تۇر، غۇل | 秋千 |
| چىمەن | چىگمەن | قوم | 草地 |

**4.2.14 «ل» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى**

بۇ خىل ھادىسە كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| دومبا | دۇمبال | گۇم | 水壶 |
| قارا ـ | قايلا ـ | قەش | 看 |
| قەلەي | قەللە | قەش | 铁皮 |
| پال ـ پۇل | پاللۇ ـ پۇللۇ | خوت | 闪闪发光（象声词） |
| ئالاڭ | ھاللاڭ | خوت | 敞开 |
| كۆتۈرۈپ | كۆلتۈيۈپ | يەك | 抬起 |

**4.2.15 «م» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى**

بۇ خىل ھادىسە بەزى جايلاردا كۆرۈلىدۇ. بەزى جايلاردا ئادەتتە سۆز تەركىبىدە «م» بىلەن باشلانغان ئىككىنچى بوغۇمنىڭ ئالدىدا، يەنە بىر «م» قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| موما ياغاچ | مومما | گۇم | 马桩 |
| جۇمە | جۇممە | يوپ | 星期五 |
| چامىسى | چاممىسى | يوپ | 预计 |
| جۇمەك | جۇممەك | يوپ | 水龙头 |

يەكەن ۋە ئاقسۇدا «ئۇگدىمەك» سۆزىنىڭ ئورنىدا «مۇگدىمەك» نى كۆپ قوللىنىدۇ. خوتەن دىيالېكتىدا «پ» لىق رەۋىشداشنىڭ كەينىگە تەكىتنى بىلدۈرىدىغان ئۇلانما «ـ لا» قوشۇلغاندا، ئۇنىڭ كەينىدە يەنە «م» قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | خوتەندە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| كۆرۈپلا | كۆرەپلام | 一见就 … |
| ئېلىپلا | ئېپلام | 一拿就 … |
| كېلىپلا | كىپلام | 一来就 … |
| كېتىپلا | كىتىپلام | 一走就 … |

ئاقسۇ ئۇچتۇرپان، يەكەن قاتارلىقلاردا بۇ خىل ئەھۋالدا، ھەتتا يالغۇز «م» لا ئەمەس، بەلكى « ـ كىم» قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | يەكەن قاتارلىقلاردا | خەنزۇچە |
| --- | --- | --- |
| كۆرۈپلا | كۆرەپلاكىم | 一见就 … |
| ئېلىپلا | ئېلىپلاكىم | 一拿就 … |
| كېلىپلا | كېلىپلاكىم | 一来就 … |
| كېتىپلا | كېتىپلاكىم | 一走就 … |

### 4. 2. 16 «ن» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

بۇ خىل ھادىسە ئانچە كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
| --- | --- | --- | --- |
| پاتمىچۇق | پاتمەنچۇق | قوم | 沙蜥 |
| ئالۇچا | ئالۇنجى | كېرى | 樱桃 |
| موما ياغاچ | مۇمۇن ياغاچ | كېرى | 马桩 |
| گۈرۈچ | گۈرۈنچى | كەل | 大米 |
| گۈرۈچ | گۈرۈنجى | قاغ | 大米 |
| ھاسىرا ـ | ھەنسىرە ـ | تۇر | 喘气 |
| مىدىرلا ـ | مىندىرلا ـ | تۇر | 动弹 |
| بەڭگى | بەڭنىگى | لوپ | 烟鬼 |
| گەج | گەنجى | خوت | 石膏 |
| ئۈستىدىن | ئۈستىندىن | تۇر، توق | 从上面 |
| ئۈستىدە | ئۈستىندە | خوت | 在上面 |
| ئاستىدىن | ئاستىندىن | تۇر، توق | 从下面 |
| ئۈستىدە | ئۈستىندە | تۇر، توق | 在上面 |
| بوتىچاق | بوتۇنچاق | قوم | 骆驼崽 |
| ئازما | ئازمان | غۇل | 淙 |
| قۇلاقچا | قۇلاقچان | تۇر | 棉帽 |
| ۋاقتىدا | ۋاختىندا | كۇچ | 按时 |

### 4. 2. 17 «ي» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

«ي» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى ئاساسەن قومۇل، تۇرپان، خوتەن ۋە ئاتۇش كوسراپ، يەكەن قاتارلىق جايلاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بەزىدە «ي» تاۋۇشى سۆز ئاخىرىدا قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
| --- | --- | --- | --- |
| دۇ | دۇي | خوت، يەك | 壁钱 |
| توخۇ | توخۇي | تۇر | 鸡 |
| بۇقا | بۇقاي | لوپ | 公牛 |
| گەجگە | گەجگەي | لوپ | 脖颈 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بەزىدە سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم كەينىدە قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تېنە ـ | تىينە ـ | قوم، تۇر | 慌；紧张 |
| مۇسىبەت | مۇسىيۋەت | قوم | 丧事 |
| كوكۇلا | كۆكۆيلە | تۇر | 小辫子 |
| كونا | كۆينە | تۇر | 旧的 |
| بەدەن | بېيدەن | تۇر | 身体 |
| پەلەي | پەيلەي | خوت، يەك | 手套 |
| پەلەي | پېيلېي | تۇر ئاس | 手套 |
| مەزىن | مايزىن | تۇر | 宣礼员 |
| لازىمەت | لايزىمەت | تۇر | 必须品 |
| باھانە | با:ينا | تۇر | 理由 |
| پاچاق | پايچەك | لوپ | 小腿 |
| ئامانەت | ئامايىنەت | تۇر | 储蓄 |
| ئەنە | ئەينا | خوت، يەك | 在那儿 |
| گۆرۈكەش | گورەيكەش | خوت، يەك | 开当铺者 |
| كېچىچە | كېچەيىچى | لوپ | 彻夜 |
| لازىم | لايزىم | تۇر | 需要 |
| پېشانە | پېشاينە | يەك، تۇر | 额头 |
| چۇمۇلە | چۇمۇيلە | يەك | 蚂蚁 |
| چۆچەك | چۆيچۆك | لوپ | 木碗 |

بەزىدە «ي» تاۋۇشى سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇم بېشىدىمۇ قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| دائىرە | دايىرە | يوپ | 范围 |
| خائىن | خايىن | كېر | 叛徒 |
| مۇداپىئە | مۇداپىيە | قۇم | 保卫 |
| دائىر | دايىر | يوپ | 属于 |
| دائىم | دايىم | قۇم، كېر | 经常 |
| ئائىلە | ئايىلە | قەش، يەك | 家庭 |

بەزىدە «ي» تاۋۇشى ھەتتا «ئى» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان سۆزلەرنىڭ بېشىدىمۇ قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئىلدام | يىلدام | كوس | 快 |
| ئىنچىكە | يىڭچىكە | كەل | 纤细的 |
| ئىنچىكە | يىنجىكە | خوت، كوس | 纤细的 |
| ئىز، ئىزى | يەز، يېزى | تۇر | 痕迹，脚印 |
| ئىتتىك | يىتتىگ | خوت | 快，锋利 |
| ئىللىپ | يىللىپ | كوس | 变暖 |

ئىلمان يىلىمان كوس، كەل 温的

تۇرپان شېۋىسىدە بەزى بىر بوغۇملۇق ئىسىملارغا شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا، «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| بەل ـ، بېلى | بېيلى | 他的腰 |
| گال ـ، گېلى | گېيلى | 他的喉 |
| هال ـ، هالى | هايلى | 他的状况 |
| يار ـ، يارىم | يايرىم | 我的情人 |
| يال ـ، يالى | يايلى | 马鬃 |

## 4.2.18 «ڭ» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

لوپنور دىيالېكتىدا تەركىبىدە «ڭ» تاۋۇشى بولغان بەزى سۆزلەرگە يەنە بىر «ڭ» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قېلىپ، قوشما ئۇزۇن تاۋۇش شەكىللىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئوڭاي | ئوڭڭوي | لوپ | 容易的 |
| سۆڭەك | سۆڭڭۆك | لوپ | 骨头 |
| ياڭاق | ياڭڭاق | لوپ | 核桃 |
| يېڭى | ياڭڭى | لوپ | 新的 |
| چىڭغىر | چىڭڭىر | لوپ | 羊肠小路 |
| ماشىنا | ماشىڭنا | خوت | 汽车 |
| يالىڭاچ | يالاڭڭاچ | لوپ | 赤条条的 |
| ئىڭە ـ ئىڭە | ئىڭڭە ـ ئىڭڭە | كېر | 小孩哭声 |

ئەدەبىي تىلىمىزدىكى «دۆگىلەك» دېگەن سۆز غۇلجا شېۋىسىدە «دۆڭگىلەك» دەپ ئوقۇلىدۇ، بۇ يەردە بىر «ڭ» قوشۇلۇپ قالغان. ئەدەبىي تىلىمىزدىكى «بىرقىسما» دېگەن سۆز كۇچا شېۋىسىدە «بى قىسماڭ» دەپ ئوقۇلىدۇ، بۇ يەردىمۇ بىر «ڭ» قوشۇلۇپ قالغان. سۈپەتلەرنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجە شەكلى، ئەدەبىي تىلدا سۈپەتلەرنىڭ كەينىگە «ـ غىنا\قىنا\گىنە\كىنە» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالسا، كەلپىن شېۋىسىدە ئۇنىڭغا بىر «ڭ» قوشۇپ، « ـغىناڭ\قىناڭ\غىنەڭ\كىنەڭ» دېگەن شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| كىچىككىنە | كىچىككىنەڭ | 小小的 |
| ئازغىنا | ئازغىناڭ | 一点点儿 |
| ئېگىزغىنا | ئېگىزغىناڭ | 高高的 |
| قىسقىغىنا | قىسقىغىناڭ | 短短的 |

## 4.2.19 «ھ» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

«ھ» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى، ئاساسەن قەشقەر، تۇرپان، كەلپىن، ئاتۇش، لوپنور ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. «ھ» تاۋۇشى ئادەتتە سوزۇق تاۋۇش

بىلەن باشلانغان ئادەم ئىسىملىرىنىڭ بېشىدا قوشۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئوسمان | ھوسمان | ئات، تۇر | 乌斯曼 |
| ئابلا | ھابلا | ئات، قوم | 阿布拉 |
| ئابلىز | ھاۋلىز\ھابلىز | ئات، كەل | 阿布力孜 |
| ئەبەيدۇللا | ھەۋەيدىللا\ھەۋەيدۇل | كەل، تۇر | 艾拜都拉 |
| ئابدىساتتار | ھاۋساتتار | كەل | 阿布都萨塔 |
| ئابدىسالام | ھاۋسالام | كەل | 阿布都萨拉木 |
| ئابدىشۇكۇر | ھاۋشۇكۇر | كەل | 阿布都许库 |
| ئابدۇراخمان | ھابدۇراخمان | كەل | 阿布都热合曼 |
| ئابدۇرىشىت | ھابدۇرىشىت | موغال | 阿布都热西提 |
| ئابدۇللا | ھابدۇللا | قەش | 阿布都拉 |
| ئابلەت | ھاۋلەت | كەل | 阿布来提 |
| ئابلەھەت | ھابلەخەت | موغال | 阿布拉海提 |
| ئادالەت | ھادالەت | لوپ | 阿达来提 |

باشقا بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدىمۇ «ھ» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاجىز | ھاجىز | تۇر، كەل، مەك، ئات، خوت، يەك | 弱、软弱 |
| ئەجەب | ھەجەپ | تۇر، خوت، كەل، ئات، غۇل | 特别 |
| ئوشۇق | ھوشۇق | قەش، قاغ، غۇل، يەك | 脚踝骨 |
| ئۆكۈز | ھۆكۈز | قەش، خوت، تۇر، يەك | 公牛 |
| ئەقىل | ھەقىل | مار، ئات، غۇل، ئاق | 智慧 |
| ئوسما | ھوسما | تۇر، قوم، يەك | 菘蓝 |
| ئىمارەت | ھىمارەت | قەش، خوت، يەك | 高楼大厦 |
| ئەقىدە | ھەقىدە | قەش، خوت، لوپ | 信念 |
| ئۈركۈ - | ھۈكۈ - | قەش، يەك، غۇل | 惊吓 |
| ئوكۇل | ھوكۇل | لوپ، ئات، تۇر | (打) 针 |
| ئۆمۈر | ھومۇر | لوپ، خوت، قۇم | 寿命 |
| ئىلدام | ھالدام\ھىلدام | كەل، خوت، يەك | 快 |
| ئەزىز | ھەزىز | كەل، ئات، ئاق | 宝贵的 |
| ئاجايىپ | ھاجايىپ | كەل، يوپ، قوم | 特别 |
| ئاشىق | ھاشىق | كەل، قوم، غۇل | 情人 |
| ئالەم | ھالەم | كەل، غۇل | 世界 |
| ئازازۇل | ھازازۇل | خوت، تۇر | 母老虎 |
| ئەزىز | ھېزىز | تۇر، قوم | 宝贵的 |
| ئەقىل | ئېقىل | تۇر، قوم | 智慧 |
| ئىللەت | ھىللەت | كوس | 毛病 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئامراق | ھامراق | كوس | 喜欢 |
| ئاداۋەت | ھەدەۋەت | يوپ | 仇、隔阂 |
| ئادەت | ھەدەت | يوپ | 习惯 |
| ئاسمان | ھاسمان | يەك | 天空 |
| ئارمان | ھايمان | لوپ | 愿望 |
| ئاۋاز | ھاۋاز | لوپ | 声音 |
| ئويلا ـ | ھويلو ـ | لوپ | 思考 |
| ئازار | ھازا | ئات | 冤屈 |
| ئۆمۈر | ھۇمە | ئات | 寿命 |
| ئۈنچە | ھۈناجە | ئات | 珍珠 |
| ئۆشرە ـ زاكات | ھۆشۈر ـ زاكات | غۇل، تۇر | 宗教税 |
| ئۆمۈر | ھۆمۈر | غۇل | 寿命 |
| ئۆلەڭ | ھۆلىڭ | غۇل | 婚礼序歌 |
| ئابدال | ھابدال | خوت | 乞丐 |
| ئىۋىمەك | ھىۋىمەك | خوت | 泡软 |
| ئۆزرىخاھلىق | ھۇزۇرخالىق | خوت | 道歉 |
| ئۇشقىرتماق | ھۇشقىيتماق | خوت | 吹口哨 |
| ئەقىل | ھاقىل | خوت | 智慧 |
| ئەستاغپۇرۇللا | ھەستاخپىرلا | تۇر | 哎呀 |
| ئەجدىھا | ھەيدىرھا | تۇر | 龙 |
| ئەندۈۋا | ھاندۈگا | تۇر | 砂浆镘刀 |
| ئايغىر | ھارغىي | كەل | 公马 |
| ئاۋۇل | ھاگۇل | كەل | 村庄 |
| ئەپەندىم | ھەپەندىم | كەل | 先生 |
| ئەدەپ | ھەدەپ | كەل | 礼貌 |
| ئەينۇلا | ھەينۇلا | كەل | 乌梅 |
| ئەينەك | ھەينەك | كەل | 镜子 |
| ئەمەلدار | ھەمەلدا: | كەل | 官僚 |
| ئەينەن | ھەينەن | كەل | 照原样 |
| ئەيىب | ھەيىپ | قوم | 毛病 |

**قىسقىچە خۇلاسە:**

A. ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە، ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىش ئەھۋالى بىرقەدەر كۆپرەك كۆرۈلىدۇ ھەم بۇ خىل ھادىسە ئاساسەن «ج، چ، ف، ك، ۋ» لاردىن باشقا ھەممە ئۇزۇك تاۋۇشلاردا دېگۈدەك كۆرۈلىدۇ.

B. ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ھەممە شېۋىلەردە دېگۈدەك كۆرۈلىدۇ، مەسىلەن، قومۇل، تۇرپان، لوپنور، خوتەن، كەلپىن، يەكەن، گۇما، قەشقەر، قاغىلىق، مۇغال شېۋىسى دېگەندەك. شۇڭلىنىسى، بەزى شېۋىلەردىكى سۆزلەرگە «ش» تاۋۇشى قوشۇلسا (گۇما)، بەزىلىرىدە «ھ» تاۋۇشى قوشۇلىدۇ (كەلپىن، خوتەن، ئاتۇش، لوپنور،



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرپان، غۇلجا، قەشقەر قاتارلىق)؛ بەزىلىرىدە «ي» قوشۇلسا (تۇرپان، قومۇل)، بەزىلىرىدە «ڭ» قوشۇلىدۇ؛ بەزىلىرىدە «ر» قوشۇلسا (قومۇل، تۇرپان، لوپنور)، بەزىلىرىدە «ت» قوشۇلىدۇ (خوتەن، كەلپىن، يەكەن) دېگەندەك.

### 5 .0 تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

نۇتۇق ئېقىمىدا، سۆزلەرنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ تەلەپپۇز قىلغاندا، بەزىدە سۆزدە ئەسلى بار تاۋۇشلار چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ خىل ھادىسىنى تىلشۇناسلىقتا تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى (تاۋۇشلارنىڭ قىسقىرىشى) دەپ ئاتايدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىكى تۈپكى سەۋەب تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشىدۇر. تاۋۇشلار ئاجىزلاشسا، ئەسلىدىكى تاۋۇشلار باشقا تاۋۇشقا نۆۋەتلىشىشى مۇمكىن ياكى بىراقلا چۈشۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى سوزۇق تاۋۇشتىمۇ، ئۈزۈك تاۋۇشتىمۇ كۆرۈلىدۇ، ھەتتا بەزىدە سۆزدىكى بىر بوغۇم بىراقلا چۈشۈپ قالىدىغان ھادىسىلەرمۇ كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

تىلىمىز تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى زامانغا كەلگەندە، دىۋاندىكى بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى بەزى تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | ھازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بۆگ | 3 ـ 180 | دۆ(ئۆمۈچۈك، ئاقسۇدا: بۆ) | 壁钱 |
| كۆرگەك | 2 ـ 422 | كۈرەك | 锨、铲 |
| چىنچۇ | 3 ـ 39 | ئۈنچە | 珍珠 |
| قازغۇق | 3 ـ 522 | قوزۇق | 木桩 |
| سۈسدى | 2 ـ 427 | ئۈستى | 触、顶 |
| سۈسۈشدى | 2 ـ 136 | ئۈسۈشتى | 触、顶 |
| سۈسغاق | 1 ـ 615 | ئۈسقاق | 摇勺 |

ھەتتا سۆز تەركىبىدىكى بەزى بوغۇملارنىڭ چۈشۈپ قالغان ئەھۋاللىرىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | ھازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تاقاغۇ | 1 ـ 582 | توخۇ | 鸡 |
| قازىدى | 3 ـ 360 | قازدى (كولىدى) | 他挖了 |
| قامىچاق | 1 ـ 635 | قۇمچاق | 蝌蚪 |
| يالڭۇس | 3 ـ 183 | يالغۇز | 单独 |
| توقىماق | 3 ـ 244 | توقماق | 棒子 |
| يورىغا | 3 ـ 240 | يورغا | 走马 |
| تورىغا | 3 ـ 239 | تورغاي | 黄雀 |
| تۆرە | 3 ـ 305 | تۆر(ئۆينىڭ تۆرى) | 上席 |
| چىپىقان | 1 ـ 585 | چىقان | 脓疮 |

تۆۋەندە ئۆزىمىز تەكشۈرۈپ توپلىغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋە تېكىستلىرى ۋە ماتېرىياللىرىدىكى تىل پاكىتلىرىغا ئاساسەن، ئالدى بىلەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسىنىڭ يەرلىك شېۋىلەردىكى ئىپادىسى توغرىسىدا توختىلىمىز.

### 5 .1 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

#### 5 .1 .1 ئەدەبىي تىلىمىزدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا قانۇنىيەتلىك، شەرتلىك ھالدا يۈز بېرىدۇ.

ئەدەبىي تىلدا مەيلى ئىملادا بولسۇن ياكى تەلەپپۇزدا بولسۇن، قائىدە بويىچە «ئو ـ ئۇ»، «ئۆ ـ ئۈ»، «ئې ـ ئى» بىلەن تۈزۈلگەن ئىككى بوغۇملۇق بەزى سۆزلەردە، سۆزنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى ئېگىز سوزۇق تاۋۇش «ئۇ، ئۈ، ئى» لار «شۇ سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا ئۆز ئۇرغۇسىنى يوقاتقانلىقتىن، تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ»①. ئەمەلىيەتتە بۇنداق سۆزلەر تىلىمىزدا ئانچە كۆپ ئەمەس. بىزنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى) گە ئاساسەن ئېلىپ بارغان ئىستاتىستىكىمىزغا قارىغاندا، بۇنداق سۆزلەر جەمئىي 20 ئەتراپىدا بولۇپ، ھەممىسى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت (ئالدىدىكى 10 سۆز ئەرەب ـ پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردۇر):

| ئەسلى سۆز | قوشۇمچە قوشۇلغاندا | چۈشكەن تاۋۇش | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| جىسىم | جىسمى | ئى | (他的) 物质、物体 |
| مىكىر | مىكرى | ئى | (他的) 伎俩 |
| قىسىم | قىسمى | ئى | (他的) 部分 |
| مېھىر | مېھرىم | ئى | (我的) 情感 |
| ئەقىل | ئەقلىم | ئى | (我的) 智力 |
| ۋەزىن | ۋەزنى | ئى | (它的) 格律 |
| ھەجىم | ھەجمى | ئى | (它的) 容积 |
| ۋەسىل | ۋەسلى | ئى | (他的) 监护 |
| جەبىر | جەبرى | ئى | (他的) 压迫、痛苦 |
| ئېگىن | ئېگنىم | ئى | (我的) 服装 |
| ئىچ ـ قارىن | ئىچ ـ قارنىم | ئى | (我的) 内脏 |
| ئىچ ـ باغىر | ئىچ ـ باغرىم | ئى | 胸怀 |
| ئاغىز | ئاغزىم | ئى | 嘴 |
| ئىسىم | ئىسمىم | ئى | 名字 |
| ھىيلە ـ مىكىر | ھىيلە ـ مىكرى | ئى | 伎俩、计谋 |
| كۆڭۈل | كۆڭلۈم | ئۈ | 心 |
| مۈلۈك | مۈلكى | ئۈ | (他的) 财产 |
| ئوغۇل | ئوغلۇم | ئۇ | 男孩 |

① مىرسۇلتان ئوسمانوۋ قاتارلىقلار: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.

| | | | |
|---|---|---|---|
| بويۇن | بوينۇم | ئۇ | 脖子 |
| بۇرۇن | بۇرنۇم | ئۇ | 鼻子 |

**5.1.2 ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى**

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئانچە كۆپ كۆرۈلمىسىمۇ، دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە خېلى كۆپ كۆرۈلىدۇ ھەم بۇ خىل ھادىسە ئاساسەن خوتەن، لوپنور دىيالېكتى ۋە تۇرپان، قومۇل شېۋىلىرىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. لېكىن، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ يەككە ھالەتتە چۈشۈپ قېلىشى ئاز، بوغۇم پېتى چۈشۈپ قېلىشى كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر بايقالغان مەسىلە، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى سۆز تەركىبىدىمۇ، سۆز ئاخىرىدىمۇ كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

**1) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سۆز تەركىبىدە چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى**

بەزى تۇرلەنمىگەن ھالەتتىكى سۆزلەر تەركىبىدىكى بەزى سوزۇق تاۋۇشلارچۈشۈپ قالىدۇ.

(1) سوزۇق تاۋۇش «ئا» نىڭ سۆز تەركىبىدە چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| باھانە | باينا | تۇر | 理由 |
| تائام | تام | لوپ، قەش | 饭食 |
| تاماكا | تەمكە | قوم | 烟草 |
| دەرۋازا | داۋزا | خوت | 大门 |
| گۈلئازات | گۈلزات | خوت | 人名 |

(2) سوزۇق تاۋۇش «ئى» نىڭ سۆز تەركىبىدە چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئارغىماق | ئاغماق | خوت | 骏马 |
| سانجى ـ | سانش ـ | تۇر | 戳，插 |
| يانجى ـ | يانش ـ | تۇر | 压，碾 |
| قارىغۇ | قا:رو | تۇر، قوم | 瞎子 |
| مۇداپىئە | مۇداپە | لوپ | 防御 |
| مەسلىھەت | مەسلات | خوت | 咨询 |

(3) سوزۇق تاۋۇش «ئۇ» نىڭ سۆز تەركىبىدە چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| دۇئا | دا: | لوپ، غۇل | 祈祷 |
| مۇئەللىم | مە:لىم\ما:لىم | خوت، غۇل | 老师 |
| مۇشۇنداق | ماشناق | تۇر | 就这样 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| مۇھەببەت | مەبەت | تۇر | 爱情 |
| مۇھەممەد | مەمەت | تۇر | 男人名 |
| ئوقۇتقۇچى | ئوختۇچى | غۇل | 老师 |
| سوغۇق | سوق\سوخ | تۇر، غۇل | 冷 |

**2) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سۆز ئاخىرىدا چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى**

بۇ خىل ئەھۋاللار يەنىلا يۇقىرىدىكى جايلاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

(1) سوزۇق تاۋۇش «ئا» نىڭ سۆز ئاخىرىدا چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بوسۇغا | بوسۇق | خوت | 门槛 |
| پارا | پار | قوم | 贿赂 |
| پاسكىنا | پاسكىن | قوم | 肮脏 |
| جوزا | جوز | خوت | 桌子 |
| زۇۋۇلا | زۇگۇل | قوم، تۇر | 面团 |
| شالداما | شالدام | لوپ | 围嘴 |

(2) سوزۇق تاۋۇش «ئۇ» نىڭ سۆز ئاخىرىدا چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىدە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئوقۇ - | ئوق - | گۇم | 阅读 |
| توخۇ | توخ | گۇم | 鸡 |

(3) سوزۇق تاۋۇش «ئە» نىڭ سۆز ئاخىرىدا چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئىنچىكە | ئىنچىك | قوم | 纤细 |
| چىنە | چىن | قوم، يوپ | 茶碗 |
| چۆچۈرە | چۆجۈر | قوم | 馄饨 |
| خاتىرە | خەتىي | خوت | 记忆；日记 |
| نەشە | نەش | يوپ | 大麻 |
| ھادىسە | ھادىس | يوپ، لوپ | 现象 |
| ھېكايە | يىكاي | قوم، تۇر | 故事 |

**3) ئىسىملارنىڭ شەخس قوشۇمچىسى «ئى» نىڭ چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى**

خوتەن، يەكەن قاتارلىق بەزى جايلاردا سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان قىسمەن سۆزلەرنىڭ كەينىگە ئالدى بىلەن ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى، ئاندىن كېلىش قوشۇمچىسى قاتارلىق قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ كەلگەندە، شەخس قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ. بەزى سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا، سۆز تەركىبىدە بىر «ئى» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئاچا ـ، ئاچىسىنىڭ | ئاچىسنىڭ | 他姐姐的 |
| ئۇكا ـ، ئۇكىسىغا | ئۇكىسقا | 对他弟弟 |
| ئەتە ـ، ئەتىسىگە | ئەتىسكە | 到第二天 |
| داۋۇز ـ، داۋۇزىسىدىن | داۋزىسدىن | 从大门 |
| شەپكە ـ، شەپكىسىنى | شەپكىسنى | 把他的帽子 |
| تەكلىپ ـ، تەكلىپىم | تەكلپىم | 我的建议 |
| ئانا ـ، ئانىسىنى | ئانىسنى | 把他母亲 |
| بالا ـ، بالىسىغا | بالىسقا | 对他的孩子 |
| باش ـ، بېشىغا | بېشقا | 向他的头 |
| قىلمىش ـ، قىلمىشىغا | قىلمىشقا | 对他的所作所为 |
| ئىشىك ـ، ئىشىكىم | ئىشكىم | 我的门 |
| ئىشتان ـ، ئىشتىنىم | ئىشتانىم | 我的裤子 |
| پىكىر ـ، پىكرىم | پىشكىيىم | 我的意见 |

### 4) بوغۇملارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى

بەزى دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ھەتتا سۆز تەركىبىدىكى بوغۇملارنىڭ چۈشۈپ قېلىشىمۇ كۆرۈلىدۇ. بىراق، بۇنداق بوغۇملار تولىسى «ر، غ، گ، ۋ، ھ» ۋە «ي» تاۋۇشلىرى بىلەن باشلانغان بوغۇملاردۇر.

(1) تۆۋەندىكى سۆزلەردە «ر» بىلەن باشلانغان بوغۇم «رى» چۈشۈپ قالغان:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاغرىپ | ئاغىپ | يەك، قاغ | 病了 |
| ئىتتىرىپ | ئىشتىپ | خوت | 推，搡 |
| بېرىڭ | بىڭ | خوت | 你给吧；去吧 |
| پەرىجە | پىجە | خوت | 鳖 |
| تىرىك | تىگ | خوت | 活的 |
| زېرىكىپ | زىكىپ | خوت | 百无聊赖 |
| سورىسا ـ | سو:سا ـ | خوت، ئات | 倘若问 |
| قىرىق | قىخ | خوت | 四十 |
| قىچقىرىپ | قىچقىپ | يەك، قاغ | 请、叫 |
| قارىقاش | قا:قاش | خوت | 墨玉县 |
| نېرىراق | نىياق | خوت | 往那边点儿 |
| يىرىك | ژىڭ | يەك، قاغ | 脓 |
| غېرىچ | غىچ | خوت | 匝（量词） |
| ئارىلىقى | ئا:لىقى | خوت | 距离 |

تۆۋەندىكى سۆزلەردە، «ر» بىلەن باشلانغان بوغۇم «رۇ، رو، رۆ، رە، را» لار چۈشۈپ قالغان:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تۇرۇپ تۇر ـ | تۇپتۇي ـ | خوت | 你等一下 |
| ئۇرۇڭ | ئۇڭ | خوت | 你打吧 |
| بۇرۇن | بۇن | خوت، يەك، قاغ، قەش | 鼻子；以前 |
| جۇۋالدۇرۇز | جۇۋالدۇز | خوت | 帆布缝针 |
| چۇرۇك | چۇك | يەك، قاغ | 脆嫩 |
| قۇرۇپ | قۇپ | يەك، قاغ | 干了 |
| كەچقۇرۇن | كەچقۇن | خوت | 傍晚 |
| ئۆرۈك | ئۇك | يەك، قاغ، قەش، خوت | 杏子 |
| ئۇركۇ ـ | ئۇك ـ | خوت | 惊吓 |
| ئايروپىلان | ئايپىلان | خوت | 飞机 |
| كۆرەي | كۆي | خوت | 我要看 |
| ئوتتۇرا | ئۇتتۇ | خوت | 中间 |
| يىراق | ياق | خوت | 远的 |

خوتەن، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى يۇقىرىقىدەك «ر» بىلەن باشلانغان بوغۇملارنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىكى سەۋەب، بەلكىم بۇ جايلاردا «ر» تاۋۇشى كۆپىنچە «ي» تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىدىن بولغان بولۇشى ئېهتىمال.

(2) تۆۋەندىكى سۆزلەردە «ھ» بىلەن باشلانغان بوغۇملار چۈشۈپ قالغان:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاھالە | ئا:لە | يوپ | 居民 |
| ئاھانەت | ئا:نەت | يوپ، لوپ | 诬陷 |
| باھا | با | لوپ | 评价 |
| باھانە | با:نا | لوپ | 理由 |
| ماھارەت | ما:رەت | كەل | 技能 |
| ناھايىتى | نايىتى | ئات | 非常 |
| جاراھەت | جارات | تۇر | 创口 |
| راھەت | را:ت | قوم | 舒服 |
| سەھەر | سە: | خوت | 清晨 |
| شەھەر | شە: | قوم، لوپ، خوت | 城市 |
| گۆھەرخان | گۆرخان | قوم | 女人名 |
| مەھەللە | مە:لە | قوم، لوپ | 村落 |
| ساھىبجامال | سا:پجامال | خوت | 美女 |
| ناھىيە | نايە | لوپ | 县 |
| ئابدۇرېھىم | ئادىرىم | تۇر | 男人名 |
| مۆھۈر | مۆر | لوپ | 印章 |

(3) تۆۋەندىكى سۆزلەردە، «ۋ» بىلەن باشلانغان بوغۇملار چۈشۈپ قالغان:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاۋۇ يەردە | تەيەدە | كەل | 在那儿 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاۋۇ يەردىن | دا:يدىن | تۇر | 从那儿 |
| ئاۋۇ | ئا: | گۇم | 那儿 |
| ماۋۇ يەرگە | مە:گە | كەل | 向这儿 |
| ماۋۇ | مو\موگو | كەل | 这个 |
| سوۋۇماق | سو:ماق | لوپ | 变冷 |
| قوۋۇرغا | قورغا | قوم، تۇر | 肋骨 |
| قوۋۇق | قوق | قوم | 门 |
| قىرغاۋۇل | غىرغۇل | لوپ | 雪鸡 |
| شىۋىرغان | شۇرغا | قوم | 刺骨寒风 |
| بوۋاق | بوق | قوم | 婴儿 |
| ناسىۋال | ناس | لوپ | 鼻烟 |

(4) تۆۋەندىكى سۆزلەردە ھەر خىل ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇملار چۈشۈپ قالغان:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | چۈشكەن بوغۇم | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|---|
| ئامانەت | ئانەت | ما | ئات | 积蓄 |
| ئىتالغۇ | ئىتالا | غۇ | لوپ | 犬鹰，矛隼 |
| ئۇستىخان | ئۇسقا | تى | قوم | 骨头 |
| ئېگىز | ئېز | گى | لوپ | 高的 |
| بوغۇرساق | بو:سۇق | غۇ | لوپ | 油果子 |
| تومۇزغا | تومۇز | غا | قوم ئەل | 蝉，知了 |
| تۈنۈگۈن | تۈنۈن | گۈ | لوپ | 昨天 |
| جۇۋالدۇرۇز | جاگالۇز | دۇر | قوم | 帆布缝针 |
| چۈشۈپ كەت ـ | چۈپ كەت ـ | شۈ | خوت، يەك | 你下去 |
| چۈشۈرگە | چۈيگە | شۈ | خوت، يەك | 下水道 |
| داستىخان | داسقان | تى | قوم، كەل | 桌单 |
| سوغۇق | سوق | غۇ | تۇر، قوم، لوپ، غۇل | 冷 |
| سۆڭەك | سۆگ\سۆك | ڭەك | لوپ | 骨头 |
| قۇربان ئاخۇن | قۇناخۇن | با | خوت | 人名 |
| قۇربان ھېيت | قۇرنېت | با، ھې | تۇر | 库尔邦节 |
| كىگىز | كىز | گى | لوپ، قوم | 毡子 |
| كېيىك | كىك | يى | خوت، يەك | 鹿 |
| كۆكۈيۈن | كۈكۈن | يۈ | تۇر، لوپ | 牛虻 |
| مۈڭگۈز | مۈ:ز | گۈ | لوپ | 牛角 |
| مېڭە | مە | ڭە | لوپ | 脑子 |
| ناماز دىگەر | نامازگەر | دى | تۇر | 下午3点至5点 |
| يەتتە يۈز | يەتتۈز | ئە | گۇم | 七百 |
| دوقمۇش | دوق | مۇش | ئات | 拐角 |
| ۋەسىيەت | گۈسىي | ئە | تۇر | 遗言 |
| قۇزغۇن | قۇز | غۇن | قەش | 秃鼻乌鸦 |
| قىزىل بۇلاق | قىزلاق | ىلبۇ | غۇل | 红泉 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| مەڭ بۇلاق | مىڭلاق | بۇ | غۇل | 千泉 |
| ئوقۇتقۇچى | ئوختۇچى | ۋق | غۇل | 教师 |
| تۇغان | تۇغ | ئان | يەك | 闸口 |
| هەرقايسى يەرلەر | هەقا:يە: | يسى، لەر | غۇل | 各地 |

**5) غۇلجا شىۋىسىدىكى كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى**

غۇلجا شىۋىسىدە، كىشى ئىسىملىرىنىڭ كەينىدە كەلگەن تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىدا دائىم بەزى تاۋۇشلار چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شىۋىلەردە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| توختاخۇن دادام | توختاخۇندام | 托合提叔叔 |
| سەيپىدىن داداڭ | سەيپىدىنداڭ | 你赛皮丁叔叔 |
| ئازات ئاكا | ئازاتكا | 阿扎提哥 |
| ئەبەيدۇللا ئاكام | ئەبەيكام | 艾拜都拉哥 |
| پاتىگۈل ھەدە | پاتىگۈلدە | 帕提古丽姐 |
| تۇرسۇنئاي ھەدەم | تۇرسۇنايدەم | 图尔逊娜依姐 |
| خانقىز ھەدەڭ | خانقىزدەڭ | 你汗克孜姐 |

غۇلجا شىۋىسىدىكى كىشى ئىسىملىرىدا بەزىدە بوغۇمىمۇ چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شىۋىلەردە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| نۇرمۇھەممەت | نۇر | 努尔木哈麦提 |
| خالمۇرات\خالمۇھەممەت | خال | 哈力木拉提 |
| ھەبىبۇللا | ھەبى | 艾比布拉 |
| ئابدۇللا | ئابدۇل | 阿布都拉 |
| ئىبراھىم | ئىباش | 伊布拉音 |
| مۇبارەك | مۇباش | 木巴热克 |
| تۇرارجان | تۇراش | 图拉力江 |

چۆچەكتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدىمۇ مۇشۇنداق كىشى ئىسىملىرىنى قىسقارتىپ ئېيتىدىغان ئادەت بار. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شىۋىلەردە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| مۇقەددەس | مۇكۆي | 木哈黛丝 |
| تەلىغەت | تەلەي | 塔里哈提 |
| ماھىرە | مالاي | 玛依拉 |
| ئىبراھىم | ئىبراش | 伊布拉因 |
| نۇرنىسا | نۇ: | 努尔尼莎 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

6) بىر بوغۇملۇق پېئىللارنىڭ كەينىدىكى «ل» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

ئەدەبىي تىلدىكى «ل» بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق پېئىللار «ئال ـ، چال ـ، سال ـ، قال ـ، كەل ـ، بول ـ، قىل ـ » لارنىڭ ئېنىق كەلگۈسى زامان شەكلىدىكى بوغۇم «لى» خوتەن دىيالېكتىدا بىردەك چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئالىدۇ | ئا:تۇ | 他要拿 |
| ئالىمەن | ئا:تمەن | 我要拿 |
| بولىدۇ | بو:تۇ | 可以 |
| چالىدۇ | چا:تۇ | 他要弹唱 |
| سالىدۇ | سا:تۇ | 他要放进去 |
| قالىدۇ | قا:تۇ | 他要留下 |
| قىلىدۇ | قىتۇ | 他要做 |
| قىلىمەن | قى:تمەن | 我要做 |
| كېلىدۇ | كىتۇ | 他要来 |

خەلق قوشاقلىرىدا: دەريا بويىدا كاتۇ، نىساخان دۇتتا چا:تۇ، نىساخان دۇتتا: چا:سا ئەلنىڭ ئاغزى هاڭ قا:تۇ.

7) تۇرپان شېۋىسىدىكى كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

تۇرپان شېۋىسىدىكى « ـ ۇللا» بىلەن ئاياغلاشقان كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىدىكى سوزۇق تاۋۇش «ئا» بىردەك چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئابدۇللا | ئابدۇل | 阿布都拉 |
| پەيزۇللا | پەيزۇل | 帕依祖拉 |
| رەۋەيدۇللا | رەۋەيدۇل | 热外都拉 |
| ھەببۇللا | ھېببۇل | 艾比布拉 |
| ھەمدۇللا | ھەمدۇل | 艾木都拉 |

8) پېئىللارنىڭ بۇيرۇق راي شەكلىدىكى ئالاھىدىلىك

تۇرپان، پىچان شېۋىسىدە، پېئىللارنىڭ بۇيرۇق راي بىرىنچى شەخس كۆپلۈك شەكلىدىكى «ئاي\ئەي» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| بارايلى | بارنى | 我们去吧 |
| بولايلى | بولنى | 我们快点吧 |
| بېرەيلى | بېرنى | 我们给吧 |
| قىلايلى | قىلنى | 我们做吧 |

خوتەن ۋە گوما شىۋىسىدىمۇ بۇ خىل ھادىسە مەۋجۇت. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شىۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بارايلى | بېيلى | خوت | 我们去吧 |
| بولايلى | بوللى | گوم | 我们快点吧 |
| بېرەيلى | بىيلى | خوت | 我们给吧 |
| قىلايلى | قىللى | گوم | 我们做吧 |

**9) خوتەن دىيالېكتىدىكى پېئىللارنىڭ بىر قىسىم تۇرلەنگەن شەكىللىرى**

خوتەن دىيالېكتىدىكى پېئىللارنىڭ بىر قىسىم تۇرلەنگەن شەكىللىرىدىمۇ، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ، ھەتتا بوغۇملارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شىۋىلەردە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئايرىيالمىدى | ئا:رامىدى | 他没区分开 |
| ئىچىپتىكەنمەنمۇ | ئىچىپمەممىكەن | 是我喝了吗 |
| ئېشىنالمىغاندىن كېيىن | ئاشۇنامىغاندىكىن | 没能剩下就 |
| بارىدىكەنمەن | بايتىمەنكەن | 听说我得去 |
| كېلىدىكەنسەن | كىلىسەنكەن | 听说你得来 |
| يۆگىمەپتىكەنمەن | يۆگۈمەپمەنكەن | 我还没缠绕完 |

**10) غۇلجا، تۇرپان شىۋىسىدە بوغۇملارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى**

غۇلجا، تۇرپان شىۋىسىدە بوغۇملارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ پېئىللارنىڭ ئانالىتىك تۇس شەكلىدە. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شىۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كېلىپ تۇر | كېپتۇر | غۇل، تۇر | 你常来 |
| قويۇپ قوي | قوقوي | غۇل، تۇر | 你放下 |
| چىقىپ كەت | چىخكەت | غۇل | 你出去 |
| چىقىپ كەت | چىكەت | تۇر | 你出去 |
| نېمانداق | نىمدا | غۇل، تۇر | 怎么那么… |
| يېنىپ چۈش | ھېنچۈش | تۇر | 你下来 |
| تۇرۇپ تۇرە | تۇتۇرسىنا\تۇتۇر | تۇر | 你等着 |
| كۆرۈپ قوي | كۆرقوي | تۇر | 你看看 |
| چىقىپ كېلىۋاتىدۇ | چىكىلىدۇ | تۇر | 正来呢 |
| ماۋۇ يەرگە كەلگىنە | مەيكەنە | غۇل | 你到这儿来 |

**قىسقىچە خۇلاسە:**

A. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ئاساسەن «ئا، ئە، ئۇ، ئى» تاۋۇشلاردا كۆرۈلىدۇ.

B. ھەرقايسى شىۋىلەردە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىن باشقا يەنە بوغۇملارنىڭ چۈشۈپ قېلىشىمۇ كۆرۈلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## 5.2 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

### 5.2.1 ئەدەبىي تىلىمىزدا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە بوغۇم كەينىدىكى «ر» ۋە «ل» تاۋۇشىنىڭ قانۇنىيەتلىك شەرتلىك ھالدا چۈشۈپ قېلىشى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي ئېغىز تىلىدا يۈز بېرىدىغان تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى) دە بەلگىلىنىشىچە، شېۋىلەر ئارا چۈشۈپ قېلىشى ئومۇمىيراق بولغان ئايرىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى، كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى ۋە « -قىرا\كىرا\كىرە» قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق پېئىل ياسىلىدىغان «ر» بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق تەقلىد سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى «ر» تاۋۇشى ئەدەبىي تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| يەر، يەردە | يە:، يە:دە | 地，在地上 |
| بار، باردى | با:، با:دى | 去，去了 |
| بازار، بازاردا | بازا:، بازا:دا | 巴扎，在巴扎 |
| كۆر، كۆرمىدى | كۆ:، كۆ:مىدى | 看了，没看 |
| پىرقىرا - | پى:قىرا - | 转圈 |
| چىرقىرا - | چى:قىرا - | 尖叫 |
| يولداشلار | يولداشلا: | 同志们 |
| ئۆيلەر، ئۆيلەردىن | ئۆيلە:، ئۆيلە:دىن | 房子，从房子里 |

«ل» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا يۇقىرىقى لۇغەتتە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «ئال -، قال -، سال -، چال -، كەل -، بول -» پېئىللىرىدىكى «ل» تاۋۇشى سۆز تۈرلەنگەندە بوغۇم ئاخىرىدا كەلسە، بەزى شارائىتلاردا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملادا | تەلەپپۇزدا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئال -، ئالمىدى | ئال -، ئا:مىدى | 你拿，他没拿 |
| كەل -، كەلمىدى | كەل -، كە:مىدى | 你来，他没来 |
| قال -، قالسىلا | قال -، قا:سىلا | 你留下，您留下 |
| كەل -، كەلسۇن | كەل -، كە:سۇن | 你来，他来吧 |
| ئالسا، ئالساق | ئا:سا، ئا:ساق | 如果拿，如果我们拿 |
| كەلگىيدىم، بولغىيدىڭ | كە:گىيدىم، بو:غىيدىڭ | 但愿我来，但愿你在 |
| چالغان، چالغۇچە | چا:غان، چا:غۇچە | 击打，在弹击打时 |
| بولغىلى، بولغاچ | بو:غىلى، بو:غاچ | 为了当…,当…时 |
| كەلگەچكە، كەلمەكچى | كە:گەچكە، كە:مەكچى | 因为来了，要来 |
| چالغۇچىلار كەلگۈدەك | چا:غۇچىلار كە:گۈدەك | 听说演奏者要来 |

دىمەك ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ئاساسەن يۇقىرىقى ئىككى تاۋۇشتا كۆرۈلىدۇ. بىراق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە، ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ چۈشۈپ قېلىشى، يالغۇز يۇقىرىقى ئىككى تاۋۇشتىلا ئەمەس، بەلكى باشقا تاۋۇشلاردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. تۆۋەندە بىز مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمىز.

### 5.2.2 ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە خېلى كۆپ كۆرۈلىدۇ ھەم يۇقىرىقى ئىككى تاۋۇشتىن باشقا، يەنە «ي، ن، ھ، ڭ، ك، گ، ق، غ، د، چ، ت، ب، ۋ، ش» قاتارلىق تاۋۇشلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ئاساسەن خوتەن، لوپنور دىيالېكتى ۋە تۇرپان، قومۇل، كەلپىن شېۋىلىرىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

**1) «ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى**

تىل تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، قەدىمدە بەزى سۆزلەردە ئەسلىدە بار ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. دىۋان توغرىسىدا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىمىزدىن، دىۋاندىكى بەزى سۆزلەر تەركىبىدىكى بەزى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ھازىر چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقىدۇق.

دىۋاندىكى تۆۋەندىكى سۆزلەردە ھازىر «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان:

| دىۋاندىكى شەكلى | ئورنى | ھازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تارغاق | 1 ـ 611 | تاغاق | 梳子 |
| ئورغاق | 1 ـ 161 | ئورغاق\ئو:غاق | 镰刀 |
| قارلىغاچ | 1 ـ 682 | قارلىغاچ\قالىغاچ | 燕子 |
| تارغىل | 1 ـ 628 | تاغىل | 斑纹 |
| تۆرت | 1 ـ 445 | تۆت | 四 |
| ئارمۇت | 1 ـ 128 | ئامۇت | 杜梨 |
| بەرك | 1 ـ 454 | بەك | 结实；非常 |
| بۆرك | 1 ـ 455 | بۆك | 小帽 |
| تەرس | 1 ـ 453 | تەس | 难 |
| كەركى | 1 ـ 560 | كەكە | 小锄 |
| مۇرچ | 1 ـ 447 | مۇچ | 花椒 |
| بۇقۇرسى | 3 ـ 333 | بوقۇسا | 木犁 |
| تەگىرمەن | 1 ـ 478 | تۈگمەن | 磨坊 |
| چىلەر | 3 ـ 320 | چىلە | 栏粪 |
| سارمۇساق | 1 ـ 683 | سامساق | 蒜 |
| سامۇرساق | 1 ـ 683 | سامساق | 蒜 |

«ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ئەڭ كۆپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرۈلىدىغان ھادىسە، بىراق چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، تۇرپان شېۋىسىدەك بىر قىسىم شېۋىلەردە «ر» نىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ دائىرىسىدە بۇ خىل ئەھۋال ئېغىرراق. بىزگە مەلۇمكى، ئەدەبىي تىلنىڭ تەلەپپۇزىدا «ر» تاۋۇشى ئومۇمەن بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە، كەڭ سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇمنىڭ كەينىدە چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن، «يەر، كۆر ـ، ـ لار\لەر، بار ـ، بەر ـ» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ھەم «شارقىرا ـ، پارقىرا ـ، گۈركىرە ـ» دېگەندەك تەقلىد سۆزلەردىن ياسالغان پېئىللارنىڭ تەركىبىدىكى «ر» تاۋۇشى ئېغىز تىلىمىزدا چۈشۈپ قالىدۇ. بىراق، بەزى دىيالېكت ـ شېۋىلەردە، كەڭ سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملارنىڭ كەينىدىكى «ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى ئەدەبىي تىلىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر بولۇپلا قالماي، يەنە تار سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملارنىڭ كەينىدىكى «ر» تاۋۇشىنىڭمۇ چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋالى ناھايىتى ئېغىر. بۇنى جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدىكى مۇھىم پەرقلەرنىڭ بىرى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا ئەھۋال تۆۋەندىكىدەك:

(1) بەزى جايلاردا، بەزى سۆزلەر قوشما ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بولىدۇ ھەمدە بۇ قوشما ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ بىرى «ر» تاۋۇشى بولسا، شۇ «ر» تاۋۇشى تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| دەرس | دەس | قوم، گۇم، قەش، يوپ | 课 |
| قورقماس | قوخماس | قوم، تۇر، غۇل | 胆大 |
| پەرق | پەق | قوم، گۇم، قەش | 区别 |
| ئارت ـ | ئات ـ | يوپ، غۇل | 驮 |
| شاگىرت | شاگىت | قەش، غۇل | 徒弟 |
| ئەرز | ئەز | خوت، قەش | 状子 |
| قۇرت | قۇت | خوت | 虫子 |
| يىرت ـ | يىت ـ | خوت | 扯、撕 |
| يىرت ـ | ژىت ـ | قەش | 扯、撕 |
| يۇرت | يۇت | كەل | 家乡 |
| دەررۇ | دەرۇ | يوپ | 立刻 |
| چىغىرتماق | چېخىتماق | كەل | 马兰花 |
| دەرد | دەت | غۇل | 苦衷 |

(2) قەشقەر، خوتەن، قومۇل، ئاتۇش، كەلپىن، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردا، «ر» تاۋۇشى سۆز تەركىبىدىكى ياكى سۆز ئاخىرىدىكى كەڭ سوزۇق تاۋۇش «ئا» ۋە «ئە، ئو، ئۆ» لەرنىڭ كەينىدە كەلگەندە چۈشۈپ قالىدۇ ھەم شۇ سەۋەبتىن شۇ بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش ئۇزۇنراق ئوقۇلىدۇ.

يۇقىرىقى جايلاردا سوزۇق تاۋۇش «ئا» دىن تۈزۈلگەن بوغۇملارنىڭ كەينىدىكى ئۈزۈك

تاۋۇش «ر» دائىم چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| قار | قا: | قەش، غۇل، خوت | 雪 |
| ئانار | ئانا: | قەش، ئاق، خوت | 石榴 |
| بارغان | با:غان | غۇل، تۇر | 去了的 |
| ئارزۇلۇق | ئا:زىلىخ | غۇل، يوپ | 宝贵的 |
| هوشيار | ئۇششا: | خوت، قەش | 聪明 |
| مارجان | ما:جان | خوت، قەش | 珠子 |
| پۇلدار | پۇلدا: | خوت، لوپ | 有钱人 |
| چار | چا: | خوت، ئاق | 糠；花斑 |
| قىمار | قىما: | خوت، ئاق | 赌博 |
| قارچىغا | قا:چىغا | خوت | 鸽鹰 |
| ئارپا | ئا:پا | خوت | 燕麦 |
| ئارغىماق | ئا:غماق | خوت | 公马 |
| بارماق | با:ماق | قوم | 手指头 |
| يارماق | يا:ماق | قوم | 破开；铜子儿 |
| قوچقار | قوشقا: | كەل | 公羊 |
| تەكرارلا ـ | تەكرا:لا ـ | لوپ | 重复 |
| يارغۇنچاق | ياغىچاخ | غۇل | 粗磨机 |
| ئارتىپ | ئا:تىپ | غۇل | 驮、背 |
| ئازار بەر ـ | ئازا: بە: ـ | ئات | 折磨 |
| قارنى يامان | قا:نى يامان | ئاق | 饭桶、馋 |

يۇقىرىقى جايلاردا سوزۇق تاۋۇش «ئە» دىن تۇرۇلگەن بوغۇملارنىڭ كەينىدىكى ئۇزۇك
تاۋۇش «ر» دائىم چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئەرزان | ئە:زان | خوت، ئاق | 便宜 |
| ئەركىلە ـ | ئە:كۆدە ـ | خوت | 撒娇 |
| هۈنەر | هۈنە: | قەش، خوت، ئاق | 手艺 |
| مەرگەن | مە:گەن | خوت | 神枪手 |
| نەزەر | نىزە | خوت | 目光 |
| قەلەندەر | قەلەندە: | قەش، خوت | 乞丐 |
| سەر | سە: | قوم | 两（重量） |
| دەرمان | دە:مان | يوپ | 元气、力气 |
| ئىلگىرىكى | ئىلگە:كى | غۇل | 以前的 |
| لاخشىگىر | لاخشىگە: | لوپ | 火夹子 |
| يەر ـ زېمىن | يە ـ زىمىن | ئاق | 土地 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقى جايلاردا سوزۇق تاۋۇش «ئو» دىن تۇزۇلگەن بوغۇملارنىڭ كەينىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش «ر» دائىم چۇشۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| قورساق | قۇساق | خوت، قەش | 肚子 |
| ئوردا | ئو:دا | يوپ | 宫殿 |
| ئورنى | ئو:نى | خوت | 地点 |
| يورغا ئات | يو:غو ئات | لوپ | 走马 |
| كور | كو: | خوت | 瞎子 |
| شورلۇق | شو:لاق | خوت | 苦头；盐漠 |
| تور | تو: | :خوت | 网 |
| زورلا ــ | زو:لا ــ | ئات | 强迫 |
| سورىدى | سو:دى | قەش | 他问了 |
| قورچاق | قو:چاق | قەش | 洋娃娃；傀儡 |

يۇقىرىقى جايلاردا سوزۇق تاۋۇش «ئۆ» دىن تۇزۇلگەن بوغۇملارنىڭ كەينىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش «ر» دائىم چۇشۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كۆرپە | كۆ:پە | تۇر، خوت، ئاق | 褥子 |
| گۆر | گو: | خوت، قەش | 坟墓 |
| ئۆردەك | ئۆ:دەك | خوت، قەش | 鸭子 |
| ئۆرلەپ | ئۆ:لەپ | قەش | 升 |
| تۆر | تۆ: | خوت | 上席 |
| ھۆركىرە ــ | ھۆ:كىرە ــ | تۇر | 吼叫 |

(3) بەزى جايلاردا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا سۆز تەركىبى ياكى سۆز ئاخىرىدىكى تار سوزۇق تاۋۇش «ئى، ئۇ، ئۇ» لەردىن تۇزۇلگەن بوغۇملارنىڭ كەينىدىكى «ر» تاۋۇشى چۇشۇپ قالىدۇ. لېكىن، شىمالىي شىنجاڭ بىلەن شەرقىي شىنجاڭدا بۇ خىل ھادىسە ئانچە كۆرۇلمەيدۇ، بۇ جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن قالغان جايلارنىڭ ئەڭ چوڭ فونېتىكىلىق پەرقلىرىنىڭ بىرىدۇر. مەسىلەن، «بىر» سۆزى كەلپىن، قومۇل، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا «بى» ئوقۇلىدۇ، خوتەندە «بىي» ئوقۇلىدۇ، قەشقەردە «بىژژى» ئوقۇلىدۇ. بىراق، غۇلجا، كورلا، تۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلاردا «ر» چۇشۇرۇلمەي «بىر» دەپ ئېيتىلىدۇ، شۇنىسى، تۇرپان، پىچانلاردا بۇ سۆزدىكى «ر» تاۋۇشى تىل قايرىلما تاۋۇش بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خوتەن، ئاقسۇ، قەشقەر، ئاتۇش قاتارلىق نۇرغۇن جايلىرىدا سۆز تەركىبى ياكى سۆز ئاخىرىدىكى تار سوزۇق تاۋۇش «ئۇ» دىن تۇزۇلگەن بوغۇم كەينىدىكى «ر» تاۋۇشى چۇشۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تۇر ـ | تۇ: ـ | قەش، ئاق، خوت | 站立 |
| يامغۇر | يامغۇ: | قەش، خوت، ئاق | 雨 |
| ئۇر ـ | ئۇ: ـ | قەش، خوت، ئاق | 打 |
| توكۇر | تۇكا | خوت، قەش | 瘸子 |
| تومۇر | تۇمۇ: | خوت، قەش | 血管 |
| ئولتۇر ـ | ئولتۇ ـ | خوت، ئاق | 坐 |
| ئازدۇرغان | ئازدۇ:غان | ئاق | 被诱惑 |
| ئوقۇر | ئۇقۇ: | ئاق | 马槽 |
| باشقۇر ـ | باشقۇ ـ | ئات | 管理 |
| پىشۇر ـ | پۇشۇ: ـ | خوت | 弄熟 |
| پۇرچاق | پۇ:چاق | لوپ | 豆子 |
| تاپشۇر ـ | تاپچۇ: ـ | خوت | 交代 |
| تونۇر | تونو: | قەش | 馕坑 |
| تۇرنا | تۇ:نا | قوم | 仙鹤 |
| چوقۇر | چاقۇ | كەل | 麻子 |
| خۇرجۇن | غو:جۇن | غۇل | 褡裢 |
| يوپۇرماق | هوپۇ:ماق | قەش | 叶子 |
| هوشۇرخان | هوشۇ:خان | قەش | 女人名 |

يۇقىرىقى جايلاردا سۆز تەركىبى ياكى سۆز ئاخىرىدا تار سوزۇق تاۋۇش «ئۇ» دىن تۇزۇلگەن بوغۇم كەينىدىكى «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كۆمۈر | كۆمە: | خوت، ئات | 煤 |
| تۇر ـ | تۇ ـ | خوت، ئاق | 挽袖 |
| كۆمۈر | كۆمۇ: | غۇل | 煤 |
| ئۆمۈر | هۇمە: | خوت | 寿命 |
| ئەنجۈر | ئەنجۇ: | قەش | 无花果 |
| تۆمۈر | تۆمۆ: | قەش | 铁 |
| تۆمۈر | تۇمۇ: | ئاق | 铁 |
| يۈرمەيمەن | ژۇ:مەيمەن | ئاق | 不跟，不走 |
| تەتۈر | تەتۇ: | كەل | 反的 |
| سۈپۈرگە | سۇپىگى | كەل | 笤帚 |

بەزى جايلاردا سۆز تەركىبى ياكى سۆز ئاخىرىدىكى تار سوزۇق تاۋۇش «ئى» دىن تۈزۈلگەن بوغۇم كەينىدىكى «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| خېمىر | خېمى | ئات، قەش | 面团 |
| قېچىر | قېچى | ئات | 骡子 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئىتتىر – | ئىتتى – | كەل | 推 |
| يىگىرمە | يىگمە | كەل | 二十 |
| بىر | بى | ئاق | 一 |
| چىرماق | چى:ماخ | غۇل | 缠绕物 |

خوتەندە، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ كەينىدە كەلگەن «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالسىمۇ، لېكىن سوزۇق تاۋۇش «ئى» نىڭ كەينىدىكى «ر» تاۋۇشى بەزىدە چۈشۈپ قالماي، «ي» تاۋۇشى بىلەن ئۆزگىرىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بالدۇر | بالدىي | خوت | 早；以前 |
| گىردە | گىيدە | خوت | 窝窝馕 |
| كىر – | كىي – | خوت | 进去 |
| ھازىر | ھازىي | خوت | 现在 |

پېئىللارنىڭ «ئار\ئەر\ر» بىلەن ئاياغلاشقان سۈپەتداش شەكىللىرىدىكى «ر» تاۋۇشى دىيالېكت – شېۋىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك چۈشۈپ قالىدۇ، بىراق تۇرپان شېۋىسىدە چۈشمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كېلەرسىزمۇ | كېلە:سىزمۇ | خوت، ئاق | 你会来吗 |
| كېلەرسىزمۇ | كېلۈرسىزمۇ | تۇر | 你会来吗 |
| تېشەر ئىدى | تېشە: دى\تىشەتتى | ئاق، قەش | 会捅破 |
| تېشەر ئىدى | تېشۈردى | تۇر | 会捅破 |
| تاپار ئىدى | تاپاتتى\تاپاردى | غۇل، ئاق | 会找到 |
| تاپار ئىدى | تاپۇردى | تۇر | 会找到 |
| كۆرەرسىز | كۆرە:سىز | ئاق | 你会看吧 |
| كۆرەرسىز | كۆرۈرسىز | تۇر | 你会看吧 |

(4) يۇقىرىقى ئەھۋالنىڭ ئەكسىچە، تۇرپان، پىچانلاردا «ر» نىڭ چۈشۈپ قېلىشى كۆپ كۆرۈلمەيدۇ، بولۇپمۇ تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ كەينىدە كەلگەن «ر» تاۋۇشى مۇتلەق چۈشۈپ قالمايدۇ. ھەتتا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا كەڭ سوزۇق تاۋۇشنىڭ كەينىدە چۈشۈپ قالىدىغان «ر» تاۋۇشىمۇ تۇرپان شېۋىسىدە چۈشۈپ قالمايدۇ (ئەدەبىي ئېغىز تىلدا «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋال تۇرپان شېۋىسىدىمۇ مەۋجۇت). مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | خوتەنلەردە | تۇرپاندا | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئارپا | ئا:پا | ئارپا | 燕麦 |
| ئەرزان | ئە:زان | ئارزان | 便宜 |
| بىكار | باكا: | بىكار | 白白地 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| پۇلدار | پۇلدا: | پۇلدار | 有钱人 |
| تور | تو: | تور | 网 |
| تۆر | تۆ: | تۆر | 上席 |
| قىمار | قىما: | قىمار | 赌博 |
| ئۆردەك | ئۆ:دەك | ئۆردەك | 鸭子 |
| قورساق | قۇساق | قورساق | 肚子 |
| بارماق | با:ماق | بارماق | 手指 |
| سەر | سە: | سەر | 两（量词） |
| يارماق | يا:ماق | يارماق | 铜板 |
| مارجان | ما:جان | مارجان | 珠子 |
| هۈنەر | هۈنە: | هۈنەر | 手艺 |
| زورلا - | زو:لا - | زورلا - | 强迫 |
| ئەمەلدار | ئەمەلدا: | ئەمەلدار | 官 |
| لاخشىگىر | لاخشىگە: | لاخشىگىر | 火夹子 |
| ئوردا | ئو:دا | ئوردا | 宫殿 |

غۇلجا شېۋىسىدە ئەدەبىي تىلدىكى ئايرىم سۆزلەر تەركىبىدىكى بوغۇم كەينىدە كەلگەن «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن، خارمان (麦场)، ئۆرتەڭ (驿站) دېگەندەك.

(5) سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم بېشىدا «ر» تاۋۇشى كەلگەن بوغۇمنىڭ چۈشۈپ قېلىشى خوتەن قاتارلىق جايلاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| يۈگۈرۈپ | يۈگۈپ | خوت | 跑 |
| ئاجرا - | ئا:جا - | خوت | 分开 |
| چاچرا - | چاچچا - | گۇم | 溅、撒 |
| غېرىچ | غېچ | خوت | （量词） |
| گۈرۈچ | گۈنجا | خوت | 大米 |
| كەچقۇرۇن | كەچقۇن | خوت | 傍晚 |
| قىرىق | قىق | خوت | 四十 |
| ئارىلىقى | ئا:لىقى | خوت | 距离 |
| ئاغرىيدۇ | ئاغىيتۇ | خوت | 疼 |
| پەرجە | پىجە | خوت | 鳖 |

**2) «ل» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى**

(1) ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دىيالېكت - شېۋىلىرىدە «ل» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، كەلپىن شېۋىسىدە «ئال -، قال -، سال -، چال -، كەل -، بول -، قىل - » قاتارلىق بىر بوغۇملۇق يەتتە پېئىل شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلەنگەندە، تەركىبىدىكى «ل» تاۋۇشى باشتىن - ئاخىر چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| ئەدەبىي تىلدا | كەلپىن شېۋىسىدە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| كەل ـ كەلمە | كەل ـ كەلمە | 你来，你别来 |
| كەلمەك | كەلمەك | 来 |
| كەلمەكچى | كەلمەكچى | 要来 |
| ياقالمايمىز | ياخالمايتمىز | 不能贴 |
| قىلماقچى | قىلماقچى | 要做 |
| بولغان ـ بولمىغان | بولغان ـ بولمىغان | 成了，没成 |

(2) ئەمما، باشقا دىيالېكت ـ شېۋىلەردە، بىر بولسا ئەدەبىي تىلغا ئوخشاش چۈشۈپ قالىدۇ، بىر بولسا تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن، تۇرپان، قومۇل، غۇلجا، ئاقسۇ شېۋىلىرىدە بۇ يەتتە پېئىل تۇرلەنگەندە «ل» بىردەك چۈشۈپ قالىدۇ، ھەتتا بولۇشسىز شەكلىدىمۇ چۈشۈپ قالىدۇ. ئەمما، خوتەن دىيالېكتى، قەشقەر شېۋىسى، يەكەن شېۋىسى قاتارلىق جايلاردا پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلىدە تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ، قالغان تۇرلىنىشلىرىدە چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | خوتەنلەردە | تۇرپانلاردا | كەلپىندە |
|---|---|---|---|
| ئالما ـ | ئامما ـ | ئا:ما ـ | ئالما ـ |
| ئالماقچى | ئامماقچى | ئا:ماقچى | ئالماقچى |
| ئالمايمەن | ئاممايتمەن | ئا:مايمەن | ئالمايتمەن |
| ئالمىغانسىرى | ئامىغانسىرى | ئا:مىغانسىرى | ئالمىغانسىرى |
| ئالسا ـ ئالمىسا | ئا:سا ـ ئاممىسا | ئا:سا ـ ئا:مىسا | ئالسا ـ ئالمىسا |
| ئېلىۋالمايمەن | ئېۋامايتمەن | ئاۋا:مايمەن | ئېلىۋالمايتمەن |
| ئالالمايمىز | ئالامايتمىز | ئالا:مايمىز | ئالالمايتمىز |
| قىلىۋەت | قىۋات | قىۋات | قىلىۋەت |
| سېلىۋېتەمسەن | سىۋتەمسە | سەۋتەمسە | سېلىۋېتەمسەن |
| كەلمەس | كەممەس | كە:مەس | كەلمەس |
| بولغان ـ بولمىغان | بو:غان ـ بوممىغان | بو:غان ـ بو:مىغان | بولغان ـ بولمىغان |
| ئالغۇچە | ئا:غۇچە | ئا:غۇچە | ئالغۇنچى |
| ئالغاچقا | ئا:غاچقا | ئا:غاچقا | ئالغاچقا |
| كېلىۋاتىدۇ | كېۋ ياتىتۇ | كې:ۋاتىدۇ | كېلىۋاتىتۇ |
| سىلىۋاپتۇ | سىۋاپتۇ | ساۋاپتۇ | سېلىۋاپتۇ |
| سېلىپ | سىپ | سەپ | سېلىپ |
| سېلىپ قويغان | سىپ قويغان | ساقو:غان | سېپ قويغان |
| قېلىپ قېلىپ | قىپ قاپ | قاقاپ | قېپ قېلىپ |

يۇقىرىقى ئەھۋال خوتەن، قەشقەرنىڭ بەزى رايونلىرىدا ئەكسىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ئاق كۆڭلەك مېنىڭ بو:سا، ئەتىگەندە كىيە:دىم.
مېھرىبان يارىم بو:سا، سېغىنغاندا سۆيە:دىم.

كېتە:دە خوش دېگەن بو:ساڭ، پېشىڭگە ئاسىلۋا:ماستىم.
يارىم با: دېگەن بو:ساڭ، سېنى تەڭلىككە سا:ماستىم.

يۇقىرىقى كېرىيە قوشاقلىرىدا كۆرۈلگەن «سا:ماستىم» (سالماس ئىدىم)، «ئاسىلۋا:ماستىم» (ئېسىلىۋالماس ئىدىم) دېگەن پېئىللار گەرچە بولۇشسىز شەكلىدە كەلگەن بولسىمۇ، ئۇزۇك تاۋۇش «ل» يەنىلا چۈشۈپ قالغان. دېمەك كېرىيەدە «ل» تاۋۇشى پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلىدە تۇرلىنىشىدە، تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە بولماي چۈشۈپ قالىدۇ.

(3) بەزى دىيالېكت ـ شېۋىلەردە، يۇقىرىقى پېئىللاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم سۆزلەردىكى «ل» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| يالغان | يا:غان | قوم، تۇر، غۇل | 假的 |
| يالغۇز | يا:غۇز | قوم، تۇر | 单独 |
| ئولتۇر ـ | ئو:تۇ\ئو:تۇر | قوم، تۇر | 坐 |
| ئۆلتۈر ـ | ئۆ:تۈر | قوم، تۇر | 杀死 |
| ئەللىك | ئەلىك | قوم نوم | 五十 |
| مۇسۇلمان | مۇسۇ:مان | خوت، قەش | 穆斯林 |
| ئولتۇر ـ | ئو:تا | غۇل | 坐 |
| ئۆلتۈر ـ | ئۆ:تە | غۇل | 杀死 |
| ئالتۇن | ئا:تۇن | تۇر | 金子 |
| يەلپۈگۈچ | يە:پۈگۈش | تۇر | 扇子 |
| خىيال قىلسام | خىيا: قىسام | تۇر | 我想 |
| بىر تال | بىر تا: | قوم | 一个 |
| بۆلجۈرگەن | بۆ:جۈرگە | قوم | 草莓 |
| تۇرمەل | تۇرمە | قوم | 卷龙(饭名) |
| چەلپەك | چە:پەك | قوم | 油饼 |
| زىلۋا | زىۋا | قوم | 苗条 |
| سالجا | چا:جا | قوم | 蜱螨 |
| قىزىل يۇلغۇن | قىزى يۇغو: | قوم | 红柳 |
| قىلتىرىق | قىتىرىق | كەل | 针刺 |
| خەلپەت | خە:پەت | قەش | 哈里发 |

**3) «ي» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى**

بىزنىڭ دىۋان توغرىسىدا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىمىزدىن قارىغاندا، دىۋاندا «ي» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى «ي» تاۋۇشى ھازىرقى زامان



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر تىلىدا چۇشۇپ قالغان. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | ھازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| يىپار | 3 ـ 35 | ئىپار | 麝 |
| يۈزۈك | 3 ـ 22 | ئۈزۈك | 戒指 |
| يىتىگ | 3 ـ 21 | ئىتتىك | 快、锋利 |
| يىلىغ | 3 ـ 16 | ئىللىق | 和煦的 |
| يىنچۇ | 3 ـ 38 | ئۈنچە | 珍珠 |
| يىنچكە | 3 ـ 518 | ئىنچىكە | 纤细的 |
| يازدى | 3 ـ 328 | ئازدى | 蒙头转向 |

دىۋاندىكى «ي» بىلەن باشلانغان يەنە بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى «ي» تاۋۇشىنىڭ بەزى دىيالېكت ـ شېۋىلەردە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | ھازىرقى شەكلى | شېۋىلەردە | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|---|
| يىلان | 3 ـ 35 | يىلان | ئىلان (تۇر) | 蛇 |
| يىتۈردى | 3 ـ 90 | يىتتۈردى | ئۈتتۈردى (تۇر) | 弄丢 |
| يىقىلدى | 3 ـ 110 | يىقىلدى | ئىخىلدى (كەل) | 他摔倒了 |
| يىلىك | 1 ـ 98 | يىلىك | ئىلىك (تۇر) | 骨髓 |
| يۈز | 3 ـ 194 | يۈز | ئۈز (تۇر) | 脸 |
| يىك | 3 ـ 196 | يىك | ئىك (لوپ) | 纺锤 |
| يىل | 3 ـ 4 | يىل | ئىل (لوپ) | 年 |
| يۈرەك | 3 ـ 22 | يۈرەك | ئۈرەك (لوپ) | 心脏 |
| يىراق | 3 ـ 36 | يىراق | ئىراق (لوپ) | 远的 |
| يىغلادى | 3 ـ 422 | يىغلىدى | ئىلغادى (لوپ) | 他哭了 |
| يىلدىز | 3 ـ 53 | يىلتىز | ئىلتىز (لوپ) | 根茎 |

(1) «ي» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى دىيالېكت ـ شېۋىلەردە خېلى كۆپ كۆرۈلىدۇ. بەزى دىيالېكت ـ شېۋىلەردە، بولۇپمۇ پىچان لۈكچۈن شېۋىسىدە سۆز ئاخىرىدىكى «ي» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋال خېلى ئېغىر. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بىلەي | بۇلۇ: | لوپ، قوم، تۇر | 磨石 |
| چاي | چا: | قوم، لۈك | 茶、茶叶 |
| كۆسەي | كۆسۆ: | قوم، لوپ | 拨火棍 |
| پوتەي | پۇتۇ: | قوم، لوپ | 实心的 |
| موزاي | موزا: | قوم، ئات | 小牛犊 |
| موزاي | بۇزو: | لوپ | 小牛犊 |
| ئۈچەي | ئۈچۈ: | لوپ | 肠子 |
| زەي | زە: | لوپ | 潮湿 |
| ساراي | سارا: | كەل | 殿堂 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| تەخەي | تەخە: | خوت | 小毛驴 |
| كۆسەي | كۆسە: | ئات | 拨火棍 |
| جۇسەي | جۇسە: | لۇك | 韭菜 |
| ئوڭاي | ئوڭا: | لۇك | 容易 |
| بۇغداي | بۇغدا: | لۇك | 小麦 |
| ئۆي | ئۆ: | لۇك | 屋子 |
| توي | تو: | لۇك | 婚礼 |
| قوي | قو: | لۇك | 羊 |

پىچان لۈكچۈن شېۋىسىدە، بوغۇم كەينىدە «ي» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى ئىنتايىن ئېغىر، ھەتتا كەڭ، كەينى سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن پېئىللارنىڭ كەلگۈسى زامان بولۇشسىز شەكلى «ماي» دىكى «ي» تاۋۇشىمۇ چۈشۈپ قالىدۇ. لېكىن، كەڭ، ئالدى سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن پېئىللارنىڭ كەلگۈسى زامان بولۇشسىز شەكلى «مەي»، ئاجىزلىشىپ «مىي» شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لۈكچۈندە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| بارمايدۇ | با:ما:دو | 他不去 |
| ئالمايدۇ | ئا:ما:دو | 他不要 |
| ياپمايمەن | ياپما:مەن | 我不关 |
| ئاچمايمىز | ئاشما:مىز | 我们不开 |
| يېمەيدۇ | يېمىيدو | 他不吃 |
| كەلمەيدۇ | كە:مىيدو | 他不来 |
| كەتمەيمەن | كەتمىيمە | 我不回 |
| كۆرمەيمىز | كۆمىيمىز | 我们不看 |

(2) بەزى شېۋىلەردە سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن «ي» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

① سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش «ئا» دىن كېيىن «ي» نىڭ چۈشۈپ قېلىشى:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئايرىل ـ | ئا:رىل ـ | قوم، تۇر، خوت، لوپ، غۇل | 离开 |
| سايرا ـ | سا:را ـ | قوم، تۇر، خوت، قەش | 鸣叫 |
| قايرى ـ | قا:رى ـ | قوم، تۇر، كەل، غۇل | 折、翻 |
| قايسى | قا:سى | قەش، خوت، ئات، كەل | 谁、哪个 |
| قايچا | قا:چا | قوم، تۇر، خوت | 剪刀 |
| ئايغىر | ئا:غىر | قوم، تۇر | 公马 |
| چايقا ـ | چا:قا ـ | قوم، قەش | 涮；摇 |
| چايقا ـ | يا:قا ـ | تۇر | 涮；摇 |
| مايماق | مايغاق\ما:غاق | تۇر | 跛子 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| قايسى | قاسۇ | تۇر | 谁、哪个 |
| بايراق | با:راق | قوم | 旗 |
| ۋايجان | ۋا:جا(ن) | قوم | 哎哟 |
| چاينا ـ | چا:نا ـ | لوك | 咀嚼 |
| قايرى ـ | قە:رى | خوت | 折、翻 |

② سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش «ئە» دىن كېيىن «ي» نىڭ چۈشۈپ قېلىشى:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| پەيزىۋات | پە:زىۋات | ئات | 伽师 |
| جەينەك | جە:نەك | لوك | 肘 |
| پەيلى | پە:لى | قوم | 势 |
| چەيدۇ | چە:دۇ | قوم | 切刀 |
| غەيۋەت | غە:ۋەت | كەل | 闲话 |
| هەيران | هەرەن | تۇر | 诧异 |
| مەيدە | مە:دە | ئات | 胸 |
| مەينەت | مە:نەت | كەل | 脏 |
| مەينەت | مې:نەت | ئات | 脏 |
| نەيزە | نە:زە | لوپ | 矛，标枪 |
| لەيلىگۈل | لە:لى گۈل | قوم | 女人名 |
| شەيخ | شېخ | غۇل، تۇر | 谢赫(宗教人士) |

③ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش «ئو» دىن كېيىن «ي» نىڭ چۈشۈپ قېلىشى:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئويغاق | ئو:غاق | يوپ، خوت، غۇل | 醒 |
| چويلا | چو:لا | قوم، غۇل | 笊篱 |
| ئويغاق | ئوخاق | تۇر | 醒 |
| ئوينا ـ | ئو:نا ـ | لوك | 玩 |
| كويلا | كالۇ | خوت | 磨坊下水道 |
| هويلا | هو:لا | غۇل | 院子 |
| شويلا | شو:لۇ | لوپ | 粘抓饭、粥 |
| خويما | خو:ما | خوت | 真是 |
| چويلا | چا:لۇ | خوت | 笊篱 |
| چويلا | چۇ:لۇ | لوپ | 笊篱 |
| سويدى | سو:دى | لوك | 宰了 |
| سويما ، | سو:ما | ئات | 瓜蛋子 |

④ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش «ئۇ، ئۆ، ئۈ» لەردىن كېيىن «ي» نىڭ چۈشۈپ قېلىشى:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| قۇيرۇق | قۇ:رۇق | لوپ، قەش، خوت، قوم | 尾巴 |
| بۇيرۇق | بۇ:رۇق | لوپ، تۇر، غۇل | 命令 |
| سۈيدۈك | سۇ:دۈك | لوپ، غۇل، قەش | 尿 |
| ئۇيقا | ئۇ:قۇ | لوپ، قەش | 睡眠 |
| ئۆيلەنمەك | ئۆ:لەنمەك | غۇل، ئاق | 往家 |
| ئۇيقا | ئۇ:خا | قوم | 睡眠 |
| پۇشايمان | پۇشمان | تۇر | 后悔 |
| بۇيرۇق | بۇ:رۇق | خوت | 命令 |
| سۈيدۈك | سىدۈك | خوت | 尿 |
| جۆيلۇ ـ | جۆ:لۇ ـ | لوپ | 梦呓 |
| سۈيلە ـ | سۈ:لە ـ | لوپ | 催 |

كەلپىندە ئايرىم سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە بوغۇم بېشىدىكى «ي» مۇ چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن، «مېكىيان» سۆزى كەلپىندە «مە:كەن» (母鸡) دېيىلىدۇ.

(3) «قوي ـ » دېگەن پېئىل تۇرلەنگەندە، تۇرپان، قومۇل، غۇلجىلاردا تەركىبىدىكى «ي» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| قويغىنا | قو:سىنا | تۇر، قوم | 你放下吧 |
| قويۇپ قوي | قوقوي | تۇر، غۇل | 你放下 |
| قويۇپ قويغىنا | قوقو:سىنا | تۇر | 请你放下 |
| قويماستىن | قو:ماستى\قو:ماستىن | قوم، تۇر | 不放 |

(4) بەزى جايلاردا تار سوزۇق تاۋۇش «ئى، ئۇ» بىلەن باشلانغان بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى «ي» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| يىپەك | ئىپەك | قوم، تۇر، لوپ | 丝绸 |
| يۈز | ئۈز | قوم، تۇر، لوپ | 脸 |
| يىلان | ئىلان | قوم، تۇر، لوپ | 蛇 |
| يىلىك | ئىلىك | قوم، تۇر، لوپ | 骨髓 |
| يىن | ئىن | قوم، تۇر، لوپ | 食糜 |
| يىلپىز | ئىلپىز | قوم، تۇر | 豹子 |
| يىتمەك | ئىتمەك | قوم، لوپ | 丢失 |
| يىتمەك | ئۈتمەك | تۇر | 丢失 |
| يىپ | ئىپ | لوپ | 线 |
| يىر ـ | ئىر ـ | لوپ | 撕裂 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| يىراق | ئىراق | لوپ | 远 |
| يىرت ـ | ئىرت ـ | لوپ | 扯、撕 |
| يىرىك | ئىرىك | لوپ | 粗糙 |
| يىك | ئىك\ئىگ | لوپ | 纺锤 |
| يىل | ئىل | لوپ | 年 |
| يىلتىز | ئىلتىز | قوم | 根 |
| يىلتىز | ئىلدىز | لوپ | 根 |
| يىلقا | ئىلقا | قوم | 马群 |
| يىقىلماق | ئىشخىلماق | كەل | 摔倒 |
| يىڭنە | ئىگنە | لوپ | 针 |
| يۈرەك | ئۈرەك | لوپ | 心脏 |
| يۈسۈپ | ئۈسۈپ | تۇر | 人名：玉素甫 |
| يىرىڭ | ئىرىڭ | لوپ | 脓 |

(5) «يىت» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەردە، غۇلجا شېۋىسىدە «ي» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | غۇلجىدا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| قالمايتتىم | قا:ماتتىم | 我不会留下 |
| ئېيتتى | ئېتتى | 他说了 |
| ئالمايتتى | ئا:ماتتى | 他不会拿的 |
| يامايتتى | ياماتتى | 他常补补丁 |
| جىقلايتتى | جىخلاتتى | 常增多 |
| يېمەيتتىم | يېمەتتى | 我原本不吃 |

**4) «ن» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى**

(1) «ن» نىڭ چۈشۈپ قېلىشى قومۇل شېۋىسىدىكى گەۋدىلىك ھادىسە بولۇپ، سۆز ئاخىرىدىكى «ن» تاۋۇشى ئادەتتە ئومۇميۈزلۈك چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | قومۇلدا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئالتۇن | ئالتو | 金子 |
| ئالقان | ئالقا | 手掌 |
| ئۆگۈن | ئۆگۈ | 后天 |
| تۈنۈگۈن | تۈنۈگۈ | 昨天 |
| ئەتىگەن | ئەتىگە | 早晨 |
| ئۇستىخان | ئۇسقا | 骨头 |
| ئەمگەكچان | ئەمگەكچا | 勤劳 |
| تىرىشچان | تىرىشچا | 刻苦 |
| كۆيۈمچان | كۆيۈمچا | 善良 |
| بوران | بورا | 风 |

| | | |
|---|---|---|
| بوغۇن | بوۋۇ\بوغو | 蜜蜂 |
| تاشقىن | تاشقو | 洪水 |
| توشقان | توشقا | 兔子 |
| تۈگمەن | تىگىرمە | 磨坊 |
| چىۋىن | چىۋى | 苍蝇 |
| چۆگۈن | چۆگۈ | 壶 |
| خامان | خارما | 麦场 |
| شىۋىرغان | شۇرغا | 刺骨寒风 |
| قاچان | قاچا | 什么时候 |
| قوغۇن | قوغۇ | 甜瓜 |
| قەنت | قە | 砂糖 |
| كەلكۈن | كەلكۆ | 洪水 |
| لاچىن | لىچى | 隼 |
| يوتقان | يورتقا | 被子 |
| يۇلغۇن | يۇلغۇ | 红柳 |
| هايۋان | هايگا | 动物 |

(2) ھەتتا تۇرلەنگەن سۆزلەرنىڭ قوشۇمچىلىرىدىمۇ بۇ خىل ھادىسە كۆرۈلىدۇ. تۇرپان، قومۇل، غۇلجا، ھەتتا خوتەندە، شەخسلىك پېئىللارنىڭ كەينىدىكى ياكى تۇرلەنگەن پېئىللارنىڭ كەينىدىكى «ن» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شىۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بارىسەن | بايىسە\بارىسە | خوت، تۇر، غۇل | 你要去 |
| كەپتىكەن | كەپتىكە | تۇر، غۇل | 听说来了 |
| ئاپىرايمىكىن | ئاپىرايمىكى | تۇر، غۇل | 我还是带去吧 |
| سويىدىكەن | سويىدىكە | تۇر، غۇل | 听说要宰 |
| ئىككىدىن | ئىككىدى | قوم | 每两个 |
| كىمدىن | كىمدى | قوم | 从谁那儿 |
| ئاغرىيدىغان | ئا:رىيدىغا | قوم | 疼的 |
| ئۆتكەن | ئۆتكە | قوم | 过去的 |
| كەلگەن | كەلگە | قوم | 来了的 |
| كەتكەن | كەتكە | قوم | 走了的 |
| ئالالماسمەن | ئالاماسمە | خوت | 我可能拿不上 |
| بارىمەن | بايىتمە | خوت | 我要去 |
| ئۆتتۇپتىكەنمەن | ئۆتەپتىكەممە | خوت | 我就这样过了 |
| شۇنىڭ بىلەن | شۇنىڭ ۋىلە | غۇل | 就这样 |
| گەپدان | گەپدا: | غۇل | 能说会道 |

(3) بەزىدە سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «ن» مۇ چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| مانتا | ما:تا | قوم، تۇر | 包子 |
| ئۇنىڭغا | ئوڭڭو | لوپ | 对他 |
| سانجى – | چا:چ – | قوم | 插、戳 |
| يانتاق | يا:تاق | قوم | 骆驼刺 |
| تىكەنگۈل | تىكە:گۈل | قوم | 有刺的花 |
| يانجى – | يا:چ – | قوم | 碾、压 |
| يانچۇق | يا:چۇق | قوم | 口袋 |
| مونچاق | مو:چاق | قوم | 珠子 |
| ئەنزە | ئە:زە | قەش | 案子 |
| ئەنسىز | ئە:سىز | قەش | 不安 |
| تانسا | تا:سا | قەش | 交际舞 |
| تىنچ | تىژ | قەش | 安静 |
| تىنچلىق | تىژلىق | قەش | 和平 |
| سەنزە | سە:زە | قەش | 你呀 |
| بولمەنمىكىن | بولمە:مىكى | غۇل | 吧也许我… |
| مۇشۇنداق | مۇشدا: | غۇل | 这样 |

(4) كەلپىن، تۇرپان، لوكچۇنلەردە ئۈملۈك سانىنىڭ ئاخىرىدىكى «ن» تاۋۇشىمۇ چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئونەيلەن | ئونۆيلە | كەل، تۇر | 我们十人 |
| بەشەيلەن | بەشۆيلە | كەل، تۇر | 我们五人 |
| تۆتەيلەن | تۆتۆيلە | كەل، تۇر | 我们四人 |
| ئىككىيلەن | ئىككۆ:لە | لۇك | 我们两人 |
| تۆتەيلەن | تۆتۆ:لە | لۇك | 我们四人 |

### 5) «ھ» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

(1) «ھ» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسىمۇ خېلى كۆپ كۆرۈلىدىغان ھادىسە. سۆز ئاخىرىدا كەلگەن «ھ» تاۋۇشى ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش چۈشۈپ قېلىشتىن باشقا (مەسىلەن، «دەستىگاھ» نىڭ «دەستىگا» دەپ، «گۇۋاھ» نىڭ «گۇۋا» دەپ ئوقۇلۇشى)، بەزى جايلاردا سۆز بېشىدا كەلگەن «ھ» تاۋۇشىمۇ چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ھادىسە | ئادىس | لوپ | 事件 |
| ھاراق | ئاراق | قوم | 酒 |
| ھارۋا | ئاراۋا | تۇر، لوپ | 马车 |
| ھازىردار | ئازىردا: | ئاق | 怀孕 |
| ھاسا | ئاسا\ھاسا | لوپ | 拐杖 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| هاشار | ئاشا | لوپ | 差事 |
| هاك | ئاك | قەش، يەك | 石灰 |
| هاكاۋۇر | ئاككاۋىر | تۇر | 骄傲、傲慢 |
| هال | ئال | خوت | 状态 |
| هالقىماق | ئالقۇماق | لوپ | 翻跃 |
| هاماقەت | ئاماقەت | لوپ | 糊涂 |
| هامام | ئامام | لوپ | 热气浴 |
| هاڭرا ـ | ئاڭگىلا ـ | لوپ | 喘鸣 |
| هوسۇل | ئۇسۇل | لوپ | 收获 |
| هوشيار | ئۇششا: | خوت، قەش، ئات، يەك | 机灵 |
| هوقۇق | ئوقۇق | لوپ | 权利 |
| ھىجاي ـ | ئىرجاي ـ | لوپ، تۇر | 咧嘴笑 |
| ھىد | ئىد | قوم، لوپ | 味道 |
| ھىدلا ـ | ئىلدا ـ | لوپ | 气味；嗅 |
| ھىيلىگەر | ئىلاگەر | لوپ | 狡猾 |
| ھىڭگان | ئىڭگال | لوپ | 公骆驼 |
| ھىڭگان | ئىڭگان | كەل | 公骆驼 |
| ھۆر قىزلار | ئۇر قىززار | لوپ | 仙女 |
| ھۆرمەت | ئۇرمەت | لوپ | 尊敬 |
| ھۆكۇمەت | ئۆكۇمەت | لوپ | 政府 |
| ھۆل | ئۆل | قوم، خوت، يەك | 潮湿 |
| ھۆججەت | ئوجەت | لوپ | 文件、字据 |
| ھۇجۇم | ئۇجۇم | لوپ | 进攻 |
| ھۇۋقۇش | ئۇقۇش | لوپ | 猫头鹰 |
| ھۇۋلا ـ | ئۇلا ـ | مار | 嚎叫（狼） |
| ھۇنەرۋەن | ئۇنەرمەن | لوپ | 手艺人 |
| ھېچ | ئېش | چۆچ | 任何 |
| ھېيت ـ ئايەم | ئايىت ـ ئايەم | لوپ | 节假日 |
| ھېيتگاھ | ئېيىتكا | كىر | 艾提噶寺 |
| ھەپتە | ئەپتە | لوپ | 周、星期 |
| ھەرە | ئارە | لوپ | 蜜蜂；锯 |
| ھەسەل | ئەسەل | لوپ | 蜂蜜 |
| ھەسەن ـ ھۈسەن | ئاسان ـ ئۈسەن | لوپ | 彩虹 |
| ھەشقاللا | ئاشقاللا | لوپ | 多谢 |
| ھەلەپ | ئەلەپ | تۇر، لوپ، قوم | 饲料 |
| ھەمراھ | ئەمرا | لوپ | 伴侣 |

(2) بەزى جايلاردا سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «ھ» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئەھۋال | ئە:ۋال | قوم، تۇر، لوپ، يەك | 情况 |
| تۆھمەت | تۆ:مەت | قوم، تۇر، كەل، كوس | 诬陷 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| مېھمان | مىمان | خوت، قەش، تۇر، قوم | 客人 |
| مەھسۇلات | مە:سۇلات | خوت، قەش، لوپ، يەك | 产品 |
| سۆھبەت | سۆ:بەت | خوت، قەش، ئات، قوم | 座谈会 |
| ۋەھشىي | ۋە:شى | قەش، ئات، كەل | 恐怖 |
| دېھقان | دىخان | قوم، تۇر، قەش | 农民 |
| مېھراب | مە:راپ | قوم، لوپ | 祭坛 |
| مېھرىبان | مىرىبان | قوم، قەش | 善良 |
| ئېھتىيات | ئە:تىيات | لوپ، كوس | 小心，谨慎 |
| تەھلىل | تە:لىل | لوپ، يەك | 分析 |
| مېھراب | مىراپ | قەش | 祭坛 |
| ئاگاھلاندۇر - | ئەگا:لاندۇ: - | قەش | 提醒 |
| ئېھتىمال | ئە:تىمال | كوس | 可能性 |
| تۆھپە | تۆ:پە | كوس | 贡献 |
| تەھدىت | تە:دىت | كوس | 威胁 |
| ئەھمىيەت | ئە:مىيەت | لوپ | 意义 |
| قەھر - غەزەپ | قەر - غەزەپ | لوپ | 愤怒 |
| قەھرىمان | قە:رىمان | قوم باي | 英雄 |
| يەھيا | يە:يا | قوم | 男人名 |
| نائەھلىي | نائە:لى | يوپ | 白眼儿狼 |

(3) «ھ» تاۋۇشى يەنە بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى بوغۇم بېشىدا كەلگەندە چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| جاراھەت | جارائەت | لوپ، قەش، خوت | 疮口 |
| ئاھانەت | ئا:نەت | لوپ، يوپ | 诬陷 |
| ناھايىتى | نا:يىتى | لوپ، يوپ | 非常 |
| مېھىر - شەپقەت | مېرى - شەپقەت | لوپ، قوم | 慈爱 |
| مەسلىھەت | مەسسەت | لوپ، قوم | 建议 |
| مەھەللە | مە:لە | لوپ، قوم | 村、街巷 |
| مەسلىھەت | مەسلەت | خوت، تۇر | 建议 |
| مۇھەببەت | مە:بەت | قەش، تۇر | 爱情、情谊 |
| ئىمتىھان | ئىمتان | كەل، گۇم | 考试 |
| ئىلھام | ئىلام | تۇر | 激励、鼓励 |
| ئىمتىھان | ئىنتام | تۇر | 考试 |
| جاراھەت | جارات | تۇر | 疮口 |
| باھا | با: | لوپ | 价格 |
| باھانە | با:نە | لوپ | 理由 |
| نەسىھەت | ناسات | لوپ | 劝告 |
| تەنھا | تانا: | لوپ | 孤独 |
| ناھىيە | نا:يى | لوپ | 县 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| زېھىنلىك | زەيلىگ | لوپ | 聪明 |
| راھەت | را:ت | قوم | 舒服 |
| گۆھەرخان | گۆر:خا | قوم | 女人名 |
| ساھىبجامال | سا:پجامال | خوت | 美人 |
| ماھارەت | ما:رەت | كەل | 技能 |
| ئاھالە | ئا:لە | يوپ | 居民 |

**6) «غ» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى**

دىۋاندا بەزى سۆزلەر تەركىبىدىكى «غ» تاۋۇشى ھازىرقى زامانغا كەلگەندە چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | ھازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| يالغادى | 3 ـ 419 | يالىدى | 舔了 |
| قايغۇق | 3 ـ 242 | قېيىق | 小舟 |
| قايغىق | 1 ـ 250 | قېيىق | 小舟 |
| تامغاق | 1 ـ 613 | تاماق | 嗓子，喉咙 |
| ياغاق | 3 ـ 36 | ياڭاق | 核桃 |

(1) سۆز تەركىبىدە بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «غ» بەزى جايلاردا، بولۇپمۇ تۇرپان، قومۇل، لوپنور قاتارلىق جايلاردا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاغرى ـ | ئا:رى ـ | قوم، تۇر | 疼痛 |
| ئاغزى | ئا:زى | قوم، تۇر | 嘴巴 |
| ئوغلاق | ئو:لاق | قوم، تۇر | 山羊羔子 |
| ئوغلۇم | ئو:لۇم | قوم، تۇر | 我的儿子 |
| ياغلىق | يا:لىخ | قوم، تۇر | 头巾；手巾 |
| قوغلا ـ | قو:لا\قوُلا ـ | قوم، لوپ | 追赶 |
| ساغرۇ | سا:رو | تۇر | 聋子 |
| توغرا | تو:رو \تو:را | لوپ | 正确 |
| توغراق | تو:روغ | لوپ | 胡杨 |
| ئوغلان | ئو:لان | قوم | 男儿 |
| باغلام | با:لام\ۋا:لام | قوم | 把（量） |
| باغلىق | با:لىق | قوم | 有关 |
| بوغجۇما | بو:جۇما | قوم | 包袱 |
| توغرا | تو:را | قوم | 正确 |
| توغراق | تو:راق | قوم | 胡杨 |
| تولغاق | تو:لاق | قوم | 阵痛 |
| چاغلا ـ | چا:لا ـ | قوم | 猜度；锄 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| زاغرا | زا:را | قوم | 杂粮面 |
| ساغرا | سا:را | قوم | 臀部 |
| ماغدۇر | ما:دۇر | قوم | 力气 |

(2) بەزىدە سۆز تەركىبىدە بوغۇم بېشىدىكى «غ» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئايغىر | ئايىر | قوم ئەل | 公马 |
| ئورغاق | ئوراق | تۇر | 镰刀 |
| بوغۇرساق | بو:سوق | لوپ | 油果子 |
| تارغاق | تاراق | تۇر | 梳子 |
| قارىغۇ | قا:رو | قوم، تۇر | 瞎子 |
| ئارغامچا | ئارامچا | قوم | 绳子 |
| قوڭغۇز | قوڭۇز | تۇر | 屎壳郎 |
| قىڭغىر | قىڭار | خوت | 斜的 |
| ئىتالغۇ | ئىتالا | لوپ | 犬鹰，矛隼 |
| سوغۇق | سوق | تۇر، لوپ | 冷 |

(3) تۇرپان شېۋىسىنىڭ كەلگۈسى زامان سۈپەتداش شەكلىدە «غ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كېلىدىغان | كېل:دان | تۇر | 来的 |
| بارىدىغان | بار:دان | تۇر | 去的 |
| ئالىدىغان | ئال:دان | تۇر | 拿的 |

7) «ق» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

«ق» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىمۇ ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ، پەقەت بەزى جايلاردا بىر قىسىم ئالماشلارنىڭ ئاخىرىدىكى ۋە ئاز بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن «ق» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| شۇنداق | شۇندا | كەل، خوت، يەك، غۇل | 这样 |
| مۇنداق | مۇندا | كەل، خوت، غۇل | 这样 |
| قانداق | قايدا | خوت، يەك | 怎样 |
| ئارقىلىق | ئارقىلى | كەل | 通过 |
| ئاق گۈل | ئا:گۈل | قوم | 白花 |
| ئاق يىپ | ئا:يىپ | قوم | 白线 |
| ئاق يەر | ئا:يەر | قوم | 未开垦地 |
| سېرىق ياغ | سېرى ياغ | قوم | 黄油 |
| قىرىقغول | قىرغول | قوم | 地名 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| قانداق | قاندا | غۇل | 怎样 |
| ئالدىنقى كۈنى | ئالدىڭ كۈنى | غۇل | 前天 |
| مۇنداق | مامدا | يەك | 这样 |

**8) «ڭ» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى**

«ڭ» نىڭ چۈشۈپ قېلىشى ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ئاز كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تۈڭلۈك | تۈنۈك | خوت، كەل | 天窗 |
| چوڭقۇر | چوقۇر | كەل | 深的 |
| چوڭقۇر | چۇقۇ | قەش | 深的 |
| داڭقان | دا:خا | قوم | 鼎 |
| گۈڭگۈرت | گۈگۈت | خوت | 硫磺 |
| لەڭپۇڭ | لە:پۇڭ | قوم | 凉粉 |
| لەڭمەن | لۇمەن | خوت | 拉条子 |
| لەڭمەن | لە:مەن | قوم | 拉条子 |
| مۈڭگۈز | مۈ:ز\مۈگۈز | لوپ | 犄角 |
| مۈڭگۈز | مۈيۈز | قوم نوم | 犄角 |
| مۈڭگۈز | مۈڭۈز | تۇر | 犄角 |
| مەڭخان | مە:خان | تۇر | 女人名 |
| توڭگۇز | توڭۇز | تۇر | 野猪 |
| ئۆڭكۈر | ئۆنى\ئۆنۆ | يەك | 窑洞 |

تۇرپان، قومۇل شېۋىسى، لوپنۇر دىيالېكتىدا، ئىسىمنىڭ ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ» تەركىبىدىكى «ڭ» تەلەپپۇزدا دائىم چۈشۈپ قېلىپ، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» بىلەن شەكىل جەھەتتە ئوخشاپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | تۇرپان، قومۇلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بىزنىڭ ئاتىمىز | بىزنى ئاتىمىز | بىززى ئاتىمىز | 我们的父亲 |
| يازنىڭ كۈنى | يازنى كۈنى | ياززى كۈنى | 夏日 |

**9) «د» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى**

«د» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى، ئاساسەن تۇرپان، قومۇل شېۋىلىرىدىكى بىرىنچى بوغۇمى «ن» بىلەن ئاياغلاشقان، ئىككىنچى بوغۇمى «د» بىلەن باشلانغان كۆرستىش ۋە سوراق ئالماشلىرىدا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئانداق | ئاناق | تۇر، قوم | 那样的 |
| ئۇنداق | ئۇناق | قوم، تۇر | 那样的 |
| بۇنداق | بۇناخ | قوم | 这样的 |



www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| مۇشۇنداق | ماشناق\ماينىاق | تۇر | 就这样 |
| مۇنداق | مۇناق | تۇر، قوم | 这样的 |
| شۇنداق | شۇناق | تۇر | 那样 |
| قانداق | قاناق | قوم، تۇر | 什么样 |
| جابدۇن ـ | جاۋۇن ـ | خوت | 准备 |

پېئىللارنىڭ كەلگۈسى زامان ئىككىنچى شەخس بىرلىك ھۆرمەت شەكلىدە، تۇرپان، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا «دى» بوغۇمى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بارالامدىلا | بارالامىلا | تۇر، ئاق | 你能去吗 |
| ئاچالامدىلا | ئاچالامىلا | قوم، تۇر، ئاق | 你能开吗 |
| تاپالامدىلا | تاپالامىلا | قوم، تۇر، ئاق | 你能找到吗 |

**10) «چ» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى**

«چ» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ئاز بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاچقۇچ | ئاچقۇ | لوپ، قەش، يەك | 钥匙 |
| ئاسقۇچ | ئاسقۇ | قەش | 挂衣架 |
| تۇتقۇچ | تۇتقۇ | قەش | 把手 |
| ياپقۇچ | ياپقۇ | قەش | 盖的东西 |
| ئاچچىق | ئاجىخ | كەل | 苦的；辣的 |

**11) «ت» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى**

«ت» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ئاساسەن قوشما ئۈزۈك تاۋۇش «ست، نت» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەردە كۆرۈلۈشى مۇمكىن . مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| پەرزەنت | پە:زەن | قەش | 子女 |
| دوست | دوس | قەش | 朋友 |
| راست | راس\ياس | قوم، خوت | 真的 |
| سۇيىقەست | سۇيىقەس | قەش | 阴谋 |
| قەست | قەس | قەش، قوم | 计谋 |
| تۆت | تۆ | كەل | 四 |
| ۋەسىيەت | گۇسىي | تۇر | 遗言 |

**12) «ب» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى**

تۇرپان شېۋىسىدە «ب» تاۋۇشى كىشى ئىسىملىرىدا بوغۇم كەينىدە كەلگەندە چۈشۈپ

قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئابدىقادىر | ئادىقادىر | 阿布都卡得尔 |
| ئابدىۋاجىت | ئادىگاجىت | 阿布都瓦吉提 |
| ئابدۇراخمان | ئادىراخمان | 阿布都热合曼 |
| ئابدۇرېھىم | ئادىرېم | 阿布都热依木 |
| ئابدۇۋېلى | ئادىۋېلى\ۋېلى | 阿布都外力 |
| ئابلىتىپ | ئالىتىپ | 阿布力提甫 |
| ئابلىز | ئالىز | 阿布力孜 |
| ئابلىمىت | ئالىمىت | 阿布都力米提 |
| ئىبراھىم | ئىرايىم | 伊布拉音 |
| قۇربان ئاخۇن | قۇرناخۇن① | 库尔班阿訇 |
| قۇربان ھېيت | قۇرنېت | 库尔帮节 |

**13) «ۋ» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى**

دىۋاندىكى بەزى سۆزلەردىكى «ۋ» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | ھازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كەۋشەدى | 3 ـ 392 | كۆشىدى (يۇمشىدى) | 咀嚼；发软 |
| قاۋرۇلدى | 2 ـ 340 | قورۇلدى | 炒了 |
| سۇۋغاردى | 2 ـ 269 | سۇغاردى | 浇水 |
| تاۋۇشغان | 3 ـ 457 | توشقان | 兔子 |
| سۇۋ | 3 ـ 178 | سۇ | 水 |
| ئۇۋشاتتى | 1 ـ 347 | ئوشتۇدى | 折断 |
| ئەۋرۇلدى | 1 ـ 330 | ئۆرۈلدى | 翻转 |

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە، «ۋ» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىمۇ ئاز ـ تولا كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

(1) «ۋ» تاۋۇشى بەزى جايلاردا ئاساسەن بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەندە چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| توۋلا ـ | تو:لا ـ | يوپ، قوم | 呼喊 |
| كۆۋرۈك | كۆ:رۈك | قوم، غۇل | 桥 |
| ئوۋچى | ئو:چي | قەش، غۇل | 猎人 |
| كۆۋرۈك | كۆيۈك | يەك | 桥 |
| قىرغاۋۇل | قىرغال | يەك | 雪鸡 |
| ھۇۋلىماق | ئۇلىماق | مار | 狼嚎 |
| دوۋساق | دو:سۇق | قوم | 膀胱 |

① «قۇرناخۇن» دېگەن سۆز بىلەن «قۇرنېت» تىكى «ر» تاۋۇشى تۇرپاندا تىل قايرىلما تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| جاۋىغاي | جو:خەي | قوم | 下巴颏、下颌 |
| ئەۋلاد | ئو:لات | قوم | 后代 |
| ئوۋچى | ئۇ:چۇ | لوپ | 猎人 |
| ئوۋلا ـ | ئو:لا ـ | خوت | 打猎 |
| تۈۋرۈك | تۆ:رۆك | غۇل | 柱子 |
| قوۋزاق | قو:زاق | غۇل | 树皮 |

(2) بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىمۇ «ۋ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| قوۋۇرغا | قو:رغا | تۇر، قوم | 肋巴骨 |
| يالۋۇر ـ | يالۇر ـ | تۇر | 哀求 |
| غەلۋىر | غەلۇر | تۇر | 筛子 |
| چارۋا | چارو | لوپ | 牲口 |
| قوۋۇق | قوق | قوم | 门扇 |
| سۈپۈرۈندى | سۈ:رۈندە | قوم | 垃圾 |
| بوۋاق | بوق | قوم | 婴儿 |
| ھەجەر بۈۋى | ھەجەربۈ: | غۇل | 女人名 |
| تۇرسۇن بۈۋى | تۇرسۇنبۈ: | غۇل | 女人名 |

(3) غۇلجا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا تەركىبىدە «ۋ» تاۋۇشى بولغان ئالماشلاردا «ۋ» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاۋۇ | ئا: | تۇر، غۇل | 那个 |
| ماۋۇ | ما: | تۇر، غۇل | 这个 |
| ئاۋۇ يەر | ئا:يە\ئەيە: | تۇر، غۇل | 那个地方 |
| ماۋۇ يېقى | ما: يېقى | تۇر، غۇل | 这边 |
| ئاۋۇنى | ئا:نى | تۇر، غۇل | 把那个 |

**14) «ك»، «گ» تاۋۇشلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى**

«ك، گ» قاتارلىق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ئاز كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| جىگدە | جى:دە | قوم، قەش | 沙枣 |
| كۆكيارغول | كۆيارغۇل | قوم | 地名 |
| كەپكۈر | كەبۈر | قوم | 漏勺 |
| ئەگرى | ئە:رى | قوم | 弯曲 |
| لەگلەك | لە:لەك | قوم | 风筝 |
| ئەگلەك | ئە:لەك | قوم | 筛子 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| تۆنۈگۆن | تۆ:نۈن | لوپ | 昨天 |
| ئېگىز | ئى:ز | لوپ | 高的 |
| تۆگمەن | تۆ:مەن | لوپ | 磨坊 |
| كىگىز | كى:ز | لوپ | 毡子 |
| ئەگىشىپ | ئە:رىشىپ | لوپ | 跟着 |
| ئۆچكە | ئۆ:چە | يەك | 山羊 |

**15) «ش» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى**

بۇ خىل ھادىسە ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| چۈشۈپ كەتكەن | چۈپ كەتكەن | خوت | 下去了 |
| چۈشۈرگە | چۈيگە | خوت، يەك | 溢洪道 |
| چۈشۈرگە | چۈرگە | تۇر | 溢洪道 |

**16) «پ» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى**

«پ» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ئانچە كۆپ كۆرۈلمەيدۇ، پەقەت تۇرپان، غۇلجا شېۋىسىدە پېئىللارنىڭ «پ» لىق رەۋىشداش بىلەن ئىپادىلەنگەن ئانالىتىكىلىق تۈس شەكلىدە، مۇستەقىل پېئىللارنىڭ كەينىدىكى «پ» تاۋۇشى، ھەتتا «ئۇپ، ئۈپ» بوغۇملىرى چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋال كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | تۇرپانلاردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئاپىرىپ قويغىنا | ئاپىرقوسىنا | 你带他去吧 |
| ئېلىپ قال | ئاقال | 你拿上吧 |
| ئېلىپ كېلىپ | ئەكىپ | 你拿过来吧 |
| قېلىپ قال | قاقال | 你留下吧 |
| چۈشۈرۈپ قوي | چۈشۈر قوي | 你让他下来吧 |
| دەپ قوي ـ | داقوي\دەقوي | 你告诉吧 |
| قويۇپ قويغىنا | قوقو:سىنا\قوقويغىنە | 你放下嘛 |
| قويۇپ قويۇپ | قوقويۇپ | 放下 |
| كۈلۈپ كەتتى | كۈلىكەتتى | 他笑起来了 |
| كېتىپ قالدى | كېتىقالدى | 他走掉了 |
| گەپ قىل ـ | گە:قىل ـ | 你说话呀 |
| يۇمۇپ ئال ـ | يۇمبال ـ | 你闭上吧 |
| يېتىپ قالما ـ | يېتىقاما ـ | 你别倒下 |
| يېتىپ كەل ـ | ھېتىكەل\يېتىكەل | 你赶过来吧 |
| يېنىپ چۈش ـ | ھېنچۈش\يېنچۈش | 你下来吧 |
| يېنىپ كەل ـ | ھېنىكەل\يېنىكەل | 你回来吧 |
| يەپ كەتتىم | يەكەتتىم | 我吃完了 |
| ئېلىپ چىقىپ كەت ـ | ئەچىكەت ـ | 你拿出去吧 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| ئېلىپ چىقىپ قوي ـ | ئاچىقىۋي ـ | 你带出去吧 |
| بولۇپ قالدى | بوقالدى | 成了 |
| قىچقىرىپ كېلىڭلار | قىشقىركېلىڭلا: | 叫来 |
| كىرىپ كېتىپ بېرىپ | كىركېتىپپېرىپ | 进去的时候 |

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسىنىڭ تۈپكى سەۋەبى، ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشىدىندۇر. ئادەتتە تاۋۇشلار ئاجىزلاشسا، نەتىجىدە بىرىنچى قەدەمدە تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە، يەنى ئاجىزلىشىش تېخىمۇ ئېغىرراق كۆرۈلسە، تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە، ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى گەرچە نورمال ھادىسە بولسىمۇ، ئەدەبىي تىلىمىزنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەممىمىزنىڭ بۇرچى بولۇۋاتقان مۇشۇنداق بىر مەزگىلدە، بۇ خىل ھادىسە مەۋجۇت بولغان سۆزلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنى ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ تەلەپپۇز نورمىسى بويىچە قېلىپلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

**6.0 تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى**

تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى سۆزدىكى بىر تاۋۇشنىڭ ئورنىغا يەنە بىر تاۋۇشنى ئالماشتۇرۇش ھادىسىسىدۇر. تىلشۇناسلىقتا تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى كۆپىنچە تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. لېكىن، يەنە خېلى كۆپ بىر تۈركۈم تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى تارىخىي سەۋەبتىنمۇ بولىدۇ. شۇڭا، بەزى نۆۋەتلىشىش ھادىسىلىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى نۇقتىسىدىن تۇرۇپ كۆزىتىپ، ھەقىقىي سەۋەبىنى تېپىش تەس.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا كۆرۈلۈپلا قالماي، ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان ھادىسىلەرنىڭ بىرى. شۇنداقلا تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، بۇ خىل ھادىسە قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئېنىق.

**6.1 دىۋاندىكى تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشىگە بىر نەزەر**

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنى قەدىمكى تىلىمىزغا سېلىشتۇرغاندا، ئەسلىدىكى بەزى سۆزلەردە ھازىر تاۋۇش نۆۋەتلىشىش ھادىسىسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بايقايمىز. دىۋاندىكى سۆزلەرگە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىمىزدىن قارىغاندا، دىۋاندىكى بەزى سۆزلەر ھازىرغا كەلگەندە، تەركىبىدىكى بەزى تاۋۇشلارنىڭ باشقا تاۋۇشلارغا نۆۋەتلەشكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

### 6 .1 .1 دىۋاندىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى

ئالدى بىلەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقايلى. دىۋاندىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەينى دەۋردىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ئې\ئى» تاۋۇشلىرى، يەنە بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئې\ئى» تاۋۇشلىرى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا «ئا\ئە» تاۋۇشلىرىغا ئۆزگىرىشكە كەتكەن.

1) دىۋاندىكى ئەسلىي تەركىبىدە تارراق سوزۇق تاۋۇش «ئې» بولغان سۆزلەر، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئې» نىڭ ئورنىغا «ئە» ئۆزگىرىشكە ئۇچرىغان. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | ھازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| يېر | 3 _ 194 | يەر | 土地 |
| بېز | 3 _ 169 | بەز | 腺 |
| كېڭ | 3 _ 489 | كەڭ | 宽 |
| بېش | 3 _ 172 | بەش | 五 |
| سېن | 3 _ 190 | سەن | 你 |
| بېل | 3 _ 182 | بەل | 腰 |
| يېتتى | 3 _ 33 | يەتتە | 七 |

2) دىۋاندىكى ئەسلىي ئاخىرىدا تار سوزۇق تاۋۇش «ئى» بولغان بەزى سۆزلەر، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئى» نىڭ ئورنىغا «ئە» ئۆزگىرىشكە ئۇچرىغان. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | ھازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| چۈمەلى | 1 _ 584 | چۈمۈلە | 蚂蚁 |
| تەرى | 3 _ 305 | تېرە | 皮，皮肤 |
| كىرپى | 1 _ 542 | كىرپە | 刺猬 |
| كەركى | 1 _ 560 | كەكە | 小锄 |
| يەتى | 3 _ 314 | يەتتە | 七 |
| بۆرى | 3 _ 304 | بۆرە | 狼 |
| كەمى | 3 _ 323 | كېمە | 船，小舟 |

3) دىۋاندىكى ئەسلىي بىرىنچى ياكى ئاخىرقى بوغۇمى تار سوزۇق تاۋۇش «ئى» دىن تەركىب تاپقان بەزى سۆزلەر، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئى» نىڭ ئورنىغا «ئا» ئۆزگىرىشكە ئۇچرىغان. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | ھازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| يىغاچ | 3 _ 9 | ياغاچ | 木头 |
| قوزى | 3 _ 309 | قوزا | 羊羔 |
| قوشنى | 1 _ 566 | قوشنا | 邻居 |
| قامچى | 1 _ 544 | قامچا | 鞭子 |
| قىچى | 3 _ 327 | قىچا | 油菜 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| چوۋلى | 3 ـ 599 | چويلا | 笊篱 |
| يالىڭ | 3 ـ 509 | يالاڭ | 单薄的 |
| تولى | 1 ـ 188 | تولا، مۆلدۈر | 冰雹 |
| ياتىق | 3 ـ 17 | ياتاق | 宿舍 |
| پۇتىق | 1 ـ 488 | پۇتاق | 木节 |
| ساغرى | 1 ـ 550 | ساغرا | 屁股，臀 |
| توقلى | 1 ـ 561 | توقلا | 一岁羊羔 |
| قازى | 3 ـ 309 | قېزا | 马肠子 |
| بۇقۇرسى | 3 ـ 333 | بوقۇسا | 木犁 |

پەقەت «ياسى» (3 ـ 29) سۆزى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسەن ئەسلىنى ساقلاپ «يېسسى» (扁的) دەپ ئېيتىلىدۇ.

### 6.1.2 دىۋاندىكى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىششى

ئەمدى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشىگە كەلسەك، دىۋاندا بەزى سۆزلەردىكى ئۇزۇك تاۋۇشلار هازىرقى زامانغا كەلگەندە قانۇنىيەتلىك هالدا باشقا ئۇزۇك تاۋۇشلارغا نۆۋەتلەشكەن. دىۋاندىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەينى دەۋردىكى خاقانىيە تىلىنىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسىدا چىش ئارىلىقى، سىيرىلاڭغۇ، جاراڭلىق تاۋۇش [ð] (بۇ تاۋۇش هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مىساللاردا ۋاقىتىنچە «د» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلەندى) نىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز.

دىۋاندا بەزى كۆپ شەكىللىك سۆزلەر ئۇچرايدۇ، بۇ سۆزلەردە ئۆزئارا پەقەت بىرلا تاۋۇشى پەرقلىنىدۇ. بۇنداق مەنىسى، شەكلى پۈتۈنلەي ئوخشاش، پەقەت بىرلا تاۋۇشى پەرقلىنىدىغان كۆپ شەكىللىك سۆزلەر دىۋاندا خېلى كۆپ. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | دىۋاندا | ئورنى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|---|
| ئەشيەك | 1 ـ 150 | ئەشگەك | 1 ـ 154 | 毛驴 |
| بۆي | 3 ـ 192 | بۆگ | 3 ـ 180 | 壁钱 |
| يىنچۇ | 3 ـ 38 | چىنچۇ | 3 ـ 39 | 珍珠 |
| بەيرەم | 3 ـ 242 | بەدرەم | 1 ـ 630 | 节日 |
| ئايغىر | 3 ـ 169 | ئادغىر | 1 ـ 129 | 公马 |
| ئايىغ | 1 ـ 114 | ئادىغ | 1 ـ 86 | 熊 |
| ئايرىشدى | 1 ـ 356 | ئادرىلدى | 1 ـ 328 | 分别、分开 |

يۇقىرىقى مىساللاردىن، شۇ دەۋردە «ي» تاۋۇشى دائىم «گ»، «چ»، «د» لەر بىلەن نۆۋەتلىشىدىغانلىقىنى، بەزى سۆزلەردە «ي» تاۋۇشى ھەتتا چۈشۈپمۇ قالىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال، شۇ زاماندىكى تىلىمىزدا «ي» تاۋۇشى بەزى جايلاردا تۇراقسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

دىۋاندا يەنە تۆۋەندىكىدەك جۈپ بىلەن كۆرۈلگەن، مەنىسى تامامەن ئوخشاش، پەقەت

تەركىبىدىكى بىرلا تاۋۇش پەرقلىنىدىغان سۆزلەرمۇ بار:

| دىۋاندا | ئورنى | هازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ياداغ | 1 ـ 494 | ياياق | 步行 |
| ياداغ | 3 ـ 35 | ياياق | 步行 |
| كېدىن | 2 ـ 32 | كېيىن | 以后 |
| كېدىن | 1 ـ 269 | كېيىن | 以后 |
| قۇدرۇق | 1 ـ 616 | قۇيرۇق | 尾巴 |
| قۇدرۇق | 1 ـ 667 | قۇيرۇق | 尾巴 |
| قادغۇ | 3 ـ 403 | قايغۇ | 悲伤、痛苦 |
| قادغۇ | 1 ـ 554 | قايغۇ | 悲伤、痛苦 |
| قاداش | 1 ـ 524 | قاياش | 亲戚、亲属 |
| قاداش | 1 ـ 478 | قاياش | 亲戚、亲属 |
| بەدۇك | 1 ـ 500 | بۈيۈك | 伟大的、大的 |
| بەدۇك | 1 ـ 126 | بۈيۈك | 伟大的、大的 |
| ئاداق | 1 ـ 88 | ئاياغ | 腿；脚 |
| ئاداق | 1 ـ 114 | ئاياغ | 腿；脚 |
| ئاداش | 1 ـ 83 | ئاداش | 朋友 |
| ئاداش | 1 ـ 210 | ئاداش | 朋友 |

يۇقىرىقى مىساللاردىن بىز شۇنى پەرەز قىلالايمىزكى، تىلىمىزدىكى «ي» تاۋۇشى، «د» تاۋۇشىدىن «د» تاۋۇشىغا، ئاندىن «ي» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ كەلگەندەك تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن. هازىرقى زامان تىلىمىزغا كەلگەندە، يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ باشقا ۋارىيانتلىرى يوقىلىپ، پەقەت «ي» تاۋۇشى بولغان ۋارىيانتى قېلىپ قالغان. سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، لۇغەتتىكى ئۆز ۋاقتىدا [ð] (د) تاۋۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان سۆزلەردىكى [ð] (د) تاۋۇشى، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ي» ياكى «گ»، ياكى «د»، ياكى «ز» تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

1) دىۋاندىكى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش «د» هازىر «ي» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | هازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاداق | 1 ـ 88 | ئاياغ | 鞋 |
| ئادغىر | 1 ـ 129 | ئايغىر | 公马 |
| قادىق | 1 ـ 496 | قېيىق | 小船 |
| چادان | 1 ـ 533 | چايان | 蝎子 |
| ئادىغ | 1 ـ 86 | ئېيىق | 熊 |
| بود | 3 ـ 167 | بوي | 个子 |
| قادغۇ | 1 ـ 554 | قايغۇ | 痛苦 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

2) دىۋاندا تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش «د»، هازىر «گ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | هازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئەدىز | 1 ـ 76 | ئېگىز | 高的 |
| ئىدى | 1 ـ 118 | ئىگە | 属于 |

3) دىۋاندا تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش «د» هازىر «د» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | هازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| قۇدۇغ | 1 ـ 485 | قۇدۇق | 井 |
| يىدىغ | 3 ـ 14 | ھىدلىق (سېسىق) | 臭味 |

4) دىۋاندا تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش «د» هازىر «ز» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | هازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئەدگۇ | 1ـ 154 | ئەزگۇ (ياخشى) | 好 |
| بەدىزلىگ | 1ـ 659 | بىزەكلىك | 彩色的、修饰 |

دىۋاندا ئەڭ ئومۇميۇزلۇك كۆرۈلگەن يەنە بىر فونېتىكىلىق هادىسە، خاقانىيە تىلىدا «غ» ياكى «گ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ كۆپ بولۇشىدۇر. بۇنداق سۆزلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى «غ» ياكى «گ» تاۋۇشى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسەن دېگۈدەك «ق» ياكى «ك» گە نۆۋەتلىشىپ كەتكەن.

5) دىۋاندا تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ياكى سۆز تەركىبىدە بوغۇم بېشىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش «غ»، هازىر «ق» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | هازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| قىرغاغ | 2 ـ 21 | قىرغاق | 岸 |
| قۇتلۇغ | 1 ـ 606 | قۇتلۇق | 吉祥 |
| قۇرۇغ | 1 ـ 486 | قۇرۇق | 干的，空的 |
| ئاغرىغ | 1 ـ 133 | ئاغرىق | 病；病人 |
| پىشىغ | 1 ـ 482 | پىششىق | 熟的 |
| ياماغ | 3 ـ 35 | ياماق | 补丁 |
| ئۇرۇغ | 1 ـ 87 | ئۇرۇق | 种子 |
| يايلاغ | 3 ـ 63 | يايلاق | 草原 |
| ئاتلىغ | 1 ـ 132 | ئاتلىق | 骑马人 |
| قۇشغاچ | 1 ـ 594 | قۇشقاچ | 麻雀 |

6) دىۋاندا تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش «گ»، هازىر جاراڭسىز ئۈزۈك «ك» غا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | هازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| يۈزلۈگ | 60 _ 3 | يۈزلۈك | 有面子的 |
| تۈرلۈگ | 622 _ 1 | تۈرلۈك | 各式各样 |
| سۈزۈگ | 506 _ 1 | سۈزۈك | 清澈的 |
| تىرىگ | 502 _ 1 | تىرىك | 活的 |
| يىتىگ | 21 _ 3 | ئىتتىك | 快的、锋利的 |
| بىلىكلىگ | 662 _ 1 | بىلىملىك | 有知识的 |
| تۆكۈكلۈگ | 662 _ 1 | تۆكۈكلۈك | 被倒掉的 |
| كەرەكلىگ | 661 _ 1 | كېرەكلىك | 必须的 |
| بەلگۈلۈگ | 684 _ 1 | بەلگىلىك | 被指定的 |
| ئۆلۈگ | 98 _ 1 | ئۆلۈك | 死的 |

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، دىۋاندا يەنە بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدا كېلىدىغان «ب» تاۋۇشى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «م» ياكى «پ» غا نۆۋەتلەشكەن، يەنە بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى «ت» تاۋۇشى هازىر «چ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

دىۋاندا تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش «ب» هازىر «م» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن:

| دىۋاندا | ئورنى | هازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بەن | 441 _ 1 | مەن | 我 |
| بۇز | 441 _ 3 | مۇز | 冰 |
| بۆڭ | 484 _ 3 | مۆڭ | 呆傻 |
| بۇزاغۇ | 582 _ 1 | مۇزاي | 小牛犊 |
| بۇزلۇق | 609 _ 1 | مۇزلۇق، مۇزخانا | 冰糕店 |

دىۋاندا تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش «ب» هازىر «پ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن:

| دىۋاندا | ئورنى | هازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| باقا | 313 _ 3 | پاقا | 青蛙 |
| باڭ | 484 _ 3 | پاڭ | 聋子 |
| بۇرچاق | 609 _ 1 | پۇرچاق | 豆子 |
| باقلان | 578 _ 1 | پاقلان | 羊羔 |
| بوق | 178 _ 3 | پوق | 粪便 |

دىۋاندا تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش «ت» هازىر «چ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| دىۋاندا | ئورنى | هازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تۇش | 3 ـ 173 | چۈش | 中午 |
| تىش | 3 ـ 173 | چىش | 牙齿 |
| تۇشۇرگۇ | 1 ـ 637 | چۈشۈرگە | 磨房下水槽 |
| تىشى | 3 ـ 310 | چىشى (جىنس) | 母的 |

7) بۇلاردىن باشقا يەنە ئانچە سىستېمىلىق بولمىسىمۇ ئۇچرايدىغان تۆۋەندىكىدەك ئۆزگىرىشلەرمۇ بار. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | هازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| قاتىر | 1 ـ 471 | قېچىر | 骡子 |
| چەكۈرگە | 1 ـ 637 | چېكەتكە | 蚂蚱 |
| تاغاي | 3 ـ 80 | تاغار | 麻袋 |
| سەپگىل | 1 ـ 629 | سەپكۈن | 雀斑 |

دىۋاندىكى يۇقىرىقىدەك سۆزلەردىكى بەزى تاۋۇشلار هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا بەزى ئۆزگىرىشلەرنى هاسىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى شېۋىلىرىدە ئەسلىدىكى شەكلىنى ساقلاپ قالغان. تۆۋەندىكى بايانلار بۇ مەسىلىنى ئىسپاتلايدۇ.

## 6 . 2 ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى

يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك، تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى دېگىنىمىز، ئىزچىل نۇتۇق جەريانىدا تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى، ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشى ۋە بەزى تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلى، سۆزدىكى بىر تاۋۇشنىڭ يەنە بىر تاۋۇش بىلەن ئۆزگىرىشىش هادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ. بەزىلەر ئۇنى تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىشى دەپمۇ ئاتايدۇ.

تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ خىل هادىسە سوزۇق تاۋۇشلاردىمۇ، ئۈزۈك تاۋۇشلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ. بىز ئالدى بىلەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈستىدە توختالماقچى.

ئەمدى بىز توپلىغان دىيالېكت ـ شېۋىلەر توغرىسىدىكى ماتېرىياللارغا قارايدىغان بولساق، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلەردە خېلى كۆپ كۆرۈلىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ خىل ئۆزگىرىش سۆز ئاخىرىدىمۇ، سۆز بېشىدىمۇ، ھەتتا سۆز تەركىبىدىمۇ كۆرۈلىدۇ.

### 6 . 2 . 1 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى

**1) «ئا» تاۋۇشنىڭ باشقا سوزۇق تاۋۇشلارغا ئۆزگىرىشى**

(1) سۆز ئاخىرىدىكى «ئا» نىڭ «ئى» غا ئۆزگىرىشى

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، دىۋاندا بەزى «ئى» تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان

ياكى باشلانغان سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ياكى بېشىدىكى «ئى» تاۋۇشى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئا» ياكى «ئە» تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلەشكەن. لېكىن، بەزى شېۋىلەردە بەزى سۆزلەر دىۋاندىكى ھالىتىنى ساقلىغان. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|---|---|
| يىغاچ | 3 ـ 9 | ياغاچ | يىغاچ | قوم، تۇر | 木头 |
| قوزى | 3 ـ 309 | قوزا | قوزى | پاخپۇ | 羊羔 |
| قوشنى | 1 ـ 566 | قوشنا | قوشنى | خوت | 邻居 |
| قامچى | 1 ـ 544 | قامچا | قامچى | لوپ، چۆچ | 鞭子 |
| قىچى | 3 ـ 327 | قىچا | قىچى | لوپ، كەل | 油菜 |
| يالىڭ | 3 ـ 509 | يالاڭ | يېلىڭ | تۇر | 单薄的 |
| چۇمەلى | 1 ـ 584 | چۇمۇلە | چىمەلى | لوپ | 蚂蚁 |
| تەرى | 3 ـ 305 | تېرە | تەرى | لوپ | 皮，皮肤 |
| كىرپى | 1 ـ 542 | كىرپە | كىرۋى | كەل | 刺猬 |
| كەركى | 1 ـ 560 | كەكە | كەكى | كەل، خوت، لوپ | 小锄 |
| يەتى | 3 ـ 314 | يەتتە | يەتتى | كەل، تۇر ئاس | 七 |
| ياسى | 3 ـ 29 | يېسسى | يېسسى | تۇر ئاس | 扁的 |
| چوۋلى | 3 ـ 599 | چويلا | چۇلۇ\چولۇ | لوپ | 笊篱 |

يۇقىرىقىدەك ئەسلىنى ساقلاپ قالغان سۆزلەردىن باشقا، ئەدەبىي تىلدا «ئا» بىلەن ئاياغلاشقان يەنە نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى سوزۇق تاۋۇش «ئا»، لوپنور دىيالېكتى قاتارلىق جايلاردا «ئى» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئارغامچا | ئاغامچى | ئات، لوپ | 绳子 |
| پالتا | پالدى | كەل، خوت | 斧头 |
| قولۇم ـ قوشنا | قولۇڭ ـ قوشنى | خوت | 邻居 |
| ئارا (قورال) | ئايى | خوت | 叉子 |
| ئارا (قورال) | ئارى\ئارە | لوپ | 叉子 |
| بانكا | باڭكى\باڭكە | لوپ | 银行 |
| پارپا | پارپى | لوپ | 矮子 |
| تاپانچا | تاپانچى | لوپ | 手枪 |
| دۇخاۋا | دۇخاۋى | لوپ | 金丝绒 |
| سارجا | سارجى | لوپ | 毛布 |
| ساڭزا | ساڭزى | لوپ | 馓子 |
| شارپا | شارپى | لوپ | 围巾 |
| قۇلاقچا | قۇلاقچى | لوپ | 棉帽 |
| ناخشا | ناخشى | لوپ | 歌 |
| يىغا | يىغى | لوپ | 啼哭 |
| ئارام | ئارىم | پاخ | 休闲 |
| ئارغامچا | ئاغرامچى | كەل | 绳子 |
| بوسۇغا | بوسىغى | كەل | 门槛 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| مانتا | مانتى | كەل | 包子 |
| يۇندى | يۇندى | كەل | 污水 |
| تارازا | توروزى | ئات | 秤 |
| شولا | شولى | ئات | 影子 |
| قاياش | خېيش | قوم | 亲戚、亲属 |

(2) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ئا» تاۋۇشى بەزى جايلاردا «ئى» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئادەم | ئىدەم | خوت، يەك | 人 |
| ئانا | ئىنە | قوم | 妈妈 |
| چاكار | چىكەر | قوم | 仆人 |
| خامان | خىمان | خوت، قوم | 麦场 |
| شاگىرت | شىگىرت | كەل | 徒弟 |
| قازناق | قىزناق | قوم | 储藏室 |
| لاچىن | لىچىن | خوت | 鹰隼 |
| چاكاندا | چىكاندا | قوم | 麻黄 |
| ئاداۋەت | ئىداۋەت | غۇل | 冤仇 |
| قاتىرىماق | قىتىرىماق | قوم | 颠、奔跑 |
| چاچرىماق | چىچرىماق | قوم | 溅出 |

(3) سۆز تەركىبىدىكى كەينى سوزۇق تاۋۇش «ئا» نىڭ ئالدى سوزۇق تاۋۇش «ئە» گە نۆۋەتلىشىشى

ئەدەبىي تىلدىكى بىرىنچى بوغۇمى كەينى سوزۇق تاۋۇش «ئا» دىن تۈزۈلگەن بىر قىسىم سۆزلەردىكى «ئا» تاۋۇشى بەزى شېۋىلەردە ئالدى سوزۇق تاۋۇش «ئە» گە نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| داستان | دەستان | قەش | 叙事长诗 |
| ئاگاھلاندۇر ـ | ئەگا:لاندۇ: ـ | قەش | 提醒 |
| ئاۋۋال | ئەۋۋال | قەش | 首先 |
| ئامېرىكا | ئەمرىكا | قەش | 美国 |
| ۋارىس | ۋەرىس | قەش | 接班人 |
| ئارمان | ئەرمان | قەش | 愿望 |
| ئارشاڭ | ئەرشاڭ | كەل | 温泉 |
| ھاكاۋۇر | ھەكەۋۇر | كەل | 傲慢 |
| سامساق | سەمساق | تۇر | 蒜 |
| ئاخىر | ئەخىر | تۇر | 终于 |
| ماكان | مەكان | لوپ | 空间 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| پاناھ | پەنا | لوپ | 掩护 |
| شاكاراب | شەكاراپ | لوپ | 盐水 |
| ئابايا | ئەبايا | ئات | 刚才 |
| ئانداق | ئەنداغ | ئات | 那样 |
| ئاشۇنداق | ئەشۇنداغ | ئات | 就那样 |
| ئاۋۇنى | ئەۋۇنى | ئات | 把那个 |
| ئاۋۇ | ئەۋۇ | ئات | 那个 |
| ئەندۇۋا | ئەندۇگا | خوت | 砂浆镘刀 |
| ياۋىداق | يەۋىداق | قوم | 骣 |
| باياشات | بەياشات | غۇل | 富裕 |

ئەدەبىي تىلدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى كەينى سوزۇق تاۋۇش «ئا» بەزى جايلاردا ئالدى سوزۇق تاۋۇش «ئە» گە نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شىۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| پاچاق | پايچەك | خوت | 小腿 |
| ئاۋات | ئاۋەت | خوت | 繁荣 |
| پايدا | پايتە | لوپ | 好处 |
| جاڭگال | جاڭگەل | لوپ | 灌木林 |
| ئاكا | ئاكە | لوپ | 哥哥 |
| مانا | مانە | لوپ | 在这儿 |
| كاۋا | كاۋە | لوپ | 南瓜 |
| يانپاش | ياڭپەش | قوم | 胯 |

ئەدەبىي تىلدىكى بەزى «ئا» دىن تۈزۈلگەن سۆزلەردىكى «ئا» لارنىڭ ھەممىسى بەزى جايلاردا «ئە» گە نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شىۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| پاچاق | پەچەك | شاي | 小腿 |
| پاقالچەك | پەقەلچەك | كۇچا | 腿肚子 |

(4) سۆز تەركىبىدىكى لەۋلەشمىگەن كەينى سوزۇق تاۋۇش «ئا» نىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش «ئو» ياكى «ئۇ» غا نۆۋەتلىشىشى

ئەدەبىي تىلدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى لەۋلەشمىگەن كەينى سوزۇق تاۋۇش «ئا»، بەزى جايلاردا لەۋلەشكەن كەڭ سوزۇق تاۋۇش «ئو» غا نۆۋەتلەشسە، بەزى جايلاردا لەۋلەشكەن تار سوزۇق تاۋۇش «ئۇ» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شىۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ۋاپا | گوپا | قوم، لوپ، تۇر | 恩情 |
| ۋاپادار | گوپادار | قوم، لوپ، تۇر | 忠诚 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| تاۋار | تۇگا: | قوم، تۇر | 绸缎 |
| ياۋاش | يۇگاش | قوم، تۇر | 老实 |
| قاپسىماق | قوپسىماق | قوم ئەل | 包围 |
| ھاۋا | ھوگا | قوم | 空气 |
| چاۋات | چوۋات | قوم | 薄而大的馕 |
| چاپاق | چوپاق | قوم | 眼眵 |
| جاۋغاي | جوخەي | قوم | 下颌 |
| ھاۋانچا | ھوگانچا | قوم | 姜窝子 |
| ۋاراق | غورەك | تۇر | 页 |
| تاۋاپ | تۇگاپ | تۇر | 朝拜 |
| جاۋاب | جۇگاپ | تۇر | 回答、答案 |
| زاۋال | زۇگال | تۇر | 傍晚 |
| ساۋاب | سۇگاپ | تۇر | 德、积德 |
| جاۋاب | جۇۋاپ | خوت | 回答、答案 |
| ئاران | ئارۇن | خوت | 好不容易 |
| ۋاپات | گۇپات | لوپ | 去世 |
| سامسا | سۇمسا | لۇك | 烤包子 |
| باتنىماق | بۇتنىماق | ئاق | 赌气 |
| ئاتىسى | ئوتىسى | شاي | 他的父亲 |
| ئاپىسى | ئوپىسى | شاي | 他的母亲 |

**2) «ئە» تاۋۇشىنىڭ باشقا سوزۇق تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىشى**

(1) «ئە» نىڭ ئارا سوزۇق تاۋۇش [E] غا نۆۋەتلىشىشى

ئەدەبىي تىلدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ئە» تاۋۇشى بەزى جايلاردا «ئې» تاۋۇشىدىن سەل كەڭ، «ئە» تاۋۇشىدىن سەل تار بولغان ئارا سوزۇق تاۋۇش [E] غا نۆۋەتلىشىدۇ، بۇ خىل ھادىسە لوپنور، ئاتۇشلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ، ھەتتا قەشقەر، يەكەن، مەكىتلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئەمدى | ئېمدى | لوپ، ئات | 吸奶了 |
| ئەنسىرە ـ | ئېنسىرە ـ | لوپ، ئات | 担心 |
| ئەيمەنمەك | ئېيمەنمەك | لوپ، ئات | 拘谨 |
| ئەپچىل | ئېپچىن | لوپ | 灵巧 |
| ئەپچىل | ئېپچىل | ئات | 灵巧 |
| ئەللىك | ئېللىگ | ئات | 五十 |
| بەش | بېش | ئات | 五 |
| بېرىپتىكەن | بېرىپتىكېن | يەك، مەك | 给了 |
| مەيلى | مېيلي | مەك | 行、可以 |

(2) «ئە» نىڭ «ئى» غا نۆۋەتلىشىشى

قەدىمدە «ئى» تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان بىر قىسىم سۆزلەر ئەدەبىي تىلدا «ئە» بىلەن

ئاياغلىشىدىغان بولۇپ قالغانلىقى ھەم بەزى شىۋىلەردە مۇنداق سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى ئەينەن ساقلانغانلىقى توغرىسىدا يۇقىرىدا بەزى مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندۇق. بۇلاردىن باشقا يەنە بەزى سۆزلەر ئەدەبىي تىلدا «ئە» تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان بولسىمۇ، لېكىن لوپنور دىيالېكتى ۋە كەلپىن شىۋىسى قاتارلىقلاردا، سۆز ئاخىرىدىكى «ئە» تاۋۇشى يەنىلا «ئى» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشىنى نۇۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شىۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئىجارە | ئىجارى | خوت، لوپ | 租金 |
| خاتىرە | خەتىي | خوت | 记忆、记录 |
| زەمچە | زامچى | خوت | 白矾 |
| پالەك | پالىك | خوت | 菠菜 |
| قەلەي | قەلىي | خوت | 铁 |
| سەۋزە | سەۋزى | لوپ | 胡萝卜 |
| تەڭنە | تەڭلى | لوپ | 面盆 |
| ئەلتىرە | ئەلتىرى | لوپ | 胎羔皮 |
| زەربە | زەربى | لوپ | 打击 |
| تەخسە | تاخسى | لوپ | 盘子 |
| يۆگەي | يۆگىي | قوم | 牵牛花 |
| ئۆگەي | ئۆگىي | قوم | 后爹后娘 |
| دۇشە | دۇشى | كەل | 墩子 |
| سۇپۇرگە | سۇپىگى | كەل | 笤帚 |
| تۈلكە | تۈلكى | پاخ | 狐狸 |
| چېكەتكە | چېكەتكى | كىر | 蚂蚱，蝗虫 |

ئەدەبىي تىلدا بىرىنچى بوغۇمى «ئە» دىن تۈزۈلگەن بىر قىسىم سۆزلەردە بەزى جايلاردا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى كۆرۈلۈپ، بىرىنچى بوغۇمدىكى كەڭ سوزۇق تاۋۇش «ئە» تار سوزۇق تاۋۇش «ئى» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شىۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئەرەنچە | ئىرەنچە | قوم | 男式的 |
| پەلەي | پىلىي | قوم | 手套 |
| پەيدىنپەي | پىيدەمپىي | قوم | 逐渐 |
| جەينەك | جىينەك | قوم | 胳臂肘 |
| چەيلە - | چىيلە - | قوم | 揉、踩 |
| رەسىم | رىسىم | قوم | 画儿 |
| زەيكەش | زىيكەش | قوم | 排水沟 |
| زەينەپ | زىينەپ | قوم | 人名 |
| مەيدە | مىيدە | قوم | 胸脯 |
| مەيلى | مىيلى | قوم | 随便 |
| كەكلىك | كىكلىك | قوم | 雪鸟 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| جەرىمانە | جىرىمانە | لوپ | 罚款 |
| جەمئىي | جىمىي | لوپ | 所有的 |
| خەنجەر | خىنجەر | لوپ | 匕首 |
| تەرەپ | تىيەپ | خوت | 方向 |
| جەسەت | جىسەت | خوت | 尸体 |
| سەۋەب | سىۋەپ | خوت | 理由 |
| مەززىلىك | مىزىلىك | كەل | 味道鲜美 |

ئەدەبىي تىلدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى ئالدى سوزۇق تاۋۇش «ئە»، خوتەن گۇما شېۋىسىدە بولسا «ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ. بۇ ئەھۋال ئىنتايىن گەۋدىلىك. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| سەدەپ | سىدەپ | گۇم، قوم | 珠光石 |
| ئەلەم | ئىلەم | گۇم | 委屈 |
| قەلەم | قىلەم | گۇم | 铅笔 |
| قەلەندەر | قىلەندە | گۇم | 乞丐 |
| ئەنە | ئىينا | گۇم | 在那儿 |
| ھەلەپ | ھىلەپ | گۇم | 饲料 |
| ئەدەپ | ئىدەپ | گۇم | 礼貌 |
| سەۋەب | سىۋەپ | گۇم | 原因 |
| ھەسەل | ھىسەل | گۇم | 蜂蜜 |
| غەنىيمەت | غىنىمەت | گۇم | 俘获品 |
| ئەمەل | ئىمەل | گۇم | 官衔 |
| سەمەت | سىمەت | گۇم | 男人名 |
| ئەيسا | ئىسا | غۇل | 男人名 |

(3) «ئە» نىڭ «ئا» غا نۆۋەتلىشىشى

ئەدەبىي تىلدىكى ئەرەب، پارس تىلىدىن كىرگەن، تەركىبىدە «ق، خ، غ» تاۋۇشلىرى بولغان بىر قىسىم سۆزلەر ۋە باشقا ئوخشاش شارائىتتىكى بەزى سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى ئالدى سوزۇق تاۋۇش «ئە»، لوپنور دىيالېكتىدا كەينى سوزۇق تاۋۇش «ئا» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| قەرەل | قارەل | 期限 |
| قەغەز | قاغەز | 纸 |
| قەلەندەر | قالەندەر | 乞丐 |
| قەلەم | قالەم | 铅笔 |
| تەقسىمات | تاقسىمات | 分配 |
| قەدىمكى | قادىمقى | 古代的 |

| | | |
|---|---|---|
| ئەقىدە | خاقىدە | 信念 |
| مەقسەت | ماخسەت | 目的 |
| ئەخلەت | ئاخلەت | 垃圾 |
| خەت | خات | 信 |
| خەق | خاق | 人们 |
| خەۋەر | خاۋار | 消息 |
| خەزىنە | غازىنە | 金库 |
| غەم | غام | 担心 |
| غەزەل | غازەل | 民歌 |
| غەلۋىر | غالۋىر | 筛子 |
| ئەقىل | ئاقىل | 智慧 |
| تەقدىر | تاغدىر | 命运 |
| خەسە | خاسە | 上等细布 |
| غەيرەت | غارەت\غايرەت | 毅力、志气 |
| ۋەدە | گادە | 保证 |
| چەينەك | چاينەك | 壶、茶壶 |

بۇ خىل ئەھۋال باشقا جايلاردىمۇ ئاز - تولا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| مەزىن | مايزىن | تۇر | 宣礼员 |
| ئەمدى | ئامدى | خوت | 那么 |
| ئەقلىم | ھاخلىم | خوت | 智力 |
| ئەينەك | ئاينەك | ئات، قوم | 镜子 |
| ھەرە | ھارە | قوم | 锯 |
| ئەپەندى | ئاپەندى | قوم | 先生 |
| زەپىران | زاپىرەڭ | ئاق | 橙色，黄色 |

ئەدەبىي تىلدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش «ە» بەزى جايلاردا «ئا» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| مەكتەپ | مەكتاپ | قەش | 学校 |
| دەسلەپ | دەسلاپ | قەش | 最初 |
| زىلچە | زىلچا | قەش | 地毯 |
| بەتىنكە | بىتىڭكا | كېرىيە | 皮鞋 |

يەكەن شېۋىسىدە «ە» بىلەن ئاياغلاشقان ئايرىم سۆزلەردە سۆز ئاخىرىدىكى «ە» تاۋۇشى «ئو» گە نۆۋەتلىشىدىغان ھادىسە مەۋجۇت. مەسىلەن، ئەدەبىي تىلدىكى «چېكەتكە» سۆزى يەكەندە «چېكەتكو» دەپ ئوقۇلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

3) «ئى» نىڭ باشقا سوزۇق تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىشى

(1) ئەدەبىي تىلدا تار سوزۇق تاۋۇش «ئى» بىلەن ئاياغلاشقان بىر قىسىم سۆزلەردىكى «ئى» بەزى جايلاردا سەل كەڭرەك سوزۇق تاۋۇش «ئې» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ياخشى | ياخشې | قەش، غۇل | 好 |
| زىيالىي | زىيالې | قەش | 知识分 |
| باشلىق | باشلېق | چۆچ | 头儿 |
| مۇھىت | مۇخېت | چۆچ | 环境 |

(2) تۇرپان شېۋىسىدە، مەيلى پېئىللارنىڭ تۈرلەنگەن شەكىللىرىدە بولسۇن ياكى باشقا سۆزلەردە بولسۇن، ئومۇمەن «ئى» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك، تار سوزۇق تاۋۇش «ئى» كەڭرەك سوزۇق تاۋۇش «ئې» غا نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ھادىسە يەكەن قاتارلىق جايلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| باردى | با:دې | تۇر | 他去了 |
| كەلدى | كەلدې | تۇر | 他来了 |
| باشلىق | باشلېق | تۇر | 头儿 |
| نەگە باردىڭ؟ | نە: ۋا:دېڭ؟ | تۇر | 你哪儿去了 |

(3) ئەدەبىي تىلدىكى بىرىنچى بوغۇمى تار سوزۇق تاۋۇش «ئى» دىن تۈزۈلگەن بەزى سۆزلەردىكى «ئى» تاۋۇشى ئايرىم جايلاردا «ئې» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئىشىك | ئېشىك | لوپ، لۇك | 门 |
| شىراق | شېراق | تۇر | 羊蹄子 |
| جىيەك | جېيەك | لوپ | 饰边 |
| كىيىم | كېيىم | لوپ | 衣服 |

(4) ئەدەبىي تىلدا «ئى» بىلەن ئاياغلاشقان يەنە بىر قىسىم سۆزلەردىكى «ئى» بەزى جايلاردا لەۋلەشكەن تار سوزۇق تاۋۇش «ئۇ» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئايدىڭ | ئايدۇڭ | قەش، يوپ | 月色、月光 |
| داستىخان | دوستۇخان | خوت | 桌单 |
| تاشقىن | تاشقو | قوم | 洪水 |
| تاجىك | تاجۇك | قەش | 塔吉克族 |
| سالقىن | سالقۇن | گوم | 凉快 |
| قالتىس | قالتۇس | قەش | 了不起 |
| كەڭرى | كەڭرۇ | گوم | 宽、多 |

(5) ئەدەبىي تىلدا بەزى «ئى» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ئى» تاۋۇشى بەزى جايلاردا كەڭ سوزۇق تاۋۇش «ئە» گە نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| پالانچى | پالانچە | لوپ | 某人 |
| بەزى | بەزە | لوپ | 有的、有些 |
| ئۈمىد | ئۈممەت | غۇل | 希望 |

**4) كەينى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىشى**

ئەدەبىي تىلدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى كەينى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى بەزى جايلاردا ئالدى سوزۇق تاۋۇشقا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| سۇناي | سۈنەي | تۇر | 唢呐 |
| خانىم | خەنىم | قوم ئەل | 夫人 |
| كالپۇك | كەلپۈك | تۇر، قوم | 嘴唇 |
| ماركا | مەركە | لوپ | 牌子 |
| كونا | كۆينە\كۆنە | قوم، تۇر | 旧 |
| چوكا | چۆكە | قوم، تۇر | 筷子 |
| ساڭگىلات ـ | سەڭگىلەت ـ | قوم، تۇر | 挂、倒挂 |
| كوزا | كۆزە | تۇر، لوپ | 罐子 |
| گوللا ـ | گۆللە ـ | تۇر، لوپ | 哄、骗 |
| كۇمۇتا | كۈمۈتە | تۇر، لوپ | 蠓虫 |
| گوللا ـ | گۆلدە ـ | ئاق باي | 哄、骗 |
| بوۋاق | بۆۋەك | خوت | 婴儿 |
| غىلاپ | غەلەپ | خوت | 刀鞘 |
| يۇندى | يۈندە | خوت | 污水 |
| چىپتا | يىپتە | كەل | 麻袋 |
| ئەندۇۋا | ئەندۈگە | كەل | 砂浆镘刀 |
| ئارتىس | ئەرتىس | تۇر | 演员 |
| ھاسىرا ـ | ھەنسىرە ـ | تۇر | 喘气 |
| چوتكا | چۆتكە | تۇر | 刷子 |
| كوكۇلا | كۆكۆيلە | تۇر | 头发 |
| نىمىشقا | نىمىشكە | تۇر | 为什么 |
| كۇرۇشكا | كۈرۈشكە | تۇر | 缸子 |
| ئۇكا | ئۆكە | تۇر | 弟弟 |
| دوك | دۆك | تۇر | 驼背 |
| پەردازلات ـ | پەدەزلەت ـ | تۇر | 美容、打扮 |
| ۋاراق | غەرەق | قوم | 页 |
| تاماكا | تەمكە | قوم | 烟 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاكا | ئەكە | قوم | 哥哥 |
| داڭگال | دەڭگەل | قوم | 土坷拉 |
| چاڭگال | چەڭگەل | قوم | 爪子 |
| سامساق | سەمسەخ | قوم | 蒜 |
| ۋاقىت | گەخ | قوم | 时间 |
| تىللا ـ | تىللە ـ | قوم | 骂 |
| سايلا ـ | سەيلە ـ | قوم | 选 |
| سۇپا | سۇپە | قوم | 土台子 |
| توقسان | توخسە | قوم | 九十 |
| ئاۋۋال | ئەگەل | قوم | 首先 |
| ئايشەم | ئەيشەم | قوم | 女人名 |
| يانپاش | ياڭپەش | قوم | 胯骨 |
| خاراكتېر | خەرەكتىر | لوپ | 性质 |
| چوكا | چۆكۇش\چۆكۇ | لوپ | 筷子 |
| گۇناھكار | گۇنەكەر | لوپ | 罪人 |
| كوچىلا ـ | كۆچۇلە ـ | لوپ | 挖 |
| كوچا | كۆچە\كوچە | لوپ | 街道 |
| كورا | كۆرۆ | لوپ | 铝锅 |
| كۇچۇلا | كۇچۇلە | لوپ | 马钱子 |
| چاۋاك | چەۋەك | لوپ | 巴掌 |

**5) ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ كەينى سوزۇق تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىشى**

(1) يۇقىرىدىكى ئەھۋالنىڭ ئەكسىچە، ئەدەبىي تىلدىكى ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى بەزى جايلاردا كەينى سوزۇق تاۋۇشقا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئۆرپ ـ ئادەت | ئۇرپ ـ ئادەت | قوم ئەل | 风俗习惯 |
| ئۆمۈر | خومۇر | لوپ | 寿命 |
| ئەخمەق | ئاخماق | تۇر | 傻瓜 |
| باھانە | باينا | تۇر | 借口、理由 |
| بەتىنكە | باتىڭكا | خوت | 皮鞋 |
| پەپىلە ـ | پاپىلا ـ | تۇر | 抚，宠爱 |
| تۇنىكە | تۇنىكا | خوت | 铁皮 |
| تەخسە | تاخسا | تۇر، قوم | 盘子 |
| تەخەي | تاخار | تۇر | 驴驹 |
| جۈپ | جۇپ | لوپ، خوت، قەش | 双 |
| جۈمە | جۇما | تۇر | 星期五 |
| جەمەت | جامات | قوم | 家族 |
| چۈجە | چوجا | كەل | 小鸡 |
| چۆچۈ ـ | چوچۇ ـ | قەش | 惊、吃惊 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| چۇشەك | تۇشاق | قوم | 绊马索 |
| چەبدەس | چابداس | خوت | 麻利 |
| چەش | چاش | خوت | 麦 |
| خەسە | خاسا | لوپ | 上等细布 |
| خەۋەر | خاۋار | لوپ | 消息 |
| دۆۋىلە ـ | دوۋىلا ـ | قوم ئەل | 堆起 |
| دۆۋە | دۇگا | تۇر، لوپ | 堆 |
| دۈشمەن | دۇشمان | لوپ | 敌人 |
| دۈگدەيمەك | دۇغدايماق | لوپ، تۇر | 瑟缩，蜷缩 |
| دەرەخ | داراخ | لوپ، تۇر، قوم | 树 |
| سۈرمە | سۇما | خوت | 胭脂 |
| شىللە | شىرلا | قوم | 后脖颈 |
| شىللە | شىللا | تۇر | 后脖颈 |
| شۈك | شۇك | خوت | 悄悄、沉默 |
| قەرز | قارز | لوپ | 债 |
| قەغەز | قاغاز | قوم، تۇر | 纸 |
| قەرەل | قارال | قوم | 期限 |
| قەلەي | قالاي | قوم ئەل | 铁皮 |
| كۆلچەك | كالچۇك | خوت | 池塘 |
| كۈنجۈت | كۈنجۈت | كەل، خوت | 芝麻 |
| كەمسىتمەك | كامسىتماق | تۇر | 贬低 |
| كەم ـ كوتا | كام ـ كۇتا | تۇر، يەك | 欠缺 |
| كەمپۈت | كامپۇت | قەش | 水果糖 |
| لەقەم | لاقام | قوم | 外号 |
| مۈرە | مورى | ئات | 肩膀 |
| مۈشۈك | مۇشۇك\موشۇك | خوت، ئات | 猫 |
| مەخمەل | ماخمال | خوت، يەك | 平绒 |
| نەم | نام | قوم، تۇر، لوپ | 潮湿 |
| يۈگۈر ـ | يۇگۇ ـ\جۇغۇ ـ | خوت، قەش | 跑 |
| يەنە | يانا | لوپ، قەش | 又、还 |
| ھۆكۈمەت | ھوكۇمەت | قوم ئەل | 政府 |
| ھەرە | ھارا | قوم، خوت | 锯；蜜蜂 |
| ھەيدە ـ | ھايدا ـ | تۇر | 赶 |
| تۈرمە | تۇيما | يەك | 监狱 |
| تەكەببۇر | تاكاببۇر | غۇل | 傲慢 |

2) ئەدەبىي تىلدىكى ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن ھەم تەركىبىدە «ك» ياكى «گ» بولغان، ئەرەب، پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بىر قىسىم سۆزلەردىكى تىل ئالدى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سوزۇق تاۋۇشلار قەشقەر، ئاتۇش، خوتەن، كەلپىن، قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق جايلاردا تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشقا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| چۆگۈن | چوگۇن | قەش، كەل، خوت | 壶 |
| گۈرۈچ | گۇرۇچ | ئات، قەش | 大米 |
| گۈرۈچ | گۇرۇنج | قاغ، خوت، يەك | 大米 |
| گۈل | گۇل | قەش، خوت، يەك | 花 |
| گۈلقەنت | گۇلقەن | خوت، يەك | 玫瑰花酱 |
| گۈللۈك | گۇللۇغ | خوت، يەك | 花园 |
| گۈمبەز | گۇمبازا | تۇر | 拱顶 |
| گۈڭگۈرت | گۇگۇت | خوت، يەك | 硫磺 |
| لۆڭگە | لۇڭگا | خوت، يەك | 毛巾 |
| گۆدەك | كودەك | قوم | 幼稚 |
| گۆر | گو: | خوت، يەك | 坟墓 |
| گۆش | گوش | خوت، ئات، قەش | 肉 |
| گۆشگىردە | گوشگىيدە | خوت، يەك | 肉馕 |
| گۆھەر | گوھەر | قەش، خوت | 宝贝、宝 |
| كۈچ | كۇچ | خوت، يەك | 力量 |
| كۈچلۈك | كۇچلۇغ | كەل، قەش | 有力 |
| كۈچۈك | كۇچۇك | خوت، يەك | 小狗 |
| چەك | چاك | خوت، يەك | 界，期限 |
| سۆك | سوك | خوت، يەك | 小米 |
| شۈك | شۇك | خوت، يەك | 悄悄 |

(3) لېكىن، لوپنور، قومۇل، تۇرپان، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا يۇقىرىقىدەك سۆزلەر ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| چۆگۈن | چۆگۈن | تۇر، قوم، لوپ | 壶 |
| گۈرۈچ | گۈرۈچ | تۇر، قوم، لوپ | 大米 |
| گۈل | گۈل | تۇر، قوم، لوپ | 花 |
| گۈللۈك | گۈللۈك | تۇر، قوم، لوپ | 花园 |
| لۆڭگە | لۈڭگە | تۇر، قوم، لوپ | 毛巾 |
| كونا | كۆينە\كۆنۆ | تۇر، لوپ | 旧的 |
| گوللا ـ | گۆللە ـ | تۇر، لوپ | 哄、骗 |
| توكۇر | تۆكۈر | لوپ | 瘸子 |
| چوكان | چۆكۆن | لوپ | 少妇 |

6) تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ كەڭرەك سوزۇق تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىشى

(1) ئەدەبىي تىلىمىزدا «ئو، ئۇ» ياكى «ئۆ، ئۈ» دىن تۈزۈلگەن ئىككى بوغۇملۇق بەزى سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى تار سوزۇق تاۋۇش بىر قىسىم جايلاردا كەڭلىشىپ، كەڭرەك سوزۇق تاۋۇش بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. بۇنداق بولۇشنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، بەزىلىرى شۇ بوغۇمنىڭ ئاخىرىسىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىن بولغان بولسا، بەزىلىرى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيەسىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| خوتۇن | خوتو(ن) | قوم نوم | 妇人 |
| تورۇس | توروس | قەش | 天花板 |
| توخۇ | توخو | قوم | 鸡 |
| توڭگۇز | توڭگوس | لوپ | 猪 |
| بويۇن | بويو | قوم | 脖子 |
| چويۇن | چويو | قوم | 生铁 |
| يوسۇن | يوسو | قوم | 方式 |
| قويۇن | قويو | قوم | 怀、怀抱 |
| توكۇر | توكو: | يەك | 瘸子 |
| بۇزۇق | بۇزوق | يەك | 烂；杂种 |
| چۆرۈ – | چۆرۆ – | قەش | 扔 |
| ئۆرۈ – | ئۆرۆ – | قەش | 翻过来 |
| چۆگۈن | چۆگۆ | قوم | 壶 |
| تۈنۈگۈن | تۆنۆگۆ | قوم | 昨天 |
| ئۆگۈن | ئۆگۆ | قوم | 后天 |
| سۆرۈن | سۆرۆ | قوم | 阴凉、阴冷 |
| تۈرگۈن | تۈرگۆ | قوم | 大胆 |
| سەپكۈن | سەپكۆ | قوم | 雀斑 |
| كەلكۈن | كەلكۆ | قوم | 洪水 |
| چامغۇر | چامغو: | يەك | 菜名 |

(2) ئەدەبىي تىلىمىزدا بىرىنچى بوغۇمى «ئۇ» بىلەن باشلانغان بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى «ئۇ» بەزى جايلاردا كېڭىيىپ «ئو» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بۇقا | بوقا | كەل | 公牛 |
| قۇياش | قوياش | قەش | 太阳 |
| بۇيرۇ – | بو:رۇ – | تۇر | 命令 |
| بۇيرۇق | بو:رۇخ | تۇر | 命令 |
| تۇۋاق | توۋاق | يەك | 锅盖 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(3) ئەدەبىي تىلىمىزدا بەزى سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى تار لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش «ئۈ»، قومۇلدا كەڭرەك سوزۇق تاۋۇش «ئو» غا نۆۋەتلىشىدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، شۇ بوغۇمنىڭ ئاخىرىسىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىن بولسا كېرەك. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىدە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ساغرۇ | سا:رو | قوم | 聋子 |
| ئالتۇن | ئالتو | قوم | 金子 |
| مايمۇن | مايمو | قوم | 猴子 |

(4) ئەدەبىي تىلدىكى بەزى «ئۇ»، «ئۈ» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ئۇ» ياكى «ئۈ»، بەزى جايلاردا «ئى» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئالدىراڭغۇ | ئالدىياڭغى | خوت | 急性子 |
| توخۇ | تۇخى | كەل | 鸡 |
| كەپكۈر | كاپكىي | خوت | 漏勺 |

**7) لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىشى**

(1) ئەدەبىي تىلدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىر قىسىم جايلاردا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارغا قىسمەن ياكى تولۇق نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| يوچۇق | يىچىق | خوت | 缝隙、裂缝 |
| قومۇش | قېمىش | قوم | 芦苇 |
| كومىلاچ | كۇمالاغ | لوپ | 丸，陀 |
| كۆمۈرچەك | كېمىرچەك | قوم | 软骨 |
| بۆشۈك | بەشىك | قوم | 摇床 |
| ئۆرۈك | ئەرۈك | قوم | 杏子 |
| تۈگمەن | تىگرمە | قوم | 磨房 |
| ئۈنچە | ئېنچى | موغال، خوت | 珍珠 |
| يۇمشاق | يىمشاق | قار | 软 |
| سۇنماق | سىنماق | تۇر | 折断 |
| تۈنىكە | تىنكە | خوت، قوم | 白铁皮 |
| غوزا | غىزا | تۇر | 棉桃 |
| ئۈزەڭگە | ئىزەڭگە | يەك | 马镫 |

(2) ئەدەبىي تىلدا بىرىنچى بوغۇمى «ئو» دىن تۈزۈلگەن بىر قىسىم سۆزلەردىكى «ئو»

تاۋۇشى خوتەن دىيالېكتىدا «ئا» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كولا ـ | كالا ـ | لوپ، خوت، يەك | 挖 |
| توغاچ | تاغاچ | خوت، يەك | 油光桃 |
| ئوبدان | ئابدان\ئامدان | خوت، تۇر | 好 |
| كوچىلا ـ | كاچىلا ـ | خوت | 挖、掘 |
| تولا ـ | تالا ـ | خوت | 编织 |
| هويلا | هالۇ | خوت | 院子 |
| چويلا | چالۇ | خوت | 笊篱 |
| كويلا | كالۇ | خوت | 磨房下水槽 |
| ئولاش ـ | ئالاش ـ | خوت | 聚集 |
| توشۇ ـ | تاشۇ | خوت | 够 |
| ئوقەت | ئاقەت | خوت | 生意 |
| پويىز | پايىز | يەك | 火车 |
| دوسكا | داسكا | يەك | 黑板 |
| ئوسا | ئاسا | يەك | 墒 |

خوتەندە يەنە «شاپتولا» سۆزىمۇ «شاپتالا» (桃子) دەپ ئېيتىلىدۇ.

**8) لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىشى**

(1) يۇقىرىقى ئەھۋالنىڭ ئەكسىچە، ئەدەبىي تىلدا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بىر قىسىم سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇشلار بەزى جايلاردا بولسا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارغا قىسمەن ياكى تولۇق نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئايۇپ | ئويۇپ | قوم | 人名 |
| ئىششىق | ئۈششۈق | خوت | 肿 |
| ئېۋەن | ئۆۋگە: | قوم | 缺点 |
| ئەركىلە ـ | ئە:كۆدە ـ | خوت | 撒娇 |
| باتىنماق | بۇتىنماق | كەل، ئاق | 赌气 |
| بەلباغ | بۇلۋاغ | يەك | 腰带 |
| پەرۋىش | پەرگۈش | تۇر | 养育 |
| چاۋات | چوۋات | قوم | 大而薄的馕 |
| چىرىمەك | چۈرۈمەك | قەش | 腐烂 |
| چىمەن | چۈمەن | قەش | 草地 |
| چىۋىق | چۈيۈق | قوم | 树条 |
| چېدىر | چۈدەر | قوم ئەل | 帐篷 |
| دىۋە | دۆگە | قوم | 妖魔，巨人 |
| دەرۋىش | دەرگۈش | تۇر | 隐士、游子 |
| زاۋال | زۇگال | تۇر، غۇل | 黄昏 |
| ساڭگىلا ـ | ساڭگۇلا ـ | خوت، يەك | 倒挂、吊 |
| سەمرى ـ | سۆمۈر ـ | قوم | 发胖 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| كەڭرى | كەڭرۇ | خوت | 宽 |
| مىجىقلا ـ | مۇجۇقلا ـ | خوت | 揉、捏 |
| مىراب | مۇراب | يوپ | 水利总管 |
| مىلىمەك | مۇلۇمەك | كەل | 抹、粘 |
| مىنىپ | مۇنۇپ | كەل | 骑着 |
| مېۋە | مۆگە | قوم، تۇر | 水果、果实 |
| يىرتىق | ژۇتۇق | يەك | 破的 |
| يىغىشتۇر ـ | يۇغۇشتۇ ـ | خوت | 收拾 |
| ھاۋانچا | ھوگانچا | قوم | 姜窝子 |
| ۋاپا | گۇپا | قوم | 恩情 |
| ۋاراق | غورەك | تۇر | 页 |
| ۋەزىپە | گۆزىپە | لوپ | 任务 |
| ۋەزىر | گۆزۇر | قوم | 宰相 |
| ۋەسىيەت | گۆسىيەت | قوم | 遗言 |
| ۋەسىيەت | گۇسي | تۇر | 遗言 |
| ۋەكىل | ھۇكۇل | قوم باي | 代表 |
| ئۆچكە | ئەچكۆ | لوپ | 山羊 |
| ئۆچكە | ئەچكۇ | خوت | 山羊 |
| ئەجىر | ئۇجۇر | غۇل | 苦心 |

(2) ئەدەبىي تىلدا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى سوزۇق تاۋۇش لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| مانتا | مانتۇ | لوپ، خوت، يەك | 包子 |
| تاماكا | تاماكۇ | لوپ، خوت، يەك | 烟 |
| تارازا | تارازۇ | لوپ | 秤 |
| تارازا | تۇرۇز | خوت | 秤 |
| پالتا | پالتۇ | لوپ، يەك | 斧头 |
| چېكەتكە | چىكەتكۇ | لوپ | 蚂蚱 |
| تەمرەتكە | تەمرەتكۇ | كېر | 癣 |
| سامسا | سامسۇ | خوت، يەك | 烤包子 |
| مانجا | مانچۇ | لوپ | 工钱 |
| سالقىن | سالقۇن | يەك | 凉快 |
| بوغالتىر | بۇغالتۇي | يەك | 会计 |

**9) پېئىللارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسىدىكى نۆۋەتلىشىش**

خوتەن، پىچان، لۇكچۇن قاتارلىق جايلاردا، ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن پېئىللارنىڭ ئېنىق ئۆتكەن زامان بىرىنچى شەخس كۆپلۈك شەكلى ئەدەبىي تىلىمىزدىكىدەك «دۇق\تۇق» بىلەن ئاخىرلاشماي، «دۇك\تۇك» بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

مەسلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كەلدۇق | كەلدۇك | لۇك، خوت | 我们来了 |
| كەتتۇق | كەتتۇك | لۇك، خوت | 我们走了 |
| يېدۇق | يېدۇك | لۇك، خوت | 我们吃了 |
| كۆردۇق | كۆ:دۇك | لۇك، خوت | 我们见了 |

پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىسىنىڭ ئەدەبىي تىلىمىزدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى يوق. لېكىن، قومۇلدا پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىسىنىڭ ھەممىسى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | قومۇلدا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئېلىڭلار | ئېلىڭلە | 你们拿吧 |
| بېرىڭلار | بېرىڭلە | 你们给吧 |
| كېلىڭلار | كېلىڭلە | 你们来吧 |
| كېتىڭلار | كېتىڭلە | 你们回去吧 |
| ئېلىڭىزلار | ئېلىڭىزلە | 您们拿吧 |
| كېلىڭىزلار | كېلىڭىزلە | 您们来吧 |

**10) كەلپىن شېۋىسىدىكى ئالاھىدە سوزۇق تاۋۇشلار**

كەلپىن شېۋىسىدە بىرىنچى بوغۇمى «ئا، ئە، ئو، ئۆ» لەر بىلەن تۈزۈلگەن بىر قىسىم سۆزلەردىكى «ئا، ئە، ئۆ، ئو» لار، چىڭقىلىدىغان سوزۇق تاۋۇش «ئاھ، ئەھ، ئوھ، ئۆھ» (خەلقئارالىق تىرانسكرىپسىيەدە [ɑ̱]، [æ̱]، [o̱]، [ø̱] لەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ) لەر بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. نەتىجىدە، ئادەتتىكى سوزۇق تاۋۇش «ئا، ئە، ئو، ئۆ» لەر بىلەن چىڭقىلىدىغان سوزۇق تاۋۇش «ئاھ، ئەھ، ئوھ، ئۆھ» ئۆزئارا مەنە پەرقلەندۈرىدىغان قارىمۇقارشى سوزۇق تاۋۇشلارنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىدە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئات (مىنىدىغان) | ئات | 马 |
| ئات ـ (تاش ئات ـ) | ئاھت ـ | 扔 |
| ئۆت (ئەزا) | ئۆت | 胆囊 |
| ئۆت ـ (ئاتلاپ ئۆت ـ) | ئۆھت ـ | 跃过 |
| ئەت (تېرە) | ئەت | 皮、皮肤 |
| ئەت ـ (تاماق ئەت ـ) | ئەھت ـ | 做 |
| يات (يات ئادەم) | يات | 陌生 |
| يات ـ ( يەردە يات ـ) | ياھت ـ | 躺 |
| ئوت (چۆپ) | ئوت | 草 |
| ئوت (كۆيىدىغان) | ئوھت | 火 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قسقىچە خۇلاسە:

A. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى ئاساسەن «ئا، ئە، ئى» نىڭ باشقا سوزۇق تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىشىدە كۆرۈلىدۇ.

B. يۇقىرىقى ھادىسىلەردىن باشقا يەنە ھەرقايسى شېۋىلەردە كەينى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىشى، ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ كەينى سوزۇق تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىشى، تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ كەڭرەك سوزۇق تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىشى، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىشى ۋە لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىشىدەك ھادىسىلەرمۇ كۆرۈلىدۇ.

## 6 .3 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى

### 1 .3 .6 ئەدەبىي تىلىمىزدا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى ئاساسەن ئەدەبىي ئېغىز تىلىدا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ، يېزىق تىلىمىزدا كۆپ ئەمەس. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى) دە بەلگىلىنىشىچە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي ئېغىز تىلىدا، تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا ئۈزۈك تاۋۇشلاردا نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ:

1) «ب، د» تاۋۇشلىرى سۆز ئاخىرىدا كەلگەندە جاراڭسىزلىشىپ، «پ، ت» لار بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملادا | تەلەپپۇزدا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| كىتاب | كىتاپ | 书 |
| كىتابقا | كىتاپقا | 对于书 |
| كىتابلار | كىتاپلار | 很多书 |
| ھېساب | ھېساپ | 算 |
| ھېسابقا | ھېساپقا | 对于计算 |
| ئىقتىساد | ئىقتىسات | 经济 |
| ئىقتىسادقا | ئىقتىساتقا | 对于经济 |
| مېتود | مېتوت | 方法 |
| مېتودقا | مېتوتقا | 对于方法 |

2) «ج» تاۋۇشى بوغۇم ياكى سۆز ئاخىرى بولۇپ كەلگەندە، ئومۇمەن «ژ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، كەينىگە «ج، ر» بىلەن باشلانغان تەركىبلەر ئۇلانغاندا ئەينەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملادا | تەلەپپۇزدا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| باج، باجلا ـ | باژ، باژلا ـ | 税、计税 |

| | | |
|---|---|---|
| كاج، كاجلىق | كاژ،كاژلىق | 拗 |
| ئەجداد | ئەژدات | 先辈 |
| ئۈجمە | ئۈژمە | 桑葚 |
| ھۆججەت | ھۆججەت | 文件 |
| ھىجران | ھىجران | 恋情 |

3) باش ياكى ئوتتۇرا بوغۇمدا بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن «چ» تاۋۇشى «ش» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بىراق كەينىگە «چ، ر» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان بوغۇم ياكى تەركىبلەر ئۇلىنىپ كەلسە، ئەينەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملادا | تەلەپپۇزدا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئۆچكە | ئۆشكە | 山羊 |
| قاچ ـ، قاچتى | قاچ ـ، قاشتى | 逃、他逃 |
| كۈچ، كۈچلۈك | كۈچ، كۈشلۈك | 力量、有力气 |
| ياغاچ، ياغاچچى | ياغاچ، ياغاچچى | 木头、木匠 |
| ئۇچرا ـ | ئۇچرا ـ | 遇到 |

4) سۆز ئاخىرىدىكى «خ» تاۋۇشى شۇ سۆزگە «ق» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا «ق» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملادا | تەلەپپۇزدا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| شاخ، شاخقا | شاخ، شاققا | 树枝、往树枝 |
| دەرەخ، دەرەخكە | دەرەخ، دەرەققە | 树 、往树上 |

5) «گ» تاۋۇشى بوغۇم ياكى سۆز ئاخىرى بولۇپ كەلگەندە، سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش بىلەن نۆۋەتلىشىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملادا | تەلەپپۇزدا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| تۈگمە | تۈگمە | 扣子 |
| جىگدە | جىگدە | 沙枣 |

6) «گ، غ» تاۋۇشلىرى سۆز ئاخىرى بولۇپ كەلگەندە، سۆزگە يەنە «گ، غ» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانسا، سۆز ئاخىرىدىكى ۋە قوشۇمچە بېشىدىكى «گ، غ» لار بولسا «ك، ق» بىلەن نۆۋەتلىشىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملادا | تەلەپپۇزدا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| باغ، باغقا | باغ، باققا | 果园、向果园 |
| بەگ، بەگكە | بەگ، بەككە | 伯克、向伯克 |
| تۇغ ـ، تۇغقان | تۇغ ـ، تۇققان | 生育、亲戚 |
| تەگ ـ، تەگكەن | تەگ ـ، تەككەن | 碰、碰上的 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

7) باش ياكى ئوتتۇرا بوغۇمدا بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن «ق» تاۋۇشى «خ» غا نۆۋەتلىشىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بىراق، كەينىگە «ق» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان بوغۇم ياكى تەركىبلەر ئۇلىنىپ كەلسە، ئەينەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملادا | تەلەپپۇزدا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئىقتىساد | ئىختىسات | 经济 |
| ئۇقتۇرۇش | ئۇختۇرۇش | 通知 |
| ئاق ـ، ئاقتى | ئاق ـ، ئاختى | 流动、流了 |
| ئۇرۇقلۇق | ئۇرۇخلۇق | 种籽 |
| ئاق ـ، ئاققان | ئاق ـ، ئاققان | 流动、流了 |
| ئوزۇق، ئوزۇققا | ئوزۇق، ئوزۇققا | 食粮、对于食粮 |

8) باش ياكى ئوتتۇرا بوغۇمدا بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن «ك» تاۋۇشى سىيرىلاڭغۇلىشىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بىراق، كەينىگە «ك» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان بوغۇم ياكى تەركىبلەر ئۇلىنىپ كەلسە، ئەينەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملادا | تەلەپپۇزدا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| سەكسەن | سەكسەن | 八十 |
| كېرەكلىك | كېرەكلىك | 必须的 |
| ئىككى | ئىككى (ئەينەن) | 两个 |
| سەككىز | سەككىز (ئەينەن) | 八 |

يۇقىرىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىش قائىدىلىرى توغرىسىدا توختالدۇق. بىزنىڭ ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىمىزغا ئاساسلانغاندا، ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكىگە قارىغاندا دىيالېكت ـ شېۋىلەردە خېلى كۆپ كۆرۈلىدۇ. تۆۋەندە مۇشۇ جەھەتتە توختىلىمىز.

### 6.3.2 ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى

ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە، يۇقىرىقى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش بولغان نۆۋەتلىشىشلەردىن باشقا، 24 ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ ھەممىسىدىلا نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ خىل ھادىسە ئاساسەن خوتەن، لوپنور دىيالېكتى ۋە تۇرپان، قومۇل، كەلپىن شېۋىلىرىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

**1) «ب» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى**

(1) «ب» تاۋۇشىنىڭ «م» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

تىلىمىزدىكى «ب» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى «ب» تاۋۇشى لوپنور دىيالېكتىدا «م» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنوردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| بوغماق | موغماق | 卡，掐 |
| بوي | موي\بوي | 个子 |
| بويۇن | مويۇن | 脖子 |
| بويۇنتۇرۇق | مويۇنتۇرۇق | 颈脖 |
| بىلەن | مىنە\مىنە | 和 |
| بۇرۇت | مۇرۇت | 胡髭 |
| بۇرۇن | مۇرۇن | 以前；鼻子 |
| بۇلۇت | مۇلۇت | 云彩 |
| بۇرناكۈن | مۇرناكۈن | 前天 |
| بۇرۇنقى | مۇرۇنقى | 以前的 |
| بىلەك | مىلەك\بىلەك | 手臂 |

قومۇلدىمۇ «بىلەن» سۆزى «مىنە» دېيىلىدۇ.

بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى بوغۇم بېشى ۋە بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «ب» تاۋۇشى
«م» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئوبدان | ئامدا\ئامدان | قوم، تۇر، غۇل | 好 |
| شەبنەم | شەملەم | لوپ | 露珠 |
| شەبنەم | شەمنەم | قوم | 露珠 |
| مەجبۇر | مەچمۇر | لوپ | 强迫 |
| يوبدان | يومدان | تۇر | 玉米面面条 |
| بۇنى | مۇنى | غۇل | 把这个 |
| باشاق | ماشاخ | غۇل | 麦穗 |
| بايرام | مەيرەم\مە:رەم | غۇل | 节日 |

(2) «ب» تاۋۇشىنىڭ «پ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

«ب» تاۋۇشى سۆز ئاخىرىدا كەلگەندە، ئەدەبىي تىلدىكىدەك «پ» تاۋۇشى
نۆۋەتلىشىدۇ، شۇنىڭدەك «ب» تاۋۇشى بەزى جايلاردا سۆز بېشىدىكى هەم س
تەركىبىدىكى بوغۇم بېشىدا كەلسىمۇ «پ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بوتۇلكا | پوتۇلكا | قوم | 瓶子 |
| بىسات | پىسات | قوم | 陈设 |
| بۇقا | پۇقا | قوم نوم | 公牛 |
| بەتىنكە | پەتەڭگە | ئات | 皮鞋 |
| بەندىڭ | پەلتەڭ | خوت | 凳子 |
| چىبەرقۇت | چىپەرقۇت | قوم | 条绒布 |

(3) «ب» تاۋۇشىنىڭ «ۋ» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشى

بۇ خىل ئەھۋال نۇرغۇن جايلاردا ئۇچرايدۇ. بىراق، بۇنىڭ شەرتى: ئىككى سۆز قوشۇلۇپ كەلگەندە، ئىككىنچى سۆزنىڭ بېشىدىكى «ب» تاۋۇشى «ۋ» غا ئۆزگىرىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| جۇمە بازار | جۇمە ۋازا: | خوت | 星期五集市 |
| چوڭ بول - | چوڭ ۋول - | لوپ | 长大 |
| بازار بويى | بازا:ۋۇيى | خوت | 沿着大街 |
| خەت بەر - | خەت ۋە: - | لوپ، قەش | 给信 |
| تاغبېشى | تاغۋەشى | كوس | 山头 |
| قازان بېشى | قازان ۋەشى | كوس | 锅台 |
| موزايبېشى | موزاي ۋەشى | كوس | 蝼蛄 |
| مورا بېشى | مورۋەشى | كوس | 炉台 |
| بۇنى بەرسەك | بۇنى ۋە:سەك | لوپ، قەش | 若我们给这个 |
| ئۇ بارغان | ئۇ ۋا:غان | لوپ، قەش | 他去过 |
| ئاتاڭ بارمۇ | ئاتاڭ ۋا:مو | تۇر | 你爸在吗 |
| بىر باغلام | بىر ۋا:لام | قوم | 一把 |
| بالا بول - | بالا ۋول - | قوم | 当孩子 |
| سۇ بەردىڭىزمۇ | سۇ ۋە:دىڭىزمو | تۇر | 您给水了吗 |

بۇ خىل ھادىسە سۆز تەركىبىدە بوغۇم بېشىدا ياكى بوغۇم كەينىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاق باش | ئاقۋاش | لوپ، قەش، غۇل | 白发 |
| ئىبادەت | ئىۋادەت | تۇر، قوم، لوپ | 女人名 |
| تاقىرباش | تاقىرۋاش | خوت، تۇر | 光头、秃头 |
| غۇربەتچىلىك | غۇرۋەچچىلىك | قوم | 青黄不接 |
| قۇربانلىق | قۇرۋانلىق | خوت، لوپ | 杀生 |
| كىبىر | كىۋىر | قوم | 架子 |
| گۈلباغ | گۈلۋاغ | خوت | 花园 |
| مۇسىبەت | مۇسىۋەت | قوم | 丧事 |
| قۇربان | قۇرۋان | لوپ، خوت | 牺牲 |
| ئوبدان | ئاۋدان\ئاۋادان | لوپ | 好 |
| قەبرە | قەۋرە | غۇل، تۇر | 坟墓 |
| ھېساب ئەمەس | ھېسىۋەمەس | غۇل، تۇر | 不算数 |

«ب» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندىمۇ، بۇ خىل ھادىسە يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئىنسابى | ئىنساۋى | كەل | 他的良心 |
| كىتابىم | كىتاۋىم | تۇر | 我的书 |
| ھېسابى | ھېساۋى | تۇر | 他的账 |

بەزى جايلاردا بەزى سۆزلەرنىڭ، بولۇپمۇ كىشى ئىسىملىرىنىڭ تەركىبىدىكى بوغۇم كەينىدە كەلگەن «ب» تاۋۇشى «ۋ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئابلەت | ئاۋلەت | تۇر | 阿布来提 |
| ئابلاجان | ئاۋلاجان | تۇر | 阿布拉江 |
| ئابرۇي | ئاۋۇي | تۇر | 威望 |
| ئابلىمىت | ئاۋلىمىت\ئالىمىت | تۇر | 阿布力米提 |

2) «پ» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى

(1) «پ» تاۋۇشىنىڭ «ب» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ھادىسە بەزى جايلاردا سۆز بېشىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| پاتۇر ــ | باتۇر ــ | قەش، قوم | 使陷进去 |
| پۇرا ــ | بۇرا ــ | قەش، خوت، مەك، ئات، غۇل | 闻 |
| پۇراق | بۇراق | قەش، خوت، مەك، ئات، غۇل | 味道 |
| پېتىپ | بېتىپ | قەش، قوم | 陷进去 |
| پايخان | بايخان | غۇل | 腿骨；麦草 |
| پۇركىمەك | بۇركىمەك | غۇل | 覆盖、蒙 |
| پۈتۈن | بۈتۈن | غۇل | 完全 |

يۇقىرىقى ئەھۋالنىڭ ئەكسىچە، بۇ خىل ھادىسە بەزى جايلاردا سۆز ئاخىرى ياكى بوغۇم ئاخىرىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كەپكۈر | كەبۈر | قوم | 漏勺 |
| تاراپ | تاراب | كوس | 梳理 |
| يېزىپ | يەزىب | كوس | 写 |

(2) «پ» تاۋۇشىنىڭ «ف» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

تۇرپان، كەلپىن شېۋىلىرىدە ۋە خوتەن دىيالېكتىدا، بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «پ» تاۋۇشى ئاجىزلىشىپ سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش «ف» غا نۆۋەتلىشىشى مۇمكىن. مەسىلەن:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئەپسىز | ئەفسىز | تۇر، خوت، كەل | 不方便 |
| ئەپلىك | ئەفلىك | تۇر، خوت، كەل | 方便 |
| ئەدەپلىك | ئەدەفلىك | تۇر، خوت، كەل | 懂规矩 |
| تاپسام | تافسام | كەل، خوت، تۇر | 若我找到 |
| ساپلىق | سافلۇق | تۇر، خوت، كەل | 匀 |
| ئەجەبلا | ھەجەفسىللا | تۇر | 特别 |
| كۇلۇپلا | كۇلۇفلا | تۇر | 光笑 |
| ساپلا | سافلا | تۇر | 都是 |

(3) «پ» تاۋۇشىنىڭ «ۋ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ قومۇل، كەلپىن، تۇرپان، غۇلجا شېۋىلىرى ۋە لوپنور دىيالېكتىدا دائىم كۆرۈلىدىغان ھادىسىدۇر. بۇ خىل ھادىسە ئۇمۇمەن سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم بېشىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تاپا ـ تەنە | تاۋا ـ تەنە | لوپ | 埋怨 |
| تاپان | تاۋان | لوپ | 脚底 |
| تاپىلا ـ | تاۋىلا ـ\تاۋالا ـ | قوم، كەل، لوپ | 交代，嘱咐 |
| توپا | توۋا | كەل | 土 |
| توپاق | توۋاق | كەل | 二岁小牛 |
| تۆپە | تۆۋە | قوم، لوپ، كەل | 上面 |
| تېپىپ | تېۋىپ | كەل | 找到 |
| چاپاق | چاۋاق | تۇر | 眼眵 |
| چۇپۇر | چۇۋۇر | لوپ، تۇر | 杂毛 |
| خۇپىيانە | خوۋىيانە | كەل | 隐蔽的 |
| سوپۇن | ساۋۇن | لوپ | 肥皂 |
| سوپۇن | سوۋۇن\سوگۇن | قوم، كەل، تۇر | 肥皂 |
| سۇپۇرگە | سۇۋۇرگە\سۇۋۇرگۇچ | لوپ | 笤帚 |
| سۇپۇرۇندى | سۇۋۇرۇندى | قوم | 垃圾 |
| شورپا | شو:ۋا | قوم ، كەل | 肉汤 |
| قاپارتقۇ | قاۋارتقۇ | قوم، لوپ، تۇر | 水疱 |
| قاپاق | قاۋاق | لوپ، قوم، تۇر | 眼皮；葫芦 |
| قالپاق | قالۋاق | كەل | 帽子 |
| قوپۇپ | قوۋاپ | كەل | 起来 |
| قۇلۇپ | قۇلۇى | كەل | 锁子 |
| كاپام | كاۋام | كەل | 一口 |
| كىرپە | كىرۋى\كىۋە | كەل | 刺猬 |
| كۆپۈپ | كۆۋەپ | كەل | 发起来 |
| كۆپۈك | كۆۋۈك\كۆيۈك | قوم، لوپ، تۇر | 泡沫、水泡 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| كۆرپە | كۆ:ۋە | كەل | 褥子 |
| كېپەك | كىۋەك | قوم، تۇر | 麸皮 |
| كەلپىن | كەلۋىن | كەل | 柯坪 |
| تۆپە | تۆۋە | كەل | 上面 |
| يىلپىز | ئىلۋىز | قوم | 豹子 |
| ۋەخپە | گەخۋە | قوم، غۇل | 清真寺不动产 |

تۇرپان، قومۇل ۋە لوپنور تەلەپپۇزلىرىدا، «پ» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ كەينىگ سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، «پ» تاۋۇشى «ۋ» تاۋۇشىغ نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كىتابى | كىتىۋى | تۇر، قوم، لوپ | 书、他的书 |
| مەكتىپى | مەكتىۋى | تۇر، قوم، لوپ | 学校、他的学 |

لېكىن، كەلپىن، قەشقەر، خوتەن، ئاتۇش، قاغىلىق قاتارلىق يەرلەردە بۇ خىل ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تەلىپى | تەلىپى | كېر، ئات، قەش | 他的要求 |
| مەكتىپىڭ | مەكتەپەڭ | كېر، ئات، قەش | 我的学校 |
| كىتابىم | كىتىپىم | كەل | 我的书 |

«پ» تاۋۇشىنىڭ «ۋ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى تۇرپان، كەلپىن قاتارلىق جايلاردا سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم ئاخىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئوقۇپلا | ئوقۇۋۇلا | كەل | 只是读 |
| تۇتۇپ يۇر | تۇتۇۋ يۇر | تۇر | 你抓住 |
| خەپرۇك | خەۋرۇك | كەل | 痰 |

(4) «پ» تاۋۇشىنىڭ باشقا تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىشى

«پ» تاۋۇشى بەزى جايلاردا «گ\ق\م\ي\ك» لار بىلەنمۇ نۆۋەتلىشىپ كېلىدۇ، بىراق كۆپ ئەمەس. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| سوپۇن | سوگۇن (<سوۋۇن) | تۇر | 肥皂 |
| كۆپۈك | كۆيۈك | قوم، ئاق | 水泡 |
| نەشپۈت | نەشمىت\نەشمەتى | لوپ | 梨 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| يۇپقا | يۇقىقا | تۇر | 薄 |
| پوپايكا | كوپايكا | غۇل | 毛衣 |

3) «ت» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى

(1) «ت» تاۋۇشىنىڭ «د» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ھادىسە كەلپىن، قومۇل، لوپنور، يەكەنلەردە، ئالدىنقى بوغۇم «ل» بىلەن ئاياغلاشقان، كېيىنكى بوغۇم «ت» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| پالتا | پالدى | كەل، خوت | 斧头 |
| قىلتىرىق | قىلدىرىق | قوم، خوت | 刺 |
| يىلتىز | يىلدىز | كەل | 根 |
| يىلتىز | ئىلدىز | لوپ، يەك | 根 |
| يۇلتۇز | يۇلدۇز | لوپ، خوت، يەك | 星星 |
| بويتاق | بويداق | غۇل | 鳏夫 |
| يالتىرىماق | يالدىيلىماق | خوت | 闪光 |

بەزى جايلاردا «ت» بىلەن باشلانغان سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى «ت» تاۋۇشى «د» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تاختا | داختا | لوپ | 台子 |
| تاراقلا ـ | داراخشى ـ | خوت | 咣唧一声 |
| توپ | دوپ | كەل، غۇل، تۇر | 堆、群 |
| توپلىماق | دوپلىماق | تۇر، غۇل | 堆起 |
| تىرەك | دىيەك | قەش | 依靠、靠山 |
| تەپتى | دەپتى | خوت | …的热度 |
| تەلپەك | دەلپەك | قوم | 皮帽子 |
| تەۋرىمەك | دەۋرىمەك | غۇل | 动摇 |
| تەم | دەم | غۇل | 味道 |
| تايانماق | دايانماق | خوت | 依靠 |
| تىك | دىك | گۇم | 笔直的 |
| تەمشەلمەك | دەمشەلمەك | قوم | 意动 |
| توقۇنۇش | دوقۇنۇش | يەك | 冲突 |

(2) «ت» تاۋۇشىنىڭ «خ» ياكى «ھ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

تۇرپان شېۋىسىدە ئالدىنقى بوغۇمى «ت» بىلەن ئاخىرلاشقان، كېيىنكى بوغۇمى «ل»، «م» ياكى «ن» بىلەن باشلانغان سۆزلەردە، بوغۇم ئاخىرىدىكى «ت» تاۋۇشى «خ» ياكى «ھ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال خوتەن دىيالېكتىدىمۇ ئاندا ـ مۇندا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاتلاپ | ئاھلاپ | يەك، قاغ، تۇر، خوت | 跃过 |
| تاتلىق | تاھلىغ | يەك، قاغ، خوت | 甜 |
| ئۆتنە | ئۆھنە | تۇر | 借 |
| باتنا ـ | باھنا ـ | تۇر | 赌气 |
| بەتنام | بەھنام | تۇر | 诬陷 |
| ئاتلىق | ئاھلىغ | خوت | 骑马者 |
| تاتلا ـ | تاھلا ـ | تۇر | 挠痒痒 |
| تاتلىق | تاخلىق | تۇر | 甜 |
| قاتلىما | قاھلىما | تۇر | 千层饼 |
| ئىزا تارتماي | ئىززا تاھماي | تۇر | 不害臊 |
| پاتمان | پاھمان | تۇر | 量词 |
| كەتمەن | كەھمەن | تۇر | 坎土曼 |

(3) «ت» تاۋۇشىنىڭ «ك» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

گۇما، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا «ت» بىلەن باشلانغان بىر قىسىم سۆزلەردە «ت» تاۋۇشى «ك» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تىل | كىل | گۇم، قاغ | 语言；舌头 |
| تىللا ـ | كىللا ـ | گۇم، قاغ | 谩骂 |
| تىلە ـ | كىلە ـ | گۇم | 乞求 |

(4) «ت» تاۋۇشىنىڭ «ش» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

خوتەن دىيالېكتىدا ئالدىنقى بوغۇمى «ت» بىلەن ئاخىرلاشقان، كېيىنكى بوغۇمى «ل» ياكى «م» بىلەن باشلانغان بىر قىسىم سۆزلەردە، بوغۇم ئاخىرىدىكى «ت» تاۋۇشى «ش» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | خوتەندە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئاتلا ـ | ئاشلا ـ | 跃过 |
| ئاتلىق | ئاشلىغ | 骑马者 |
| ئاتمىش | ئاشمىش | 六十 |

(5) «ت» تاۋۇشىنىڭ «چ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ھادىسە ئاز ئۇچرايدۇ، مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئوتتۇرا | ئوچچۇيا | گۇم | 中间 |
| ئولتۇر ـ | ئوچچۇ ـ | گۇم | 坐 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| تىنچ | چى(ن) | قەش | 平安 |
| تىنچ ـ ئامان | چى(ن)ئامان | قەش | 平安无事 |
| تىنچلىق | چى(ن)لىق | قەش | 安全、和平 |
| تۇر ـ | چۇ ـ\تۇ ـ | گۇم | 站 |

**4) «ج» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى**

(1) «ج» تاۋۇشىنىڭ «چ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلاردا بەزى سۆزلەردىكى بوغۇم بېشى ياكى بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «ج» تاۋۇشى «چ» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئىنجىق | ئىنچىق | قوم، تۇر، لوپ | 岔气 |
| بالىجان | بالىچان | قوم، تۇر | 爱孩子的 |
| تۇنجۇقماق | تۇنچۇخماق | تۇر | 憋闷 |
| تۇنجۇقماق | تۇنچۇكماق | قوم | 憋闷 |
| قانجۇق | قانچۇق\قانچۇخ | قوم، لوپ | 母狗 |
| مەجبۇرىيەت | مەچمۇرىيەت | لوپ | 责任 |
| ئىنجىقلا ـ | ئىنچىقلا ـ | قوم، تۇر، لوپ | 呻吟 |
| كاج | كاچ\كاش | لوپ، تۇر | 固执的 |
| جۇغلا ـ | چۇغلا ـ | لوپ | 集、堆 |
| جىرغا | چىرغا | قوم | 担架 |

(2) «ج» تاۋۇشىنىڭ «ي» غا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ئەھۋال كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئەجدىھا | ئەيدىرھا | لوپ، قەش، تۇر | 龙 |
| جورا ـ | يارا ـ | لوپ | 吩咐 |
| جۇمۇسىلا | يۇمۇسا | گۇم | 好吗，行吧 |
| جەسەت | يەسەت | لوپ | 尸体 |
| مەجلىس | مەيلىس | لوپ، قەش، تۇر، يەك | 会议 |

(3) «ج» تاۋۇشىنىڭ «ش» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

سۆز ئاخىرىدىكى ياكى سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «ج» تاۋۇشى بىر قىسىم دىيالېكت ـ شېۋىلەردە «ش» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بەتخەج | بەتخەش | تۇر، كەل | 爱乱花钱的 |
| خەجلە ـ | خەشلە ـ | تۇر، كەل | 花钱 |
| كاج | كاش | تۇر | 拗 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| خەجلە ـ | خاشتا ـ\قاشتا ـ | لوپ | 花钱 |
| كاجلىق | كاشلىق | تۇر، كەل | 执拗 |
| سانجى ـ | سانش ـ | پىچ، تۇر | 戳 |
| يانجى ـ | يانش ـ | پىچ، تۇر | 碾、压 |

(4) «ج» تاۋۇشىنىڭ «ژ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

سۆز ئاخىرىدىكى ياكى سۆز تەركىبىدە بوغۇم ئاخىرىدىكى «ج» تاۋۇشى بەزىبىر دىيالېكت ـ شېۋىلەردە « ژ » بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| موھتاج | موھتاژ | خوت | 需要 |
| باج | باژ | خوت، قەش ، قوم، غۇل | 税 |
| كاج | كاژ | خوت، قەش، قوم، غۇل | 拗 |
| گەج | گەژ | يوپ، قەش | 石膏 |
| ئىجتىمائىي | ئىژتىمايى | قەش | 社会的 |
| ئەجداد | ئەژدات | خوت، قەش، غۇل | 先辈 |
| ئەجنەبىي | ئەژنەبىي | خوت | 洋人的、洋式的 |
| خەجلە ـ | خەژلە ـ | يوپ، خوت، غۇل | 花钱 |
| مۇجمەل | مۇژمەل | خوت | 模糊 |
| مەجلىس | مەژلىس | خوت، قەش، غۇل | 会议 |
| مەجنۇنتال | مەژنۇنتال | قەش | 垂柳 |
| ئەجدىھا | ھەژدا\ئەژداھا | خوت، قەش، غۇل | 龙 |
| ئۈجمە | ئۈژمە | قەش، خوت، غۇل | 桑葚 |
| تاج | تاژا | قوم، غۇل | 皇冠 |

(5) «ج» تاۋۇشىنىڭ «د» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

ئاز ساندىكى سۆزلەردە بۇ خىل ھادىسىمۇ كۆرۈلۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بۆلجۈرگەن | بۆلدۈرگەن | غۇل | 草莓 |

**5) «چ» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى**

(1) «چ» تاۋۇشىنىڭ «ت» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

ئەدەبىي تىلدىكى نۇرغۇنلىغان سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى «چ» تاۋۇشى تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، لوپنور، قومۇل، مەكىت غازكۆل ۋە ئاتۇش كوسراپ، ئاقسۇ كۇچا، قارىتال گۇمىنىڭ قوشتاغ قاتارلىق جايلىرىدا «ت» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| چۇشەك | تۇشاق | 绊马索 |
| چۈشۈرگە | تۈشۈرگۈچ | 下水槽 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| چۇش ـ | تۇش ـ | 下来 |
| چۇشە ـ | تۇشا ـ | 捆马的前腿 |
| چۈش | تۈش | 梦；中午 |
| چىش | تىش | 牙 |
| چىشلە ـ | تىشلە ـ | 咬 |
| چۈشكۈر ـ | تۈشكۈر ـ | 打喷嚏 |
| چىشى | تىشى | 雌的 |
| ئۇششاق ـ چۇششەك | ئۇششاق ـ تۇشتەك | 琐碎 |

(2) «چ» تاۋۇشىنىڭ «ي» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ئەھۋال كۆپ كۆرۈلمەيدۇ، مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| چايقا ـ | ياقا ـ | تۇر، قوم | 摇晃、涮 |
| چايقاپ | ياقاپ | تۇر، قوم | 摇动 |
| چىپتا | يىپتە | كەل | 枲麻 |

(3) «چ» تاۋۇشىنىڭ «س» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

ئەدەبىي تىلدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى «چ» تاۋۇشى بەزى تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، خوتەن، مارالبېشى، ئاقساقمارال قاتارلىق جايلاردا «س» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاچچىق ـ چۈچۈك | ئاچچىق ـ سۈچۈك | ئاقساق | 酸 |
| چاچ | ساچ | ئاقساق، لوپ | 头发 |
| چاشقان | ساچقان | خوت، ئاقساق، ئات، لوپ | 老 |
| چىشقاق قوزا | سىچقاق قوزا | ئاقساق | 爱拉稀的羊羔 |
| چۈچۈتمەك | سۈچۈتمەك | ئاقساق | 炼油 |
| سانجى ـ | چانچى\سانچى ـ | لوپ | 戳，压 |
| چاچ ـ | ساچ ـ | لوپ | 洒，散发 |

(4) «چ» تاۋۇشىنىڭ «ش» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

«چ» تاۋۇشى سۆز ئاخىرىدا ياكى سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەندە، نۇرغۇنلىغان يەرلىك شېۋىلەردە ئاجىزلىشىپ، ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش «ش» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاچتىم | ئاشتىم | قەش، خوت | 我开了 |
| ئاچقۇچ | ئاشقۇش | قوم | 钥匙 |
| ئۆچكە | ئۆشكە | تۇر | 山羊 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۆچلا ـ | ئۇشلا ـ | قەش | 削 |
| ئۈچ | ئۈش | چۆچ | 三 |
| پوچتا | پوشتا | قەش | 邮局 |
| تۇتقۇچ | تۇتقۇش | خوت | 把手 |
| تۇچ | تۇش | خوت | 金色铜 |
| چاچ | چاش | چۆچ، خوت، قوم | 头发 |
| چۆمۈچ | چۆمۈش | قوم | 炒勺 |
| قاقاچ | قاقاش | تۇر | 痂 |
| قىزغۇچ | قىزغۇش | خوت، قوم | 浅红 |
| قىلىچ | قىلىش | قوم، تۇر | 剑 |
| كۆچ ـ | كۆش ـ | قوم، تۇر | 搬 |
| كۈچلۈك | كۈشلۈك | قوم، تۇر | 有力的 |
| كېكەچ | كېكەش | قوم، قەش | 结巴 |
| كەچتە | كەشتە | قەش، تۇر | 晚上 |
| گۈرۈچ | گۈرۈش | قوم، تۇر | 大米 |
| ھېچ | ھەش | قوم | 没有什么… |
| ھېچ | ئېش | چۆچ | 没有什么… |

(5) «چ» تاۋۇشىنىڭ «ج» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشى

ئەدەبىي تىلدا تەركىبىدە «چ» تاۋۇشى بولغان بىر قىسىم سۆزلەردە، تۇرپان، پىچانلاردا «چ» تاۋۇشى «ج» تاۋۇشىغا ئۆزگەرمەيدۇ، لېكىن خوتەن، قەشقەر، قاغىلىق، قومۇل ۋە كەلپىندە بۇ خىل ئۆزگىرىش كۆرۈلىدۇ. غۇلجىدىمۇ بار، بىراق قەشقەر، خوتەنلەردىكىدەك ئومۇميۈزلۈك ئەمەس. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاچچىق | ئاجىخ | كەل | 苦；辣 |
| ئوتتۇزىنچى | ئوتتۇزۇنجى | قەش، خوت | 第三十 |
| ئونىنچى | ئونۇنجى | قەش، خوت | 第十 |
| ئىشەنچ | ئىشەنجە | قەش | 信心 |
| ئىنچىكە | ىنجىكە | خوت | 细、纤细 |
| ئۆنچە | ئەنجى \ئەنجۇ | قەش | 谷堆 |
| ئۈنچە | ئىنجى \ئۈنجە | قەش، قوم | 珍珠 |
| ئۈنچە ـ مارجان | يۈنجى ـ ما:جا | قاغ | 珍珠等 |
| ئەپچىل | ئەپجىل | خوت | 巧妙 |
| بىرىنچى | بىيۈنجى\بىرۈنجى | خوت | 第一 |
| تامچە | تامجا | قوم | 滴 |
| تامچىلا ـ | تامجۇقتا ـ | لوپ | 滴 |
| تىنچى ـ | تىنجى ـ | قەش | 安静下来 |
| تۈگەنچە | تۈگەنجە | قوم | 最后的 |
| چۆچۈرە | چۆجۈر | قوم | 馄饨 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| سۆيۈنچە | سۈيەنجى | قاغ | 喜糖 |
| پۇركەنچە | پۇركەنجە | غۇل | 外衣 |
| سېلىنچا | سېلىنجى | قاغ | 垫子 |
| غاچ ـ غاچ | غاج ـ غاج | قوم | 嚓嚓声 |
| قارانچۇق | قارانجۇق | قەش، خوت | 庇护者 |
| قورقۇنچ | قوقۇنجى | قاغ | 可怕 |
| قورقۇنچاق | قوقانجاق | خوت | 胆小鬼 |
| قورچاق | قونجاق | خوت | 洋娃娃 |
| قونچ | قونجى | خوت، غۇل | 靴筒 |
| ماختانچاق | ماختانجاق | خوت | 好吹牛者 |
| مونچاق | مونجاق | خوت، قەش | 珠子 |
| ياسانچۇق | ياسانجۇق | خوت | 好打扮的 |
| يانچۇق | يا:جۇق | قوم | 衣袋 |
| يانچۇق | يانجۇق | قەش، خوت | 衣袋 |
| يېپىنچا | يېپىنجا | قەش، قوم | 披搭 |
| سارغۇچ | ساغرىنجى | خوت | 浅黄 |
| بالىچاقا | بالا ـ جاقا | غۇل | 儿女 |
| تىنچىق | تىنجىخ | غۇل | 闷热 |
| ئاچلىق | ئاجلىق | يەك | 饥饿 |
| چۈجە | جۈجەك | تۇر | 小鸡 |

ھەتتا ئەدەبىي تىلدا «ج» بىلەن ئېيتىلىدىغان بەزى سۆزلەر تۇرپان شېۋىسىدە يەنىلا «چ» بىلەن ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | قەشقەردە | تۇرپاندا | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| سانجىق | سانجىق | سانچىق | 岔气 |
| ئىنجىق | ئىنجىق | ئىنچىق | 呻吟、吭哧 |
| ئىنجىقلا ـ | ئىنجىقلا ـ | ئىنچىقلا ـ | 吭哧 |
| تۇنجۇقماق | تۇنجۇقماق | تۇنچۇقماق | 闷、溺 |
| يانجىماق | يانجىماق | يانشىماق | 戳、插 |

(6) «چ» تاۋۇشىنىڭ «غ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

ئاز ساندىكى سۆزلەردە «چ» تاۋۇشىنىڭ «غ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| كۇمىلاچ | كۇمالاغ | لوپ | 丸 |

**6) «خ» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى**

(1) «خ» تاۋۇشىنىڭ «غ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ئەھۋال بەزى جايلاردا سۆز بېشى ياكى سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم بېشىدا

كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شىۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئارپىخان | ئارپىغا(ن) | قوم | 野燕 |
| ئاغمىخان | ئاغمىغان | كەل | 黄鼠狼 |
| تېخى | تاغى\تاقى | لوپ | 还 |
| غوجايىن | غوجايىن | لوپ، قوم، غۇل | 老板 |
| خوجىلىق | غوجىلىق | قوم | 物业 |
| خوراز | غوراز | كەل، كېر، غۇل | 公鸡 |
| خىجالەت | غىجالەت | لوپ، قوم | 害羞 |
| خىزمەت | غىزمەت | كەل، كېر | 工作 |
| خۇرجۇن | غۇرجۇن\غۇجۇن | قوم، كېر، غۇل | 麻袋 |
| دوختۇر | دوغدۇر | كەل | 医生 |
| سولخاي | سولغوي\سولوغوي | لوپ | 左撇子 |

(2) «خ» تاۋۇشىنىڭ «ق» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ئەھۋال بەزى جايلاردا سۆز بېشىدا ياكى سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم بېشى
كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شىۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| خاتا | قاتا | لوپ | 错误 |
| خادا | قادا | لوپ | 杆，篙子 |
| خالايىق | قالايىق | لوپ | 老百姓 |
| خام | قام | لوپ | 生的 |
| خامان | قارمان\خارمان | لوپ | 麦场 |
| خوتەك | قوتەك | خوت | 驴驹 |
| خورا ـ | قۇرا ـ | خوت | 消耗 |
| خۇشال ـ خۇرام | قوشول ـ قوروم | لوپ | 高高兴兴 |
| خۇشامەت | قوشومەت | لوپ | 讨好 |
| خىزمەت | قىزمەت\خىزمەت | لوپ | 工作 |
| خىش | قىش | خوت، قەش، قوم | 砖 |
| خىيانەت | قىيانەت | لوپ | 贪污 |
| خېيىمخەتەر | قېيىم ـ قاتا | لوپ | 危险 |
| خۇمدان | قۇمدان | لوپ | 砖窑 |
| خۇي | قۇي\خۇي | لوپ | 性格 |
| خېمىر | قەمىر | لوپ | 面团 |
| ئاشخانا | ئاشقىنا | خوت | 饭馆 |
| ئۇستىخان | ئۇسقا | قوم | 骨头 |
| توخۇ | تاقۇ | لوپ | 鸡 |
| تۇخۇم | تۇقۇم | لوپ | 鸡蛋 |
| نۇسخا | نۇسقا | خوت | 标本 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| بەخت | باقىت | لوپ | 幸福 |
| خەجلە ـ | قاشتا ـ\خاشتا ـ | لوپ | 花（钱） |
| خانىقا | قاناق\خاناقا | لوپ | 大礼拜寺 |
| خوش | قوش\خوش | لوپ | 再见 |

بەزىدە بوغۇم ئاخىرى ياكى سۆز ئاخىرىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاختۇر ـ | ئاقتار ـ | لوپ | 寻找 |
| ئەخمەق | ئاقماق | لوپ | 傻瓜 |
| پاختا | پاقتا | كوس، لوپ | 棉花 |
| تاختا | تاقتا | كوس، لوپ | 台子 |
| توختا ـ | توقتو ـ | لوپ | 等、站住 |
| دوختۇر | دوقتۇر | لوپ | 医生 |
| مىختەك | مىقتەك | لوپ | 象钉子一样 |
| رەخت | رەق | قوم ئەل | 布料 |
| دەرەخ | داراق | قوم، لوپ | 树 |
| شاخ | شاق | لوپ | 树枝 |
| تارىخ | تارىق | لوپ | 历史 |

تۇرپان ئاستانىدە «پاختەك» سۆزى «پەكتەك» دېيىلىدۇ، بۇنىڭدا «خ» تاۋۇشى «ك» تاۋۇشغا نۆۋەتلەشكەن.

**7) «د» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى**

(1) «د» تاۋۇشىنىڭ «ت» تاۋۇشغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ئەھۋال دائىم سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم بېشىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| پادا | پاتا | لوپ، ئات، قەش، يوپ | 羊群 |
| پادىچى | پاتچى | خوت | 牧羊人 |
| پايدا | پايتە | لوپ | 利益、好处 |
| دەلدۈش | دەلتۈش | يوپ | 蹒跚；白痴 |
| ئەندىكمەك | ئېنتىكمەك | لوپ | 打寒噤 |
| جىگىردەك | جىگىرتەك | تۇر | 油渣 |

پېئىلنىڭ ئېنىق ئۆتكەن زامان ئۈچىنچى شەخس شەكلى، كەلپىن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئەدەبىي تىلدىكىدەك « ـدۇ» بىلەن ئاخىرلاشماستىن، بەلكى «تۇ ـ » بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاتمايدۇ | ئاتمايتۇ | خوت | 不打（枪） |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاغرىيدۇ | ئاغىيتۇ | خوت | 疼 |
| ئوقۇيدۇ | ئوخۇيتۇ | كەل | 读 |
| ئۆتەلمەيدۇ | ئۆتەممىيتۇ | خوت | 过不了 |
| ئۇنىمايدۇ | ئۇنۇمايتۇ | خوت | 不会同意 |
| ئەگىيدۇ | ئەگىيتۇ | خوت | 转悠 |
| قالغاندۇ | قالغانتۇ | كەل | 可能留下了 |
| قىلىدۇ | قىتۇ | خوت، كەل | 会做的 |
| قىلىۋاتىدۇ | قىۋياتىتۇ | خوت | 正在做 |
| كېلەلمەيدۇ | كىلەممىيتۇ | خوت | 来不了 |
| كۆرمەيدۇ | كۆمىيتۇ | كەل | 不会看到的 |
| كۆزلەيدۇ | كۆزلەيتۇ | كەل | 会盯着的 |
| كېتىپ بارىدۇ | كىتىپ بايىتۇ | خوت | 正在走 |
| كەتكەندۇ | كەتكەنتۇ | كەل | 可能回去了 |
| گۈلدۈرلەيدۇ | گۆلدۈيلىيتۇ | خوت | 会发出轰隆声 |
| ماڭغاندۇ | ماڭغانتۇ | كەل | 可能走了 |
| يازغاندۇ | يازغانتۇ | كەل | 可能写了 |
| يۇرىدۇ | يۇ(ر)يتۇ | خوت | 正呆着 |
| يەۋاتىدۇ | يەپ تۇيۇتۇ | خوت | 正在吃 |
| يەۋاتىدۇ | يەۋياتىتۇ | خوت | 正在吃 |

پېئىلنىڭ « ـدىغان \ ـ يدىغان» بىلەن تۈزۈلگەن سۈپەتداش شەكلى كەلپىن، قاغىل
پاخپۇ شېۋىلىرى ۋە خوتەن دىيالېكتلىرىدا بىردەك « ـتقان \ ـ يتقان» بىل
نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئىچىدىغانسىز | ئىچىتقانسىز | خوت | 你会喝吧 |
| ئىشلەيدىغان | ئىشلەيتقان | پاخ | 将要做的 |
| ئۈركۈيدىغان | ئۈكۈيتقان | كەل | 会受惊吓的 |
| ئەكىرىدىغان | ئەپكىرىتقان | كەل | 要拿进来的 |
| بارىدىغان | بارىتقان | پاخ | 将去的 |
| باشلايدىغاندىمەن | باشلايتقانتىمە | خوت | 我得开始吧 |
| بولىدىغان | بولۇتقان | پاخ | 将成的 |
| قوشۇلمايدىغان | قوشالمايتقان | كەل | 不同意的 |
| كېتىدىغان | كىتىتقان | خوت | 将要回去的 |
| كۆرىدىغان | كۆرۈتقان | پاخ | 将要看的 |
| كېسىدىغان | كىسىتقان | كەل | 将要切的 |
| يازىدىغاندىمىز | يازىتقانتىمىز | خوت | 我们得写吧 |

پېئىلنىڭ ئېنىق كەلگۈسى زامان ئىككىنچى شەخس، بىرلىك، ھۆرمەت شەكلىنى
قوشۇمچىسى « ـدىلا \ ـ يدىلا» خوتەن دىيالېكتى، كەلپىن شېۋىلىرىدە « ـ تلا \ـ يتلا



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەدە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بارىدىلا | بارىتىلا | كەل، خوت | 您要去 |
| قىلىدىلا | قىتىلا \ قىلىتىلا | كەل، خوت | 您要做 |

« ـ دىكەن» دىن تەركىب تاپقان پېئىل شەكلى، خوتەن دىيالېكتىدا « ـ تىكەن» شەكلى بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئىچىدىكەنمەنمۇ | ئىچىتىكەنمەنمۇ | خوت | 我也得喝吗 |
| بارىدىكەنمەن | بايىتمەنكەن | خوت | 我也得去 |
| كېتىدىكەن | كىتىتىكەن | خوت | 他要走 |

(2) «د» تاۋۇشىنىڭ «ن» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ئەھۋال قومۇل شېۋىسىدىكى بەزى ئالماشلاردا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئۇنداق | ئۇنناق | قومۇل | 那样 |
| قانداق | قانناق | قومۇل | 怎样 |
| شۇنداق | شۇنناق | قومۇل | 就那样 |

**8) «ر» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى**

(1) «ر» تاۋۇشىنىڭ «ي» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇخىل ئەھۋال كەلپىن، پىچان لۈكچۈن، گۇما شېۋىلىرىدە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. خوتەننىڭ لوپ، قارىقاش شېۋىلىرىدە ۋە قاغىلىقنىڭ بەزى جايلىرىدا «ر» تاۋۇشى «ي» ياكى تىل قايرىلما تاۋۇش [ ɹ ] غا نۆۋەتلەشسە، چىرىدىن شەرقتىكى ناھىيەلەردە ئەينەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. يەكەندە بەزىدە «ي» غا نۆۋەتلەشسە، بەزىدە «ژ» غا نۆۋەتلىشىدۇ. قەشقەرنىڭ بەزى جايلىرىدىمۇ بۇ خىل نۆۋەتلىشىش ئاندا ـ ساندا كۆرۈلۈپ قالىدۇ.

تۆۋەندىكى سۆزلەردە سۆز بېشىدا كەلگەن «ر» تاۋۇشى «ي» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| راست | ياس | گۇم، يەك | 真的 |
| رامىزان | يامىزان | خوت، يەك | 斋月 |
| رايون | يايون | يەك | 区 |
| راھەت | ياھەت | يەك | 舒服 |
| راۋاب | ياۋاپ | يەك | 热瓦普 |
| روشەن | يوشەن | يەك | 清楚 |
| رەڭ | يەڭ | يەك | 染料；墨水 |
| رەھمەت | يەخمەت | خوت، گۇم | 谢谢 |

تۆۋەندىكى سۆزلەردە سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم بېشىدا كەلگەن «ر» تاۋۇشى «ي» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
| --- | --- | --- | --- |
| ئاخبارات | ئاخبىيات | قەش | 新闻 |
| ئارا | ئايە\ئايى | خوت، كەل | 之间；叉子 |
| ئارام | ئايام | خوت، كەل | 安闲、宁静 |
| ئارىلىق | ئايىلىق | خوت، يەك | 间隙、间距 |
| ئالدىراڭغۇ | ئالدىياڭغى | گۇم | 急躁 |
| ئامراق | ئامياق | خوت، يەك | 喜欢 |
| ئىلگىرى | ئىلگىيى | خوت، يەك | 以前 |
| ئېرى | ئېيى | خوت | 其丈夫 |
| ئېرىق | ئېيىق | خوت | 小渠 |
| ئەتراپ | ئەتياپ | يەك | 周围 |
| بارات ئاخۇن | بايتاخۇن | قەش | 人名 |
| باراڭ | باياڭ | يەك | 葡萄架 |
| بېرەيلى | بېيلى | خوت | 我们给吧 |
| تارا - | تايا - | گۇم | 梳 |
| تۇرۇپ تۇرۇڭ | تۇپ تۇيۇڭ | خوت | 你等等 |
| تۇكۇرۇپ | تۇكۇيەپ | يەك | 吐痰 |
| چىرا | چىيا | خوت، يەك | 策勒县 |
| چىراغ | چىياغ | خوت، يەك | 灯 |
| چىرايلىق | چايلىغ | خوت، يەك | 漂亮 |
| زىرائەت | زىيائەت | يەك | 庄稼 |
| ساراڭ | ساياڭ | خوت، گۇم، يەك | 疯子 |
| سېرىق | سىيىق | خوت، يەك | 黄的 |
| قارا - | قايلا - | قەش | 看 |

تۆۋەندىكى سۆزلەردە سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم كەينىدە كەلگەن ياكى سۆز ئاخىرىدا كەلگەن «ر» تاۋۇشى «ي» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
| --- | --- | --- | --- |
| قارغا | قايغا | لوپ | 乌鸦 |
| قىچقىر - | قىچقىي - | خوت | 叫喊 |
| قىر | قىي | خوت، كەل | 边缘 |
| قىرقىپ | قىيخىپ | كەل | 剪 |
| گۆشگىردە | گوشگىيدە | خوت | 肉馅窝窝馕 |
| سىر | سىي | خوت، پاخ | 油漆 |
| ئېغىر | ئېغىي | خوت، يەك | 重的 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| بار ئىدى | بېيدى | خوت، يەك | 曾经有 |
| بۇلتۇر | بۇلتۇي | لوپ | 去年 |
| قېچىر | قىچىي | خوت، يەك | 骡子 |
| خېمىر | خىمىي | خوت، يەك | 面团 |
| دەريا | دەييا | خوت، يەك | 河 |
| بالدۇر | بالدىي | خوت | 早；以前 |
| بىر | بىي | كەل، خوت، پاخ | 一 |
| ئارمان | خايمان | لوپ | 遗愿、蓄志 |
| بار ئىكەن | بېيكەن | خوت، لۇك | 据说有 |
| ئۆزگەر ـ | ئۆزگەي ـ | خوت | 改变 |
| ئايغىر ئات | ئايغىي ئات | لوپ | 公马 |

(2) «ر» تاۋۇشىنىڭ «ژ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

قەشقەر، ئاتۇش، گۇما، يەكەن قاتارلىق جايلاردا سۆز تەركىبىدىكى تار سوزۇق تاۋۇش «ئى، ئۇ، ئۇ» لەردىن كېيىن كەلگەن «ر» تاۋۇشى «ژ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بىر | بىژ | قەش، گۇم،ئات | 一 |
| بىردەم | بىژدەم | قەش، يەك | 一会 |
| قىر | قىژ | گۇم، قەش، يەك | 岸、田埂；刮 |
| قىرغاق | قىژغاق | قەش، ئات | 岸 |
| قىرماق | قىژماق | قەش | 锅巴 |
| قىر ـ | قىژ ـ | قەش، يەك | 田埂 |
| قىرقى ـ | قىژقى ـ | قەش، يەك | 剪 |
| قىرىلماق | قىژىلماق | قەش | 被消灭；被刮 |
| قىرىم | قىژىم | قەش | 熟山羊皮 |
| كىر | كىژ | گۇم، قەش، يەك | 脏污 |
| كىرا | كىژا | گۇم، يەك | 运价、车费 |
| كىرپىك | كىژپىك | قەش، يەك | 睫毛 |
| كىرپە | كىژپە | گۇم، قەش، يەك | 刺猬 |
| كىر ـ | كىژ ـ | گۇم | 进 |
| گىردە | گىژدە | قەش، گۇم، ئات، يەك | 窝窝馕 |

(3) «ر» تاۋۇشىنىڭ «ل» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ئەھۋال كۆپ كۆرۈلمەيدۇ، مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئارقار | ئارقال | قوم | 盘羊 |
| سەكرە ـ | سەكلە ـ\تەكلە ـ | خوت، يەك | 跳 |
| قارا ـ | قا:لا ـ | ئاق | 看 |
| قارا ـ | قايلا ـ | قەش | 看 |
| لىڭگىرچاق | لىڭگىلچاق | غۇل | 驮鞍 |

(4) بەزى جايلاردا ئايرىم سۆزلەردە «ر» تاۋۇشىنىڭ «ق»، «ن» ياكى «ز» قاتارلىق
تاۋۇشلار بىلەن نۆۋەتلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئۆتكۈر | ئۆتكۈن | خوت | 聪明 |
| ئۇچرا ـ | ئۇچقا ـ | خوت | 碰上 |
| پارىخور | پارىخۇن | خوت | 受贿赂者 |
| كىرىپ | كىزىپ | كۇچ | 进来 |
| كىرەيلى | كىزىلى | كۇچ | 我们进来吧 |
| قورچاق | قونچاق | تۇر | 洋娃娃；傀儡 |

**9) «ز» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى**

(1) «ز» تاۋۇشىنىڭ «س» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل نۆۋەتلىشىش كەلپىن، لوپنور، قەشقەر، پىچان لۇكچۇن ۋە تۇرپان تەۋەسىدە دائىم سۆز ئاخىرىدا ياكى سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم ئاخىرىدا يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاز | ئاس | لۇك | 少 |
| ئوتتۇز | ئوتتۇس | كەل، غۇل | 三十 |
| ئىزدە ـ | ئىستە ـ | تۇر | 找、寻找 |
| ئۇز | ئۇس | لوپ | 漂亮 |
| بىز | بىس | لۇك | 我们 |
| توققۇز | توققۇس | لۇك، كەل، غۇل | 九 |
| تومۇز | تامىس | لوپ | 三伏天 |
| توڭگۇز | توڭگۇس | لوپ | 猪 |
| داراز | داراس | لوپ | 高的 |
| زاكاز | زەكەس | قەش | 订做 |
| سازلىق | ساسلىق | قەش | 沼泽地 |
| سېغىزخان | سېغىسخان | قەش، غۇل | 喜鹊 |
| قوۋۇز | قۇۋۇس | لۇك | 脸颊 |
| قىز | قىس | لۇك | 姑娘、女孩儿 |
| خوراز | غوروس | لوپ | 公鸡 |
| موزدۇز | مولدۇس | غۇل | 皮鞋匠 |

(2) «ز» تاۋۇشىنىڭ «ج» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ئەھۋال كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| جازالا ـ | جاجالا ـ | لوپ | 惩罚 |
| جازانىخور | جاجانىخور | لوپ | 放高利贷者 |
| جەزىرە | جەجىرە | لوپ | 戈壁荒滩 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| دېرىزە | دىرىجە\دەرىجە | خوت، قوم | 窗户 |
| زەنجىر | جەنجىر | لوپ | 铁链 |

**10) «ژ» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى**

«ژ» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| پۇرژىنا | پۇرجۇن | قەش | 弹簧 |
| ژۇرنال | جورنال | قوم، لوپ | 杂志 |
| ژۇرنال | يورنال | لوك | 杂志 |

**11) «س» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى**

(1) «س» تاۋۇشىنىڭ «ل» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

خوتەن دىيالېكتىدا، بەزى سۆزلەردىكى «س» تاۋۇشى قەدىمكى شەكلىنى ساقلىغانلىق سەۋەبىدىن «ل» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاستى | ئالتىن | خوت | 下面 |

(2) «س» تاۋۇشىنىڭ «ز» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل نۆۋەتلىشىش پەقەت ئاز بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىلا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تورۇس | تورۇز\توروز | لوپ | 天花板 |
| مىراس | مىراز\مىياز | خوت، يەك | 遗产 |
| يولۋاس | يولۋاز\يولۋوز | لوپ | 老虎 |
| پانۇس | پانۇز | غۇل | 灯笼 |

(3) «س» تاۋۇشىنىڭ «ش» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ئەھۋالمۇ كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| سالجا | شالجا | لوپ | 蜱（动物） |
| سىناق | شىناق | لوپ | 考验 |
| قىيقاس | قىقاش | قوم | 喧闹声 |
| سۇمۇر - | شىمى - | لوپ | 吮，噙 |
| سۇڭگۈچ | شۇڭگۇش | غۇل | 斑；涵洞 |

4) «س» تاۋۇشىنىڭ «چ» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشى
بۇ خىل ئەھۋال كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| خەنزۇچە | جايى | شېۋىلەردە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|---|---|
| 白菜 | قۇم | بە:چەي | بەسەي |
| 蜱螨 | قۇم | چالجا\چا:جا | سالجا |
| 戳，压 | قۇم | چا:چ – | سانجى – |
| 拉伸 | خوت | چوج – | سوز – |
| 裁缝 | قۇم | چەيپۇڭ | سەيپۇڭ |
| 戳，压 | لوپ | چانچى\سانچى – | سانجى – |

لوپنوردا «دەسسە –» (踩、踏) سۆزى «دەپسە –» دەپ، «ئەسۋاب» سۆزى «ئاپساپ» دەپ ئېيتىلىدۇ، بۇنىڭدا «س» تاۋۇشى «پ» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشكەن.

**12) «ش» تاۋۇشىنىڭ ئۆزگىرىشى**

(1) «ش» تاۋۇشىنىڭ «چ» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشى
بۇ خىل ئەھۋال كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| خەنزۇچە | جايى | شېۋىلەردە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|---|---|
| 交代 | خوت | تاپچۇ – | تاپشۇر – |
| 老鼠 | قەش | ساچقان\چاچقان | چاشقان |
| 麦堆 | لوپ، قەش | چەچ | چەش |
| 麻雀 | لوپ | قۇچقاچ | قۇشقاچ |
| 马车运货工 | لوپ | كىراكەچ | كىراكەش |

(2) «ش» تاۋۇشىنىڭ «س» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشى
بۇ خىل ئەھۋال پەقەت چۆچەك ۋە قازاقلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇرىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| خەنزۇچە | جايى | شېۋىلەردە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|---|---|
| 另外的 | چۆچ | باسقا | باشقا |
| 头儿 | چۆچ | باسلىق | باشلىق |
| 低声说话 | لوپ | سىۋىرلا – | شىۋىرلا – |

**13) «ق» تاۋۇشىنىڭ ئۆزگىرىشى**

(1) «ق» تاۋۇشىنىڭ «خ» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشى
بۇ خىل ئەھۋال كەلپىن، قەشقەر، خوتەن، قومۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. ئەدەبىي تىلدا باش ياكى ئوتتۇرا بوغۇمدا بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن «ق» تاۋۇشى ئاجىزلىشىپ «خ» غا ئۆزگىرىشىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال يۇقىرىدا



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

باyان قىلىنغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاق خەسە | ئاخخەسە | خوت | 白大布 |
| ئاقتى | ئاختى | پاخ، چىرا، قەش | 流了 |
| ئالماقچى | ئالماخچى | كەل | 打算拿 |
| ماڭماقچى | ماڭماخچى | كەل | 打算走 |
| ئۇقتۇرۇش | ئۇختۇرۇش | خوت | 通知 |
| بېلىقچى | بىلىخچى | خوت | 渔夫 |
| پۇقرا | پۇخرا | خوت | 老百姓 |
| توقسان | توخسان | قەش | 九十 |
| دوقمۇش | دوخمۇش | تۇر | 拐角处 |
| توقسۇن | توخسۇن | تۇر | 托克逊 |
| پاقلان | پاخلان | تۇر | 羊羔子 |
| تەقسىم | تەخسىم | خوت | 分配 |
| قاقشال | قاخشال | پاخ | 干瘪 |
| ئاقسا ـ | ئاخسا ـ | پاخ | 瘸、跛 |
| مەقسەت | مەخسەت | خوت | 目的 |
| ساقچى | ساخچى | پاخ | 警察 |
| يوقسۇل | يوخسۇل | قەش | 穷人 |
| نەق پۇل | نەخپۇل | قەش | 现钱 |
| ئوقتەك | ئوختەك | قەش | 象子弹般快 |
| پالاقشى ـ | پالاخشى ـ | قەش | 奔波 |
| ۋالاقلا ـ | گالاخلا ـ | تۇر | 嚷嚷 |

ئۇنىڭدىن سىرت، بەزى جايلاردا، مەسىلەن، غۇلجىدا سۆز ئاخىرىدىكى «ق» تاۋۇشى «خ» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ، ھەتتا پېئىللارنىڭ ئىسىمداش شەكىللىرىدىكى «ق» تاۋۇشىمۇ «خ» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئەدەبىي تىلدا كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئوغلاق | ئولاخ | قوم، غۇل | 山羊羔子 |
| ئۇۋاق | ئۇگاخ | لۇك، غۇل | 碎末 |
| باشاق | باشاخ | قوم، غۇل | 麦穗 |
| تاقاق | تاقاخ | قەش، غۇل | 关闭 |
| چاق | چاخ | كەل، غۇل | 轮子 |
| خەق | خەخ | خوت، غۇل | 人家 |
| زىق | زىخ | خوت، غۇل | 铁钳子 |
| ساق | ساخ | كەل، قەش | 健康、没损坏 |
| سامساق | سەمسەخ\سامساخ | قوم | 蒜 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| سۇۋاق | سۇگاخ | تۇر | 泥、抹灰层 |
| سىلىق | سىلىخ | قوم | 苛政 |
| قاق | قاخ | قوم، قەش | 果干 |
| نەق | نەخ | خوت | 现行、正是 |
| ياماق | ياماخ | قوم | 补丁 |
| يوق | يوخ | تۇر | 没有 |
| ياغلىق | يا:لىخ | قوم، تۇر | 头巾 |
| ياق ـ | ياخ ـ | كەل، غۇل | 贴 |
| يىراق | ژىراخ | غۇل | 远 |
| قۇلاق | قۇلاخ | غۇل | 耳朵 |
| قىرىق | قىرىخ | كەل، غۇل | 四十 |
| چىرايلىق | چىرايلىخ | غۇل | 漂亮 |
| ئۇرماق | ئۇرماخ | غۇل | 打 |
| قۇملۇق | قۇملۇخ | غۇل | 沙漠 |

بەزى جايلاردا، مەسىلەن، كەلپىن شېۋىسىدە، سۆز تەركىبىدە بوغۇم بېشىدىكى ھە
سۆز بېشىدىكى «ق» تاۋۇشىمۇ «خ» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئوق، ئوقى | ئوخ، ئوخى | كەل | 子弹、它的子弹 |
| ئوقۇ ـ | ئوخۇ ـ | كەل | 你读 |
| ئۇيقا | ئۇخا | قوم | 睡眠 |
| ھاڭقايماق | ئاڭخايماق | قوم | 张口结舌 |
| پوقاق | پۇخاق | كىر، كەل | 大脖子病 |
| توقۇ ـ | توخۇ\تۇخى ـ | كەل | 织 |
| توقۇمۇم | توخۇمىم | كەل | 我的马鞍垫 |
| داڭقان | دا:خا: | قوم | 鼎、铛 |
| دېھقان | دىخان | قەش، قوم | 农民 |
| سوقۇش | سۇخاش | كەل | 打架、仗 |
| سېقى | سېخى | كەل | 完好的 |
| ياقا | ياخا | كەل | 领子 |
| ياقالمايمىز | ياخالمايتمىز | كەل | 我们不能贴 |
| يىقىلىپ | ئىشخىلىپ\ئىخىلىپ | كەل | 摔倒 |
| ۋاقىت | گاخ | قوم، تۇر | 时间 |
| ۋاقىت | ۋاخىت | خوت | 时间 |
| قوشنا | خوشنا | تۇر | 邻居 |
| قات | خات | قوم | 层 |
| قەپەس | خەپەز | قوم | 鸟笼 |
| قەستەن | خەستەن | تۇر | 故意地 |
| قەست | خەس\خاس | لوپ | 阴谋 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| باداشقان | بەدەشخان | غۇل | 盘腿 |

2) «ق» تاۋۇشىنىڭ «غ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

سۆز بېشىدا كەلگەن «ق» تاۋۇشىنىڭ «غ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىش ئەھۋالى قومۇل، لوپنور قاتارلىق جايلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| قادا ـ | غادا ـ | قوم | 插，固定 |
| قازماق | غازماق | قوم | 挖、挖掘 |
| قاشا | غاشا | قوم | 栅栏 |
| قاي ـ | غايلا ـ | قوم | 晕 |
| قىراۋ | غۇرۇ\غىرو | لوپ | 霜 |
| قىرغاۋۇل | غىرغۇل | لوپ | 雪鸡 |
| قۇتۇل ـ | غۇتۇل ـ | لوپ، قوم | 逃脱 |
| قۇدۇق | غۇدۇخ | قوم | 井 |
| قۇلۇپ | غۇلۇپ | تۇر، قوم، لوپ، غۇل | 锁 |
| قۇلۇپلا ـ | غۇلۇپتا ـ | لوپ | 上锁 |
| قۇلۇپلا ـ | غۇلۇپلا ـ | تۇر | 上锁 |
| قوزغىلاڭ | غوزغولوڭ | لوپ | 起义 |
| سۇيۇقئاش | سۇيغاش | قوم، تۇر | 汤饭 |

ئەدەبىي تىلدىكى «ق» بىلەن ئاخىرلاشقان نۇرغۇنلىغان سۆزلەردە، خوتەن، لوپنور، قەشقەر، كەلپىن، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلىغانلىقتىن، «ق» بىلەن «غ» نىڭ نۆۋەتلىشىشى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تاتلىق | تاتلىغ | ئات | 甜 |
| تۇماق | تۇماغ | ئات | 棉帽 |
| تېرىق | تېرىغ | ئات | 小米 |
| قوشاق | قوشاغ | ئات | 民歌 |
| ئاچچىق | ئاچچىغ | ئات، خوت | 气、怒气 |
| ئوڭلۇق | ئوڭلاغ | خوت | 随和，正派 |
| چىرايلىق | چايلىغ | خوت | 漂亮 |
| بوياق | بوياغ | خوت، ئات | 染料 |
| قىزىق | قىززىغ | خوت، ئات | 热、烫 |
| پۇراق | پۇراغ | خوت، قاغ | 味儿 |
| مۇنداق | مۇنداغ | خوت، قەش | 这样 |
| ئانداق | ئانداغ | خوت، قەش، ئات | 那样 |
| پىششىق | پىششىغ | خوت، گۇم | 熟的；吝啬的 |
| ئىسسىق | ئىسسىغ | خوت، گۇم، كەل، ئات | 热 |
| ساۋاق | ساۋاغ | قەش | 功课 |

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تولغاق | تولغاغ | كەل | 阵痛；绞痛 |
| قويۇق | قوياغ | كەل | 稠、浓 |
| ئورغاق | ئورغوغ | لوپ | 镰刀 |
| ئېيىق | ئايىغ | لوپ | 熊 |
| پاراق باج | پاراغ باج | لوپ | 粮税 |
| قومىلاق | قۇمالاغ | لوپ | 羊粪蛋 |
| پايپاق | پايپاغ | لوپ | 袜子 |

ئەدەبىي تىلدا «غ» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەر يۇقىرىقى جايلاردا ئەينەن ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئات ـ ئۇلاغ | ئات ـ ئۇلاغ | خوت، گۇم، كەل، قەش | 牲口 |
| ئاياغ | ئاياغ | قەش، كوس | 鞋；脚 |
| چىراغ | چىراغ | خوت، ئات | 灯 |
| دىماغ | دىماغ | خوت | 鼻子 |

تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلاردا سۆز ئاخىرىدا «غ» كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئورنىدا پەقەت «ق» ياكى «خ» كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئات ـ ئۇلاغ | ئات ـ ئۇلاق | تۇر، قوم | 牲口 |
| ئاياغ | ئاياق | تۇر، قوم | 鞋；脚 |
| چىراغ | چىراق | تۇر، قوم | 灯 |
| دىماغ | دىماق | تۇر، قوم | 鼻子 |
| ساۋاق | ساۋاق | تۇر، قوم | 功课 |
| تولغاق | توغلاق\تولاق | تۇر، قوم | 阵痛；绞痛 |
| قويۇق | قويۇق | تۇر، قوم | 稠、浓 |
| ئورغاق | ئوراق | تۇر، قوم | 镰刀 |
| ئېيىق | ئېيىق | تۇر، قوم | 熊 |
| داغ | داق | قوم | 色斑，污点 |

«ق» بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرگە «ل»، «ر» ياكى «د» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، بەزى جايلاردا «ق» تاۋۇشى «غ» تاۋۇشىغا ئاجىزلىنىدۇ، يەنە بەزى جايلاردا «ق» تاۋۇشى «خ» تاۋۇشىغا ئاجىزلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| پىششىقلا ـ | پىششىخلا ـ | تۇر | 加工 |
| تۇرۇقلۇق | تۇرۇخلۇق | تۇر | 既然，虽然 |
| يېپىقلىق | يېپىخلىق | تۇر | 关着、盖着 |
| ئېسىقلىق | ئېسىخلىق | تۇر | 挂着 |
| ئاچچىقراق | ئاچچىغراق | تۇر | 较辣、较苦 |
| چاتاقراق | چاتىغراق | تۇر | 比较麻烦 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئورۇقلا ـ | ئورۇخلا ـ | تۇر | 变瘦 |
| تۇرۇقلۇق | تۇيۇغلۇق | خوت | 既然，虽然 |
| قاماقلىق | قاماغلىغ | خوت | 被关着 |
| پىششىقلا ـ | پىششىغدا ـ | قوم | 加工 |
| شاپىلاقلا ـ | شاپىلاغدا ـ | قوم | 拍巴掌 |
| ئورۇقلا ـ | ئورۇغلا ـ | قەش | 变瘦 |
| تەقدىرلە ـ | تەغدىرلە ـ | قەش | 表扬、奖励 |
| يېپىقلىق | يېپىغلىق | قەش | 关着、盖着 |
| ئېسىقلىق | ئېسىغلىق | قەش | 挂着 |
| تولۇقراق | تولۇغراق | قەش | 比较全面 |
| چاتاقراق | چاتاغراق | قەش | 比较麻烦 |

تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلاردا «ق» بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان ياسىغۇچىلار ئۇلانغاندا، «ق» تاۋۇشى ئاجىزلىشىپ، بىردەك «غ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. لېكىن، قەشقەر، كەلپىن، ئاتۇش، كېرىيە قاتارلىق جايلاردا مۇنداق نۆۋەتلىشىش ئاز. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | قەشقەرلەردە | تۇرپانلاردا | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاغرىقى | ئاغرىقى | ئا:رىغى | 他的病 |
| تايىقىنى | تايىقىنى | تايىغىنى | 把他的棍子 |
| قۇلىقىم | قۇلىقام | قۇلۇغۇم | 我的耳朵 |
| تايىقى | تايىقى | تايىغى | 他的棍子 |
| قالپىقىڭ | قالپىقاڭ | قالپىغىڭ | 你的棉帽 |

(3) ئايرىم جايلاردا بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى «ق» تاۋۇشى «ك» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بوۋاق | بۇۋەك | خوت | 婴儿 |
| پاچاق | پايچەك | خوت | 腿 |
| جونداق | جۆندەك | خوت | 旧的，破的 |

پېئىللارنىڭ ئېنىق ئۆتكەن زامان بىرىنچى شەخس كۆپلۈك شەكلى، بەزى جايلاردا ۋارىيانتلىق بولۇپ، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن پېئىللاردا « ـ ئۇق» نىڭ ئورنىدا « ـ ئۇك» كېلىدۇ. ئەدەبىي تىلىمىزدا بولسا پېئىلنىڭ بۇ خىل شەكلىنىڭ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى مەۋجۇت ئەمەس. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| سۆزلىدۇق | سۆزلىدۇك | خوت، لوك | 我们说了 |
| كۆردۇق | كۆدۇك | خوت، لوك | 我们看了 |
| كۇلدۇق | كۇلدۇك | خوت، لوك | 我们笑了 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| كەلدۇق | كەلدۇك | خوت، لۇك | 我们来了 |

**14) «ف» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى**

«ف» تاۋۇشى بەزى دىيالېكت ـ شېۋىلەردە مەۋجۇت ئەمەس، شۇڭلاشقا بۇنداق جايلاردا، ئەدەبىي تىلدىكى تەركىبىدە «ف» كەلگەن سۆزلەردە «ف» بىلەن «پ» نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئافرىقا | ئاپرىقا | قەش | 非洲 |
| تېلېفون | تىلىپون | لوپ، تۇر | 电话 |
| فابرىكا | پابرىكا | قەش، يەك، غۇل | 轻工业厂 |
| پاتېفون | پەتىپون | لوپ،تۇر | 留声机 |
| فاشىست | پاشىس | قەش، غۇل | 法西斯 |
| فىلىم | پىلىم | قەش، لوپ، تۇر، يەك | 片子 |
| فېئودالىزم | پېۋدالىزىم | لوپ، غۇل | 封建主义 |
| موفاك | موپاك | لوپ | 磨房 |
| نېفىت | نېپىت | قەش، يەك | 石油 |

**15) «غ» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى**

(1) «غ» تاۋۇشىنىڭ «خ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ھادىسە ئانچە كۆپ ئەمەس. غۇلجا شېۋىسىدە سۆز ئاخىرىدىكى «غ» تاۋۇشى بىر دەك «خ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بوغچا | بوخچا | تۇر | 书包 |
| جاۋغاي | جوخەي | قوم | 下颌 |
| چىغىرتماق | چىخىتماق\چىتماق | كەل | 马兰花 |
| داغ | داخ | قوم، غۇل | 污点、色斑 |
| ئات ـ ئۇلاغ | ئات ـ ئۇلاخ | قوم، غۇل | 牲畜 |
| ئاياغ | ئاياخ | قوم، غۇل | 脚；鞋 |
| چىراغ | چىراخ | قوم، غۇل | 灯 |

(2) «غ» تاۋۇشىنىڭ «ر» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ھادىسە ئانچە كۆپ ئەمەس ھەم ئاساسەن ئەسلىي سۆزدە «غ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغانلىقتىن كېلىپ چىققان. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تارغاق | تاراق | قوم، تۇر | 梳子 |
| ئوغاق | ئوراق | تۇر | 镰刀 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(3) «غ» تاۋۇشىنىڭ «ق» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ئەھۋال ئاساسەن سۆز ئاخىرىدا ياكى سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم كەينىدە كۆرۈلۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| باغچە | باقچا | چۆچ | 公园 |
| تاغ | تاق | لوپ | 山 |
| چاغدا | چاقدا | چۆچ | ..在时间 |
| چوغ | چوق | لوپ | 炭火 |
| چىغ | چىق | لوپ | 树条 |
| قىغ | قىق | لوپ | 肥料、粪 |

بەزىدە سۆز بېشىدا ياكى سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم بېشىدىمۇ كۆرۈلۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| غاز | قاز | چۆچ | 鹅 |
| غىدىق | قىتىق | كېر | 痒痒 |
| سوغۇق | سۇق | لوپ | 冷 |
| بوسۇغا | بوسۇق | خوت | 门槛 |
| سېغىنماق | ساقىنماق | گۇم | 想念 |
| مەشغۇل | مەشقۇل | لوپ | 从事 |
| قىلمىشىغا | قىلمىشقا | خوت | 对所作所为 |
| بېشىغا | بېشقا | خوت | 往头上 |

(4) «غ» تاۋۇشىنىڭ «ي» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ھادىسە ئاساسەن تۇرپاندا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | تۇرپاندا | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| باغلا ـ | بايلا ـ | 绑 |
| باغلام | بايلام | 捆、把 |
| قوغلا ـ | قويلا ـ | 赶、轰走 |

(5) «غ» تاۋۇشىنىڭ «ڭ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ ھادىسە لوپنوردا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| چىغىر | چىڭگىر | لوپ | 狭窄的 |
| ماغدۇر | ماڭدۇر | لوپ، تۇر | 力气、劲儿 |
| ئېغىزمان | ئاڭگىزمان | لوپ | 后背 |

(6) «غ» تاۋۇشىنىڭ «ۋ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ھادىسە ئانچە كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بوغۇم | بوۋۇم | قوم باي | 音节 |
| سۇغۇر - | سۇۋۇر - | لوپ | 抽动；浇水 |
| قوغلا - | قوۋلا - | لوپ | 赶、轰走 |
| بوغۇن | بوۋۇن | قوم | 蜜蜂 |

**16) «ك» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى**

(1) «ك» تاۋۇشىنىڭ «چ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل نۆۋەتلىشىش قەشقەرگە تەۋە ئايرىم جايلاردا كۆرۈلىدۇ، شۇنداقلا كۆپ ئەمەس
مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئەكىر - | ئىچى\ئەچىي | قەش، يەك | 拿进来 |
| كىر - | چى\چىي | قەش، ئات، يەك | 进来 |
| كىشمىش | چىشمىش | قاغ | 葡萄干 |
| كىگىز | چىگىز | قاغ، ئات، يەك | 毛粘 |
| كىم | چىم | قەش، ئات، يەك | 谁 |
| كىشنىمەك | چىنىمەك | يەك | 马嘶叫 |

(2) «ك» تاۋۇشىنىڭ «خ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ئەھۋالمۇ ئانچە كۆپ كۆرۈلمەيدۇ ھەم پەقەت سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم
ئاخىرىدىلا كۆرۈلۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تەكشى | تەخشى | قەش | 平稳、平坦 |
| سەكسەن | سەخسەن | قەش | 八十 |
| مەكتەپ | مەختاپ\مەختەپ | قەش، يەك | 学校 |
| يەكتەك | يەختەك | قەش | 马褂，长衫 |

(3) «ك» تاۋۇشىنىڭ «گ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

ئەدەبىي تىلدىكى «ك» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان نۇرغۇن سۆزلەردە، خوتەن، لوپنور
قەشقەر، كەلپىن، كېرىيە، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردا «ك» بىلەن «گ» نۆۋەتلىشىش
ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئۆيلۈك | ئۆيلەگ | خوت | 有家的 |
| ئۆلۈك | ئۆلەگ | قەش، قاغ، خوت، كەل | 死者 |
| ئۆلۈك | ئۆلىگ | ئات | 死者 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئېكەك | ئىكەگ | خوت | 锉刀 |
| بىلىملىك | بىلىملىگ | خوت | 有知识的 |
| كېزىك | كىزىگ | خوت | 疟疾 |
| يۈرەكلىك | يۈرەگلىگ | خوت | 大胆的 |
| يېنىك | يىنىگ | خوت | 轻的 |
| تۈكلۈك | تۈكلۈگ | كېر | 有毛的 |
| كەلمەكلىك | كەلمەگلىگ | كېر | 的来… |
| ئىتتىك | شىتتىگ\يىتتىگ | خوت، كەل | 快；锋利 |
| يىرىك | يىيىگ\يىرىگ | خوت، كەل | 粗糙的 |
| كىچىك | كىچىگ | خوت، كەل، قەش | 小的 |
| تىرىك | تىرىگ\تىيىگ | قەش، قاغ، خوت، ئات | 活着的 |
| ئاچچىق ـ چۈچۈك | ئاچچىغ ـ سۈچۈگ | كەل | 酸酸的 |
| ئويناتقۇدەك | ئويناتقۇدەگ | كەل | 听说可以玩 |
| بېلەتلىك | بەلەتلىگ | كەل | 有票的 |
| ئۆسەك | ئۆسەگ | كەل، خوت | 谣传的 |
| قويدەك | قويدەگ\قويدەي | كەل، خوت | 象羊一般 |
| ئەللىك | ئەللىگ | كەل، لوپ، خوت | 五十 |
| ئۆردەك | ئۆردۆگ | لوپ | 鸭子 |
| سۆك | سۆگ | لوپ | 谷子 |
| مۈشۈك | مۈشۈگ | لوپ | 猫 |
| نازۇك | نوزۇگ | لوپ | 娇嫩的 |

ئەدەبىي تىلدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە بوغۇم بېشىدا كەلگەن «ك» تاۋۇشى بەزى جايلاردا «گ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئۆڭكۈر | ئۆڭگۈر | قوم | 洞穴 |
| بۈركۈت | بۈرگۈت | قوم، لوپ | 鹰 |
| بەتىنكە | بەتىنگە | خوت، ئات | 皮鞋 |
| رېزىنكە | رىزىڭگە | خوت | 橡胶 |
| سۈكەن | سۈگە | قوم | 漏斗，槽 |
| هارۋىكەش | هارۋىگەش | كەل | 马车夫 |
| كۈنجۈت | گۈنجۈت | تۇر | 芝麻 |
| سەپكۈن | سەبگۈل | تۇر | 雀斑 |
| كاپشى ـ | گاپشى ـ | لوپ | 唠叨、絮叨 |

«ك» بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا «ل» بىلەن باشلانغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، بەزى جايلاردا «ك» تاۋۇشى تىل ئارقا، جاراڭلىق، سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش «گ» بىلەن نۆۋەتلەشسە، بەزى جايلاردا تىل ئارقا، جاراڭسىز، سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش «ك» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
| --- | --- | --- | --- |
| ئېتىكلىك | ئېتىكلىك | تۇر، غۇل | 关着 |
| ئېشەكلىك | ئېشەكلىك | تۇر، غۇل | 骑着毛驴 |
| ئېشەكلىك | ئىشەگلىگ | خوت، قەش | 骑着毛驴 |
| بېكىتىكلىك | بەكىتىگلىگ | خوت، قەش | 关闭着 |

تۇرپان، قومۇل، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا «ك» بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، «ك» تاۋۇشى ئاجىزلىشىش تۈپەيلىدىن، بىردەك تىل ئارقا، جاراڭلىق، سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش «گ» غا نۆۋەتلىشىدۇ. لېكىن، خوتەن، كەلپىن، قەشقەر، كېرىيەلەردە بۇ خىل نۆۋەتلىشىش مەۋجۇت ئەمەس. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | تۇرپانلاردا | قەشقەرلەردە | خەنزۇچە |
| --- | --- | --- | --- |
| پېلىكى | پېلىگى | پېلىكى\پىلىكى | 它的灯芯 |
| چېلىكى | چېلىگى | چېلىكى\چېلىكى | 他的水桶 |
| يۈرىكى | يۈرىگى | يۈرىكى\ژۈرىكى | 他的心 |
| تەشتىكىڭ | تەشتىگىڭ | تەشتىكەڭ | 你的花盆 |
| يۈرىكىم | يۈرۈگۈم | يۈرىكەم | 我的心 |
| ئۆتۈكى | ئۆتۈگى | ئۆتۈكى | 他的靴子 |

غۇلجا، تۇرپانلاردا سۆز ئاخىرىدىكى «ك» ياكى سۆز تەركىبىدە بوغۇم كەينىدىكى «ك» دائىم سىيرىلاڭغۇلىشىپ، جاراڭسىز سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش «ك» ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | خەنزۇچە |
| --- | --- | --- |
| ئەللىك | ئەللىك | 五十 |
| سۈتلۈك | سۈتلۈك | 有奶的 |
| ئەكرەم | ئەكرەم | 男人名 |
| ئەمگەك | ئەمگەك | 劳动 |
| مەكتەپ | مەكتەپ | 学校 |
| ئابابەكرى | ئاۋەكرى | 男人名 |

(4) ئاز ساندىكى سۆزلەردە «ك» تاۋۇشى يەنە «د»، «غ»، «پ» ۋە «ق» تاۋۇشلىرى بىلەن نۆۋەتلىشىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
| --- | --- | --- | --- |
| چاۋاك | چاۋاق | قوم | 巴掌 |
| كاۋاك | قۇۋاق | قوم | 空洞 |
| كۈت ـ | پۈت ـ | خوت | 等待 |
| كۈچلۈك | كۈچلۈغ | كەل، خوت | 有力的 |
| گۈللۈك | گۈللۈغ | خوت | 花园 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| يېنىك | يېنىغ | كەل | 轻的 |
| كەچكىچە | قەچقىچە | خوت | 直到晚上 |
| كەسلەنچۈك | دەسلەنچۈك | قوم | 蜥蜴 |
| كەمتۈك | تەمتۈك | يەك | 残缺不全 |

**17) « گ» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى**

(1) «گ» تاۋۇشىنىڭ «غ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ئەھۋال كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ھاڭگا | ھاڭغا | قوم، تۇر | 公的 |
| ھاڭگىرت | ھاڭغىرت | قوم | 鸿毛 |
| ھاڭگىرا ـ | ھاڭغىرا ـ | تۇر | 驴叫 |

(2) ئاز ساندىكى سۆزلەردە «گ» تاۋۇشى يەنە «ك»، «ۋ»، «ج» ياكى «ي» تاۋۇشلىرى بىلەن نۆۋەتلىشىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئېگىز | ئېيىز\ئېز | لوپ | 高 |
| بىگىز | بىيىز | قوم | 锥子 |
| مۈڭگۈز | مۈيۈز | قوم نوم | 犄角 |
| تۆگە | تەۋە | قوم | 骆驼 |
| گۆھەر | ۋەھەر | لوپ | 珍宝 |
| گۆدەك | كودەك | قوم | 幼稚 |
| سۆپۈرگە | سۆپۈيكى\سۆپۆكى | خوت | 笤帚 |
| يەڭگىمەك | يەڭجۈمەك | خوت | 生、生育 |
| تەلەڭگە | تەلەڭكە | غۇل | 脸盆 |
| يىرگەنمەك | جىركەنمەك | لوپ | 厌恶 |

**18) «ل» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى**

(1) «ل» تاۋۇشىنىڭ «ن» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

قومۇل، تۇرپان، لوپنور قاتارلىق جايلاردىكى بىر قىسىم سۆزلەردە «ل» تاۋۇشى «ن» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بۇنداق نۆۋەتلىشىشنىڭ بەزىلىرى ئوك ئاسسىمىلياتسىيە سەۋەبىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن، يەنە بەزىلىرى تارىخىي سەۋەبتىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاڭلا ـ | ئاڭنا ـ | لوپ، تۇر | 听 |
| ئوڭلا ـ | ئوڭنو ـ | لوپ | 修正、改正 |
| توڭلۇك | توڭنۇك | قوم، تۇر، غۇل | 天窗 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| دەزمال | دەزمان | قوم | 熨斗 |
| قىلىچ | قىنىش | قوم | 剑 |
| مۆلدۈر | مۆندۈر \ مەندىر | قوم | 冰雹 |
| كۆڭۈل ـ كۆڭلۈم | كۆڭنۈم | تۇر | 我的心 |
| سىڭىل ـ سىڭلىم | سىڭنىم | تۇر | 我的妹妹 |
| تەڭلىمات | تەڭنىمات | تۇر | 墙围子 |
| تەڭلە ـ | تەڭنە ـ | تۇر | 举到面前；比 |
| توڭلا ـ | توڭنا ـ | تۇر | 冻 |
| كۆڭلەك | كۆينەك | تۇر | 洋衫子、连衣裙 |
| كۆڭلەك | كۆڭنۆك | لوپ | 洋衫子、连衣裙 |
| ئەپچىل | ئەپچىن | لوپ | 灵巧的 |
| مۇلايىم | مۇنايىم | غۇل | 温柔 |

(2) ئەدەبىي تىلدىكى بەزى «لا\لە» ياكى « ـلاش\لەش» دىن تەركىب تاپقان پېئىلـ
لوپنور، قومۇل قاتارلىق جايلاردا « ـشى» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئالچاڭلا ـ | ئالچاڭشى ـ | تۇر | 摇摇晃晃 |
| ئۇزاقلا ـ | ئۇزاقشى ـ | لوپ | 越走越远 |
| تاراقلا ـ | داراخشى ـ | خوت | 丁零当啷、发声 |
| قىممەتلە ـ | قىيمەتشى ـ | قوم، لوپ | 越来越贵 |
| يېقىنلاش ـ | ياقىنشى ـ | لوپ | 靠近、亲近 |
| يېنىكلە ـ | يېنىكشى ـ | لوپ، قوم | 缓和，减轻 |

(3) ئەدەبىي تىلدىكى بەزى « ـلا\لە» دىن تۈزۈلگەن پېئىللار قومۇل شېۋىسـ
« ـ دا\ دە» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. شۇنداقلا لوپنور دىيالېكتىدا بەزى چاغلاردا « ـ جـ
بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئەركىلە ـ | ئە:كۈدە ـ | خوت | 撒娇 |
| پىششىقلا ـ | پىششىغدا ـ | قوم | 加工 |
| چېچەكلە ـ | چېچەگدە ـ | قوم | 开花 |
| سىرلا ـ | سىردا ـ | قوم | 刷漆 |
| شاپىلاقلا ـ | شاپىلاغدا ـ | قوم | 煽巴掌 |
| يالقۇنلا ـ | يالقۇنجا ـ | لوپ | 熊熊燃烧 |

(4) يەنە ئازساندىكى سۆزلەردىكى «ل» تاۋۇشى «ر» ياكى «چ» بىلەن نۆۋەتلىشىدىغـ
ئەھۋالمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئالچاڭلا ـ | ئارچاڭلا ـ | قوم | 大摇大摆 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئولتۇر ـ | ئوچچۇ ـ | خوت | 坐 |
| كەسلەنچۈك | كەسكەنچۈك | لوپ | 蜥蜴 |
| بوتۇلكا | پوتوركا | قوم | 瓶子 |
| شىللە | شىرلا | قوم | 后脖颈 |
| مۇسۇلمان | مۇسۇرمان | قوم، غوۋل | 穆斯林 |
| جىمبىل | جىمبىر | قوم | 蒸莨 |
| ئولتۇر ـ | ئوتتۇرە | غوۋل | 坐吧 |
| ئۆلتۈر ـ | ئۆتتۈرە | غوۋل | 宰吧 |
| لوككا | موكا | غوۋل | 驼峰 |

(5) تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلاردىكى پېئىللارنىڭ بىرىنچى شەخس كۆپلۈك بۇيرۇق راي شەكلىدە «ل» تاۋۇشى «ن» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بارايلى | بارايىنى | قوم | 我们去吧 |
| بارايلى | بارنى | تۇر | 我们去吧 |
| كۆرەيلى | كۆرنى | تۇر | 我们看吧 |
| كۆرەيلى | كۆرەينى | قوم | 我们看吧 |
| كېتەيلى | كېتنى | تۇر | 我们回去吧 |
| كېتەيلى | كېتەينى | قوم | 我们回去吧 |

(6) كەلپىن شېۋىسىدە بىرىنچى بوغۇمى «ل» بىلەن ئاخىرلاشقان، ئىككىنچى بوغۇمى «ت» بىلەن باشلانغان سۆزلەردىكى «ل» تاۋۇشى تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى، جاراڭسىز، سىيرىلاڭغۇ يان تاۋۇش [ɫ] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. تەلەپپۇز قىلىنغاندا، خۇددى «ل» تاۋۇشىنىڭ ئالدىغا بىر «ھ» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالغاندەك تۇيۇلىدۇ. شۇڭا، تۆۋەندىكى مىساللاردا، بۇ تاۋۇش «ل» نىڭ ئالدىغا «ھ» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلەندى. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | كەلپىندە | خەنزۇچە |
|---|---|---|
| ئالتۇن | ئاھلتۇن | 金子 |
| ئالتە | ئاھلتە | 六 |
| ئولتۇر ـ | ئوھلتۇر ـ | 你坐 |
| ئۆلتۈرۈپ | ئۆھلتۈرەپ | 宰，致死 |
| خالتا | خاھلتا | 口袋、包裹 |
| كالتە | كاھلتە | 短 |
| كالتەك | كاھلتەك | 棍子 |
| مالتىلا ـ | ماھلتىلا ـ | 挖抓、乱抓 |

19) «م» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى

1) «م» تاۋۇشىنىڭ «ن» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ئەھۋال كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تۆلەم | تۆلەن | خوتەن | 赔偿 |
| زۇكام | زۇكان | خوتەن، يەكەن | 感冒 |
| مېھمان | نېمان | مەكىت، قارىتال | 客人 |
| مەپە | نەپە | خوتەن، يەكەن | 棚车 |
| چىمچىلاق | چىنچىلاق | لوپ | 小拇指 |
| بىسەرەمجان | بىسەرەنجان | غۇلجا | 乱七八糟 |
| باش قېتىمچىلىق | باش قېتىنچىلىق | غۇلجا | 头疼的事 |

(2) يەنە ئاز ساندىكى سۆزلەردە «م» تاۋۇشى «ي»، «ڭ»، «ۋ»، «پ»، «ب»، «غ»، «ژ» قاتارلىق تاۋۇشلار بىلەن نۆۋەتلىشىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| تىزلامچا | تىزلاپچا | قومۇل | 护膝 |
| تۆمۈنە | تېۋەنە | لوپ | 帆布缝针 |
| زېمىن | زېۋىڭ\زېمىن | لوپ | 大地 |
| قامال | قاۋال | لوپ | 封锁 |
| قولۇم ـ قوشنا | قولۇڭ ـ قوشنى | خوتەن | 邻居 |
| قىممەت | قىژمەت | ئاتۇش، قەشقەر | 贵 |
| قىممەت | قىيمەت | تۇرپان، قومۇل، خوتەن، لوپ، كەلپىن | 贵 |
| كاپام | كاپاڭ | قومۇل | (一) 口 |
| گۇگۇم | گۇگۇڭ | تۇرپان | 黄昏 |
| مايماق | مايغاق\ماغاق | تۇرپان | 歪的、斜的 |
| موزاي | بۇزۇ | لوپ، قومۇل | 小牛犊 |
| مۇسۇلمان | مۇسۇرمان\بۇسۇرمان | لوپ | 穆斯林，清真 |
| ئومۇرتقا | ئوڭگۇرتقا | لوپ | 脊椎 |

لوپنور دىيالېكتىدا ئىسىم ۋە پېئىللارنىڭ بىرىنچى شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىسى «ـ مىز» دائىم «ـ ۋىز» بىلەن نۆۋەتلىشىپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىدە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئىككىلىمىز | ئىككىلەۋىز | لوپ | 我们两人 |
| بارىمىز | بارادىۋىز | لوپ | 我们要去 |

20) «ن» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى

(1) «ن» تاۋۇشىنىڭ «ل» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇ خىل ئەھۋال بەزى جايلاردا سۆز ئاخىرىدا، بەزىدە سۆز بېشىدا ۋە ياكى سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم بېشىدا كۆرۈلىدۇ، ھەتتا بەزىدە سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم ئاخىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ساپان | ساپال | خوت | 犁 |
| سايمان | سايمال | لوپ | 工具 |
| سەپكۈن | سەپكۈل | خوت، لوپ | 雀斑 |
| مايمۇن | مايمۇل | لوپ | 猴 |
| ھىنگان | ھىنگال | خوت | 公骆驼 |
| نوختا | لوختا | قوم باي | 马笼头 |
| نىقاب | لىقاپ | لوپ | 假面具 |
| نېپىز | لېپىز | غۇل | 薄 |
| تەڭنە | تەڭلگە\تەڭلى | لوپ، خوت | 和面盆 |
| شەبنەم | شەملەم | لوپ | 露珠 |
| ناھال | لال | قوم | 鞋掌 |
| قانۇن | قالۇن | لوپ | 法律 |
| مەنپەئەت | مەلپەت | لوپ | 利益 |
| چۆنتەك | چولتەك | كېر، تۇر | 口袋，荷包 |
| سەرەمجان | سەرەمجال | لوپ | 有条理的 |

(2) «ن» تاۋۇشىنىڭ «م» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ئەھۋال بەزى جايلاردا سۆز بېشىدا ۋە سۆز ئاخىرىدا ياكى سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم بېشىدا كۆرۈلىدۇ، ھەتتا سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم ئاخىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| نامرات | مامىيات | خوت | 贫穷 |
| مانان | مانام | كېر | 水雾，暮霭 |
| يۇلۇن | يۇلۇم | لوپ | 脊髓 |
| پەتنۇس | پەتمۇس | لوپ، تۇر، غۇل | 托盘 |
| تىرناق | تىرماق | قوم، تۇر | 指甲 |
| شۇنداق | شۇمداغ | خوت | 那样 |
| مۇنداق | مامدا | خوت | 这样 |
| مەنپەئەت | مەمپەت | قەش | 利益 |
| ئىشتانباغ | ئىشتامباغ | قەش | 裤带 |
| يانپاش | يامپاش | تۇر | 胯，髋 |

(3) «ن» تاۋۇشىنىڭ «ي» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ئەھۋال كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئىنەك | ئىيەك | قوم ئەل | 奶牛 |
| قانداق | قايدا | خوت، قەش | 怎样 |

(4) «ن» تاۋۇشىنىڭ «ڭ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ئەھۋالمۇ كۆپ ئۇچرىمايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئالۋان | ئالۋاڭ | قوم، تۇر | 差役 |
| ئىنقىلاب | ئىڭقىلاپ | قەش | 革命 |
| ئەنسىز | ئەڭسىز | قوم | 不安 |
| بانكا | باڭكا | قەش | 银行 |
| رېزىنكە | رېزىڭگە | خوت | 橡皮 |
| يانپاش | ياڭپەش | قوم | 胯 |
| باشلانغۇچ | باشلاڭغۇچ | لوپ | 初级 |
| ئويمان | ئويماڭ | قوم | 凹的，坑 |

(5) يەنە ئاز ساندىكى سۆزلەردە «ن» تاۋۇشى «ت»، «ر» قاتارلىق تاۋۇشلار بىلەن نۆۋەتلىشىدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئويمان | ئويمات\ئويموت | لوپ، تۇر | 凹的、坑 |
| ئۆتنە | ئۆتتۆ | لوپ | 借 |
| دەشنەم | دەشتەم\دەشتام | لوپ | 指责 |
| ئۇزۇنراق | ئۇزۇرراق | خوت | 比较长 |
| يوغانراق | يوغارراق | خوت | 比较大 |
| ھېچنىمە | ھېشتىمە | تۇر، غۇل | 什么都没 |

**21) «ڭ» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى**

(1) «ڭ» تاۋۇشىنىڭ «گ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ئەھۋال كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| لەڭمەن | لەگمەن | قوم، تۇر | 拉条子（饭名） |
| يىڭنە | يىگنە | كەل، كېر | 针 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| يىڭنە | ئىگنە | لوپ | 针 |

(2) «ڭ» تاۋۇشىنىڭ «ي» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ئەھۋالمۇ كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| **ئەدەبىي تىلدا** | **شېۋىلەردە** | **جايى** | **خەنزۇچە** |
|---|---|---|---|
| تۇڭلۇك | تۇينۇك | قۇم ئەل | 天窗 |
| لەپەڭلە ـ | لەپەيلە ـ | خوت | 摇摆 |
| مېڭە | مىيە | قۇم، تۇر، غۇل | 脑子 |
| كۆڭلەك | كۆينەك | تۇر، غۇل | 连衣裙 |
| سۆڭەك | سۇيەك | غۇل | 骨头 |

(3) بەزى جايلاردا ئاز ساندىكى سۆزلەردە «ڭ» تاۋۇشى يەنە «م»، «پ»، «غ»، «ر» قاتارلىق تاۋۇشلار بىلەن نۆۋەتلىشىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. مەسىلەن:

| **ئەدەبىي تىلدا** | **شېۋىلەردە** | **جايى** | **خەنزۇچە** |
|---|---|---|---|
| تەڭ كەلمەك | تەپ كە:مەك | خوت | 旗鼓相当 |
| شۇڭقار | شۇمقار | چىرا، لوپ | 鹰隼 |
| لەڭمەن | لەغمەن | قەش | 拉条子 |
| ئۆستەڭ | ئۆستەن | غۇل | 河 |
| ئۆلەڭ | ھۆلەن | غۇل | 婚礼序歌 |
| تۇڭلۇك | تۇرنۇك | قۇم | 天窗 |

**(22) «ھ» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى**

(1) «ھ» تاۋۇشىنىڭ «ي» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ئەھۋال بەزى جايلاردا سۆز بېشىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| **ئەدەبىي تىلدا** | **شېۋىلەردە** | **جايى** | **خەنزۇچە** |
|---|---|---|---|
| ھىمىرمەك | يىمارماق | قۇم | 捏、揉 |
| ھۆل بولماق | يۆلۇمەك | لوپ | 变湿 |
| ھۆل | يۆل | قەش | 湿的 |
| ھېساب | يىساپ | قۇم، خوت، گۇم، كەل | 计算 |
| ھېكايە | يىكايە\يىكايا | قۇم، خوت، گۇم، كېر | 故事 |
| ھېمىت | يىمىت | گۇم، تۇر | 伊米提（名） |
| ھېلى | يېلى | تۇر | 刚才 |
| ھۆكۈم | يۇكۇم | كېر | 判决 |
| ھۆسن | يۇسۇن | كېر | 姿色 |
| ھۇنەر | يۇنە: | كېر | 手艺 |

يەنە سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم بېشىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئالاھازەل | ئالايىزەل | خوت، گۇم | 大约，估模 |
| ئالاھىدە | ئالايىدە | خوت، گۇم | 特别的 |
| باھانە | باينا | تۇر | 理由 |
| بېھى | بىيە | قەش، تۇر | 木瓜 |
| بېھىش | بىيىش | قوم، گۇم، كەل | 天堂 |
| بېھىش | بېيىش | تۇر، غۇل | 天堂 |
| جاھىل | جايىل | تۇر، گۇم، كەل، خوت | 倔、倔强 |
| روھى | رويى | قەش | 精神 |
| ساھىل | سايىل | كوس | 岸；乞丐 |
| شېھىت | شىيىت\شېيىت | تۇر، گۇم، كەل، قوم | 去世 |
| گاھى | گايى | تۇر، گۇم، كەل، خوت | 有时、有的 |
| مۇھىت | مۇيىت | كوس، كېر | 环境 |
| مۇھىم | مۇيۇم | كوس | 重要 |
| ۋاھىت | گايىت | قوم | 瓦依提 |

يەنە سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم ئاخىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| مېھمان | مىيمان | تۇر، قەش | 客人 |

(2) «ھ» تاۋۇشىنىڭ «خ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى
بۇ خىل نۆۋەتلىشىش كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئەھۋال | ئەخۋال | چۆچ | 情况 |
| رەھمەت | رەخمەت | چۆچ | 谢谢 |
| مۇھىت | مۇخىت | چۆچ | 环境 |
| ھال | خال | چۆچ | 状态 |
| ئەجەبمۇ | خەجەپپۇ | لوپ | 太… |

(3) يەنە ئازساندىكى سۆزلەردە «ھ» تاۋۇشى «ۋ»، «غ» قاتارلىق تاۋۇشلار بىلەن نۆۋەتلىشىدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| باھا | باغا | چۆچ | 评价 |
| گۆھەر | گۆۋەر | قوم | 宝贝 |
| ھاۋشى ـ | گاپشى ـ | لوپ | 狂吠 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**23) «ۋ» تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى**

(1) «ۋ» تاۋۇشىنىڭ «گ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل نۆۋەتلىشىش تۇرپان، قومۇل، غۇلجا، كەلپىن، لوپنور، ئاقسۇ قۇمباش، قارىتال ۋە باي قاتارلىق جايلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ. خوتەن، ئاتۇشلاردىمۇ ئاز - تولا كۆرۈلىدۇ. شۇنداقلا بۇ خىل نۆۋەتلىشىش ئاساسلىقى سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم بېشىدا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئاۋۋال | ئاگال | تۇر، غۇل | 首先 |
| ئۇۋۋا | ئۇگا | غۇل، تۇر | 鸟窝 |
| ئۇۋۇلا - | ئۇگۇلا - | غۇل، تۇر | 揉搓 |
| ئەندۇۋا | هاندۇگا | غۇل، تۇر | 砂浆镘刀 |
| ئەۋۇ | ئىگە\تەگە\تىگۇ | كەل | 那个 |
| تاۋار | تاگا | قوم، كەل، لوپ | 绸缎 |
| تاۋار | تۇگا | تۇر، غۇل | 绸缎 |
| تۆۋى | تۇگى | غۇل | 下面 |
| جانىۋار | جانىگا\جېنىگار | قوم، لوپ | 动物 |
| جاۋاب | جاگاپ | لوپ، قوم | 答案 |
| جاۋاب | جۇگاپ | تۇر | 答案 |
| جۇۋان | جۇگان | كەل، قوم، تۇر، لوپ، غۇل | 少妇 |
| چاۋار | چوگا | غۇل | 草杂 |
| چۇۋۇماق | چۇگۇماخ | غۇل، تۇر | 拆除 |
| دىۋانە | دىگانە | قوم، لوپ | 乞丐 |
| دىۋە | دىگە\دۇگە | لوپ، قوم | 巨人 |
| زاۋال | زاگال | قوم، لوپ | 黄昏 |
| زاۋال | زۇگال | تۇر، غۇل | 黄昏 |
| زەدىۋال | زەدىگال | لوپ، تۇر، كەل، قوم، غۇل | 墙围子 |
| ساۋاب | ساگاپ | لوپ، قوم | 善事 |
| ساۋاب | سۇگاپ | تۇر، غۇل | 善事 |
| سۇۋا - | سۇگا - | يۇقىرىقى جايلار | 抹 |
| كارۋان | كارگان | تۇر، لوپ | 驼队、商队 |
| گۇۋاھ | گاگا | قوم | 证人 |
| مېۋە - چېۋە | مۆگە - چۆگە | تۇر، غۇل | 水果 |
| مەرۋايىت | مەرگايىت | لوپ | 珍珠 |
| ناسۋال | ناسگال | غۇل | 鼻烟 |

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
| --- | --- | --- | --- |
| ياۋا | ياگا | لوپ | 野的 |
| ياۋاش | ياگاش | لوپ، كەل | 老实的 |
| ياۋاش | يۇگاش | قوم، تۇر، غۇل | 老实的 |
| هايۋان | هايگان | قوم | 动物 |
| هاۋا | هوگا | قوم | 空气 |

بەزىدە سۆز بېشىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
| --- | --- | --- | --- |
| ۋاپادار | گۇپادار | تۇر، لوپ، قوم | 忠诚 |
| ۋاتىلدا ـ | گاتىلجا ـ | لوپ | 叨叨 |
| ۋاقىت | گاخ | لوپ، تۇر، قوم | 时间 |
| ۋالاقلا ـ | گالاخشى ـ | لوپ | 喋喋不休 |
| ۋالاقلا ـ | گالاخلا ـ | تۇر | 喋喋不休 |
| ۋاڭ | گاڭ | قوم، لوپ، تۇر | 王 |
| ۋەدىلەش ـ | گادىلەش ـ | لوپ | 约定 |
| ۋەدە | گادە | لوپ | 约定 |
| ۋەزىپە | گۇزۇپە | لوپ | 任务 |
| ۋەزىر | گۇزۇر\گەزىر | قوم، لوپ | 丞相 |
| ۋەخپە | گەخۋە | غۇل | 清真寺不动产 |
| ۋاقچىرەك | گاخلىخراق | ئاق باي | 稍晚一点 |

بىراق، تەركىبىدە «ۋ» تاۋۇشى كەلگەن ھەممىلا سۆزدە بۇ خىل نۆۋەتلىنىش كۆرۈلۈۋەرمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
| --- | --- | --- | --- |
| ئاداۋەت | ئاداۋەت | لوپ | 冤仇 |
| ئاۋات | ئاۋات | لوپ | 繁荣 |
| ئاۋاز | ئاۋاز | لوپ | 声音 |
| تاۋلا ـ | تاۋلا ـ | قوم | 磨练 |
| تەلۋە | تەلۋە | قوم | 狂人，癫狂 |
| چاۋات | چوۋات | قوم | 薄而大的馕 |
| توۋۋا | توۋۋا | قوم، تۇر | 好家伙 |
| ۋارقىرا ـ | ۋا:قىرا ـ | تۇر، قوم | 叫喊 |
| جانىۋار | جانىۋا: | غۇل | 动物 |

يۇقىرىقى جايلاردىن باشقا، خوتەن، ئاتۇش، بورتالا قاتارلىق جايلاردىمۇ بۇ خىل نۆۋەتلىنىش مەۋجۇت، بىراق كۆپ ئەمەس. مەسىلەن:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| سۇۋاقچى | سۇگاغچى | خوت | 抹灰工 |
| تۇۋرۇك | تۇگرۇك | خوت | 柱子 |
| لاۋا | لاگا | كېر، قوم | 垃圾 |
| زۇۋۇلا | زۇگۇلا | ئات، قوم، تۇر | 面团 |
| دەلۋە | دەلگۇ | خوت | 宝瓶宫 |
| چۇۋۇل - | چۇگۇل - | ئات، تۇر | 弄乱 |
| جۇۋالدۇرۇز | جۇگالدۇرۇز | ئات | 帆布缝针 |
| جۇۋا | جۇگا | تۇر، لوپ، خوت، ئات | 皮袄 |
| جوۋىماق | جۇگىماق | خوت، تۇر | 劳神 |
| هاۋانچا | هاگانچە\هوگاچا | كەل، خوت، تۇر، قوم | 姜窝子 |
| ئۇۋىلا - | ئۇگۇلا - | خوت، تۇر | 推拿；巢居 |
| ئەندۇۋا | ئەندۇگا\ئەندۇگە | خوت، كەل | 砂浆镘刀 |
| سوۋۇت - | سوگۇت - | ئات، تۇر | 使冷却 |
| هالۋا | هالگا | لوپ، قوم، تۇر، خوت | 糖糊糊 |

(2) «ۋ» تاۋۇشىنىڭ «ي» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى بۇ خىل ئەهۋال كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئۇۋا | ئۇيا | لوپ | 鸟窝 |
| ئىۋەن | ئۇيەن | خوت | 弊端 |
| تۇۋرۇك | تۇيرۇك | تۇر | 柱子 |
| تېۋىپ | تىيىپ | خوت، يەك | 民族医，郎中 |
| چىۋىق | چۇيۇق | قوم | 树枝 |
| چۇۋۇ - | چۇيلا - | قوم | 搞乱 |
| سوۋۇت - | سويۇت - | قەش | 使凉却 |

(3) «ۋ» تاۋۇشىنىڭ «پ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى بۇ خىل نۆۋەتلىشىشمۇ كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| چىۋىش | چىپىش | خوت | 母山羊 |
| چېۋەر | چىپەر\چەپەر | خوت، لوپ | 灵巧的 |
| لەقۋا | لەقپا | خوت | 笨蛋 |
| كېۋەز | كەپەر\كىپەز | قەش، يەك | 棉花秧 |

(4) «ۋ» تاۋۇشنىڭ «غ» تاۋۇشغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل نۆۋەتلىشىشمۇ كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئۇۋاق | ئۇغاق | خوت | 沫、碎屑 |
| سۇۋاقچى | سۇغاخچى | تۇر | 抹灰工 |
| شۇ ۋاقىتتا | شۇ غاختا | لوپ | 这时 |
| ۋاراق | غورەك | تۇر | 页 |
| ۋاراق | غەرەق | قوم | 页 |
| تۇۋاق | تۇغاق | تۇر | 锅盖 |

(5) يەنە ئازساندىكى سۆزلەردە «ۋ» تاۋۇشى «ڭ»، «ھ»، «ب»، «م» قاتارلىق تاۋۇشلا بىلەن نۆۋەتلىشىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| بوۋا | بوببا | خوت | 爷爷，祖父 |
| ناۋات | نامات | تۇر | 冰糖 |
| ۋارقىرا - | بارقىرا - | قوم | 喊 |
| ۋۇجۇد | ھۇجۇت | قوم | 宗 |
| ۋەكىل | ھۇكۇل | قوم باي | 代表 |
| بالىۋاقا | بالا - باقا | لوپ | 子女 |

24) «ي» تاۋۇشنىڭ نۆۋەتلىشىشى

(1) «ي» تاۋۇشنىڭ «ر» تاۋۇشغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ھادىسە ئايرىم جايلاردا ئايرىم سۆزلەردە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئايال | ئارال | خوت | 女人 |
| ئەديىال | ئەدرال | خوت | 毛毯 |
| بويا - | بورا - | خوت | 染、上色 |
| تېيىل - | تېرىل - | خوت | 滑 |
| چوغداي | جودار | قوم | 骆驼的颈毛等 |
| قايچا | قارچا | قوم باي | 剪刀 |
| ئالىغاي | ئالاغار | لوپ | 斜眼 |
| يوپكا | روپكا | يەك | 裙子 |
| ياستۇق | راستۇق | يەك | 枕头 |
| يامچاق | رامچاق | يەك | 花盆 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(2) «ي» تاۋۇشىنىڭ «ژ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

ئاتۇش، قەشقەر، گۇما، غۇلجا، يەكەن قاتارلىق جايلاردا، تار سوزۇق تاۋۇش «ئى، ئۇ، ئۈ» لەردىن تەركىب تاپقان سۆزلەردە سۆز بېشى ياكى سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم ئاخىرىدا دائىم بۇخىل ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. ئاقسۇ قۇمباشتىمۇ مۇشۇ خىل ئەھۋال مەۋجۇت. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| يىپ | ژىپ | قەش، غۇل، گۇم | 线 |
| يىراق | ژىراق | قەش، ئات، غۇل | 远 |
| يىرت - | ژىت - | گۇم، قەش | 撕、扯 |
| يىرىڭ | ژىرىڭ | قەش، ئات | 脓 |
| يىغ - | ژىغ - | گۇم، غۇل | 收集 |
| يىغلا - | ژىغلا - | قەش، گۇم، ئات، غۇل | 哭 |
| يىغىن | ژىغىن | قەش، ئات | 会议 |
| يىن | ژىن | غۇل | 食糜 |
| يىقىل - | ژىقىل -\شىقىل | گۇم | 摔倒 |
| يىك | ژىك | گۇم، غۇل | 梭子 |
| يىگىت | ژىگىت | قەش، گۇم، غۇل، يەك | 小伙子 |
| يىل | ژىل | قەش، غۇل، يەك، قاغ، گۇم | 年 |
| يىلان | ژىلان | يەك، قاغ، قەش | 蛇 |
| يىلتىز | ژىلتىز | قەش، ئات، يەك | 根 |
| يىلىك | ژىلىك\ژىلىگ | قەش، گۇم | 骨髓 |
| يىڭنە | ژىڭنە | قەش، گۇم، يەك | 针 |
| يۈدۈمەك | ژۈدۈماق | يەك، قاغ | 背、驮 |
| يۇرت | ژۇت | ئات، قەش، گۇم، كېر، يەك | 故乡 |
| يۇل - | ژۇل - | قەش، ئات | 拔 |
| يۇلتۇز | ژۇلتۇز | قەش، ئات | 星星 |
| يۇلغۇن | ژۇلغۇن | قەش، ئات، يەك | 红柳 |
| يۇلۇن | ژۇلۇن | قەش، ئات، غۇل | 脊髓 |
| يۇ - | ژۇ - | گۇم | 洗 |
| يۇمىلا - | ژۇمۇلا - | گۇم | 滚 |
| يۇندى | ژۇندا | قەش، ئات | 污水 |
| يۇندى | ژۇندە | گۇم | 污水 |
| يۈرەك | ژۈرەك | ئات، قەش | 心脏 |
| يۈك | ژۈك | قەش، ئات | 货、负担 |
| يۈگۈر - | ژۈگۈ - | گۇم | 跑 |
| يالاڭباش | ژىلاڭباشتاق | يەك | 光着头 |

بەزىدە سۆز تەركىبىدە بوغۇم بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كەلگەن «ي» تاۋۇشى «ژ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدىغان ھادىسىلەرمۇ ئاندا ــ ساندا كۆرۈلۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
| --- | --- | --- | --- |
| پىيادە | پىژادە\پىشادە | يەك، ئاق | 步行 |
| پىياز | پىژا\پىشاز | يەك، ئاق | 洋葱 |
| كىيىم | كىژىم | يەك | 衣服 |
| قىيىنچىلىق | قىژىنچىلىق | يەك | 困难 |
| قىينا ــ | قىژنا ــ | ئات، قەش | 折磨 |
| قۇيۇپ | قۇژۇپ | ئات، قەش | 倒 |

بىراق، بۇ خىل «ي\ژ» نۆۋەتلىشىدىغان ئەھۋال قومۇل، لوپنور، تۇرپان، خوتەننىڭ گۇمىدىن باشقا جايلىرىدا مەۋجۇت ئەمەس.

(3) «ي» تاۋۇشىنىڭ «ش» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ئەھۋال خوتەن، كېرىيە، چىرا، قاغىلىق، كەلپىن، گۇما قاتارلىق جايلاردا سۆز بېشىدا، شۇنداقلا سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم بېشىدا كۆرۈلىدۇ.

سۆز بېشىدا كۆرۈلگەن ئەھۋاللار:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
| --- | --- | --- | --- |
| يىپ | شىپ | پاخ، كەل، خوت، كېر | 线 |
| يىقىلماق | شىقىلماق | پاخ، خوت، چىرا، كېر | 摔倒 |
| يىك | شىك | كېر | 梭子 |
| يۇپقا | شۇپقا\ژۇپقا | كوس، كېر | 薄 |
| يۇتماق | شۇتماق | كوس، خوت | 吞、咽 |
| يۇتۇم | شۇتۇم | خوت، كېر | 口（量） |
| يۇقماق | شۇقماق | خوت، پاخ | 沾、染上 |
| يۇقىرى | شۇقۇرى\ژۇقۇرى | كېر | 高，上 |
| يۈك | شۈك | پاخ، كېر، يەك | 货；负担 |
| يۈك ــ تاق | شۈك ــ تاق | كوس، پاخ، كېر، يەك | 李 |
| يۈكلىمەك | شۈكلىمەك | خوت | 附加，使承担 |
| يەشمەك | شەشمەك | كوس، تۇر، كېر | 解开 |
| يىتمەك | شىتمەك | گۇم، نىيە، چىرا، كېر | 丢 |

سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم بېشىدا ياكى بوغۇم كەينىدە كۆرۈلگەن ئەھۋاللار:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
| --- | --- | --- | --- |
| پىيادە | پىشادە | چىرا، ئاق | 步行 |
| پىياز | پىشاز | چىرا، ئاق | 洋葱 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| پىيالە | پىشولە | ئاق | 茶碗 |
| قىيام | قىشام | چىرا، ئاق | 酱 |
| قىيان | قىشان | ئاق | 洪水 |
| قىينىچىلىق | قىشىنچىلىق | چىرا، ئاق | 困难 |
| قۇيۇپ | قۇشۇپ\قۇژۇپ | ئاق | 倒 |
| كىيىم | كىشىم | كىر | 衣服 |
| قۇيۇن | قۇشۇن | چىرا، ئاق | 旋风 |
| خويمۇ ياخشى | خوشمۇ ياخشى | تۇر | 真好 |

ئاقسۇدا «ي» تاۋۇشىنىڭ «ش» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى پەقەت بىر قىسىم جايلىرىدىلا كۆرۈلىدۇ. بەزى جايلىرىدا «ي» تاۋۇشى «ژ» غا نۆۋەتلىشىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار.

(4) «ي» تاۋۇشىنىڭ «ھ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى

بۇ خىل ئەھۋال بەزى جايلاردا ئاساسلىقى سۆز بېشىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| يوچۇق | ھۇچۇق\ھوچۇق | قەش | 缝隙 |
| يوشۇر ـ | ھوشۇ ـ | يەك، قاغ، قەش | 藏匿 |
| يىلىك | ھىلىگ | خوت | 骨髓 |
| يىن | ھىن | خوت | 食糜 |
| يۆتەل | ھۆتەل | خوت، يەك، قاغ، قەش | 咳嗽 |
| يۆلە ـ | ھۆلە ـ | يەك، قاغ | 扶持 |
| يوپۇرماق | ھۇپۇماق | ئات | 叶子 |
| يۈز | ھۈز | قەش، ئات، يەك | 脸；百 |
| يۈسۈپ | ھۈسۈپ | قەش | 男人名 |
| يېتىرقا ـ | ھېتىيقا ـ | خوت، يەك | 认生 |
| يەنە | ھىنا\ھىنى | خوت، يەك | 再、又 |
| يېنىپ چۈش ـ | ھېنچۈش ـ | تۇر | 你下来 |
| يېنىپ چىق ـ | ھېنچىق ـ | تۇر | 你上来 |
| يېنىپ كەل ـ | ھېنكەل ـ | تۇر | 你回来 |
| يېنىپ كەت ـ | ھېنكەت ـ | تۇر | 你回去 |
| يېتىپ كەل ـ | ھېتكەل ـ | تۇر | 你来到了 |
| يېتىپ چىق ـ | ھېتچىق ـ | تۇر | 你赶回来 |

(5) يەنە ئازساندىكى سۆزلەردە «ي» تاۋۇشى «ۋ»، «گ»، «س»، «ج»، «ل»، «ز» قاتارلىق تاۋۇشلار بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبي تىلدا | شېۋىلەردە | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| ئەدىيال | ئەدىگال | دىغار① | 毛毯 |
| تۇياق | تۇگاق | لوپ | 蹄子 |
| كۇيە | كۆگە | تۇر | 锅烟子；蛀虫 |
| تۇياق | تۇۋاق | قوم، تۇر | 蹄子 |
| ئۇيات | ئۇۋات | كېر | 羞、愧 |
| يۇق – | سۇق – | كەل | 沾、传染 |
| يۇگۇر – | جۇغۇ – | قەش | 跑 |
| يۇر – | جۇ: – | غۇل | 走 |
| يىرگەن – | جىركەن – | لوپ | 厌恶 |
| يوسۇن | جوسون | لوپ | 方式 |
| يىن | زىن | گۇم | 食糜 |
| يوتا | لوتا | خوت، لوپ | 大腿 |

**قىسقىچە خۇلاسە:**

ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە 24 ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ ھەمىنىسدىلا
نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ خىل ھادىسە ئاساسەن خوتەن، لوپنور
دىيالېكتى ۋە تۇرپان، قومۇل، كەلپىن شېۋىلىرىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

## 7.0 تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى

سۆزلەر تەلەپپۇز قىلىنغاندا تەركىبىدىكى ئىككى تاۋۇش بەزىدە ئۆزئارا ئورۇن
ئالماشتۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن، مانا بۇ خىل ھادىسە تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى
دېيىلىدۇ. بۇ خىل ھادىسىنىڭ بەزىلىرى سۆزنىڭ تەركىبىدىكى ئوخشاپراق كېلىدىغان
ئىككى تاۋۇشنىڭ تولىمۇ يېقىن بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاردىكى
بىر تاۋۇش باشقا بىر تاۋۇش بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرغانلىقتىن بولىدۇ؛ بەزىلىرى باشقا
تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش جەريانىدا ياكى قەدىمكى تىل تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى
دەۋردىكى تىلغا ئۆزگىرىش جەريانىدا، ئەسلىي خاتا شەكىلدە قوبۇل قىلىنىپ ياكى
تۇراقلىشىپ قالغان بەزى سۆزلەر، خاتا پېتىچە كېتىۋەرگەنلىك تۈپەيلىدىن بولىدۇ.
مەسىلەن، بەزى كىشىلەرنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنى «ئۇرغۇي» دەپ؛ «بايراق» دېگەن
سۆزنى «بارياق» دەپ؛ «مەريەم» دېگەن سۆزنى «مەيرەم» دەپ خاتا تەلەپپۇز قىلىشى
كېيىنكىدەك سەۋەبتىن بولغان. يەنە بەزى تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالمىششى، تەلەپپۇز
قىلىنغاندا سۈرئەت تېز بولۇپ كەتكەنلىك ياكى ئالدىراپ تەلەپپۇز قىلغانلىق سەۋەبىدىن
بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىش
ھادىسىسىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان نۇتۇق
ئېقىمىدىكى ھادىسىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئادەتتە، ھەرقانداق بىر تىل ياكى شۇ تىلنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە تاۋۇشلارنىڭ

① دىغار ــ پىچان ناھىيەسىگە تەۋە يېزا.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئورۇن ئالماشتۇرۇش هادىسىسى ئانچە كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. لېكىن، بۇ خىل هادىسە تىلدىكى ئالاھىدە بىر خىل هادىسە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ دائىم مەلۇم بىر تىل ياكى دىيالېكتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەر ئۆزىگە تونۇش بولغان مەلۇم بىر تاۋۇش ئالماشتۇرۇش هادىسىسىگە قاراپلا، سۆزلىگۈچىنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى، قەيەرچە سۆزلەۋاتقانلىقىنى دەرھال پەملىيەلەيدۇ. مەسىلەن، قەشقەرلىكلەر دائىم «تەكشۈرۈپ» دېگەن سۆزنى «تەشكۈرەپ» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ؛ تۇرپانلىقلار دائىم «تولغاق، قاملاشقان» دېگەن سۆزنى «توغلاق، قالماشقان» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ؛ كەلپىنلىكلەر «نەشپۈت» دېگەن سۆزنى «نەفشۈت» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. كىشىلەر مۇشۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغان هامان، سۆزلىگۈچىنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى ئاساسەن توغرا مۆلچەرلىيەلەيدۇ. تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش هادىسىسى ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە ئانچە كۆپ كۆرۈلمەيدۇ، هەتتا بەزى جايلاردا بىر ـ ئىككى سۆز بىلەنلا چەكلىنىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ خىل هادىسە ئاز كۆرۈلگىنى بىلەن، بىزنىڭ سۆزلىگۈچىنىڭ قەيەرچە سۆزلەۋاتقانلىقىنى دەررۇ پەملىشىمىزگە ئوڭايلىق تۇغدۇرىدۇ. شۇڭا، تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشىمۇ نۇتۇق ئېقىمىدىكى مۇھىم تاۋۇش ئۆزگىرىش هادىسىلىرىدىن بىرىدۇر.

قەدىمكى تىلىمىزغا سېلىشتۇرغاندا، تىلىمىزدا ئەسلىي بار بەزى سۆزلەردە هازىر تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش هادىسىسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بايقايمىز. «دىۋان»دىكى سۆزلەرگە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىمىزدىن قارىغاندا، بۇ لۇغەتتىكى بەزى سۆزلەرنىڭ هازىرغا كەلگەندە، تەركىبىدىكى بەزى تاۋۇشلارنىڭ ئورنىنىڭ ئالماشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن:

| دىۋاندا | ئورنى | هازىرقى شەكلى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|
| چاغمۇر | 1 ـ 597 | چامغۇر | 恰麻固（蔬菜名） |
| ياغمۇر | 3 ـ 50 | يامغۇر | 雨 |
| قارغىلاچ | 1 ـ 682 | قارلىغاچ | 燕子 |
| تەترۇ | 1 ـ 548 | تەتۈر | 反、反面 |

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە، تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش هادىسىسى ئاساسەن ئۈزۈك تاۋۇشلاردا كۆرۈلىدۇ، سوزۇق تاۋۇشتىمۇ ئازدۇر ـ كۆپتۇر بار، بىراق ناهايىتى ئاز. تۆۋەندە بىز ئۆزىمىز توپلىغان يەرلىك ماتېرىياللارغا ئاساسەن، دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ئۆزىمىز بايقىغان تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش هادىسىسى ئۈستىدە توختىلىمىز.

### 7.1 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى

بۇ خىل هادىسە ئاز كۆرۈلىدۇ، بىراق يەنىلا مەۋجۇت. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | ئالماشقان | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|---|
| ئوغا | ئاغۇ | ئوئا\ئائو | لوپ | 毒药，砒霜 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئۆچكە | ئەچكۇ | ئۆئە\ئەئۇ | كەل، خوت | 山羊 |
| ئەينۇلا | ئاينالۇ | ئۇئا\ئائۇ | لوپ | 乌梅 |
| بوقۇسا | بۇقاسۇ | ئۇئا\ئائۇ | پەيزاۋات | 木犁 |
| چويلا | چالۇ | ئوئا\ئائۇ | خوت | 笊篱 |
| دورا | دارۇ | ئوئا\ئائۇ | لوپ | 药 |
| شوتا | شاتۇ | ئوئا\ئائۇ | لوپ | 梯子 |
| كويلا | كالۇ | ئوئا\ئائۇ | خوت | 磨坊下水槽 |
| موكا | ماكو | ئوئا\ئائو | لوپ | 梭子 |
| هويلا | هالۇ | ئوئا\ئائۇ | خوت | 院子，庭院 |

## 7.2 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى

ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى ئاساسەن بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ تۇرغان ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئۆزئارا ئورۇن ئالماشتۇرۇشىدا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە | ئالماشقان | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|---|
| ئابرۇي | ئارۋۇ: | بر\رۋ | قوم | 声望 |
| ئاتلا ـ | ئالتا | تل\لت | لوپ | 越、跳 |
| ئادراسمان | ئارداسمان | در\رد | يەك | 苜蓿草 |
| ئارغامچا | ئارامچا | رغ\غر | قوم | 绳子 |
| ئاقسا ـ | ئاسقا ـ | قس\سق | تۇر، غۇل | 跛行 |
| ئالماش ـ | ئاملاش ـ | لم\مل | تۇر | 换 |
| ئايلانماق | ئاينالماق | لن\نل | لوپ | 转、转悠 |
| ئوغلاق | ئولغوق | غل\لغ | لوپ | 山羊羔子 |
| ئىبرايىم | ئىرۋايىم | بر\رۋ | لوپ | 人名 |
| ئىلغا ـ | ئىغلا ـ | لغ\غل | قاغ، لوپ | 挑、拣 |
| ئىمتىھان | ئىنتام | من\نم | تۇر، غۇل | 考试 |
| ئۆشنە | ئۆشەن | نە\ەن | قاغ | 肩膀 |
| ئۆگزە | ئۆزگۆ | گز\زگ | لوپ | 屋顶、房顶 |
| ئۇيغۇر | ئۇرغۇي | ير\ري | قوم، لوپ | 维吾尔 |
| ئۇچكە | ئۆكچە | چك\كچ | قاغ | 核儿 |
| ئەسۋاب | ئاپساپ | سۋ\پس | لوپ | 工具 |
| ئەگرى | ئەرگى | گر\رگ | لوپ | 弯，弯曲 |
| ئەلگەك | ئەگلەك | لگ\گل | تۇر، ئات، قاغ، غۇل | 筛子 |
| ئەۋرىشىم | ئەرۋەشىم | ۋر\رۋ | لوپ | 柔软 |
| ئەۋرە | ئەرۋە \ ئەربە | ۋر\رۋ | قوم، لوپ | 重孙 |
| بۇغرا | بۇرغا | غر\رغ | قوم، لوپ | 公鹿 |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| بەتلە ـ | بەنتە ـ | تل\لت | لوپ | 瞄准，上膛 |
| پوتلا | پولتا | تل\لت | لوپ | 鼻涕 |
| تاتلىق | تالتىق | تل\لت | لوپ | 甜 |
| تاسقا ـ | تاقسا ـ | سق\قس | قاغ | 筛 |
| توزغاق | توغزاق | زغ\غز | تۇر | 絮 |
| تولغا ـ | توغلا ـ | لغ\غل | تۇر، قوم | 拧、扭、绞 |
| تۈۋرۈك | تۇرگۈك | ۋر\رگ(ۋ>گ) | لوپ | 柱子 |
| تەكشۈر ـ | تەشكۈر ـ | كش\شك | ئات، قاغ، قەش | 检查 |
| تەۋرە ـ | تەرۋە ـ | ۋر\رۋ | لوپ، قوم | 撼动 |
| جۇغلا ـ | جۇلغا ـ | غل\لغ | قاغ | 积攒 |
| چىلگە | چىگىلە\چىگىيلە | لگ\گل | قوم، تۇر | 甜瓜蛋子 |
| چەكمەن | چەپكەن | كم\پك | لوپ | 且克曼布 |
| داغلا ـ | دالغا ـ | غل\لغ | لوپ | 烫，烙 |
| سارغۇچ | ساغرىنجى | رغ\غر | خوت | 浅黄 |
| سارغاي ـ | ساغىر ـ | رغ\غر | تۇر، قوم | 变黄；憔悴 |
| سەسكەن ـ | سەكسىن ـ | سك\كس | لوپ | 厌恶 |
| سەل چاغلا ـ | سەل چالغا ـ | غل\لغ | لوپ | 轻视 |
| قالپاق | قاپلاق | لپ\پل | قوم | 礼帽 |
| قاملاشقان | قالماشقان | مل\لم | تۇر، قوم | 合适的；英俊的 |
| قىبلە | قىلۋە | بل\لۋ | قوم، تۇر | 朝拜方向 |
| لەمپە | لەپمە | مپ\پم | قوم باي | 凉棚 |
| ناخشا | ناشقا | خش\شق | كېر | 歌 |
| نەشپۈت | نەفشۈت | شپ\فش | كەل | 梨 |
| نەۋرە | نەرۋە | ۋر\رۋ | قوم، لوپ | 孙子孙女 |
| ياپىلاق | يالپاق | پل\لپ | تۇر، ئات | 薄 |
| ھىدلا ـ | ئىلدا ـ | دل\لد | لوپ | 嗅 |
| يىغلا ـ | ئىلغا ـ | غل\لغ | لوپ | 哭、哭泣 |
| يىغلامسىرا ـ | ئىلغامسۇن ـ | غل\لغ | لوپ | 哭丧着脸 |
| يۇمغاقسۈت | يىغماقسۈت | مغ\غم | يەك | 香菜 |
| ئەزۋەيلىمەك | ئەۋزەيلىمەك | زۋ\ۋز | كېر | 猖獗 |

بەزى جايلاردا ئارىسىدا بىر سوزۇق تاۋۇش بولغان ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشمۇ ئورۇن ئالمىشىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شىۋىلەردە | ئالماشقان | جايى | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|---|
| ئايغىر | ئارغىي | يغىر\رغىي | قوم | 公马 |
| ئايلان ـ | ئاينال ـ | لان\نال | لوپ | 眩晕；转悠 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| تونۇر | تورۇن\تويۇن | نۇر\رۇن | لوپ | 馕坑 |
| رىيازەت | زىيارەت | رىزە\زىرە | لوپ | 痛苦 |
| سارغاي ـ | سا:غىر ـ | رغاي\(ي)غىر | تۇر، قوم | 变黄 |
| سەرگۈزەشتە | سەزگۈرەشتە | رگۈز\زگۈر | مەكىت | 经历 |
| سەرگەردان | سەرگەندار | ردان\ندار | كېر | 流浪者 |
| كاچات | چاكات | كاچا\چاكا | ئات | 巴掌 |
| لەنەت | نەلەت | لەنە\نەلە | لوپ | 诅咒 |
| مۇبارەك | بۇمارەك | مۇبا\ۇما | لوپ | 祝贺、贺喜 |
| يارغۇنچاق | ياغۇرچاق | رغۇ\غۇر | قوم | 手工磨 |
| ھەيئەت | ئەيھەت | ھەي\يھە | لوپ | 委员 |
| بايتال | بالتاي | يتال\لتاي | نىيە | 母马 |

قىسقىچە خۇلاسە:

A. تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى ھەم ئۇزۇك تاۋۇشلاردا، ھەم سوزۇق تاۋۇشلاردا كۆرۈلىدۇ، ئاساسەن ئۇزۇك تاۋۇشلاردا كۆپرەك.

B. ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلەردە گەرچە تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىش ھادىسىسى ناھايىتى ئاز كۆرۈلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەھمىيىتى زور. چۈنكى، ئۇ دائىم مەلۇم بىر تىل ياكى دىيالېكتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، بۇنداق سۆزلەرنى قېزىپ توپلاش تولىمۇ زۆرۈر.

# تۆتىنچى باب

## دىيالېكت ـ شېۋىلەردىكى گىراماتىكىلىق ھادىسىلەرگە سېلىشتۇرما تەتقىقات

### بىرىنچى، دىيالېكت ـ شېۋىلەردىكى گىراماتىكىلىق ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى

داڭلىق تىلشۇناس خۇ مىڭيالڭ ئەپەندى مۇنداق كۆرسەتكەندى: «دىيالېكت تەتقىقاتچىلىرى فونېتىكىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، يېقىندىن بېرى لېكسىكىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا گىراماتىكىغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى كۆپ: بىرىنچىدىن، ئىلگىرى خەنزۇ تىلى دىيالېكتلىرى ئارىسىدىكى پەرق ئاساسلىقى فونېتىكىدىكى پەرق ئىدى، لېكسىكىدىكى پەرق ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. گىراماتىكىدا ھېچقانچە پەرق يوق دەپ قارالغاچقا، مۇھىم نۇقتا گىراماتىكىغا قارىتىلمىغانىدى؛ ئىككىنچىدىن، خەنزۇ تىلى دىيالېكت تەتقىقاتىدا ئاۋۋال فونېتىكىدىن باشلاپ تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتەك قانۇنىيەتكە ماس كېلىدىغان تەرەققىي قىلىش ۋە چوڭقۇرلاش جەريانى بار ئىدى، شۇڭا بۇنداق بولۇشى ئىنتايىن تەبىئىي ... ئەمدى گىراماتىكا تەتقىقاتىغا كەلسەك، ئەگەر تەتقىقاتچى شۇ يەرلىك ئادەم بولمىسا، شۇ يەرنىڭ شېۋىسىنى پىششىق ئىگىلىگەن بولمىسا، چوقۇم قاتمۇ قات قىيىنچىلىققا يولۇقۇپ، شېۋىلەرنىڭ گىراماتىكىسىدا ساقلىنىۋاتقان كونكرېت ئەھۋاللارنى ئېچىپ بېرەلىشى تەسكە توختايدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ يۇرتىدىكى تىلنىڭ گىراماتىكىسىنى تەتقىق قىلىشمۇ ئوخشاشلا ئىنتايىن تەس. ئەگەر بىرىنچى قول ماتېرىياللار، پايدىلىنىشقا بولىدىغان تەييار نەتىجىلەر تولۇق بولماي، پۇتۇنلەي قاتتىق باش قاتۇرۇشقىلا تايىنىپ ئاسانلىقچە نەتىجە چىقىرىشقا بولمايدۇ، نەتىجە چىقىرىلغان تەقدىردىمۇ مۇكەممەل بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھازىرقى زامان خەنزۇ ئەدەبىي تىلىنىڭ گىراماتىكىسىدا تېخى يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر تەتقىق قىلىنىپ بولغىنى يوق، نۇرغۇن مەسىلىلەر تېخى تالاش ـ تارتىشتا تۇرماقتا. شۇڭا، ئۇ دىيالېكتلارنىڭ گىراماتىكا تەتقىقاتىنى تەييار نەزەرىيەۋى ئاساس ۋە تەسۋىرىي فورما بىلەن تەمىن ئېتەلمەيدۇ. ئۈچىنچىدىن، دىيالېكتلارنىڭ گىراماتىكا تەتقىقاتىدا يەنە خەنزۇ تىلىنىڭ ھەقىقىي ئالاھىدىلىكى ئەكس ئېتىدىغان، ھازىرقى غەرب تىللىرىنى ئاساس قىلغان گىراماتىكا نەزەرىيەلىرى بىلەن ھەل قىلىش تەس كېلىدىغان تىل ھادىسىلىرىگە يولۇقۇشىمىز مۇمكىن.»①

---

① خۇ مىڭيالڭ: «خەنزۇ تىلى دىيالېكتلىرىنىڭ قىياپىتى توغرىسىدا ماقالىلەر توپلىمى»، جياڭسۇ مائارىپ نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى.

يۇقىرىقى سۆزلەردىن دىيالېكتلارنىڭ گىراماتىكىسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتن
نەقەدەر مۇھىم، نەقەدەر قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.
گىراماتىكا تىلنىڭ ئاساسلىرىنىڭ بىرى، گىراماتىكىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا
تەدرىجىي بولۇپ، تىلنىڭ قىياپىتىنى ئەكس ئەتكۈزەلەيدۇ. تىلىمىزن
گىراماتىكىسىنىڭ تەرەققىياتىدىكى نۇرغۇن ھادىسىلەر دىيالېكت ـ شېۋىلەرن
گىراماتىكىسىدا ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بىز ئۇيغۇر تىلى دىيالېك
شېۋىلىرىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرىنى توپلاش ۋە تەتقىق قىل
جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدۇقكى، ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىنىڭ گىراما
ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئۇلار ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېر
ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تىلىمىزنىڭ گىراماتىكا تارىخىنى ئېنىقلا
تىلىمىزنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى قىياس قىلىشلاردا، دىيالېكتلارنىڭ گىراماتىك
توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى مۇھىم رول ئوينىشى مۇمكىن.
ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت تەتقىقاتى نەتىجىلىرىگە نەزەر سالساق، مە
دىيالېكتلارنى ئايرىش مەسىلىسى بولسۇن، مەيلى دىيالېكت ـ شېۋىلەر تەتقىق
بولسۇن، خەنزۇ تىلى دىيالېكتلىرى تەتقىقاتىغا ئوخشاش، مۇھىم نۇقتا فونېتىك
قارىتىلىپ كەلدى. لېكسىكا ھەم گىراماتىكا تەتقىقاتىمۇ بار، ئەلۋەتتە. لېك
ئۇتۇقلۇق ۋە چوڭقۇرراق بولغان تەتقىقات يەنىلا دىيالېكت ـ شېۋىلەرنىڭ فونېت
قىسمىدا بولدى. ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىنىڭ گىراماتىكا تەتقىقاتى تې
چوڭقۇر ئەمەس. بۇ ھەقتە نەشر قىلىنغان مەخسۇس ئەسەرلەر ياكى نەتىجىلەرمۇ ك
ئەمەس. بىراق، كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى، 1980 ـ يىللاردىن كېيىن پارتىيە
مىللىي سىياستىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇر تىلى دىيالې
تەتقىقاتى خىزمىتى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ
ئىلگىرىلىدى، نۇرغۇن ئىلمىي ئەسەر ۋە ماقالىلەر خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى بامې
نوتىسىدەك بارلىققا كەلدى. ئۇشبۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى بابىدا كۆرسىت
ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەر ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان ھەرقاي
دىيالېكت ـ شېۋىلەر توغرىسىدىكى ئون نەچچە پارچە ئەسەردە بىر قەدەر تەپسى
سۆزلەنگەندىن باشقا، يەنە تۆۋەندىكىدەك ماقالىلەردىمۇ ئوخشىمىغان نۇقتىدا، ئوخشىم
دەرىجىدە سۆزلەنگەن:
«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى خوتەن دىيالېكتىنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلى
(«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇ
نەشرى)؛ «خوتەن شېۋىسىدىكى ‹زۆرۈرىيەت› رايى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجى
ژۇرنىلى، 1986 ـ يىلى 6 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى)؛ «گۇما شېۋىسىنىڭ گىراماتىك
ئالاھىدىلىكى» («خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004 ـ ي
3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «خوتەن دىيالېكتىدىكى يۈكلىمىلەر توغرىسىدا» («قەش
پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2000 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەش
«خوتەن دىيالېكتى كېرىيە شېۋىسى چىرا تارمىقىنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلى
گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە قىسقىچە تەھلىل» («خوتەن پېداگوگىكا ئا



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2006 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «خوتەن دىيالېكتىدىكى ياردەمچى سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنىسى» («خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2006 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «خوتەن دىيالېكتىدىكى رەۋىشلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2006 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «خوتەن دىيالېكتىدا ‹قوپقىلى قوپتى›، ‹ياتقىلى قوپتى› تۈس شەكىللىرىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا» («خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2006 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «ئۇيغۇر تىلى لوپنور دىيالېكتىدىكى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى توغرىسىدا تەھلىل» («مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىلى 2 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى)؛ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شېۋىسى توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىللىق مەخسۇس سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «‹يامان› سۆزىنىڭ قومۇل شېۋىسىدىكى رەۋىشلىك رولى» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «قومۇل شېۋىسىدىكى يۈكلىمىلەر توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «‹يامان› سۆزىنىڭ قومۇل شېۋىسىدىكى ئىشلىتىلىشى» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىلى 5 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «قومۇل شېۋىسىدىكى بىر قىسىم ياردەمچى تىل ئېلېمېنتلىرى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2003 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «ئۇيغۇر تىلى لۈكچۈن شېۋىسى ۋە ئەدەبىي تىلدىكى پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش سىستېمىسى توغرىسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات» («مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى» ژۇرنىلى، 2002 ـ يىلى 3 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى)؛ «كەلپىن شېۋىسىدىكى كۆرسىتىش ئالماشلىرى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىلى 4 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنى تەكشۈرۈش پىروگراممىسى (مورفولوگىيەگە ئائىت مەسىلىلەر)» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) قاتارلىق ماقالىلەردە، مەخسۇس تۈردە ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلەردىكى ھەر خىل گىراماتىكىلىق ھادىسىلەر ئۈستىدە بەزى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان.

«خوتەن شېۋىسى ھەققىدە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1986 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «گۇما شېۋىسى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «خوتەن دىيالېكتىدىكى كېرىيە يەرلىك شېۋىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «خوتەن دىيالېكتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» («خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2005 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «كىلياڭ شېۋىسى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ( «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2006 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىيالېكتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 1962 ـ يىللىق سانى، خەنزۇچە نەشرى؛ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1982 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «ئۇيغۇر تىلى لوپنور

دىيالېكتىدىكى ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش ۋە چوشۇم كېلىش قوشۇمچىلىر
توغرىسىدا» («مىللەتلەر تىل - يېزىقى» ژۇرنىلى، 1991 - يىلى 2 - سان، خەنزۇچ
نەشرى)؛ «لوپنور ئېغىز تىلىدىكى پېئىللارنىڭ بەزىبىر خەۋەر شەكىللىرى توغرىسى
(«شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 - يىلى 2 - سا
ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «قومۇل نوم يېزىسىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىر
توغرىسىدا» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 - يىلى 4
سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «تۇرپان شېۋىسى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» («تىل
تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1984 - يىلى 5 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «تۇرپان شېۋىس
توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 - يىلى 2 - سا
ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «تۇرپان شېۋىسى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2000
يىلى 1 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «پاخپۇ شېۋىسى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە
ژۇرنىلى، 1990 - يىلى 3 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى؛ «مىللەتلەر تىل - يېزىق
ژۇرنىلى، 1991 - يىلى 4 - سان، خەنزۇچە نەشرى)؛ «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى
ئاتۇش شېۋىسى توغرىسىدا تەتقىقات» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمى
ژۇرنىلى»، 2003 - يىلى 1 - سان، خەنزۇچە نەشرى)؛ «كوسراپ شېۋىسىنىڭ هازىرق
زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن دەسلەپكى سېلىشتۇرمىسى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتې
ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004 - يىلى 3 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «كەلپىن شېۋىسىنى
ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985 - يىلى 1 - سا
ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «كەلپىن شېۋىسى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» («شىنج
ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1990 - يىلى 2 - سان، ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ «كەلپ
ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى توغرىسىدا تەتقىقات» («مىللەتلەر تىل يېزىقى» ژۇرنىلى، 1998
يىلى 1 - سان، خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق ماقالىلەردە بولسا، دىيالېكت - شېۋىلەرنى
ئومۇمىي ئەھۋالى سۆزلىنىش بىلەن، ئۇلارنىڭ بەزى گىراماتىكىلىق هادىسىلىرى
ئازدۇر - كۆپتۇر تىلغا ئېلىنغان.

يۇقىرىقى نەتىجىلەردىن شۇنى هېس قىلىشقا بولىدۇكى، دىيالېكت - شېۋىلەرنى
گىراماتىكىسى ھەققىدىكى ھەر خىل تەتقىقاتلاردا يەنىلا مورفولوگىيە ئاساس قىلىنغ
چۈنكى، ئۇيغۇر تىلى مورفولوگىيەلىك تۈرلىنىشكە باي بىر تىل. بۇ ئالاھىدىلى
دىيالېكت - شېۋىلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، دىيالېكت
شېۋىلەردە سىنتاكسىس جەھەتتىكى پەرقلەر كۆپ ئەمەس، بەزى سىنتاكسىسلىق پەرقل
تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، يەنىلا مورفولوگىيەلىك هادىسىلەرگە بېرىپ تاقىلى
شۇڭا، تۆۋەندە بىز دىيالېكت - شېۋىلەرنىڭ مورفولوگىيەسى توغرىسىدا ئۆزىمىزنى
قۇربىمىز يەتكۈچە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بارماقچى.

## ئىككىنچى، دىيالېكت - شېۋىلەردىكى گىراماتىكىلىق هادىسىلەرگە سېلىشتۇرما تەتقىقات

ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت - شېۋىلىرىدىكى گىراماتىكىلىق هادىسىلەرنى ئىكك
جەھەتتىن، يەنى سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق تۈرلىنىشى ۋە سۆزلەرنىڭ ياسىلى

قانۇنىيتى جەھەتتىن تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ.

### 1.0 سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى توغرىسىدا

ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلەردىكى سۆزلەر ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش مۇستەقىل سۆز ۋە ياردەمچى سۆز دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. مۇستەقىل سۆزلەر ئىسىم، سۈپەت، پېئىل، سان، ئالماش، رەۋىش ۋە تەقلىد قاتارلىق يەتتە تۈرگە، ياردەمچى سۆزلەر تىركەلمە، باغلىغۇچى ۋە يۈكلىمە دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە ئىملىق سۆزلەرمۇ بار. بۇ سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەلىرى ۋە گىراماتىكىلىق ئۆزگىرىشلىرى، دىيالېكت شېۋىلىرىمىزدە تۈر جەھەتتە ئەدەبىي تىل بىلەن ئوخشاپراق كەتسىمۇ، لېكىن كونكرېت ئۆزگىرىشىدە ئەدەبىي تىلدىكىدىن خېلى زور دەرىجىدە ئوخشىماسلىقلارنى ساقلىغان. بولۇپمۇ ھەر خىل گىراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ۋارىيانتلىرى ئەدەبىي تىلدىن خېلىلا پەرقلىنىدۇ. تۆۋەندە دىيالېكت ـ شېۋىلەردىكى ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدىغان گىراماتىكىلىق ھادىسىلەرنى سۆز تۈركۈملىرى بويىچە بىر ـ بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ چىقىمىز.

#### 1.1 ئىسىم

ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە ئىسىملار كېلىش، سان ۋە شەخستىن ئىبارەت ئۈچ خىل گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەگە ئىگە. ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلەردىكى ئىسىملارمۇ مۇشۇنداق كاتېگورىيەلەرگە ئىگە، بىراق ھەرقايسى كاتېگورىيەلەرنىڭ گىراماتىكىلىق شەكىللىرىدە پەرقلەر مەۋجۇت.

##### 1.1.1 كېلىش كاتېگورىيەسى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى توغرىسىدىكى مەسىلە، ئەزەلدىن تالاش ـ تارتىش ئەڭ كۆپ بولغان، كۆزقاراش تېخى دېگەندەك بىرلىككە كېلىپ بولالمىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. كېلىش توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلار ئىسىمنىڭ زادى كېلىش كاتېگورىيەسى بارمۇ ـ يوق دېگەن مەسىلىدە ئەمەس، ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى دېگەن زادى نېمە؟ ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى زادى قانچە خىل بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىلىرى قانداق؟ دېگەن مەسىلىلەردە بولۇۋاتىدۇ.

ئەنئەنىۋى كۆز قاراش بويىچە، ئىسىملار باش كېلىش (نۆل قوشۇمچە)، ئىگىلىك كېلىش (قوشۇمچىسى « ـ نىڭ»①)، بېرىش كېلىش (قوشۇمچىسى « ـ غا\قا\گە \كە \ قە»)، چىقىش كېلىش (قوشۇمچىسى «ـ دىن\تىن»)، چۈشۈم كېلىش (قوشۇمچىسى « ـ نى») ۋە ئورۇن كېلىش (قوشۇمچىسى « ـ دا\تا\دە\تە») قاتارلىق ئالتە كېلىشتىن ئىبارەت دەپ قارىلىدۇ. ئادەتتىكى ھەرقايسى دەرىجىلىك ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىدا، ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى مۇشۇنداق ئەنئەنىۋى كۆزقاراش بويىچە چۈشەندۈرۈلىدۇ. لېكىن، 1980 ـ يىللاردىن بۇيان، ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسىگە

---

① تىل تەركىبلىرىنىڭ ئالدىدا كۆرۈلگەن «ـ» بەلگىسى، مۇشۇ تەركىبنىڭ قوشۇمچە (ياسىغۇچى ياكى تۈرلىگۈچى) ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر.

بولغان تەتقىقاتلار بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ، ئۇنىڭغا بولغان تونۇش بارغانسېر
روشەنلەشتى، شۇنىڭ بىلەن بەزى تەتقىقاتچىلار كېلىشنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىس
توغرىسىدا ھەم ئۇنىڭ تۈرلىرى ئۈستىدە خىلمۇخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەز
تەتقىقاتچىلار ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى سەككىز خىل (يۆنىلىش ئالتە خىلد
باشقا، يەنە ئىككى خىلنى قوشتى. مەسىلەن، چېك شىلياڭ ئەپەندىنىڭ كۆزقارىش
شۇنداق) دېسە، بەزى تەتقىقاتچىلار ئون خىل (خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ كۆزقارىشچ
يۆنىلىش ئالتە خىل كېلىشتىن باشقا، يەنە چەك كېلىش، قوشۇمچىسى « – غىچە\قىچ
گىچە\كىچە»؛ ئوخشاتما كېلىش، قوشۇمچىسى « – دەك\تەك»؛ تەڭلەشتۈرمە كېلىش
قوشۇمچىسى «– چە\چىلىك\چىلىق»؛ ئورۇن – بەلگە كېلىش، قوشۇمچىسى « – دىك
تىكى» دېگەندەك تۆت كېلىش بار) دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇر تىلىدىك
ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى ئون سىنتېتىك كېلىش، يەنە تۆت ئانالىتى
كېلىش، يەنى باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارغا تىركەلمە «ئۈچۈن»، «بىلەن
«ئارقىلىق» قاتارلىقلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولغان ئانالىتىك كېلىشلەر بىلە
جەمئىي ئون تۆت خىل كېلىش بار دەيدۇ (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنل
ئاكادېمىيەسىدىكى تىلشۇناس ئەمرىنەجىپ ئەپەندى مۇشۇ قاراشتا). مەيلى قايسى خى
قاراشتا بولسۇن، ئەنئەنىۋى كۆز قاراش بويىچە بۆلۈنگەن ئالتە كېلىش ئورتاق ئېتىر
قىلىنغان كېلىش شەكىللىرىدۇر.

ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت – شېۋىلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە دىيالېكت – شېۋە رايونلىرىد
توپلانغان ئەدەبىي پارچىلارنى رەتلەش جەريانىدا شۇنى بايقىدۇقكى، ئەنئەنىۋى قارا
بويىچە بۆلۈنگەن ئالتە كېلىش ۋە كېيىن قوشۇلغان بىرقانچە خىل سىنتېتىك كېلىشل
شېۋىلەردىمۇ مەۋجۇت ئىكەن، بىراق ھەرقايسى كېلىشلەرنىڭ قوشۇمچىلىرىن
ۋارىيانتلىرى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن پەرقلىنىدىكەن.

### 1) چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىش

ئەدەبىي تىلدا چۈشۈم كېلىش شەكلى سۆزنىڭ كەينىگە « – نى» قوشۇمچىسىن
قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ، ئىگىلىك كېلىش بولسا، سۆزنىڭ كەينىگە « – نىڭ
قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. لېكىن:

لوپنور، تۇرپان، قومۇل شېۋىلىرىدە چۈشۈم كېلىش بىلەن ئىگىلىك كېلىشنى
قوشۇمچىسى دائىم ئەينى بىر خىل قوشۇمچە، يەنى « – نى» بىلەن ئىپادىلىنى
(تۆۋەندىكى مىساللاردا تىرناقنىڭ ئىچىدىكىسى ئەدەبىي تىلدىكى شەكلى. كېيىنك
مىساللاردىمۇ شۇنداق.) مەسىلەن:

▷ مېنى (مېنىڭ، مېنى)، سېنى (سېنىڭ، سېنى).

▷ مېنى ۋالام (مېنىڭ بالام) كىچىك.

▷ سېنى باينەڭدە (سېنىڭ باھانەڭدە) ئۈرۈمچىگە بىر بېرىۋالدىم (تۇرپان).

لوپنور دىيالېكتىدا چۈشۈم كېلىش بىلەن ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىلىرى سوز
تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئوك ئاسسىمىلياتسىيەلىنىش
تۈپەيلىدىن، 28 خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ مۇززۇ (مۇزنىڭ، مۇزنى)، سۆزۇمىۇ (سۆزۈمنى، سۆزۈمنىڭ)، ئۆيۈڭگۈ (ئۆيۈڭنى، ئۆيۈڭنىڭ)، يوللۇ (يولنى، يولنىڭ)، ئۇرەككى (يۈرەكنى، يۈرەكنىڭ)، قىشتى (قىشنى، قىشنىڭ) ...

يۇقىرىقى جايلاردىن باشقا جايلاردا، چۈشۈم كېلىش بىلەن ئىگىلىك كېلىشنىڭ قوشۇمچىلىرى باشقا ـ باشقا بولىدۇ ھەمدە ئاساسىي جەھەتتە ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، پەقەت بەزى ۋارىيانتلىرىلا ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، قەشقەر، خوتەن، تۇرپان شېۋىلىرىدە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ يەنە «نۇ\نۈ» دېگەن ۋارىيانتلىرى بار. مەسىلەن:

▷ قوينۇ (قوينى) سېتىۋەتتىم.

▷ سۈنۈ سەپ سىڭە: يە:گە، سۆزنۈ قىل سىغا: يە:گە.

قەشقەر، يەكەن، تۇرپان، قومۇل، غۇلجا شېۋىلىرىدە ئىگىلىك كېلىشنىڭ يەنە «نۇڭ\نۈڭ» دىن ئىبارەت ۋارىيانتلىرى بار. مەسىلەن:

▷ قوغۇننۇڭ بىژ جىڭى قانچە؟ ئۈزۈمنۈڭ بىژ تېلى ... .(قەشقەر)

▷ قولۇمنۇڭ بېغىشى ئا:رىپ تۇرتتۇ. ئۈزۈمنۈڭ بىر ساپىغى بىر جىڭ كېلدو ... (تۇرپان).

▷ كۆزنۈڭ (كۆزنىڭ)، قولنۇڭ (قولنىڭ)، يازنىڭ (يازنىڭ) (خوتەن، يەكەن)

لوپنور دىيالېكتى، قومۇل ۋە تۇرپان ئاستانە شېۋىسىدە «ئۈچۈن، بىلەن، ئوخشاش» دېگەندەك سۆزلەر ياكى ئورۇن كېلىش، چىقىش كېلىش بىلەن تۇرلەنگەن بىرىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك، ئىككىنچى شەخس بىرلىك شەكلىدىكى شەخس ئالماشلىرى، ياكى كۆرسىتىش ئالماشلىرى دائىم دېگۈدەك ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ\نۇڭ\نۈڭ» قوشۇلغان ھالەتتە كۆرۈلىدۇ، بىراق تەۋەلىك مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ. مەسىلەن:

لوپنوردا:

▷ سېنىڭ ئۈچۈن (سەن ئۈچۈن) ئاڭناغان دەردىم تولو.

▷ بىززىڭدەككى (بىزدەكلەرنى) نەزىرىگە ئىلمايدۇ.

▷ مېنىڭ ۋىلە سېنىڭدەك (مەن بىلەن سەندەك) كىم مۇرادىغا يەتكەن؟

تۇرپان ئاستانىدە:

▷ بۇ كىتاب مېنىڭدە (مەندە) با:.

▷ ئۇ سېنىڭدىن (سەندىن) ئېگىز.

▷ بۇ سوئالنى بىزنىڭدىن (بىزدىن) سورىما.

▷ پۇلنى بىزنىڭدەكلە (بىزدەكلەر) تاپالايدۇ.

▷ شۇنۇڭدەك (شۇنداق) سوئاللا:نى سورىمىساڭ ۋومامدو !

▷ مۇنداخ بىرمە قاسۇنۇڭدا با:؟ (مۇنداق نەرسە قايسىدا بار)

قومۇلدا:

▷ مىنىڭ ۋىلە\مىنە (مەن بىلەن)؛ سىنىڭ ئۈچۈ (سەن ئۈچۈن) ...

قومۇل، تۇرپان شېۋىسىدە ئىگىلىك كېلىش بىلەن تۇرلەنگەن ھەم ئۇنىڭ كەينىگە «كى» ئۇلانمىسى قوشۇلغان ئالماشلار خەۋەر ياكى ئىگە بولۇپ كەلسە، ئىگىلىك كېلىشنىڭ ئورنىدا چۈشۈم كېلىش «ـ نى» قوشۇلغان شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ بۇ ئۆي بىزنىكى (بۇ ئۆي بىزنىڭكى).
▷ دېۋۇ تۇرغا ئو:لاق سىنىكى (ئاۋۇ تۇرغان ئوغلاق سىنىڭكى).
▷ سېنىكى نەدە؟ مىنىكىسى ئۆيدە قەپتۇ. (سېنىڭكى نەدە؟ مېنىڭكىسى ئۆيدە قاپت
(تۇرپان)

**2) ئورۇن كېلىش**

ئەدەبىي تىلىمىزدا ئورۇن كېلىش شەكلى سۆز تومۇرىغا « ـ دا\تا\دە\ت
قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. لېكىن، لوپنور دىيالېكت
قوشۇمچىلارنىڭ 15 خىل ۋارىيانتى بار. مەسىلەن:

▷ قوشتو (قوشتا)، گۆشتۆ (گۆشتە)، مالىدە (مەھەللىدە)، يولدو (يولدا)، ئۆي
(ئۆيدە)، ئىسسا (ئىستا)، دوسسو (دوستتا)، پەسسە (پەستە)، دەردىڭىززە (دەردىڭىزدە)...

قەشقەردە بۇ كېلىشنىڭ يەنە « ـ دو\تو\دۆ\تۆ» ۋارىيانتلىرىمۇ بار. مەسىلەن:

▷ ئۇ قەشقا:دا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن.
▷ بۈگەن سائەت ئوندو (ئوندا) بو:غان ئىش.
▷ دادام ئۆيدۆ (ئۆيدە) يوق.
▷ قولامنى ئوتتو (ئوتتا) كۆيدىرىۋالدىم.

**3) يۆنىلىش كېلىش**

ئەدەبىي تىلىمىزدا يۆنىلىش كېلىش شەكلى سۆز تومۇرىغا « ـ غا\قا\گە\كە\ق
قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. لېكىن، لوپنور دىيالېكتىدا
قوشۇمچىلارنىڭ 12 خىل ۋارىيانتى بار. مەسىلەن:

▷ ئوتقو (ئوتقا)، چۆلگۆ (چۆلگە)، تاڭغا (تاڭغا)، دۆڭگۆ (دۆڭگە)، بېيىش
(بېھىشكە) ...

يۆنىلىش كېلىش لوپنور دىيالېكتىدا ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشىنى بىلدۈرۈشت
باشقا يەنە «..بىلەن، ...دا» دېگەندەك ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ يوسۇنى، ۋاستىس
قاتارلىقلارنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

▷ چاي ئىچەدۇ چىنىغا (چىنىدە، چىنە بىلەن)؛
▷ تاپپ ئوينوي خىلمغا (خىلىم بىلەن)؛
▷ ئاتاسىغا تاپىشىپ ... (ئاتىسى بىلەن تېپىشىپ)...

تۇرپاندا يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى دائىم سۇپەتداشلارنىڭ كەينىگە قوشۇل
كېلىپ، يۆنىلىشنى ۋە تەكىت، سەۋەب قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

▷ نېمىگە خاپا بولدو، مە با:غانغا (مەن بارغان تۇرسام، يەنە نېمىشقا خاپا بولىدۇ!
▷ سىلە: كە:گەنگە بىز با:مىدۇق (سىلەر كەلگەنلىكىڭلار ئۈچۈن بىز بارمىدۇق.)

تۇرپان ۋە قومۇلدا يۆنىلىش كېلىش بىلەن تۇرلەنگەن بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەخ
بىرلىك ئالماشلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئەدەبىي تىلدىكىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىل

▷ ماڭغا (ماڭا) نېمە گېپىڭ با:؟
▷ ساڭغا (ساڭا) دەيدىغان بىر گېپىم بارىدى.

◁ ساڭغا نىم بولدى؟
قەشقەر شېۋىسىدە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرىدە «-كا» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار. مەسىلەن:
◁ ئاككا (ھاككا) توپا ئارىلىشىپ قاپتۇ.
◁ باككا (باككا) قايلاپ بېقىڭ.

## 4) چىقىش كېلىش

ئەدەبىي تىلىمىزدا چىقىش كېلىش شەكلى سۆز تومۇرىغا «-دىن\تىن» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. لېكىن، لوپنور دىيالېكتىدا بۇ قوشۇمچىلارنىڭ 11 خىل ۋارىيانتى بار. مەسىلەن:
◁ باشتىن (باشتىن)، ئۇتتۇن (ئۇتتىن)، كۇشتۇن (كۇچتىن)، ئۈيدۈن (ئۆيدىن)، سىززىن (سىزدىن)، كۆززۆن (كۆزدىن)، تۇززۇن (تۇزدىن)، مۇززۇن (مۇڭگۇزدىن) ...
قەشقەر، خوتەن، تۇرپان، غۇلجا شېۋىلىرىدىمۇ چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ نۇرغۇن ۋارىيانتلىرى بار. مەسىلەن:
قەشقەردە:
◁ ئاتتىن چۈشسە ئىزاڭگۇدۇن (ئۈزەڭگۈدىن) چۈشمەپتو.
◁ ئوچۇقتۇن - ئوچۇق (ئوچۇقتىن - ئوچۇق) غەۋەت قىلىپ ژۇگىدەك.
خوتەن، يەكەنلەردە:
◁ ئۇگۇنۇشتۇن (ئۆگىنىشتىن)، ئۆيدۈن (ئۆيدىن)، قاراڭغۇدۇن (قاراڭغۇدىن)...
◁ كۆپتۈن - كۆپ سالام!
ئاقسۇ شايار(دا):
◁ مەندۈن (مەندىن)، ئاندۇن (ئاندىن) ...
قومۇلدا بۇ قوشۇمچىنىڭ كەينىدىكى «ن» چۈشۈپ قالغاچقا، «-دي\تي» دېگەن شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن:
◁ ئۆيدي (ئۆيدىن) تالاغا چىقتىم.
بەزى جايلاردا بۇ كېلىشنىڭ ئورنىدا باشقا كېلىشلەر كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:
◁ نېمە ساراڭمۇ سەن، بۇ يە:چە (بۇ يەردىن) ئۆتتۈپېرسەن؟ (مەكىت)
◁ ھاسا تېيىنىپ تۇرۇپ تۆپىسىچە (تۆپىسىدىن) ئۆتسە ئۆلتىتى. (ھاسا تايىنىپ تۇرۇپ تۆپىسىدىن ئۆتسە ئۆلەتتى) (موغال)

## 5) ئوخشاتما كېلىش

ئەدەبىي تىلىمىزدا ئوخشاتما كېلىش شەكلى سۆز تومۇرىغا «-دەك\تەك» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. لېكىن، خوتەن دىيالېكتىنىڭ بەزى جايلىرىدا (كېرىيەدە) بۇ قوشۇمچە «-دەي\تەي» دەپ، بەزى جايلىرىدا (گومىدا) «دەگ\تەگ» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:
◁ پاختىدەي\پاختىدەگ (پاختىدەك)، سەندەي (سەندەك)، تاغدەي\تاغدەگ (تاغدەك)،

مۇشۇكتەي\مۇشۇكتەگ (مۇشۇكتەك) ...

**6) تەڭلەشتۈرمە كېلىش**

ئەدەبىي تىلىمىزدا تەڭلەشتۈرمە كېلىش شەكلى سۆز تومۇرىغا « ـ چە\چىلىـ
چىلىق» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. لېكىن، خوتەن دىيالېكت
« ـ چىلىك» قوشۇمچىسىنىڭ ئورنىدا « ـ چىلەك» كېلىدۇ. بەزىدە بۇ قوشۇمچىنى
كەينىدە « ـ كە\كى» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ كېلىشمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

▷ قانچىلەك (قانچىلىك)، دادامچىلەك (دادامچىلىك)، مۇشۇنچىلەك (مۇشۇنچىلىك)...

▷ تېخى بىر سائەت ماڭغۇچىلەككى ئالدىدا پەيدا بولدى.

▷ ئالەم بىر ۋاخ بۇلا: چاققىچىلەككى يىتىپ كىلىتمە. (ئانچە ۋاق قالمايلا يېتىـ
كىلىمەن)

▷ ئۇ چىقىپ كىتىپ بو:غۇچىلەككە تۇتۇلۇپ قالدۇق. (ئۇ چىقىپ كېتىپلا تۇتۇلـ
قالدى)

خوتەندە « ـ چە» قوشۇمچىسى يەنە «بىلەن»، «ئارقىلىق» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىد
كېلىدۇ. مەسىلەن:

▷ كۆۋرۈكچە ئۆتتىم. (كۆۋرۈك ئارقىلىق ئۆتتۇم)

▷ يولچە ماڭدىم. (يول بىلەن ماڭدىم)

بۇ خىل ئەھۋال مەكىت، موغال شېۋىلىرىدىمۇ بار.

**7) چەك كېلىش**

ئەدەبىي تىلىمىزدا چەك كېلىش شەكلى سۆز تومۇرىغا « ـ غىچە\قىچە\گىچە\كىچ
قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. لېكىن، قەشقەر شېۋىسىدە
قوشۇمچىلارنىڭ «ـغۇچە\گۇچە\كۇچە\قۇچە» دېگەن ۋارىيانتلىرىمۇ بار. مەسىلەن:

▷ قومۇلغۇچە (قومۇلغىچە)، لوپقۇچە (لوپقىچە)، چوڭ كورۇككۇچە (چ
كۆرۈككىچە) ...

**2 .1 .1 سان كاتېگورىيەسى**

ئىسىملارنىڭ سان شەكلى ئەدەبىي تىلىمىزدا بىرلىك ۋە كۆپلۈك دەپ ئىككى تۈر
ئايرىلىدۇ. بىرلىك شەكلى ئىسىملارنىڭ قوشۇمچىسىز شەكلى ئارقىلىق، كۆپلۈك شە
ئىسىملارنىڭ تومۇرىغا « ـ لار\لەر» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنى
لېكىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە ئىسىمنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى
ھەر خىل ۋارىيانتلىرى بار.

1) قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا ئىسىمنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى « ـ لار\لـ
بەزىدە تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىگە بويسۇنمىغان ھالەتتە قوشۇلۇپ كېلى
مۇمكىن. مەسىلەن:

▷ ئوغۇللە\ئوغاللى (ئوغۇللار)، قىزلە (قىزلار)، دوللەر (دوللار) ...

2) دىيالېكت ـ شېۋىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئىسىمنىڭ كۆپلـ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوشۇمچىسىدىكى تىترىگۇچى تاۋۇش «ر» چۈشۈپ قالىدۇ. يەنە كېلىپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە جايىدا دېگۇدەك كۆپلۈك بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملاردىن كېيىن كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇش توغرا كەلسە، كۆپلۈك قوشۇمچىسىدىكى «ئا\ئە» تاۋۇشى، بىر دەك «ئى» غا ئاجىزلىشىدۇ. لېكىن، بۇ خىل ھادىسە تۇرپان، غۇلجا، قومۇل قاتارلىق جايلاردا كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | قەشقەردىن خوتەنگىچە | قومۇل، تۇرپانلاردا |
|---|---|---|
| باللارنى | باللىنى | باللا:نى |
| ئۆيلەرگە | ئۆيلىگە | ئۆيلە:گە |
| بازارلارغا | بازا:لىغا | بازا:لا:غا |
| ئاغىنىلەردىن | ئېغىنىلىدىن | ئېغىنىلا:دىن |

3) لوپنور دىيالېكتىدا ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسىنىڭ ۋارىيانتلىرى « ـ تار\تەر\تور\تۆر\لار\لەر\لور\لۆر\سار\سەر\سور\زار\زەر\زور\زۆر» لاردىن ئىبارەت 15 خىل. مەسىلەن:

▷ ئاتتار (ئاتلار)، سۇتتەر (سۇتلەر)، گۆشتۆر (گۆشلەر)، ئوتتور (ئوتلار)، يەرلەر (يەرلەر)، جايلار (جايلار)، ئۆيلۆر (ئۆيلەر)، يوللور (يوللار)، ناسسار (ناسلار)، مەسسەر (مەستلەر)، دوسسور (دوستلار)، پەسسەر (پەسلەر)، قىززار (قىزلار)، بىززەر (بىزلەر)، كۆززۆر (كۆزلەر)، يولۋوززور (يولۋاسلار) ...

4) خوتەن، يەكەن قاتارلىق جايلاردا كۆپلۈك بىلەن تۇرلەنگەن ئىسىملارنىڭ كەينىدىن شەخس قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلسە، كۆپلۈك قوشۇمچىسىدىكى «ر» تاۋۇشى دائىم «ي» تاۋۇشى بىلەن ئۆزگىرىشى بولىدۇ. مەسىلەن:

باللىيى (باللىرى)، باغلىيى (باغلىرى)، ئۆيلىيى (ئۆيلىرى) ...

5) تۇرپاندا كۆپلۈك بىلەن تۇرلەنگەن ئىسىملارنىڭ كەينىدىن شەخس قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلسە، كۆپلۈك قوشۇمچىسىدىكى «ئا\ئە» تاۋۇشلىرى دائىم «ئې» غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

▷ باللېرى (باللىرى)، باغلېرى (باغلىرى)، ئۆيلېرى (ئۆيلىرى)، تويلېرىڭ (تويلىرىڭ) ...

تۇرپان، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، يەنە كەينىگە شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلسا، كۆپلۈك قوشۇمچىسى « ـ لار\لەر» نىڭ « ـ لور\لۇر» ۋارىيانتلىرى بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن:

▷ كۆزلۈرۈم (كۆزلىرىم)، قوللۇرۇم (قوللىرىم)، سۆزلۈرۈم (سۆزلىرىم)...

### 3 .1 .2 شەخس كاتېگورىيەسى (تەۋەلىك كاتېگورىيەسى)

ئىسىملارنىڭ شەخس شەكىللىرى ئەدەبىي تىلىمىزدا جەمئىي سەككىز خىل بولىدۇ، يەنى بىرىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك، ئىككىنچى شەخس بىرلىك (جۈملىدىن، ئاددىي

شەكلى، ھۆرمەت شەكلى ۋە سىپايە شەكلى) ۋە كۆپلۈك (جۈملىدىن، ئاددىي شەكلى
ھۆرمەت شەكلى)، ئۈچىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلى (بىرلا خىل شەك
ئىپادىلىنىدۇ). مەسىلەن:

▷ كىتابىم، كىتابىمىز؛ كىتابىڭ، كىتابىڭىز، كىتابلىرى؛ كىتابىڭ
كىتابىڭىزلار؛ كىتابى دېگەندەك.

بىراق، دىيالېكت - شېۋىلەردە ئىسىمنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭمۇ نۇرغ
ۋارىيانتلىرى بار.

1) ئىسىمنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك ۋە ئىككىنچى شەخس بىرلىك ئاد
شەكلىنىڭ قوشۇمچىلىرى ئەدەبىي تىلىمىزدا «- م\ىم\ۇم\ۈم» ۋە « - ڭ\ىڭ\ۇڭ\ۈ
دىن ئىبارەت تۆتتىنلا ۋارىيانتقا ئىگە. ھۆرمەت شەكلى پەقەت ئىككى: « - ڭىز\ىڭ
سىپايە شەكلى بىر: « - لىرى». لېكىن، قەشقەر، ئاتۇش، خوتەن، گۇما، كەلپىن، يەك
قاغىلىق، مەكىت، كېرىيە قاتارلىق شېۋىلەردە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلى
بۇزۇلغانلىقتىن، بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسىدىن يەنە « - ام\ەم»، ئىككىن
شەخس ئاددىي بىرلىك قوشۇمچىسىدىن يەنە « - اڭ\ەڭ»، ھۆرمەت شەكلىن
قوشۇمچىسىدىن « - ۇڭىز\ۈڭىز\اڭىز\ەڭىز» قاتارلىق ۋارىيانتلىرى قوشۇلغ
مەسىلەن:

▷ قولام (قولۇم)، كۆزەم (كۆزۈم)، ئۆتۈكەم (ئۆتۈكۈم)، بوينام (بوينۇم)، قەلە
(قەلىمىم)، بىلىكەم (بېلىكىم)، يۈرۈكەم (يۈرۈكەم)؛ قولاڭ (قولۇڭ)، ئۆيەڭ (ئۆيۈ
بويناڭ (بوينۇڭ)، قەلىمەڭ (قەلىمىڭ)؛ گۈلۈڭىز\گۈلۈڭاز (گۈلىڭىز)، ئۈتۈكۈڭ
ئۆتۈكۈڭەز (ئۆتۈكىڭىز)، بۇ:رۇقام (بۇيرۇقۇم)، پۇتام (پۇتۇم)...

تۇرپان، غۇلجىدا لەۋ ئاھاڭداشلىق بىرقەدەر كۈچلۈك بولغاچقا، بىرىنچى بوغۇ
لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەرنىڭ كەينىگە يەنە شەخس قوشۇمچىسىن
لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

▷ قۇلاق -قۇلۇقۇم، قۇلۇقۇڭ (قۇلىقىم، قۇلىقىڭ)، قورساق - قوسۇقۇم، قوسۇ
(قورسىقىم، قورسىقىڭ)، ئۆزەك - ئۆزۈكى (ئۆزىكى)، يۈرەك - يۈرۈگۈم، يۈرۈگ
(يۈرىكىم، يۈرىكىڭ) ...

غۇلجىدا يەنە بەزى كىشى ئىسىملىرىنىڭ كەينىگە بىرىنچى شەخس بىرل
قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق يېقىنلىق مۇناسىۋەت ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئىلەم (ئىلى)، غېنەم (غەنى)، ئادىلەم (ئادىلە)، سانىيەم (سانىيە) ...
قومۇلدا ئاساسەن ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش.

2) ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئەدەبىي تىلىمىزدا « - ۇڭلار\ىڭلار\ڭ
ۈڭلار» ۋە « - ڭىزلار\ىڭىزلار» بولسا، يۇقىرىقى جايلارنىڭ تىلىدا يەنە لەۋلەشمىگ
ۋارىيانتلىرى ۋە ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرى « - ىڭلى\ۈڭلى\ڭلى\اڭى\ەڭ
مەۋجۇت. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ قوشۇمچىلاردا «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان، ھەم «- لا
لەر» دىكى «ئا\ئە» لەر «ئى» غا ئاجىزلىشىپ كەتكەن، شۇنىڭدەك ئىككىنچى شەخ
كۆپلۈكنىڭ ھۆرمەت شەكلى پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شېۋىلەردە مۇتلەق كۆرۈلمە
پەقەت تۇرپان، پىچان، قومۇل قاتارلىق جايلاردا قوللىنىلىدۇ. يەنە بىر تەكىتلەيدى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەرسە، تۇرپان ئاستانە، پىچان لۇكچۇن قاتارلىق جايلاردا ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلىنىڭ تىل ئالدى ۋارىيانتى «ـ ڭىزلە\ڭىزلە\ڭلە\ڭلە» ۋارىيانتى كۆرۈلىدۇ، باشقا جايلاردا كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

قەشقەر، خوتەنلەردە:

▷ بالاڭلى (بالاڭلار)، قولاڭلى (قولۇڭلار)، بويناڭلى (بوينۇڭلار)، ئۆيەڭلى (ئۆيۈڭلار)، قەلىمەڭلى (قەلىمىڭلار)، چۇشۇڭلى (چۇشۇڭلار)، قەغىزىڭلى (قەغىزىڭلار)...

تۇرپاندا:

▷ بالاڭلا\بالىڭىزلا (بالاڭلار\بالىڭىزلار)، قولۇڭلا\قولۇڭىزلا (قولۇڭلار\قولىڭىزلار)، بوينۇڭلا\بوينۇڭىزلا (بوينۇڭلار\بوينىڭىزلار)، ئۆيۈڭلا\ئۆيۈڭىزلا (ئۆيۈڭلار\ئۆيىڭىزلار)، قەلىمىڭلا\قەلىمىڭىزلا (قەلىمىڭلار\قەلىمىڭىزلار)، چۇشۇڭلا\چۇشۇڭىزلا (چۇشۇڭلار\چۇشىڭىزلار)...

قومۇل، تۇرپان ئاستانە، پىچان لۇكچۇندە:

▷ بالاڭلا\بالىڭىزلا (بالاڭلار\بالىڭىزلار)، قولۇڭلا\قولۇڭىزلا (قولۇڭلار\قولىڭىزلار)، بوينۇڭلا\بوينۇڭىزلا (بوينۇڭلار\بوينىڭىزلار)، ئۆيۈڭلە\ئۆيىڭىزلە (ئۆيۈڭلار\ئۆيىڭىزلار)، چۇشۇڭلە\چۇشۇڭىزلە (چۇشۇڭلار\چۇشىڭىزلار)، قەلىمىڭلە\قەلىمىڭىزلە (قەلىمىڭلار\قەلىمىڭىزلار) ...

قومۇلدا يەنە ئىككىنچى شەخسنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈكىدە ئازراق پەرق بار. مەسىلەن:

▷ ئۆزلىرىنىڭ\ئۆزلىرىنىڭ كىتاپلىرى (سىزنىڭ كىتابىڭىز) (بىرلىك)

▷ ئۆزلە:نىڭ كىتاپلىرى (سىزنىڭ كىتابىڭىز) (بىرلىك)

▷ ئۆزلە:لەنىڭ كىتاپلىرىلە: (سىزلەرنىڭ كىتابىڭىزلار) (كۆپلۈك)

3) لوپنور دىيالېكتىدا لەۋ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئىسىمنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك شەكلى ئەدەبىي تىلغا ئوخشاش، كۆپلۈك شەكلى «ـ مىز\ىمىز\ۋىز\ىۋىز\ۇمىز\ۇۋىز\ۇمىز\ۇۋىز» لارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈزۈلىدۇ؛ ئىككىنچى شەخس بىرلىك ئاددىي شەكلى ئەدەبىي تىلغا ئوخشاش، ھۆرمەت شەكلى «ـ ڭىز\ىڭز\ۇڭىز\ۇڭىز» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈزۈلىدۇ؛ ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك شەكلى «ـ ڭلار\ىڭلار\ڭلەر\ىڭلەر\ۇڭلار\ۇڭلەر» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈزۈلىدۇ، ئۈچىنچى شەخس بىرلىك ھەم كۆپلۈك شەكلى «ـ ى\ۇ\ۇسى\سۇ\سۇ» لارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك ھۆرمەت شەكلى لوپنوردا يوق. مەسىلەن:

▷ ئانامىز\ئاناۋىز (ئانىمىز)، ئىككىمىز\ئىككىۋىز (ئىككىمىز)، كۆزۈمىز\كۆزۈۋىز (كۆزىمىز)، قولۇمىز\قولۇۋىز (قولىمىز)؛ كۆڭلۈڭۈز (كۆڭلىڭىز)، ئاتاڭىز (ئاتىڭىز)، قولۇڭىز (قولۇڭىز)؛ ئىنەڭلەر (ئاناڭلار)، ئاتاڭلار (ئاتاڭلار)، ئۆيۈڭلەر (ئۆيۈڭلار)، يولۇڭلار (يولۇڭلار)، كۆزۈڭلەر (كۆزۈڭلار)، باشىڭلار (بېشىڭلار)؛ ئوتتۇ چوقۇ (ئوتنىڭ چوغى)، كۆزۈ (كۆزى)، ياززى مۆگۆسۇ (يازنىڭ مېۋىسى)، شولۇسۇ (شولىسى)، بالاسى (بالىسى)، ئۆچكۆسۇ (ئۆچكىسى)، چاچى (چېچى)، تاقۇسۇ (توخۇسى)، قولۇ (قولى)...

4) قەشقەردە ئىگىلىك كېلىشتىكى شەخس ئالماشلىرى ئىسىملارنى ئېنىقلاپ كەلگەندە، ئىسىمنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى قىسقارتىلىدۇ.

مەسىلەن:
◁ بىزنىڭ ژۇت (بىزنىڭ يۇرتىمىز)، بىزنىڭ ژۇتتا (بىزنىڭ يۇرتىمىزدا)، بىزن
ژۇتلىدا (بىزنىڭ يۇرتلىرىمىزدا)، سىلىنىڭ مەكتاپ (سىلەرنىڭ مەكتىپىڭلار)...
5) تۇرپان ۋە قومۇللاردا ئىسىمنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى شەخس بىرل
قوشۇمچىلىرى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، بىراق سوزۇق تاۋۇشنىڭ
ئاھاڭداشلىقى بۇ جايلاردا بىرقەدەر كۈچلۈك بولغاچقا، بىرىنچى شەخس كۆپل
قوشۇمچىسى « ـ مىز\ىمىز» ۋە ئىككىنچى شەخس بىرلىك ھۆرمەت شەكلىن
قوشۇمچىسى « ـ ڭىز\ىڭىز» نىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى « ـ ۇمى
ۇمىز» ۋە « ـ ۇڭىز\ۇڭىز» لارمۇ بار. بۇ خىل ئەھۋال خوتەندىمۇ بار. مەسىلەن:
◁ كۆزۇمىز (كۆزىمىز)، قولۇمىز (قولىمىز)، ئانىمىز (ئانىمىز)، بوينۇمى
(بوينىمىز)؛ ئوتۇڭىز (ئوتىڭىز)، كۆزۇڭىز (كۆزۈڭىز)، ئاتىڭىز (ئاتىڭىز)، قولۇڭ
(قولىڭىز)...
6) ئۈچىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئەدەبىي تىلىمىزدا « ـ س
ئى» دىن ئىبارەت، بۇنىڭدىكى ئالدىنقى قوشۇمچە پەقەت سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشق
سۆزلەرگىلا قوشۇلىدۇ. لېكىن، خوتەن، يەكەن قاتارلىق جايلاردا «ي، ق، ن، ل» قاتارل
ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ كەينىگىمۇ دائىم « ـ سى» قوشۇل
ئۈچىنچى شەخس رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:
◁ ئۆيىسى (ئۆيى)، ياغلىقىسى (ياغلىقى)، قويىسى (قويى)، پۇلىسى (پۇلى)، ئۇنىس
(ئۇنى)، بىيىسى (بىرى) ...
بۇ خىل ئەھۋال قەشقەر، ئاقسۇ شېۋىلىرىدىمۇ بەزىدە كۆرۈلۈپ قالىدۇ.
7) ئۇيغۇرلاردا قىزلارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە دائىم بىرىنچى شەخس بىرل
قوشۇمچىسىنى قوشۇپ، يېقىنلىقنى بىلدۈرىدىغان ئادەت بار، بىراق بۇ قوشۇم
ئەرلەرنىڭ ئىسمىغا قوشۇلمايدۇ. بىراق، ئاقسۇ توقسۇ، شايار قاتارلىق جايلاردا ئەرلەرن
ئىسمىغىمۇ مۇشۇ قوشۇمچە قوشۇلىدىغان ئادەت بار، بۇ خىل ئادەت ئاقسۇ بايدى
كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:
◁ مەڭلىك ـ، مەڭلىكىم، خالىق ـ، خالىقىم، بىلال ـ، بىلالىم، مامۇت ـ، مامۇتۇم ..
8) كەلپىن شېۋىسىنىڭ باشقا يەرلىكلەردىن پەرقلىنىدىغان ئەڭ تىپىك ب
ئالاھىدىلىكى ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىدا كۆرۈلگەن « ـ ئى» تاۋۇشلىرى باش
جايلاردىكىدەك جاراڭسىزلاشمايدۇ، ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن:
◁ ئاچىسى (ئاچىسى)، ئاپىسى (ئاپىسى)، چاپىتى (چاپىتى، بىر خىل نېپىز نا
ئاكىسى (ئاكىسى) ...
يۇقىرىقى مىساللاردىكى ئىككىنچى بوغۇمدا كەلگەن سوزۇق تاۋۇش « ـ ئى» ئەدەب
تىلدا جاراڭسىزلىشىدۇ، بىراق كەلپىن شېۋىسىدە ئېنىق جاراڭلىق ئوقۇلىدۇ.
9) ئاتۇش شېۋىسىدە سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە كۆپلۈك قوشۇمچى
قوشۇلغاندىن كېيىن يەنە ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلسا، دائىم بىر «
قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:
◁ سۆز بىرىكمىللىرى (سۆز بىرىكمە + لەر+ ئى> سۆز بىرىكمىلىرى)، جۈم
نۇسخىللىرى (جۈملە نۇسخىلىرى)، ئوڭ تەرەپتىكىللىرى (ئوڭ تەرەپتىكىلىر



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوشۇمچىللىرى (قوشۇمچىلىرى) ...

## 1 .2 سۈپەت

ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدا سۈپەتلەر دەرىجە كاتېگورىيەسىگە ئىگە ھەم بۇ كاتېگورىيە بەش خىلغا بۆلۈنىدۇ دەپ قارىلىپ كەلدى. دىيالېكت ـ شېۋىلەردە سۈپەتلەرنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجىسى، سىلىشتۇرما دەرىجىسى ۋە ئاشۇرما دەرىجىسىنىڭ قوشۇمچىلىرىدا ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدىغان ۋارىيانتلار مەۋجۇت.

### 1 .2 .1 ئەركىلەتمە دەرىجە

ئەدەبىي تىلىمىزدا سۈپەتلەرنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجىسىنىڭ قوشۇمچىسى « ـ غىنا\قىنا\گىنە\كىنە»، لېكىن:

قەشقەردە: « ـ غىنا\قىنا\گىنا\كىنا»، مەسىلەن:

▷ كىچىككىنا، تۈزگىنا، ئوماقىنا، ئۇزۇنغىنا ...

خوتەن گۇمىدا: « ـ غىنا\قىنا\كىنا\غىناق\قىناق». مەسىلەن:

▷ ئاقىنا\ئاقىناق، ئىگىزغىنا\ئىگىزغىناق، كىچىككىنا\كىچىككىناق، ئەپچىلغىنا\ئەپچىلغىناق ...

كەلپىندە: « ـ غىناڭ\قىناڭ\غىنەڭ\كىنەڭ»، مەسىلەن:

▷ كىچىككىنەڭ، ئازغىناڭ، ئېگىزغىناڭ، قىسقىغىناڭ، ئۇزاقىناڭ ...

خوتەندە: « ـ غىناق\قىناق\كىناق»، مەسىلەن:

▷ تۈزغىناق، ئۇزغىناق، كىچىككىناق، ئوماقىناق ...

يەكەندە: « ـ غىناق\قىناق\كىناك، ـ كىنا\قىنا\غىنا\غىنام\قىنام\كىنام». مەسىلەن:

▷ تۈزغىناق، ئۇزغىنام، كىچىككىناق، ئوماقىناق، كىچىككىنا ...

كېرىيەدە: « ـ غىنەم\قىنەم\كىنەك\غىنەك». مەسىلەن:

▷ سېرىقىنەم، قىزىلغىنەم، كىچىككىنەك، پاكا:غىنەك ...

ئاقسۇدا: « ـ كىناڭ\گىناڭ\قىناڭ\غىناڭ». مەسىلەن:

▷ كىچىككىناڭ، ئازراقىناڭ، قىزىلغىناڭ ...

### 1 .2 .2 سىلىشتۇرما دەرىجە

ئەدەبىي تىلىمىزدا سۈپەتلەرنىڭ سىلىشتۇرما دەرىجىسىنىڭ قوشۇمچىسى « ـ راق\رەك». قەشقەردە ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش. لېكىن:

خوتەن گۇمىدا: « ـ ياق»، مەسىلەن:

▷ پەسياق، قېلىنياق، ئازياق، تۈزياق ...

خوتەن، يەكەن، كېرىيە، نىيەلەردە: « ـ ياق\راق». مەسىلەن:

▷ پەسياق\پەسراق، قېلىنياق\قېلىنراق، ئازياق\ئازراق، تۈزياق\تۈزراق ...

تۇرپان، قومۇلدا: « ـ ئاراق\ئەرەك\راق\رەك». مەسىلەن:

▷ كىچىگەرەك، چوڭاراق، ئۇزۇناراق، پاكىراراق، قىسقاراق، كالتەرەك، توغراراق ...

كەلپىندە: « ـ راق». مەسىلەن:

▷ ئۇششاقراق، كىچىكراق، كۆكراق، چوڭراق ...

شۇنى تەكىتلەيمىزكى، خوتەندە « ـ راق» تىكى «ر» تاۋۇشى ئەدەبىي تىلدىكى
تىترىگۇچى تاۋۇش بولماي، بەلكى تىل ئۇچى كەينى يېرىم (تىل قايرىلما) سوزۇق تاۋ
[ ɹ ] تۇر. يەكەن، قاغىلىقتا بۇ قوشۇمچە تىل ئۇچى كەينى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش [ɹɑq]
ئوقۇلىدۇ.

### 3 . 2 . 1 ئاشۇرما دەرىجە

ئەدەبىي تىلىمىزدا سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجە شەكلى سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمى
تەكرارلاش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن:

خوتەن دىيالېكتىدا: سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجە شەكلىدىكى تەكرارلانغان بىرىنچى
بوغۇمىدا «ئا» تاۋۇشى «ئو» بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈلىدۇ، قالغان سۆزلەرنىڭ بىرىنچى
بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار «ئە» بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ قوپقايا (قاپقارا)، سوبسېرىغ\سوپسېيىغ (ساپسېرىق)، يوپيېشىل (ياپيېشى
قەپقىزىل\قىپقىزىل (قىپقىزىل)، تەپتۈز (تۈپتۈز)...

خوتەن دىيالېكتىدا سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسىنىڭ شەكلى يەنە تۆۋەندىكىدەك
بولىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئۇزۇندۇن ـ ئۇزۇن (ئىنتايىن ئۇزۇن)، تولۇدۇن تولا (ناھايىتى تولا)؛ دۆي ق
(ناھايىتى قارا)، ئۆتلەگ قارا (ئىنتايىن قارا)، تۇم قارا (ناھايىتى قارا)...

قەشقەردە خوتەندىن سەل پەرقلىنىدۇ، يەنى سۈپەتلەرنىڭ تەكرارلانغان بوغۇمىد
«ئا» سوزۇق تاۋۇشى «ئو» غا ئەمەس، «ئۇ» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

▷ قۇپقارا (قاپقارا)، سۇپسېرىغ (ساپسېرىق)، ئۇپپاق (ئاپپاق)، يۇپيېش
(ياپيېشىل) ...

گۇمىدا سۈپەتلەرنىڭ ئالدىغا دائىم «ساپ» سۆزىنى قوشۇپ ئاشۇرما مەنىس
ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

▷ ئۆيەڭلىنىڭ ئايلىقى ساپ نياقكەن (ئۆيۈڭلارنىڭ ئارىلىقى بەك يىراق ئىكەن)

▷ بۇ قىز ساپ چايلىغكەن (بۇ قىز ئىنتايىن چىرايلىق ئىكەن).

قومۇلدا بىرىنچى بوغۇمى تەكرارلىنىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان «ي» بىل
باشلىنىدىغان ئاشۇرما دەرىجىدىكى سۈپەتلەردە، تەكرارلانغان بوغۇمنىڭ كەينىدىكى «
تاۋۇشى «ۋ» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

▷ ياۋيېشىل (ياپيېشىل)، ياۋياش (ياپياش)، يۈۋيۈمۈلاق (يۇپيۇمىلاق)، يېۋيې
(يېپيېڭى) ...

تۇرپان، قومۇللاردا يەنە سۆزنىڭ تەركىبىدىكى بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەكرارل
ئارقىلىقمۇ سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان ئەھۋاللار بار. مەسىلەن:

▷ ئۇ ماڭغا يىققىن ئو:تۇرۋالدى. (تۇرپان)

▷ ئۇ ئىگگىز بىر يە:گە چىقىۋېپ داڭگاللىدى (ئۇ ئاجايىپ ئېگىز بىر يەر
چىقىۋېلىپ يەرگە داڭگال ئاتتى). (تۇرپان)



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## 3 . 1 سان

ئەدەبىي تىلىمىزدا سانلار ساناق سان، دەرىجە سان، كەسىر سان، ئۆملۈك سان ۋە مۆلچەر سان دەپ بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن، بىر، بىرىنچى، ئۈچتىن بىر، بەش ـ ئالتە، بىرەيلەن دېگەندەك. «ئە» بىلەن ئاياغلاشقان ساناق سانلاردا بەزى جايلاردا «ئە» تاۋۇشى «ئې» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى كۆرۈلگەندىن باشقا (مەسىلەن، تۇرپاندا، ئالتە، يەتتەلەر «ئالتې، يەتتې» دەپ ئوقۇلىدۇ)، دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ئاساسەن دەرىجە سان، ئۆملۈك سانلاردا پەرق بار.

### 3 . 1 . 1 دەرىجە سانلار

ئەدەبىي تىلىمىزدا دەرىجە سان ساناق ساننىڭ كەينىگە «ـ نچى\ىنچى» نى قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بىراق:

تۇرپان، قومۇل، غۇلجىلاردا: يۇقىرىقى قوشۇمچىدىن باشقا يەنە «ـ ۈنچى\ۇنچى» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار. مەسىلەن:

▷ بىرىنچى (بىرىنچى)، ئالتىنچى (ئالتىنچى)، تۆتۈنچى (تۆتىنچى)، ئونۇنچى (ئونىنچى)...

خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا (ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭدا): دەرىجە ساننىڭ قوشۇمچىسى «ـ نجى\ىنجى\ۇنجى\ۈنجى» بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ بىرىنجى (بىرىنچى)، ئالتىنجى (ئالتىنچى)، بەشىنجى (بەشىنچى)، ئىككىنجى (ئىككىنچى)، تۆتۈنجى (تۆتىنچى)، ئونۇنجى (ئونىنچى)...

خوتەن گۇمىدا: بىردەك «ـ ۈنجى» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ بۈيۈنجى ئاي (بىرىنچى ئاي)، يەتتۈنجى ئاي (يەتتىنچى ئاي)، ئىككۈنجى ئاي (ئىككىنچى ئاي)، بەشۈنجى ئاي (بەشىنچى ئاي...)

كەلپىندە: «ـ نجى\ىنج» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ بىرىنجى\بىرىنج (بىرىنچى)، ئالتىنجى\ئالتىنج (ئالتىنچى)، بەشىنجى\بەشىنج (بەشىنچى)، ئىككىنجى\ئىككىنج (ئىككىنچى)...

يەكەندە: «ـ نجى\ىنجى\ۈنجى\ۇنجى\نەنجى» لار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ بىژنەنجى\بىيىنجى (بىرىنچى)، ئىشكىنەنجى\ئىشكىنجى (ئىككىنچى)، ئونۇنجى (ئونىنچى)، تۆتىنجى (تۆتىنچى)...

ئەدەبىي تىلدىكى «بىرىنچىدىن، ئىككىنچىدىن ... » دېگەن شەكىللەر كېرىيەدە «بىرلەنجىدىن، ئىككىلەنجىدىن ...» دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ بالام، بىرلەنجىدىن، قېرىپ قالدىم، ئىككىلەنجىدىن، ساقسىز ۋولاپ قالدىم. شۇڭا، قېشىڭىزغا بارالمايتىمە.

### 3 . 1 . 2 ئۆملۈك سانلار

ئەدەبىي تىلىمىزدا ئۆملۈك سانلار ساناق ساننىڭ كەينىگە «ـ يلەن\ئەيلەن» نى قوشۇش ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ. لېكىن:

تۇرپان، كەلپىن، يەكەنلەردە: « ـ ئۆيلە» قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ بەشۆيلە (بەشەيلەن)، ئالتۆيلە (ئالتەيلەن)، بىرۆيلە (بىرەيلەن)، ئىككۆيلە

(ئىككىيلەن) ...

پىچان لۈكچۈن شېۋىسى ۋە خوتەن گۇمىدا: « ـ ئۆ:لە» قوشۇلۇپ تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن

▷ بەشۆ:لە (بەشەيلەن)، ئالتۆ:لە (ئالتەيلەن)، بىرۆ:لە (بىرەيلەن)، ئىككۆ:لە

(ئىككىيلەن) ...

خوتەندە: « ـ ۆيلەن» قوشۇلىدۇ ھەمدە «ن» تاۋۇشى قىسقارمايدۇ. مەسىلەن:

▷ بەشۆيلەن (بەشەيلەن)، ئالتۆيلەن (ئالتەيلەن)، بىرۆيلەن (بىرەيلەن)، ئىككۆيلە

(ئىككىيلەن) ...

قەشقەردە: يۇقىرىقى قوشۇمچىلاردىن باشقا يەنە « ـ لەيلە\ىلەيلەن» دېگەن ۋارىيانتىم
بار. بۇ خىل شەكىل تەكىتلەش مەنىسىگە ئىگە بولۇپ، شۇ ساندىكىلەرنىڭ ھەممىس
دېگەننى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئىشىككىلەيلەن (ھەر ئىككەيلەن)، ئۇچىلەيلەن (ئۇچەيلەننىڭ ھەممىسى
بەشىلەيلەن (بەشەيلەننىڭ ھەممىسى) ...

▷ ئىشىككىلەيلەن بارىلى! (ھەر ئىككەيلەنلا بارايلى)

ساناق ساننىڭ كەينىگە « ـ مىز\ىمىز» قوشۇلغان شەكىلمۇ ئۆملۈك ساننىڭ بىر تۈر
ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۆچىمىز\ئۆچەيلەن، ئىككىمىز\ئىككىيلەن ... لېكىن تۇرپان
بۇ خىل ئۆملۈك ساننىڭ قوشۇمچىسى « ـ لىمىز\ىلىمىز» دۇر. مەسىلەن:

▷ بەشىلىمىز (بەشىمىزلا)، ئىككىلىمىز (ئىككىمىزلا)، تۆتىلىمىز (تۆتىمىزلا)...

▷ ئىيە:گە بەشىلىمىز بارنىلا! (ئۇ يەرگە بەشەيلەن ھەممىمىز بارايلىچۇ!)

## 1.4 ئالماش

ئەدەبىي تىلىمىزدا ئالماشلار شەخس ئالماش (كىشىلىك ئالماش ياكى ئىگىلىك ئالماش
دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، سوراق ئالماش، كۆرسىتىش ئالماش، ئۆزلۈك ئالماش، بولۇشلۇ
ئالماش، ئۆملۈك ئالماش، بولۇشسىز ئالماش ۋە ئېنىقسىز ئالماش (بەلگىسىز ئالماش) دە
سەككىز خىلغا بۆلۈنىدۇ. دىيالېكت ـ شېۋىلەردە شەخس ئالماش، كۆرسىتىش ئالماش
سوراق ئالماش ۋە ئېنىقسىز ئالماشلار ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدۇ.

### 1.4.1 شەخس ئالماش (كىشىلىك ئالماش)

ئەدەبىي تىلدىكى شەخس ئالماشلىرى «سەن، مەن، سىز، سىلى، بىز، سىلەر، سىزلە
ئۇ، ئۇلار» دىن ئىبارەت. دىيالېكت ـ شېۋىلەردە بولۇپمۇ ئىككىنچى شەخس بىرلىك
كۆپلۈك ئالماشلىرىنىڭ شەكلى ۋە ئىشلىتىلىش چاستوتىسى ئەدەبىي تىلدىكىد
پەرقلىنىدۇ.

1) قەشقەردە: يەرلىكلەر ئاساسەن «سىز، سىزلەر» دېگەن ئالماشنى قوللانمايد
قوللانسىمۇ كىنايە قاتارلىق مەنىلەرنى بېرىدۇ. ئومۇمەن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ب
ئالماشلار ئىنتايىن ئاز قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىدا «سىلى» ياكى «سىلە:» دېگەن ئالما
قوللىنىلىدۇ. قەشقەرنىڭ بەزى جايلىرىدا (مەسىلەن، مارالۋېشى چوڭقۇرچاقتا) «ئىسلى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دېگەن شەكىل قوللىنىلىدۇ. «سىلەر» ئەسلىدە ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك شەكىل بولۇپ، قەشقەردە ئۇنىڭ «ر» تاۋۇشى قىسقارغان شەكلى «سىلە:» قوللىنىلىدۇ ھەم بىرلىك ھۆرمەت مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

▷ سىلە: نەگە ماڭدىڭلا:؟ (سىز نەگە ماڭدىڭىز)

▷ سىلە:گە نېمە بولدى؟ (سىزگە نېمە بولدى)

ئەكسىچە تۇرپان، قومۇل، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا «سىز، سىزلەر» دېگەن شەكىل كۆپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ سىزلە:مۇ بارامسىزلە:؟ (غۇلجا)

▷ سىزلە:نىمۇ كە:سۇن دېدۇ.(تۇرپان)

▷ ئۇركۈنى (ئاشۇ كۈنى) سىزلە: ئۆيدە قالدىڭىزلا: ، بىز كېتىقەپتىمىز. (تۇرپان)

(2) تۇرپاندا يەنە «ئۆزلىرى، ئۆزلىرلە» دېگەن شەكىل قوللىنىلىدۇ، قومۇلدىمۇ بۇ خىل ئالماشلار كۆپ قوللىنىلىدۇ، يەنە ئۇنىڭ ۋارىيانتى «ئۆزىر، ئۆزىرلە» قوللىنىلىدۇ ھەم ئىنتايىن ھۆرمەت قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئۆزلىرلە:دىن كە:سۇن ! (سىزدىن كەلسۇن) (تۇرپان)

▷ ئۆزلىرى\ئۆزىرى ئۇرۇمچىدىن كەللە:مو؟ (قومۇل)

تۇرپان ئاستانىدە «نېرقىلا (نېرىقىلار)» دېگەن شەكىل «باشقىلار» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

( بىز بارنىي دېدۇق، نېرقىلا: ئۇنىمىدى. (بىز بارايلى دېدۇق، لېكىن باشقىلار ئۇنىمىدى)

(3) خوتەن، يەكەنلەردە، «سىلى» نىڭ ئورنىدا دائىم «ئۆزلىيى» كېلىدۇ. شۇنىڭدەك «سىلە:» دېگەن شەكلىمۇ «سەن» نىڭ ئورنىدا كېلىپ، كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئۆزلىيى نە:گە با:للا؟ (سىلى نەگە باردىلا)

▷ سىلە: نە:گە با:دىڭلا: ئاداش، مەن با:غاندا ئىشكەڭلىغا قۇلپى سې:غىلىغدى. (سەن نەگە باردىڭ ئاداش؟ مەن بارغاندا ئىشىكىڭ قۇلۇپلاقلىق ئىكەن)

▷ ئۆزلىيگە بىي گېپىم بەيدى خېنىم بالام. (سىزگە بىر گېپىم بار ئىدى، خېنىم بالام)

(4) غۇلجىدا «سەن» دېگەن ئالماش كۆپرەك قوللىنىلىدۇ، يېڭى كۆرۈشكەن، چوڭلار ياكى قىزلارغا «سىز» كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. «سىلى، ئۆزلە» دېگەن شەكىلنىڭ قوللىنىلىشى ئاز.

## 1 . 4 . 2 كۆرسىتىش ئالماش

ئەدەبىي تىلىمىزدا «ئۇ، شۇ، ئۇنداق، شۇنداق، مۇنداق، ئاۋۇ، ماۋۇ، مانا، ئەنە، مۇشۇ، ئاشۇ» لاردىن ئىبارەت كۆرسىتىش ئالماشلىرى بار. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە شەكلىدە دىيالېكت – شېۋىلەردە ئازدۇر – كۆپتۇر پەرق بار.

1) تۇرپاندا: «ئۇ» دېگەن ئالماشتىن باشقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان ئالماشلارنىڭ ئالدىغا «د» تاۋۇشى قوشۇلىدۇ، شۇڭا تۇرپاندىكى كۆرسىتىش ئالماشلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

◁ داشۇ (ئاشۇ)، دايناق (ئاشۇنداق)، داۋۇ (ئاۋۇ)، دەنە (ئەنە)، شۇناخ (شۇنداق)، دايز
(ئاۋۇ تەرەپ)، بۇيزى (بۇ تەرەپ)، دەشە (ئاشۇ يەر)، شۇناق (شۇنداق)، ئاناق (ئۇنداق
موناق (مۇنداق)، ئاشتاق (ئاشۇنداق)، داشناق (ئاشۇنداق)، ماشناق\ماشتاق (مۇشۇنداق
مايناق (مۇشۇنداق)... دېگەندەك.

◁ ـ نە ۋارسە:؟ دا:يزىگە (ئاۋۇ تەرەپكە).

◁ ديناخ (ئاشۇنداق) سەت گەفلە:نى قىلمىسنا !

2) كەلپىندە: «ۋ\گ» نۆۋەتلىشىش ئېغىر، شۇڭا بۇ يەردە قوللىنىلىدىغان ئالماشلار
مو (ماۋۇ)، موگۇ (ماۋۇ)، ئىيشۇ (ئاشۇ)، تىگۇ (ئاۋۇ)، ئەگۇ (ئاۋۇ)...

◁ ئەگۇ (ئاۋۇ) بىزنىڭ مەكتاپ.

◁ بۇغۇ كىتابكە، موگۇچۇ؟ (ماۋۇچۇ)

3) خوتەندە ئەدەبىي تىلدىكى كۆرسىتىش ئالماشلىرىدىن باشقا يەنە «تانا، ئى: ، ما
مو» دېگەن ئالماشلار بار. مەسىلەن:

◁ ئى: ئەدەم (ئاۋۇ ئادەم)، ما ئەدەم (ماۋۇ ئادەم) (خوتەن)

◁ مو ئىدەم (ماۋۇ ئادەم) (گۇما) ...

خوتەندە كۆرسىتىش ئالماشلاردا «م» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋال خېلى
ئېغىر. مەسىلەن:

◁ مامىنىڭ (ماۋۇنىڭ)، ئى:مىنىڭ (ئاۋۇنىڭ)، مامىنىڭدىن (مانىڭدىن)، مامد
(مۇنداق)، مۇمچە (مۇنچە)، موشۇمداغ (مۇشۇنداق)، شۇمنى (شۇنى) ...

4) نىيىدە بەزى كۆرسىتىش ئالماشلىرى كېلىشلەر بىلەن تۇرلەنگەندە «نىڭ
قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن:

◁ بۇ ئاشنى ئا:غا\ئۇ:غا (ئۇنىڭغا) ئۇسۇپ قويدام.

◁ ئاشتىن ما:غىمۇ (ماۋۇنىڭغىمۇ) بە:گىن.

◁ كىتابنى ئاشۇدىن (ئاشۇنىڭدىن) ئالدىم.

◁ ئا:دىمۇ (ئانىڭدىمۇ) پۇل با: ، ما:دىمۇ (مانىڭدىمۇ) پۇل با:.

5) كېرىيەدە ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلمايدىغان بەزى ئېنىقسىز ئالماشلار قوللىنىلى
مەسىلەن: پەمىستىمانى\پەمىدىمانى (پالانچى)، بۇ:نىقاچان (ئاللىقاچان) دېگەندەك.

◁ بۇ:نىقاچان قىپ بولدام. (ئاللىقاچان قىلىپ بولدۇم)

◁ پە:مىدىمانىلا: كېپتىمىش. (پالانچىلار كەپتۇمىش)

6) يەكەندىمۇ كۆرسىتىش ئالماشنىڭ بەزى ئالاھىدە شەكىللىرى بار. مەسىلەن:

◁ مو (ماۋۇ)، ئىۋە\ئە:ۋە\ئىمۇ (ئاۋۇ، ئاۋۇ يەر)، مەۋە\ماۋە (ماۋۇ يەر)، مىينىڭ
(ماۋۇ ياقتا)، مىيىندە (ماۋۇ يەردە)، مىنداغ (مۇنداق)، ئىنداغ (ئۇنداق) ...

7) قومۇل شېۋىسىنىڭ بىر يۈرۈش ئۆزگىچە كۆرسىتىش ئالماشلىرى بار. مەسىلەن
◁ ئېۋۇ\دېۋۇ (ئاۋۇ)، دەنە\دىگىنە (ئەنە)، دېبۇت (ئاۋۇ)، دېشۇ (ئاشۇ)، دېيت (ئ
يەر)، دېشۇت (ئاشۇ يەر)، بۇت (بۇ ياق)، بۇيتتە\پۇتتە (بۇ يەردە)، بۇتكە\پۇتكە (بۇ ياققا
بۇتتۇ (بۇ ياقتىن)، بۇيزى\بۇيزى (بۇ تەرەپ)، بۇغۇنۇت (بۇ يەر، بۇ ياق)، شۇت (شۇ ياق
شۇيزى\شۇيزى (شۇ ياق)، ئۇت (ئۇ ياق)، ئۇتكە (ئۇ ياققا)، ئۇتتە (ئۇ ياقتا)، دېشۇتت
(ئاشۇ ياقتا)...

يەنە: شۇناق (شۇنداق)، ئاناق (ئۇنداق)، موناق (مۇنداق)، ئىـنـاق\ئىشـنـاق (ئاشۇنـداق)، دىشناق (ئاشۇنداق)، دىۋناق (ئاشۇنداق)، ماشناق (مۇشۇنداق)، مايناق (مۇشۇنداق)، ماشتاق (مۇشۇنداق)...

8) لوپنوردا سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان كۆرسىتىش ئالماشلىرىنىڭ ئالدىغا «ت» قوشۇلىدۇ. بۇ خىل ھادىسە تۇرپان ئاستانىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

▷ تا (ئاۋۇ)، تاڭگا (ئاۋۇ يەرگە)، تالار (ئۇلار)، تانا (ئەنە)، تەشۇ (ئاشۇ)...

▷ تا بىر كۇنى كېتىۋاسسام، تەشەدە شۇ ئەدەمنى كۆ:دۈم. (تۇرپان ئاستانە)

9) غۇلجىدا «بۇ» دېگەن ئالماشنىڭ ئورنىدا دائىم «مۇنۇ» قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ مۇنۇ (بۇ) يە:گە مەن تۇنۇگۇن كە:گەن.

▷ مۇنۇ (بۇ) كىشى نەدىن كېپتۇ؟

غۇلجىدا ئەدەبىي تىلدىكى «ئۇنداق\مۇنداق» نىڭ ئورنىدا «ئانداخ\مانداخ» قوللىنىلىدۇ. يەنە بىرە تىرىم (بىرەر تال، بەك ئاز)، بىر ھەندان (ئازراق، بىزە)، بىرمۇنچىلا (بەزىلەر)، بىر نە:چەنلە: (بەزىلەر) دېگەندەك ئالماشلارمۇ قوللىنىلىدۇ.

## 3 . 4 . 1 سوراق ئالماش

بۇ خىل ئالماشلاردىن ئەدەبىي تىلىمىزدا «كىم، قايسى، قانچە، نەچچە، قانداق، نە، نېمە، قاچان، قېنى» دېگەندەكلەر بار. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە شەكلىدە دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ئازدۇر ـ كۆپتۇر پەرق بار.

1) قەشقەر، قاغىلىق، يەكەنلەردە سوراق ئالماشلىرىنىڭ «چىم (كىم)، قايداق\قايداغ (قانداق)، قا:سى» دېگەن ۋارىيانتلىرى بار. مەسىلەن:

▷ قا:سىڭلى: جۇۋاپ بېرەلەيسىلە:؟

▷ چىما (كىم ئۇ)؟ نېرىڭ ئاغرىيدا؟

▷ قالاپ باقە داۋزىنى قاقىقان چىمو؟ (يەكەن)

2) تۇرپاندىمۇ «قاسۇ (قايسى)، قاناخ\قانا (قانداق)، نىم\نىڭ (نېمە)، قاسۇيزى (قايسى تەرەپ)» دېگەندەك ۋارىيانتلىرى بار. مەسىلەن:

▷ ئۇ قاسۇيزىگە (قايسى تەرەپكە) كەتتى؟

▷ نىڭ قىلمە: دىسە؟ (نېمە قىلىمەن دەيسەن؟)

▷ قانا قىلمىز ۋومىسا؟ (بولمىسا قانداق قىلىمىز)

3) قومۇلدا، «قايناق\قاناق (قانداق)، قاچا (قاچان)، نەتتە (نەدە)، قەتتە (قەيەردە)، قەتكە (قەيەرگە)» دېگەندەك سوراق ئالماشلىرى بار. ئارىدا «نېمە، نە، كىم» دېگەن ئالماشلارنىڭ كەينىدە دائىم « ـ دۇر\دو» ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، نەتتو (نە؟ قەيەر؟)، كىمدو (كىم)، نەيۇزدىدو (قاياقتا)، قەسىدو (قايسى) ...

4) خوتەندە، «نېمە، نە، كىم» دېگەن ئالماشلارنىڭ كەينىدە دائىم «تۇ» ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: كىمتۇ؟ (كىم)، نىمىتۇ؟ (نېمە)، قەيە:دىتۇ؟ (قەيەردە) ...

5) غۇلجىدا بەزى سوراق ئالماشلىرىدا قىسقىراش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

▷ نىمىشتاخ (نېمىشقا ئۇنداق) قىلىسە، ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپ؟

▷ نه:دىنارا (نەدىن) كەلدى بۇ، بىر ئوبدان ئىشنى بۇزۇپ!

### 1.4.4 ئېنىقسىز ئالماش

يەكەندە، ئەدەبىي تىلدىكى «بىرسى» نىڭ ئورنىدا «بىكشى» قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ مەندىن بەلەك ئۆيگە بىكشى كىشمىدى. (مەندىن باشقا ئۆيگە بىرسى كىرمىدى)

## 1.5 تەقلىد سۆز

نۇرغۇن جايلاردا ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدىغان تەقلىد سۆزلەر بار، بۇلارنى توپلاپ رەتلەش تىلىمىزنىڭ لېكسىكىسىنى بېيىتىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن:

غۇلجىدا ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدىغان تەقلىدلەردىن:

▷ گۇمبۇرداماڭ (تاراق ـ تۇرۇق)، ئەتەتەي ـ شەتەتەي (ئۇنداق ـ مۇنداق، ئۇ ـ بـ دەپ قالايمىقان سۆزلەش)، خىرتىلىڭ ـ سىرتىلىڭ (يىڭنىچە، قىرىچە)، ئاڭغال ـ تاڭغال (ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل)، ئاڭقاي ـ تاڭقاي (يېتىپ ئاشار، باياشات)، ئايقىن ـ يايقىن (ئوچۇق ـ ئاشكارا، ئوچۇق ـ يورۇق)، بۇلقان ـ تالقان (جىددىيلەشمەك، ئالاقزەدە بولماق ئاچچىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەسلىك)، ساياق ـ سالپا (يەككە ـ يېگانە)، پولداڭ ـ سولداڭ (ساڭگول ـ سوڭگۇل، رەتسىز كۆتۈرۈۋالماق) ... دېگەنلەر بار.

تۇرپاندا:

▷ زەب ـ زەب (جىم بىر يەردە تۇرالمايدىغان)، كورتوڭ ـ كورتوڭ (تو كوتۇلدايدىغان)، تۇڭگۇر ـ تۇڭگۇر (بىر توپ ئادەم ياكى ماللارنىڭ قالايمىقان ئايا ئاۋازىنى تەقلىد قىلغان)، تۇپۇر ـ تۇپۇر (نۇرغۇن ئادەمنىڭ قالايمىقان ئاياغ ئاۋازى ئىتتىر ـ غۇدۇر (ئىتتىرىشىپ، غۇدۇرشىپ ئۇرۇشقانلىقنى بىلدۈرىدۇ)، مۇكۇل ـ تېقىل مۇكۇلۇڭ ـ تېقىلىڭ (ئالدىراشلىقنى، قول ئۇچىدىلا بىر ئىش قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ كارت ـ كارت (كوتۇلداش) ... قاتارلىقلار بار؛

لوپنوردا: ئالاق ـ پالاق ...

خوتەندە:

▷ خۇدۇباڭ ـ خۇدۇباڭ (ئېشەكنىڭ ھاڭگىرىشىغا تەقلىد)، پىتىق ـ پىتى (يۇمشاقلىققا تەقلىد)، شۇرۇك ـ شۇرۇك (ئاغزى قاتتىقلىقنى تەسۋىرلەيدۇ) ...

بايدا: كورو ـ كورو (كوت ـ كوتقا ئوخشاش)، مۇسۇر ـ مۇسۇر (تۇمشاقلىققا تەقلىد) ...

پىچاندا: مۆل ـ مۆل (كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپلا تۇرغانلىقنى تەسۋىرلەيدۇ) ...

قومۇلدا: بىژ ـ بىژ (قۇياش نۇرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىگە تەقلىد) ...

## 1.6 مىقدار سۆز

مىقدار سۆزلەر نەرسە ھەم ھەرىكەتنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ. ئەدەبىي تىلىمىز «دانە، نەپەر، قېتىم، رەت، نۆۋەت، كىلوگرام، كىلومېتىر» دېگەندەك مىقدار سۆزلەر با بىراق، شېۋىلەردە يەنە ئەدەبىي تىلدا يوق ياكى كۆپ ئىشلىتىلمەيدىغان خېلى نۇرغۇ مىقدار سۆزلەر بار ئىكەن.

1) غۇلجىدا ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدىغان نۇرغۇن مىقدار سۆزلەر بار، مەسىلەن:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

▷ تۇرمەل (بىر تۇرمەل چۆپ)، تۇلەك (ئۈش تۇلەك ۋاقىت)، قۇلاق (بىر قۇلاق سۇ)، ۋېتەك (تۆت ۋېتەك ئادەم)، باشكا (باغلام، بولاق)، كۇبا (كۆپ)، دۇركۇن (تۇركۇم، قېتىم، توپ، نۇرغۇن)، ئاغامچا (10 مېتىرغا باراۋەر؛ 150 كىلوغا باراۋەر)، تاپان (ۋاقىت، ئۇزۇنلۇق بىرلىكى)، تۇلۇپ، بۇلۇڭ (يۈز خو ياكى مىڭ موغا باراۋەر)، سەرجان (ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇققا باراۋەر)، پۇت (ئىككى مو ياكى تۆتتىن بىر خوغا باراۋەر)، خو (سەككىز مو ياكى تۆت پۇتقا تەڭ)، سوم، تىيىن دېگەندەك. مەسىلەن:

▷ ئىككى سوم ئەللىك ئالتە تىيىن (ئىككى يۈەن بەش مو ئالتە پۇڭ).

2) يەكەندە بەزى ئىسىملار مىقدار سۆزنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

«كاجۇۋا» دېگەن سۆز ئەسلىدە تۆگىنىڭ يۇگىنىنى كۆرسىتەتتى، ھازىر يەكەندە «توپ، دۆۋە» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن:

▷ يانا بەزىلە: بىي كاجۇۋا ئىدەم تۆكۈۋەتكەچكە كاچۇڭ دەپ ئاتالغان دەيتۇ.

«قورۇ» ئەسلىدە سەينا، ھويلا دېگەن مەنىدە ئىدى، يەكەندە «توپ، گورۇپپا» دېگەن مەنىلەردە كېلىپ، 250 تىن 300 يۈزگىچە بولغان مال توپىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: بىي قورۇ قوي.

«قوتان» ئەسلىدە قوي - ماللار تۇرىدىغان جاينى كۆرسىتەتتى، ھازىر يەكەندە «توپ، تالاي» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

▷ تويغا بىي قوتان ئىدەملى كەپتۇ.

«پوتەي» سۆزى يەكەندە ئەسلىدە 200 مېتىر ئەتراپىدىكى دائىرىنى بىلدۈرەتتى. ھازىر بەزىدە ئۇزۇنلۇقنىڭ ئۆلچىمىمۇ بولۇپ، 200 مېتىر ئۇزۇنلۇقنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالدى. مەسىلەن:

▷ بىر پوتەيلىك يە: (200 مېتىرچە ئۇزۇنلۇقتىكى يەر).

يەكەندە يەنە ئىككى كىلوغا باراۋەر كېلىدىغان «ئىششىيەك» سۆزى، بىر كىلوغا باراۋەر «نىمئىششىيەك» سۆزى، 500 سانتىمېتىرغا باراۋەر «چەكسە» سۆزى قاتارلىق مىقدار سۆزلەر بار.

3) تۇرپاندا تا ھازىرغىچە «شىڭ، كورە، دەن» دېگەندەك ئۆلچەمنى بىلدۈرىدىغان مىقدار سۆزلەر قوللىنىلىدۇ. ئەدەبىي تىلدىكى «پارچە» دېگەن سۆز ئەسلىي نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى بىلدۈرىدىغان مىقدار ئىدى، بىراق پىچاندا دائىم «توپ، گورۇپپا» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ تۇڭگۇر - تۇڭگۇر قىلىشىپ بىر پا:چە ئەدەم چىكىلدۇ. (دۇپۇر - دۇپۇر قىلىشىپ بىر توپ ئادەم كېلىۋاتىدۇ)

## 1.7 پېئىل

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار تۈرلىنىشى ئەڭ كۆپ، گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەلىرى ئەڭ مول بولغان بىر خىل سۆز تۈركۈمى. چۈنكى، پېئىللارنىڭ مۇنداق مۇرەككەپ بولۇشىدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ تۈرلىنىشىدە سىنتاكسىس ھالەتمۇ ۋە دىياخرونىك ھالەتمۇ مەۋجۇت، سىنتېتىك ئۆزگىرىشمۇ ۋە ئانالىتىك ئۆزگىرىشمۇ مەۋجۇت، مورفولوگىيەلىك شەكىللەرمۇ ۋە فونېتىكىلىق شەكىللەرمۇ مەۋجۇت، ئېغىز تىلى شەكىللىرىمۇ ۋە يېزىق

تىلى شەكىللىرىمۇ مەۋجۇت، شۇنىڭدەك ئەدەبىي تىلدىكى شەكىللىرى ۋە دىيالېكت
شېۋىلەردىكى شەكىللىرىمۇ مەۋجۇت. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنىڭ شېۋىلىرىدىك
پېئىللارنىڭ شەكىللىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىكەنمىز، ئەمەلىيەتنى چىقى
نۇقتا قىلىپ، تىلشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، يۇقىرىدا تىلغ
ئېلىنغان ھەر خىل نۇقتىلار ئۈستىدىكى مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلغان
مۇرەككەپ پېئىل شەكىللىرىنى ئېنىقلاپ رەتلەپ، ئۇنىڭ تۈرلىنىش فورمىسىنى
تەسۋىرلەپ چىققىلى بولىدۇ.
گىراماتىكىلىق تەھلىل، بولۇپمۇ مورفولوگىيەلىك تەھلىل ئادەتتە گىراماتىكىل
قۇرۇلمىلارنىڭ، يەنى مورفولوگىيەلىك قۇرۇلمىلارنىڭ ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىد
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر پېئىل زادى قانچە خىل تۈرلىنىدۇ، بۇ مەسى
ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى ۋە ئۆزگىرىشىنى ئېنىقلاشنى
ئاساسى. مەيلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىسىنى ئىلمىي تەسۋىرلەش نۇقتىسىدى
بولسۇن ياكى تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش، تىل - يېزىق ئۇچۇرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش
تىل ئوقۇتۇشى، ياكى ئۇيغۇر تىلىنى ئىككىنچى بىر تىل سۈپىتىدە ئوقۇتۇش ئېلى
بېرىش قاتارلىق نۇقتىلىرىدىن بولسۇن، ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تەتقىقات
بولۇپمۇ پېئىللارنىڭ ئۆزگىرىش شەكىللىرىگە بولغان تەتقىقات، ئۆزۈندىن بۇي
تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئېتىبارغا ئېلىنىۋاتقان نۇقتىلىق مەسىلىلەرنىڭ بىر
ھېسابلىنىدۇ.
تەكشۈرۈشلىرىمىزگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت نۇرغۇن ئەسەر ۋە ئوقۇتۇ
ماتېرىياللىرىدا، مەسىلەن، چىڭشىلياڭ ئەپەندى تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل
گىراماتىكىسى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى)، خەمىت.تۆم
ئەپەندى يازغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى — مورفولوگىي
(مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى)، چېن شىمىن ئەپەندى بىلەن لياۋ زې
ئەپەندى تەرجىمە قىلغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987
يىلى نەشرى)، يى كۇنشيۇۋ بىلەن گاۋ شىجيې ئەپەندىلەر تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغ
تىلى گىراماتىكىسى» (مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 - يىل
نەشرى) قاتارلىقلاردا، پېئىل توغرىسىدا خېلى چوڭقۇر تەھلىللەر ئېلىپ بېرىلغا
ھەتتا بەزى يېڭىلىق خاراكتېرلىك كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. لېكىن، ئۇيغ
تىلىدىكى بىر پېئىل زادى قانچە خىل تۈرلىنىدۇ، دېگەن مەسىلە ھەل قىلىنمىغان.
خەمىت.تۆمۈر ئەپەندى يازغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىس
(مورفولوگىيە)» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى) دېگەن كىتابتا مۇنداق د
ئېنىق كۆرسىتىلگەندى: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار «پېئىلنىڭ خە
شەكلى (يەنى شەخس بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى)، پېئىللارنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكلى (يە
شەخسسىز پېئىللار) ۋە ئۆزەك شەكلى دەپ ئۈچ خىل شەكىلگە بۆلۈنىدۇ ... پېئىللارنى
ئۆزەك شەكلى پېئىللارنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكلى (يەنى شەخسسىز پېئىللار) ۋە خە
شەكلىنىڭ (يەنى شەخس بىلەن تۈرلەنگەن شەكلىنىڭ) ئورتاق ئاساسى». دېمەك ئۇيغ
تىلىدىكى پېئىللارنى تەھلىل قىلىش ئۈچۈن، پېئىللارنى ئۆزەك شەكلى، پېئىللارنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرغۇن سۆز شەكلى (يەنى شەخسسىز پېئىللار) ۋە خەۋەر شەكلى دەپ ئۈچ خىل شەكىلگە بۆلۈپ، ئايرىم - ئايرىم تەھلىل قىلغاندا، پېئىل قۇرۇلمىسى مەسىلىسى ئاندىن تەلتۆكۈس ئېنىقلىنىدۇ.

## 1.7.1 پېئىللارنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى پېئىللارنىڭ خەۋەر شەكلى (شەخس بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى، يەنى شەخسلىك پېئىللار) ۋە شەخسسىز پېئىللارنىڭ ئورتاق ئاساسى.

پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى تۈپ پېئىل ۋە ياسالما پېئىللارنىڭ يىلتىزى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، كۆر -، كەت -، ئال -، ئىشلە -، باشلا - ... دېگەندەك. ياكى پېئىللارنىڭ يىلتىزىغا پېئىللارنىڭ دەرىجە قوشۇمچىسى، ياكى بولۇشلۇق - بولۇشسىز قوشۇمچىسى، ھەتتا تۈس قوشۇمچىسى قوشۇلغان شەكىللىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پېئىللارنىڭ دەرىجە، بولۇشلۇق - بولۇشسىز ۋە سىنتېتىك تۈس قوشۇمچىلىرى، پېئىل ئۆزىكىدە كۆرۈلىدىغان قوشۇمچىلاردۇر. شۇڭا، بىز ئالدى بىلەن پېئىلنىڭ مۇشۇ ئۈچ خىل كاتېگورىيەسى ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇمچىلىرى ئۈستىدە توختىلىشىمىز كېرەك.

### 1) پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسى

پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسى تاكى ھازىرغىچە تالاش - تارتىشتا تۇرغان بىر مەسىلە. ئۇيغۇر تىلدا زادى پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسى بارمۇ - يوق؟ دەرىجە قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان پېئىللارنى گرامماتىكىلىق ھادىسە دەپ قاراش كېرەكمۇ ياكى لېكسىكىلىق ھادىسە دەپ قاراش كېرەكمۇ؟ بۇ مەسىلىدە تىلشۇناسلار تېخى بىر قاراشقا كەلمىدى.

بىزنىڭ كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىدىكى 8800 تۈپ پېئىل بىلەن ياسالما پېئىللارغا ئېلىپ بارغان تەھلىلىمىزنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بۇ پېئىللارنىڭ 3275 ى باش دەرىجىدە، 1387 سى مەجھۇل دەرىجىدە، 2249 ى مەجبۇرىي دەرىجىدە، 1780 ى ئۆملۈك دەرىجىدە، پەقەت 110 ى ئۆزلۈك دەرىجىدە كەلگەن. بۇ پاكىت پېئىللارنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئابستراكتلىق دەرىجىسى باشقا كاتېگورىيەلەرگە قارىغاندا يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە، يۇكسەك دەرىجىدە ئابستراكتلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك. مەلۇم بىر شەكىل كاتېگورىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنىكەن، شۇ تۈردىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى شۇ كاتېگورىيەدە تۈرلىنەلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى بارلىق ئىسىملارغا ئورتاق. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بارلىق ئىسىملار كېلىش، شەخس، ساندىن ئىبارەت ئۈچ خىل گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە بىلەن تۈرلىنەلەيدۇ. ئەگەر پېئىل دەرىجىسىنى پېئىلنىڭ كاتېگورىيەسى دەپ قاراش توغرا كەلسە، ئۇنداقتا خۇددى ئىسىمغا ئوخشاش، پېئىللارنىڭ

ھەممىسى بەش خىل دەرىجە قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنەلىشى كېرەك. يەنى يۇقىرىقى لۇغەتتىكى باش دەرىجىدە كەلگەن 3275 پېئىلنىڭ ھەممىسى قالغان تۆت خىل دەرىجىدە ئوخشاشلا تۈرلەنگەن بولسا بولاتتى. لېكىن، ئەمەلىي سان بۇنى ئىسپاتلىيالمىغان. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، پېئىللارنىڭ دەرىجىسىنى گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە دېيىشكە سوئال بەلگىسى قويۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، پېئىللارنىڭ دەرىجە بىلەن تۈرلەنگەن شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى ئايرىم - ئايرىم سۆز قاتارىدا بىر - بىرلەپ لۇغەتلىمىزگە كىرگۈزۈلگەن. دېمەك لۇغەت تۈزگۈچىلەر پېئىل دەرىجىسى قوشۇمچىسى قوشۇلغان پېئىللارنى لېكسىكا دائىرىسىگە كىرگۈزگەن. ئۇنداقتا پېئىل دەرىجىسىنى ئەلۋەتتە گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، پېئىلنىڭ دەرىجىسىدىن باشقا ھېچقانداق سۆزنىڭ مەلۇم كاتېگورىيەدە تۈرلەنگەن شەكلى لۇغەتلەرگە كىرگۈزۈلمەيدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئادەتتە سۆزلەردە ياسىغۇچى قوشۇمچىلار تۈرلىگۈچى قوشۇمچىدىن بۇرۇن كېلىدۇ. مەسىلەن: «كىتاب + چە+ لار»، «ئورۇن+ دۇق+ تا» دېگەندەك. بۇ سۆزلەردە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن كېيىن كەلگەن. بۇ بىر قانۇنىيەت. بىراق، يەنىلا مۇشۇ پېئىل دەرىجىسى دەپ قارالغان قوشۇمچىلاردىلا ئۆزگىچە ھادىسىلەر مەۋجۇت. بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە پېئىلنىڭ كاتېگورىيەسى دەپ قارالغان دەرىجە قوشۇمچىلىرى ياسىغۇچىلاردىن بۇرۇن كېلىدۇ. مەسىلەن، «قىزىتما<قىزى+ ت+ ما»، «ئۇندۇرمە<ئۈن+ دۇر+ مە» دېگەندەك. بۇ سۆزلەردە دەرىجە قوشۇمچىلىرى ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئالدىدا كەلگەن. مانا مۇشۇ ئۈچ سەۋەبتىن پېئىللارنىڭ دەرىجىسىنى بەزى تەتقىقاتچىلار «نوقۇل گىراماتىكىلىق ھادىسە ئەمەس» دەپ قارىۋاتىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار پېئىللارنىڭ دەرىجىسىنى ھەم گىراماتىكىلىق، ھەم لېكسىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە دەپمۇ قارايدۇ. مەيلى ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، بۇ خىل قوشۇمچىلارنىڭ تىلىمىزدا مەۋجۇت ئىكەنلىكى ئېنىق. شۇڭا، بۇ قوشۇمچىلار ئۈستىدە توختىلىشىمىز ھەم ئۇلارنىڭ دىيالېكت - شېۋىلەردىكى ئىپادىلىنىشىنى ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئىپادىسىگە سېلىشتۇرۇشىمىز لازىم.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى، تۈپ پېئىل ياكى ياسالما پېئىللارنىڭ يىلتىزىدىن تۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، ھەم پېئىل يىلتىزىغا پېئىللارنىڭ دەرىجە قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: كۆرسەت -، كەتكۈز -، ئېلىن -، ئىشلەن -، ئىشلەت -، باشلان - .. دېگەندەك.

ئەنئەنىۋى گىراماتىكىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە قارىغاندا، ئەدەبىي تىلىمىزدا پېئىللارنىڭ دەرىجە قوشۇمچىلىرى بەش يۈرۈش بولىدۇ، يەنى نۆل قوشۇمچىلىق باش دەرىجىدىن باشقا پېئىل يىلتىزىغا « - ن\ىن\ۇن\ۈن، ل\ىل\ۇل\ۈل» قاتارلىق قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ ھاسىل بولىدىغان مەجھۇل دەرىجە؛ پېئىل يىلتىزىغا « - دۇر\تۇر\دۈر\تۈر، گۈز\قۇز\گۇز\كۈز، ت، ۇر\ار\ۈر\ر» قاتارلىق قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ ھاسىل بولىدىغان مەجبۇرىي دەرىجە؛ پېئىل يىلتىزىغا « - ن\ىن\ۇن\ۈن، ل\ىل\ۇل\ۈل» قاتارلىق قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ ھاسىل بولىدىغان ئۆزلۈك دەرىجە؛ پېئىل يىلتىزىغا « - ش\ىش\ۇش\ۈش»



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قاتارلىق قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ ھاسىل بولىدىغان ئۆملۈك دەرىجە. بۇ بەش خىل دەرىجە ئىچىدە مەجبۇرىي دەرىجىنىڭ قوشۇمچىلىرى دىيالېكت ــ شېۋىلەردە پەرقلىنىدۇ.

تۇرپان ۋە قومۇلدا پېئىللارنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىلىرىدىن ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغىنى «ر» ۋارىيانتلىقى، ئۇنىڭدىن قالسا «ت» ۋارىيانتلىقى. «ز» ۋارىيانتلىقى بولسا ئاز كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

قومۇلدا:

◁ كەتكۈر (كەتكۈز)، يەتكۈر (يەتكۈز)، باققۇر (باققۇز)، پۈتكۈر (يەتكۈر)، تۆگۈر (تەگكۈز)، توشقۇر (توشقۇز)، تېمىتماق\تېمىزماق\ تېمىرماق (تېمىتماق)؛ ئېمىتماق\ ئېمىرماق\ ئېمىزماق (ئېمىتمەك)، يېدۈر (يېگۈز)، دېدۈر (دېگۈز) ...

تۇرپاندا:

◁ كەتكۈر (كەتكۈز)، يەتكۈر (يەتكۈز)، باققۇر (باققۇز)، پۈتكۈر (يەتكۈر)، تەككۈر (تەگكۈز)، توشقۇر (توشقۇز)، يېدۈر (يېگۈز)، دېدۈر (دېگۈز)، ئىچۈر\ ئىچكۈر (ئىچكۈز)، ئو:تقۇز (ئولتۇرغۇز)، ئۇتتۇرۇپ (ئۇتقۇزۇپ)، ئوتقۇسقوي (ئولتۇرغۇزۇپ قوي) ...

◁ خوتەن، يەكەنلەردە مەجبۇرىي دەرىجىنىڭ قوشۇمچىلىرىدىن يەنە « ــ دۇ\تۇ\دۇ\تۇ\دا\تا\دە\تە » شەكىللىرىمۇ بار. مەسىلەن:

◁ تەپتۇدى (تەپكۈزدى)، قوشتا: (قوشتۇر)، يىدۇ:دۇم (يېگۈز)، سوزدا: (سوزغۇز)، ئۆستە: (ئۆستۈر)، دېدۇ: (دېگۈز)؛ ئالدۇ: (ئالغۇز)، كۆندە: (كۆندۈر)، ئازدۇ:دام (ئازدۇردۇم)؛ ئاستۇغۇزدام (ئاستۇردۇم)، كۆپتەگۈزدەم (كۆپتۈردۈم)، كۆكەسكۈزدەم (كۆرسەتتىم) ...

لوپنوردىمۇ پېئىللارنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسىنىڭ «ر» ۋارىيانتلىقى كۆپ كۆرۈلىدۇ ھەم قوشۇمچىلاردا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيەسى تۈپەيلىدىن قوشۇمچىلارنىڭ ۋارىيانتى كۆپىيىدۇ. مەسىلەن:

◁ تەپتۇردى (تەپكۈزدى)، قوشتوردۇم (قوشتۇردۇم)، ئۆسسۇردۇم (ئۆستۈردۈم)، ئازغۇر ــ (ئازدۇر ــ)، كۆنۈت ــ (كۆندۈر ــ) ...

### 2) پېئىللارنىڭ تۇس كاتېگورىيەسى

پېئىللارنىڭ تۇس كاتېگورىيەسى ئەدەبىي تىلىمىزدا ھەم سىنتېتىك، ھەم ئانالىتىك شەكىللەردە كېلىدۇ. پېئىللارنىڭ شەخسسىز ھەم شەخسلىك شەكىللىرىنىڭ ئاساسى بولغان پېئىل ئۆزەكلىرىدە كۆرۈلىدىغان تۇس كاتېگورىيەسى، پەقەت پېئىل يىلتىزىغا تۇس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشقان سىنتېتىك تۇس بولۇشى مۇمكىن. ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدا پېئىللارنىڭ سىنتېتىك تۇس شەكلى تۆت خىل بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ:

پېئىل ئۆزىكىگە « ــ ۋەت\ ىۋەت\ۇۋەت\ۈۋەت» قوشۇمچىسىنى قوشۇشتىن ھاسىل بولغان كۈچەيتمە تۇس شەكلى. مەسىلەن، ئېلىۋەت، كۆرۈۋەتتىم، كۈلۈۋەتتى ...

پېئىل ئۆزىكىگە « ــ ۋال\ ىۋال\ۇۋال\ۈۋال» قوشۇمچىسىنى قوشۇشتىن ھاسىل بولغان ئۆزلۈك تۇس شەكلى. مەسىلەن، ئېلىۋالدىم، كۆرۈۋالدى، سېتىۋالدۇق ...

پېئىل ئۆزىكىگە « ــ ۋەر\ ىۋەر» قوشۇمچىسىنى قوشۇشتىن ھاسىل بولغان

چەكلىمىسىز تۇس شەكلى. مەسىلەن، ئالىۋەردىم، كېتىۋەردى، ئىشلەۋېرىپ ھېرىـ
قالدىم ...

پېئىل ئۆزىكىگە « ـ ئالا\ئەلە\يالا\يەلە» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىـ
شەكىللەنگەن ئىمكان تۇس شەكلى. مەسىلەن، ئالالايمەن، كۆرەلەيدۇ، كېتەلەيدىكەن ...

پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى پېئىل يىلتىزىغا پېئىلنىڭ تۇس قوشۇمچىلىرىنىـ
قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، كۆرىۋەر ـ، كېتىۋەر ـ
ئېلىۋال ـ، ئىشلىۋەت ـ، باشلاۋەر ـ، ئالالايمەن، كۆرەلەيمەن ... دېگەندەك.

بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە (مەسىلەن، تىلشۇناس خەمىت تۆمۈر ئەپەندى)
پېئىللارنىڭ سىنتېتىك تۇس شەكلى يۇقىرىدا بىز دەپ ئۆتكەن تۆت خىل بىلەنـ
چەكلەنمەي، يەنە ئىزچىل تۇس (پېئىل ئۆزىكىگە « ـ ۋات\ىۋات\ۇۋات\ۈۋات
قوشۇمچىسىنى قوشۇشتىن ھاسىل بولغان) ۋە تەمشەلمە تۇس (پېئىل ئۆزىكىگـ
«ـ غىلىۋات\قىلىۋات\گىلىۋات\كىلىۋات» قوشۇمچىسىنى قوشۇشتىن ھاسىل بولغان
قاتارلىق ئىككى خىل تۇس شەكلى بار دەيدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر
پېئىللارنىڭ سىنتېتىك تۇس شەكىللىرى دىيالېكت ـ شېۋىلەردىمۇ ئاساسەن ئەدەبىـ
تىلدىكىگە ئوخشاش ئىپادىلىنىدۇ، پەقەت بەزى تۇس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلدا يو
ۋارىيانتلىرى بار. تۆۋەندە بۇ ھەقتە بىر ـ بىرلەپ توختىلىمىز.

(1) چەكلىمىسىز تۇس شەكلى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا پېئىللارنىڭ چەكلىمىسىز تۇس شەكلى پېئىـ
ئۆزىكىگە « ـ ۋەر\ىۋەر» دىن ئىبارەت قوشۇمچىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ
لېكىن، بۇ قوشۇمچە بەزى دىيالېكت ـ شېۋىلەردە سەل پەرقلىنىدۇ:

تۇرپاندا پېئىللارنىڭ چەكلىمىسىز تۇس قوشۇمچىسى « ـ لىۋە\ىلىۋە» بولىدۇ
مەسىلەن:

▷ بارىلىۋە (بارىۋەر)، كۆرىلىۋە (كۆرىۋەر)، دەلىلىۋە (دەۋەر)، تاشلالىۋە (تاشلاۋەر)
تۇتىلىۋە (تۇتىۋەر)...

▷ گە:قىسام كۇلىلىۋە:دى. (گەپ قىلسام كۇلىۋەردى)

▷ تولا ئۇرىلىۋەمىسىنا ! (ئۇرىۋەرمىگىنە)

قومۇلدا بۇ تۇس شەكلىدە تۇرپانىنىڭكىگە ئوخشاش «لى» بوغۇمى قوشۇلۇپ كېلىدۇ
لېكىن تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن:

▷ سالا:لىۋە:گەن (سالىۋەرگەن)، ئاپىرالىۋېرىدۇ (ئاپىرىۋېرىدۇ)، كىتەلىۋېرىـ
(كېتىۋېرىدۇ)، قويالىۋە:مەمدۇ؟ (قويىۋەرمەمدۇ) ...

يەكەندە چەكلىمىسىز تۇسنىڭ قوشۇمچىسى « ـ ۋىي\ىۋىي\ىۋى» دىن ئىبارەت
مەسىلەن:

▷ پۇل ۋە:سە ئالىۋىيتمە (ئالىۋېرىمەن).

▷ بىي كۈن كەچكىچە ماڭىۋىپتىمە (ماڭىۋېرىپتىمەن).

▷ مىشدە ئولتۇيىۋە:سە (ئولتۇرىۋەرسىلە).

▷ مو تاغدىن تۆۋەينىگە چۇشىۋەسە (چۈشىۋەرسە) با:غىلى ۋولىدو ...

خوتەندە چەكلىمىسىز تۇسنىڭ قوشۇمچىسى « ـ ۋە\ۋي\يۋە» شەكلىدە كېلىدـ

مەسىلەن:

◁ ئېلىۋېيتمە (ئالىۋېرىمەن)، بىيىۋە:دىڭ (بېرىۋەردىڭ)، ئىشلىيۋە:دى
(ئىشلەۋەردىم)، ئوقۇيۋە:دىڭىز (ئوقۇۋەردىڭىز) ...

(2) ئۆزلۈك تۈس شەكلى

هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا پېئىللارنىڭ ئۆزلۈك تۈس شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە « - ۋال\ىۋال\ۇۋال\ۈۋال» دىن ئىبارەت قوشۇمچىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. دىيالېكت - شېۋىلەردە بۇ خىل تۈسنىڭ قوشۇمچىسى ئاساسەن ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش بولىدۇ، پەقەت بۇ تۈس قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان پېئىللار بولۇشسىز شەكىلدە كەلگەندە، تەركىبىدىكى «ل» تاۋۇشى بەزى جايلاردا چۈشۈپ قالىدۇ، بەزى جايلاردا تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيەلىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

تۇرپان، قومۇللاردا ئۆزلۈك تۈس قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكىلدە «ل» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

◁ بېرىۋا:ما (بېرىۋالما)، تۇتۇۋا:ما (تۇتۇۋالما)، داۋا:مىدىم (دەۋالمىدىم)
كۆرۈۋا:مىسىنا (كۆرۈۋالمىغىن)، ئاۋا:ماڭلارا (ئېلىۋالماڭلارچۇ) ...

قەشقەردە ئۆزلۈك تۈس قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلىدە «ل» تاۋۇشى تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيەلىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

◁ تۇتۇۋامما (تۇتۇۋالما)، دېۋامما (دەۋالما)، كۆرۈۋامما (كۆرۈۋالما)، بېرىۋامما
(بېرىۋالما) ...

تۇرپان، پىچاننىڭ بەزى جايلىرىدا (مەسىلەن، لۇكچۇن، تۇرپان ئاستانىدە) بۇ تۈس بىلەن تۇرلەنگەن پېئىل شەكىللىرىدە، تۈس قوشۇمچىسىدىكى «ۋال» ئالدى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئېيتىلىدۇ، لېكىن يەنە بەزى جايلىرىدا (مەسىلەن، مۇرتۇق، پىچان دىغاردا) تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

◁ ئەۋەپتۇ\ئاۋاپتۇ (ئېلىۋاپتۇ)، دەۋەپتۇ\داۋاپتۇ (دېۋاپتۇ)، تۇتۇۋەپ\تۇتۇۋاپ
(تۇتۇۋېلىپ)، كۆرۈۋەپ\كۆرۈۋاپ (كۆرۈۋېلىپ) ...

قومۇلدا بۇ خىل تۈس بىردەك ئالدى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

◁ ئەۋەپتۇ (ئېلىۋاپتۇ)، دەۋەپ (دەۋېلىپ)، ئاڭلىۋەپتۇ (ئاڭلىۋېلىپتۇ...)

(3) كۈچەيتمە تۈس قوشۇمچىسى

هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا پېئىللارنىڭ كۈچەيتمە تۈس شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە « - ۋەت\ىۋەت\ۇۋەت\ۈۋەت» تىن ئىبارەت قوشۇمچىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. لېكىن، بۇ قوشۇمچە بەزى دىيالېكت - شېۋىلەردە سەل پەرقلىنىدۇ:

تۇرپان، يەكەندە بۇ قوشۇمچىلار ئومۇمەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن كېلىدۇ، مەسىلەن:

◁ تاشىۋات\تاشىشىۋات (تاشلىۋەت)، قويۇۋاتتۇق (قويۇۋەتتۇق)، داۋاتتىم (دەۋەتتىم)
ياۋات (يەۋەت)، بېرىۋات\بېيىۋات (بېرىۋەت) ساۋات (سېلىۋەت)، ئاۋات (ئېلىۋەت)
كۆيىۋات\كۆرىۋات (كۆرۈۋەت) ...

خوتەندىمۇ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، مەسىلەن:

◁ ئىشلىيۋاتتىم (ئىشلىۋەتتىم)، يىۋاتتىم (يەۋەتتىم)، سۇيۇۋاتتىم (سۇيۇۋەتتىم)

بىيىۋاتتىم (بېرىۋەتتىم) ...

(4) ئىمكان تۈس شەكلى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا پېئىللارنىڭ ئىمكان تۈس شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە «ـ ئالا\ئەلە\يالا\يەلە» قوشۇمچىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن، بارالايمەن، كۆرەلەيمەن، ئاڭلىيالايمەن، ئىشلىيەلەيمەن ...

پېئىلنىڭ ئىمكان تۈس شەكلىنى بەزىلەر پېئىلنىڭ تۈستىن ئىبارەت گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈۋېتىدۇ. لېكىن، بەزىلەر بۇنى پېئىلنىڭ تۈس كاتېگورىيەسىدىن ئايرىم تۇرىدىغان ئىمكان كاتېگورىيەسى دەپ قارايدۇ. بۇنداق دېيىشتە بۇ خىل قوشۇمچە قوشۇلغان پېئىللار شەخس بىلەن تۇرلەنمىگەن نۆل شەكىلدە كېلەلمەيدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ پېئىل ئۆزىكىگە قوشۇلىدىغان ئورنى باشقا تۈس قوشۇمچىلىرىدىن ئۆزگىچە ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلغان. سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

| كۈچەيتمە تۈس | ئۆزلۈك تۈس | چەكلىمىسىز تۈس | ئىمكان شەكىل |
|---|---|---|---|
| كۆرۈۋەت | كۆرۈۋال | كۆرىۋەر | كۆرەلە ـ |
| ئۇرۇۋەت | ئۇرۇۋال | ئۇرىۋەر | ئۇرالا ـ |
| ئېلىۋەت | ئېلىۋال | ئالىۋەر | ئالالا ـ |

يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، پېئىلنىڭ باشقا سىنتېتىك تۈس شەكىللىرى ئىككىنچى شەخس بىرلىك بۇيرۇق شەكلىدە (نۆل شەكىلدە) كېلەلەيدۇ. بىراق، پېئىللارنىڭ ئىمكان شەكلى نۆل شەكىلدە كېلەلمەيدۇ. يەنە سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

| | | |
|---|---|---|
| كۆرۈۋېتەلەيمەن | كۆرۈۋالالايمەن | كۆرىۋېرەلەيمەن |
| ئۇرۇۋېتەلمەيمەن | ئۇرۇۋالالمايمەن | ئۇرىۋېرەلمەيمەن |
| ئېلىۋېتەلمەيمەن | ئېلىۋالالمايمەن | ئالىۋېرەلمەيمەن |

يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، پېئىلنىڭ ئىمكان قوشۇمچىسى ھەرقانداق چاغدا پېئىلنىڭ باشقا سىنتېتىك تۈس قوشۇمچىلىرىنىڭ كەينىدىن كېلەلەيدۇ، ھەرگىز ئالدىدا كەلمەيدۇ.

مانا مۇشۇ ئىككى سەۋەبتىن، پېئىلنىڭ ئىمكان شەكلىنى پېئىلنىڭ قالغان تۈس شەكىللىرى بىلەن بىر قاتاردا قويۇشقا، بىر نەرسە دەپ قاراشقا بولمايدۇ (قاراڭ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ‹ ـ ۋەت، ـ ۋال، ـ ۋەر، ـ ئالا، ـ ۋات› قوشۇمچىلىرىنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىلى 2 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى).

لېكىن، پېئىللارنىڭ ئىمكان شەكلى مەيلى قايسى كاتېگورىيەگە ياتسۇن پېئىللىرىمىزدا مەۋجۇت ھادىسە، بۇ ئەمەلىيەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە پېئىللارنىڭ ئىمكان شەكلىنى ھاسىل قىلىدىغان قوشۇمچىلار دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ھەر خىل شەكىلدە

كېلىدۇ.
لوپنوردا «ـ ئال» دېگەن شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن:
▷ قىلالايدىمەن (قىلالايمەن)، ياسايالىدىم (ياسىيالىدىم)، دېيالدىم (دېيالىدىم)، كۆرالايدىمەن (كۆرەلەيمەن) ...
يەكەندە «ـ ئالا\ئەلى\يالا\يەلى» شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن:
▷ بايالىدىم (بارالىدىم)، دىيەلىدىم (دېيەلىدىم)، ئاڭلىيالىيتمە\ئاڭلىيالىيمە (ئاڭلىيالايمەن)، ئالالامتىمە (ئالالامدىمەن)، ئالامايتتىم (ئالالمايتتىم)، كۈلەلىيمە \ كۈلەلىيتمە (كۈلەلەيمەن) ...
قومۇلدا «ـ ئالى\لى» شەكىلدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:
▷ بارالىمە (بارالايمەن)، دا:لىمە (دېيەلەيمەن)، كۆرالىمە (كۆرەلەيمەن)، تاشلالىمە (تاشلىيالايمەن)، تۇتالىمە (تۇتالايمەن) ...
تۇرپاندا «ـ ئالا\ئالى» شەكىلدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:
▷ بارالىمەن (بارالايمەن)، كۆرالىمەن (كۆرەلەيمەن)، دالالىدىم (دېيەلىدىم)، تاشلالىمەن (تاشلىيالايمەن)، تۇتالىمەن (تۇتالايمەن)، كۆرالمدىم (كۆرەلمىدىم)، دالالامسەن (دېيەلەمسەن)، ئاڭلالايمەن (ئاڭلىيالايمەن) ...
كۇچادا «ـ ئالا\يالا» شەكىلدە كېلىدۇ، مەسىلەن:
▷ بارالايمەن (بارالايمەن)، كۆرالايمەن (كۆرەلەيمەن)، دىيالايمەن (دېيەلەيمەن)، تاشلىيالايمەن (تاشلىيالايمەن)، تۇتالايمەن (تۇتالايمەن) ...
ئاقسۇ، غۇلجىدا «ـ ئالا\ئەلە\لا\لە» شەكىلدە كېلىدۇ، مەسىلەن:
▷ بارالايمەن (بارالايمەن)، كۆرەلەيمەن (كۆرەلەيمەن)، دەلەلەيمەن (دېيەلەيمەن)، تاشلالايمەن (تاشلىيالايمەن)، تۇتالايمەن (تۇتالايمەن)، دەلەمەيمەن (دېيەلمەيمەن)، تاشلامايمەن (تاشلىيالمايمەن) ...
بىراق، ئاقسۇ قارىتالدا پەقەت تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتىلا بار، مەسىلەن:
▷ كۆرالىمەن (كۆرەلەيمەن)، دىيالىمەن (دېيەلەيمەن)، بارالىمەن (بارالايمەن)...
خوتەندە «ـ ئال\ئەل\يا» شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن:
▷ بارالايتمە (بارالايمەن)، كۆرەلەيتمە (كۆرەلەيمەن)، دىيەلىدىم (دېيەلىدىم)، تاشلىيالايتمە (تاشلىيالايمەن)، تۇتالايتمە (تۇتالايمەن)، كۆرەممەيتمە (كۆرەلمەيمەن)، دىيەلەمسە (دېيەلەمسەن)، ئاڭلىيالايتمە (ئاڭلىيالايمەن)...
(5) «ـ ۋات\ىۋات\ۇۋات\ۈۋات» قوشۇمچىسى توغرىسىدا
ئەدەبىي تىلىمىزدا بەزىدە پېئىل ئۆزىكىگە «ـ ۋات\ىۋات\ۇۋات\ۈۋات» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. بۇ «ـ ۋات\ىۋات\ۇۋات\ۈۋات» قوشۇمچىلىرىنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا بەزى ئوخشىمىغان كۆزقاراشلار مەۋجۇت. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ خىل قوشۇمچىلارنى پېئىللارنىڭ تۈس كاتېگورىيەلىرىنى ھاسىل قىلىدىغان بىر خىل قوشۇمچە دەپ قاراپ، ئۇنى پېئىلنىڭ «ئىزچىل تۈس قوشۇمچىسى» دەپ ئاتايدۇ. بىراق، ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدا پېئىللارنىڭ بۇ خىل قوشۇمچىلىرى پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان شەكلىنى ھاسىل قىلىدىغان «ھازىرقى زامان قوشۇمچىسى» دەپ قارىلىپ كەلگەن. مەسىلەن:

◁ كۆرۈۋاتىمەن <كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۇۋات (پېئىلنىڭ هازىرقى زامان قوشۇمچىسى) + ئا (رەۋىشداش قوشۇمچىسى)+ مەن (بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)؛

◁ كۆرۈۋاتقانسەن <كۆر (پېئىل ئۆزىكى)+ ۇۋات (پېئىلنىڭ هازىرقى زامان قوشۇمچىسى)+ قان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى)+ سەن (ئىككىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)؛

◁ كۆرۈۋاتقۇدەكمەن <كۆر (پېئىل ئۆزىكى)+ ۇۋات (پېئىلنىڭ هازىرقى زامان قوشۇمچىسى)+ قۇ (ئىسىمداش قوشۇمچىسى)+ دەك (باغلامچى سۆز)+ مەن (بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)؛

◁ كۆرۈۋېتىپتىمەن <كۆر (پېئىل ئۆزىكى)+ ۇۋات (پېئىلنىڭ هازىرقى زامان قوشۇمچىسى)+ ىپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى)+ تى (دۇر\تۇر، باغلامچى سۆز)+ مەن (بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)؛

◁ كۆرۈۋاتقانىدىم <كۆر (پېئىل ئۆزىكى)+ ۇۋات (پېئىلنىڭ هازىرقى زامان قوشۇمچىسى)+ قان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى)+ ئىدى (باغلامچى پېئىل)+ م (بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) ... دېگەندەك.

ئەنئەنىۋى گىرامماتىكىدا پېئىللار هازىرقى زامان كاتېگورىيەسى، كېلەركى زامان كاتېگورىيەسى ۋە ئۆتكەن زامان كاتېگورىيەسىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل زامان كاتېگورىيەسىگە ئىگە دەپ قارىلىپ كەلگەنىدى. بىراق، هازىرقى زاماننىڭلا قوشۇمچىلىرى، يەنى « ـ ۋات\ىۋات\ۇۋات\ۈۋات» قوشۇمچىلىرىلا بار بولۇپ، پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان ۋە كېلەركى زامان شەكىللىرىنى هاسىل قىلىدىغان قوشۇمچىلار 0 شەكىللىك دەپ قارىلىپ كەلدى.

پېئىللارنىڭ زامان كاتېگورىيەسى، يەنىلا پېئىل ئۆزىكىدە كۆرۈلىدىغان كاتېگورىيە. « ـ ۋات\ىۋات\ۇۋات\ۈۋات» قوشۇمچىلىرى پېئىللارنىڭ هازىرقى زامان كاتېگورىيەسىنى شەكىللەندۈرىدىغان قوشۇمچىلاردۇر.

تۆۋەندە پېئىللارنىڭ هەر خىل شەخسلىك شەكىللىرىنىڭ تۈرلىرى ئۈستىدە تەهلىل يۈرگۈزگەندە، « ـ ۋات\ىۋات\ۇۋات\ۈۋات» قوشۇمچىلىرىنى بىزمۇ پېئىللارنىڭ زامان قوشۇمچىسى قاتارىغا كىرگۈزۈپ تەهلىل يۈرگۈزدۇق. بۇ قوشۇمچىلارنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى، هازىرقى زامان قوشۇمچىسى بولسا، نېمە ئۈچۈن باشقا زامانلارغا مەخسۇس قوشۇمچە يوق، دېگەندەك مەسىلىلەرنى كېيىنكىلەرنىڭ هەل قىلىشىغا قويدۇق.

(6) « ـ غىلىۋات\قىلىۋات\كىلىۋات\گىلىۋات» قوشۇمچىسى توغرىسىدا

ئەنئەنىۋى گىرامماتىكىدا پېئىل ئۆزىكىگە « ـ غىلىۋات\قىلىۋات\كىلىۋات\گىلىۋات» تىن ئىبارەت قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ هاسىل بولغان شەكىلنىمۇ، پېئىللارنىڭ زامان كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزىدۇ. بىراق، بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ خىل شەكىلنى «پېئىللارنىڭ تەمشەلمە تۈس شەكلى» دەۋاتىدۇ. مەسىلەن، بارغىلىۋاتىمەن، كۆرگىلىۋاتىمەن، كەتكىلىۋاتىمەن، تۇتقىلىۋاتىمەن ... دېگەندەك.

تۆۋەندە بىز پېئىللارنىڭ هەر خىل شەخسلىك شەكىللىرىنىڭ تۈرلىرىنى تەهلىل قىلغاندا، « ـ غىلىۋات\قىلىۋات\كىلىۋات\گىلىۋات» قوشۇمچىسىنىمۇ پېئىللارنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

زامان قوشۇمچىسى قاتارىغا كىرگۈزۈپ تۇردۇق. دېمەك، بۇ قوشۇمچىلارمۇ يەنىلا پېئىل ئۆزىكىدە كۆرۈلىدىغان زامان كاتېگورىيەسىنىڭ قوشۇمچىسى.

(7) ئەدەبىي تىلدا يوق تۇس شەكىللىرى

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بىرقانچە خىل تۇس شەكىللىرى، تەتقىقاتچىلار ئەدەبىي تىلدا بار، دەپ ئورتاق كۆزقاراشقا كەلگەن ياكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان شەكىللەر. بۇلاردىن باشقا ئەدەبىي تىلىمىزدا يوق، بىراق بەزى دىيالېكت ـ شېۋىلەردە مەۋجۇت بولغان تۇس شەكىللىرى بارمۇ ـ يوق؟ دىيالېكت ـ شېۋىلەر توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، مۇشۇ مەسىلىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

بىزنىڭ ھېس قىلىشىمىزچە، دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ئەدەبىي تىلىمىزدا ئۇچرىمايدىغان ياكى ئۇچرىسىمۇ دىققەت قىلىنمىغان بەزى پېئىل شەكىللىرى مەۋجۇت. تەكشۈرۈش جەريانىدا تۇرپان شېۋىسىدە پېئىللارنىڭ ئەدەبىي تىلدا يوق بىر خىل تۇس شەكلىنى بايقىدۇق. بۇ خىل تۇس شەكلى پېئىل ئۆزىكىدىكى ئاخىرقى ئۆزۈك تاۋۇش تەكرارلىنىپ، كەينىگە « ـ ۋەر» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق شەكىللىنىپ، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تويۇقسىز، كۇتۇلمىگەندە بولغانلىقىنى ۋە ئىش ـ ھەرىكەت قانچىلىك تويۇقسىز ۋە تېز بولغان بولسا، شۇنچىلىك تويۇقسىز ھەم تېز ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدىكەن. مەسىلەن:

▷ قارسلا قىلىپ، ئۇرره:ۋە:دىم. («قارس !» قىلىپ ئۇرۇپ سالدىم)

▷ ئا نە:سىنى ئالله:ۋېرا ( ئېلىۋېتە !)

▷ تېپپە:ۋە:سەم تېكىلىپ چۈشتى. (تېپىۋەتكەنىدىم، دومىلاپ چۈشتى)

▷ ئىشكنى ئاچچە:ۋە. (ئىشكنى ئېچىۋەت)

▷ ئۆيگە كىرره:ۋېرىپتىمە، كۆر قالدىم. (كىرىپ سايتىمەن، كۆرۈپ قالدىم) ...

قومۇلدىمۇ بۇ خىل تۇس شەكلىنىڭ بارلىقىنى بايقىدۇق، بىراق تۇرپاندىكىدىن سەل پەرقلىنىدىكەن. مەسىلەن:

▷ قىلاۋە:سىلەكى (قىلىۋەتسىلەچۇ)، تۇگۇتە:ۋە:سەم (تۈگىتىۋەتسەم)، ساتاۋېرىنىڭ (سېتىۋېتەيلى)، چىقىرا:ۋەدى (چىقىرىۋەتتى)...

▷ ئالتىنجى ئاي بو:غاندا قويا:ۋىرىدۇ.

ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ئەدەبىي تىلدا يوق يەنە قانداق پېئىل شەكىللىرى بار؟ بۇ مەسىلە ئۈستىدە تەتقىقات ۋە تىل تەكشۈرۈش ئىشلىرىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىل بايلىقىمىزنى قېزىپ چىقىرىش، تىلىمىزنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر.

(8) پېئىللارنىڭ ئانالىتىك تۇس شەكلى

يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن پېئىللارنىڭ تۇس شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى پېئىللارنىڭ سىنتېتىك تۇس شەكىللىرى دائىرىسىگە كىرىدۇ. سىنتېتىك تۇس شەكىللىرى پېئىلنىڭ ئۆزىكىدە كۆرۈلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى تەتقىق قىلىش، پېئىلنىڭ سىنتېتىك تۈرلىنىش سىستېمىسىنى ئېنىقلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. سىنتېتىك تۇستىن باشقا، پېئىللاردا يەنە ئانالىتىك تۇسمۇ بار. گەرچە ئانالىتىك تۇس پېئىل ئۆزىكى ئىچىدە كۆرۈلمىسىمۇ، ئۇ يەنىلا پېئىللارنىڭ بىر خىل

كاتېگورىيەسى دائىرىسىگە كىرىدۇ ھەم پېئىللارنىڭ تۈرلۈك سىنتېتىك ۋە ئانالىتىك تۈرلىنىش شەكىللىرىنى ئىنىقلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇڭلاشقا بۇ يەردە بۇ توغرۇلۇقمۇ ئاز ـ تولا سۆز ئېچىپ قويىماقچى.

پېئىللارنىڭ ئانالىتىك تۈس شەكلى ئەدەبىي تىلدا «پ» لىق ياكى «غىلى» لىق رەۋىشداشنىڭ كەينىگە ياردەمچى پېئىللارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ، يېزىقتا ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ كۆلۈپ كەتتىم، ئاڭلاپ قالدى، بېرىپ قويغىن، يىغلاپ سالدى ...

بىراق، تۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلاردا پېئىللارنىڭ ئانالىتىك تۈس شەكلىدىكى رەۋىشداشنىڭ تەركىبىدىكى «پ» قىسقارتىلىپ، ياردەمچى پېئىل بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

▷ قوقوي (قويۇپ قوي)، ئەپىرقوي (ئاپىرىپ قوي)، ھىنكە (يېنىپ كەل)، ھىنچۇش (يېنىپ چۈش)، ئۇخلاقالدى (ئۇخلاپ قالدى)، كۈلۈكەتتى (كۈلۈپ كەتتى)، داقاپتىمە (دەپ قاپتىمەن)، داقويتتۇ (دەپ قويۇپتۇ)، چۈشۈر قوي (چۈشۈرۈپ قوي)، تۇتىۋەكېپ (تۇتۇپ ئېلىپ كېلىپ)، ھەسەپ قىپبىقىپ (ھېساب قىلىپ بېقىپ) ...

قومۇلدىمۇ بۇ خىل ئەھۋال مەۋجۇت. مەسىلەن:

▷ يىتىپبىرىپتۇ (يېتىپ بېرىپتۇ)، قىچىكىتىپتۇ (قىچىپ كېتىپتۇ)، دەقويدۇ (دەپ قويىدۇ)...

لېكىن، ياردەمچى پېئىللار ئەگەر «ي» ياكى «س» بىلەن باشلانغان بولسا، رەۋىشداشنىڭ تەركىبىدىكى «پ» تاۋۇشى تۇرپاندا «ۋ» ياكى «ف» غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

▷ كېۋىيۇردى (كېلىپ يۇردى)، ئەۋ يە (ئېلىپ يە)، دەۋ يۇرتتۇ (دەپ يۈرۈپتۇ) دەفسەپتىمە (دەپ سايپتىمەن)، كۈلۈفسا:ما (كۈلۈپ سالما) ...

يەكەندە تۆۋەندىكىدەك ئانالىتىك تۈس شەكلى ئۇنۇملۇك قوللىنىلىدۇ، مەسىلەن:

▷ با:غىلى قوپتى. (بارغىلىۋاتىدۇ)

▷ ئاننام دەنشى كۆ:گىلى قوپتى. (كۆرگىلىۋاتىدۇ)

▷ داددام تاققا چىققىلى قوپتى. (چىققىلىۋاتىدۇ)

▷ ماڭغىلى قوپتام. (ماڭغىلىۋاتىمەن) ...

يۇقىرىدا ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ۋە دىيالېكت ـ شېۋىلەردە كۆرۈلىدىغان پېئىللارنىڭ سىنتېتىك ۋە ئانالىتىك تۈس شەكىللىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختالدۇق.

پېئىللارنىڭ سىنتېتىك تۈس قوشۇمچىلىرى پېئىللارنىڭ دەرىجە قوشۇمچىلىرىدىن باشقا، پېئىللارنىڭ ئۆزەك شەكلىدە كۆرۈلىدىغان قوشۇمچىلارنىڭ بىرىدۇر.

**3) پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق ـ بولۇشسىز كاتېگورىيەسى**

پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق ـ بولۇشسىز كاتېگورىيەسى، پېئىللارنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان بىر كاتېگورىيەسىدۇر. ھەرقانداق پېئىل ياكى بولۇشلۇق شەكىلدە، ياكى بولۇشسىز شەكىلدە كېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك بۇ خىل كاتېگورىيەنىڭ قوشۇمچىسى پېئىللارنىڭ ئۆزەك شەكلىدە دەرىجە ۋە تۈس قوشۇمچىسىدىن كېيىن كېلىدۇ. ئەدەبىي تىلىمىزدا پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق شەكلى ھېچقانداق قوشۇمچە قوشۇلماي ئىپادىلىنىدۇ؛ بولۇشسىز شەكلى بولسا، پېئىل ئۆزىكىگە پېئىللارنىڭ بولۇشسىز قوشۇمچىسى « ـ ما\مە\مى» نىڭ

قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:
▷ بار ـ بارما، كەل ـ كەلمە، كەتسۇن ـ كەتمىسۇن، كېتىڭلار ـ كەتمەڭلا ...
بىراق، پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلى يەرلىك شېۋىلەردە ئاساسەن ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش كەلسىمۇ، بەزى جايلاردا ئوخشىماسلىقلارنىمۇ ساقلىغان:
(1) «ل» تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق «ئال ـ، قال ـ، سال ـ، چال ـ، كەل ـ، قىل ـ، بول ـ» لاردىن ئىبارەت پېئىللار بولۇشسىز شەكىلدە كەلگەندە، بەزى جايلاردا «ل» تاۋۇشى چۈشۈپ قالسا، بەزى جايلاردا ئەينەن ساقلىنىدۇ، بەزى جايلاردا تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيەلىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:
تۇرپاندا چۈشۈپ قالىدۇ:
▷ ئا:ما (ئالما)، چا:مايمەن (چالمايمەن)، سا:مىدىم (سالمىدىم)، كەلمەيسە (كەلمەيسەن)، قىمايمە (قىلمايمەن)، بومايدۇ (بولمايدۇ) ...
پىچاندىمۇ «ل» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ، بىراق تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللار بىلەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارنىڭ شەكلىدە ئاز ـ تولا پەرق بار. تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللاردا «ل» تاۋۇشى دىن باشقا يەنە پېئىل تەركىبىدىكى «ي» تاۋۇشىمۇ چۈشۈپ قالىدۇ. تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللاردا «ي» تاۋۇشى چۈشۈپ قالماي، بەلكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئاجىزلىشىشى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:
▷ چا:ما:مە (چالمايمەن)، سا:مىدىم (سالمىدىم)، كەمىيسە (كەلمەيسەن)، قىما:مە (قىلمايمەن)، بوما:دۇ (بولمايدۇ) ...
پىچان لۇكچۇندىمۇ شۇنداق. مەسىلەن:
▷ با:ما:مە (بارمايمەن)، ئا:ما:دۇ (ئالمايدۇ)، ياپما:دو(ياپمايدۇ)، كەمىيمە(كەلمەيمەن)، كۆ:مىدو (كۆرمەيدۇ)، يېمىيمىز (يېمەيمىز)، ئەكە:مىيمە (ئەكەلمەيمەن) ...
قۇمۇلدا چۈشۈپ قالىدۇ. بىراق، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللاردا سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئاجىزلىشىشى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:
▷ چا:مايمە (چالمايمەن)، سا:مىدىم (سالمىدىم)، كەلمىيسە (كەلمەيسەن)، قىمايمە (قىلمايمەن)، بومايدۇ (بولمايدۇ) ...
قەشقەردە «ل» تاۋۇشى تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيەلىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:
▷چاممايمە (چالمايمەن)، سامىمدىم (سالمىدىم)، كەممەيسە (كەلمەيسەن)، قىممايدا \ قىممايدۇ (قىلمايدۇ)، بومىمايدىكەن (بولمايدىكەن) ...
(2) قەشقەردە تەركىبىدە « ـ ۋات\ىۋات\ۇۋات\ۈۋات» تىن ئىبارەت پېئىللارنىڭ ئىزچىل تۈس قوشۇمچىسى بولغان پېئىللاردا، بولۇشسىز قوشۇمچىسى « ـ ماي\مەي» نىڭ تەركىبىدىكى «ي» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:
▷ كۆرەممە:ۋاتمەن (كۆرەلمەيۋاتىمەن)، با:ما:ۋاتمەن (بارمايۋاتىمەن)، كەممە:ۋاتىدا \ كەممە:ۋاتىدۇ (كەلمەيۋاتىدۇ) ...
يىغىنچاقلىغاندا، پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسى، سېنتېتىك تۈس كاتېگورىيەسى ۋە پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق ياكى بولۇشسىز كاتېگورىيەسى پېئىل ئۆزەكلىرىدە كۆرۈلىدىغان كاتېگورىيەلەردۇر.

## 1.7.2 شەخسلىك پېئىللار

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا شەخس بىلەن تۈرلەنگەن بىر پېئىل زادى قانچە خىل شەكىلدە بولىدۇ؟ ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر پېئىلنىڭ شەخس بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى زادى قانچە خىل؟ بۇ مەسىلە ئۇزۇندىن بۇيان ھەل قىلىنماي كەلدى. بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۇزۇن يىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بىزنىڭ كەلتۈرگەن خۇلاسىمىز: نەزەرىيە جەھەتتە بىر پېئىل بەلكىم ئون مىڭ خىلغا يېقىن تۈرلىنەلىشى مۇمكىن (قاراڭ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتېتىك تۈرلىنىش سىستېمىسى»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى) ئەنئەنىۋى گىرامماتىكا بويىچە قارىغاندا، شەخسلىك پېئىللار، پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايى شەخسلىك شەكلى، پېئىللارنىڭ شەرت رايى شەخسلىك شەكلى ۋە پېئىللارنىڭ بايان رايى شەخسلىك شەكلىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. ئالدىنقى ئىككى خىل شەخسلىك پېئىلنىڭ شەكلىنى ئېنىقلاش قىيىن ئەمەس، بىراق ئۈچىنچى خىل شەخسلىك پېئىللارنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئېنىقلاش تا ھازىرغا قەدەر تىلشۇناسلىق ساھەسىدە ھەل بولغىنى يوق. بۇلارنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، بىز ئۇزۇن يىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، زامانىۋى كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىنىڭ ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، بۇ خىل شەخسلىك پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش سىستېمىسىنى فورمىلاشتۇرۇپ چىقتۇق. تۆۋەندە ئايرىم ھالدا مۇشۇ ئۈچ خىل شەخسلىك پېئىلنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى ئۈستىدە تەتقىقات نەتىجىلىرىمىزنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنماقچى.

### 1) پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايى شەخسلىك شەكلى

ئەدەبىي تىلىمىزدا پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايى شەخسلىك شەكلىنىڭ فورمىسى:

«پېئىل ئۆزىكى+ پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايى شەخس قوشۇمچىسى» بولىدۇ.

پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايى شەخس قوشۇمچىسى، بىرىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك، ئىككىنچى شەخس بىرلىك (ئاددىي شەكلى، ھۆرمەت شەكلى ۋە سىپايە شەكلىدىن ئىبارەت) ۋە كۆپلۈك (ئاددىي شەكلى ۋە ھۆرمەت شەكلىدىن ئىبارەت)، ئۈچىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈكتىن ئىبارەت جەمئىي سەككىز خىل بولىدۇ. مەسىلەن: كېتەي، كېتەيلى؛ كەت، كېتىڭ، كەتسىلە؛ كېتىڭلار، كېتىڭىزلار؛ كەتسۇن.

(1) پېئىللارنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك بۇيرۇق رايى شەكلى

ئەدەبىي تىلىمىزدا پېئىللارنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك بۇيرۇق رايى شەكلى، پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى « ـ ي\اي\ەي» نى قوشۇش، بولۇشسىز شەكلىدە پېئىل ئۆزىكىگە « ـ ماي\مەي» نى قوشۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن: باراي، كۆرەي، ئىشلەي؛ بارماي، كۆرمەي ... دېگەندەك. تۇرپان، قومۇللاردىمۇ ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش بولىدۇ، بىراق جەنۇبىي رايونلارنىڭ بەزىلىرىدە بۇ قوشۇمچىلارنىڭ بەزى ۋارىيانتلىرى مەۋجۇت.

كەلپىندە، پېئىللارنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك بۇيرۇق رايىنىڭ بولۇشلۇق شەكلى: پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى « ـ ئىي\ئاي\ئۇي\ي\ئۈي\ئەي» نى قوشۇش، بولۇشسىز شەكلى: پېئىل ئۆزىكىگە « ـ ماي\مىي» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن:
▷ كۆرۈي (كۆرەي)، ئالاي (ئالاي)، قوشۇي (قوشاي)، ئۇزۇي (ئۇزەي)، بىرىي (بېرەي)، دىي (دەي) ...
▷ ئالماي (ئالماي)، قوشماي (قوشماي)، كۆ:مىي (كۆرمەي)، بە:مىي (بەرمەي)، دىمىي (دېمەي)، ئۇزمىي (ئۇزمەي) ...
قومۇلدا پېئىللارنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك بۇيرۇق رايىنىڭ بولۇشلۇق شەكلى: پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى « - اي\ىي\ي» نى قوشۇش، بولۇشسىز شەكلى: پېئىل ئۆزىكىگە « - ماي\مىي» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن:
▷ ئالاي (ئالاي)، قوشاي (قوشاي)، كۆرىي (كۆرەي)، ئۇزىي (ئۇزەي)، بىرىي (بېرەي)، دىي (دەي) ...
▷ ئا:ماي (ئالماي)، قوشماي (قوشماي)، كۆ:مىي (كۆرمەي)، ئۇزمىي (ئۇزمەي)، بە:مىي (بەرمەي)، دىمىي (دېمەي) ...
خوتەن، يەكەنلەردە، پېئىللارنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك بۇيرۇق رايىنىڭ بولۇشلۇق شەكلى: پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى « - اي\ىي\ۇي\ي» نى قوشۇش، بولۇشسىز شەكلى: پېئىل ئۆزىكىگە « - ماي\مىي» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن:
▷ ئالاي (ئالاي)، قوشاي (قوشاي)، كۆرۈي\كۆيۈي (كۆرەي)، ئۇزۇي (ئۇزەي)، بىيىي (بېرەي)، دىي (دەي)، ئىشلىي (ئىشلەي) ...
▷ ئالماي (ئالماي)، قوشماي (قوشماي)، كۆ:مىي (كۆرمەي)، ئۇزمىي (ئۇزمەي)، بە:مىي (بەرمەي)، دىمىي (دېمەي) ...
لوپنوردا پېئىللارنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك بۇيرۇق رايىنىڭ بولۇشلۇق شەكلى: پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى « - ي\ئاي\ئَاي\ئەي\ئوي\ئۆي» نى قوشۇش، بولۇشسىز شەكلى: پېئىل ئۆزىكىگە « - مەي\ماي\موي\مۆي» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن:
▷ ئالاي (ئالاي)، ماڭَاي (ماڭاي)، قوشوي (قوشاي)، كۆرۆي (كۆرەي)، ئۇزۆي (ئۇزەي)، بېرەي (بېرەي)، دەي (دەي) ...
▷ ئالماي (ئالماي)، ماڭماي (ماڭماي)، قوشموي (قوشماي)، كۆرمۆي (كۆرمەي)، ئۇزمۆي (ئۇزمەي)، بە:مەي (بەرمەي)، دىمەي (دېمەي) ...
(2) پېئىللارنىڭ بىرىنچى شەخس كۆپلۈك بۇيرۇق راي شەكلى
ئەدەبىي تىلىمىزدا پېئىللارنىڭ بىرىنچى شەخس كۆپلۈك بۇيرۇق راي شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى « - يلى\ايلى\ەيلى» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، بولۇشسىز شەكلىدە « - مايلى\مەيلى» نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: بارايلى، كۆرەيلى، ئىشلەيلى؛ بارمايلى، كۆرمەيلى ... دېگەندەك. لېكىن:
نىيەدە پېئىللارنىڭ بىرىنچى شەخس كۆپلۈك بۇيرۇق رايىنىڭ بولۇشلۇق شەكلى: پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى « - يلىڭ\ۇلىڭ\ۇلاڭ\ىلىڭ» نى قوشۇش ئارقىلىق، بولۇشسىز شەكلى « - مايلىڭ\مىيلىڭ» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق

شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئالىلىڭ (ئالايلى)، قوشۇلىڭ (قوشايلى)، كۆرۈلىڭ (كۆرەيلى)، ئۇزۇلىڭ (ئۇزەيلى)، بىرلىڭ (بېرەيلى)، دەيلىڭ (دەيلى) ...

▷ ئالمايلىڭ (ئالمايلى)، قوشمايلىڭ (قوشمايلى)، كۆ:مىيلىڭ (كۆرمەيلى)، ئۇزمىيلىڭ (ئۇزمەيلى)، بە:مىيلىڭ (بەرمەيلى)، دىمىيلىڭ (دېمەيلى) ...

كەلپىندە پېئىللارنىڭ بىرىنچى شەخس كۆپلۈك بۇيرۇق رايىنىڭ بولۇشلۇق شەكلى: پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى « ـ اينى\اينىڭ\ەينى\ەينىڭ\ينى\ينىڭ» نى قوشۇش ئارقىلىق، بولۇشسىز شەكلى « ـ ماينى\ماينىڭ\مىينى\مىينىڭ» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئالاينى\ئالاينىڭ (ئالايلى)، قوشاينى\قوشاينىڭ (قوشايلى)، كۆرەينى\كۆرەينىڭ (كۆرەيلى)، ئۇزۇنى\ئۇزۇنىڭ (ئۇزەيلى)، بىرنى\بىرنىڭ (بېرەيلى)، دەينى\دەينىڭ (دەيلى) ...

▷ ئالماينى\ئالماينىڭ (ئالمايلى)، قوشماينى \قوشماينىڭ (قوشمايلى)، كۆ:مىينى\ كۆمىينىڭ (كۆرمەيلى)، ئۇزمىينى \ئۇزمىينىڭ (ئۇزمەيلى)، بە:مىينى \بە:مىينىڭ (بەرمەيلى)، دىمىينى \دىمىينىڭ (دېمەيلى) ...

قومۇلدا پېئىللارنىڭ بىرىنچى شەخس كۆپلۈك بۇيرۇق رايىنىڭ بولۇشلۇق شەكلى: پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى « ـ ئاينى\ئاينىڭ\ينى\يني\ئىينى\ئىينىڭ» نى قوشۇش ئارقىلىق، بولۇشسىز شەكلى « ـ ماينى\ماينىڭ\مىينى\مىينىڭ» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئالاينى\ئالاينىڭ (ئالايلى)، قوشاينى\قوشاينىڭ (قوشايلى)، كۆرىينى\كۆرىينىڭ (كۆرەيلى)، ئۇزەينى\ئۇزەينىڭ (ئۇزەيلى)، بىرىينى\بىرىينىڭ (بېرەيلى)، دىينى\دىينىڭ (دەيلى)، باراينىڭ \باراينى (بارايلى) ...

▷ ئا:ماينى\ئا:ماينىڭ (ئالمايلى)، قوشماينى\قوشماينىڭ (قوشمايلى)، كۆ:مىينى \ كۆمىينىڭ (كۆرمەيلى)، ئۇزمىينى\ئۇزمىينىڭ (ئۇزمەيلى)، بە:مىينى\بە:مىينىڭ (بەرمەيلى)، دىمىينى\دىمىينىڭ (دېمەيلى) ...

خوتەن گۇمىدا پېئىللارنىڭ بىرىنچى شەخس كۆپلۈك بۇيرۇق رايىنىڭ بولۇشلۇق شەكلى: پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى « ـ يلى\لى\ئۇلى\ئۇلى» نى قوشۇش ئارقىلىق، بولۇشسىز شەكلى « ـ مايلى\مىيلى» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئاللى (ئالايلى)، قوشۇلى (قوشايلى)، كۆرۈلى\كۈيۈلى (كۆرەيلى)، ئۇزۇلى (ئۇزەيلى)، بىرلى\بىيلى (بېرەيلى)، دىيلى (دەيلى) ...

▷ ئالمايلى (ئالمايلى)، قوشمايلى (قوشمايلى)، كۆ:مىيلى (كۆرمەيلى)، ئۇزمىيلى (ئۇزمەيلى)، بە:مىيلى (بەرمەيلى)، دىمىيلى (دېمەيلى) ...

يەكەندە پېئىللارنىڭ بىرىنچى شەخس كۆپلۈك بۇيرۇق رايىنىڭ بولۇشلۇق شەكلى: پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى « ـ يلى\لى» نى قوشۇش ئارقىلىق، بولۇشسىز شەكلى « ـ مىيلى» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئاللى (ئالايلى)، قوشلى (قوشايلى)، كۆيلى (كۆرەيلى)، ئۇزلى (ئۇزەيلى)،



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىرلى (بېرەيلى)، دىيلى (دەيلى) ...

◁ ئا:مىيلى (ئالمايلى)، قوشمىيلى (قوشمايلى)، كۆ:مىيلى (كۆرمەيلى)، ئۈزمىيلى (ئۈزمەيلى)، بە:مىيلى (بەرمەيلى)، دىمىيلى (دېمەيلى) ...

لوپنوردا پېئىللارنىڭ بىرىنچى شەخس كۆپلۈك بۇيرۇق رايىنىڭ بولۇشلۇق شەكلى: پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى «-ئۈلۈ\ئۇلۇ\يلى\ئالى\ئەلى\يلۇ\يلۈ» نى قوشۇش ئارقىلىق، بولۇشسىز شەكلى «-مايلى\مەيلى\مۆيلۈ\مويلۇ» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن:

◁ ئالالى (ئالايلى)، ئىزىزەپ باقالى (ئىزدەپ باقايلى)، قوشويلۇ (قوشايلى)، كۆرۆيلۈ (كۆرەيلى)، ئۈزۆيلۈ (ئۈزەيلى)، بېرەلى (بېرەيلى)، دىيلى (دەيلى) ...

◁ ئالمايلى (ئالمايلى)، قوشمويلۇ (قوشمايلى)، كۆ:مۆيلۈ (كۆرمەيلى)، ئۈزمۆيلۈ (ئۈزمەيلى)، بە:مەيلى (بەرمەيلى)، دىمەيلى (دېمەيلى) ...

قەشقەردە پېئىللارنىڭ بىرىنچى شەخس كۆپلۈك بۇيرۇق رايىنىڭ بولۇشلۇق شەكلى: پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى «-ينى\ەينى\اينى\ىنى\لى\يلىك» نى قوشۇش ئارقىلىق، بولۇشسىز شەكلى «-ماينى\مەينى» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن:

◁ ئالاينى\ئالىنى\ئالىلىك (ئالايلى)، قوشاينى\قوشىنى\قوشىلىك (قوشايلى)، كۆرەينى\كۆرىنى\كۆرىلىك (كۆرەيلى)، ئۈزەينى\ئۈزىنى\ئۈزىلىك (ئۈزەيلى)، بىرەينى\بىرىنى\بىرىلىك (بېرەيلى)، دەينى\دەيلىك (دەيلى) ...

◁ ئامماينى (ئالمايلى)، قوشماينى (قوشمايلى)، كۆ:مەينى (كۆرمەيلى)، ئۈزمەينى (ئۈزمەيلى)، بە:مەينى (بەرمەيلى)، دىمەينى (دېمەيلى) ...

(3) پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس بىرلىك بۇيرۇق رايىنىڭ ئاددىي شەكلى

ئەدەبىي تىلىمىزدا، پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس بىرلىك بۇيرۇق رايىنىڭ ئاددىي شەكلى، قوشۇمچىسىز كېلىدۇ. مەسىلەن: بار، كۆر، ئىشلە؛ بارما، كۆرمە، ئىشلىمە ... دېگەندەك. ھەرقايسى شېۋىلەردە بۇ خىل شەكىل ئاساسەن ئەدەبىي تىل بىلەن ئوخشاش. لېكىن لوپنور، تۇرپان، قومۇل، خوتەن قاتارلىق جايلاردا بۇنداق تۈرلەنگەن سۆزلەرنىڭ كەينىگە دائىم «-غىن\قىن\گىن\كىن\گۈن\كۈن\قۇن\غۇن» قوشۇمچىلىرى، غۇلجىدا «-رە\ئارە\ئەرە» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

◁ كۆ:گۈن (كۆرگىن)، ئا:غىن (ئالغىن)، بە:گىن (بەرگىن)، ئۈزگۈن (ئۈزگىن)، قوشقۇن (قوشقىن)، كۆ:مىگىن (كۆرمىگىن)، ئا:مىغىن (ئالمىغىن) ... (تۇرپانلاردا)

◁ يەرە (يە)، قىلارە (قىل)، ئىچەرە (ئىچ) ... (غۇلجىدا)

(4) پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس بىرلىك بۇيرۇق رايىنىڭ ھۆرمەت شەكلى

ئەدەبىي تىلىمىزدا پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس بىرلىك بۇيرۇق رايىنىڭ ھۆرمەت شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى «-ڭ\ۇڭ\ىڭ\ۈڭ» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، بولۇشسىز شەكلىدە «-ماڭ\مەڭ» نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: بېرىڭ، كۆرۈڭ، ئىشلەڭ؛ بارماڭ، كۆرمەڭ ... دېگەندەك. بەزى دىيالېكت-شېۋىلەردە ئۆزگىچە.

خوتەن، يەكەنلەردە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى بۇزۇلغانلىق سەۋەبى بۇ

قوشۇمچىلارنىڭ يەنە «ـ اڭ\ەڭ» ۋارىيانتى بار. مەسىلەن:

▷ ئىلىڭ\ئالىڭ\ئي:ڭ(ئېلىڭ)، كىتىڭ (كېتىڭ)، كۇرەڭ(كۆرۈڭ)، قۇشاڭ (قوشۇڭ)، بايىڭ\بىرىڭ\بىيىڭ (بېرىڭ)، ئۇزۇڭ (ئۈزۈڭ)، چالىڭ\چاڭ\چىپىڭ (چېلىڭ)...

لوپنوردا پېئىل ئۆزىكىگە «ـ ئۆڭ\ۇڭ\ۈڭ\ڭ\ىڭ؛ ڭىز» ياكى «مۇڭ\مۈڭ\مۇڭ مەڭ\ماڭ» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

▷ تۆلۆڭ (تۆلەڭ)، يۇڭ (يۇيۇڭ)، ئاچىڭ (ئېچىڭ)، كۆرۈڭ (كۆرۈڭ)، قويۇڭ (قويۇڭ)، ئاڭلاڭىز (ئاڭلاڭ)، چاغلاڭىز (چاغلاڭ)، بەرمەڭ (بەرمەڭ)، تۆكمۆڭ (تۆكمەڭ) قويموڭ (قويماڭ) ...

(5) پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس بىرلىك بۇيرۇق رايىنىڭ سىپايە شەكلى

ئەدەبىي تىلىمىزدا پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس بىرلىك بۇيرۇق رايىنىڭ سىپايە تۈرى پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى «ـ سىلا\سىلە» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، بولۇشسىز شەكلىدە پېئىل ئۆزىكىگە «ـ مىسىلا\مىسىلە» نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن، بارسىلا، كۆرسىلە، ئىشلىسىلە؛ بارمىسىلا، كۆرمىسىلە . دېگەندەك. لېكىن، بەزى دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ئۆزگىچىلىكلەر بار.

قەشقەر قاتارلىق بەزى جايلاردا پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس بىرلىك بۇيرۇق رايىنىڭ سىپايە تۈرى پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى «ـ سىلا\سىلە\سىلىرى قوشۇمچىسىنى قوشۇش، بولۇشسىز شەكلى «ـ مىسىلا\مىسىلە\مىسىلىرى قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ كۆ:سىلە\كۆ:سىلىرى (كۆرسىلە)، ئا:سىلا\ئا:سىلىرى (ئالسىلا)، بە:سىلە\بە:سىلىرى (بەرسىلە)، دېسىلە\دېسىلىرى (دېسىلە)، كۆ:مىسىلە\كۆ:مىسىلىرى (كۆرمىسىلە)، ئا:مىسىلا ئا:مىسىلىرى (ئالمىسىلا)، بە:مىسىلە\بە:مىسىلىرى (بەرمىسىلە) ...

قومۇلدا پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس بىرلىك بۇيرۇق رايىنىڭ سىپايە تۈرى پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى «ـ ئا\تە\سىلا\سىلە» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ با:ستا\با:سىلا (بارسىلا)، كۆستە\كۆ:سىلە (كۆرسىلە)، ئاستا\ئاسىلا (ئالسىلا) بە:ستە\بە:سىلە (بەرسىلە) ...

خوتەن گۇمىدا شەخس قوشۇمچىسى «ـ سىلا\سىلە» دىكى «لا\لە» قىسقىراپ، پېئىل ئۆزىكىگە «سا\سە» لا قوشۇلۇپ شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ با:سا (بارسىلا)، كە:سە (كەلسىلە)، ئا:سا (ئالسىلا)، بە:سە (بەرسىلە) ...

(6) پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك بۇيرۇق راي شەكلى

ئەدەبىي تىلىمىزدا پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك بۇيرۇق راي شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى «ـ ڭلار\ىڭلار\ۇڭلار» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، هۆرمەت شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى «ـ ڭىزلار\ىڭىزلار\ۇڭىزلار» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈزۈلىدۇ. بولۇشسىز شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە «



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ماڭلار\مەڭلار» ياكى « ـ مڭىزلار» نى قوشۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن: بېرىڭلار، كۆرۈڭلار، ئىشلەڭلار؛ بارماڭلار، كۆرمەڭلار، ئىشلىمەڭلار. بېرىڭىزلار، كۆرۈڭىزلار، ئىشلىڭىزلار؛ بارمىڭىزلار، كۆرمىڭىزلار، ئىشلىمىڭىزلار ... دېگەندەك. لېكىن، بۇنىڭدىمۇ دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ئوخشىماسلىقلار بار.

تۇرپان، قومۇللاردا پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك بۇيرۇق راي شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى « ـ ڭلە\ڭلا\ىڭلا\ۇڭلا\ۇڭلە» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، ھۆرمەت شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى « ـ ڭىزلا\ىڭزلا\ۇڭىزلە\ۇڭىزلا\ڭىزلە\ىڭىزلە» نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئېلىڭلا (ئېلىڭلار)، ئوقۇڭلا (ئوقۇڭلار)، كۆرۈڭلە (كۆرۈڭلار)، دەڭلە (دەڭلار)، توسۇڭىزلا (توسۇڭىزلار)، كۆرۈڭىزلە (كۆرۈڭىزلار)، قويۇڭىزلا (قويۇڭىزلار)، ئۈزۈڭىزلە (ئۈزۈڭىزلار)، دەڭىزلە (دەڭىزلار) ...

پىچان لۈكچۈندە بۇ قوشۇمچىلارنىڭ تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى كۆرۈلمەي، پەقەت تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق شەكلىلا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ يانىڭلە (يېنىڭلار)، ئالىڭلە (ئېلىڭلار)، كۆرۈڭلە (كۆرۈڭلار)، ئوقۇڭلە (ئوقۇڭلار)، يانىڭىزلە (يېنىڭىزلار)، ئالىڭىزلە (ئېلىڭىزلار)، كۆرۈڭىزلە (كۆرۈڭىزلار)...

كەلپىندە پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك بۇيرۇق راي شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى « ـ ڭلە\ىڭلە\اڭلە\ەڭلە» قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى ۋە كەينى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى يوق ھەم ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك رايىنىڭ ھۆرمەت شەكلىمۇ يوق. مەسىلەن:

▷ ئاڭلاڭلە (ئاڭلاڭلار)، ئېلىڭلە (ئېلىڭلار)، قالاڭلە (قاراڭلار)، كېلىڭلە (كېلىڭلار)، قوشاڭلە (قوشۇڭلار)، كۆرەڭلە (كۆرۈڭلار) ...

لوپنوردا پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك بۇيرۇق راي شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى « ـ ڭلە\ڭلا\ۇڭلا\ىڭلا\ىڭلە» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شەكىللىنىدۇ، ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك رايىنىڭ ھۆرمەت شەكلى يوق. مەسىلەن:

▷ بېرىڭلە (بېرىڭلار)، كۆرۈڭلە (كۆرۈڭلار)، ئالىڭلا (ئېلىڭلار)، ئوقۇڭلا (ئوقۇڭلار)، دەڭلە (دەڭلار) ...

خوتەندە، پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك بۇيرۇق راي شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى « ـ ڭلى\ىڭلى\ۇڭلى\ەڭلى\اڭلى» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شەكىللىنىدۇ، بۇنىڭدا لەۋ ئاھاڭداشلىقى بۇزۇلغان ھەم ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك رايىنىڭ ھۆرمەت شەكلىمۇ يوق. مەسىلەن:

▷ ئې:ڭلى (ئېلىڭلار)، ئوقاڭلى (ئوقۇڭلار)، كۆرەڭلى (كۆرۈڭلار)، دەڭلى (دەڭلار)، توساڭلى (توسۇڭلار)، قوياڭلى (قويۇڭلار)، تۇتۇڭلى (تۇتۇڭلار) ...

(7) پېئىللارنىڭ ئۈچىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك بۇيرۇق راي شەكلى

ئەدەبىي تىلىمىزدا پېئىللارنىڭ ئۈچىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك بۇيرۇق راي شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە شەخس قوشۇمچىسى « ـ سۇن» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن

بولۇشسىز شەكلىدە «- مىسۇن» نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن: بارسۇن، كۆرسۇن، ئىشلىسۇن؛ بارمىسۇن، كۆرمىسۇن، ئىشلىمىسۇن ... دېگەندەك. لېكىن، بۇنىڭمۇ دىيالېكت - شېۋىلەردە بەزى ئوخشىماسلىقلار بار.

خوتەن، قومۇل، پىچان لۈكچۈنلەردە، بۇ قوشۇمچىنىڭ يەنە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى «- سۈن\مىسۈن» قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئا:سۈن (ئالسۇن)، كەسسۈن (كەتسۇن)، سو:سۈن\سورۇسۈن (سورىسۇن)، كۆ:سۈن (كۆرسۇن)، كە:سۈن (كەلسۇن)، كە:مىسۈن (كەلمىسۇن)، كۆ:مىسۈن (كۆرمىسۇن) ... (خوتەن)

▷ ئا:سۈن (ئالسۇن)، كەسسۈن (كەتسۇن)، سورۇسۈن (سورىسۇن)، كۆ:سۈن (كۆرسۇن) ... (پىچان لۈكچۈن، قومۇل)

لوپنوردا خوتەنگە ئوخشاش بۇ قوشۇمچىنىڭ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى «- سۈن\مىسۈن» قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، لوپنوردا باشقا جايلاردىن ھەم ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكى، پېئىللارنىڭ ئۈچىنچى شەخس بۇيرۇق رايىنىڭ بىرلىك شەكلىلا ئەمەس، يەنە كۆپلۈك شەكلى «- سۈنلار\سۈنلەر» مۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئالسۈن(ئالسۇن)، بەرسۈن(بەرسۇن)، كۆرسۈن(كۆرسۇن)، ئاسسۈن(ئاچسۇن)، ئولور ئالسۈنلار(ئۇلار ئالسۇن)، ئولور كۆرسۈنلەر(ئۇلار كۆرسۇن)، ئولور ئاسسۈنلار(ئۇلار ئاچسۇن)، ئولور سۆززۆسۈنلەر(ئۇلار سۆزلىسۇن)...

تۇرپاندا پېئىللارنىڭ ئۈچىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك بۇيرۇق راي قوشۇمچىسى ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش، بىراق بۇ خىل ئۈچىنچى شەخس شەكلى دائىم ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىنىدىغان چوڭلارغا ياكى ئۆيدىكى چوڭ ئەر كىشىلەرگە، ئايالنىڭ ئۆز ئېرىغا قاتارلىقلارغا ئىككىنچى شەخس ھۆرمەت ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ دادا، غىزادىن ئا:سۇن ! (دادا، تاماقتىن ئېلىڭ !)

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى، پېئىللارنىڭ بۇيرۇق راي شەخسلىك شەكلىنىڭ ئۆزىكىدە، پېئىللارنىڭ دەرىجە، بولۇشلۇق - بولۇشسىز ۋە تۈس كاتېگورىيەلىرى ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇ كاتېگورىيەلەر پېئىلنىڭ ئۆزىكىدە كۆرۈلىدىغان كاتېگورىيەلەردۇر. مەسىلەن:

▷ كۆرسەتسۇن <كۆر (پېئىل يىلتىزى)+ سەت (مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى)+ سۇن (بۇيرۇق راي ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى)؛

▷ ياسالمىسۇن <ياسا (پېئىل يىلتىزى)+ ل (مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىسى)+ مى (بولۇشسىز قوشۇمچىسى)+ سۇن (بۇيرۇق راي ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى)؛

▷ كۆرۈۋېرەيلى <كۆر (پېئىل يىلتىزى)+ ئۈەر (چەكلىمىسىز تۈس قوشۇمچىسى)+ ەيلى (بۇيرۇق راي بىرىنچى شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىسى)؛

▷ ئالدۇرۇڭ <ئال (پېئىل يىلتىزى)+ دۇر (مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى)+ ۇڭ (بۇيرۇق راي ئىككىنچى شەخس بىرلىك ھۆرمەت شەكلىنىڭ قوشۇمچىسى) ... دېگەندەك.

**2) پېئىللارنىڭ شەرت راي شەخسلىك شەكلى**

ئەدەبىي تىلىمىزدا پېئىللارنىڭ شەرت راي شەخسلىك شەكلىنىڭ فورمىسى:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

«پېئىل ئۆزىكى+ پېئىللارنىڭ شەرت راي قوشۇمچىسى+ پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىسى» بولىدۇ.

### پېئىللارنىڭ شەرت راي قوشۇمچىلىرى

پېئىللارنىڭ شەرت راي قوشۇمچىلىرى ئىككى يۈرۈش بولىدۇ، يەنى « ـ سا\سە» ۋە « ـ غاي\قاي\گەي\كەي». بۇ قوشۇمچىلارنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ئازدۇر ـ كۆپتۇر ۋارىيانتلىرى بار.

لوپنوردا پېئىللارنىڭ بىرىنچى تۈردىكى شەرت راي قوشۇمچىسى « ـ سا\سە» نىڭ يەنە «ـ سۇ\سۈ» ۋارىيانتى بار. لوپنوردا يەنە پېئىللارنىڭ ئىككىنچى تۈردىكى شەرت راي قوشۇمچىسى «غاي\قاي\گەي\كەي\قوي\غوي\كۆي\گۆي\ڭاي\ڭەي» دىن ئىبارەت. بۇ تۈردىكى شەرت راي شەكلىنىڭ ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسىنىڭمۇ بىرلىك ۋە كۆپلۈك دەپ ئىككى خىل قوشۇمچىسى بولۇپ، كۆپلۈك قوشۇمچىسى « ـ لا :\لە:» دىن ئىبارەت. مەسىلەن:

▷ با:غاي (بارغاي)، قويغوي (قويغاي)، تاپقاي (تاپقاي)، دېگەي (دېگەي)، كۆرگۆي (كۆرگەي)، ماڭڭاي (ماڭغاي)، يەڭڭەي (يەڭگەي)؛ ئۇ بەرگەي، ئۇلور بە:گەيلە: (ئۇ\ئۇلار بەرگەي)، ئۇ بارغاي، ئۇلور با:غايلا: (ئۇ\ئۇلار بارغاي)...

بەزى جايلاردا پېئىللارنىڭ ئىككىنچى تۈردىكى شەرت راي قوشۇمچىسى « ـ غاي\قاي \ گەي\كەي» تەركىبىدىكى «ئا\ئە» تاۋۇشى «ئى» غا ئاجىزلىشىپ، « ـ غىي\قىي\گىي\كىي» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

▷ با:غىيا (باغايلا)، كە:گىيا (كەلگەيچۇ) ... دېگەندەك.

قومۇل، تۇرپان شېۋىسىدە پېئىللارنىڭ ئىككىنچى تۈردىكى شەرت راي قوشۇمچىسى « ـ غاي\قاي\گەي\كەي» تەركىبىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشى بۇ خىل قوشۇمچىنىڭ كەينىگە شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا «ئى» غا ئاجىزلىشىپ، « ـ غىي\قىي\گىي\كىي» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئۇ با:غاي (بارغاي)، با:غىيمەن (بارغايمەن)، كە:گىيسەن (كەلگەيسەن)، كەتكىيمەن (كەتكەيمەن)، تۇتقىيمەن (تۇتقايمەن)، كە:گىي (ئۇ\ئۇلار كەلگەي) ... دېگەندەك.

### 3) پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى

پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى پېئىللارنىڭ شەرت راي شەخسلىك شەكلى ۋە بايان راي شەخسلىك شەكلىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان قىسمى. شەخس قوشۇمچىلىرى ئىككى يۈرۈش بولىدۇ.

(1) ئەدەبىي تىلدىكى پېئىللارنىڭ بىرىنچى يۈرۈش شەخس قوشۇمچىلىرى

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىمىزدا پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى مۇئەييەن قانۇنىيەت بويىچە پېئىللارنىڭ شەرت قوشۇمچىلىرى ياكى باغلامچى سۆزلەرنىڭ، ياكى شەخسسىز پېئىللارنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ، پېئىللارنىڭ شەرت راي شەخسلىك شەكىللىرى ۋە بايان راي شەخسلىك شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

پېئىللارنىڭ بىرىنچى يۈرۈش شەخس قوشۇمچىلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى « ـ م»، بىرىنچى شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىسى « ـ ق\ك»؛

ئىككىنچى شەخس بىرلىك ئاددىي شەكلىنىڭ قوشۇمچىسى « ـ ڭ»، ئىككىنچى شەخس بىرلىك ھۆرمەت شەكلىنىڭ قوشۇمچىسى « ـ ڭىز »، ئىككىنچى شەخس بىرلىك سىپايە شەكلىنىڭ قوشۇمچىسى « ـ لا\لە»؛ ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك ئاددىي شەكلىنىڭ قوشۇمچىسى « ـ ڭلار»، ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك سىپايە شەكلىنىڭ قوشۇمچىسى « ـ ڭىزلار»؛ ئۈچىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلى قوشۇمچىسىز بولۇپ، جەمئىي ئۈچ خىل شەخستە سەككىز خىل قوشۇمچە بولىدۇ.

تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ:

| ئۈچ خىل شەخس | بىرىنچى يۈرۈش شەخس قوشۇمچىلىرى | | |
|---|---|---|---|
| بىرىنچى شەخس | بىرلىك | | ـ م |
| | كۆپلۈك | | ق \ ك |
| ئىككىنچى شەخس | بىرلىك | ئاددىي | ـ ڭ |
| | | ھۆرمەت | ـ ڭىز |
| | | سىپايە | ـ لا \ لە |
| | كۆپلۈك | ئاددىي | ـ ڭلار |
| | | ھۆرمەت | ـ ڭىزلار |
| ئۈچىنچى شەخس | بىرلىك | | (ـ ى) |
| | كۆپلۈك | | |

پېئىللارنىڭ بىرىنچى يۈرۈش شەخس قوشۇمچىلىرى پېئىللارنىڭ شەرت راي شەخسلىك شەكلىنى ھاسىل قىلىشتا، پەقەت «سا\سە» دىن تۈزۈلگەن شەرت راي قوشۇمچىلىرىنىڭ كەينىگىلا قوشۇلۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

◁ بارسام، كۆرسەم، بارساق، كۆرسەك؛ بارساڭ، كۆرسەڭ، بارسىڭىز، كۆرسىڭىز، بارسىلا، كۆرسىلە؛ بارساڭلار، كۆرسەڭلار، بارسىڭىزلار، كۆرسىڭىزلار؛ بارسا، كۆرسە ... دېگەندەك.

پېئىللارنىڭ بىرىنچى يۈرۈش شەخس قوشۇمچىلىرى بەزى دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ۋارىيانتلىق بولىدۇ.

لوپنوردا بىرىنچى يۈرۈش شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك ئاددىي شەكلى « ـ ڭلار\ڭلەر\ۋڭلور\ۋڭلۆر» دىن ئىبارەت. مەسىلەن:

◁ با:ساڭلا (بارساڭلار)، كەلسەڭلە (كەلسەڭلار)، قويسوڭلو (قويساڭلار)، كۆرسۆڭلۆ (كۆرسەڭلار) ...

پېئىللارنىڭ ئۈچىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەرت راي قوشۇمچىسى ئەدەبىي تىلدا پەقەت بىرلا خىل قوشۇمچە « ـ سا\سە» بىلەن ئىپادىلەنسە، لوپنوردا ئايرىم ـ ئايرىم ئىپادىلىنىدۇ، بىرلىك قوشۇمچىسى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش، بىراق كۆپلۈك قوشۇمچىسى « ـ سالا\سەلە\سولۇ\سۆلۆ» دىن ئىبارەت. مەسىلەن:

◁ ئۇ بارسا، ئۇلور بارسالا (ئۇ\ئۇلار بارسا)، ئۇ قويسا، ئۇلور قويسولو (ئۇ\ئۇلار قويسا)، ئۇ كەلسە، ئۇلور كەلسەلە (ئۇ\ئۇلار كەلسە)، ئۇ كۆرسە، ئۇلور كۆرسۆلۆ (ئۇلار كۆرسە) ...

(2) ئەدەبىي تىلدىكى پېئىللارنىڭ ئىككىنچى يۈرۈش شەخس قوشۇمچىلىرى

پېئىللارنىڭ ئىككىنچى يۇرۇش شەخس قوشۇمچىلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى «- مەن\يمەن»، بىرىنچى شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىسى «- مىز\يمىز»؛ ئىككىنچى شەخس بىرلىك ئاددىي شەكلىنىڭ قوشۇمچىسى «- سەن\يسەن»، ئىككىنچى شەخس بىرلىك هۆرمەت شەكلىنىڭ قوشۇمچىسى «- سىز\يسىز»، ئىككىنچى شەخس بىرلىك سىپايە شەكلىنىڭ قوشۇمچىسى «- لا»؛ ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك ئاددىي شەكلىنىڭ قوشۇمچىسى «- سىلەر\يسىلەر»، ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك سىپايە شەكلىنىڭ قوشۇمچىسى «- سىزلەر\يسىزلەر»؛ ئۈچىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلى قوشۇمچىسىز بولۇپ، جەمئىي ئۈچ خىل شەخستە سەككىز خىل قوشۇمچىدىن ئىبارەت.

تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ:

| ئۈچ خىل شەخس | | | ئىككىنچى يۇرۇش شەخس قوشۇمچىلىرى |
|---|---|---|---|
| بىرىنچى شەخس | بىرلىك | | - يمەن\مەن |
| | كۆپلۈك | | - يمىز\مىز |
| ئىككىنچى شەخس | بىرلىك | ئاددىي | - يسەن\سەن |
| | | هۆرمەت | - يسىز\سىز |
| | | سىپايە | - (دى) لا |
| | كۆپلۈك | ئاددىي | - يسىلەر\سىلەر |
| | | هۆرمەت | - يسىزلەر\سىزلەر |
| ئۈچىنچى شەخس | بىرلىك | | (- ىدۇ\يدۇ) |
| | كۆپلۈك | | |

پېئىللارنىڭ ئىككىنچى يۇرۇش شەخس قوشۇمچىلىرى پېئىللارنىڭ شەرت راي شەخسلىك شەكلىنى هاسىل قىلىشتا، پەقەت «- غاي\قاي\گەي\كەي» دىن تۈزۈلگەن شەرت راي قوشۇمچىلىرىنىڭ كەينىگىلا قوشۇلۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

◁ بارغايمەن، كۆرگەيمەن، بارغايمىز، كۆرگەيمىز؛ بارغايسەن، كۆرگەيسەن، بارغايسىز، كۆرگەيسىز، بارغايلا، كۆرگەيلا، بارغايسىلەر، كۆرگەيسىلەر، بارغايسىزلەر، كۆرگەيسىزلەر؛ بارغاي، كۆرگەي ... دېگەندەك.

پېئىللارنىڭ ئۆزلىكىگە يۇقىرىقىدەك ئىككى يۇرۇش شەرت راي قوشۇمچىلىرى ۋە پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلسا، ئاندىن پېئىللارنىڭ شەرت راي شەخسلىك شەكلى هاسىل بولىدۇ.

بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغىنى، پېئىل ئۆزلىكىگە «- غۇلۇق\گۇلۇك\كۇلۇك\قۇلۇق» قوشۇمچىسى قوشۇلغان زۆرۈرىيەت شەكلى. ئەسلىدە پېئىللارنىڭ بۇ خىل زۆرۈرىيەت شەكىللىرى ئەدەبىي تىلدا ۋە بەزى شېۋىلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ، بىراق ئاساسەن شەخس بىلەن تۈرلەنمەيدۇ. خوتەن بىلەن لوپنور دىيالېكتىنىڭ بىر ئورتاقلىقى شۇكى، هەر ئىككى دىيالېكتتا پېئىلنىڭ بۇ خىل زۆرۈرىيەت شەكلى شەخس بىلەن تۈرلىنىپلا قالماي (لوپنوردا يەنە «- ڭۇلۇق\ڭۇلۇك» قوشۇمچىسىمۇ بار)، ئۇلارنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسىمۇ باشقا جايلاردىكىگە ئوخشىمايدۇ: بۇ خىل شەكىلدە تۈرلەنگەن پېئىللار خوتەن دىيالېكتىدا زۆرۈرىيەت رايى مەنىسىنى بىلدۈرسە، لوپنوردا مەلۇم

هەربكەتنىڭ ئىزچىل ئىكەنلىكىنى، ئادەتكە ئايلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئاتاڭىزغا خات يازىپ تۇرغۇلۇقسىز؟ (ئاتىڭىزغا خەت يېزىپ تۇرۇۋاتقانسى (لوپنوردا)

▷ قولۇمدۇن يۇلۇپ ئالماغۇلۇقسەن؟ (قولۇمدىن يولۇپ ئالمىغانسەن) (لوپنوردا)

▷ شۇ چاققاچە نېمىنېگې ساقايماغۇلۇقسىز؟ (نېمىشقا ساقايمايدىغانسىز) (لوپنور

▷ شۇ دىۋەڭگىمۇ شۇ گەپنى دىگۇلۇكمۇ؟ (خوتەن)

▷ مەندىن ئا:تقان ئا:غۇلۇقۇڭنى ئال. (مەندىن ئالىدىغان ئالغۇلۇقۇڭنى ئـ (خوتەن)

▷ لازىم بو:غاندىكى ئېۋا:غۇلۇقتى. (ئېلىۋېلىش كېرەك ئىدى) (خوتەن)

## 1.7.3 پېئىللارنىڭ بايان راي شەخسلىك شەكلى

ئەدەبىي تىلىمىزدا پېئىللارنىڭ بايان راي شەخسلىك شەكلى ئاساسەن «پېئىلنى ئۆزىكى + پېئىللارنىڭ تۇرغۇن سۆز قوشۇمچىسى (شەخسسىز پېئىللارنىڭ قوشۇمچىسى) باغلامچى سۆز + پېئىلنىڭ شەخس قوشۇمچىسى» دىن ئىبارەت تۆت قىسىمنى ئـ ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. مەسىلەن:

▷ بارغانىكەنمەن (بار+ غان+ ئىكەن + مەن)، بارغانىدىم (بار+ غان+ ئىدى + كېتىۋاتقۇدەكمەن (كېتىۋات + قۇ+ دەك+ مەن)، كېتىپتىمەن (كەت + ىپ + تۇ مەن) ... دېگەندەك.

پېئىللارنىڭ بايان راي شەخسلىك شەكلىنىڭ تۆپكى قىسمى پېئىل ئۆزىكى. يۇقىر بىز پېئىل ئۆزەكلىرى ئىچىدە كۆرۈلۈش ئىمكانىيىتى بولغان: پېئىللارنىڭ دەر كاتېگورىيەسى، پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق ـ بولۇشسىزلىق كاتېگورىيەسى، پېئىللارن زامان كاتېگورىيەسى ۋە پېئىللارنىڭ سىنتېتىك تۈس كاتېگورىيەسى ئۈستىد توختالغانىدۇق. تۆۋەندە بىز پېئىللارنىڭ بايان راي شەخسلىك شەكلىنىڭ پېئ ئۆزىكىدىن باشقا قىسىملىرى ئۈستىدە، بىر ـ بىرلەپ توختىلىمىز ھەم ئۇلارنى دىيالېكت شېۋىلەر بىلەن سېلىشتۇرىمىز.

### 1) شەخسسىز پېئىللار

ئەنئەنىۋى گىراماتىكا بويىچە قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلدا پېئىللار شەخسلىك شەخسسىز پېئىل دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. شەخسلىك پېئىللار يۇقىرىدا تىل ئالغىنىمىزدەك پېئىللارنىڭ بۇيرۇق راي شەخسلىك شەكلى، شەرت راي شەخسلىك شەك ھەم بايان راي شەخسلىك شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەخسسىز پېئىللار بولسا پېئىل ئۆزىكىگە شەخسسىز پېئىللارنىڭ قوشۇمچىلىرى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. شەخسسىز پېئىللار يەنە پېئىللارنىڭ تۇرغۇن س شەكلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، پېئىللارنىڭ شەخسسىز شەكىللـ پېئىللارنىڭ راي قوشۇمچىسى، شەخس ـ سان قوشۇلمىغان شەكىللىرىد شۇڭا، «شەخسسىز پېئىل» دەپ ئاتالغان.

ئەدەبىي تىلىمىزدا شەخسسىز پېئىللار تۆت خىل بولىدۇ، بۇلار ئىسىمدا



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سۇپەتداش، رەۋىشداش ھەم مەقسەت پېئىلدىن ئىبارەت. بۇ تۆت خىل شەخسسىز پېئىلنىڭ ھەربىرى يەنە ئۇششاق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ، ھەربىرىنىڭ قوشۇمچىلىرى ئوخشىمايدۇ. دىيالېكت ــ شېۋىلەردە شەخسسىز پېئىللارنىڭ قوشۇمچىلىرى، ئەدەبىي تىلدىكىدىن ئازدۇر ــ كۆپتۇر پەرقلىنىدۇ.

(1) ئىسىمداشلار

ئىسىمداش ــ شەخسسىز پېئىللارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ ئىسىمنىڭ بەزى خاراكتېرلىرىگە ئىگە بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. ئەدەبىي تىلدا ئىسىمداشلار ئادەتتە بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ، بۇلاردىن «ماق\مەك» شەكىللىك ئىسىمداشتىن باشقىلىرىنىڭ قوشۇمچىلىرى يەرلىك شېۋىلەردە ئۆزگىچە بولىدۇ.

① «ماق» لىق ئىسىمداش

بۇ خىل ئىسىمداش ئەدەبىي تىلدا پېئىل ئۆزىكىگە « ـ ماق\مەك» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شەكىللىنىدۇ. بىراق، بۇ خىل ئىسىمداشلار تولىراق لۇغەتلەرگە كىرگۈزۈلگەن پېئىلنىڭ شەكىللىرىدە قوللىنىلىدۇ، شۇنىڭدەك پېئىل ئۆزىكىگە بۇ خىل ئىسىمداشلارنىڭ قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان شەخسلىك پېئىللار كۆپىنچە يېزىق تىلدا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ كەچ كۈز مەزگىلى، مەن ئۇرۇمچىنىڭ كوچىلىرىدا كېتىۋاتاتتىمەن ...

▷ ۋەتىنىمىز گۈللەنمەكتە ... دېگەندەك. شۇڭا، بۇ خىل ئىسىمداشلار يەرلىك شېۋىلەردە ئانچە قوللىنىلمايدۇ.

② « ـ ش» لىق ئىسىمداش

بۇ خىل ئىسىمداش ئەدەبىي تىلدا پېئىل ئۆزىكىگە « ـ ش\ىش\ۇش\ۈش» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شەكىللىنىدۇ. بىراق، خوتەن، قەشقەر، ئاتۇش، كەلپىن قاتارلىق جايلاردا لەۋ ئاھاڭداشلىقى بۇزۇلغان سەۋەبىدىن ئەدەبىي تىلدىكى قوشۇمچىلاردىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ « ـ اش\ەش» ۋارىيانتلىرىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ كۆرەش (كۆرۈش)، بولاش (بولۇش)، ئوقۇش (ئوقۇش)، ئۇرۇش (ئۇرۇش)، كۈتۈش (كۈتۈش)، كېتىش (كېتىش) ...

③ « ـ غۇ» لۇق ئىسىمداش

بۇ خىل ئىسىمداش ئەدەبىي تىلدا پېئىل ئۆزىكىگە « ـ غۇ\قۇ\گۇ\كۇ» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شەكىللىنىدۇ. بىراق، خوتەن، قەشقەر، ئاتۇش، كەلپىن قاتارلىق جايلاردا ئەدەبىي تىلدىكى قوشۇمچىلاردىن باشقا يەنە ئۇنىڭ « ـ غى\قى\گى\كى» ۋارىيانتلىرىمۇ قوللىنىلىدۇ. لوپنور دىيالېكتىدا بۇلاردىن باشقا يەنە « ـ ڭۇ\ڭۈ» ۋارىيانتىمۇ بار. مەسىلەن:

▷ با:غىم با: (بارغۇم بار)، كۆ:گىم با: (كۆرگۈم بار)، كۆرەشكىم با: (كۆرۈشكۈم بار)، بو:غىم با: (بولغۇم بار)، ئوقۇغىم با: (ئوقۇغۇم بار)... (قەشقەر)

▷ با:غىم با: (بارغۇم بار)، كۆ:گۇم با: (كۆرگۈم بار)، كۆرۈشكۇم با: (كۆرۈشكۈم بار)، تۇتقۇم با: (تۇتقۇم بار)، ئۇرغۇم با: (ئۇرغۇم بار)، باققىم با: (باققۇم بار)، كەتكىم با: (كەتكۈم بار) ... (تۇرپان، غۇلجا)

◁ ماڭغۇم با: (ماڭغۇم بار)، يەڭگۇم با: (يەڭگۇم بار)، بەرگۇم با: (بەرگۇم بار).
(لوپنور)

بەزى تەتقىقاتچىلار پېئىل ئۆزىكىگە ئالدى بىلەن پېئىللارنىڭ زامان قوشۇمچىسـ «ـ ۋات\ىۋات\ۇۋات» ياكى «غىلىۋات\قىلىۋات\كىلىۋات\گىلىۋات» قوشۇمچىلىر قوشۇلۇپ، ئاندىن ئىسىمداش قوشۇمچىسى «قۇ» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شەكىللەنگە شەكىللەرنىمۇ ئىسىمداش شەكىللىرىنىڭ تۈرلىرى دەپ ئايرىيدۇ. مەسىلەن كۆرۈۋاتقۇدەك، كېتىۋاتقۇدەكمىز، كۆرگىلىۋاتقۇدەك، كەتكىلىۋاتقۇدەك ... دېگەندەك. بـ كىتابتا پېئىللارنىڭ بايان راي شەخسلىك شەكىللىرى ئۈستىدە توختالغىنىمىزد پېئىللارنىڭ قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن، بۇ خـ شەكىللەرنىڭ قوشۇمچىلىرىنى زامان قوشۇمچىلىرى ۋە ئىسىمداش قوشۇمچىلىرى، دە ئىككىگە بۆلۈۋەتتۇق.

بۇ خىل شەكىللەر خوتەن، قەشقەر، ئاتۇش، كەلپىن قاتارلىق جايلاردا لـ ئاھاڭداشلىقى بۇزۇلغان سەۋەبتىن «ـ ەۋاتقى\اۋاتقى\ۇۋاتقى\ۋاتقى\ۈۋاتقى\ىۋاتقى شەكىللىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. تۇرپان، قومۇل، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا پەقەت «ـ ۋاتقى ىۋاتقى\ۇۋاتقى\ۈۋاتقى» دېگەن شەكىللەردىلا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

◁ كۆرەۋاتقىدەك (كۆرۈۋاتقۇدەك)، بولاۋاتقىدەك (بولۇۋاتقۇدەك)، تۇتۇۋاتقىدە (تۇتۇۋاتقۇدەك)، كۈتۈۋاتقىدەك (كۈتۈۋاتقۇدەك) ... (قەشقەرلەردە)

◁ كۆرۈۋاتقىدەك (كۆرۈۋاتقۇدەك)، بولۇۋاتقىدەك (بولۇۋاتقۇدەك)، تۇتۇۋاتقىدە (تۇتۇۋاتقۇدەك)، ئىشلەۋاتقىدەك (ئىشلەۋاتقۇدەك) ... (تۇرپانلاردا)

(2) سۈپەتداشلار

سۈپەتداشلار ــ شەخسسىز پېئىللارنىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ سۈپەتنىڭ بەز خاراكتېرلىرىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. ئەدەبىي تىلدا سۈپەتداشلارمـ ئادەتتە ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ، ئۇلارنىڭ قوشۇمچىلىرىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلەر ۋارىيانتلىرى مەۋجۇت.

① «ـ ر\ار\ەر» سۈپەتداشلىرى

بۇ خىل سۈپەتداشلار ئەدەبىي تىلدا پېئىل ئۆزىكىگە «ـ ر\ار\ەر» قوشۇمچىلىرىنىـ قوشۇلۇشى بىلەن شەكىللىنىدۇ. خوتەن، قەشقەر، ئاتۇش، كەلپىن قاتارلىق جايلاردا بـ خىل سۈپەتداشنىڭ قوشۇمچىلىرى ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش، پەقەت «ر» تاۋۇشـ چۈشۈپ قالىدۇ. لېكىن، تۇرپان، غۇلجا، بورتالا قاتارلىق جايلاردا بۇ قوشۇمچە «ـ ۇر\ر شەكىلدە (تۇرپاندا «ر» تاۋۇشى تىل ئۈچى كەينى تاۋۇش [ɹ]، يەنى تىل قايرىلما تاۋۇش ئوقۇلىدۇ)، قومۇل شېۋىسىدە «ـ ار\ەر\ر\ۇر\ۆر» شەكىلدە، لوپنوردا «ـ ر\ۇر\ۆر\ور ۆر» شەكىلدە قوللىنىلىدۇ. باشقا جايلاردا ئاساسەن ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش كېلىدۇ. مەسىلەن:

◁ بارۇر (بارار)، كېلۇر (كېلەر)، ئوقۇر (ئوقۇر)، كۆرۈر (كۆرەر)، قويۇر (قويار چىقۇر (چىقار)، كىرۇر (كىرەر) ... (بورتالا)

◁ بارۇر (بارار)، كېتۇر (كېتەر)، ئالۇر (ئالار)، ئىشلەر (ئىشلەر)، ئالدۇرۇ

(ئالدۇرار) ... (تۇرپان)

◁ بارا: (بارار)، كىلە: (كېلەر)، ئوقۇر (ئوقۇر)، كۆرۈر (كۆرەر)، قويۇر (قويار)، چىقا: (چىقار)، كىرە: (كىرەر) ... (قومۇل)

◁ بارا (بارار)، كۆرە (كۆرەر)، كېلە (كېلەر)، ئۇقا (ئۇقار)، تۇرا\چۇيا (تۇرار) ... (قەشقەر، خوتەن، كەلپىن، ئاتۇش)

◁ بارۇر (بارار)، كېلۇر (كېلەر)، قويۇر (قويار)، كۆرۈر (كۆرەر) ... (لوپنور)

◁ تېشە: (تېشەر)، تاپا: (تاپار)، بىرە: (بېرەر)، كۇرە: (كۆرەر)، كىلە:سىزمۇ (كېلەرسىزمۇ) ... (ئاقسۇ)

② «ـ دىغان» لىق سۈپەتداش

بۇ خىل سۈپەتداشلار ئەدەبىي تىلدا پېئىل ئۆزىكىگە «ـ يدىغان\يدىغان» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شەكىللىنىدۇ. بىراق، خوتەن، كەلپىن قاتارلىق جايلاردا بۇ قوشۇمچىلار «ـ تقان\يتقان\يۇتقان» شەكىلدە، ئاقسۇ قارىتال، دولان شىۋىسى، مەكىت قاتارلىق شېۋىلەردە «ـ تىخان\يتىخان\ۇتىخان\ۇتىخان» شەكىلدە، لوپنوردا «ـ دۇغان\تۇغان» شەكىلدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

◁ كۈيتقان\كۇرتقان (كۆرىدىغان)، بايتقان\بارتقان (بارىدىغان)، بولتقان (بولىدىغان)، كېتقان\كېلتقان (كېلىدىغان)، بىلقانلىيىم\بىلتقانلىيىم (بىلىدىغانلىرىم)، ئاڭلىيتقان (ئاڭلايدىغان)، ئولتۇيۇتقان\ئولتۇيقان (ئولتۇرىدىغان)، ۋايقانتۇ\ۋايقانتا\ۋايتقانتۇ (بارىدىغاندۇ) ... (خوتەن، كەلپىن، يەكەن)

◁ بارتىخان (بارىدىغان)، كېتتىخان (كېتىدىغان)، كۆرۈتىخان (كۆرىدىغان)، تۇتۇتىخان (تۇتىدىغان) ... (ئاقسۇ قارىتال)

◁ ئېڭغا بارتىخان ئادەم يوق. (ئۇ ياققا بارىدىغان ئادەم يوق) (مەكىت)

◁ بارادۇغان\باراتۇغان (بارىدىغان)، كېتەدۇغان\كېتەتۇغان (كېتىدىغان) ... (لوپنور)

③ «ـ غان» لىق سۈپەتداش

بۇ خىل سۈپەتداشلار ئەدەبىي تىلدا پېئىل ئۆزىكىگە «ـ غان\قان\گەن\كەن» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شەكىللىنىدۇ. بىراق، لوپنوردا بۇ قوشۇمچىلار «ـ غان\قان\گەن\كەن\غون\قون\گۆن\كۆن\ڭان\ڭەن» شەكىللەردە كېلىدۇ، بەزىدە تېخى ئۆلارنىڭ كەينىدىن «ـ داقى\دەكى» ئۇلىنىپ كېلىپ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچلىق رول ئۆتەيدۇ. باشقا جايلاردا ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش. مەسىلەن:

◁ قويغون (قويغان)، ماڭڭان (ماڭغان)، سوققون (سوققان)، ئۆتكۆن (ئۆتكەن)، يەڭڭەن (يەڭگەن) ...

◁ كەيگەندەكى (كىيگەن) ئۆتۈكتەرىم تەشلىپ ...

◁ قوينۇڭ تولۇپ ئاققانداقى ياشىڭڭا (ئاققان يىشىڭغا) ...

تەكىتلەيدىغىنىمىز، ئەنئەنىۋى گىرامماتىكىدا پېئىل ئۆزىكىگە ئالدى بىلەن پېئىللارنىڭ زامان قوشۇمچىسى «ـ ۋات\ىۋات\ۇۋات\ۈۋات» ياكى «ـ غىلىۋات\قىلىۋات\ كىلىۋات\گىلىۋات» قوشۇلۇپ، ئاندىن سۈپەتداش قوشۇمچىسى «ـ قان» قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان «ـ ۋاتقان\ىۋاتقان\ۇۋاتقان\ۈۋاتقان» ياكى «ـ غىلىۋاتقان\قىلىۋاتقان\كىلىۋاتقان\

گىلىۋاتقان» شەكىللىرىنى، مەسىلەن، كېلىۋاتقان، كېتىۋاتقان، كۆرۈۋاتقان، كەلگىلىۋاتقان، كەتكىلىۋاتقان، ئالغىلىۋاتقان، ياتقىلىۋاتقان ... دېگەندەك شەكىللەرنى، «هازىرقى زامان سۈپەتداش» شەكىللىرىنىڭ تۈرلىرى دەپ قارىغان. بىراق، بۇ كىتابتا پېئىللارنىڭ بايان راي شەخسلىك شەكىللىرى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، پېئىللارنىڭ قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن، بۇ خىل شەكىللەرنىڭ قوشۇمچىلىرىنىمۇ زامان قوشۇمچىلىرى ۋە سۈپەتداش قوشۇمچىلىرى، دەپ ئىككىگە بۆلۈۋەتتۇق.

بۇ خىل قوشۇمچىلار خوتەن، قەشقەر، ئاتۇش، كەلپىن قاتارلىق جايلاردا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاهاڭداشلىقى بۇزۇلغانلىق سەۋەبىدىن، « ـ ۋاتقان\ىۋاتقان\ۇۋاتقان\ەۋاتقان\اۋاتقان» بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، باشقا جايلاردا ئاساسەن ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش.

▷ كۆرەۋاتقان (كۆرۈۋاتقان)، كېتىۋاتقان (كېتىۋاتقان)، بولاۋاتقان (بولۇۋاتقان)، كۇتۇۋاتقان (كۇتۇۋاتقان)... (قەشقەر، كەلپىن، ئاتۇش)

خوتەندە ئومۇمەن تەركىبىدە « ـ ۋات» بولغان پېئىل شەكىللىرى « ـ يات» شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

▷ كېلىياتقاندىكىن (كېلىۋاتقاندىن كېيىن)، كېلىياتقىدەي (كېلىۋاتقۇدەك)، كېلىياسسا (كېلىۋاتسا) ...

④ « ـ غۇلۇق» سۈپەتداش

خوتەن ۋە لوپنوردا « ـ غۇلۇق\قۇلۇق\گۇلۇك\كۇلۇك» قوشۇمچىسى بىلەن ئاياغلاشقان زۆرۈرىيەت پېئىلى دەپ ئاتىلىدىغان سۈپەتداش شەكلى بار ھەمدە ئۇلارنىڭ كەينىگە ئوخشاشلا پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كېلىپ، دائىم بولىدىغان ياكى زۆرۈر بولغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

▷ نېمېنىگە زېرىكمەگۇلۇكسەن؟ (نېمىگە زېرىكەتتىڭ؟) (لوپنور)

▷ ئۆيۈڭدۈن كىشى كېلىپ تۇرغۇلۇقتۇر؟ (ئۆيۈڭدىن ئادەم كېلىپ تۇرىدىغاندۇ؟) (لوپنور)

▷ قىزۋالا دىگەن كە:مىگۇلۇكتى بىيە:گە. (قىز بالا دېگەن بۇ يەرگە كەلمەسلىكى كېرەك ئىدى) (خوتەن)

▷ تانغاق ئىدەمگە قەز ۋەمىگۇلۇكتى. (گېپىدىن تېنىۋالىدىغان ئادەمگە قەرز بەرمەسلىك كېرەك ئىدى) (خوتەن)

⑤ « ـ لىغ» لىق سۈپەتداش

بۇ خوتەن، يەكەن قاتارلىق جايلاردا « ـ غ\ىغ\ۇغ\گ\ىگ\ەگ\ۇگ» بىلەن ئاياغلاشقان سۈپەتلەرنىڭ كەينىگە يەنە « ـ لىغ\لۇغ\لىگ\لۇگ\لۇغ\لۇق\لۇك» (بولۇشلۇق شەكلى ياكى « ـ سىز» (بولۇشسىز شەكلى) قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ھاسىل بولىدىغان بىر خىل سۈپەتداش شەكلى بولۇپ، بۇنداق سۈپەتداشلار جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. بۇ خىل ھادىسە باشقا جايلاردا يوق دېيەرلىك. مەسىلەن:

▷ قوتانغا كىشىپ قالىسام قويلىيىم بوغۇزلاغلىغ تۇيىتتۇ. (يەكەن)

▷ ئۇ تېخى مو يە:گە كۆنەگلىگ ئەمەس. (كۆنەگسىز) (ئۇ تېخى بۇ يەرگە كۆنۈپ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىتەلمىگەن) (يەكەن)
◁ ئۆيگە كە:سەم ئاش ئىتىگلىگكەن. (يەكەن)
◁ مەن ئۇقۇغلۇغ گەپىيا بۇ. (مەن بىلىدىغان گەپقۇ بۇ) (خوتەن)
◁ ئاتقا قالىسا بۇغۇزلاپ قويىاغلىغ. (ئاتقا قارىسا بوغۇزلاپ قويۇلغان) (خوتەن)
◁ ئۇنىڭ هايىۋىسى قوشاغسىز. (ئۇنىڭ هارۋىسى قوشۇقلۇق ئەمەس) (خوتەن)
◁ ئىشتىسەم قاغىلىغدىن تونۇگەن كىگلىگمىش. (ئاڭلىسام قاغىلىقتىن تونۇگۇن كەلگەنمىش)
⑥ «-غاق» لىق سۈپەتداش
خوتەن، يەكەنلەردە يەنە «-غاق\قاق\گەك\كەك» بىلەن ئاياغلاشقان سۈپەتلەر بولۇپ، رولى سۈپەتداش بىلەن ئوخشاش كېلىدۇ. مەسىلەن:
◁ ئە كىش دىگەن ئاندا يانغاق بومىمىغۇلۇق. (ئەر كىشى دېگەن ئۇنداق گەپ ياندۇرمايدىغان) (يەكەن)
◁ تانغاق ئىدەم (گېپىدە تۇرمايدىغان تېنىۋالىدىغان ئادەم) (يەكەن)
◁ مەمتاخۇننىڭ كالىسى بەك ئۈسكەكمىش. (يەكەن)
◁ پۇقۇسلىغاق بالا (پۇقۇسلايدىغان بالا)، ئاچچىغى كە:گەك ئىدەم (ئاچچىقى ئاسان كېلىدىغان ئادەم)، گەپ ئاڭلىمىغاق ئىدەم (گەپ ئاڭلىمايدىغان ئادەم) ... (يەكەن)
◁ يامانلىغاق، قېيىدىغاق بالىكەن. (يامانلايدىغان، قېيىدايدىغان بالىكەن) (خوتەن)
◁ مەن ئانداغ كىشىنىڭ هەقىنى يېمىگەك. (مەن كىشىنىڭ هەققىنى يەيدىغان ئۇنداق ئادەم ئەمەس) (خوتەن)
خوتەندە پېئىللارنىڭ ئاددىي ئۆتكەن زامان شەخسلىك شەكلى بەزىدە جۈملىدە سۈپەتداشنىڭ رولىدا كېلىپ قالىدۇ. مەسىلەن:
◁ قالدى گەپنى كىيىن قىلشۋاللى. (قالغان گەپنى كېيىن قىلىشۋالايلى)
◁ قالدىلا: قا:غاچ تو:سۇن، با:لا: بايلى. (قالىدىغانلار قالغاچ تۇرسۇن، بارلار بارايلى)
قومۇلدا «-غان\قان» قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان سۈپەتداشلار بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى قىلىش ئادەتكە ئايلانغانلىقىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
◁ ياما ياتاغا نىمكە بۇ. (يېتىشقا ئامراق نېمكەن بۇ\دائىم ياتىدىغان نېمكەن بۇ)
خوتەندە پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-ڭغۇ\ئاڭغۇ\ڭگۇ\ئەڭگۇ» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ياسالغان سۈپەتداشلار كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:
◁ كىشگە كىلىشەڭگۇ (كىشى بىلەن كېلىشىدىغان) ئابدان ئەدەمكەن.
◁ بىي قۇلىقى كىسىۋاتاڭغۇكەن (كېسىۋېتىلگەن ئىكەن) بۇ ئىشتىنىڭ.
◁ ئۇ ئىشتنى ئە يە:دە كۆ:دەم، ئاغزىدا بىي سۆڭەك چىشلەڭگۇ (چىشلەپ تۇرىدۇ)، سوكۇلداپ كىتىپپايتۇ ئاشڭغا (ئاياققا).
◁ مىنىڭ چاپىنىم يىتلاڭغۇ (يىرتىلغان) ئەمەس.
(3) رەۋىشداشلار
رەۋىشداش — شەخسسىز پېئىللارنىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ رەۋىشلەرنىڭ بەزى خاراكتېرلىرىگە ئىگە بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. ئەدەبىي تىلدا رەۋىشداشلار ئادەتتە يەتتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ، بۇلار ئىچىدە «-غاچقا\قاچقا\گەچكە\كەچكە» قوشۇمچىلىرى ۋە

«ـ غانسىرى\قانسىرى\كەنسىرى\گەنسىرى» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ياسالغان ئىككى خىل رەۋىشداشتىن باشقىلىرىدا، دىيالېكت ـ شېۋىلەردە بەزى ئۆزگىچىلىكلەر بار.

① «ـ پ» لىق رەۋىشداش

ئەدەبىي تىلدىكى «ـ پ\ىپ\ۇپ\ۈپ» بىلەن ئاياغلاشقان رەۋىشداشلارنىڭ قوشۇمچىلىرى خوتەن، قەشقەر، ئاتۇش، كەلپىن ۋە بورتالا قاتارلىق جايلاردا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى بۇزۇلغانلىق سەۋەبىدىن، «ـ اپ\ەپ\پ\ىپ\ۇپ\ۈپ» بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ كۆرەپ\كۆيەپ (كۆرۈپ)، قوناپ (قونۇپ)، ئۇقۇپ (ئۇقۇپ)، كىتىپ (كېتىپ)، تۇتۇپ (تۇتۇپ)، ئۇتكۇزەپ (ئۆتكۈزۈپ)، كۇچۇرەپ (كۆچۈرۈپ)...

بۇ خىل شەكىلدىكى رەۋىشداشقا ياردەمچى پېئىللار قوشۇلسا، تۇرپان، غۇلجا، قومۇل قاتارلىق جايلاردا رەۋىشداشتىكى «پ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ، بىراق جەنۇبىي رايونلاردا بۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | غۇلجا، تۇرپانلاردا |
|---|---|
| دەپ قوي | دەقوي\داقوي |
| كىرىپ قالدى | كىرقالدى |
| تۇرۇپ قالدى | تۇرۇقالدى |
| قويۇپ بەر | قويۇپە: |
| ئاغرىپ قاپتۇ | ئاغرىقاپتۇ\ئا:رىقەپتۇ |
| چۈشۈپ كەتمە | چۈشكەتمە |
| ئۆلۈپ كەتكەن | ئۆلۈكەتكەن |
| ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ | ئۆتۈكېتىپبېرىپ |
| چىقىپ كەتتى | چىككەتتى |
| قويۇپ قويۇپ | قوقويۇپ |
| قويۇپ قويدى | قوقويدى ... |

بۇ خىل رەۋىشداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئەدەبىي تىلدا پېئىل ئۆزىكىگە «ـ ماي\مەي» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلىدۇ. لېكىن، پىچان لۈكچۈن ۋە قومۇللاردا «ـ ماي\مىي» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن:

▷ كۆرمىي (كۆرمەي)، با:ماي (بارماي)، كەتمىي (كەتمەي)، ئوقۇماي (ئوقۇماي) ... يەنە تەكىتلەيدىغىنىمىز، پېئىل ئۆزىكىگە ئالدى بىلەن پېئىللارنىڭ زامان قوشۇمچىسى «ـ ۋات\ىۋات\ۇۋات\ۈۋات» ياكى «ـ غىلىۋات\قىلىۋات\كىلىۋات\گىلىۋات» لار قوشۇلۇپ، ئاندىن رەۋىشداش قوشۇمچىسى «ـ پ\ىپ\ۇپ\ۈپ» قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان «ـ ۋېتىپ\ىۋېتىپ\ۇۋېتىپ\ۈۋېتىپ» ياكى «ـ غىلىۋېتىپ\قىلىۋېتىپ\كىلىۋېتىپ\گىلىۋېتىپ» شەكىللىرىنى، مەسىلەن كېلىۋېتىپ، كېتىۋېتىپ، كۆرۈۋېتىپ، كەلگىلىۋېتىپ، كەتكىلىۋېتىپ، ئالغىلىۋېتىپ، ياتقىلىۋېتىپ ... دېگەندەك شەكىللەرنى، ئەنئەنىۋى گىرامماتىكىدا «ھازىرقى زامان رەۋىشداش» شەكىللىرىنىڭ تۈرلىرى دەپ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قارىغان. بىراق، بۇ كىتابتا پېئىللارنىڭ بايان راي شەخسلىك شەكىللىرى ئۇستىدە توختالغىنىمىزدا، پېئىللارنىڭ قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن، بۇ خىل شەكىللەرنىڭ قوشۇمچىلىرىنىمۇ زامان قوشۇمچىلىرى ۋە رەۋىشداش قوشۇمچىلىرى، دەپ ئىككىگە بۆلۈۋەتتۇق.

② «ـ غىلى» لىق رەۋىشداش

ئەدەبىي تىلدىكى «ـ غىلى\قىلى\گىلى\كىلى» بىلەن ئىپادىلىنىدىغان رەۋىشداشلارنىڭ قوشۇمچىسى قەشقەر، ئاتۇش، كېرىيەلەردە «ـ غىنى\قىنى\گىنى\كىنى» بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، لوپنوردا بولسا «ـ غالى\قالى\گەلى\كەلى\غولۇ\قولۇ\گۆلۈ\كۆلۈ» بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، باشقا جايلاردا ئاساسەن ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش. مەسىلەن:

▷ كۆگىنى (كۆرگىلى)، با:غىنى (بارغىلى)، كەتكىنى (كەتكىلى)، تۇتقىنى (تۇتقىلى) ... (قەشقەر)

▷ ئۇلا: كە:گىنى ئۇش كۈن بولدى (ئۇلار كەلگىلى ئۈچ كۈن بولدى). (قەشقەر)

▷ بارغالى (بارغىلى)، كەلگەلى (كەلگىلى)، قويغولۇ (قويغىلى)، كۆرگۆلۈ (كۆرگىلى)، قاتقالى\قاتقىلى ... (لوپنور)

③ «ـ غۇچە» لىك رەۋىشداش

ئەدەبىي تىلدىكى «ـ غۇچە\قۇچە\كۈچە\گۈچە» بىلەن ئىپادىلىنىدىغان رەۋىشداشلارغا لوپنوردا شەخس قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كېلەلەيدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بولۇشسىز شەكلىدە «ن» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

▷ مېنى ياشىمغا كىرگۈچەڭدە سەنمۇ شوندوق بولوسەن.

▷ كۆنچىگە ماڭغۇچەسىدە (ماڭغۇچە) بىزگە بىر ئۇچۇراپ كەتكەي.

▷ ھازىر كېلەدىمەن، غىزاڭنى يەپ بولغۇچەڭدە.

▷ ئۆتمۆگۈنچە (ئۆتمىگۈچە)، بارماغۇنچە (بارمىغۇچە)، ئەتمەگۈنچە (ئەتمىگۈچە)، ئۆتكۈچە ... (لوپنور)

تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق نۇرغۇن جايلاردا بولسا بۇ خىل رەۋىشداشلار «ـ غىچە\قىچە\ گىچە\كىچە» قوشۇمچىسىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

▷ با:غىچە (بارغۇچە)، كۆ:گىچە (كۆرگۈچە)، كەتكىچە (كەتكۈچە)، كىرگىچە (كىرگۈچە)، ئاشقىچە (ئاشقۇچە) ... (تۇرپان)

④ «ـ ئا» لىق رەۋىشداش

ئەدەبىي تىلدىكى «ـ ئا\ئە\ي» بىلەن ئىپادىلىنىدىغان رەۋىشداشلارنىڭ قوشۇمچىسى قومۇلدا «ـ ئا\ئە\ي\ئاي\ئەي» شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

▷ قاراي ـ قاراي ماڭدىم. (قارا ـ قارا ماڭدىم)

▷ ماللا:نى باقاي ـ باقاي چىقىپتىكەندۇق. (باقا ـ باقا چىقىپتىكەندۇق)

⑤ «ـ غاچ» لىق رەۋىشداش

ئەدەبىي تىلدىكى «ـ غاچ\قاچ\گەچ\كەچ» بىلەن ئىپادىلىنىدىغان رەۋىشداشلارنىڭ قوشۇمچىسى لوپنوردا «ـ غاچ\قاچ\كەچ\گەچ\غوچ\قوچ\گۆچ\كۆچ» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ كەلگەچ (كەلگەچ)، قويغوچ (قويغاچ)، تۆلۆگۆچ (تۆلىگەچ)، كۆرگۆچ (كۆرگەچ)،

تۇتقوچ (تۇتقاچ)، كەتكەچ (كەتكەچ) ...

قەشقەردە بۇ خىل قوشۇمچىنىڭ كەينىدىكى «چ» تاۋۇشى ئاجىزلاشمايدۇ، بىراق تۇرپان، قومۇل، غۇلجىلاردا «ش» غا ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ. « ـ غاچقا\قاچقا\گەچكە\كەچكە» رەۋىشدىشىنىڭ تەركىبىدىكى «چ» تاۋۇشىمۇ شۇنداق. مەسىلەن:

▷ پاراڭلاشقاچ (پاراڭلاشقاچ)، كۆرەنگەچ (كۆرۈنگەچ)، قىلالمىغاچقا (قىلالمىغاچقا)، قا:غاچقا (قالغاچقا)، كە:گەچكە. (كەلگەچكە) ... (قەشقەر)

▷ پاراڭلاشقاش (پاراڭلاشقاچ)، كۆرۈنگەش (كۆرۈنگەچ)، قىلا:مىغاشقا (قىلالمىغاچقا)، قا:غاشقا (قالغاچقا)، كە:گەشكە (كەلگەچكە) ... (تۇرپان)

(4) مەقسەت پېئىلى

مەقسەت پېئىلى ئەدەبىي تىلدا پەقەت بىرلا خىل شەكىلدە كېلىدۇ، يەنى پېئىل ئۆزىكىگە « ـ ماقچى\مەكچى» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

نۇرغۇن جايلاردا مەقسەت پېئىلىنىڭ قوشۇمچىسىدىكى پارتىلىغۇچى «ق، ك» تاۋۇشلىرى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشقا نۆۋەتلىشىپ كېتىدۇ، مەسىلەن:

▷ كۆ:مەكچى (كۆرمەكچى)، با:ماخچى (بارماقچى)، كەتمەكچى (كەتمەكچى)، تۇ:ماخچى (تۇرماقچى) ... (قەشقەر)

▷ كۆ:مەكچى (كۆرمەكچى)، با:ماخچى (بارماقچى)، كەتمەكچى (كەتمەكچى)، تۇرماخچى (تۇرماقچى) ... (تۇرپان)

خوتەن لوپتا، كەلپىن ۋە يەكەن، لوپنورلاردا بۇ خىل شەخسسىز پېئىل « ـ چى\ئاچى\ئەچى» قوشۇمچىسى قوشۇلغان هالەتتە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

▷ بىر ئىش قىلاچى بولسوق (بىر ئىش قىلماقچى بولساق) ... (لوپنور)

▷ سەن بازا:غا باراچى بولسوڭ (بارماقچى بولساڭ)، ماڭا ئۇچۇراپ كەت. (لوپنور)

▷ سىلى باراچى بولسىلا (بارماقچى بولسىلا)، دەپ قويسىلا. (خوتەن لوپ)

▷ باراچى بولساق، كېلەچى بولسا ... (كەلپىن)

خوتەندە سۇپەتداشنىڭ « ـ ار\ەر\ر» قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان شەكلى، خوتەندە مەقسەتنى بىلدۈرۈپ، خۇددى « ـ ماقچى\مەكچى» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كەلگەن مەقسەت پېئىلىدەك رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

▷ بايا: بو:ساڭ، ماڭا دەپ قاپ كەت. (بارماقچى بولساڭ ماڭا دەپ قويۇپ كەت) (خوتەن)

▷ كۇيە: ۋوساڭ، مىنى قىچىيىپ قوي. (كۆرىدىغان بولساڭ مېنى چاقىرىپ قوي) (خوتەن)

### 2) باغلامچى سۆزلەر (پېئىللار)

باغلامچى سۆزلەر پېئىللارنىڭ بايان راي شەخسلىك شەكلىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇلار ئادەتتە جۈملىدە كۆرۈلسە، ئىگە بىلەن تۇرغۇن سۆزلەر (ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر) نى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، تۇرغۇن سۆزلەرگە خەۋەرلىك تۈس بېرىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى بەزىلەر خەۋەرلىك قوشۇمچىسىمۇ دەيدۇ. ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدا ئۇلار «تولۇقسىز پېئىل» دەپ ئاتىلىپ كەلدى. كېيىن خەمىت تۆمۈر



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەپەندى ئۇلارنى رولىغا قاراپ تېخمۇ ئىلمىي هالدا «باغلامچى» ياكى «باغلامچى پېئىل» دەپ ئاتىغان. چۈنكى، بۇ خىل سۆزلەر تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ كەينىدە كېلىپ، پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، ئىگە بىلەن شۇ تۇرغۇن سۆزلەرنى باغلاپ كەلگەچكە، «باغلامچى پېئىل» ياكى «باغلامچى» دەپ ئاتالغان.

باغلامچى سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى سۆز شەكلىدە كېلىدۇ (مەسىلەن، «ئىدى، ئىكەن» لەر)؛ بەزىلىرى قوشۇمچە شەكلىدە كېلىدۇ (مەسىلەن، « ـ دۇر\تۇر\دەك\تەك» لەر). باغلامچى سۆزلەر ئادەتتە لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلاتمايدۇ، شۇنىڭدەك جۈملىدە يەككە ـ يېگانە هالدا ئىشلىتىلمەيدۇ. پەقەت پېئىللارنىڭ ئۆزىكى ياكى شەخسسىز پېئىللار ياكى تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ كەينىدە كېلىپ، ئۇلارنى خەۋەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا هازىرچە ئېنىقلانغان سىنتېتىك شەكىلدىكى باغلامچى پېئىللار «ئىدى» (دائىم «دى» شەكلىدە كېلىدۇ)، «ئىكەن» (دائىم «كەن» شەكلىدە كېلىدۇ)، «ئىمىش» (دائىم «مىش» شەكلىدە كېلىدۇ)، «دەك، تەك» ۋە «دۇر، تۇر» (دائىم « ـ دۇ\تۇ\دى\تى\د\ت» شەكىللەردە كېلىدۇ) دىن ئىبارەت بەش خىلغا بۆلۈنىدۇ. لېكىن، بۇ باغلامچىلارنىڭ بەزىلىرى پېئىللارنىڭ تەركىبىدە ئىككى هەتتا ئۈچى قوشۇلغان شەكىلدە كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، «ئىكەن» بىلەن «ئىمىش» قوشۇلۇپ كېلىپ «ئىكەنمىش» ياكى «مىشكەن» شەكلىدە؛ «ئىمىش» بىلەن «دەك» قوشۇلۇپ «دەكمىش» شەكلىدە؛ «ـ دۇر\تۇر»، «ـ دەك\تەك» قاتارلىقلارمۇ قوشۇلۇپ كېلىپ «تۇدەك»، «تۇمىش\تىمىش»، «تىكەنمىش» دېگەندەك شەكىللەردە كېلىدۇ. مەسىلەن، كېتىپتۇدەك، كېتىپتىمىش، بارغانمىش، بارغانىكەنمىش، بارغانىكەن، بارغۇدەكمەن، بارغۇدەكمىشمەن، ... دېگەندەك.

(1) باغلامچى سۆز «ئىدى»

پېئىل ئۆزىكى ياكى شەخسسىز پېئىللار، ياكى تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ كەينىگە قوشۇلىدىغان باغلامچى سۆز «ئىدى» پېئىل ئۆزىكىگە دائىم « ـ دى\تى\دۇ\تۇ\دۇ\تۇ\د\ت» شەكىللىرىدە قوشۇلۇپ كېلىدۇ هەم ئۇنىڭ شېۋىلەردىكى ئىپادىلىنىش شەكلىدە بەزى پەرقلەر بار. مەسىلەن:

قەشقەردە باغلامچى «ئىدى» سۆزى « ـ تى\تتى» شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

▷ شۇتتى (شۇ ئىدى)، با:تتى (بار ئىدى)، كىمتتى\كىمتى (كىم ئىدى)، يوقتى\يوقتتى (يوق ئىدى)، با:متتى (بارمىدى)، بالتتى (بالا ئىدى)، كېرەكتى (كېرەك ئىدى)، بومماسمىتتى (بولماسمىدى)، ئونتى (ئون ئىدى) ...

تۇرپاندا باغلامچى «ئىدى» سۆزى « ـ دىيدى\دى\دى» شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

شۇدىيدى\شۇيىدى (شۇ ئىدى)، با:دىيدى\باردى (بار ئىدى)، كىمدىيدى\كىمىدى (كىم ئىدى)، يوغىدى\يوخدىيدى (يوق ئىدى)، با:مىدى (بارمىدى)، بالدىيدى\بالدى (بالا ئىدى)، كېرەگىدى (كېرەك ئىدى) بو:ماسمىدى (بولماسمىدى)، ئونىدى\ئونديدى (ئون ئىدى) ...

غۇلجىدا باغلامچى «ئىدى» دائىم « ـ دى» شەكلىدە، بەزىدە كەينىگە «ئىكەن» باغلامچىسى قوشۇلغان هالەتتە كېلىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئۇنىڭ ئىشى با:دىكەن. (ئۇنىڭ ئىشى بار ئىدى)

▷ دادام هازىر يوقدى. (يوق ئىدى)

◁ قاياققا كەتتى، هازىر با:دىغۇ؟ (بار ئىدىغۇ)
◁ يېقىندى (يېقىن ئىدى)، مېنىڭدى (مېنىڭ ئىدى)، شۇدى (شۇ ئىدى)...
تەكىتلەش كېرەككى، بۇ خىل باغلىغۇچى پېئىللارنىڭ شەرت رايى شەكىللىرىنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كەلسە، شەخسلىك شەرت رايى شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:
◁ كەلسەم + ئىدىم> كەلسەمدىم، كەلسەڭ + ئىدىڭ> كەلسەڭدىڭ، كەلسەك + ئىدۇق> كەلسەكىدۇق، كەلسە + ئىدى> كەلسىدى ...
◁ بارغاي + ئىدىم> بارغايدىم، بارغاي + ئىدىڭ> بارغايدىڭ، بارغاي + ئىدۇق> بارغايدۇق، بارغاي + ئىدى> بارغايدى ...
بىراق، بەزى جايلاردا بۇنداق شەكىللەرنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئاجىزلىشىدۇ ھەم قەشقەر قاتارلىق جايلاردا باغلىغۇچى سۆز «ئىدى» نىڭ تەركىبىدىكى «د» تاۋۇشى «ت» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشسە، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئەينەن كېلىدۇ. مەسىلەن:
◁ كە:سەمتىم (كەلسەمدىم)، كە:سەڭتىڭ (كەلسەڭدىڭ)، كە:سەكتۇق\كە:سەكتۇك\كە:سەگدۇك (كەلسەكىدۇق)، كە:ستتى\كە:سىدى (كەلسىدى) ...
◁ باغىيدىم\با:غىيتتىم (بارغايدىم)، باغىيدىڭ\با:غىيتتىڭ (بارغايدىڭ)، با:غىيدۇق\باغىيتتۇق (بارغايدۇق)، با:غىيتتى\باغىيدى (بارغايدى) ... دېگەندەك.
(2) باغلامچى سۆز «دەك\ تەك»
خوتەن قاتارلىق جايلاردا باغلامچى «دەك\تەك» سۆزى «دەي\تەي» ياكى «دەگ\تەگ» شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:
◁ مەندەي ئا:غاقنى تاپامايلا. (مەندەك ئالىدىغان ئادەمنى تاپالمايدىلا)
◁ مەندەي ساتقاقنى تاپامايلا. (مەندەك ساتىدىغان ئادەمنى تاپالمايدىلا)
(3) باغلامچى سۆز «دۇر\تۇر»
باغلامچى سۆز «دۇر\تۇر» يەرلىك شېۋىلەردە ئوخشىمىغان شەكىلدە كېلىدۇ. بەزى جايلاردا پېئىللارنىڭ كەينىگە « ـ دۇر\تۇر\دۇ\تۇ\تا» لار قوشۇلۇپ بىر خىل گۇماننى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
تۇرپاندا ئەينەن كېلىدۇ، ھەتتا تەركىبىدىكى «ر» مۇ چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:
◁ سە ئىيەگە با:غاندۇرسە؟ (سەن ئۇ يەرگە بارغاندۇرسەن)
◁ ئۈيگە كىرگەن كىمدۇر؟
◁ بۇ ئۆيدە تۇرغان ئالىمتتۇر؟ (بۇ ئۆيدە تۇرغان ئابلىمتتۇر)
◁ كېلەمدىغاندۇر؟ (كېلەمدىغاندۇ) كە:مەمدىغاندۇر؟ (كەلمەمدىغاندۇ) كۆ:گەنىمدۇر؟ (كۆرۈپىمدۇ\كۆرگەنمىدۇ) كېلىدىغانمىدۇر؟ (كېلىدىغانمىدۇ) ...
خوتەننىڭ بەزى جايلىرىدا «تا» شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:
◁ كېلەمتىقانتا؟ (كېلەمدىغاندۇ)، كە:مەمتىقانتا؟ (كەلمەمدىغاندۇ)، كۆ:رەممىتا؟ (كۆرۈپىمدۇ\كۆرگەنمىدۇ)، كۆگەنمىتا؟ (كۆرگەنمىدۇ)، كېلىتقانمىتا؟ (كېلىدىغانمىدۇ) ...
خوتەن دىيالېكتىدا بۇ باغلامچىنىڭ «تۇر» شەكلى كۆپرەك قوللىنىلىدۇ ھەم قىسقارتىلىپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

◁ با:مىتۇ (بارمىدۇر)، كىمتۇ (كىمدۇر)، نىمىتۇ (نېمىدۇر)، قەيە:دىتۇ (نەدىدۇر) ... بۇ خىل ھادىسە قومۇل شېۋىسىدىمۇ بار، ئومۇمەن سوراق ئالماشلىرىنىڭ كەينىدە «دۇ» قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

◁ نەدۇ؟ (قەيەر، نە)، قەيۇزدىدۇ؟ (قاياقتا)، قەسىدۇ؟ (قايسى)، نىمىدۇ؟ (نېمە) ...

(4) باغلامچى سۆز «ئىكەن»، «ئىمىش»

بۇ باغلامچىلار دائىم « -كەن»، « -كېن»، « -مىش» شەكىللىرىدە قىسقارتىلىپ قوللىنىلىدۇ. «ئىمىش» باغلامچىسى جەنۇبتا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

يەكەن، مەكىت قاتارلىق جايلاردا باغلامچى سۆز «ئىكەن» كۆپىنچە « -كېن» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

◁ دەپتىكېن (دەپتىكەن)، چاچ ئالدۇرۇتكېن(ئالدۇرىدىكەن)، بىر بۇلاق ۋاكېن(بىر بۇلاق بار ئىكەن)...

قومۇلدا «ئىكەن» باغلامچىسى قوشۇلۇپ تۈزۈلگەن پېئىللارنىڭ ياكى سۆزلەرنىڭ سوراق شەكلىدە، سوراق ئۇلانمىسى «مۇ» كەينىگە قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

◁ با:غا:كەممۇ؟ (بارغانمىكەن)، بېرىپتىكەنمۇ؟ (بېرىپتىمىكەن)، با:كەنمۇ؟ (بارمىكەن)، شۇ كەنمۇ؟ (شۇمىكەن) ...

يەنە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، بۇ خىل باغلىغۇچى پېئىللار شەرت راي شەكىللىرىنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كەلسە، شەخسلىك شەرت راي شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

◁ كەلسەم + ئىكەن> كەلسەمىكەن، كەلسەڭ + ئىكەن> كەلسەڭىكەن، كەلسەك + ئىكەن> كەلسەكىكەن، كەلسە + ئىكەن> كەلسىكەن ...

◁ بارغاي + ئىكەنمەن> بارغايىكەنمەن، بارغاي + ئىكەنسەن> بارغايىكەنسەن، بارغاي + ئىكەنمىز> بارغايىكەنمىز، بارغاي + ئىكەن> بارغايىكەن ...

بىراق، بەزى جايلاردا بۇنداق شەكىللەرنىڭ تەركىبىدىكى باغلىغۇچى سۆز «ئىكەن» نىڭ تەركىبىدىكى «ئى» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ، بەزى جايلاردا بۇ باغلىغۇچىنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇش «ە» ئارا سوزۇق تاۋۇش «ې» غا ئاجىزلىشىدۇ (مەسىلەن، ئاتۇش، يەكەن، مەكىت قاتارلىقلاردا)، ھەم بەزى جايلاردا بۇ باغلىغۇچىنىڭ كەينىدىكى «ن» تاۋۇشىمۇ چۈشۈپ قالىدۇ (تۇرپان قاتارلىق جايلاردا). مەسىلەن:

◁ كە:سەمكە\كە:سەمكې (كەلسەمىكەن)، كە:سەڭكە\كە:سېڭكې (كەلسەڭىكەن)، كە:سەككە\كېسېككې (كەلسەكىكەن)، كە:سىكە\كېسى:كې (كەلسەئىكەن) ...

◁ باغىيكەممە\با:غىيكېممې (بارغايىكەنمەن)، باغىيكەنسە\با:غىيكېنسې (بارغايىكەنسەن)، با:غىيكەممىز\باغىيكېممىز (بارغايىكەنمىز)، با:غىيكە\باغىكې (بارغايىكەن) ... دېگەندەك.

سىنتېتىك شەكىلدىكى باغلامچىلاردىن باشقا، يەنە بەزى ئانالىتىك شەكىلدىكى باغلامچىلارمۇ بەزى جايلاردا كۆپ قوللىنىلىدۇ ۋە ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىق ھالدا قوللىنىلىدۇ.

(5) باغلامچى «بول ـ » پېئىلى

«بولماق» پېئىلى بەزىدە لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە مۇستەقىل پېئىللىق رول ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

▷ بولدى، قوي ! ئەندى ئۇنداق قىلما !

▷ بۇ ئىشنى ئەندى بولدى قىلساڭ بولمامدۇ !

بەزىدە بۇ سۆز ئىملىق قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. مەسىلەن:

▷ بولىدۇ، بۇ سۆزنى مەن ئۇنىڭغا ئېيتاي.

▷ ــ ئۇ يەرگە بارما، جۇمۇ بالام؟ ــ بولىدۇ، ئاپا.

بەزىدە بۇ سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئاجىزلىشىپ، مۇستەقىل پېئىللارنىڭ كەينىدە كېلىپ، ياردەمچى پېئىللىق رولىنى ئۆتەپ، پېئىللارنىڭ ئانالىتىك تۈس شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ، مەسىلەن:

▷ كېتىپ بولدى، يېزىپ بولدى، تۈزەپ بولدى ... دېگەندەك.

بۇ سۆز يەنە بەزىدە تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ كەينىدە كېلىپ، خۇددى يۇقىرىدىكى باغلىغۇچىلاردەك، جۈملىدە ئىگە بىلەن خەۋەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، تۇرغۇن سۆزلەرگە خەۋەرلىك تۈسىنى بېرىدۇ. مەسىلەن:

▷ بالام ئىككى ئىدى، ھازىر بەش بولدى.

▷ ئون يىل ئوقۇپ، مانا ئەندى كادىر بولدۇم.

مانا بۇ خىل باغلىغۇچى سۆزلەر دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ھەر خىل شەكىللەردە كېلىشى مۇمكىن.

خوتەندە، «بول ـ » پېئىلى تولىسى «بولا\ۋولا»، «بو:ساڭ» شەكىللىرىدە كېلىپ، گۇماننى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئۇ ھەقاچان لوپقا ماڭىنتتى ۋولا، شۇڭا ئۆندەيتقانتۇ. (ئۇ بەلكىم لوپقا ماڭىدىغاندۇر، شۇڭا ئالدىرايدىغاندۇر)

▷ ئىشككە قۇلپى سەپ قوياپ بىي يە:گە كەتكەن بو:سا، ئۆيدە يوقىدى ۋولا؟ (ئىشككە قۇلۇپ سېلىپ قويۇپ بىر ياققا كەتكەن بولسا، ئۆيدە يوقتۇر)

▷ مەن بىلمىيتمە، كە:سىمۇ كىچىگلىكىمدە كىبدى ۋولا. (مەن بىلمەيمەن، كەلسىمۇ كىچىك ۋاقتىمدا كەلگەن بولسا كېرەك)

▷ مۇشۇنداغ قىسا بولامتۇ ۋولا؟ (مۇشۇنداق قىلسا بولارمۇ)

(6) باغلامچى «چېغۋا\چاغۋا»

«چېغۋا\چاغۋا» دېگەن سۆز «چاغ» سۆزىگە «بار>ۋار>ۋا:» قوشۇلۇپ، تاۋۇش ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ شەكىللەنگەن، باغلامچىلىق رولىنى ئۆتەيدىغان سۆزدۇر. بەزىدە بۇ باغلامچىنىڭ كەينىدە يەنە «ئىكەن» سۆزىمۇ قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن.

خوتەندە «چېغۋا\چاغۋا» دېگەن باغلامچى سۆز دائىم سۆپەتداشلارنىڭ كەينىدە كېلىپ، مۆلچەر مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بەزىدە بۇ سۆزنىڭ كەينىگە باغلامچى سۆز «ئىكەن» ئۇلىنىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

▷ شۇ گۈلنىڭ ئۇرۇقى چۈپ قا:غان چېغۋىيكەن. (چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك)

▷ مۇشۇ ئىشنى ئۆزى يالغۇز قىتقان چېغۋا. (ئۆزى يالغۇز قىلىدىغان ئوخشايدۇ)

▷ ئەتە كۆچەپ كىتىتقان چېغىڭلا: ۋا:ما بۇ تۇيىقى؟ (قارىغاندا، ئەتە كۆچۈپ

كېتىدىغان ئوخشىماسلىقلار)
تۇرپان ئاستانىدىمۇ بۇ باغلامچى «چىقۋا\چىقىۋا» شەكلىدە كۆپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:
▷ ئۇ كە:گەن چىقۋا.
▷ ئۇ تۈنۈگۈن با:غان چىقۋاركە، ماڭا شۇناق دېدى. (ئۇ تۈنۈگۈن بارغان ئوخشايدۇ، ماڭا شۇنداق دېدى)
**3) پېئىللارنىڭ سوراق كاتېگورىيەسى توغرىسىدا**
پېئىللارنىڭ ئۆزىكىدىن كېيىن، يەنە بەزىدە سوراق قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كېلىدىغان ئەھۋاللارنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، «بارامدىم\بارمامدىم»، «بارامدىمەن\بارمامدىمەن» دېگەندەك. مانا بۇ سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى «م» قوشۇمچىسى پېئىللارنىڭ سوراق كاتېگورىيەسىنى ھاسىل قىلىدىغان قوشۇمچىلاردۇر. مەسىلەن:
▷ بارامدىم — بار (پېئىل ئۆزىكى)+ ئا (رەۋىشداش قوشۇمچىسى)+ م (سوراق قوشۇمچىسى)+ دى (باغلىغۇچى)+ م (بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)
▷ بارمامدىم — بار (پېئىل ئۆزىكى)+ ما (بولۇشسىز قوشۇمچىسى)+ م (سوراق قوشۇمچىسى)+ دى (باغلىغۇچى)+ م (بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)
▷ بارامدىمەن — بار (پېئىل ئۆزىكى)+ ئا (رەۋىشداش قوشۇمچىسى)+ م (سوراق قوشۇمچىسى)+ دى (باغلىغۇچى)+ مەن (بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)
▷ بارمامدىمەن — بار (پېئىل ئۆزىكى)+ ما (بولۇشسىز قوشۇمچىسى)+ م (سوراق قوشۇمچىسى)+ دى (باغلىغۇچى)+ مەن (بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) ...
پېئىللارنىڭ باشقا كاتېگورىيەلىرىگە قارىغاندا، سوراق كاتېگورىيەسىنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ خىل كاتېگورىيە بەزىدە قوشۇمچىلار ئارقىلىق ئىپادىلەنسە، بەزىدە سوراق يۈكلىمىسىنىڭ پۈتۈن پېئىلنىڭ كەينىگە قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:
▷ كۆرەمدىم؟ كۆرمەنمۇ؟ كۆرەمدىكەنمەن؟ كۆرىدىكەنمەنمۇ؟ كۆرۈۋاتامسەن؟ كۆردۈڭمۇ؟ كۆرمىزمۇ؟ كۆرگەنمىدىڭ؟ ... دېگەندەك.
ئۆزۈندىن بۇيان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكا دەرسلىرىدە، پېئىللارنىڭ ھەر خىل كاتېگورىيەلىرى سۆزلەنگەن بولسىمۇ، پېئىللارنىڭ سوراق شەكلىدىن ئېغىز ئېچىلماي كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبى بەلكىم مۇشۇ بولسا كېرەك. شۇڭا، بەزىدە پېئىل تەركىبىدىكى سوراق قوشۇمچىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغان بولساقمۇ، ئەگىپ ئۆتۈپ كەتتۇق؛ ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىشكە ئامالسىز قالغان چېغىمىزدا، «بۇ سوراق قوشۇمچىسى» دەپ قويدۇق. ئەمدى، پېئىللارنىڭ ھەر خىل تۈرلەنگەن شەكىللىرى ئۈستىدە توختىلىۋاتقان مۇشۇ پەيتىمىزدە، پېئىللارنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىلىرىنى تەھلىل قىلىش توغرا كەلگەن ۋاقىتلاردا، بۇ خىل قوشۇمچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلىماي بولمىدى. شۇڭا، بۇ يەردە پېئىللارنىڭ سوراق كاتېگورىيەسىنىمۇ بار ئىكەنلىكىگە كۆز يۇمۇۋالمىدۇق. ئەمەلىيەتتە، پېئىللارنىڭ سوراق كاتېگورىيەسىنىڭ ئومۇملۇق دەرىجىسى، ھەتتا پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسىدىنمۇ يۇقىرى تۇرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، پېئىللارنىڭ سوراق كاتېگورىيەسى بارلىق پېئىللاردا كۆرۈلىدىغان كاتېگورىيە. شۇنىسى، بەزىدە قوشۇمچە

ئارقىلىق، بەزىدە سوراق يۈكلىمىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، خالاس.

شۇڭا، پېئىللار دەرىجە ۋە تۇس قوشۇمچىلىرى قوشۇلمىغان ھالەتتە، بولۇشلۇق، بولۇشسىز، بولۇشلۇق سوراق ۋە بولۇشسىز سوراق قاتارلىق شەكىللەردە كۆرۈلۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

◁ كۆردۇم، كۆرمىدىم، كۆردۇممۇ؟ كۆرمىدىممۇ؟ كۆرەمدىم؟ كۆرمەمدىم؟ كۆرىمەن، كۆرمەيمەن، كۆرىمەنمۇ؟ كۆرمەيمەنمۇ؟ ... دېگەندەك.

پېئىلنىڭ سوراق قوشۇمچىلىرى پېئىل ئۆزىكىدىن كېيىن باغلىغۇچىلاردىن بۇرۇن كېلىدۇ. سوراق يۈكلىمىلىرى بولسا، پېئىلنىڭ پۈتۈن شەكلىنىڭ ئەڭ كەينىدە كېلىدۇ.

## 1.7.4 پېئىللارنىڭ بايان راي شەخسلىك شەكىللىرىنىڭ فورمىلىرى

يۇقىرىدا پېئىل ئۆزىكى، پېئىللارنىڭ شەخسسىز شەكىللىرى، باغلىغۇچى سۆزلەر ۋە پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى ئۈستىدە توختالدۇق. دېمەك، پېئىللارنىڭ بايان راي شەخسلىك شەكلىنى ھاسىل قىلىدىغان بارلىق شەرتلەر ھازىرلاندى. ئەمدى كېيىنكى مەسىلىلەردە، مەخسۇس پېئىللارنىڭ بايان راي شەخسلىك شەكىللىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

ئۇزۇن يىللىق تەتقىقاتلىرىمىزدىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى پېئىللارنىڭ بايان راي شەخسلىك شەكىللىرىنىڭ فورمىسىنى تۆۋەندىكى تۆت خىلغا يىغىنچاقلاپ چىقتۇق:

ئەسكەرتىش: تۆۋەندە پېئىللارنىڭ بايان راي شەخسلىك شەكىللىرى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈلگەندە، «كۆرمەك»، «بارماق»، «كۈتمەك» قاتارلىق پېئىللار مىسال قىلىنىدى ھەمدە پەقەت پېئىللارنىڭ باش دەرىجىلىك، سىنتېتىك تۇس قوشۇمچىسى قوشۇلمىغان بولۇشلۇق شەكىللىرىلا كۆرسىتىلدى.

### 1) بىرىنچى خىل فورما: پېئىل ئۆزىكى + ئىدى + شەخ 1

يەشمىسى: پېئىل ئۆزىكىگە باغلىغۇچى «ئىدى» قوشۇلۇپ، ئاندىن پېئىللارنىڭ بىرىنچى يۈرۈش شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: كۆردۇم (كۆر+ دۇ+ م). تەكىتلەش كېرەككى، بۇ خىل فورمىدىكى شەخسلىك بايان راي شەكلىدە، پېئىللارنىڭ تەركىبىدىكى باغلىغۇچى «ئىدى» دېگەن سۆز «دى\تى\دۇ\تۇ\دۈ\تۈ\د\ت» قاتارلىق شەكىللەردە كۆرۈلىدۇ.

بۇ خىل فورمىدا تۈزۈلگەن پېئىلنىڭ شەكلى بىرلا خىل. ئۇنى سەككىز خىل شەخستە، بولۇشلۇق ـ بولۇشسىز شەكىللەردە تۈرلىسەك، بىر پېئىل جەمئىي 16 خىل تۈرلىنىدىكەن (بۇنىڭدا پېئىل دەرىجىسى، تۇس شەكلى، بولۇشلۇق سوراق ۋە بولۇشسىز سوراق شەكىللىرى ۋاقىتىنچە نەزەردىن ساقىت قىلىندى). مەسىلەن، «بار ـ»، «كۆر ـ» دېگەن ئىككى پېئىلنى مىسالغا ئالساق، بۇ پېئىللارنىڭ بىرىنچى فورمىدا تۈرلىنىپ شەكىللەنگەن بايان راي شەخسلىك شەكىللىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

◁ باردىم، باردۇق، باردىڭ، باردىڭىز، باردىڭلار، باردىڭىزلار، باردى؛ بارمىدىم، بارمىدۇق، بارمىدىڭ، بارمىدىڭىز، بارمىدىڭلار، بارمىدىڭىزلار، بارمىدى.

◁ كۈتتۈم، كۈتتۇق، كۈتتۈڭ، كۈتتىڭىز، كۈتتۈڭلار، كۈتتىڭىزلار،



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆتتى؛ كۆتمىدىم، كۆتمىدۇق، كۆتمىدىڭ، كۆتمىدىڭىز، كۆتمىدىلە، كۆتمىدىڭلار، كۆتمىدىڭىزلار، كۆتمىدى.

بىراق بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللار شېۋىلەردە ۋارىيانتلىق.

لوپنوردا بۇ خىل فورمىدىكى پېئىل شەكىللىرىنىڭ ئۈچىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكىللىرى پەرقلىنىدۇ، بىرلىك شەكلى « ـ زۇ\زۈ\سۇ\سۈ\دى\تى\دۇ\تۇ\دۈ\تۈ» قوشۇمچىلىرى بىلەن، كۆپلۈك شەكلى « ـ تۈلار\تۈلەر\تىلەر\تىلار\دۈلار\دىلار\دۈلەر\دىلەر» قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئول ئالدى (ئۇ ئالدى)، ئولور ئالدىلار (ئۇلار ئالدى)، ئول كۆردۇ (ئۇ كۆردى)، ئولور كۆردۈلەر (ئۇلار كۆردى)، ئول كەتتى (ئۇ كەتتى)، ئولور كەتتىلەر (ئۇلار كەتتى)...

▷ كەتتى (كەتتى)، كۆردۇ (كۆردى)، كۈتتۇ (كۈتتى)، قويدۇ (قويدى)، ئاستى (ئاستى)، بۇززۇ (بۇزدى)، ئۈسسۇ (ئۈستى)، ئۈززۈ (ئۈزدى)، تۈتتۇ (تۈتتى)، قۇسسۇ (قۇستى) ...

لوپنور، قومۇل، تۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلاردا بۇ خىل فورمىدىكى پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك ھۆرمەت شەكلى مەۋجۇت ھەم ھەممىسىدە (لوپنوردىن باشقا) «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ، شۇنىڭدەك لوپنوردا بۇ شەكىلنىڭ ۋارىيانتلىرى كۆپرەك. مەسىلەن:

▷ ئالدىڭىزلا (ئالدىڭىزلار)، كۆ:دىڭىزلە (كۆردىڭىزلار)، كەتتىڭىزلە (كەتتىڭىزلار)، با:دىڭىزلا (باردىڭىزلار) ... (تۇرپان، قومۇل)

▷ ئالدىڭىززار (ئالدىڭىزلار)، كۆدىڭىززەر (كۆردىڭىزلار)، بۇززۇڭىززار (بۇزدىڭىزلار)، كەتتىڭىززەر (كەتتىڭىزلەر) ... (لوپنور)

قەشقەر شېۋىسىدە بۇ خىل فورمىدىكى پېئىللارنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك ھەم كۆپلۈك، ئىككىنچى شەخس بىرلىك ئاددىي شەكىللىرى، ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدۇ. يەنى بىرىنچى شەخس بىرلىك شەكلى « ـ دەم\تەم\دام\تام\دىم\دۇم\دۈم\تىم\تۇم\تۈم» قوشۇمچىلىرى بىلەن، كۆپلۈك شەكلى « ـ دەك\تەك\داق\تاق\دۈك\دۇق\تۈك\تۇق» قوشۇمچىلىرى بىلەن، ئىككىنچى شەخس بىرلىك ئاددىي شەكلى « ـ دەڭ\تەڭ\داڭ\تاڭ\دىڭ\تىڭ» قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ لەۋ ئاھاڭداشلىقىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن ھەم تاڭلاي ئاھاڭداشلىقىنىڭ ئىزچىل بولۇشىدىن بولغان. مەسىلەن:

▷ كۆ:دەم (كۆردۈم)، بولدام (بولدۇم)، با:دىم (باردىم)؛ كۆ:دەك (كۆردۈق)، بولداق (بولدۇق)، كەتتۈك (كەتتۇق)، كۈلدۈك (كۈلدۇق)، با:دۇق (باردۇق)، قوشتاق (قوشتۇق)؛ توستاڭ (توستۇڭ)، كۆيدەڭ (كۆيدۈڭ)، قويداڭ (قويدۇڭ)...

يەكەن شېۋىسىدە بۇ خىل فورمىدىكى پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس بىرلىك سىپايە شەكلى ئەدەبىي تىلدىكىدەك « ـ دىلا\تىلا\دىلا\تىلە» شەكلىدە كەلمەي، « ـ للا\للە\لا\لە» شەكلىدە كېلىدۇ؛ تۇرپاندا « ـ لا\لە» شەكلىدە كېلىدۇ. بۇ خىل ھادىسە قومۇل قاتارلىق خېلى كۆپ جايلاردا بار. مەسىلەن:

▷ با:للا (باردىلا)، كە:للە (كەلدىلە)، ئا:للا (ئالدىلا)، ماڭلا (ماڭدىلا)، قو:نلا (قوندىلا)، ئە:تلە (ئەتتىلە)، بە:لە (بەردىلە)، با:للىمۇ (باردىلامۇ)، كە:للىمۇ (كەلدىلەمۇ) ... (يەكەن)

▷ با:لا (باردىلا)، كە:لە (كەلدىلە)، ئا:لا (ئالدىلا)، ماڭلا (ماڭدىلا)، با:لامۇ (باردىلامۇ)،

كەلەمۇ (كەلدىلەمۇ) ... (تۇرپان)
يەنە يەكەن، پىچان لۈكچۈن، قۇمۇل، تۇرپان ئاستانە قاتارلىق جايلاردا بۇ خىل فورمىدىكى پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك ئاددىي شەكلىنىڭ تىل ئالدى ۋارىيانتى بار. مەسىلەن:
▷ قىلدىڭلا: (قىلدىڭلار)، ئۈردۈڭلا:\ئۈ:دۈڭلا: (ئۈردۈڭلار)، كۆدۈڭلە:\كۆدەڭلە (كۆردۈڭلار)، ئۈزدۈڭلە: (ئۈزدۈڭلار)...
**2) ئىككىنچى خىل فورما: پېئىل ئۆزىكى + شەخسسىز پېئىل قوشۇمچىسى + شەخ 2**
يەشمىسى: پېئىل ئۆزىكىگە پېئىللارنىڭ مەلۇم بىر شەخسسىز پېئىلىنىڭ قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە ئىككىنچى يۈرۈش شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ تۈزۈلىدۇ.
بۇ خىل فورمىغا كىرىدىغان پېئىللارنىڭ شەكلى «كۆرىمەن، كۆرەرمەن، كۆرگەنمەن، كۆرمەكچىمەن» دېگەندەك بەش خىل. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ قۇرۇلمىسىغا قاراپ باقايلى:
▷ كۆرىمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ئە (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + مەن (بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)؛
▷ كۆرەرمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ەر (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + مەن (بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)؛
▷ كۆرگەنمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گەن (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + مەن (بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)؛
▷ كۆرمەكچىمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + مەكچى (مەقسەت پېئىل قوشۇمچىسى)+ مەن (بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)؛
▷ كۆرمەكتىمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + مەكتە (ئىسىمداش قوشۇمچىسى ۋە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى) + مەن (بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى).
بۇ يەردە دەپ ئۆتۈشكە توغرا كەلگەن بىرنەرسە، پېئىللارنىڭ بايان راي شەخسلىك شەكىللىرىنىڭ ھەممىسىدە، باغلىغۇچى سۆزلەر كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەركىبىي قىسىم سۈپىتىدە كۆرۈلۈشى كېرەك. لېكىن، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، پېئىللارنىڭ بايان راي شەخسلىك شەكىللىرىنىڭ ئىچىدە، مۇشۇ ئىككىنچى خىل فورمىسىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەخسلەر بىلەن تۈرلەنگەن شەكىللىرىدە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا باغلىغۇچى سۆز كۆرۈلمەيدۇ. بۇ زادى قانداق گەپ؟ «كۆرىمەن» شەكلىدىكى پېئىلنىڭ ئۈچىنچى شەخستە باغلىغۇچى كۆرۈلىدۇ، مەسىلەن، «كۆرىدۇ، بارىدۇ، كۈتىدۇ» دېگەندەك)
ئەمەلىيەتتە، پېئىللارنىڭ بايان راي شەخسلىك شەكىللىرىنىڭ فورمىلىرىنىڭ ھەممىسىدە باغلىغۇچى سۆز كۆرۈلۈشى كېرەك. چۈنكى، باغلىغۇچى سۆزلەر تۈرغۇن سۆزلەرنى خەۋەر شەكلىگە ئىگە قىلىدىغان ياكى پېئىلنىڭ ئۆزىكى ۋە شەخسسىز شەكىللىرىنى پېئىللارنىڭ شەخسلىك شەكلىگە ئۆزگەرتىدىغان مۇھىم ئامىل. بۇنى تىلىمىزنىڭ سەل قەدىمىيرەك شەكىللىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
بىراق، پېئىللارنىڭ مۇشۇ ئىككىنچى فورمىسىدىكى بايان راي شەخسلىك شەكىللىرىدىكى باغلىغۇچىلار، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قىسقارتىۋېتىلگەن. ئۇنىڭ قىسقارتىۋېتىلگەنلىك ئىزلىرىنى، بىز بەزى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىمىزنىڭ مۇشۇ خىل



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

فورمىدا تۈرلەنگەن پېئىل شەكىللىرىدىن تېپىۋالالايمىز. مەسىلەن، لوپنور دىيالېكتى ۋە خوتەن دىيالېكتىدىن ئۇنىڭ ئىزنى تاپقىلى بولىدۇ.

ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئىككىنچى فورمىغا كىرىدىغان «كۆرىمەن» دېگەن بايان راي شەخسلىك شەكلىنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلى، لوپنوردا تەركىبىگە «دى» تاۋۇشى قوشۇلغان ھالەتتە ئىپادىلىنىدۇ، يەنى «ـ دىمەن\دۇمەن\دۇمەن» ياكى «ـ دىمىز» قوشۇمچىسى قوشۇلغان ھالەتتە ئىپادىلىنىدۇ (بىرىنچى شەخس كۆپلۈك شەكلىنىڭ يەنە بىر «ـ دىۋىز» ۋارىيانتىمۇ بار). كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ يەردە كۆپىيىپ قالغان «دى» قوشۇمچىسى، دەل قەدىمكى تىلىمىزدا مەۋجۇت، بىراق ھازىرقى تىلىمىزدا چۈشۈپ قالغان پېئىللارنىڭ بۇ خىل بايان راي شەخسلىك شەكلىدىكى باغلىغۇچى سۆز «ئىدى» نىڭ قىسقارتىلغان شەكلىدۇر. مەسىلەن:

▷ بارادىمەن (بارىمەن)، توسۇيدۇمەن (توسۇيمەن)، يۇرۇيدۇمەن (يۇرۇيمەن)؛ بارادىمىز بارادىۋىز (بارىمىز)، توسۇدىمىز\توسۇدىۋىز (توسۇيمىز)، يۇرۇيدىمىز\يۇرۇيدىۋىز (يۇرۇيمىز)...

لوپنوردا بۇ خىل فورمىنىڭ يەنە ئۈچىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلىنىڭ قوشۇمچىلىرى «ـىدۇ\يدۇ» (بىرلىك قوشۇمچىسى) ۋە «ـ ىدۇلار\يدۇلار\دۇلەر\يدۇلەر» (كۆپلۈك قوشۇمچىسى) لاردىنمۇ باغلىغۇچى «ئىدى» نىڭ كۆرۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئول ئالادۇ (ئۇ ئالىدۇ)، ئولور ئالادۇلار (ئۇلار ئالىدۇ)، ئول كەتەدۇ (ئۇ كېتىدۇ)، ئولور كەتەدۇلەر (ئۇلار كېتىدۇ)...

خوتەن، كەلپىن، قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق جايلاردا، بۇ خىل فورمىدىكى پېئىللارنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلى ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىق، يەنى «ت» تاۋۇشى كۆپىيىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىرلىكتە «ـ تمەن» قوشۇمچىسى، كۆپلۈكتە «ـ تمىز» قوشۇمچىسى قوللىنىلىدۇ. بۇ يەردە كۆپىيىپ قالغان «ت» تاۋۇشىمۇ، دەل قەدىمكى تىلىمىزدا مەۋجۇت، بىراق ھازىرقى تىلىمىزدا چۈشۈپ قالغان پېئىللارنىڭ بۇ خىل بايان راي شەخسلىك شەكلىدىكى باغلىغۇچى سۆز «ئىدى» نىڭ قىسقارتىلغان شەكلىدۇر. مەسىلەن:

▷ ئىچىتمە (ئىچىمەن)، كۆيتمە (كۆرىمەن)، بايتمە (بارىمەن)، ماڭتمە (ماڭىمەن) ...

خوتەن، كەلپىن، قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق جايلاردا بۇ خىل تۈردە ئۈچىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلىدە «ـ يتۇ\تۇ\ىتۇ» قوشۇمچىسى قوللىنىلىدۇ، بۇمۇ باغلىغۇچى «ئىدى» نىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى. مەسىلەن:

▷ دېيتۇ (دەيدۇ)، ئامايتۇ (ئالمايدۇ)، قىمايتۇ (قىلمايدۇ)، بەمىيتۇ (بەرمەيدۇ) ...

لوپنوردىكى ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى يۇقىرىقى ئەھۋاللار دەل ئالدىدا سۆزلەپ ئۆتكەن «ئەمەلىيەتتە پېئىللارنىڭ بايان راي شەخسلىك شەكىللىرىنىڭ فورمىلىرىنىڭ ھەممىسىدە باغلىغۇچى سۆز كۆرۈلىدۇ» دېگەن يەكۈنىمىزنىڭ ئىسپاتى.

تۇرپان، قومۇللاردا بۇ خىل تۈردە ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك ھۆرمەت شەكلى «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان ھالەتتە قوللىنىلىدۇ ھەمدە لەۋلەشكەن ۋارىيانتى بار، يەنى «ـ يسىزلە\ىسىزلە\ۇسىزلە\ۇسىزلە». باشقا جايلاردا بۇ خىل ھۆرمەت شەكلى

قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن:

▷ بارىسىزلە (بارىسىزلەر)، كۆرۈسىزلە (كۆرىسىزلەر)، تۇتۇسىزلە (تۇتىسىزلەر... )

شېۋىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بۇ خىل فورمىدىكى پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك ئاددىي شەكلىنىڭ تەركىبىدىكى «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ، شۇنىڭدەك يەنە لەۋلەشكەن ۋارىيانتى « ـ ۋسىلە\ۋسىلە» شەكلى مەۋجۇت. مەسىلەن:

▷ بارىسىلە (بارىسىلەر)، كۆرۈسىلە (كۆرىسىلە)، تۇتۇسىلە (تۇتىسىلەر)...

يۇقىرىقى ئىككى خىل فورمىدىكى جەمئىي بەش خىل پېئىل شەكلىنىڭ ھەربىرىنى دەرىجە ۋە تۈس قوشۇمچىسى قوشۇلمىغان ھالەتتە، بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز بولۇپ سەككىز خىل شەختە تۈرلىسەك، ھەربىر شەكىلدىكى پېئىللار جەمئىي 16 خىل تۈرلىنىدۇ. بۇلارنى يەنە بولۇشلۇق سوراق ۋە بولۇشسىز سوراق شەكىللىرىدىمۇ تۈرلىسەك، ھەربىر شەكىلدىكى پېئىللار يەنە 16 خىل تۈرلىنىدۇ. دېمەك بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل فورمىدىكى ھەربىر پېئىل 32 خىل تۈرلەنسە، شۇنداقتا، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى فورمىدىكى بەش خىل شەكىلدىكى پېئىللار جەمئىي 5× 32 = 160 خىل تۈرلىنىدىكەن.

قېنى، تۆۋەندە «كۆر ـ » پېئىلنى يۇقىرىقى ئىككى خىل فورمىغا كىرىدىغان بەش خىل شەكلىنىڭ بىرىدە، يەنى «كۆرىمەن» دېگەن شەكىلدە تۈرلەپ كۆرەيلى:

ئەدەبىي تىلدا «كۆرىمەن» دېگەن پېئىل شەكلىنىڭ بارلىق شەخسلەر بىلەن تۈرلىنىشى مۇنداق 32 خىل بولىدۇ (دەرىجە ۋە تۈس قوشۇمچىسى قوشۇلمىغان ھالەتتە):

▷ بولۇشلۇق شەكلى: كۆرىمەن، كۆرىمىز، كۆرىسەن، كۆرىسىز، كۆرىدىلا، كۆرىسىلەر، كۆرىسىزلەر، كۆرىدۇ؛

▷ بولۇشسىز شەكلى: كۆرمەيمەن، كۆرمەيمىز، كۆرمەيسەن، كۆرمەيسىز، كۆرمەيدىلا، كۆرمەيسىلەر، كۆرمەيسىزلەر، كۆرمەيدۇ؛

▷ بولۇشلۇق سوراق شەكلى: كۆرىمەنمۇ، كۆرەمسەن، كۆرەمسىز، كۆرەمدىلا، كۆرەمسىلەر، كۆرەمسىزلەر، كۆرەمدۇ؛

▷ بولۇشسىز سوراق شەكلى: كۆرمەيمەنمۇ، كۆرمەمسەن، كۆرمەمسىز، كۆرمەمدىلا، كۆرمەمسىلەر، كۆرمەمسىزلەر، كۆرمەمدۇ.

تىلىمىزدىكى ھەربىر پېئىلنى يۇقىرىقى ئىككى خىل فورمىغا كىرىدىغان بەش خىل شەكلىنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق تۈرلەپ باقساق، يۇقىرىقى ئىستاتىستىكىمىزنىڭ ئاساسەن توغرا ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

**3) ئۈچىنچى خىل فورما: پېئىل ئۆزىكى + شەخسسىز پېئىل قوشۇمچىسى + باغلىغۇچى سۆز + شەخ 1\2**

يەشمىسى: پېئىل ئۆزىكىگە پېئىللارنىڭ مەلۇم بىر شەخسسىز پېئىلىنىڭ قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، ئاندىن بىر خىل باغلامچى سۆز قوشۇلۇپ، ئاخىرىدا پېئىلنىڭ بىرىنچى يۈرۈش ياكى ئىككىنچى يۈرۈش شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ تۈزۈلىدۇ.

بۇ خىل فورما بويىچە تۈرلەنگەن پېئىللارنىڭ بايان راي شەخسلىك شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە ئالدى بىلەن پېئىللارنىڭ تورغۇن سۆز شەكىللىرىنىڭ قوشۇمچىسىدىن قوشۇپ، كېيىنگە باغلامچى سۆزدىن قوشۇپ، ئاندىن پېئىلنىڭ بىرىنچى يۈرۈش ياكى

ئىككىنچى يۆرۈش بايان راي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. بۇ خىل فورمىغا كىرىدىغان پېئىللارنىڭ شەكلى خېلى كۆپ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا تۆۋەندىكىدەك:

بۇ فورمىغا كىرىدىغان پېئىللارنىڭ بىرىنچى يۆرۈش شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن بايان راي شەخسلىك شەكىللىرى تۆۋەندىكىدەك ئالتە خىل بولىدۇ:

▷ كۆرگەنىدىم ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گەن (سۈپەتداش قوشۇمچىسى)+ ئىدى (باغلىغۇچى)+ م (بىرىنچى يۆرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرمەكچىدىم ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + مەكچى (مەقسەت پېئىل قوشۇمچىسى)+ ئىدى>دى (باغلىغۇچى)+ م (بىرىنچى يۆرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرىدىغانىدىم① ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + دىغان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىدى (باغلىغۇچى)+ م (بىرىنچى يۆرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرەرىدىم ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ئەر (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىدى (باغلىغۇچى)+ م (بىرىنچى يۆرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرەتتىم ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ئەر (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىدى (باغلىغۇچى)+ م (بىرىنچى يۆرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرۈۋېدىم ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋپ> ۇۋ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + ئىدى (باغلىغۇچى)+ م (بىرىنچى يۆرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

يۇقىرىقى شەكىللەردە، باغلامچى سۆز «ئىدى» نىڭ ھەر خىل قىسقارتىلما شەكىللىرى كۆرۈلگەن، بولۇپمۇ پېئىل شەكىللىرى ھەر خىل شەخسلەر بىلەن تۈرلەنگەندە، بۇ خىل ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر دەرىجىدە كۆرۈلىدۇ.

بۇ فورمىغا كىرىدىغان پېئىللارنىڭ ئىككىنچى يۆرۈش شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن بايان راي شەخسلىك شەكىللىرى تۆۋەندىكىدەك ئەللىك خىل:

▷ كۆرەتتىكەنمەن ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ئەر (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۆرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرۈۋېكەنمەن ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى)+ ئىكەن (باغلىغۇچى)+ مەن (ئىككىنچى يۆرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرۈۋېكەنمىشمەن ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋپ>ۇۋ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى)+ ئىكەن (باغلىغۇچى)+ مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۆرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرۈۋېكەنمەنمىش ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋپ>ۇۋ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى)+ ئىكەن (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۆرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)+ مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرۈپتىمەن ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋپ>ۇۋ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى)+ تۇر>تى (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۆرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

---

① پېئىللارنىڭ «كۆرىدىغانىدىم» دېگەندەك شەكلى تۈرپاندا ئىنتايىن كۆپ قوللىنىلىدۇ ھەمدە ھەر دائىم پېئىللارنىڭ «كۆرەتتىم» دېگەن شەكلىنىڭ ئورنىدا كېلىپ، تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئاجىزلىشىپ «كۆردىغىندىم» دېگەن شەكىلدە قوللىنىلىدۇ. پېئىللارنىڭ «كۆرەتتىم» دېگەندەك شەكلى بولسا، تۈرپاندا مۇتلەق قوللىنىلمايدۇ.

▷ كۆرۈپتىمىشمەن ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۈپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى)+ تۇر>تى (باغلىغۇچى)+ مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرۈپتىمەنمىش ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۈپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى )+ تۇر>تى (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)+ مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرۈپتىكەنمەن① ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۈپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى)+ تۇر>تى (باغلىغۇچى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرۈپتىكەنمەنمىش ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۈپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى)+ تۇر>تى (باغلىغۇچى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرۈپتىكەنمىشمەن ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۈپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + تۇر>تى (باغلىغۇچى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرۈپتىدەكمەن ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۈپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + تۇر>تى (باغلىغۇچى) + دەك (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرۈپتىدەكمەنمىش ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۈپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + تۇر>تى (باغلىغۇچى) + دەك (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرۈپتىدەكمىشمەن ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۈپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + تۇر>تى (باغلىغۇچى) + دەك (باغلىغۇچى) + مىش (باغلىغۇچى)+ مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرگۈدەكمەن ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گۈ (ئىسىمداش قوشۇمچىسى) + دەك (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرگۈدەكمەنمىش ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گۈ (ئىسىمداش قوشۇمچىسى) + دەك (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرگۈدەكمىشمەن ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گۈ (ئىسىمداش قوشۇمچىسى) + دەك (باغلىغۇچى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرمەكچىمىشمەن ـــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + مەكچى (مەقسەت پېئىل قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك

---

① پېئىللارنىڭ بەزى شەكىللىرىدە شەخس قوشۇمچىسى باغلىغۇچنىڭ ئالدىدا كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: كۆرۈپتىكەنمەن، كۆرۈپتىمەنكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوشۇمچىسى)

▷ كۆرمەكچىمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + مەكچى (مەقسەت پېئىل قوشۇمچىسى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرمەكچىكەنمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + مەكچى (مەقسەت پېئىل قوشۇمچىسى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرمەكچىكەنمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + مەكچى (مەقسەت پېئىل قوشۇمچىسى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرمەكچىكەنمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + مەكچى (مەقسەت پېئىل قوشۇمچىسى ) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرەرمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ئەر (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرەرمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ئەر (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرەركەنمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ئەر (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرەركەنمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ئەر (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرەركەنمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ئەر (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى ) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرىدىكەنمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ئە<ئى (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + دۇر<دى (باغلىغۇچى) + ئىكەن+ مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرىدىكەنمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ئە<ئى (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + دۇر<دى (باغلىغۇچى) + ئىكەن+ مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرىدىكەنمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ئە<ئى (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + دۇر<دى (باغلىغۇچى) + ئىكەن(باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرگەندىمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گەن (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + دۇر(باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرگەندۇرمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گەن (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) +

دۇر (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرگەندەكمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گەن (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + دەك (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرگەندەكمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گەن (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + دەك (باغلىغۇچى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرگەندەكمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گەن (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + دەك (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرىدىغاندىمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ىدىغان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + دۇر>دى (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرىدىغاندۇرمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ىدىغان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + دۇر (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرىدىغاندەكمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ىدىغان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + دەك (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرىدىغاندەكمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ىدىغان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + دەك (باغلىغۇچى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرىدىغاندەكمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ىدىغان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + دەك (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرىدىغانىكەنمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ىدىغان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرىدىغانىكەنمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ىدىغان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرىدىغانىكەنمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ىدىغان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرگەنىكەنمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گەن (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرگەنىكەنمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گەن (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرگەنىكەنمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گەن (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

▷ كۆرگەنمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گەن (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرگەنمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گەن (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرىمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ئە (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)+ مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرەمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ئە (رەۋىشداش قوشۇمچىسى)+ مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرەمەنكەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ئە (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + ئىكەن (باغلىغۇچى)

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، پېئىللارنىڭ «كۆرەتتىم، باراتتىم» دېگەندەك شەكىللىرى ئەمەلىيەتتە «كۆرەرىدىم، بارارىدىم» دېگەندەك شەكىللەرنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر. پېئىللارنىڭ «كۆرەتتىكەنمەن، باراتتىكەنمەن» دېگەندەك شەكىللىرى بولسا، ئەمەلىيەتتە «كۆرەرىكەنمەن، بارارىكەنمەن» دېگەندەك شەكىللەرنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر. بىراق، جەنۇبىي شىنجاڭ دائىرىسىدە ئاساسەن ئالدىدىكى شەكىللەر، يەنى «كۆرەتتىم، كۆرەتتىكەنمەن» دېگەن شەكىللەر قوللىنىلىدۇ ھەمدە بۇ خىل شەكىللەرنىڭ تەركىبىدىكى «ئا\ئە» تاۋۇشلىرى ئاجىزلاپ «ئى» غا نۆۋەتلىشىپ، «كۆرىتتىم، كۆرىتتىكەنمەن، بارىتتىم، بارىتتىكەنمەن» دېگەندەك شەكىللەرگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. سەل قەدىمىيرەك بولغان كەيىندىكى شەكىللەر، يەنى «كۆرەرىدىم، كۆرەرىكەنمەن» دېگەن شەكىللەر تۇرپان قاتارلىق جايلاردا قوللىنىلىدۇ ھەمدە تېخى «كۆرۈردۇم، بارۇردۇم؛ كۆرۈركەنمەن، بارۇركەنمەن» دېگەندەك شەكىللەردە قوللىنىلىدۇ ياكى «كۆرىدىغىنىدى» (<كۆرىدىغانىدى) دېگەن شەكىللەر بىلەن نۆۋەتلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

قەشقەر قاتارلىق جايلاردا:

بىلگەن بو:سام ئۇ ۋە:گە مەممۇ بارىتتىم \بارىتتىكەنمەن. (بىلگەن بولسام ئۇ يەرگە مەنمۇ باراتتىم\باراتتىكەنمەن)

▷ بالام خەت يېزىپ تۇرىتتى، ئۇ:لى كېلىپ تۇرىتتى. (بالام خەت يېزىپ تۇراتتى، ئۇلار كېلىپ تۇراتتى)

تۇرپانلاردا:

▷ بىلگەن ۋو:سام ئىيە:گە مەممو بارۇردۇم\بارۇركەممە. (بىلگەن بولسام مەنمۇ باراتتىم\باراتتىكەنمەن)

▷ بالام خەت يېزىپ تۇردىغىنىدى. ئۇلا: كېپ تۇردىغىنىدى. (بالام خەت يېزىپ تۇراتتى، ئۇلار كېلىپ تۇراتتى)

يەنە پېئىللارنىڭ «كۆرىدىغاندىمەن، بارىدىغاندىمەن» دېگەندەك شەكىللىرى، ئەمەلىيەتتە «كۆرىدىغاندۇرمەن، بارىدىغاندۇرمەن» (كۆر+ ىدىغان+ دۇر+ مەن، بار+ ىدىغان+ دۇر+ مەن) دېگەندەك شەكىللەرنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر. بىراق، جەنۇبىي شىنجاڭ دائىرىسىدە ئاساسەن ئالدىدىكى شەكىل كۆپرەك قوللىنىلىدۇ، سەل قەدىمىيرەك بولغان كەيىندىكى شەكىل تۇرپان قاتارلىق جايلاردا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ ھەمدە پېئىل تەركىبىدىكى «غ» تاۋۇشى دائىم چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

▷ — ئۇ ئەتە قانا قىلۇر، بارامدىغاندۇر؟ — باردا:ندۇر. ( — ئۇ ئەتە قانداق قىلار، بارارمۇ؟ — باربدىغاندۇ) (تۇرپان)

▷ — مەنمۇ كۆر:داندۇرمە؟ — هە، كۆرسە، قوخمىسىنا ! ( — مەنمۇ كۆربدىغاندىمەن؟ — هە، كۆرسەن، قورقمىغىنا !) ( تۇرپان)

**4) تۆتىنچى خىل فورما: پېئىل ئۆزىكى + پېئىللارنىڭ زامان قوشۇمچىسى + شەخسسىز پېئىل قوشۇمچىسى + باغلىغۇچى + شەخ 1\2**

يەشمىسى: پېئىل ئۆزىكىگە پېئىللارنىڭ زامان قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ، ئاندىن مەلۇم بىر شەخسسىز پېئىلنىڭ قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، كەينىگە يەنە بىر خىل باغلامچى سۆز قوشۇلىدۇ، ئاخىرىدا پېئىلنىڭ بىرىنچى يۇرۇش ياكى ئىككىنچى يۇرۇش شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ تۈزۈلىدۇ.

بۇ فورمىغا كىرىدىغان پېئىللارنىڭ بىرىنچى يۇرۇش شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن بايان راي شەكىللىرى تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل بولۇشى مۇمكىن:

▷ كۆرۈۋاتاتتىم — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + ئار (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىدى (باغلىغۇچى) + م (بىرىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرگىلىۋاتاتتىم — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات (زامان قوشۇمچىسى) + ئار (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىدى (باغلىغۇچى) + م (بىرىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرۈۋاتقانىدىم — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + قان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىدى (باغلىغۇچى) + م (بىرىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرگىلىۋاتقانىدىم — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات (زامان قوشۇمچىسى) + قان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىدى (باغلىغۇچى) + م (بىرىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

بۇ فورمىغا كىرىدىغان پېئىللارنىڭ بايان راي ئىككىنچى خىل شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن شەكىللىرى تۆۋەندىكىدەك ئەللىك بەش خىل بولۇشى مۇمكىن :

▷ كۆرۈۋاتىمەن[1] — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + ئا<ئى (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرۈۋاتىمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + ئا< ئى (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرۈۋاتىمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + ئا< ئى (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك

① كۆرۈۋاتىمەن — هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، بۇ شەكىلنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەخسلىرىدە باغلىغۇچى سۆز كۆرۈلمەيدۇ، بىراق ئۈچىنچى شەخستە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: كۆرۈۋاتىمەن، كۆرۈۋاتىسەن، كۆرۈۋاتىدۇ ... دېگەندەك. شۇڭا، بۇ شەكىل يەنىلا تۆتىنچى فورمىغا كىرگۈزۈلدى.

قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

◁ كۆرۈۋاتماقتىمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + ماقتا (ئىسىمداش قوشۇمچىسى ۋە كېلىش قوشۇمچىسى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

◁ كۆرۈۋاتاتتىكەنمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + ئار (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىدى (باغلىغۇچى) + ئىكەن + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

◁ كۆرۈۋاتارمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + ئار (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

◁ كۆرۈۋاتارمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + ئار (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

◁ كۆرۈۋاتقانمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + قان(سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

◁ كۆرۈۋاتقانمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + قان(سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

◁ كۆرۈۋاتقانمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + قان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش(باغلىغۇچى)

◁ كۆرۈۋاتقاندىمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + قان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + دۇر>دى (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

◁ كۆرۈۋاتقاندۇرمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + قان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + دۇر (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىمىز، پېئىللارنىڭ «كۆرۈۋاتقاندىمەن، كېتىۋاتقاندىمەن» دېگەندەك شەكىللىرى ئەمەلىيەتتە «كۆرۈۋاتقاندۇرمەن، كېتىۋاتقاندۇرمەن» دېگەندەك شەكىللەرنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر. بىراق، جەنۇبىي شىنجاڭ دائىرىسىدە ئاساسەن ئالدىدىكى شەكىل كۆپرەك قوللىنىلىدۇ، سەل قەدىمىيرەك بولغان كەينىدىكى شەكىل تۇرپان قاتارلىق جايلاردا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

◁ كۆرۈۋاتقانىكەنمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + قان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىكەن (باغلىغۇچى)+ مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

◁ كۆرۈۋاتقانىكەنمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) +

قان (سۇپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرۈۋاتقانىكەنمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + قان (سۇپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرۈۋاتقۇدەكمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + قۇ (ئىسىمداش قوشۇمچىسى) + دەك (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرۈۋاتقۇدەكمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى)+ قۇ (ئىسىمداش قوشۇمچىسى) + دەك (باغلىغۇچى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرۈۋاتقۇدەكمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + قۇ (ئىسىمداش قوشۇمچىسى) + دەك (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرۈۋاتىدىكەنمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + ئا<ئى (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) دۇر<دى (باغلىغۇچى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرۈۋاتىدىكەنمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + ئا<ئى (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + دۇر<دى (باغلىغۇچى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرۈۋاتىدىكەنمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + ئا<ئى (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + دۇر<دى (باغلىغۇچى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرۈۋېتىپتىمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + ىپ<ىۋ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + تۇر<تۇ (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرۈۋېتىپتىمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى) + ىپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + تۇر<تۇ (باغلىغۇچى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرۈۋېتىپتىمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات (زامان قوشۇمچىسى)+ ىپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + تۇر<تۇ (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرۈۋېتىپتىدەكمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات<ۋېت (زامان قوشۇمچىسى) + ىپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + تۇر<تى (باغلىغۇچى) + دەك (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرۈۋېتىپتىدەكمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۋات< ۋېت (زامان قوشۇمچىسى) + ىپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + تۇر<تى (باغلىغۇچى)+ دەك



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(باغلىغۇچى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرۈۋېتىپتىدەكمەنمىش ــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۇۋات> ۇۋېت (زامان قوشۇمچىسى)+ ىپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + تۇر<تى (باغلىغۇچى)+ دەك (باغلىغۇچى)+ مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرۈۋېتىپتىكەنمەن ــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۇۋات>ۇۋېت (زامان قوشۇمچىسى) + ىپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + تۇر<تى (باغلىغۇچى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرۈۋېتىپتىمەنكەن ــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۇۋات>ۇۋېت (زامان قوشۇمچىسى) + ىپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + تۇر<تى (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + ئىكەن (باغلىغۇچى)

▷ كۆرۈۋېتىپتىكەنمىشمەن ــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۇۋات>ۇۋېت (زامان قوشۇمچىسى) + ىپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + تۇر<تى (باغلىغۇچى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرۈۋېتىپتىكەنمەنمىش ــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + ۇۋات>ۇۋېت (زامان قوشۇمچىسى)+ ىپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) +تۇر<تى (باغلىغۇچى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرگىلىۋاتىمەن ــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) +گىلىۋات (زامان قوشۇمچىسى) + ئا<ئى (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرگىلىۋاتىمىشمەن ــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات (زامان قوشۇمچىسى) + ئا<ئى (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرگىلىۋاتىمەنمىش ــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات (زامان قوشۇمچىسى) + ئا<ئى (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرگىلىۋاتماقتىمەن ــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات (زامان قوشۇمچىسى) + ماقتا<ماقتى (ئىسىمداش قوشۇمچىسى ۋە كېلىش قوشۇمچىسى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرگىلىۋاتارمىشمەن ــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات (زامان قوشۇمچىسى) + ئار (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرگىلىۋاتارمەنمىش ــ كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات (زامان قوشۇمچىسى) + ئار (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك

قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرگىلىۋاتقانمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات (زامان قوشۇمچىسى) + قان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرگىلىۋاتقانمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات (زامان قوشۇمچىسى) + قان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرگىلىۋاتقانمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات (زامان قوشۇمچىسى) + قان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرگىلىۋاتقانىكەنمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات (زامان قوشۇمچىسى) + قان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرگىلىۋاتقانىكەنمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات (زامان قوشۇمچىسى) + قان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرگىلىۋاتقانىكەنمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات (زامان قوشۇمچىسى) + قان (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرگىلىۋاتقۇدەكمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات (زامان قوشۇمچىسى)+ قۇ (ئىسىمداش قوشۇمچىسى) + دەك (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرگىلىۋاتقۇدەكمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات (زامان قوشۇمچىسى) + قۇ (ئىسىمداش قوشۇمچىسى) + دەك (باغلىغۇچى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرگىلىۋاتقۇدەكمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات (زامان قوشۇمچىسى) + قۇ (ئىسىمداش قوشۇمچىسى) + دەك (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

▷ كۆرگىلىۋېتىپتىدەكمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات<گىلىۋېت (سۈپەتداش قوشۇمچىسى) + ىپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + تۇر<تى (باغلىغۇچى) + دەك (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرگىلىۋېتىپتىدەكمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات<گىلىۋېت (زامان قوشۇمچىسى) + ىپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + تۇر<تى (باغلىغۇچى) + دەك (باغلىغۇچى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۈرۈش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

▷ كۆرگىلىۋېتىپتىدەكمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات<گىلىۋېت (زامان قوشۇمچىسى) + ىپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + تۇر<تى (باغلىغۇچى) + دەك



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

(باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

◁ كۆرگىلىۋىتىپتىكەنمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات>گىلىۋىت (زامان قوشۇمچىسى) + ىپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + تۇر>تى (باغلىغۇچى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

◁ كۆرگىلىۋىتىپتىكەنمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات>گىلىۋىت (زامان قوشۇمچىسى) + ىپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + تۇر>تى (باغلىغۇچى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

◁ كۆرگىلىۋىتىپتىكەنمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات>گىلىۋىت (زامان قوشۇمچىسى) + ىپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى)+ تۇر>تى (باغلىغۇچى) + ئىكەن (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

◁ كۆرگىلىۋىتىپتىمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات>گىلىۋىت (زامان قوشۇمچىسى) + ىپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + تۇر>تى (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

◁ كۆرگىلىۋىتىپتىمىشمەن — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات>گىلىۋىت (زامان قوشۇمچىسى) + ىپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + تۇر>تى (باغلىغۇچى) + مىش (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى)

◁ كۆرگىلىۋىتىپتىمەنمىش — كۆر (پېئىل ئۆزىكى) + گىلىۋات>گىلىۋىت (زامان قوشۇمچىسى) + ىپ (رەۋىشداش قوشۇمچىسى) + تۇر>تى (باغلىغۇچى) + مەن (ئىككىنچى يۇرۇش بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) + مىش (باغلىغۇچى)

ئەمەلىيەتتە، ئەدەبىي يېزىق تىلىدا باغلامچى سۆز «مىش\ئىمىش» قوشۇلغان پېئىل شەكىللىرىنىڭ ئىشلىتىلىش چاستوتىسى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ھەتتا ئېغىز تىلىدىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. پەقەت زۆرۈر تېپىلغاندىلا كۆرۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ بۇ يەردە، پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە باغلىغۇچى «ئىمىش»، ھەتتا قوش باغلىغۇچى «ئىكەن+ مىش» ياكى «مىش+ ئىكەن» لەر قوشۇلغان، كۆرۈلۈش چاستوتىسى ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، كۆرۈلۈش ئىمكانىيىتى بولغانلىكى بارلىق پېئىل شەكىللىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، تەتقىقاتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈندۇر.

بىزنىڭ بايقىشىمىزچە، يۇقىرىدىكى يۈزدىن ئارتۇق پېئىل شەكىللىرىنىڭ بەزىلىرى ئەدەبىي تىلىمىزدا كۆرۈلمەي، مەلۇم دىيالېكت ـ شېۋىلەردە كۆرۈلۈشى مۇمكىن ياكى دىيالېكت ـ شېۋىلەردە كۆرۈلمەي، ئەدەبىي تىلىمىزدا كۆرۈلۈشى مۇمكىن ۋە ھەتتا بەزى شېۋىلەردە كۆرۈلۈپ، يەنە بەزى شېۋىلەردە كۆرۈلمەسلىكىمۇ مۇمكىن. مەيلى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يۇقىرىقى تۆت خىل فورما ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى، جۈملىدىن ئۇنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدىكى پېئىللارنىڭ كۆرۈلۈش ئىمكانىيىتى بولغان بارلىق بايان راي شەخسلىك شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ. ئەمدى بۇلاردىن باشقا

يەنە قانداق پېئىل شەكىللىرىنىڭ بارلىقى ھازىرچە بىزگە نامەلۇم. بۇ مەسىلە توغرىسىدا يەنە داۋاملىق ئىزدىنىپ كۆرسەك بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

تۆۋەندە پېئىللارنىڭ بايان راي شەخسلىك شەكلىنىڭ تۆت خىل فورمىسىغا چۈشىدىغان جەمئىي 121 خىل شەكلىنى يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش چاستوتىسى يۇقىرى بولسا، بەزىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش چاستوتىسى تۆۋەن. بىز ئۆزىمىزنىڭ كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىنىڭ ئىستاتىستىكا ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئىستاتىستىكىلاپ چىققان خۇلاسىمىزگە ئاساسەن، بۇ پېئىل شەكىللىرىگە ئىشلىتىلىش چاستوتىسىغا قاراپ بەلگە قويۇپ چىقتۇق:

پېئىل شەكىللىرىنىڭ ئالدىغا «*» بەلگىسى قويۇلغانلىرى، بىزنىڭ ئەدەبىي ئېغىز تىلىغا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىمىزگە ئاساسەن ئېنىقلاپ چىقىلغان، ئەدەبىي ئېغىز تىلىمىزدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان 12 خىل بايان راي شەخسلىك شەكلىدۇر. يەنە «كۆرمەكتىمەن» دېگەن شەكىل ئەدەبىي يېزىق تىلىمىزدا كۆپ قوللىنىلىدىكەن.

ئالدىغا «#» بەلگىسى قويۇلغانلىرى ئەدەبىي تىلىمىزدا ياكى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىمىزدە بىرقەدەر كۆپرەك قوللىنىلىدىغان بايان راي شەخسلىك شەكىللىرىدۇر. قالغان ھېچقانداق بەلگە قويۇلمىغان پېئىل شەكىللىرى كۆرۈلۈش ئىمكانىيىتى بار، بىراق ئاز كۆرۈلىدىغان بايان راي شەخسلىك شەكىللىرىدىن ئىبارەت:

| | |
|---|---|
| *كۆردۇم | *كۆرەتتىم |
| *كۆرىدىكەنمەن | *كۆرەرمەن |
| *كۆرىمەن | *كۆرۈۋاتاتتىم |
| *كۆرۈپتىمەن | *كۆرۈۋېدىم |
| *كۆرۈۋاتىمەن | *كۆرگۈدەكمەن |
| *كۆرۈۋېتىپتىمەن | *كۆرمەكچىمەن |
| #كۆرگىلىۋاتاتتىم | #كۆرۈپتىكەنمەن |
| #كۆرگىلىۋاتقانمەن | #كۆرگەنىكەنمەن |
| #كۆرگىلىۋاتقانىدىم | #كۆرگەندىمەن |
| #كۆرگىلىۋاتىمەن | #كۆرگەنمەن |
| #كۆرەرىدىم | #كۆرىمەنكەن |
| #كۆرمەكچىدىم | #كۆرگەنىدىم |
| #كۆرمەكچىكەنمەن | #كۆرىدىغاندىمەن |
| #كۆرىدىغانىدىم | #كۆرۈۋېتىپتىدەكمەن |
| #كۆرىدىغانىكەنمەن | #كۆرگىلىۋاتقانىكەنمەن |
| #كۆرۈۋاتقاندىمەن | #كۆرەتتىكەنمەن |
| #كۆرۈۋاتقانىدىم | #كۆرۈۋاتقانىكەنمەن |
| #كۆرۈۋاتقۇدەكمەن | #كۆرۈۋىكەنمەن |
| #كۆرۈۋېتىپتىكەنمەن | #كۆرەرىكەنمەن |
| كۆرگىلىۋاتارمىشمەن | كۆرگىلىۋاتارمەنمىش |
| كۆرگىلىۋاتقانمىشمەن | كۆرگىلىۋاتقانمەنمىش |
| كۆرگىلىۋاتقانىكەنمىشمەن | كۆرگىلىۋاتقانىكەنمەنمىش |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| كۆرگىلىۋاتقۇدەكمىشمەن | كۆرگىلىۋاتقۇدەكمەنىش |
| كۆرگىلىۋاتماقتىمەن | كۆرگىلىۋېتىپتىدەكمىشمەن |
| كۆرگىلىۋاتىمىشمەن | كۆرگىلىۋاتىمەنىش |
| كۆرگىلىۋېتىپتىدەكمەن | كۆرگىلىۋېتىپتىدەكمەنىش |
| كۆرگىلىۋېتىپتىكەنىمىشمەن | كۆرگىلىۋېتىپتىكەنمەن |
| كۆرگىلىۋېتىپتىكەنمەنىش | كۆرگىلىۋېتىپتىمىشمەن |
| كۆرگىلىۋېتىپتىمەن | كۆرۈۋاتقانىكەنىمىشمەن |
| كۆرگىلىۋېتىپتىمەنىش | كۆرگەندۇرمەن ① |
| كۆرگۇدەكمەنىش | كۆرگەنىمىشمەن |
| كۆرگەندەكمەن | كۆرگەندەكمىشمەن |
| كۆرگەندەكمەنىش | كۆرىدىغاندەكمەن |
| كۆرگەنمەنىش | كۆرگەنىكەنىمىشمەن |
| كۆرگەنىكەنمەنىش | كۆرمەكچىكەنىمىشمەن |
| كۆرمەكچىكەنمەنىش | كۆرمەكچىمىشمەن |
| كۆرمەكچىمەنىش | كۆرىدىغاندۇرمەن |
| كۆرىدىغاندەكمىشمەن | كۆرىدىغاندەكمەنىش |
| كۆرىدىغانىكەنىمىشمەن | كۆرىدىغانىكەنمەنىش |
| كۆرىدىكەنىمىشمەن | كۆرىدىكەنمەنىش |
| كۆرىمىشمەن | كۆرگۇدەكمىشمەن |
| كۆرىمەنىش | كۆرۈپتىدەكمىشمەن |
| كۆرۈپتىدەكمەن | كۆرۈپتىدەكمەنىش |
| كۆرۈپتىكەنىمىشمەن | كۆرۈپتىكەنمەنىش |
| كۆرۈپتىمىشمەن | كۆرۈپتىمەنىش |
| كۆرۈۋاتاتتىكەنمەن | كۆرۈۋاتارمىشمەن |
| كۆرۈۋاتارمەنىش | كۆرۈۋاتقاندۇرمەن |
| كۆرۈۋاتقانمىشمەن | كۆرۈۋاتقانمەنىش |
| كۆرۈۋاتقانمەن | كۆرگىلىۋاتقۇدەكمەن |
| كۆرۈۋاتقانىكەنمەنىش | كۆرۈۋاتقۇدەكمىشمەن |
| كۆرۈۋاتقۇدەكمەنىش | كۆرۈۋاتماقتىمەن |
| كۆرۈۋاتىدىكەنىمىشمەن | كۆرۈۋاتىدىكەنمەنىش |
| كۆرۈۋاتىدىكەنمەن | كۆرۈۋېتىپتىمەنكەن |
| كۆرۈۋاتىمىشمەن | كۆرۈۋاتىمەنىش |
| كۆرۈۋىكەنىمىشمەن | كۆرۈۋىكەنمەنىش |
| كۆرۈۋېتىپتىدەكمىشمەن | كۆرۈۋېتىپتىدەكمەنىش |
| كۆرۈۋېتىپتىكەنىمىشمەن | كۆرۈۋېتىپتىكەنمەنىش |

① كۆرگەندۇرمەن — ئەمەلىيەتتە بۇ خىل شەكىل بەزى جايلاردا «كۆرگەندىمەن» شەكىلدە قوللىنىلسا، بەزى جايلاردا مەسىلەن، تۇرپاندا «كۆرگەندۇرمەن» دېگەن شەكىلدە قوللىنىلىدۇ. شۇڭا، ھەر ئىككى خىل شەكىل ئېلىندى.

كۆرۈۋېتىپتىمەن كۆرۈۋېتىپتىمەنمىش
كۆرەرمىشمەن كۆرەرمەنمىش
كۆرەرىكەنمىشمەن كۆرەرىكەنمەنمىش
كۆرمەكتىمەن

يۇقىرىقى 121 خىل پېئىل شەكىللىرى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ئاساسىي تۈرلىنىش شەكىللىرى.

ئەگەر مۇشۇ 100 ئەتراپىدىكى پېئىل شەكىللىرىنىڭ هەربىرىنى سەككىز خىل شەخستە هەم بولۇشلۇق، بولۇشسىز، بولۇشلۇق سوراق ۋە بولۇشسىز سوراق شەكىلدە (جەمئىي 32 ياكى 36 خىل) تۈرلەپ چىقساق، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، نەزەرىيە جەهەتتە ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر پېئىل دەرىجە ۋە تۈس قوشۇمچىسىنى قوشمىغاندىمۇ، ئاز دېگەندە 3200=32× 100 ياكى 3600=36× 100 خىلدىن ئارتۇق تۈرلىنىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ پېئىللار پېئىللارنىڭ دەرىجە ۋە تۈس قوشۇمچىلىرى بىلەن يەنە تۈرلەنسە، ئۇنىڭ سانى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق.

يۇقىرىدا، نەچچە يىللاردىن بۇيانقى ئىنچىكە تەكشۈرۈشىمىز ۋە ئىستاتىستىكىلىرىمىزغا ئاساسەن، تىلىمىزدىكى پېئىللارنىڭ بارلىق تۈرلىنىش شەكىللىرىنى فورمىلاشتۇرۇپ، كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن بىللە، يەنە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغانلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. ئىشىنىمىزكى، بۇ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىمىزدا، ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكلىرى تۈزۈشلەردە ياكى ئۇيغۇر تىلىنى ئىككىنچى تىل ئورنىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشتا مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە.

قىسقىچە خۇلاسە:

A. يۇقىرىقى ئىستاتىستىكا پەقەت نەزەرىيە جەهەتتىكى ئىستاتىستىكىدىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە پېئىللارنىڭ هەر خىل شەخسلىك شەكىللىرىنىڭ ئەدەبىي يېزىق تىلى ۋە ئەدەبىي ئېغىز تىلىدىكى ئىشلىتىلىشىدە پەرق بولىدۇ. بەزى شەكىللەر پەقەت يېزىق تىلىغىلا خاس بولۇپ، ئېغىز تىلدا ئاساسەن قوللىنىلمايدۇ، بەزى شەكىللەر بولسا ئېغىز تىلىمىزدا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، «كۆرمەكتىمەن، كۆرۈۋاتماقتىمەن، كۆرگىلىۋاتماقتىمەن» دېگەندەك شەكىللەر ئېغىزدا ئاساسەن قوللىنىلمايدۇ. يېزىقتا قوللىنىلغاندىمۇ، ئاساسلىق ئۈچىنچى شەخستە كېلىدۇ.

B. يەنە بەزى شەكىللەر ئەدەبىي تىلىمىزدا ئانچە كۆرۈلمەيدۇ، پەقەت دىيالېكت - شېۋىلەردە كۆپ قوللىنىلىدۇ. يەنە بەزى شەكىللەر a شېۋىدە قوللىنىلسا، b شېۋىدە قوللىنىلمايدۇ، b شېۋىدە قوللىنىلسا، a شېۋىدە قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن، «كۆرىدىغانىدىم، كۆرىدىغانىكەنمەن، كۆرۈركەنمەن (<كۆرەرىكەنمەن)، كۆرۈردۇم (<كۆرەرىدىم)» قاتارلىق شەكىللەر پەقەت تۇرپان شېۋىسىدە كۆپ قوللىنىلىدۇ. ئەدەبىي تىلدىكى «كۆرىدىكەنمەن، كۆرەتتىم» دېگەندەك شەكىللەر بولسا، تۇرپاندا مۇتلەق كۆرۈلمەيدۇ، بىراق باشقا شېۋىلەردە، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىنتايىن كۆپ قوللىنىلىدۇ، دېگەندەك.

C. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، پېئىللارنىڭ يەنە قانداق تۈرلىنىش شەكىللىرى بار؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە پېئىللارنىڭ ئەدەبىي تىلىمىزدا كۆرۈلمەيدىغان يەنە قانداق بايان رايىدا تۈرلەنگەن شەكىللىرى بار؟ ئەدەبىي تىلىمىزدىكى پېئىللارنىڭ بايان رايىدا تۈرلەنگەن قايسى شەكىللىرى دىيالېكت ـ شېۋىلەردە كۆرۈلمەيدۇ؟ ئەدەبىي تىلىمىزدىكى پېئىللارنىڭ بايان رايىدا تۈرلىنىپ كەلگەن ھەر خىل شەكىللىرىنىڭ ئوخشىمىغان دىيالېكت ـ شېۋىلەردىكى كونكرېت شەكىللىرى قانداق بولىدۇ؟ دېگەندەك مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقاتىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئالدىمىزدىكى ۋەزىپىلەرنىڭ بىرىدۇر.

## 1.7.5 بايان راي شەخسلىك پېئىللارنىڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان بەزى شەكىللىرىنىڭ شېۋىلەردىكى ۋارىيانتلىرى

ئەمدى تەكشۈرۈشىمىزگە ئاساسەن، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن تۆت خىل فورمىغا كىرىدىغان پېئىللارنىڭ بايان راي شەخسلىك شەكىللىرى ئىچىدە، دىيالېكت ـ شېۋىلەردە شەكىلدە پەرق بولغانلىرىدىن بىر قىسمى ئۈستىدە توختىلىمىز.

1) كۆردۇم

ئەدەبىي تىلدا بۇ شەكىلدىكى پېئىلنىڭ تۈرلىنىشى مۇنداق:

◁ كۆردۈم، كۆردۇق، كۆردۈڭ، كۆردىڭىز، كۆردىلە، كۆردۈڭلار، كۆردىڭىزلار، كۆردى.

دىيالېكت ـ شېۋىلەردىكى بۇ خىل فورمىدا تۈرلەنگەن پېئىللارنىڭ ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدىغان يېرى، ئاساسەن شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ۋارىيانتلىرىدا.

بۇ خىل فورمىدىكى پېئىللارنىڭ بىرىنچى يۈرۈش بايان راي شەخس شەكلى ئەدەبىي تىلدا بىرىنچى شەخستە « ـ دىم\دۇم\تىم\تۇم\دۈم\تۈم» ۋە « ـ دۇق\تۇق» لار بىلەن ئاياغلاشقان بولسا، قەشقەر، خوتەن، كەلپىن، ئاتۇش، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا پېئىللارنىڭ بۇ خىل فورمىدا تۈرلەنگەن شەكلىدە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى بۇزۇلغان، تاڭلاي ئاھاڭداشلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغانلىق سەۋەبىدىن، بىرىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى، بىرىنچى شەخستە « ـ دام\دەم\تام\تەم»، « ـ دۇك\تۇك\دەك\داق\تەك\تاق» ۋارىيانتلىرى كۆپىيىدۇ. بەزىدە ھەتتا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللاردىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال كېلىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

◁ بولدام (بولدۇم)، بومىدام\بومىدەم (بولمىدىم)، كۆ:دەم (كۆردۈم)، كۆ:مۇدەم (كۆرمىدىم)، ئۆتتەم (ئۆتتۈم)، ئۆتمۇدەم (ئۆتمىدىم)، قوشتام (قوشتۇم)، قوشمىدام\قوشمۇدۇم (قوشمىدىم) ...

◁ ئالدام (ئالدىم)، تاپتام (تاپتىم)، كەلدەم (كەلدىم)، قىلدام (قىلدىم) ...

◁ بولداق (بولدۇق)، بومىداق\بومىدۇق (بولمىدۇق)، كەلدۇك (كەلدۇق)، كە:مىدۇك (كەلمىدۇق)، ئۆتتەك (ئۆتتۇق)، ئۆتمۇدۇك\ئۆتمۇدەك (ئۆتمىدۇق)، قوشتاق (قوشتۇق)، قوشمۇداق\قوشمۇدۇق (قوشمىدۇق)، كۆ:دۇك\كۆ:دەك (كۆردۇق)، كۆ:مىدەك\كۆ:مىدۇك (كۆرمىدۇق) ...

◁ ئالداق (ئالدۇق)، تاپتاق (تاپتۇق)، كەلدەك (كەلدۇق)، قىلداق (قىلدۇق) ...

ئاتۇشتا بەزى ياشانغانلارنىڭ تىلىدا، بۇ خىل شەكىلدە كەلگەن پېئىللاردا بىرىنچى

شەخس بىرلىك شەكلىنىڭ ئاخىرى « ـ دىم\تىم» ۋە « ـ دۇم\دۇم» لار بىلەن كېلىدۇ، ھەم بەزىدە « ـ تام\دام» بىلەن ئالماشقان ۋارىيانتى بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

◁ با:دىم\با:دۇم (باردىم)، كېلدىم\كېلدۇم (كەلدىم)؛ قوشتام (قوشتۇم)، ئېپ بولدام (ئېلىپ بولدۇم) ...

غۇلجا، پىچان لۇكچۈن، قومۇل قاتارلىق جايلاردىمۇ پېئىلنىڭ بۇ خىل شەكلىنىڭ بىرىنچى شەخس كۆپلۈك شەكلى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق « ـ دۇك\تۇك» لەر بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

◁ كۆ:دۇك (كۆردۇق)، كەتتۇك (كەتتۇق)، ئالدۇق (ئالدۇق)، بە:دۇك (بەردۇق) ...

پېئىل ئۆزىكىگە ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق تۇس قوشۇمچىسى قوشۇلغاندىن كېيىنمۇ، يۇقىرىقىدەك ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

◁ كۆرۈۋەتتۇك (كۆرۈۋەتتۇق)، كېتىۋە:دۇك (كېتىۋەردۇق)، باستۇرۇۋەتتۇك (باستۇرۇۋەتتۇق)، ئېلىۋالدۇق (ئېلىۋالدۇق)، ئۈزىۋەتتۇك (ئۈزىۋەتتۇق)...

ئىككىنچى شەخس بىرلىك شەكلى ئەدەبىي تىلدا « ـ دىڭ\تىڭ\دۇڭ\تۇڭ\دىڭ\تىڭ»، « ـ دىڭىز\تىڭىز» ۋە « ـ دىلا\تىلا\دىلە\تىلە» لار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن، قەشقەر، خوتەن، كەلپىن، ئاتۇش، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا، پېئىللارنىڭ بۇ خىل فورمىدا تۈرلەنگەن شەكلىدە، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى بۇزۇلغان، تاڭلاي ئاھاڭداشلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئىككىنچى شەخس بىرلىك شەكىللىرى ئەدەبىي تىلدىكى شەكىللەردىن باشقا يەنە « ـ داڭ\دەڭ\تاڭ\تەڭ» لار بىلەن ئالماشقان ۋارىيانتلىرى كۆپىيىدۇ، شۇنداقلا ئىككىنچى شەخس بىرلىك سىپايە شەكلى « ـ للا\للە» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

◁ كۆ:دەڭ (كۆردۇڭ)، كۆ:مۇدەڭ (كۆرمىدىڭ)، قوشتاڭ (قوشتۇڭ)، قوشمۇداڭ\قوشمۇدۇڭ (قوشمىدىڭ)، كۆ:للە (كۆردىلە)، كۆ:مىللە (كۆرمىدىلە)، با:للا (باردىلا)، با:مىللا (بارمىدىلا) ...

بۇ خىل فورمىدىكى پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس بىرلىك سىپايە شەكلى ئەدەبىي تىلدا « ـ دىلا\تىلا\دىلە\تىلە» بىلەن ئىپادىلەنسە، قومۇل، تۇرپانلاردا بۇلارنىڭ تەركىبىدىكى «دى\تى» قىسقىرايدۇ. مەسىلەن:

◁ كەللە:مۇ؟ (كەلدىلەمۇ)، قوللامۇ؟ (قوندىلامۇ)، ئۆتكە با:لامۇ؟ (ئۇ ياققا باردىلامۇ) ...

بىراق مەكىت، ئاقساقمارال، ئاقسۇ قارىتاللاردا بۇ خىل فورمىدىكى پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس سىپايە تۈرى ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش «كەلدىلە\ئالدىلا» شەكلىدە كېلىدۇ، «دى\تى» قىسقىرىمايدۇ.

ئىككىنچى شەخس كۆپلۈكتە بۇ خىل فورمىدىكى پېئىللار ئەدەبىي تىلدا « ـ تىڭلار\دىڭلار»، « ـ دىڭىزلار\تىڭىزلار» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن، قەشقەر، خوتەن، كەلپىن، ئاتۇش، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا، پېئىللارنىڭ بۇ خىل فورمىدا تۈرلەنگەن شەكلىدە ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىدا «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىشتىن باشقا، ئەدەبىي تىلدىكى بۇ خىل فورمىدىكى پېئىللارنىڭ ئاخىرقى بوغۇملىرىنىڭ يەنە «ـ دۇڭلا\تۇڭلا\دۇڭلە\تۇڭلە\دەڭلە\داڭلا\تەڭلە\تاڭلا\تىڭلە\دىڭلە» دېگەندەك ۋارىيانتلىرى قوشۇلىدۇ، شۇنداقلا ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك ھۆرمەت شەكلى بۇ جايلاردا



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مۇتلەق قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن:
◁ كۆ:دەڭلە\كۆ:دۇڭلە (كۆردۇڭلار)، قوشتاڭلا\قوشتۇڭلا (قوشتۇڭلار)، كەتتىڭلە (كەتتىڭلار)، تۇتتۇڭلا (تۇتتۇڭلار)، ئۆتتەڭلە\ئۆتتۇڭلە (ئۆتتۇڭلار)، بوممىداڭلا\ بومۇدۇڭلا (بولمىدىڭلار) ...
قومۇلدا بۇ خىل پېئىلنىڭ ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك ئادەتتىكى شەكلىنىڭ تىل ئالدى ۋارىيانتى بار. مەسىلەن:
◁ تۆلىدىڭلە (تۆلىدىڭلار)، كەتتىڭلە (كەتتىڭلار)، ئۆتتۈڭلە (ئۆتتۈڭلار) ... تۇرپان ئاستانە، پىچان لۈكچۈن، قومۇل قاتارلىق جايلاردا پېئىلنىڭ بۇ خىل تۈرلىنىش شەكلىدە ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك ھۆرمەت شەكلى قوللىنىلىدۇ ھەم تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش ۋە تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرى بار. بىراق، تۇرپاننىڭ باشقا جايلىرىدە (مەسىلەن مۇرتۇقتا) ھۆرمەت شەكلى بولسىمۇ، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى يوق. مەسىلەن:
◁ كەلدىڭىزلە: (كەلدىڭىزلار)، با:دىڭىزلا: (باردىڭىزلار)، كەتتىڭىزلە (كەتتىڭىزلار)، قالدىڭىزلا: (قالدىڭىزلار) ... (تۇرپان ئاستانە قاتارلىق جايلار)
◁ كەلدىڭىزلا: (كەلدىڭىزلار)، با:دىڭىزلا: (باردىڭىزلار)، كەتتىڭىزلا (كەتتىڭىزلار)، قالدىڭىزلا: (قالدىڭىزلار) ... (تۇرپان مۇرتۇق قاتارلىق جايلار)
ئۈچىنچى شەخستە ئەدەبىي تىلدا بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللار « ـ دى\تى» بىلەن ئاياغلىشىدۇ. بۇنىڭدا دىيالېكت ـ شېۋىلەردە پەرق ئانچە يوق، پەقەت ئاقسۇ رايونىدىكى كۈچا، ئونسۇ، ئاقسۇ، كەلپىن قاتارلىق جايلاردا « ـ دى\تى» دىكى «ئى» تاۋۇشى تار ئوقۇلىدۇ، تۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلاردا بولسا كەڭرەك قىلىپ « ـ دې\تې» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.
لوپنور دىيالېكتىدا بۇ شەكىلنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك ۋارىيانتى بار. مەسىلەن:
◁ باردى\باردىلەر\بارىشتىلەر، كەتتى\كەتتىلەر\كېتىشتىلەر، كۆردۇ\كۆردۈلەر\ كۆرۈشتىلەر، كۈلدى\كۈلدىلەر\كۈلۈشتىلەر ... (لوپنور)
**2) كۆرمەن**
بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللارنىڭ شەخس بىلەن تۈرلەنگەن سەككىز خىل شەكلى «كۆرمەن، كۆرىسەن، كۆرىسىز، كۆرىدىلا، كۆرىمىز، كۆرىسىلەر، كۆرىسىزلەر، كۆرىدۇ» لاردىن ئىبارەت. ھەرقايسى شېۋىلەردە ئۆزگىچىلىكلەر مەۋجۇت، تۆۋەندە بىر ـ بىرلەپ توختىلىپ ئۆتىمىز.
خوتەن، كەلپىن، يەكەن، قاغىلىق، كېرىيە قاتارلىق جايلاردا پېئىللارنىڭ يۇقىرىقىدەك شەكىلنىڭ بىرىنچى ھەم ئۈچىنچى شەخس شەكىللىرى ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدۇ، ئۈچىنچى شەخستە « ـ تۇ» قوشۇمچىسى، بولۇشسىزدا « ـ تا» قوشۇمچىسىلا قوللىنىلىپ، « ـ دۇ» قوشۇمچىسى قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن:
◁ كۆرىتمەن\كۆيىتمەن\كۆ:مىيتمە (كۆرىمەن\كۆرمەيمەن)، بايتمە\با:مايتمە (بارىمەن\بارمايمەن)، ماڭتمە\ماڭمايتمە (ماڭىمەن\ماڭمايمەن)، دىيتمە (دەيمەن) ...
◁ كۆيىتۇ\كۆ:مىيتۇ (كۆرىدۇ\كۆرمەيدۇ)، دىيتۇ\دىمىيتۇ (دەيدۇ\دېمەيدۇ)، بايتۇ\ با:مايتۇ (بارىدۇ\بارمايدۇ)، بىيتۇ\بەمىيتۇ (بېرىدۇ\بەرمەيدۇ) ...

▷ ئوينامتا؟ (ئوينامدۇ)، يىغلامتا؟ (يىغلامدۇ)، سۆزلەمتا؟ (سۆزلەمدۇ)، بېرەمتا؟ (بېرەمدۇ)

خوتەندە «ل» بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق پېئىللار «ئال ـ، قال ـ، سال ـ، چال ـ، كەل ـ، بول ـ، قىل» لار بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى شەخستە تۈرلەنگەندە، «لى» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئا:تمە\ئا:تمىز\ئا:تۇ\ئامايتۇ (ئالىمەن\ئالىمىز\ئالىدۇ\ئالمايدۇ)، قىتمە\قىتمىز\قىتۇ\قىمايتۇ (قىلىمەن\قىلىمىز\قىلىدۇ\قىلمايدۇ)، بو:تمە\بو:تمىز\بو:تۇ\بو:مايتۇ (بولىمەن\بولىمىز\بولىدۇ\بولمايدۇ)، ئاچچىقلاپ قاتۇ (ئاچچىقلاپ قالىدۇ)...

بۇ خىل پېئىل شەكلىنىڭ سوراق شەكلى ئەدەبىي تىلدا «كۆرەمدىمەن» بولسا، خوتەندە «كۆرەمتىمەن» دېگەن شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئالامتىمەن (ئالامدىمەن)، دەمتىمەن (دەمدىمەن) ...

پىچان لۈكچۈندە تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلىدە «ي» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلىدە رەۋىشداش قوشۇمچىسى «ئە» تاۋۇشى «ئى» غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

▷ بايىمە\بارىمە\با:ما:مەن\(بارىمەن\بارمايمەن)، ئالىمە\ئا:ما:مە (ئالىمەن\ئالمايمەن)، ئالىدۇ\ئا:ما:دو (ئالىدۇ\ئالمايدۇ)، ياپىدۇ\ياپما:دو (ياپىدۇ\ياپمايدۇ) ...

▷ كۆرىمە\كۆ:مىيمە (كۆرىمەن\كۆرمەيمەن)، كېتىمە\كەتمىيمە (كېتىمەن\كەتمەيمەن)، كېتىدۇ\كەتمىيدو (كېتىدۇ\كەتمەيدۇ)، كېلىدۇ\كە:مىيدو (كېلىدۇ\كەلمەيدۇ)، يەڭگۈشلىيدۇ (يەڭگۈشلەيدۇ)، تىلىيسە (تىلەيسەن) ...

قومۇلدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلىدە خۇددى لۈكچۈنگە ئوخشاش رەۋىشداش قوشۇمچىسى «ئە» بولسا «ئى» غا ئاجىزلىشىدۇ، لېكىن تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئەدەبىي تىلغا ئوخشاش. مەسىلەن:

▷ كەمىيمە\كەمىيدۇ (كەلمەيمەن\كەلمەيدۇ)، كەتمىيمە\كەتمىيدۇ (كەتمەيمەن\كەتمەيدۇ)، كۆرنىيتتۇ (كۆرۈنىدۇ)، كۆرۈنمىيدۇ (كۆرۈنمەيدۇ)، كە:مىيتتۇ (كەلمەيدۇ) ...

قومۇلدا بەزى سارقىندى ھالىتىدە لوپنۇر دىيالېكتىغا ئوخشاش «دۇرۇر>تۇر>دى» فورمىسى قىسمەن ساقلانغان. مەسىلەن:

▷ بارىمە\بارىدىمە (بارىمەن)، كىتىمە\كىتىدىمە (كېتىمەن)، ياتىمىز\ياتىدىمىز (ياتىمىز)، كىلىمە\كىلىدىمىز (كېلىمەن\كېلىمىز)، دىمىيمە\دىمىيدىمە (دېمەيمەن) ...

سوراق شەكلىدە بىر «دى» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

▷ دەمەمە: (دەمدىمەن)، چۈشەمەمە: (چۈشەمدىمەن)، كۆچەممىزكى (كۆچەمدىمىزكى) ...

پېئىلنىڭ بۇ شەكلىدە شېۋىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئىككىنچى شەخس بىرلىك سىپايە تۈرىدە « ـ يدىلا\ىدىلا» قوشۇمچىسى قىسقىراپ «يلا\ىلا» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

▷ بارىلا (بارىدىلا)، كۆرىلا (كۆرىدىلا)، كېلىلا (كېلىدىلا)، كېتىلا (كېتىدىلا)، ۋېرىلا (بېرىدىلا)، كېلەملا (كېلەمدىلا) ...

ئاتۇشتا پېئىلنىڭ «كۆرىمەن» دېگەن شەكلىنىڭ بىرىنچى شەخس كۆپلۈك شەكلىنىڭ

شەخس قوشۇمچىسى «ـ مىز\ىمىز» دائىم «ـ دۇق\يدۇق» قوشۇمچىسى بىلەن ئالمىشىپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:
◁ قازانغا سالىدۇق\سالىمىز.
◁ نېم دەيدۇق ئەمدى ئۇنى؟ (نېمە دەيمىز ئەمدى ئۇنى)
◁ بۇ ۋەدە ئۇنداغ قىممايدۇق\قىممايمىز.
◁ قىز ۋىلە ئىككىسىنى ئۇزىتىدۇق\ئۇزىتىمىز.
سىپلىشتۇرۇپ باقايلى، دۇۋاندا تۆۋەنكى مىسرالاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاتۇشتىكى پېئىلنىڭ يۇقىرىقىدەك شەكىللىرى تىل تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى:
◁ تۇنلە بىلە باستىمىز، تەگمە ياڭاق پۇستىمىز، كەسمەلەرىن كەستىمىز، مىڭلاق ئەرىن پىچتىمىز.
[تۇن بىلەن باستۇق، ھەر تەرەپتىن بۆكتۇرمە قۇردۇق، ئاتلىرىنىڭ كوكۇلىلىرىنى كەستۇق، مىڭلاق ئەرلىرىنى سويدۇق]. (ئۇيغۇرلار ئۇستىگە قىلىنغان بىر ھۇجۇم توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: بىز ئۇلارنىڭ ئۇستىگە كېچىسى باستۇرۇپ باردۇق، ھەر تەرەپتىن مۆكۈپ كىرىپ، ھەتتا ئاتلىرىنىڭ كوكۇلىلىرىنى كەستۇق، مىڭلاق ئادەملىرىنى ئۆلتۇردۇق. «مىڭلاق» بىر يەرنىڭ نامى.) (1 ـ 565)
لوپنور دىيالېكتىدا بۇ خىل شەكىلنىڭ بىرىنچى شەخس قوشۇمچىسى ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:
◁ بارادىمەن (بارىمەن)، كېتەدىمەن (كېتىمەن)، كېلەدىمەن (كېلىمەن) ...
◁ بارادىمىز\بارادىۋىز (بارىمىز)، كېتەدىمىز\كېتەدىۋىز (كېتىمىز)، كېلەدىمىز\كېلەدىۋىز (كېلىمىز) ...
◁ ئۇ بارادۇ (ئۇ بارىدۇ)، ئولور بارادۇلار (ئۇلار بارىدۇ)، ئول يۇرۇيدۇ (ئۇ يۇرىدۇ)، ئولور يۇرۇيدۇلار (ئۇلار يۇرىدۇ) ...
بۇ خىل فورمىدىكى پېئىللارنىڭ «بارىمەنمۇ» شەكلىدىكى بولۇشسىز سوراق شەكلى ھەممە جايدا دېگۈدەك قوللىنىلىدۇ، بىراق مەكىت قاتارلىق جايلاردا بۇنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى «بارامدىم، بارامدىمەن» شەكىللىرىمۇ ئورتاق قوللىنىلىدۇ. بىراق، بۇ شەكىل تۇرپان، ئاقسۇ قارىتال، قۇمباش دېگەندەك جايلاردا ئانچە قوللىنىلمايدۇ.
**3) كۆرۈۋاتىمەن**
ئەدەبىي تىلدا بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللارنىڭ شەخسلەردە تۇرلىنىشى مۇنداق:
◁ كۆرۈۋاتىمەن، كۆرۈۋاتىمىز، كۆرۈۋاتىسەن، كۆرۈۋاتىسىز، كۆرۈۋاتىدىلا، كۆرۈۋاتىسىلەر، كۆرۈۋاتىسىزلەر، كۆرۈۋاتىدۇ.
بۇ شەكىلنىڭمۇ دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ۋارىيانتى بار.
خوتەندە بۇ خىل شەكىلنىڭ ئورنىدا ئانالىتىك شەكىل، يەنى «پ» لىق رەۋىشداشقا «تۇر ـ » ياردەمچى پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان شەكىل قوللىنىلىدۇ ياكى «پ» لىق رەۋىشداشنىڭ كەينىدە «يات ـ » ياردەمچى پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. گۇما شېۋىسىدە ئەدەبىي تىلغا ئوخشاش. مەسىلەن:
◁ كۆيەپ تۇيتمە (كۆرۈۋاتىمەن)، كۆيەپ تۇيتۇ (كۆرۈۋاتىدۇ)، ئاپ تۇيتمە (ئېلىۋاتىمەن)، ئاپ تۇيتۇ (ئېلىۋاتىدۇ) ...

▷ كىۋياتىتمەن (كېلىۋاتىمەن)، ئوقۇۋتاتىتمىز (ئوقۇۋاتىمىز)، يېزىۋياتىسە (يېزىۋاتىسەن)، ئىچىۋياتىتلا (ئىچىۋاتىدىلا)، ئىشلىمىياتىتۇ (ئىشلىمەيۋاتىدۇ) ...

يەكەندە بۇ خىل شەكىلنىڭ ئورنىدا ئانالىتىك شەكىل، يەنى «پ» لىق رەۋىشداشقا «يات ـ » ياردەمچى پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان شەكىل قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدا يەنە رەۋىشداشنىڭ تەركىبىدىكى «پ» تاۋۇشى «ۋ» غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئىتىزىمدا بۇغدايلىيىمنى تىيىۋياتتىم. (تېرىۋاتىمەن)

▷ تاغدا قويلىيىمنى بىقىۋياتتىم. (بېقىۋاتىمەن)

▷ داخانچىلىق قىلىۋياتتىم. (قىلىۋاتىمەن) ...

تۇرپان مۇرتۇقتىمۇ پېئىلنىڭ بۇ خىل شەكلى يەكەندىكىگە ئوخشاش كېلىدۇ. مەسىلەن:

▷ كۆرۈۋياتىمە (كۆرۈۋاتىمەن)، كۆرۈۋياتىدۇ (كۆرۈۋاتىدۇ)، ئەۋياتىمە (ئېلىۋاتىمەن)، ئەۋياتىدۇ (ئېلىۋاتىدۇ) ...

قومۇلدا پېئىلنىڭ بۇ خىل شەكلى تۆۋەندىكىدەك تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ كۆرۈيتتىمە (كۆرۈۋاتىمەن)، كۆرىيتتىمىز (كۆرۈۋاتىمىز)، كۆرىيتتۇ (كۆرۈۋاتىدۇ)، بويىتتۇ (بولۇۋاتىدۇ)، قايىتتۇ (قاراۋاتىدۇ)، كىيىتتۇ (كېلىۋاتىدۇ)، يىيتتىسىز (يەۋاتىسىز)، يىمىيتتۇ (يېمەيۋاتىدۇ)، ئوقۇيتتىسە (ئوقۇۋاتىسەن) ...

ئاتۇشتا بۇ خىل شەكىلدىكى «ۋ» بەزىدە «ي» بىلەن، بەزىدە «ۋ» بىلەن ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ داڭ چېلىۋاتىدۇ (داڭ چېلىۋاتىدۇ)، بولاپ قېلىۋاتىمەن (بولۇپ قېلىۋاتىمەن)، قىلىياتامسەن؟ (قىلىۋاتامسەن)، كېلىياتىدۇ (كېلىۋاتىدۇ) ...

بۇ خىل شەكىلنىڭ بىرىنچى شەخس كۆپلۈك شەكلىنىڭ قوشۇمچىسى ئاتۇشتا يا « ـ مىز\مىز» بىلەن ياكى « ـ ىدۇق\يدۇق» بىلەن ئالمىشىپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

تېرىۋاتىدۇق (تېرىۋاتىمىز)، كۆرەۋاتىدۇق\كۆرەۋاتىمىز (كۆرۈۋاتىمىز) ...

لوپنوردا خۇددى يەكەن بىلەن تۇرپان مۇرتۇقتىكىدەك، بۇ خىل شەكىلنىڭ ئورنىدا ئانالىتىك شەكىل كېلىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئىشتەۋياتادۇ (ئىشلەۋاتىدۇ)، ئوقۇۋياتادۇ (ئوقۇۋاتىمەن)، بارىۋياتامەن (بېرىۋاتىمەن) ...

قەشقەر، خوتەنلەردە پېئىلنىڭ بۇ خىل شەكلىنىڭ يەنە لەۋلەشمىگەن ۋارىيانتىمۇ بار. مەسىلەن:

▷ كۆرەۋاتىسەن (كۆرۈۋاتىسەن)، كۆچەۋاتىلا (كۆچۈۋاتىدىلا)، ئۇقۇشۇۋاتىلا (ئۇقۇشۇۋاتىدىلا)، بىلىۋاتىسلە (بىلىۋاتىسىلەر)، بىلمە:ۋاتامسە (بىلمەيۋاتامسەن) ...

**4) كۆرگىلىۋاتىمەن**

ئەدەبىي تىلدا بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللارنىڭ شەخسلەردە تۈرلىنىشى مۇنداق:

▷ كۆرگىلىۋاتىمەن، كۆرگىلىۋاتىمىز، كۆرگىلىۋاتىسەن، كۆرگىلىۋاتىسىز، كۆرگىلىۋاتىدىلا، كۆرگىلىۋاتىسىلەر، كۆرگىلىۋاتىسىزلەر، كۆرگىلىۋاتىدۇ.

خوتەندە بۇ خىل شەكىلنىڭ ئورنىدا «غىلى» لىق رەۋىشداشنىڭ كەينىگە «قوپ ـ »، «تۇر ـ » ياردەمچى پېئىللىرىنى قوشقان شەكىل قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

◁ لوپقا با:غىلى قوپتام. (بارغىلىۋاتىمەن)
◁ مەن تاماق يىگىلى قوپتام. (يېگىلىۋاتىمەن)
◁ بۇلاڭلا، قا:مىغىلى قوپتى. (تۇگىگىلىۋاتىدۇ)
◁ ئى:شىڭغا با:غىلى تۇيتمە. (شۇ ياققا بارغىلىۋاتىمەن)

**5) كۆرگەنمەن**

ئەدەبىي تىلدا بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللارنىڭ شەخسلەردە تۇرلىنىشى مۇنداق:

◁ كۆرگەنمەن، كۆرگەنمىز، كۆرگەنسەن، كۆرگەنسىز، كۆرگەنسىلى، كۆرگەنسىلەر، كۆرگەنسىزلەر، كۆرگەن[1].

ئەدەبىي تىلدىكى بۇ خىل فورمىدىكى پېئىل شەكلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ئاساسەن پەرقى يوق. بىراق، «كۆرگەنىكەنمەن، كۆرگەنىدىم» دېگەن شەكىللەرنىڭ ئىشلىتىلىشىدە بەزى پەرقلەر بار.

**6) كۆرگەنىكەنمەن، كۆرگەنىدىم**

ئەدەبىي تىلدا بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللارنىڭ شەخسلەردە تۇرلىنىشى مۇنداق:

◁ كۆرگەنىكەنمەن، كۆرگەنىكەنمىز، كۆرگەنىكەنسەن، كۆرگەنىكەنسىز، كۆرگەنىكەنلا، كۆرگەنىكەنسىلەر، كۆرگەنىكەنسىزلەر، كۆرگەنىكەن.

◁ كۆرگەنىدىم، كۆرگەنىدۇق، كۆرگەنىدىڭ، كۆرگەنىدىڭىز، كۆرگەنىدىلە كۆرگەنىدىڭلار، كۆرگەنىدىڭىزلار، كۆرگەنىدى.

تۇرپاندا بۇ خىل شەكىللەردىكى سۇپەتداش قوشۇمچىلىرى «غان\قان\گەن\كەن» لەردىكى «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرى بىردەك «ئى» غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

◁ كۆ:گىنىكەممە (كۆرگەنىكەنمەن)، با:غىنىكەنسە (بارغانىكەنسەن)، ئۆيگە كەتكىنىكەنسىلە (كەتكەنىكەنسىلەر)، كە:گىنىكەنسىز (كەلگەنىكەنسىز) ...

◁ كۆ:گىنىدىم (كۆرگەنىدىم)، با:غىنىدىم (بارغانىدىم)، ئاغىنىدىڭ (ئالغانىدىڭ)، كەتكىنىدىڭلا (كەتكەنىدىڭلار)، كە:گىنىدىڭىز (كەلگەنىدىڭىز) ...

◁ تۇنۇگۇن كە:گىنىدىم (تۇنۇگۇن كەلگەنىدىم)، بازا:دا ئۇنى كۆگىنىدىم (كۆرگەنىدىم) ...

قەشقەردە «كۆرگەنىكەنمەن» دېگەن شەكىلدىكى باغلامچى پېئىل «ئىكەن» نىڭ ئالدىدىكى سوزۇق تاۋۇش «ئى» قىسقىراپ، ئۇنىڭ ئورنىدا «كۆ:گەنكەممە» ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

◁ با:غانكەممە (بارغانىكەنمەن)، كۆ:گەنكەممە (كۆرگەنىكەنمەن) ...

قەشقەردە «كۆرگەنىدىم» دېگەن شەكىلنىڭ ئورنىدا «كۆ:گەنتتىم» ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

◁ كۆ:گەنتتىم (كۆرگەنىدىم)، قىغانتتى (قىلغانىدى)، كۆ:گەنمىتتىڭ (كۆرگەنمىدىڭ)، قايلىغانتتىڭ (قارىغانىدىڭ)، ئېتقانتتىلە (ئېيتقانىدىلە)، بويىغان ئەمەسمىتتى (ئەمەسمىدى)، ساناپ پاققانتتىم (باققانىدىم)، ئوقۇغانتتىم (ئوقۇغانىدىم)، با:غانتتىڭما؟ (بارغانىدىڭمۇ)، ۋە:گەنتتىم (بەرگەنىدىم)، با:غانتتىم (بارغانىدىم)، بومماسمىتتى (بولماسمىدى) ...

---

① بۇ خىل فورمىدىكى پېئىللار تۇرلەنگەندە ئېغىز تىلىدا شەخس قوشۇمچىسى دائىم چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: مەن كۆرگەنمەن\مەن كۆرگەن؛ سەن كۆرگەنسەن\سەن كۆرگەن ... دېگەندەك.

قومۇلدا «كۆرگەنكەنمەن» دېگەن شەكىلنىڭ سوراق شەكلىدە، «ئىكەن» دىن كېيىن «مۇ» ئۇلانمىسى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

◁ با:غا:كەممۇ؟ (بارغانمىكەن)، كۆ:گە:كەنمۇ؟ (كۆرگەنمىكەن)، كۆ:گە:كەممەنمۇ (كۆرگەنمىكەنمەن)، با:غا:كەممەممۇ (بارغانمىكەنمەن) ...

7) كۆرۈپتىمەن

ئەدەبىي تىلدا بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللارنىڭ شەخسلەردە تۈرلىنىشى مۇنداق:

◁ كۆرۈپتىمەن، كۆرۈپتىمىز، كۆرۈپسەن، كۆرۈپسىز، كۆرۈپتىلا، كۆرۈپسىلەر، كۆرۈپسىزلەر، كۆرۈپتۇ.

تۇرپاندا «كۆرۈپتىمەن» دېگەن شەكىلنىڭ ئىككىنچى شەخس شەكلىدە «پ» تاۋۇشى «ف» غا نۆۋەتلىشىدۇ. ئىككىنچى شەخس بىرلىك سىپايە تۈردە «تى» بوغۇمى قىسقىرايدۇ. قەشقەردىمۇ شۇنداق. مەسىلەن:

◁ كېپتىمە (كەپتىمەن)، كېفسە (كەپسەن)، كېفسىزلە (كەپسىزلەر)، كېپلا (كەپتۇلا)، ئەفسىلە (ئاپسىلەر)، ئەۋەفسە (ئېلىۋاپسەن) ... (تۇرپاندا)

قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى بۇزۇلغانلىق سەۋەبىدىن، پېئىلنىڭ بۇ خىل شەكىللىرىدە «ەپ\اپ» ۋارىيانتى كۆرۈلىدۇ.

مەسىلەن:

◁ بۇلمەپتىمە (بىلمەپتىمەن)، قىپسە (قىپسەن)، توشاپ كېتىپتو (توشۇپ كېتىپتۇ)، كېتىپلا (كېتىپتىلا)، كۆرەپتىمەن (كۆرۈپتىمەن)، بولاپتۇ (بولۇپتۇ)، كېتىپسەن (كېتىپسەن)، كەپلا (كەپتۇلا)، ...

◁ ئېپتىمەن (ئاپتىمەن)، كىپتىمەن (كەپتىمەن)، بوپتىمەن (بوپتىمەن)، ئاپتىمىز (ئاپتىمىز)، قىماپمىز (قىلماپتىمىز) ...

خوتەن قاتارلىق جايلاردا بۇ خىل پېئىلنىڭ سوراق شەكىللىرى تۆۋەندىكىدەك:

◁ ئېمىتتىمە؟ (ئاپتىمەنمۇ)، ئا:مامىتتىمە؟ (ئالماپتىمەنمۇ)، كۇيەمەمىسىز؟ (كۆرۈپسىزمۇ)، كۆ:مەمىسىز؟ (كۆرمەپسىزمۇ)، يەمۇتۇ؟ (يەپتۇمۇ)، يىمەمۇتۇ؟ (يېمەپتۇمۇ) ...

خوتەندە بۇ خىل پېئىلنىڭ ئىككىنچى شەخس شەكلىدە «پ» تاۋۇشى تۆۋەندىكىدەك «ف» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

◁ دەفسە (دەپسەن)، دەفسىز (دەپسىز)، دەفسىلە (دەپسىلەر) ...

8) كۆرۈپتىكەنمەن

ئەدەبىي تىلدا بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللارنىڭ شەخسلەردە تۈرلىنىشى مۇنداق:

◁ كۆرۈپتىكەنمەن، كۆرۈپتىكەنمىز، كۆرۈپتىكەنسەن، كۆرۈپتىكەنسىز، كۆرۈپتىكەنلا، كۆرۈپتىكەنسىلەر، كۆرۈپتىكەنسىزلەر، كۆرۈپتىكەن.

خوتەندە بۇ خىل پېئىل «كۆرەپتىكەنمەن» ياكى «كۆرەپتىمەنكەن» دېگەن شەكىلدە تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

◁ ئۆتەپتىكەن (ئۆتۈپتىكەن)، بىرىپتىمەنكەن\بىرىپتىمىكەن (بېرىپتىكەنمەن)، بىرىپسىكەن (بېرىپتىكەنسەن\بېرىپسەنكەن)، بېرىپسىزكەن (بېرىپتىكەنسىز\بېرىپسىزكەن) ...



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇ خىل پېئىلنىڭ سوراق شەكلى خوتەندە مۇنداق بولىدۇ:

◁ بېرىممىتمى:كە؟ (بېرىپتىكەنمەنمۇ)، با:مامىتمى:كە؟ (بارماپتىكەنمەنمۇ)، بېرىفلىمى:كە؟ (بېرىپتىكەنلەمۇ)، ئوقۇۋېتىپتىما؟ (ئوقۇۋېتىپتۇمۇ) ...

غۇلجىدا بۇ شەكىلنىڭ ئۆچىنچى شەخستە كۆپىنچە كەينىگە « ـ دۇك\تۇك» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

◁ قىلىپتىكەندۇك (قىپتىكەن)، بېرىپتىكەندۇك (بېرىپتىكەن)، كۆرۈپتىكەندۇك (كۆرۈپتىكەن) ...

قومۇلدا بۇ خىل شەكىل قوللىنىلىدۇ، بىراق ئۈچىنچى شەخستە كۆپىنچە كەينىگە «دۇق» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

◁ سا:راپتىكەندۇق (سايراپتىكەن)، تۇرۇپتىكەندۇق (تۇرۇپتىكەن)، دەپتىكە\ دەپتىكەندۇق (دەپتىكەن) ...

تۇرپاندا «كۆرۈپتىكەنمەن» دېگەن شەكىل قوللىنىلماي، ئورنىغا «كۆرۈۋېكەنمە\ كۆرىيكەنمە» دېگەن شەكىل قوللىنىلىدۇ، شۇنداقلا ئۈچىنچى شەخستە كۆپىنچە كەينىگە « ـ دۇق\نوق» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

◁ ئۇ بازا:غا بېرىيكەنوق، ھېشتىمە ئالا:ماي ھېتىكېپتۇ. (ئۇ بازارغا بېرىپتىكەن، ھېچ نەرسە ئالالماي قايتىپ كەپتۇ)

◁ ئۇنىڭ نە:سە كانتىلاۋاتقانلىغىنى كۆرىقېلىيكەممە ... (ئۇنىڭ نەرسە ئوغرىلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتىكەنمەن) ...

◁ قىۋېكەنوق\قىۋېكەندوق (قىپتىكەن)، كۆرىيكەنوق\كۆرۈۋېكەندۇق (كۆرۈپتىكەن)، بېرىيكەنوق\بېرىۋېكەندوق (بېرىپتىكەن) ...

**9) كۆرۈۋېتىپتىمەن، كۆرۈۋېتىپتىكەنمەن**

ئەدەبىي تىلدا بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللارنىڭ شەخسلەردە تۈرلىنىشى مۇنداق:

◁ كۆرۈۋېتىپتىمەن، كۆرۈۋېتىپتىمىز، كۆرۈۋېتىپسەن، كۆرۈۋېتىپسىز، كۆرۈۋېتىپتىلا، كۆرۈۋېتىپسىلەر، كۆرۈۋېتىپسىزلەر، كۆرۈۋېتىپتۇ ...

◁ كۆرۈۋېتىپتىكەنمەن، كۆرۈۋېتىپتىكەنمىز، كۆرۈۋېتىپتىكەنسەن، كۆرۈۋېتىپتىكەنسىز، كۆرۈۋېتىپتىكەنلا، كۆرۈۋېتىپتىكەنسىلەر، كۆرۈۋېتىپتىكەنسىزلەر، كۆرۈۋېتىپتىكەن ...

خوتەندە بۇ خىل پېئىللاردا پەقەت لەۋ ئاھاڭداشلىقى ئىزچىل بولمىغانلىقتىن پەيدا بولغان بەزى شەكىللىرىنى تىلغا ئالمىغاندا، ئاساسەن ئەدەبىي تىلغا ئوخشاش. مەسىلەن:

◁ بولاۋېتىپتۇ (بولۇۋېتىپتۇ)، ياساۋېتىپتۇ (ياساۋېتىپتۇ)، كۆرەۋېتىپتۇ (كۆرۈۋېتىپتۇ) ...

يەكەن، مەكىت قاتارلىق جايلاردا بۇ خىل شەكىلنىڭ تەركىبىدىكى «كەن» باغلىغۇچىسى «كېن» گە مايىل ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

◁ كۆرەۋېتىپتىكېمە (كۆرۈۋېتىپتىكەنمەن)، كۆرەۋېتىپتىكېن (كۆرۈۋېتىپتىكەن)...

**10) كۆرۈۋېدىم**

ئەدەبىي تىلدا بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللارنىڭ شەخسلەردە تۈرلىنىشى مۇنداق:

◁ كۆرۈۋىدىم، كۆرۈۋىدۇق، كۆرۈۋىدىڭ، كۆرۈۋىدىڭىز، كۆرۈۋىدىلە، كۆرۈۋىدىڭلار، كۆرۈۋىدىڭىزلار، كۆرۈۋىدى.

خوتەندە بۇ شەكىل «كۇرەبدىم» دېگەن شەكىلدە كېلىدۇ. بىراق، ھازىر بۇ خىل شەكىل ياشلارنىڭ تىلدا تولىراق «كۇرەپتىم» دېگەن شەكىلدە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن:

◁ ئەكىيبىيىبدىم (ئەكىرىپ بېرىۋىدىم)، دىبدى (دېۋىدى)، ئولتۇيۇبدۇم\ئولتۇيۇپتۇم (ئولتۇرۇۋىدىم)، ئولتۇيۇبدۇك\ئولتۇيۇپتۇك (ئولتۇرۇۋىدۇق)، كۇيەبدىم\كۇرەپتىم (كۆرۈۋىدىم)، ياسابدىم\ياسىبدىم (ياسىۋىدىم)، قىبدىڭلا (قىلىۋىدىڭلار)...

بۇ خىل پېئىلنىڭ سوراق شەكلى خوتەندە غەيرىرەك، مەسىلەن:

◁ دەممىدىم (دەپمىدىم)، دىمەممىدىم (دېمەپمىدىم)، كۇرەممىدۇك (كۆرۈپمىدۇق)، كۆمەممىدۇك (كۆرمەپمىدۇق) ...

قەشقەردە «كۆرۈۋىدىم» دېگەن شەكىل «كۆرەپتىم» دېگەن شەكىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

◁ قىپتىم\قىمماپتىم (قىلىۋىدىم\قىلمىۋىدىم)، ئىشلەپتىڭ (ئىشلىۋىدىڭ)، يېزىپتى (يېزىۋىدى)، كەممەپتى (كەلمىۋىدى)، دەپتىم (دېۋىدىم)، بېرىپتىم (بېرىۋىدىم)، كەپمىدىم (كېلىۋىدىممۇ) ...

پېئىلنىڭ بۇ خىل فورمىسى مەكىت ۋە ئاقسۇ قۇمباشتا ئاساسەن قەشقەرگە ئوخشاش تۇرلىنىدۇ، ئاقساقماللاردا «بېرىپتىم» ياكى «بېرىۋىدىم» دەپ ئىككى خىل شەكىلدە تۇرلەنسە، ئاقسۇ قارىتالدا ئەدەبىي تىلدىكىدەك «بېرىۋىدىم» شەكىلدە تۇرلىنىدۇ.

تۇرپاندا بۇ خىل شەكىل «كۆرىيدىم\كۆرۈۋىدىم» دېگەن شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

◁ ئەكىرىپېرىيدىم (ئەكىرىپ بېرىۋىدىم)، دىيىدى\دېۋىدى (دېۋىدى)، ئو:تۇرۇيدۇم (ئولتۇرۇۋىدىم)، ئو:تۇرۇيدوق\ئو:تۇرۇۋىدۇق (ئولتۇرۇۋىدۇق)، كۆرۈيدۇم (كۆرۈۋىدىم) ...

◁ ئۇ مابنا ـ مابنا دېيىدى، ئاتام ئاچچىغى كېپ قويلاكەتتى. (ئۇ مۇنداق ـ مۇنداق دېۋىدى، ئاتامنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئۇنى قوغلاپ كەتتى)

◁ كاڭدا بىر دەم ئو:تۇرىيدۇق، غىزا ئېتىپە:دى. (كاڭدا بىر دەم ئولتۇرۇۋىدۇق، تاماق ئېتىپ بەردى)

قومۇلدا بۇ خىل شەكىل ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن:

◁ ئەكىر بېرىۋىدىم (ئەكىرىپ بېرىۋىدىم)، دېۋىدى (دېۋىدى)، ئو:تۇرۇۋىدىم (ئولتۇرۇۋىدىم)، ئو:تۇرۇۋىدۇق (ئولتۇرۇۋىدۇق)، كۆرۈۋىدۇم (كۆرۈۋىدىم) ...

### 11) كۆرۈۋىكەنمەن

ئەدەبىي تىلدا بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللارنىڭ شەخسلەردە تۇرلىنىشى مۇنداق:

◁ كۆرۈۋىكەنمەن، كۆرۈۋىكەنمىز، كۆرۈۋىكەنسەن، كۆرۈۋىكەنسىز، كۆرۈۋىكەنلا، كۆرۈۋىكەنسىلەر، كۆرۈۋىكەنسىزلەر، كۆرۈۋىكەن.

تۇرپاندا پېئىللارنىڭ بۇ خىل شەكلى «كۆرىيكەممە» دېگەن شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

◁ ئەكىرپېرىيكەممە (ئەكىرىپ بېرىۋىكەنمەن)، دىيىكە\دېۋىكە (دېۋىكەن) ئو:تۇرۇيكەممە (ئولتۇرۇۋىكەنمەن)، ئو:تۇرۇيكەممىز\ئو:تۇرۇۋىكەممىز (ئولتۇرۇۋىكەنمىز)، كۆرۈيكەممە (كۆرۈۋىكەنمەن) ...



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا پېئىلنىڭ بۇ خىل شەكلى ئاساسەن قوللىنىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئورنىدا «كۆرەپتىكەممە» دېگەن شەكىل قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:
▷ ئېچىرىپپىرىپتىكەممە (ئەكىرىپ بېرىپتىكەنمەن\بېرىۋېكەنمەن)، دەپتىكېن (دېۋېكەن\دەپتىكەن)، ئوتتۇراپتىكېممە (ئولتۇرۇۋېكەنمەن\ئولتۇرۇپتىكەنمەن) ...
**12) كۆرىدىكەنمەن**
ئەدەبىي تىلدا بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللارنىڭ شەخسلەردە تۈرلىنىشى مۇنداق:
▷ كۆرىدىكەنمەن، كۆرىدىكەنمىز، كۆرىدىكەنسەن، كۆرىدىكەنسىز، كۆرىدىكەنلا، كۆرىدىكەنسىلەر، كۆرىدىكەنسىزلەر، كۆرىدىكەن.
تۇرپاندا پېئىلنىڭ بۇ خىل شەكلى ئىشلىتىلمەيدۇ. «كۆرىدىكەنمەن» نىڭ ئورنىدا «كۆرىدىغىنىكەنمە» دېگەن شەكىل قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:
▷ ئۇنى ياخشى كۆردىغىنىكەممە. (ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەنمەن)
▷ مەكتەپكە مەمما بارىدىغىنىكەممە. (مەنمۇ بارىدىكەنمەن)
▷ تۇرىدىغىنىكەممە (تۇراتتىكەنمەن\تۇرىدىكەنمەن)، باردىغىنىكە (باراتتىكەن\بارىدىكەن)، كېلىدىغىنىكەسىلە (كېلەتتىكەنسىلەر\كېلىدىكەنسىلەر)، كېلىدىغىنىكەسىز (كېلەتتىكەنسىز\كېلىدىكەنسىز)، كۆردىغىنىكەممىز (كۆرەتتىكەنمىز\كۆرىدىكەنمىز) ...
قەشقەردە بۇنداق پېئىل شەكىللىرى ئاساسەن ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش تۈرلىنىدۇ، بىراق تەركىبىدىكى «كەن» قەشقەر، يەكەن، مەكىت قاتارلىق جايلاردا سەل تارراق سوزۇق تاۋۇش [E] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:
▷ بۇلىدىكېممە (بولىدىكەنمەن)، سۆيۈندۈرىدىكېن (سۆيۈندۈرىدىكەن)
خوتەندە تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە قوللىنىلىدۇ:
▷ يازىتمى:كە (يازىدىكەنمەن)، دىيتمى:كە (دەيدىكەنمەن)، بايسى:كە (بارىدىكەنسەن)، بىلىسىزكە (بىلىدىكەنسىز) ...
▷ بارامسىكىنا؟ (بارامدىكەنسەن)، باراتمىزكىنا؟ (بارامدىكەنمىز)، بارامسىلىكىنا؟ (بارامدىكەنسىلەر)، باراتمەنكىنا؟ (بارامدىكەنمەن)
غۇلجىدا «كۆرىدىكەنمەن» دېگەن شەكىلنىڭ ئورنىدا «كۆرۈمەنكەن» دېگەن شەكىل كېلىدۇ. مەسىلەن:
▷ قالىمىزكەن (قالىدىكەنمىز)، ئىشلەيمىزكەن (ئىشلەيدىكەنمىز)، بارىمەنكەن (بارىدىكەنمەن)، كېتىسەنكەن (كېتىدىكەنسەن) ...
كەلپىندە بۇ خىل پېئىل شەكلى خوتەن دىيالېكتىدىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن:
▷ بايتمەنكەن (بارىدىكەنمەن)، ئىچىتكەنمەنمۇ (ئىچىدىكەنمەنمۇ)، كېتتىكەن (كېتىدىكەن) ...
**13) كۆرۈۋاتىدىكەنمەن**
ئەدەبىي تىلدا بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللارنىڭ شەخسلەردە تۈرلىنىشى مۇنداق:
▷ كۆرۈۋاتىدىكەنمەن، كۆرۈۋاتىدىكەنمىز، كۆرۈۋاتىدىكەنسەن، كۆرۈۋاتىدىكەنسىز، كۆرۈۋاتىدىكەنلا، كۆرۈۋاتىدىكەنسىلەر، كۆرۈۋاتىدىكەنسىزلەر، كۆرۈۋاتىدىكەن.
بۇنداق پېئىل شەكلى ئاساسەن ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش تۈرلىنىدۇ، بىراق

تەركىبىدىكى «كەن» قەشقەر، يەكەن، مەكىت قاتارلىق جايلاردا سەل تارراق سوزۇق تاۋۇش [E] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:
▷ ئۇخلاۋاتىدىكېن، ئۇسسايىناۋاتىدىكېن (ئۇسسۇل ئويناۋاتىدىكەن)، ئويناۋاتامدىكېن (ئويناۋاتامدىكەن) ...
بۇ خىل پېئىل شەكلى تۇرپاندا ئاساسەن قوللىنىلمايدۇ، ئورنىغا «كۆرۈۋېتىپتىكەن» دېگەن شەكىل كېلىدۇ.

**14) كۆرىدىغانمەن، كۆرىدىغاندىمەن**

ئەدەبىي تىلدا بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللارنىڭ شەخسلەردە تۈرلىنىشى مۇنداق:
▷ كۆرىدىغانمەن، كۆرىدىغانمىز، كۆرىدىغانسەن، كۆرىدىغانسىز، كۆرىدىغانلا كۆرىدىغانسىلەر، كۆرىدىغانسىزلەر، كۆرىدىغان.
▷ كۆرىدىغاندىمەن، كۆرىدىغاندىمىز، كۆرىدىغانسەن، كۆرىدىغانسىز، كۆرىدىغاندىلا كۆرىدىغانسىلەر، كۆرىدىغانسىزلەر، كۆرىدىغاندۇ.
ئەمەلىيەتتە يۇقىرىقى شەكىلنىڭ بىرىنچىسىدە ئاساسەن شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلماي قوللىنىلىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ شەكىل ئەدەبىي تىلدا ئىنتايىن ئاز قوللىنىلىدۇ. بىراق، تۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلاردا بۇ شەكىل خۇددى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدا ئىنتايىن كۆپ قوللىنىلىدىغان «كۆرەتتى، كېتەتتى، باراتتى» دېگەن شەكىللەرگە ئوخشاش، ئىنتايىن كۆپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:
▷ ئۇ بۇرۇن توختىماي خەت يېزىپ تۇرىدىغىنىدى، ھازىر يازماس ۋوقالدى. (ئۇ بۇرۇن دائىم خەت يېزىپ تۇراتتى، بىراق ھازىر يازماس بولۇپ قالدى)
▷ — بېيجىڭغا ئۇمۇ بارامدىكەن؟
▷ — ھەئە، ئۇمۇ باردىغىنىكەن (<باردىغان ئىكەن). (ھەئە، ئۇمۇ بارىدىكەن)
▷ بۇ كىتابنى مەن بۇرۇن تولا كۆرىدىغان. (دائىم كۆرەتتىم) ... دېگەندەك.
خوتەندە بۇ خىل شەكىل «كۆرىتقانتىمەن» دېگەن شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:
▷ كۆيىتقانمەن (كۆرىدىغانمەن)، كىتىتقان ئادەم (كېتىدىغان ئادەم)، بايىتقانسىلە (بارىدىغانسىلەر)، كۆيىتقانمىز (كۆرىدىغانمىز) ...
▷ ئا:تقانتىمە؟ (ئالىدىغاندىمەن)، ئا:مايتقانتىمىز؟ (ئالمايدىغاندىمىز)، كىتقانسىز؟ (كېلىدىغانسىز)، بايىتقانتۇ؟ (بارىدىغاندۇ)، ئالامىتىغانتىمە؟ (ئالامدىغاندىمەن) كۆيىتقانسە؟ (كۆرىدىغانسەن) ...

**15) كۆرەرمەن، كۆرەرىدىم، كۆرەرىكەنمەن**

ئەدەبىي تىلدا بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللارنىڭ شەخسلەردە تۈرلىنىشى مۇنداق:
▷ كۆرەرمەن، كۆرەرمىز، كۆرەرسەن، كۆرەرسىز، كۆرەرلا، كۆرەرسىلەر كۆرەرسىزلەر، كۆرەر.
▷ كۆرەرىدىم، كۆرەرىدۇق، كۆرەرىدىڭ، كۆرەرىدىڭىز، كۆرەرىدىلە، كۆرەرىدىڭلار كۆرەرىدىڭىزلار، كۆرەرىدى.
▷ كۆرەرىكەنمەن، كۆرەرىكەنمىز، كۆرەرىكەنسەن، كۆرەرىكەنسىز، كۆرەرىكەنلا كۆرەرىكەنسىلەر، كۆرەرىكەنسىزلەر، كۆرەرىكەن.
تەركىبىدە قەدىمكي سۈپەتداش قوشۇمچىسى «-ار\ەر» بولغان بۇ خىل پېئىل

شەكىللىرىدە، قەشقەر، خوتەنلەردە «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ؛ تۇرپاندا بولسا « ـ ار\ەر» قوشۇمچىسى « ـ ۇر» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

تۇرپاندا پېئىلنىڭ بۇ خىل شەكلىدىكى سۈپەتداش قوشۇمچىسى « ـ ئار\ەر» دىكى «ر» چۈشۈپ قالمايدۇ ھەم بۇ قوشۇمچە «ۇر» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

◁ بارۇرمە (بارارمەن)، كېتۇرسىلە (كېتەرسىلەر)، ئالۇرمىز (ئالارمىز)، يېتۇر (يېتەر)، بارۇرسە (بارارسەن)، كېتۇر (كېتەر)، يازۇر (يازار)؛ بارۇركەممە (بارارىكەنمەن)، يېتۇركە (يېتەرىكەن) ...

◁ كۆرۇردۇم (كۆرەتتىم\كۆرەردىم)، بارۇردۇق (باراتتۇق\بارارىدۇق) (تۇرپان)

قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا بولسا بۇ خىل شەكىللەردە «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

◁ بارا:مە (بارارمەن)، كېتە:سىلە (كېتەرسىلەر)، ئالا:مىز (ئالارمىز)، يېتە: (يېتەر)، كۆرە:مە (كۆرەرمەن)، كىتە:مە (كېتەرمەن)، ئالا (ئالار)، كۆرە:سە (كۆرەرسەن)، بولا:مىز (بولارمىز)، كېلە:لا (كېلەرلا)، رازى ۋولا:سەن (رازى بولارسەن) ...

◁ كۆرە:دىم\كۆرىتتىم (كۆرەردىم)، بارا:دۇق\بارىتتۇق (بارارىدۇق\بارىتتۇق)، كۆرە:دۇك\كۆرىتتۇك\كۆرىتتۇق (كۆرەردۇق) (قەشقەر قاتارلىق جايلاردا)

**16) كۆرۈۋاتاتتىم، كۆرگىلىۋاتاتتىم**

ئەدەبىي تىلدا بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللارنىڭ شەخسلەردە تۈرلىنىشى مۇنداق:

◁ كۆرۈۋاتاتتىم، كۆرۈۋاتاتتۇق، كۆرۈۋاتاتتىڭ، كۆرۈۋاتاتتىڭىز، كۆرۈۋاتاتتىلا، كۆرۈۋاتاتتىڭلار، كۆرۈۋاتاتتىڭىزلار، كۆرۈۋاتاتتى.

◁ كۆرگىلىۋاتاتتىم، كۆرگىلىۋاتاتتۇق، كۆرگىلىۋاتاتتىڭ، كۆرگىلىۋاتاتتىڭىز، كۆرگىلىۋاتاتتىلا، كۆرگىلىۋاتاتتىڭلار، كۆرگىلىۋاتاتتىڭىزلار، كۆرگىلىۋاتاتتى.

تۇرپاندا بۇ خىل شەكىللەر قوللىنىلمايدۇ، «كۆرۈۋاتاتتىم» نىڭ ئورنىغا «كۆرۈۋاتقىنىدىم\كۆرۈۋېتىيدىم» قوللىنىلىدۇ؛ «كۆرگىلىۋاتاتتىم» نىڭ ئورنىدا «كۆ:گىلىۋاتقىنىدىم»، «كۆرۇردۇم\كۆرىدىغىنىدىم» دېگەندەك شەكىللەر قوللىنىلىدۇ ھەم تەركىبىدىكى سۈپەتداش قوشۇمچىسى «قان» بولسا «قىن» غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

◁ كۆ:گىلىۋاتقىنىدىم (كۆرگىلىۋاتاتتىم)، تۇرغىلىۋاتقىنىدىم (تۇرغىلىۋاتاتتىم)

◁ كۆرۈۋاتقىنىدىم (كۆرۈۋاتاتتىم)، كېتىۋاتقىنىدىم (كېتىۋاتاتتىم) ..

◁ ئۇ كە:گەندە نېمىش قىۋاتقىنىدىڭ؟ (ئۇ كەلگەندە نېمە ئىش قىلىۋاتقان ئىدىڭ\قىلىۋاتاتتىڭ)

◁ كىتاب كۆرۈۋېتىيدىم، ئۇ كېقالدى. (كىتاب كۆرۈۋاتاتتىم، ئۇ كېلىپ قالدى)

قەشقەر قاتارلىق جايلاردا بۇ خىل شەكىلدىكى «تا» تاۋۇشى ۋە سۈپەتداش قوشۇمچىسى «ئا\ئە» لەر «ئى» غا ئاجىزلىشىدۇ، شۇنىڭدەك لەۋ ئاھاڭداشلىقى ئاجىز بولغانلىق سەۋەبىدىن، پېئىل تەركىبىدىكى « ـ ۋات\ىۋات\ۇۋات\ۈۋات» قوشۇمچىسىنىڭ يەنە « ـ ەۋات\اۋات» ۋارىيانتىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

◁ كېلىۋاتىتتى (كېلىۋاتاتتى)، كۆرەۋاتىتتىم (كۆرۈۋاتاتتىم)، ئىشلەۋاتىتتىم (ئىشلەۋاتاتتىم)، يولدا كېتىۋاتىتتىڭلى (يولدا كېتىۋاتاتتىڭلار).

◁ كىتاب كۆ:گىلىۋاتىتتىم (كۆرگىلىۋاتاتتىم)، ئەمدى با:غىلىۋاتىتتىم

(بارغىلىۋاتاتتىم)، كەتكىلىۋاتىتتىڭلى (كەتكىلىۋاتاتتىڭلار) ...

### 17) كۆرەتتىم

ئەدەبىي تىلدا بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللارنىڭ شەخسلەردە تۈرلىنىشى مۇنداق:

▷ كۆرەتتىم، كۆرەتتۇق، كۆرەتتىڭ، كۆرەتتىڭىز، كۆرەتتىلە، كۆرەتتىڭلار كۆرەتتىڭىزلار، كۆرەتتى.

تۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلاردا پېئىللارنىڭ بۇ خىل شەكلى مۇتلەق قوللىنىلمايدۇ ئۇنىڭ ئورنىدا «كۆرۈردۇم» ياكى «كۆرىدىغىنىدىم<كۆرىدىغان ئىدىم» دېگەن شەكىل قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئۇ خەت يېزىپ تۇرىدىغىنىدى. (خەت يېزىپ تۇراتتى)

▷ ئۆيلە:گە كېپ تۇرىدىغىنىدى، ئەم كە:مەس ۋوقالدى. (ئۆيلەرگە كېلىپ تۇراتتى ئەمدى كەلمەس بولۇپ قالدى)

▷ سېنىڭ با:غىنىڭنى بىلسەم، مەممۇ بارۇردۇم. (مەنمۇ باراتتىم)

▷ بازا:غا كىرىپ تۇرىدىغىنىدىم. (بازارغا بېرىپ تۇراتتىم، بېرىپ تۇرىدىغانىدىم)

▷ بۇرۇنلاتا، تولا كېلىدىغىنىدى، مۇنىمۇ كۇندە كە:مەس ۋولدى. (ئىلگىرى پات - پات كېلىپ تۇراتتى\تۇرىدىغان ئىدى، ھازىر كەلمەس بولدى) ...

قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا پېئىلنىڭ بۇ خىل شەكلى تولىمۇ كۆپ قوللىنىلىدۇ، شۇنىسى بۇ خىل پېئىل شەكلىنىڭ تەركىبىدىكى «ئا ئە» تاۋۇشى ھەر دائىم «ئى» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

▷ كۆرىتتىم (كۆرەتتىم)، بارىتتىڭ (باراتتىڭ)، پات - پات كېلىتتى (كېلەتتى) ئىشىكتە تۇرىتتى (تۇراتتى)، يازىتتىم (يازاتتىم)، كېتىتتىڭ (كېتەتتىڭ) ...

خوتەندە: «كۆرەتتىم» دېگەن شەكىل قەشقەرگە ئوخشاش «كۆرىتتىم» شەكلىد ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ يازىتتىم (يازاتتىم)، ئا:تتىم (ئالاتتىم)، كېيت:تىم (كېلەتتىم)، قى:تتىم (قىلاتتىم) ...

بىراق، خوتەندە پېئىللارنىڭ بۇ خىل شەكلىنىڭ بىرىنچى شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىسى دائىم « - تۇك» شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

▷ يازىتتىم (يازاتتىم)، ئا:تتىم (ئالاتتىم)، كېيت:تىم (كېلەتتىم)، قى:تتىم (قىلاتتىم)، ئالىتتۇك\ئا:تتۇك (ئالاتتۇق)، يېيىتتۇك (يەيتتۇق)، ئولتۇيىتتۇك (ئولتۇراتتۇق)...

كۇچادا بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىلنىڭ ئىككىنچى شەخس سىپايە تۈرىنىڭ بىرلىك شەكلى ئەدەبىي تىلدىكىدەك «تىلا\تىلە» شەكلىدە كەلمەي، تىل ئالدى شەكىل «تىلە» بىلەنلا كېلىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئالىتتىلە (ئالاتتىلا)، يەيتتىلە (يەيتتىلە)، كۆرۈتتىلە (كۆرەتتىلە)، بولۇتتىل (بولاتتىلا) ...

### 18) كۆرگۈدەكمەن، كۆرۈۋاتقۇدەكمەن، كۆرگىلىۋاتقۇدەكمەن

ئەدەبىي تىلدا بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللارنىڭ شەخسلەردە تۈرلىنىشى مۇنداق:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

▷ كۆرگۈدەكمەن، كۆرگۈدەكمىز، كۆرگۈدەكسەن، كۆرگۈدەكسىز، كۆرگۈدەكلا، كۆرگۈدەكسىلەر، كۆرگۈدەكسىزلەر، كۆرگۈدەك.

▷ كۆرۈۋاتقۇدەكمەن، كۆرۈۋاتقۇدەكمىز، كۆرۈۋاتقۇدەكسەن، كۆرۈۋاتقۇدەكسىز، كۆرۈۋاتقۇدەكلا، كۆرۈۋاتقۇدەكسىلەر، كۆرۈۋاتقۇدەكسىزلەر، كۆرۈۋاتقۇدەك.

▷ كۆرگىلىۋاتقۇدەكمەن، كۆرگىلىۋاتقۇدەكمىز، كۆرگىلىۋاتقۇدەكسەن، كۆرگىلىۋاتقۇدەكسىز، كۆرگىلىۋاتقۇدەكلا، كۆرگىلىۋاتقۇدەكسىلەر، كۆرگىلىۋاتقۇدەكسىزلەر، كۆرگىلىۋاتقۇدەك.

بۇ شەكىللەردىكى ئىسىمداش قوشۇمچىلىرى «ـ غۇ\قۇ\گۇ\كۇ» لەر قەشقەر، تۇرپان دېگەندەك جايلاردا «ـ غى\قى\گى\كى» بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئورۇندىغىدەكمىز (ئورۇنلىغۇدەكمىز)، بۇزغىدەكسىلە (بۇزغۇدەكسىلەر)، يامغۇر ياققىدەك (ياغغۇدەك)، كەتكىدەكمىز (كەتكۈدەكمىز) ... (قەشقەردە)

▷ تالىشىۋاتقىدەك (تالىشىۋاتقۇدەك)، ئويناۋاتقىدەك (ئويناۋاتقۇدەك)، كۆرەۋاتقىدەك (كۆرۈۋاتقۇدەك)، قاچىلاۋاتقىدەك (قاچىلاۋاتقۇدەك) ... (قەشقەردە)

**19) كۆرىدىغاندىم، كۆرىدىغانىكەنمەن، كۆرىدىغانمەن**

ئەدەبىي تىلدا بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللارنىڭ شەخسلەردە تۈرلىنىشى مۇنداق:

▷ كۆرىدىغانمەن، كۆرىدىغانمىز، كۆرىدىغانسەن، كۆرىدىغانسىز، كۆرىدىغانلا، كۆرىدىغانسىلەر، كۆرىدىغانسىزلەر، كۆرىدىغان.

ئەمەلىيەتتە بۇ خىل شەكىل تولىسى شەخس قوشۇلمىغان ھالەتتە قوللىنىلىدۇ ھەم خەۋەر بولۇپ كېلىدىغان ۋاقتى تولىمۇ ئاز. پەقەت دىيالېكت ـ شېۋىلەردە كۆپ قوللىنىلىدۇ.

▷ كۆرىدىغاندىم، كۆرىدىغاندۇق، كۆرىدىغاندىڭ، كۆرىدىغاندىڭىز، كۆرىدىغاندىلە، كۆرىدىغاندىڭلار، كۆرىدىغاندىڭىزلار، كۆرىدىغاندى.

▷ كۆرىدىغانىكەنمەن، كۆرىدىغانىكەنمىز، كۆرىدىغانىكەنسەن، كۆرىدىغانىكەنسىز، كۆرىدىغانىكەنلا، كۆرىدىغانىكەنسىلەر، كۆرىدىغانىكەنسىزلەر، كۆرىدىغانىكەن.

تۇرپاندا بۇ ئىككى خىل شەكىلدىكى پېئىللار ئىنتايىن كۆپ قوللىنىلىدۇ ھەم ئۆتكەن زامان تەكرار شەكىلدىكى «كۆرەتتىم، كۆرۈۋاتاتتىم، كۆرىدىكەنمەن» دېگەندەك شەكىللەرنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭدەك تەركىبىدىكى سۈپەتداش قوشۇمچىسى «ـ غان» دائىم «ـ غىن» غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

▷ كۆرىدىغىندىم (كۆرەتتىم\كۆرىدىغاندىم)، بارىدىغىندى (بارىدىغاندى\باراتتى)، كېلىدىغىندىڭلا: (كېلىدىغاندىڭلار\كېلەتتىڭلار)، كېلىدىغىندىڭىز (كېلەتتىڭىز\كېلىدىغاندىڭىز)، كۆرىدىغىندۇق (كۆرىدىغاندۇق\كۆرەتتۇق) ...

▷ كۆرىدىغىنىكەممە (كۆرەتتىكەنمەن\كۆرىدىكەنمەن)، بارىدىغىنىكە (باراتتىكەن\بارىدىكەن)، كېلىدىغىنىكەنسىلە (كېلەتتىكەنسىلەر\كېلىدىكەنسىلەر)، كېلىدىغىنىكەنسىز (كېلەتتىكەنسىز\كېلىدىكەنسىز)، كۆرىدىغىنىكەممىز (كۆرەتتىكەنمىز\كۆرىدىكەنمىز) ...

▷ ـــ سەنمۇ بارامدىكەنسەن؟

▷ ـــ ھە، مەممۇ بارىدىغىنىكەنمەن. (مەنمۇ بارىدىكەنمەن)

◁ مەن ئىيە:گە تولا باردىغىنىدىم. (مەن ئۇ يەرگە دائىم باراتتىم) ...

**20) «ل» تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق پېئىللار «ئال ـ ، قال ـ ، سال ـ ، چال ـ ، كەل ـ ، قىل ـ ، بول ـ» لارنىڭ تۈرلىنىشى توغرىسىدا**

تۇرپان ۋە پىچاندا يۇقىرىقى پېئىللارنىڭ ھەممىسى شەخس بىلەن تۈرلەنسە، «ل» تاۋۇشى بىردەك چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

◁ كېپتۇ (كېلىپتۇ)، قەپتۇ\قاپتۇ (قېلىپتۇ)، بوپتۇ (بولۇپتۇ)، چەفسە (چېلىپسەن) ...

يۇقىرىقى پېئىللار ياردەمچى پېئىل سۈپىتىدە باشقا مۇستەقىل پېئىللارنىڭ كەينىدە كەلگەندە، تۇرپان ئاستانە، پىچان لۈكچۈن قاتارلىق جايلاردا بۇ پېئىللار تولا ھاللاردا ئالدى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

◁ بىلىقەپتىمە (بىلىپ قېلىپتىمەن)، كۈلۈۋ سەپتۇ (كۈلۈپ سېلىپتۇ)، كېپتۇ (كېلىپتۇ)، ئاش قىپتۇ (پولۇ قىلىپتۇ)، بوپتۇ بالام (بولۇپتۇ بالام)، ئۆيدە قەپتۇ (قېلىپتۇ) ...

لېكىن تۇرپاننىڭ باشقا جايلىرىدا (مەسىلەن، مۇرتۇقتا) بۇ خىل پېئىللاردىكى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن:

◁ بىلىقاپتىمە (بىلىپ قېلىپتىمەن)، كۈلۈۋ ساپتۇ (كۈلۈپ سېلىپتۇ)، كېپتۇ (كېلىپتۇ)، ئاش قىپتۇ (پولۇ قىلىپتۇ)، بوپتۇ بالام (بولۇپتۇ بالام)، ئۆيدە قاپتۇ (قېلىپتۇ) ...

قەشقەردە بۇ پېئىللار ياردەمچى پېئىل بولۇپ كەلگەندە، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

◁ ئاپتۇما؟ (ئېلىپتۇمۇ)، ئۇنتۇپ قاپتىمەن (ئۇنتۇپ قېلىپتىمەن)، ئاپتۇ (ئېلىپتۇ) ...

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا، بۇ پېئىللار تۈرلەنگەندە ھەم ئۇلارنىڭ بولۇشسىز شەكىللىرىدە، تەركىبىدىكى «ل» تاۋۇشى تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيەلىشىدۇ. بىراق تۇرپان، غۇلجا، قومۇل قاتارلىق جايلاردا، بۇ خىل پېئىللار تۈرلەنگەندە تەركىبىدىكى «ل» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. كەلپىن، مارالبېشى، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا «ل» تاۋۇشى چۈشۈرۈلمەي ۋە ئاسسىمىلياتسىيەلەشمەي ئەينەن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

◁ بولدى\بو:مىدى (بولدى\بولمىدى)، كە:سە ـ كە:مەس سۆزلەر (كەلسە ـ كەلمەس)، ئا:مىساڭ (ئالمىساڭ)، چاپىنىڭنى ساۋات\سەۋەت (سېلىۋەت)، ئۇ ئىشنى ھەگۆز قىمايمە (ھەرگىز قىلمايمەن)، قا:ساڭ قال ! (قالساڭ قالغۇر) ... (تۇرپان قاتارلىق جايلاردا)

◁ بولدى\بوممىدى (بولدى\بولمىدى)، كە:سە ـ كەممەس سۆزلەر (كەلسە ـ كەلمەس)، ئاممىساڭ مەيلى (ئالمىساڭ مەيلى)، چاپىنىڭنى سېلىۋېتە ! (سېلىۋەت) قىيساڭ قىل، قىممىساڭ قىمما (قىلساڭ قىل، قىلمىساڭ قىلما) ... (قەشقەر قاتارلىق جايلاردا)

خوتەندە يۇقىرىقى يەتتە پېئىل شەخس بىلەن تۈرلەنگەندە تەركىبىدىكى «ل» تاۋۇشى بىلەن كەلگەن بوغۇم بىراقلا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

◁ ئا:تقانتىمە؟ (ئالىدىغاندىمەن)، ئا:مايتقانتىمىز؟ (ئالمايدىغاندىمىز)، كىتقانسىز (كېلىدىغانسىز)، بايتقانتۇ؟ (بارىدىغاندۇ) ئالامتىقانتىمە؟ (ئالامدىغاندىمەن) ...



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەلپىن شېۋىسىدە بۇ يەتتە پېئىل شەخس بىلەن تۈرلەنگەندە تەركىبىدىكى «ل» تاۋۇشى ھەرگىز چۈشۈپ قالمايدۇ، بۇ كەلپىن شېۋىسىنىڭ باشقا جايلاردىن پەرقلىنىدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر. مەسىلەن: كەلمىدى (كەلمىدى)، ئالمايمەن (ئالمايمەن)، سالىتقان (سالىدىغان)، قالسا قالسۇن (قالسا قالسۇن)...

### 1 .8 رەۋىش

#### 1) ئورۇن رەۋىشلىرى

ئورۇن تەرەپنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر ئەدەبىي تىلدىكى «ئۇ ياق\بۇ ياق\نېرى\بېرى» قاتارلىقلارنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ۋارىيانتلىرى بار. مەسىلەن:

تۇرپاندا دائىم «ئۇيىزى (ئۇ ياق)، بۇيىزى (بۇ ياق)، بالدىر (ئىلگىرى)، نىرى» دېگەندەك رەۋىشلەر قوللىنىلىدۇ.

يەكەندە:

◁ ئېڭغا (ئۇ ياققا)، مېڭغا (ئاۋۇ ياققا)، شامال تام\تۆۋەللە (شىمال)؛ كۈن ژۈيۈش تام \ژۇقالا (جەنۇب)؛ كۈن ئولتۇيۇش تام (غەرب)؛ كۈن چىقىش تام (شەرق) دېگەنلەر قوللىنىلىدۇ.

#### 2) دەرىجە رەۋىشلىرى

دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ئەدەبىي تىلدا كۆپ قوللىنىلمايدىغان نۇرغۇن دەرىجە رەۋىشلىرى بار.

تۇرپاندا:

◁ يامان (ئىنتايىن)، بەك (ئىنتايىن)، ھەجەفسىللا (ئاجايىپ، تولىمۇ)، خوشمۇ (خويمۇ)، بېلەكلا (ئاجايىپلا)، بەك ياخشى (ئىنتايىن ياخشى)، يامان ياخشى (ئىنتايىن ياخشى)

◁ بېلەكلا تولا گە:قىلدو (ئاجايىپ تولا گەپ قىلىدۇ) ...

قەشقەردە:

◁ ئاڭ (ئەڭ)، تولىمۇ، خويمۇ، خېلى ...

◁ خېلى چىرايلىق بىژنىمكىنا، ماۋا! (ئىنتايىن چىرايلىق بىرنەرسىكەنغۇ ماۋۇ)

ئاقسۇدا:

◁ چىك ياخشى نە:سە (ئىنتايىن ياخشى نەرسە)، چىك خاپا قىلدى (ئاجايىپ خاپا قىلدى)

يەكەندە:

◁ سەن ساپزىزە كاتا بىي ئەدەم بولداڭ! (سەن ئاجايىپ ياخشى ئادەم بولدۇڭ)

◁ ئىشنى ساپزە مەللام قىلىمەن. (ئىشنى پەقەت مەنلا قىلىمەن)

غۇلجىدا دائىم «ئارى (تېخىمۇ ئارتۇق، تېخىمۇ ئېغىر)»، «ئوڭاي ... ئەمەس» دېگەندەك رەۋىشلەر قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

◁ ئوڭاي ياخشى ئەمەس مېنىڭ ئاكام دېگەن. (مېنىڭ ئاكام ئىنتايىن ياخشى)

خوتەندە:

◁ دۆي قارا (ناھايىتى قارا)، ئۆتلەگ قارا (ئىنتايىن قارا) ...

▷ ئەمەت بۇ ژىل ساپ ئۆسەپتۇ (ئەمەت بۇ يىل تازىمۇ ئۆسۈپتۇ) (گۇمىدا)

**3) ۋاقىت رەۋىشلىرى**

يەكەندە بۇ خىل رەۋىشلەر ئىنتايىن ئىنچىكە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ، مەسىلەن، بىر كۈن ۋاقىتنى ناماز ۋاختى\قاق بۇ\باش توخۇ چىللىدى (تاڭ سەھەر، يەنى سائەت بەشلەردە)؛ چاي مەللە (ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتى)؛ كۈن چىققان مەللە (سائەت 8 ـ 9 لار)؛ ئاش ۋاختى (سائەت 10 ـ 11لار)؛ چۈش\قوزا چۈش\چىڭ چۈش (سائەت 12)؛ پېشىم\كۈن ياندى (سائەت 2لەردە)؛ نامازدىگەر\كۈن ئولتا:دى (سائەت 5لەردە)؛ ناماشىشەم (سائەت 8 لەردە)؛ خۇپتەن\ياتقۇ ۋاختى\ياتا: ۋاخ (سائەت 10لاردا)؛ بىي ئۇيقۇ ۋاختى (سائەت 12 لەردە)؛ تەڭ كېچە ۋاختى (يېرىم كېچە) دېگەندەك ئايرىپ كۆرسىتىدۇ.

يەكەندە ۋاقىت رەۋىشلىرىدىن يەنە ئىبايتىن، ئىباي، ئىۋايام، ئىۋاي، سايىقى، سايتىنقى (بايا، باياتىن)؛ ئەسنادا، بازماللىققا، موتۇيقى (مۇشۇ ۋاقىتتا، بىردەم تۇرۇپ) دېگەندەك سۆزلەرمۇ بار. مەسىلەن:

▷ موتۇيقىدا كاللام بىيمىگە ئىشلىمىيتۇ.

▷ بازماللىققا كىلىتو، بىيدەم ئولتۇيۇپ تۇيۇڭ.

يەكەندە «دائىم» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا «ھىلاڭ، ئامىنامماي (دائىم، ھەمىشە، توختىماي)» قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ ھىلاڭ ئىدەمنى ئانىي تاپىدو. (دائىم مېنى بوزەك قىلىدۇ)

▷ ئانىكام ئامىنامماي كۈللايتتى ئىدەمنى. (ئانام توختىماي تىللايتتى مېنى)

پەسىلنى بىلدۈرىدىغان سۆزلىرىدىن يەنە: ئىش پەسلى (ئەتىياز)، ئىسسىغ پەسلى\گۈل پەسلى (ياز)، شامال پەسلى (كۈز)؛ توڭ پەسلى (قىش) دېگەندەكلەرمۇ قوللىنىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە: كۆلە:گە (كېلەر يىلى)، ياندۇ:قى ژىل\بۇلتوقى ژىل (ئۆتكەن يىلى)، ئۈلۈشىنقى ژىل (ئىككى يىل بۇرۇنقى يىل) دېگەندەك سۆزلەرنىمۇ قوللىنىدۇ. يەنە مەسىلەن:

▷ مو قويلىدىن كۆلەگە تۈل ئا:غىلى ۋولىدۇ.

▷ بىزىڭ ساقال (ئېرىنى دېمەكچى) ئۈلۈشۈنى ئۆلەپ قا:غان.

غۇلجىدا ئەدەبىي تىلدا كۆپ ئۇچرىمايدىغان تۆۋەندىكىدەك ۋاقىت رەۋىشلىرى بار. مەسىلەن:

▷ ئازمانلىغ (سەل تۇرۇپ، ھېلى)، كۆلۈ (كېلەر يىلى)، ياندۇ:قى ژىل (سۆزلەۋاتقان چاغدىن ئىلگىرىكى يىل)، پاتقىچە (تېز، چاپسان، ھېلىغىچە)، كېيىنزە (كېيىنچە)، ئالغاش (دەسلەپ، بالدۇر، ئاۋۋال)، بۇدا\بۇدو (بۇ قېتىم، بۇ دۆرەم)، بۇداقى (بۇ قېتىمقى)، بىرىنچى توخۇ (باش توخۇ، كېچە سائەت 11 لەردە)، ئىككىنچى توخۇ (كېچە سائەت بىر، ئىككىلەردە)، ئۈچۈنچى توخۇ (سەھەر بەشلەردە) ...

**4) ھال رەۋىشلىرى**

ئەدەبىي تىلدىكى ھالەت رەۋىشلىرى «ھېلى، بايىقى، ھازىرقى» نىڭ ئورنىدا خوتەندە «ساي» ھەم ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرى «سايتىن، سايىقى، سايتىنقى» دېگەن سۆزلەر؛ «ئۇپۇل ـ توپۇل» نىڭ ئورنىدا «ئۆ:مىلاقمان» قوللىنىلىدۇ (يەكەندىمۇ مۇشۇ سۆز قوللىنىلىدۇ). مەسىلەن:

▷ ساي كەلدىميا، مەن.
▷ سايتىن كىبدىم تېخى.
▷ سايىقى گاداي سېنىڭ داداڭما؟
▷ سايتىنقى ئىشنى دەملا:؟
▷ ئۆ:مىلاقمان مىنى كە:مىدىڭ دىيتۇ، ئۇزىمۇ كە:مەگلىك ئاينا !
▷ ئۆمىلاقمان كەلدەميا ئەينا.(يەكەن)

تەكىتنى بىلدۈرىدىغان رەۋىش «زادى» خوتەندە «هۆددەس»، «تەممەت»، «غۇلى» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن، تۇرپاندا «زىنهار» سۆزى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:
▷ هۆددەس بىي ئىشقا ئۇنىمايتۇ. (خوتەن)
▷ سۇ تەممەت قامماپتۇ. (خوتەن)
▷ ئۇ ئەللىگلىدە با:تۇ، شۇنداغمىدا، غۇلى؟ (خوتەن)
▷ بۇ ئىشنى ئۇ زىنهار بىلمەيدۇ.(تۇرپان)

غۇلجىدا ئەدەبىي تىلدىكىدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىدەك هال رەۋىشلىرى بار:

هاڭقاي (هاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالغان هالەت)، لەڭلۈك (يەر تەۋرىگەندىكى هالەت)، ئاسماخچىلاپ (يانداپ، ئەگىتىپ)، كۆڭۈل تاۋارەن (خاتىرجەم، خالىغىنىچە)، ئالاڭلاپ\ ئەلەڭلەپ (دەلدەڭشىپ، ئېگىز ـ پەس دەسسىگەن هالەت)، گىپىڭ ئارا (گەپ ئارىسىدا) ...

### 1.9 يۈكلىمە

#### 1) «چۇ» يۈكلىمىسى

ئەدەبىي تىلدىكى «چۇ» يۈكلىمىسى خوتەندە «چا» شەكلىدە، تۇرپاندا «چو» شەكلىدە، كۇچا، ئاقسۇلاردا ئەدەبىي تىلدىنمۇ تارراق قىلىپ «چۇ» شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

| كۇچالاردا | تۇرپان | خوتەن | ئەدەبىي تىل |
|---|---|---|---|
| مەنچۇ؟ | مەنچو؟ | مەنچا؟ | مەنچۇ |
| دىلبەرچۇ؟ | دىلبەرچو؟ | دىلبەرچا؟ | دىلبەرچۇ؟ |

▷ تەتىلدە يىزىغا چىقمايمەنچا. (يەكەن)
▷ تويغا بىيىپ كەلدەمچا. (يەكەن)

ئاقسۇ دولان تىلدا «چۇ» يۈكلىمىسى دائىم «يا» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:
▷ ئاچۇي، ئۇمىسلىيا ! (ئاچا، ئۇرمىسىلاچۇ )
▷ سىلىمۇ ياسلىيا ! (سىلىمۇ بارسىلاچۇ )

خوتەندە بەزى شەخس بىلەن تۇرلەنگەن پېئىللارنىڭ كەينىدىمۇ مۇشۇ يۈكلىمە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:
▷ ئىشلەيىيا (ئىشلەيچۇ)، كېلەيىيا (كېلەيچۇ)، بۇزمايىيا (بۇزمايچۇ).

#### 2) «مۇ» يۈكلىمىسى

ئەدەبىي تىلدىكى «مۇ» يۈكلىمىسى خوتەن، كۇچالاردا «ما» شەكلىدە، تۇرپاندا «مو» شەكلىدە، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا «مۇ» نىڭ تېخىمۇ تار شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

◁ كەلدىما؟ (كەلدىمۇ)، قىزىلما؟ (قىزىلمۇ) (كېرىيەدە)
◁ دادداڭنى كۆ:دەڭما؟ (يەكەندە)
◁ كەلدىمو؟ (كەلدىمۇ)، قىزىلمو؟ (قىزىلمۇ) (تۇرپاندا)
◁ قىزىلمۇ؟ (قىزىلمۇ)، كەلدىمۇ؟ (كەلدىمۇ) (ئاقسۇ شىنخا قاتارلىقلاردا)

تۇرپاندا سوراقنى بىلدۈرىدىغان يۈكلىمە «ما» پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلىدىمۇ كۆرۈلۈپ قوش سوراق شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

◁ ئويناماديما؟ (ئويناماديۇ)، يىغلامديما (يىغلامدۇ)، بارامسەنما؟ (بارامسەن)، بارامدىغىنكەممىزما (بارامدىكەنمىز) ...

لوپنوردا بۇ يۈكلىمە «مۇ\مۆ\مى» شەكىللەردە كېلىدۇ. مەسىلەن:

◁ كۆردۈممۆ؟ (كۆردۈممۇ)، ئالدىممى؟ (ئالدىممۇ)، ئوقۇدۇممۇ؟ (ئوقۇدۇممۇ) ...

**3) «لا» يۈكلىمىسى**

(1) تەكىتنى بىلدۈرىدىغان «لا» يۈكلىمىسى ھەرقايسى جايلاردا ھەر خىل شەكىلدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

كېرىيەدە: غىنەم\قىنەم\غىنەك\قىنەك. مەسىلەن:

◁ مەنغىنەم (مەنلا)، كېلىپقىنەم (كېلىپلا)، ئونىنغىنەك (ئونىنلا)، يۈگۈرۈپقىنەك (يۈگۈرۈپلا) ...

لوپنوردا: بۇ قوشۇمچە لوپنوردا «لا\تا» بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

◁ بىززىنلا قالغان ئەمەس. (بىزنىڭلا قالغان ئەمەس)
◁ ئۆلمەسەكتا باشىمىز تەك ئاقارار. (ئۆلمىسەكلا بېشىمىز تەڭ ئاقىرىدۇ)

مارالبېشىدا: بۇ قوشۇمچە مارالبېشىدا «لىغىنا» بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

◁ دەپلىغىنا، چاي ۋېرىپلىغىنا، كۆرۈپلىغىنا، ئۆتتۈرۈپلىغىنا، سولىۋېلىپلىغىنا ...

خوتەندە: بۇ قوشۇمچە خوتەندە «لام» بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

◁ كۆرەپلام، ئېپلام، كېپلام، كىتىپلام ...
◁ ئۇ پۇل خەژلەشنىلام بىلىدۇ.

بەزىدە «لا» يۈكلىمىسىنىڭ كەينىگە «كام\كىن» قوشۇلۇپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

◁ نەگىلىكام با:سا شە:گە ئاپىرىپ قوياڭلى بالام.
◁ كۆسەملىكىن\كۆسەملىكام دەپ قاي. (كۆرسەملا دەپ قويۇي)

ئاقسۇ ئۈچتۇرپاندا: بۇ قوشۇمچە «لاكىم» بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

◁ كۆرەپلاكىم، ئىلىپلاكىم، كىلىپلاكىم، كىتىپلاكىم ..

(2) تۇرپان، قومۇللاردا «لا» يۈكلىمىسى ئىسىم خاراكتېرلىك خەۋەرنىڭ كەينىدە كەلسە تەكىتنى بىلدۈرۈپ «قۇ» دېگەن يۈكلىمىدەك رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

◁ بىزنى بۇتلە:دە ئاناق گۈل يوخلا. (قومۇل)
◁ خىيا قىسام يوخلا. (خىيال قىلسام زادى يوققۇ) (قومۇل، تۇرپان)
◁ ئاناخ گەپ بۇتلە:دە جىخلا.(قومۇل)
◁ بىيە:لە:دە ئاناخ ئەدەم يوخلا.(تۇرپان)
◁ ئۇ جىخلا گە:قىكەتتى، بىر گېپىنىمۇ بىلا:مىدىم.(تۇرپان)

3) غۇلجىدا پېئىللارغا قوشۇلۇپ تەكىتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

▷ چىكىتىۋالايلىلا ! (چىقىپ كېتىۋالايلىچۇ)
▷ ئىش بو:مۇسۇنلا (ئىش بولمىسۇنچۇ)
▷ ئو:تۇرۇپ تۇرايلىلا ! (ئولتۇرۇپ تۇرايلىچۇ)

**4) «ـ غۇ\قۇ» يۈكلىمىسى**

(1) ئاقسۇ، خوتەنلەردە بۇ يۈكلىمىنىڭ ئورنىدا دائىم «يا» قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:
▷ قىزىلىيا؟ (قىزىلغۇ)، ئەينىيا؟ (ئەنغۇ)، يوقيا؟ (يوققۇ)، بەشيا (بەشقۇ؟)
▷ قوشاق: دۇتارىڭنىڭ تارىسى، پەي ـ پەيگە ئوخشايتۇيا؟ مېنى كۆيدەگەن قىزچاق، تەي ـ تەيگە ئوخشايتۇيا؟ (كېرىيە)
▷ بىزنىڭ بىي مو يىيىمىز ۋا: يا.
(2) لوپنوردا بۇ قوشۇمچە بىرلا خىل «قۇ»، باشقا ۋارىيانتى يوق. مەسىلەن:
▷ كۆرۈنمەيسىزقۇ يارىم.

**5) «ـ ئا» يۈكلىمىسى**

ئەدەبىي تىلىدىكىگە قارىغاندا دىيالېكت ـ شېۋىلەردە «ئا» يۈكلىمىسى تېخىمۇ كۆپ قوللىنىدۇ. مەسىلەن:
كېرىيەدە:
▷ بارامتىمەنكىنا ـــ بارامتىمەنكەن + ئا (بارامدىكەنمەن؟)
▷ بارامتىمىزكىنا ـــ بارامتىمىزكەن + ئا (بارامدىكەنمىز؟)
▷ بارامسىكىنا ـــ بارامسەنكەن + ئا (بارامدىكەنسەن؟)
▷ بارامسىلىكىنا ـــ بارامسىلەركەن + ئا (بارامدىكەنسىلەر؟)
▷ كۈلۈمىدىما ـــ كۈلۈپمىدىم + ئا (كۈلگەنمىدىم؟)
▷ ئۈرۈمىدۈكا ـــ ئۈرۈپمىدۈك +ئا (ئۇرغانمىدۇق؟)
▷ بېرىمىدىڭا ـــ بېرىپمىدىڭ +ئا (بارغانمىدىڭ؟)
▷ كولاڭا (كولاڭچۇ)، ئىشلەڭا (ئىشلەڭچۇ)، بۇزماڭا (بۇزماڭچۇ) ...
تۇرپان، قومۇلدا:
▷ غىزادىن ئا:سىلىرا ـــ ئالسىلار +ئا (ئالسىلاچۇ ! )
▷ غىزادىن ئا:سىڭىزا ـــ ئالسىڭىز +ئا (ئېلىڭچۇ ! )
▷ غىزادىن ئا:سىنا ـــ ئالسۇن +ئا (ئالغىنە ! ) ...
غۇلجىدا: بۇ يۈكلىمە ئىسىمنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسىدىن كېيىن قوشۇلۇپ كېلىپ تەلەپپۇزنى سىيلىقلاشتۇرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال تۇرپاندىمۇ بار. مەسىلەن:
▷ كېلىڭلارا ! (كېلىڭلارچۇ)
▷ تاماق يەڭلارا ! (يەڭلارچۇ)
▷ نۇرجانكامنىڭ ئۆيىنى كۆكىتىپ (كۆرسىتىپ) قويۇڭلارا !
▷ كۆندۈرسىڭىزا دادىڭىزنى، شەھەرگە كىرىپ كېتەيلى !
▷ چاي ئىچكەچ ئاڭلاپ باقسىڭىزا، ئوقۇپ بېرەي ...
غۇلجىدا بۇ يۈكلىمىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى «ئە» تولىراق قوللىنىلىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭ كەينىدە «رە» كېلىپ ئىنتوناتسىيەنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:
▷ يەرە\ئىچەرە. (يېگىن\ئىچكىن)

▷ ئالاره\قىلاره. (ئالغىن\قىلغىن)

غۇلجىدا يەنە «هوي\ئۇي» يۈكلىمىسى سۆز ياكى جۈملىلەرگە ئۇلىنىپ كېلىپ، هەيرانلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

▷ سەهەر الىقلا: شەهەرنى بىر ئايلىنىپ كەلدىم. (بىر ئاپتۇغۇي !)

▷ ساراڭمۇي سەن؟

▷ يەڭلارۇي ! ئېلىڭلارۇي ! (يەڭلارچۇ، ئېلىڭلارچۇ)

خوتەندە: « ـ ئا»، « ـ يا» دېگەندەك يۈكلىمىلەر كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ بۇ گەپنى شۇ گاداي دەپمۇتتا؟ (دەپتۇمۇ)

▷ ـــ مىنى قىچقىرغان كىما ئۇ؟ ـــ هە، مەنيا. (مېنى قىچقىرغان كىم؟ مەن.)

▷ ئىككىسىنىڭ هىمى بىييا. (تىلى بىر)

يەكەن شېۋىسىدە (تاغلىقلارنىڭ تىلىدا) «زە\ىزە» يۈكلىمىسى كۆپ قوللىنىلىدۇ هەم دائىم جۈملىنىڭ كەينىدە كېلىپ سوئال مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

▷ نەگە ۋادىڭىززە؟ (نەگە باردىڭىز)

▷ ئاش يېدىڭمىززە؟ (ئاش يېدىڭمۇ)

▷ تويغا چۈپ چىقتىڭمىزە؟ (تويغا بېرىپ كەلدىڭىزمۇ)

**6) يۈكلىمە سۆز «جۇمۇ»**

بەزى جايلاردا يۈكلىمە سۆز «جۇمۇ» ئىنتايىن كۆپ قوللىنىلىدۇ هەم «جۇما» ۋارىيانتى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

▷ كىلىلىما (تىللىما) جۇما، هىلى باكا جۇما ! (يەكەن)

▷ گەپ ئاڭنا (گەپ ئاڭلا) جۇمۇ بالام ! (تۇرپان)

**7) « ـ كى» يۈكلىمىسى**

يەكەندە «كى» يۈكلىمىسىنىڭ يەنە «دىكىدىكىن» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار. مەسىلەن:

▷ بازا:غا ۋا:غاندىكىدىكىن ماڭا بىنە:سە ئا:غاچ كەسەڭچا ! (بازارغا بارغاندىكىن ماڭا بىرنېمە ئالغاچ كەلسەڭچۇ !)

**8) قومۇل شېۋىسىدە ئۆزگىچە خاس يۈكلىمىلەر**

قومۇل شېۋىسىدە ئۆزگىچە خاس «غا»، «كىنا»، «كى»، «ئا» دېگەندەك يۈكلىمىلەر بار، بۇ يۈكلىمىلەر پېئىللارنىڭ كەينىدە كېلىپ، تەلەپپۇزنى سىلىقلاشتۇرۇش رولىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

▷ ئۆيگە كىرسلەغا (كىرسلەچۇ ! )

▷ كەلسىلەكى (كەلسىلەچۇ ! )

▷ بولىدىغا قوشاخلا:دي بىرنى ئېيتىپ بە:سىڭىزكى ! (بولىدىغان قوشاقلاردىن بىرنى ئېيتىپ بېرىڭچۇ)

▷ با:ساڭلا:كى كىتابغا ! (بارساڭلارچۇ ! )

**9) تۇرپان شېۋىسىدىكى ئالاهىدە يۈكلىمىلەر**

تۇرپان شېۋىسىدىكى سوراق ئالماش «نېمە» سۆزى دائىم «غان\قان\گەن\كەن» بىلەن ئاياغلاشقان سۈپەتداشلارنىڭ كەينىدە كېلىپ، خۇددى باغلامچى «ئىدى» دەك رولىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

▷ مه (مەن) ئۇنى كۆ:گەن نېمە. (مەن ئۇنى كۆرگەنىدىم)
▷ بۇ گەفنى ئۇ ماڭغا دېگەن نېمە. (بۇ گەپنى ئۇ ماڭا دېگەنىدى)
▷ بىز ئۇنى پەقەتلا كۆرپاقمىغان نېمە. (بىز ئۇنى زادى كۆرۈپ باقمىغان ئىدۇق)
تۇرپان ئاستانىدە پېئىل «دە ـ » نىڭ سۇپەتداش شەكلى «دېگەن» سۆزى ئەسلىدىكى پېئىللىق خۇسۇسىيىتى ۋە مەنىسىنى يوقىتىپ، دائىم «غان\قان\گەن\كەن» بىلەن ئاياغلاشقان سۇپەتداشلارنىڭ ياكى «دا\تا\دە\تە» بىلەن تۇرلەنگەن ئىسىملارنىڭ كەينىدە كېلىپ، خۇددى يۈكلىمىدەك تەكىت رولىنى ئۆتەيدۇ، ئۇنىڭدا شەخس ئۆزگىرىشى بولمايدۇ. لېكىن تۇرپاننىڭ باشقا جايلىرىدا بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:
▷ سائات بەشتە مە: ئۆيدىدېگەن (ئۆيدە ئىدىم) .(تۇرپان ئاستانە)
▷ سائات بەشتە مە: ئۆيدىدىيدىم (ئۆيدە ئىدىم) .(تۇرپاننىڭ باشقا جايلىرىدا)
▷ تۈنۈگۈن مە: ئۇرۇمچىگە چىققان دېگەن (چىققانىدىم) .(ئاستانە)
▷ تۈنۈگۈن مە: ئۇرۇمچىگە چىققاندىيدىم (چىققانىدىم) .(تۇرپان)
بۇ خىل يۈكلىمىلىك رولىنى ئۆتەيدىغان «دېگەن» سۆزىنىڭ ئىشلىتىلىشى قومۇلدا تېخىمۇ ئومۇملاشقان، قوللىنىش دائىرىسى تۇرپان ئاستانىدىن كۆپ كەڭ. قومۇلدا بۇ سۆز «ئىدى» سۆزىنى قوشۇشقا بولىدىغان ھەرقانداق شارائىتتا كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:
▷ ئەيشەم كە:مىيمە دىگە (ن). (كەلمەيمەن دېگەنىدى)
▷ مە(ن) ئۇتكە با:غا (ن) دىگە (ن). (مەن ئۇ يەرگە بارغانىدىم)
▷ ئۇ بۇگۈ (ن) كىر يۇماخچى دىگە (ن). (كىر يۇماقچىدى)
▷ ئۇ بارىمە دېگە(ن) . (ئۇ بارمەن دېگەن ئىدى)

## 1 .10 تىركەلمە

بەزى جايلاردا ئەدەبىي تىلدا يوق تىركەلمىلەر بار.
غۇلجىدا: «زى\ئۆزى» دېگەندەك تىركەلمىلەر ئەدەبىي تىلدىكى «بېرى، بۇيان» نىڭ ئورنىدا كېلىدۇ ھەم «ئىنىڭزى، شۇنىڭزى، نىڭزى» دېگەن شەكىللەردىمۇ كېلىدۇ. «تاۋى» سۆزى ئەدەبىي تىلدىكى «تەۋە» گە باراۋەر كېلىدۇ. مەسىلەن:
▷ چوڭ بو:غاننىڭ ئۆزى (چوڭ بولغاندىن بۇيان) جىخ ئىشلا:نى كۆرۈپ كەتتۇك.
▷ ئۇ يە: قاينۇقىقا تاۋى. (قاينۇقىقا تەۋە)
خوتەندە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ۋاسىتىسىنى ئىپادىلەيدىغان تىركەلمە «ئارقىلىق، بىلەن» دېگەنلەرنىڭ ئورنىدا بەزىدە «چە» قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:
▷ كەۋرۈكچە ئۆتتەم. (كۆرۈك ئارقىلىق ئۆتتۇم)
▷ يولچە ماڭدىم. (يول بىلەن ماڭدىم)

## 1 .11 ئىملىق سۆزلەر

1) غۇلجا شېۋىسىدە ئەدەبىي تىلدا يوق ياكى ئاز قوللىنىلىدىغان بەزى ئىملىقلار بار. مەسىلەن:
▷ ھوي، ئۇي، زە، دىگىنە، كى، ئاڭقارا (ئاۋۇنى قارا)، ۋاي، ئوھۇش، قارىساڭ، قارىغىنا ... دېگەندەك.

◁ ئاڭقارا بۇ بالىنى، چوپچوڭلا بوپ كېتىپتۇ.
◁ ئو:هوش، ئوغامنى تولا قايناتماي چىقە جوگۇ!
◁ ۋاي قارىساڭ، بىزنىڭ ھىلقى ئات ھارۋىنى ئاپىچىپ زادى جالاخلىتىپ تېپىپ، ھارۋىنى پارە - پارەڭ چىقىرىۋەتكىلى تاس قالدى دېگىنە!
◁ سىلە:نىڭ سۆزۈڭلا:غا يامان ئىشىنىدىكەممىز، قاراڭ، بىزنىڭكىزگە قىل ئىشەنمەيدىكەنسىلە:.
2) تۇرپان شىۋىسىدىمۇ ئەدەبىي تىلدا يوق ياكى ئاز قوللىنىلىدىغان بەزى ئىملىقلار بار. مەسىلەن:
◁ قاراڭ (قارا، قارىسىلا)، ئەپپىي\ئەبەي، ياپىر، ئاتتام - ئاننام، يائاللا، مەم، مەم - مەم، ۋۇي، ئايهانناس، ھەستاخپىرلا، ھوي - ھوي، ئەھ، ئەھ ماسىبىي (ماڭىسنا ھېي)، توۋۋا خۇدايىم، مەھھەم ... دېگەندەك.
◁ ئەپپىي! قانا بىرمە بۇ! (ۋايجان، قانداق نەرسە بۇ)
◁ مەم - مەم! نىڭقىۋاتىسە، ئېلىشتۇرۇفلا كېپسەڭغو! (ۋاي - ۋۇي، نېمە قىلىۋاتىسەن، قالايمىقان قىلىپلا كېتىپسەنغۇ)
◁ ھەستاخپىرلا، ھەستاخپىرلا، قاچان كېلۇر ئەمدى! (ۋاي - ۋاي، قاچان كېلەر ئەمدى)
◁ قارىسىلا، شۇنچە گەقىسام ئاڭىنمايدو، مانا ئەمدى ئىش چىقتى! (ھەي، شۇنچە گەپ قىلسام ئاڭلىمىدى، مانا ئەمدى ئىش تۇغۇلدى)
3) ئاقسۇدا: «كۇرۇڭ»، «كۇسلە» دېگەندەك سۆزلەر دائىم جۇملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ ئىنتوناتسىيەنى كۈچەيتىدۇ. مەسىلەن:
◁ بۇ ئىشنى ماڭا دىمەپتۇ، كۇرۇڭ.
◁ ئۆيگە كېتىتخان بولدۇم دەيدۇ، كۇسلە. (ئۆيگە كېتىدىغان بولدۇم دەيدۇ)
4) يەكەندىمۇ ئەدەبىي تىلدا يوق ياكى ئاز قوللىنىلىدىغان بەزى ئىملىقلار بار:
◁ ۋايجىنىمۇش، ۋايەلىلەي، ئاما\ئامىچا، ۋوللا، ھەپىزىزە، لۆۋەي، ئوۋيەي، كۇملە - كۇملە دېگەندەك. مەسىلەن:
◁ ۋايجىنىمۇش (ۋاييەي)، ما ئىدەمنىڭ گىپىنى!
◁ ۋايجىنىمۇش (ۋاييەي)، مىن دىيقانتۇ؟
◁ ۋايەلىلەي (ئاپلا، ئاپلاھۇئەكبەر!) مو توخۇلىنى!
◁ ۋوللا (يائاللا)، ئەجەپ ئىش ۋولدى!
◁ ئاما\ئامىچا (ئەستاغپۇرۇللا)، بىي قويتكەمە بىشقا.
◁ ھەپىزىزە (ئەجەبمۇ)، دايىم مويدا ۋاختا كىلىسەن.
◁ لۆۋەي (ھە، تەقسىر)، نىم دېدىلە خىنىم بالام؟
◁ ئوۋەي (ئوھوش، ۋايجان)، بىي كىشنى كۆ:مىدىم.
5) قومۇلدا ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشىمايدىغان «ئاس» دېگەن ئىملىق سۆز جۇملىنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، ئېھتىماللىق مەنىسىنى كۈچەيتىدۇ. مەسىلەن:
◁ بۈگۈ قار يېغىيتتۇ، ماشىنا ماڭمايدىغا چېغىۋا، ئاس.
◁ بۈگۈ قىزىم چىقمايدىغا ئوخشايدۇ، ئاس.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قومۇلدا يەنە «جە» دېگەن سۆز بولۇپ، «قوي، بولدى قىل» دېگەندەك مەنىلەرنى بېرىدۇ، بەزىدە ھەتتا پېئىلغا ئوخشاش شەخس بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

▷ جە، جە، شۇ يە:گىما بارامدىغا؟ (بولدى، شۇ يەرگىمۇ بارامدىغان)

▷ ئىشقا يۇمشىسام، شۇنىمۇ قىمىدىڭمۇ، ھەي، جە، جە. (ئىشقا بۇيرۇسام، شۇنىمۇ قىلمىدىڭمۇ، ھەي، بولدى، بولدى)

▷ جىسىلىرا، ئەمدى ئۇنى قىلماس. (قويسىلىرا، ئەمدى ئۇنداق ئىشنى قىلماس)

## 1.12 باغلىغۇچى

(1) يەكەندە ئەدەبىي تىلدىكى باغلىغۇچىلاردىن باشقا يەنە «ئاندىكىن، ئانىكىن، ئەن، ئان» دېگەندەك باغلىغۇچىلارمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئاشىمنى يەپ بولاپ ئەنىكىن بازا:غا ۋايايمىكى.

(2) قومۇل، تۇرپانلاردا ئەدەبىي تىلدىكى باغلىغۇچىلاردىن باشقا يەنە «ئاڭالا ئاڭاچۇن» (تۇرپاندا)، «ئاڭۋالا»، «ئەكى\ئېكى\ئەكىزىزە»، «ۋىلە\مىنە» (قومۇلدا)، «ئاڭۋاش\ئاڭۋاشقا» (شۇنىڭ ئۇچۇن)، «جە» (يا، ياكى، غۇلجا) لار بار. مەسىلەن:

▷ ئۇ ئا:رىقەپتۇ، ئاڭالا\ئاڭاچۇن كە:مىگىنى. (ئۇ ئاغرىپ قاپتۇ، شۇڭا كېلەلمىگىنى) (تۇرپان)

▷ قار ياغدى، ئاڭۋالا ماڭا:مىدۇق.

▷ ئەگەل مە باراي، ئەكىزىزە سە با: . ( قومۇل)

▷ ھازىر با:ساڭ ئۇ جە با: جە يوق. (غۇلجا)

## 2.0 سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى توغرىسىدا

## 2.1 رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

1) كېرىيەدە: ئەدەبىي تىلدىكى رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچە « ـ بىدە» نىڭ ئورنىدا « ـ بدەي» كېلىدۇ، گۇمىدا « ـ بدەگ» كېلىدۇ. مەسىلەن:

▷ پاژژىدەي (پاژژىدە)، شارتتىدەي (شارتتىدە)، پاراققىدەي (پاراققىدە)، گومىدەي (گومىدە) ...

▷ تاققىدەگ (تاققىدە)، پوككىدەگ (پوككىدە)؛ دىرىڭڭىدەگ (دىرىڭڭىدە) ...

2) ئەدەبىي تىلدىكى رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچە « ـ بىدە» نىڭ ئورنىدا لوپنور ۋە تۇرپاندا « ـ بتە» كېلىدۇ. مەسىلەن:

▷ يارىم كەتتى غىررىتە. (لوپنور)

▷ جىممىتە ئو:تۇرتتۇ. (تۇرپان)

▷ مىشە:دە جىممىتە تۇتتۇر. (تۇرپان)

▷ ئۇ غىپپىتىلا قاشتى. (تۇرپان)

## 2.2 سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

1) سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە « ـ لىق\لىك\لۇق\لۈك» نىڭ بەزى جايلاردا ئەدەبىي تىلدا يوق ۋارىيانتلىرى بار.

(1) خوتەندە بۇ قوشۇمچىلار « ـ لىگ\لۇغ\لۇگ\لىغ» ۋە « ـ لاق\لەك\لاغ\لەگ» دېگەن شەكىللەردە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئۇزۇملۇگ (ئۇزۇملۇك)، پەملىگ (پەملىك)، كىشىگلىگ (كىيىكلىك)، چارۇقلۇغ (چورۇقلۇق)، چاپانلىغ (چاپانلىق)، سە:رالىغ (سەھرالىق)، بەلگۇلۇگ (بەلگىلىك)؛ ئۆچلەك (ئۆچلۇك)، توملاق (توملاق)، ئوڭلاغ (ئوڭلۇق)، ئۆلەگ (ئۆلۇك) ... دېگەندەك.

▷ دۇنيا كېتە: بوشلاقتىن (بوشلۇقتىن)، ئىمان كېتە: شوخلاقتىن (شوخلۇقتىن.)

(2) لوپنوردا بۇ قوشۇمچىنىڭ يەنە « ـ لىغ\لىگ\تىغ\تىگ\تىق\تىك\لۇغ\لۇگ\تۇق\تۇگ\سۇق\زىق\زۇق\زۇك» دېگەندەك ۋارىيانتلىرى بار. مەسىلەن:

▷ يۇتتوغ (يۇرتلۇق)، ئاشتىق (ئاشلىق)، ئەتىياززىق (ئەتىيازلىق)، سۇتتۇك (سۇتلۇك)، سۇسسۇق (سۇزلۇق)، گەپتىك (گەپلىك) ...

2) سۇپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە « ـ چىلىك» خوتەندە «ـ چىلەك» دېگەن شەكىلدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ قانچىلەك (قانچىلىك)، دادامچىلەك (دادامچىلىك)، مۇشۇنچىلەك (مۇشۇنچىلىك) ...

3) سۇپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە « ـ دەك\تەك»[1] خوتەندە « ـ دەگ\تەگ» ياكى « ـ دەي\تەي» دېگەن شەكىلدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ پاختىدەي\پاختىدەگ (پاختىدەك)، مۇشۇكتەي\مۇشۇكتەگ (مۇشۇكتەك)، تاغدەي (تاغدەك) ...

4) سۇپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە « ـ ق\ىق\اق\ۇق» خوتەندە « ـ گ\ىگ\غ\ىغ» دېگەن شەكىلدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ قايناغ (قايناق)، قاتتىغ (قاتتىق)، كۆنەگ (كۆنۈك) ...

5) سۇپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە « ـ دىكى\تىكى» لوپنوردا « ـ تاقى\دەكى\دۆكۇ» دېگەن شەكىلدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئاياقتاقى (ئاياغدىكى)، كۆنچىدەكى (كۆنچىدىكى)، ئۆيدۆكۇ (ئۆيدىكى) ...

6) سۇپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە « ـ ئەڭگۇ\ئاڭغۇ» لوپنوردا « ـ ئاڭگۇ\ئەڭگۇ» دېگەن شەكىلدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ ئالدىراڭگۇ (ئالدىراڭغۇ)، ئىزىلەڭگۇ (ئىزىلەڭگۇ) ...

## 2.3 پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

1) ئەدەبىي تىلدىكى پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە « ـ لاش\لەش» قومۇل، پىچان ۋە لوپنورلاردا « ـ شى» دېگەن شەكىلدە قوللىنىلىدۇ. قومۇلدا بۇ قوشۇمچە بەزىدە « ـ داش\دەش» بىلەن، لوپنوردا « ـ تاش\تەش\توش» بىلەنمۇ نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

▷ ياقىنشى\يېقىنشى ـ (يېقىنلاش ـ )، يېنىكشى ـ (يېنىكلەش ـ )، قىيمەتشى ـ

---

[1] «دەك\تەك» قوشۇمچىسىنى بەزىلەر «سۇپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە» دەپ قارىسا، بەزىلەر «ئىسىملارنىڭ سىنتېتىك كېلىش قوشۇمچىسى» دەپ قارايدۇ. بۇ كىتابنىڭ گىراماتىكا قىسمىدا ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدىمۇ، مۇشۇ قوشۇمچە ئۈستىدە توختالغانىدۇق. ئەمدى بۇ قوشۇمچىلارنىڭ يەرلىك ۋارىيانتلىرىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يەردە يەنە ئۇلارنى ئالاھىدە تىلغا ئالدۇق. بىزنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتقىنىمىز، بۇ قوشۇمچىغا نېمە قالپاق كىيگۈزۈش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھەرقايسى شېۋىلەردىكى كونكرېت ئىپادىلىنىش شەكىللىرى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(قىممەتلەش ـ)، ئۆزاقشى ـ (ئۆزاقلاش ـ)، ئارزانشى ـ (ئەرزانلاش ـ) ...
▷ گەپتەش ـ (گەپلەش ـ)، داتتاش ـ (داتلاش ـ)، ئاياغداش ـ (ئاياغلاش ـ) ...
غۇلجىدىمۇ بەزى سۆزلەردە مۇشۇنداق ھادىسە مەۋجۇت. مەسىلەن: كاۋاكشى ـ (كاۋاكلاش).
2) ئەدەبىي تىلدىكى پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە «ـ لا\لە» تۇرپان، پىچان، لوپنورلاردا كۆپرەك «دا\دە» بىلەن ئالماشتۇرۇلۇپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:
▷ پىششىغدا ـ (پىششىقلا ـ)، چىچەگدە ـ (چېچەكلە ـ)، شاپىلاغدا ـ (شاپىلاقلا ـ)، يىرىڭدا\ئىرىڭدا ـ (يىرىڭلا ـ)، ئورۇغدا ـ (ئورۇقلا ـ)، زوكامدا ـ (زوكاملا ـ)، ئۇچۇغدا ـ (ئۇچۇقلا ـ).
قومۇلدىمۇ بۇ خىل نۆۋەتلىشىش مەۋجۇت. مەسىلەن:
▷ سىردا ـ (سىرلا ـ)، جۆنلە ـ (جۆندە ـ)، ئوتنى پۇردە ـ (ئوتنى پۇۋلە ـ)، يېشىلداش ـ (يېشىللاش ـ)، شاپىلاغدا ـ (شاپىلاقلا ـ)، سىيلىغداش (سىيلىقلاش ـ)...
ئاتۇش، خوتەنلەردىمۇ «ـ لا\لە» قوشۇمچىسى بەزىدە ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:
▷ توڭا ـ (توڭلا ـ)، يوغۇنا ـ (يوغانلا ـ)، چوڭا ـ (چوڭلا ـ)، زورا ـ (زوراي) ... (ئاتۇش)
▷ ئە:كۇدە ـ (ئەركىلە ـ) (خوتەن)
لوپنوردا ئەدەبىي تىلدىكى «ـ لا\لە» ياكى «ـ لاش\لەش» قوشۇمچىلىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش «ل» ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشى سەۋەبىدىن، بەزىدە «ت\ز» لار بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:
▷ بوغۇززا ـ (بوغۇزلا ـ)، ئاززا ـ (ئازلا ـ)، خەتتە ـ (خەتلە ـ)، خاشتا ـ\قاشتا ـ (خەجلە ـ)، ئىنچىقتا ـ (ئىنچىقلا ـ)، جۇپتا ـ (جۇپلە ـ)، باشتا ـ (باشلا ـ)، ئايپتا ـ (ئەيىپلە ـ)، ئاشتا ـ (ئاشلا ـ)؛ گەپتەش ـ (گەپلەش ـ)...
لوپنور، قومۇل، تۇرپانلاردا ئەدەبىي تىلدىكى «ـ لا\لە» قوشۇمچىلىرى بەزى سۆزلەردە «ـ شى» بىلەن نۆۋەتلىشىپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:
▷ كۆۋۆكشى ـ (كۆپۈكلە ـ)، ئۆزاقشى ـ (ئۇزاقلا ـ)، قىيمەتشى ـ (قىممەتلە ـ) ... (لوپنور)
▷ ئالچاڭشى ـ (ئالچاڭلا ـ)، ۋالاخشى ـ (ۋالاقلا ـ) ... (تۇرپان)
▷ داراخشى ـ (تاراقلا ـ) ... (خوتەن)
▷ قىيمەتشى ـ (قىممەتلە ـ) ... (قومۇل)
لوپنوردا «ـ جا» دىن ئىبارەت پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىمۇ بار. مەسىلەن:
▷ يالقىجا ـ (يالقۇنلا ـ)، پالقىلجا ـ (پارقىرا ـ)، ۋىجىلجا ـ (ۋىژىلدا ـ)
3) ئەدەبىي تىلدىكى پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە «ـ ئا\ئە» نىڭ لوپنور دىيالېكتىدا يەنە «ـ ئو\ئۆ\ئۇ\ئى\ئۇ» دىن ئىبارەت ۋارىيانتلىرىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن:
▷ ئوينو ـ (ئوينا ـ)، يۇلۇ ـ (ھۆللە ـ)، سانا ـ (سانا ـ)، ئېنە ـ (ئەنلە ـ)، چۆلۇ ـ (چۆللە ـ) ...
4) ئەدەبىي تىلدىكى پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە «ـ ئاي\ئەي» لوپنور دىيالېكتىدا «ـ ئو\ئۆ\ئۇ\ئى\ئۇ» لار بىلەن نۆۋەتلەشتۇرۇلۇپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ زورۇ ـ (زوراي ـ)، چوڭۇ ـ (چوڭاي ـ) ...

5) ئەدەبىي تىلدىكى تەقلىد سۆزلەردىن پېئىل ياسايدىغان قوشۇمچە «ـ بىلدا\ۇلدا\ۇلدە\بىلدە» لەرنىڭ ئورنىدا لوپنور دىيالېكتىدا «ـ بىلجا\بجا» لار قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ كاپىلجا ـ (كاپىلدا ـ)، ۋاجىلجا ـ (ۋاژىلدا ـ)، غاتىلجا ـ (غارتىلدا ـ)، ۋىجىلجا ـ (ۋىژىلدا ـ) ...

6) پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ لوپنوردا يەنە تۆۋەندىكىدەك ئۆزگىچە قوللىنىلىشلىرىمۇ بار. مەسىلەن:

▷ شىلجى ـ (شىلتى ـ)، گۇدۇڭلە ـ (گۇدۇڭشى ـ)، دۇڭكە ـ (دۇڭگە ـ) ...

7) لوپنوردا يەنە «ـ رقا\برقا\ۇرقا» دىن ئىبارەت («ر» چۈشۈپ قالىدۇ) پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلارمۇ بار. مەسىلەن:

▷ تاما:قاپ (سىزگە تاما قىلىپ) تۇتتۇم سىزنى.

▷ نېمى:قاپ (نەملىشىپ) قالىپتۇ.

8) غۇلجىدا بەزى سىنتېتىك شەكىلدىكى ياسالما پېئىللارنىڭ ئورنىدا «قىل ـ، بول ـ، كەل ـ، ئال ـ » دېگەندەك ياردەمچى پېئىللار بىلەن ياسالغان ئانالىتىك پېئىللار خېلى كۆزگە كۆرۈنەرلىك. مەسىلەن:

▷ چۈشكۈن قىمماخ (چۈشمەك، ئورۇنلاشماق)، ئەنگايەن قىمماخ (ئاشكارىلىماق، ئايان قىلماق)، زور قىمماخ (چىلىشماق، كۈچىمەك)، ساي كە:مەك (دەل كەلمەك، مۇۋاپىق كەلمەك)، سونۇ كە:مەك (دەل جايىدا كەلمەك)، شە: بومماخ (هوشىدىن كەتمەك، ئېسىنى يوقاتماق)، مادىخىدا بومماخ (ئۆزىنى چوڭ تۇتماق)، بەيگە ئا:ماخ (ئۆزۈپ چىقماق، بىرىنچى بولماق)، قارتىغا ئا:ماخ (سۆرەتكە تارتماق)، جۇدۇنى قورۇماخ (نەپرەتلەنمەك، ئاچچىقى كەلمەك)، داپرۇسقا تاتماخ (سۈرۈشتۈرمەك، سوراققا تارتماق) ...

9) مەكىتتە ۋە ئومۇمەن تارىم شىۋىسىدە ياردەمچى پېئىل «قىل ـ » بىلەن ياسالغان پېئىللار تولىسى «ئەت ـ » بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

▷ توي ئەتمەك (توي قىلماق)، نەزىر ئەتمەك (نەزىر قىلماق)، چىراغ ئەتمەك (نەزىر قىلماق)، پۇل ئەتمەك (پۇل قىلماق)، قاشا ئەتمەك (قاشا قىلماق)، قازا ئەتمەك (قازا قىلماق) ...

### 2.4 ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

1) ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە «ـ چى» نىڭ لوپنور دىيالېكتىدا يەنە «ـ چۇ\چۈ» دېگەن ۋارىيانتلىرىمۇ بار. مەسىلەن:

▷ قويچۇ (قويچى)، كۆلچۈ (كۆلچى)، تۆمۈرچۈ (تۆمۈرچى) ...

2) لوپنوردا «ـ چاق\چەك» قوشۇمچىسى كىچىكلىتىش مەنىسىدىكى ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

▷ بۇقاچاق (كىچىك بۇقا)، تېكەچەك (كىچىك تېكە)، ئېپچەك (قىسقا يىپ) ...

غۇلجىدا «ـ چۈك» قوشۇمچىسى كىچىكلىتىش مەنىسىدىكى ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

▷ تەڭلىچوٰك (كىچىك تەڭنە)، جىگدىچوٰك (جىگدىچى قوٰش) ...

## 2.5 جوٰپ سوٰزلەرنىڭ ياسىلىشى

1) لوپنور دىيالېكتىدا ئىككىنچى تەركىبى تەكرارلانغان جوٰپ سوٰزلەرنىڭ تەكرارلىنىش شەكلى ئەدەبىي تىلدىكىدىن پەرقلىنىدوٰ. مەسىلەن:

▷ يەم ـ كېچە، پوٰل ـ كېچە (پوٰل ـ موٰل)، كوٰل ـ كېچە (كوٰل ـ پوٰل)، كىيىم ـ كېچە (كىيىم ـ كېچەك)، قەرز ـ كېچە (قەرز ـ پەرز)، قوي ـ كېچە (قوي ـ پوي)، ئوروٰن ـ كېچە (ئوروٰن ـ كېچەك)، سوٰز ـ كېچە (سوٰز ـ چوٰچەك) ...

▷ نان ـ ئولو (نان ـ پان)، ئادەم ـ ئولو (ئادەم ـ مادەم)، توٰموٰر ـ تەزەك (توٰموٰر ـ تەسەك)، تېره ـ تەزەك (تېره ـ پېره) ...

2) غوٰلجىدا ئەدەبىي تىلدا ئانچە قوللىنىلمايدىغان جوٰپ سوٰزلەر بار. مەسىلەن:

▷ لاتا ـ پوٰتوٰك (لاتا ـ پاتا، رەخت ـ پەخت)، يارا ـ چىراغ (يارا، يارا ۋە جاراھەتلەر)، ياڭغوٰز ـ يېرىم (يەككە ـ يېگانە)، ئەلەي ـ بەلەي (ئوٰنداق ـ موٰنداق) ...

3) توٰرپاندىموٰ ئەدەبىي تىلدا ئانچە قوللىنىلمايدىغان بەزى جوٰپ سوٰزلەر بار. مەسىلەن:

▷ موٰكوٰل ـ تېقىل (ئالدىراشلىقنى بىلدوٰرىدوٰ)، موٰكوٰلوٰك ـ تېقىلىك (ئالدىراشلىقنى بىلدوٰرىدوٰ)، گوٰلدوٰر ـ غاپىراس (گوٰلدوٰر ـ غاراس)، ئىتتىر ـ غوٰدوٰر (بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ ئوٰروٰشقانلىقنى بىلدوٰرىدوٰ) ...

# پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1. ئابدۇرەئوپ پولات: «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

2. غۇلام غوپۇرى: «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

3. خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «فونېتىكا ۋە تىل تەكشۈرۈش»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

4. مىرسۇلتان ئوسمانوۋ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

5. گاۋ شىجې: «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى ۋە دىيالېكت تەكشۈرۈشى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

6. قومۇل شېۋىسىنى تەكشۈرۈش مەخسۇس گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شېۋىسى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

7. مېھراي خانىم: «ئۇيغۇر تىلى قەشقەر شېۋىسى توغرىسىدا تەتقىقات»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

8. مىرسۇلتان ئوسمانوۋ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لوپنور دىيالېكتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

9. فۇماۋجى، ھاشىم، مېھراي، سوڭ جېڭچۈن قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر تىلى لوپنور دىيالېكتى» تەتقىقاتى، (بىرىنچى، ئىككىنچى قىسىم) مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

10. مىرسۇلتان ئوسمانوۋ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى خوتەن دىيالېكتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

11. مىنەۋەر ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى ۋە تىل تەكشۈرۈش»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

12. ئابدۇللا سۇلايمان قاتارلىقلار: «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

13. مۇھەببەت قاسىم قاتارلىقلار: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت سۆزلىرى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە نەشرى.

14. ش. ئۇ. ئا. ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنى تۈزگەن:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ۋە شېۋىلىرى لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

15. تۇراپ قاسىم يولچى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتشۇناسلىقى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

16. نىجات سوپى: «ئۇيغۇر تىلى غۇلجا شېۋىسى تەتقىقاتى»، 2010 ـ يىلى (دوكتور ئاسپىرانتى دېسسېرتاتسىيەسى).

17. ئابلىمىت قۇدرەت: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قاغىلىق شېۋىسى» ھەققىدە تەتقىقات، 2009 ـ يىلى (ماگىستىر ئاسپىرانتى دېسسېرتاتسىيەسى).

18. رەيھانگۇل ئابدىراھمان: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ يەكەن شېۋىسى ھەققىدە تەتقىقات»، 2010 ـ يىلى (ماگىستىر ئاسپىرانتى دېسسېرتاتسىيەسى).

19. نەبىجان ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر تىلى خوتەن دىيالېكتىدىكى قەدىمكى تىل تەركىبلىرى تەتقىقاتى»، 2010 ـ يىلى (ماگىستىر ئاسپىرانتى دېسسېرتاتسىيەسى).

20. مەغپىرەت: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ چۆچەك شېۋىسى توغرىسىدا تەتقىقات»، 2010 ـ يىلى (ماگىستىر ئاسپىرانتى دېسسېرتاتسىيەسى).

21. مەرەمنىسا ئابدىرىشىت: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بورتالا شېۋىسى ھەققىدە تەتقىقات»، 2010 ـ يىلى (ماگىستىر ئاسپىرانتى دېسسېرتاتسىيەسى).

22. چىمەنگۇل ساتتار: «قەشقەر شەھىرىدىكى ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ كەسىپ ئاتالغۇلىرىنى يىغىش ۋە تەھلىل قىلىش ھەققىدە تەتقىقات»، 2010 ـ يىلى (ماگىستىر ئاسپىرانتى دېسسېرتاتسىيەسى).

23. گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭنىڭ [2005] 18 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى: «دۆلىتىمىزنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە ئائىت قارارى»، 2005 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى.

24. سۇن خوڭكەي: «يېڭى ئەسىر دىكى تىل ـ يېزىق خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى»، «مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى» ژۇرنىلى، 2002 ـ يىلى 2 ـ سان.

25. «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نەشرى) دىكى ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىغا ئائىت بارلىق ماقالىلەر.

26. «مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى ژۇرنىلى»، (خەنزۇچە نەشرى) دىكى ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىغا ئائىت بارلىق ماقالىلەر.

27. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نەشرى) دىكى ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىغا ئائىت بارلىق ماقالىلەر.

28. «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، (ئۇيغۇرچە نەشرى) دىكى ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىغا ئائىت بارلىق ماقالىلەر.

29. «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، (ئۇيغۇرچە نەشرى) دىكى ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىغا ئائىت بارلىق ماقالىلەر.

30. «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، (ئۇيغۇرچە نەشرى

دىكى ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىغا ئائىت بارلىق ماقالىلەر.
31. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى
لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاهلىق لۇغىتى» شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى نەشرى.
32. مىرسۇلتان ئوسمانوۋ قاتارلىقلار: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا
ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# خاتىمە

1981 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مەرھۇم پىروفېسسورى خالىق نىياز ئەپەندى بىلەن ئىككىمىز شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل فاكۇلتېتىدا ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىنى تاماملاپ، مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن تارتىپ، ھەر خىل پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، كۆپ قېتىم شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ تىل تەكشۈرگەنىدۇق. بۇ مەزگىلدە بىزدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكتلىرىغا قارىتا كۈچلۈك قىزىقىش پەيدا بولغانىدى. بۇ جەرياندا بىز شۇنى ھېس قىلدۇقكى، گەرچە يېقىنقى يىللاردا پارتىيەنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت تەتقىقاتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان، بىر تۈركۈم خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا نۇرغۇن كونكرېت خىزمەتلەر بىزنىڭ ئىشلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

ئۇزۇندىن بۇيان، ھاياتىمىزدا ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتىغا ئائىت مۇنداق بىرنەچچە ئىشنى تاماملاشتەك كۈچلۈك بىر ئارزۇيىمىز بار ئىدى: مۇكەممەلرەك بولغان بىر دىيالېكت ـ شېۋە سۆزلىرى لۇغىتى تۈزۈش؛ دىيالېكت سۆزلىرىنى ھەرقايسى جەھەتتىن تەتقىق قىلىش؛ ئۈچىنچىسى بولسا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىنىڭ فونېتىكىسى ۋە گىراماتىكىسى توغرىسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىدى. بىزنىڭ ئارزۇيىمىز ھازىر ئەمەلگە ئاشتى: بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككى كىتاب «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت سۆزلىرى تەتقىقاتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى) ۋە «ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم دىيالېكت ـ شېۋە سۆزلىرى» (2011 ـ يىلى 6 ـ ئايدا دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر فوندىنى پىلانلاش ئىشخانىسىغا ئەۋەتىپ بېرىلدى) ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىندى ۋە نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. مانا ئەمدى بۇ ئۈچىنچى كىتابنى ھاياجان بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە سۇنماقتىمەن. گەرچە كىتابتا نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەر بولسىمۇ، ئەمما بۇ بىزنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئەمگەكلىرىمىزنىڭ مېۋىسى. شۇ تاپتا بىز شۇنى چوڭقۇر بىلىپ تۇرۇپتىمىزكى، پارتىيەمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل تەتقىقات خىزمىتىنى زور دەرىجىدە قوللىشى بولمىغان بولسا، بۇ تەتقىقاتىمىز ھەرگىزمۇ روياپقا چىقمىغان بولاتتى. مېنىڭ مۇشۇ پەيتتىكى مىننەتدارلىقىمنى ۋە ھاياجىنىمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش ئىنتايىن قىيىن.

تەتقىقات تېمىسىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى ۋە ئىلتىماس قىلىنىشىدىن تارتىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە تاماملىغۇچە بولغان بۇ جەرياندا، تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكى ئەزالار بىر تەرەپتىن ئېغىر ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى، يەنە بىر تەرەپتىن يازلىق، قىشلىق تەتىللىرىدىن پايدىلىنىپ دالا تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردى، جانلىق تىل ماتېرىياللىرىنى توپلاپ، قولغا چۈشكەن ماتېرىياللارنى رەتلىدى، تەھلىل

قىلدى. شۇنداق قىلىپ تەتقىقاتنىڭ دەل ۋاقتىدا، سۈپەتلىك تاماملىنىشى ئۈچۈن، كېچە - كۈندۈز جاپا تارتىپ تەر ئاققۇزدى.

بۇ كىتابنىڭ يازغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى تاش راھمان مۇئەللىم 2006 - يىلى بىر نەچچە ماگىستىر ئاسپىرانتنى باشلاپ ئاقسۇ رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ تەتقىقاتىمىزغا ياردەملەشتى. ھەمدە توپلىغان ئاۋاز بەرگۈچىلەرنىڭ ئاۋازلىرىنى ئۇيغۇرچە يېزىقتا ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەتقىقات تېزىسىنى ۋە پۈتكەن ئارگىنالنى باشتىن - ئاخىر ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرۈپ، نۇرغۇن پايدىلىق ئۆزگەرتىش پىكىرلىرىنى بەردى ھەمدە تەتقىقاتىمىزنىڭ پۈتۈشىگە زور دەرىجىدە ياردەم بەردى.

بۇ كىتابنىڭ ئۈچىنچى يازغۇچىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىللىرى ئىنىستىتۇتىنىڭ لېكتورى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە 2012 - يىللىق دوكتور ئاسپىرانتى سەلتەنەت خالىق ماتېرىياللارنى يىغىش، رەتلەش، تۈزىتىش، يېزىش خىزمىتىمگە باشتىن - ئاخىر ئىزچىل ياردەملەشتى. سالامەتلىكىم يار بەرمەي، خىزمىتىمنى داۋاملاشتۇرالماي، تەتقىقات تۈرىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تاماملىنىشىغا تەسىر يېتىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان ۋاقىتلاردا، ئۇ ماتېرىياللارنى تەلىپىم بويىچە رەتلەپ، تولۇقلاپ تۈزىتىپ، كىتابنىڭ ۋاقتىدا تاماملىنىشىغا زور ھەسسە قوشتى.

كىتاب چىقىش ئالدىدا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى ئۆمەر داۋۇت مۇئەللىمگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇ 2006 - يىلى بىر قانچە ماگىستىر ئاسپىرانتلار بىلەن بىرلىشىپ، خوتەن رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ تەتقىقاتىمىزغا ياردەملەشتى.

يەنە 2007 - يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتىم توختى قىيۇمغا چوڭقۇر رەھمىتىمنى بىلدۈرمەكچىمەن. ئۇ بۇ تەتقىقاتنىڭ يەنە بىر نەتىجىسى بولغان «ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم دىيالېكت - شېۋە سۆزلىرى» نىڭ ئاپتورلىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماستىن، يەنە بۇ تۈرنىڭ تاماملىنىشىغىمۇ خالىسانە ياردەم بەردى. ئۇ كومپيۇتېردا مەشغۇلات قىلىشتىكى تېخنىكىلىق قىيىنچىلىقلىرىمنى ھەل قىلىشىمغا ياردەملىشىپ، بۇ كىتابنىڭ تاماملىنىشىغا نۇرغۇن تۆھپە قوشتى.

بۇ يەردە يەنە قىيىنچىلىق ۋاقىتلىرىمدا يۆلۈققان ئاق كۆڭۈل، بىلىم خۇمار ھەمراھىم بارى ھېيىت ئەپەندىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتماقچىمەن. بۇ تەتقىقات تۈرى شۇ كىشىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىدە قولغا ئېلىنغانىدى. تېمىنىڭ پۈتۈن يېزىلىش جەريانىدا ئۇ ماڭا بارلىق پايدىلىق شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرىش بىلەن بىللە، ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە كىتابنىڭ پۈتۈشىگە ياردەم بەردى. ئۇ بۇ تەتقىقات تۈرىنىڭ يەنە بىر نەتىجىسى «ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم دىيالېكت - شېۋە سۆزلىرى»نىڭ بىر قىسمىنى ئىشلەشتىن باشقا، مەزكۇر كىتابىمىزنىڭ پۈتۈشىگىمۇ ھەسسە قوشتى: بارلىق تۈرپان ۋە تۈرپان ئاستانىدىن ئېلىنغان ماتېرىياللارنى بىۋاستە تەمىنلىدى، بەزى ماتېرىياللارنى مېنىڭ تەلىپىم بويىچە رەتلەش، تولۇقلاش ۋە تۈزىتىش دېگەندەك چوڭ - كىچىك ئىشلىرىمغا يېقىندىن ياردەم بەردى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولاردىن باشقا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي تىلشۇناسلىق كەسپى بويىچە 2004 ـ يىللىق، 2005 ـ يىللىق، 2006 ـ يىللىق ۋە 2009 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنلىرى بۇ تەتقىقاتقا يېقىندىن ياردەم بەردى. ئاردا مايسىگۈل ھۆسىيىن، ئامىنە مەمتىمىن، ئابدۇقەييۇم سايىم، ئابدۇخېلىل ئابدىجېلىل ۋە مىنەۋەر قاتارلىقلار بىۋاسىتە بىزنىڭ تەكشۈرۈشلىرىمىزگە قاتناشتى ھەم توپلانغان يەرلىك ئەدەبىي پارچىلارنى ئۇيغۇر يېزىقىغا ئايلاندۇرۇشۇپ بەردى. بۇ ئاسپىرانتلارنىڭ ھەممىسىگە، شۇنىڭدەك بۇ يەردە ئىسمى ئاتالمىغان بولسىمۇ، تەتقىقاتىمىزغا يېقىندىن ياردەم بەرگەن ۋە قوللىغان بارلىق ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمىز !

بىز شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋە رايونلىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان مەزگىللەردە، تەكشۈرۈش نۇقتىسى قىلىنغان ھەربىر يېزا ـ كەنتتىكى ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ۋە كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتۇق. بۇ يەردە ئۇلارغا چىن دىلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز، شۇنداقلا تەكشۈرۈش خىزمىتىمىزگە ئاكتىپ ماسلاشقان، ياردەملەشكەن ئاشۇ ئاق كۆڭۈل، ساددا، قىزغىن دېھقان سەنئەتكارلار ۋە ئاۋاز بەرگۈچىلىرىمىزگە چىن قەلبىمىزدىن سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمىز. ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان خالىسانە ياردەملىرىنى مەڭگۈ ئەستە ساقلايمىز، ئۇلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز !

تەتقىقات ئاياغلىشىش ئالدىدا تۇرغان مۇشۇ پۇرسەتتە، تەتقىقات گۇرۇپپىمىزدىكى بارلىق ئەزالار تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جەرياندا بىزگە ياردەم قىلغان بارلىق كەسپداشلىرىمىزغا سەمىمىي رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز !

تەتقىقات رىياسەتچىسى: مۇھەببەت قاسىم

2011 ـ يىلى 6 ـ ئاي، ئۈرۈمچى

# ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى


**ئاپتورلىرى:** مۇھەببەت قاسىم، تاش راھمان، سەلتەنەت خالىق

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئابدۇقەييۇم سايىم

**مەسئۇل كوررېكتورى:** گۈلشەھەر نېغمەت

**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** ئەكبەر سالىھ

**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**تېلېفون:** 0991-2827472

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

**پوچتا نومۇرى:** 830001

**باسقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى

**فورماتى:** 1092×787 مىللىمېتىر 1/16

**باسما تاۋىقى:** 27.25

**نەشرى:** 2013 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**باسمىسى:** 2013 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

**تىراژى:** 1 - 2000

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 16462 - 2

**باھاسى:** 70.00 يۈەن



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com